# ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-07158-1
B·222（维文）定价：30.00 元

www.uyghurkitap.com



# ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم

تەرجىمە قىلغۇچى :

ئابدۇللاجان كېرەم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

现代伊斯兰主义/陈嘉厚著;阿布拉江泽.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002.5
ISBN 7-228-07158-1

Ⅰ.现... Ⅱ.①陈... ②阿... Ⅲ伊斯兰教—宗教—文化—研究—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.B968
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 028878 号

责任编辑:阿布力米提·依明
责任校对:热娜·阿布力米提
封面设计:努尔买买提·吾买尔

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 22.5 印张 2 插页
2002 年 6 月第 1 版 2002 年 6 月第 1 次印刷
印数 1——3000

ISBN 7—228—07158—1/B.222 定价 30.00 元

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1

**بىرىنچى باب هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ باش كۆتۈرۈشى** ........................ 1

§1 . هازىرقى زامان ئىسلامىزم هەرىكىتى بىلەن ئىسلام گۈللىنىش هەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتى .................. 4

§2 . ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئەهمىيىتى ۋە تەسىرى .................................... 20

§3 . ئىسلام ئىنقىلابى نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىسىردا ئەمەس، بەلكى ئىراندا غەلىبە قىلىدۇ ... 46

§4 . هازىرقى زامان ئىسلامىزم هەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسى، تەشكىلى ۋە ئالاهىدىلىكى ............... 64

§5 . هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ........................................ 70

§6 . هازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن زوراۋانلىق - تېررورلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى ...................... 77

**ئىككىنچى باب هازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسى** .............................. 90

§1 . ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسى ... 90

§2 . يېقىنقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسى ... 92

§3 . هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسى ... 134

1 . هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىك قىلالايدىغان نەزەرىيىچىلىرى ........................ 134

www.uyghurkitap.com

2 . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرى ...... 156
1 ) «پەقەت ئىسلامىيەتلا ھەل قىلالايدۇ» ...... 156
2 ) «ھاكىمىيەت ئاللاغىلا مەنسۇپ» ...... 164
3 ) «جاھىلىيەت ۋە كاپىرلىق نەزەرىيىسى» ...... 169
4 ) «ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكى» ...... 178
5 ) «شەرىئەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم» 185
6 ) «ئىسلام دۆلەتلىرىنى قايتىدىن قۇرۇش» ...... 190
7 ) «ئىسلام جەمئىيىتىنى قايتا قۇرۇش» ...... 198
8 ) «ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش» 206
9 ) ئاياللارنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلار ... 211
10 ) «ئىسلام مىللەتچىلىكى» ۋە «ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى» توغرىسىدىكى تەشەببۇسلار ...... 218
11 ) غەرب مەدەنىيىتىگە باھا ...... 227
ئۈچىنچى باب مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ...... 252
§1 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بارلىققا كېلىشنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى ...... 253
§2 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ...... 261
§3 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزملىق قاراشلىرى ...... 271
§4 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى ...... 283
§5 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە مىسىرنىڭ سىياسىيسى ...... 288
§6 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رولى 319
§7 . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرەققىيات

ئىستىقبالى ............................ 329

**تۆتىنچى باب ئىراندا موللىلار هاكىمىيەتنى قانداق تارتىۋالدى ۋە دۆلەتنى قانداق باشقۇردى… 338**

§1 . ئىراندا هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ گۈللىنىشىدىكى تارىخىي شارائىت .................... 339

§2 . ئىسلام ئىنقىلابى پەيدا بولۇشىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى.................. 363

§3 . ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشى…… 368

§4 . ئىسلام هۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ........... 383

§5 . شەرىئەتنى يولغا قويۇش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلامىيەت بويىچە ئۆزگەرتىش ...................... 403

§6 . ئىسلام ئىقتىسادىي سىياستىنى يولغا قويدى 412

§7 . ئىران هازىرقى زامان ئىسلامىزمى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلار ..................................... 419

**بەشىنچى باب لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ................................................ 430**

§1 . لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى … 430

§2 . ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلدى …438

§3 . ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈرەش داۋامىدا زورايدى ............................................ 444

§4 . لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئورنى .............. 452

**ئالتىنچى باب پەلەستىندىكى خاماس هەرىكىتى … 456**

§1 . خاماسنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە پائالىيەت ئەھۋالى ................................................ 456

§2 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسى ۋە تەرەققىياتى ........................................ 460

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


§3 . خاماسنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ نىزام-
نامىسى ........................................ 465
§4 . خاماسنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى پائالىيەت-
لىرى........................................ 470
§5 . خاماس بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ
مۇناسىۋىتى ........................................ 473
§6 . خاماس بىلەن پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر ۋە
ئىراننىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 478
§7 . خاماس ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇسا-
پىسى........................................ 482
§8 . خاماسنىڭ ئىستىقبالى ........................ 487

**يەتتىنچى باب ئالجىرىيىدىكى ئىلىشىش ......... 496**

§1 . ئالجىرىيىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ
ئۆتكۈرلىشىشى ۋە ئىسلام فرونتىنىڭ بارلىققا
كېلىشى ........................................ 497
§2 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
تەشەببۇسلىرى ........................................ 504
§3 . ئالجىرىيىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ
ھوقۇقدارلار بىلەن ئىلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش
شەكىللىرى ........................................ 515
§4 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تەقدىرى ... 529

**سەككىزىنچى باب ۋەھھابىزم ۋە ھازىرقى زاماندىكى
ئىسلامىزم ........................................ 542**

§1 . دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ يېڭى مۇناسىۋىتى... 544
§2 . ۋەھھابىزمنىڭ يېڭى رولى ........................ 552
§3 . شەرىئەت جەھەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ... 574
§4 . ۋەھھابىزم ۋە پادىشاھلىقنىڭ چەت ئەللەر بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى ........................ 584

5 § . سەئۇدى ئەرەبىستانى چېگراسى ئىچىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى.......................... 601
**توققۇزۇنچى باب پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى....................... 615**
1 § . سادامغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە مۇھەببەت ... 618
2 § . ئىسرائىلىيىگە ، ئامېرىكىغا ۋە غەربكە قارشى ئۇرۇش ........................................ 625
3 § . قىيىن تاللىۋېلىش .......................... 629
4 § . پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىششى ۋە ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ باشلىنىشى ......... 635
**ئونىنچى باب ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن غەرب ۋە شەرق ........................... 646**
1 § . دۇنياغا بولغان قاراش ...................... 646
2 § . ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىرتقا قارىتىلغان سىياسىتى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەھلىل ............ 656
3 § . ئىسلام ئىنقىلابىنى خەلقئاراغا چىقىرىش توغ-رىسىدا............................................ 673
4 § . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئېكستىرىمىزمچىلىرى (ئەسەبىيلىرى )غا ئالاقىدار خەلقئارا تېرروررلۇق پائالىيەتلەر ........................................ 681
**ئون بىرىنچى باب ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ......... 687**
1 § . ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى................. 689
2 § . غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى ...... 695

# كىرىش سۆز

XX ئەسىردىكى ئەرۋاھ — ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئوتتۇرا شەرق رايونىدا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەگىپ يۈرۈيدۇ. «ئەسلىيەتچىلىك» ھەققىدە گەپ بولسا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كېتىدۇ، چۈنكى غەرب دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئەسلىيەتچىلىكنى ئىنتايىن ياۋۇز، تەبىئىيتى قانخور بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ھەممە زوراۋانلىق - تېررورلۇق شۇنىڭدىن كېلىدۇ دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنى دۇنيادىكى ھەممە جىنايەتنىڭ مەنبەسى قىلىپ قويىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى»نىڭ سەركىسى بولغان ئىراننى تېررورچى دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى»نى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇپ، ئىرانغا قارشى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە قوللاشقا نۇرغۇن مەبلەغ ئاجراتتى، ئىراننى سودىدا جازالاشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» «دۇنيا خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالىدۇ»، ئۇ «دۇنيادىكى مۇقىمسىزلىق ئامىلى» دەپ ئالاقزادە بولۇپ ئۇنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ XXI ئەسىردىكى ئىستراتېگىيىلىك ئوبيېكتى قىلىۋالدى. مەسىلە شۇنداق جىددىي

بولغاچقا ، تەبىئىيكى ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى .
كىشىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى ، بۇرۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان موللا ھۆمەينى رەھبەرلىك قىلغان ئىسلام ئىنقىلابى 1979 ـ يىلى ئىراندا غەلىبە قىلىپ ، «ئوتتۇرا شەرقتىكى تۈنجى قۇدرەتلىك دۆلەت» دەپ ئاتالغان ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىغا ۋە قەتئىي قوغدىشىغا ئىگە بولغان پەھلىۋى خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، زامانىمىزدىكى تۇنجى ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ ، ھەمدە «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى»نى «دۇنيا خەلقىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق دۈشمىنى» ، «ئەڭ چوڭ ئىبلىس» دەپ ئاتاپ ئۇنىڭ بىلەن يۈز تېپىشىپ ، ئامېرىكىنىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى خادىملارنى تۇتقۇن قىلىپ ، ئامېرىكىنى شۇ چاغدا ئامېرىكىدا پاناھلىنىۋاتقان پادىشاھ پەھلىۋىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستىدى . ئۆزىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت دەپ ھېسابلىغان ئامېرىكا بىر تەرەپتىن ئىراننىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئادەملىرىنى قۇتقۇزۇپ چىقىدىغان قوراللىق ئەترەت تەشكىللەپ ھەرىكەت قوللىنىپ مەغلۇپ بولدى . ئىراندىكى مىليونلىغان كىشىلەر نامايىش قىلدى ، ئۇلارنىڭ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى !» دەپ توۋلىغان شوئارلىرى زېمىننى لەرزىگە سالدى . ئىران ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان كۈندىن باشلاپ ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى «مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى» ، نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى «ئىسلام ئەسلىيەتچى» تەشكىلاتلىرى ئىراننىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملىنىپ ، ئامەت كەلدى ، دۇنيا ئىسلامىيەتنىڭ قولىغا ئۆتىدىغان بولدى دەپ قاراپ ، قىزغىنلىق بىلەن كوچىلارغا چىقتى ياكى قوراللىق قوزغىلاڭ قىلدى . ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش سۈرەن ـ چۇقانلىرى ۋە ئوق ئاۋازلىرى ئارىلىشىپ كەتتى ، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلدى . شۇنىڭغا

ئۇلاپلا ئوتتۇرا شەرقتە ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىدى ؛ سۇدان بىلەن ئافغانىستاندا ئەسلىيەتچىلەر ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ، ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيىتىنى① قۇردى ؛ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئالجىرىيىمۇ «ئەسلىيەتچىلەر»نىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشكە قىل قالدى ؛ مىسىرمۇ بىر مەھەل ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى ؛ «ئەسلىيەتچىلىك» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە بېسىپ كىرىپ ، ئۇ يەردىكى دىنىي كەيپىياتنى كۈچەيتىۋەتتى ؛ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ يېڭىۋاشتىن باشلىنىشىغا ئەسلىيەتچىلىكنى چەكلەش سەۋەب بولدى . قىسقىسى ، ئىسلام دۇنياسىدا ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل سەۋەبلەر تەڭلا باش كۆتۈرۈپ چىقتى . مۇشۇنداق كەسكىن ، ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتتە كىشىلەر گاڭگىراپ قالدى : بۇ «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» زادى قانداق غەلىتە نەرسە بولغاي؟ ئۇنىڭ قانچىلىك كارامىتى باردۇر؟ ئۇ شۇنچە ۋەھشىي بولۇپ ، قىلمايدىغان ئەسكىلىكى بولمىسا ، شۇنچە كۆپ ئادەم نېمىشقا قوللايدىغاندۇ ، دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت — ئامېرىكىدىنمۇ قورقماي ، ئۈچ دۆلەتتە غەلىبە قىلىپ ، ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇردىغۇ؟ ئۇ زادى نېمە قىلماقچى؟ ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن ئۇنى شۇنچە تىللايدۇ؟ ئۇ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ ··· بىر تالاي گۇمانلار كىشىلەرنى ئەنسىرىتىپ

---

① «ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى» دېگەندە ئادەتتە دىنىي داھىيلار ھاكىمىيەت تۇتقان سىياسىي تۈزۈم كۆزدە تۇتىلىدۇ . چېركاۋ ياكى دىنىي داھىيلار ھوقۇق تۇتقان ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن دۆلەتلەرمۇ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىغا مەنسۇپ بولىدۇ . بۇ كىتابىمىزدا تىلغا ئېلىنغان «ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى» دېگەندە دىنىي داھىيلارنىڭ ھاكىمىيەتنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تۇتۇشىدىن ، ھاكىمىيەت تۇتقۇچىنىڭ كەسپىي دىنىي داھىي بولۇشىدىن ياكى دىنىدىن تاشقىرىلىقتىن كېلىپ چىققان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچى سىياسىي پارتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئىسلام شەرىئىتى ئاساسىغا قۇرۇلۇپ ، ئاللانىڭ ئىنسان ئۈستىدىكى ئالىي ، مۇتلەق ، ئەتراپلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سىياسىي تۈزۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

قويدى ، ئۇلار خاتىرجەم بولالمىدى ، دەككە ـ دۈككىچىلىكتىن خالىي بولالمىدى . نۇرغۇن سىياسەتچىلەر ، ئوبزورچىلار ، مۇتەخەسسىسلەر دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئەرۋاھنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا باشلىدى ، نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ، مەخسۇس تېمىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى نەشىر قىلدۇرۇپ ، ئەسلىيەتچىلىكنى ھەرتەرەپتىن ، قاتلاملار بويىچە ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئۇرۇندى . بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى ئەسەرلەر ئۆزگىچە ، مۇپەسسەل يېزىلدى ، لېكىن بەزىلىرى يۈزەكى ۋە بىرتەرەپلىمە يېزىلىپ قالدى .

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابقا كەلسەك ، تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق :

بىرىنچىدىن ، تەتقىق قىلىش پوزىتسىيىسىگە ۋە ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بەردۇق . ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان پوزىتسىيىدە چىڭ تۇردۇق . ھەممە قاراشلار ياكى يەكۈنلەردە ھەر خىل ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش ، تەكرار سېلىشتۇرۇش ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلدۇق .

ئىككىنچىدىن ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقات ئاساسىدىن پايدىلىنىپ ، كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشقا تىرىشتۇق .

تەتقىقات دائىرىسىدىن ئېيتقاندا ، ئەتراپلىق ، سىستېمىلىق تەتقىق قىلدۇق . تېمىغا چېتىلىدىغان تەرەپلەر ئۈستىدە ھەم بويىغا ، ھەم توغرىسىغا تەتقىق قىلدۇق ؛ ئومۇمىي جەھەتتىنمۇ ، قىزىق نۇقتىلاردىنمۇ تەتقىق قىلدۇق . تەتقىقات جەريانىدا مۇنداق قاراشتا بولدۇق : بۇ تېما ناھايىتى چوڭ ، ناھايىتى مۇھىم . لېكىن ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تونۇشى ۋە باھاسى كۆپ پەرقلىنىدۇ ، ھەتتا پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ . بۇنداق ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ ، تەتقىقاتتا تۆۋەندىكىلەرنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشقا تىرىشتۇق : بىرىنچىدىن ، «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق ، سىستېمىلىق ، ئوبيېكتىپ تونۇش ۋە باھا بولۇشى كېرەك ؛ ئىككىنچىدىن ، «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى»نىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ، تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ، غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئىچكى ، تاشقى سەۋەبلەرنى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىن چۈشىنىش لازىم ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئىران ئەندىزىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ، بۇخىل دىني سىياسي ئەندىزىنىڭ زامانىمىزدا ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزىدىغان ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئەندىزە ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئەندىزە ئەمەس ئىكەنلىكىگە ، ئۇنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا قانداق باھا بېرىش كېرەكلىكىگە ، ئۇنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشى پۈتكۈل «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك» ھەرىكىتىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە قاراش لازىم .

تەتقىقاتتىكى كونكرېت مەسىلىلەردە ھازىرقىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ ، قەدىمكىگە سەل قارالدى . ۋاقتى 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چەكلەندى . ئايرىم مەسىلىلەرنىڭ ۋاقتى يىل ئاخىرىسىغىچە سۇرۇلدى . ئۆزىمىزنىڭ بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ، بۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 . «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» دېگەن بۇ نام مەسىلىسى توغرىسىدا . ھەممەيلەنگە مەلۇمكى ، بۇ غەربنىڭ ئاتىشى بولۇپ ، ئومۇملىشىشقا باشلىدى . بۇ نامدا ئاتاشنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ بىز بۇ كىتابتا «ئىسلامىزم» دېگەن ئاتالغۇنى قوللاندۇق . چۈنكى بۇنى ئىسلامىزمچىلار ئۆزلىرى قوللانغان . ھازىرقى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىككى خىل ئىسلامىزمنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ۋەھھابىيلارنىڭ ئىسلامىزمىنى «ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم» ، ئىران ۋەكىللىكىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسلامىزمنى «ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى» دەپ ئاتىدۇق. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى غەرب ئەللىرى «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» دەيدۇ. مۇشۇنداق ئاتىغاندا ۋە پەرقلەندۈرگەندە، بۇ دىنىي سىياسىي پىكىر ئېقىمىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە پايدىلىق بولىدۇ. تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوبيېكتىپ، ئادىللىق بىلەن ئىزدىنىشىمىزگىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

2. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ دىنىي تەرىپىمۇ، سىياسىي تەرىپىمۇ، كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان، كونسېرۋاتىپ تەرىپىمۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات تەرىپىمۇ بارلىقىنى، ئوخشىمىغان دۆلەت، ئوخشىمىغان مەزھەپ ۋە ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئەلۋەتتە، بىر تەرەپنى قارىغۇيۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، يەنە بىر تەرەپنى ئىنكار قىلىدىغان ئىشنى قىلماي، كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكىنى، ئۇنىڭدا ھەم كاپىتالىست، پومېشچىكلارنىڭ ھەم ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلام پۇقرالىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. ئۇ دائىرىلەرنىڭ بيۇروكراتلىققا ۋە چىرىكلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە غەربلەشتۈرۈشكە، ئىسلام ئېتىقادىنى ۋە ئىسلام ئەخلاق - قائىدىلىرىنى چىرىتىشكە قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بايلارنى تىزگىنلەپ، يوقسۇللارنى قۇتقۇزۇش قاتارلىق چاقىرىقلىرى مەلۇم دەۋردە، مۇئەييەن دەرىجىدە ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامدىكى نۇرغۇن ئاممىنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە

قوللىشىغا ئىگە بولدى .

4 . ئىسلامىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئىزنالىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ، ئىسلامىزم ھەرىكىتى بىلەن ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بىر ئىش ئەمەس ئىكەنلىكىنى ، ئوتتۇرا ئەسىردىن يېقىنقى زاماننىڭ باشلىرىغىچە ئىككىسىنىڭ بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ، لېكىن يېقىنقى زاماننىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ھازىرغىچە ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى ، ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانلىقىنى ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتۇق . زامانىمىزدىكى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى مۇنداق ئۈچ ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : (1) ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى . بۇ مودېرنىزمچى (ئىسلام دىنىنى دەۋرلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرى ) ۋە ئەنئەنىچى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مودېرنىزمچىلار نامدا دۆلەتنى ئىسلام دىنى بىلەن باشقۇرىدىغان سىياسىي فونكسىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئىسلاھات ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىدۇ ؛ (2 ) ئىسلام مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى . بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر دىندىن تاشقىرى مىللەتچى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان گۈللىنىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ؛ (3 ) ئىسلام دۆلەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى . بۇ دۆلەت ھالقىغان ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بولۇپ ، ئىسلام دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رايون خاراكتېرلىك ياكى دۇنياۋى بىرلىشىشنى ۋە ھەمكارلىشىشنى تىكلەش ۋە كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ .

5 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ زوراۋان ـ تېرروررلۇق بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ، ئىككىسى ھەم مۇناسىۋەتلىك ، ھەم پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتۇق . تېرروررلۇق ھەرىكىتى ئىسلامىزمىنىڭ كىچىك قىسمى بولۇپ ، تېرروررلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەشكىلاتلار «ئىسلام ئەسەبىيلىرى» ، ياكى «ئىسلام رادىكاللىرى» دەپ ئاتىلىدۇ ، ئۇلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ . ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلارنى كىشىلەر «مۆتىدىللەر» دەپ ئاتايدۇ . ھازىر ئۇلار پارلامېنت يولىغا مېڭىپ ، ئاخىر ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

6 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى «ئۈچ تەرەپ» (دىنىدىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەت ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتى ۋە ئىسرائىلىيە زىئونىزم ھاكىمىيىتى) تىركىشىپ تۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسەتتۇق .

7 . ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ قايتىدىن باشلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئامېرىكىنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن قارشىلىشىش ، ئۇنى چەكلەش ، ھەتتا يوقىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ، شۇڭا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلمىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتۇق .

8 . ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابى 1979 ـ يىلى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەتلەرگە ھەر

تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىمۇ ھەم مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ كۆرسەتتۇق. 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھۇجۇمى ئاجىزلاپ قالدى. ئومۇمىي جەھەتتە، ئىككى تەرەپ تىركىشىش ھالىتىگە كىرىپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن قىسمەن رايونلاردا يېڭىش ـ يېڭىلىش بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ھېچكىم قارشى تەرەپنى دەرھال ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىقتىسادىي سەپنىڭ مۇھىملىقى كۈنسايىن روشەنلىشىۋاتىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە سەۋىيىسى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ھەجمى تىركىشىش باسقۇچىدىكى ئاخىرقى يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

9. ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىرلىككە كەلگەن خەلقئارا رەھبەرلىك مەركىزى بولماي، مەزھەپلەر كۆپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتتۇق. بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدا بىرلىككە كەلگەن نوپۇزلۇق نەزەرىيىۋى تەلىمات يوق. قانچىلىك ئوخشىمىغان تەشەببۇس بولسا، شۇنچىلىك مەزھەپ بار. كۆرۈنۈشتە تەشكىلاتلار ناھايىتى كۆپ، ھەيۋىسى زوردەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە كۈچ چېچىلىپ كەتكەن، ھەتتا ئۆز ئارا خورىتىدۇ، چوڭ مۇشت بولۇپ تۈگۈلەلمىگەن. ھازىر خەلقئارالىق بىرلىشىش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئاخىر چېچىلاڭغۇ بىرلىشىش بولىدۇ. بۆلۈنۈش — بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.

10. ھازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنىڭ 11 ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق باھالاپ، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاجىزلىقلىرى ، پايدا ـ زىيانلىرى ئۈستىدە ئىزدەندۇق . بۇنداق قىلىش ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر قاتلام بويىچە چۈشىنىپ ، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىگىلەشكە پايدىلىق بولىدۇ .

11 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسى ئىسپاتلىدىكى ، ئۇنىڭ ئىسلام ئېتىقادى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ ، باشقا ئىدېئولوگىيىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر قارىمۇ قارشىلىق مەۋجۇت . يىراقتىن ۋە ماھىيەتتىن قارىغاندا ، بۇ ھال ئۇنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە ۋە سىياسىي پوزىتسىيىسىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ؛ لېكىن تارىخىي سەۋەبلەر ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالدا ، ئۇ ئۆزىنىڭ شەرققە ۋە غەربكە قاراتقان سىياسىتىنى ئۇزلۇكسىز تەرتىپكە سېلىۋاتىدۇ . لېكىن بۇ نەزەرىيىۋى تەشەببۇس ياكى ئىدېئولوگىيىدىكى تۈپ ئۆزگىرىش ئەمەس ، بەلكى تاكتىكىنى جانلىق تەتبىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ ، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ .

12 . ئىراندا ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسلاملاشتۇرۇشنى كۈچلۈك يولغا قويۇش بىلەن بىللە ، ئۆزىنىمۇ ئۇزلۇكسىز تەرتىپكە سېلىپ ، دەۋر تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ ، مەۋجۇت بولۇش ، تەرەققىي قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى يارىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتۇق . شۇڭا ، ئىران دۆلىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئىران ئەندىزىسى مەغلۇپ بولدى دېگىلى بولمايدۇ ، ئەڭ زور ئېھتىماللىق شۇكى ، ئۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، لېكىن بۇرۇنقى شەكلىدە ئۆزگەرمەي تۇرۇۋەرمەيدۇ ، بەلكى ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز «ئىسلاھ قىلىدۇ» ۋە «تەرەققىي قىلدۇرىدۇ .» قانداق ئۆزگەرگەنلىكىگە ، قانداق تەرەققىي قىلىشىغا تارىخ باھا بېرىدۇ .

بىرىنچى باب

# ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

XX ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئىسلام دىنى سىياسىي پىكىر ئېقىمى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتى شەرقتە كۆتۈرۈلۈپ ، تېز تەرەققىي قىلىپ ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى ، بولۇپمۇ غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا شەرق رايونىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قاپلاپ كەتتى . بۇ ھەرىكەت «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى» ئىدى .

«ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى نۇرغۇن مۇسۇلمانلار غەربنىڭ ئاتىشى دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەرەبچىدىكى «الاصولية» (al — asuliyyah) دېگەن ئاتالغۇ ئىنگلىزچىدىكى fundamentalism (يەنى ئاساسچىلىق ، فۇندامېنتالىزم )دىن تەرجىمە قىلىنغان . بۇ سۆز «ئىنجىل» دىكى fundation (ئاساس ، ئاساسىي ) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان . غەرب دۆلەتلىرى ئىسلام دۇنياسىدىكى بۇ دىنىي سىياسىي پىكىر ئېقىمى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرى ئامېرىكىدىكى پروتېستانتىزمنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرغان كونسېرۋاتىپلىرى تەشەببۇس قىلغان «فۇندامېنتالىزم» ياكى «ئەسلىيەتچىلىك» كە يېقىن كېلىدۇ دەپ قاراپ ، بۇ پىكىر ئېقىمىغا «ئەسلىيەتچىلىك» بەلگىسىنى تاقاپ ، ئۇنى «ئىسلام دىنى ئەسلىيەتچىلىكى» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتىدى . غەربنىڭ تەشۋىقاتى ئارقىلىق «ئەسلىيەتچىلىك» دېگەن ئىسىمنى ئاۋام بىلىپ كەتتى . دۇنيادا خرىستىئان ئەسلىيەتچىلىكى ، يەھۇدىي دىنى ئەسلىيەتچىلىكى ، ھىندى دىنى ئەسلىيەتچىلىكىدەك ھەرخىل دىنىي ئەسلىيەتچىلىكلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي ، ئەسلىيەتچىلىك دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان ھامان كىشىلەر ئالدى بىلەن «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» نى يادىغا ئالىدىغان بولدى . شۇڭا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىلىرى ۋە ھېسداشلىق قىلغۇچىلىرى غەربنىڭ «كەمسىتىش مەنىسىگە ئىگە ۋە يامان نىيەت» تىكى بۇ ئاتىشىنى رەت قىلدى . ئۇلار چېگرانى ئېنىق ئايرىپ ، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ نامىنى توغرىلاش ئۈچۈن ، ھەرىكەتنى «ئىسلامىزىم ھەرىكىتى» ، «ئىسلام ھەرىكىتى» ، «ئىسلام ئىنقىلابى» ، «ئىسلاملاشتۇرۇش ھەرىكىتى» ، «ئىسلام ئويغىنىشى» دەپ ئاتىدى .

جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئەربابلىرى بۇ دىنىي سىياسىي ھەرىكەت نامىنىڭ بىرلىككە كەلمىگەنلىكىگە قاراپ ، بەزىلەر ئۇنى «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى» دەپ ئاتىسا ، بەزىلەر «ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى» ، «زامانىمىزدىكى ئىسلامىزىم» ، «زامانىمىزدىكى ئىسلام ھەرىكىتى» ، «يېڭى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» ، «زامانىمىزدىكى ئىسلام پىكىر ئېقىمى» دەپ ئاتىدى .

بىز بۇ ھەرىكەتنى ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ، ھازىر جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئاتىلىشلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ، «ئىسلامىزىم» دەپ قوللىنىشنى بەلگىلىدۇق . ئاندىن ھەرىكەتنىڭ زامانىمىزدىكى كونكرېت ئەھۋالى بويىچە ، ئۇنى «ئەنئەنىۋى ئىسلامىزىم» ۋە «ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىدۇق ، بىز بۇنداق قىلىشتا ، بىرىنچىدىن ، بۇ دىنىي سىياسىي پىكىر ئېقىمىنىڭ خاراكتېرىنى

توغرا، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى؛ ئىككىنچىدىن، ئىسمىدىن پەيدا بولىدىغان خاھىشتىن ساقلىنىشنى؛ ئۈچىنچىدىن، خاتا چۈشىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى نەزەرگە ئالدۇق. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى»نى «ئىسلام تېررورلۇقى» دەپ بىلىپ، «ئەسلىيەتچىلىك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا چىرايى ئۆڭۈپ كېتىدۇ.

ئىسلامىزم ھەرىكىتى تارىختا بولۇپ ئۆتكەن، ئەمما يېقىنقى زاماندىن بۇيان، نەچچە قېتىم گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش، ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكىدەك ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بولۇپ تەرەققىي قىلدى.

ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بىر مىليارد بولۇپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ 18.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن، ئۇلار دۇنيادىكى 90 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا تارقالغان، ئاسىيا، ئافرىقا رايونىدىكى 30 نەچچە دۆلەتتە مۇسۇلمانلار مەملىكەت نوپۇسىنىڭ زور كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن. «دۇنيا ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرى ئىچىدە 51 دۆلەت ۋە رايون بولۇپ، بۈگۈنكى ئىسلامىيەت دۇنياسىنى ھاسىل قىلغان. ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئومۇملىشىپ، ياكى سىياسىي پارتىيە شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان، ياكى ئىجتىمائىي ئاممۇۋى تەشكىلات سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان، ياكى ئاشكارا ھەرىكەت قىلغان، ۋە ياكى مەخپىي پائالىيەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، كۈچلۈك خەلقئارالىق تۈس ئالغان دىنىي سىياسىي پىكىر ئېقىمى ياكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتى شەكىللەنگەن.

ئىسلامىزمدا XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئىككى ئېقىم شەكىللەندى: بۇنىڭ بىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ۋەھھابىيلار بولۇپ، ئۇلارنى «ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمچىلار»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دېيىشكە بولىدۇ؛ يەنە بىرىگە مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلارنى «ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى» دېيىشكە بولىدۇ.

ئىسلامىزمنى چۈشىنىش، ئاساسلىقى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئۈستىدە تارىخي ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بۇ بابتا ئۇنى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى؛ ئىسلام ئىنقىلابى نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىسىردا ئەمەس، ئىراندا غەلىبە قىلىدۇ؛ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسى، تەشكىلى ۋە ئالاھىدىلىكى؛ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى؛ ئىسلامىزم بىلەن زوراۋانلىق ـ تېررورلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدىن ئىبارەت يەتتە تەرەپتىن تەتقىق قىلىمىز.

## §1 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بىلەن ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتى

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بىلەن ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ھازىر بەزى قاراشلار ئوخشىمايدۇ، بەزىلەر بۇ ئىككىسى بىر گەپ، پەقەت ئاتىلىشى پەرقلىنىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر بۇ ئىككىسى بىر گەپ ئەمەس، ئاتىلىشى ئوخشىمايلا قالماستىن، مەزمۇنىمۇ پەرقلىنىدۇ دەيدۇ.

تارىختىن كۆزەتكەندە ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى — ئىسلام جەمئىيىتىدىكى بىرخىل تارىخي ھادىسە بولۇپ، بەزىدە

ئەۋج ئېلىپ ، بەزىدە پەسىيىپ تۇردى ، يېقىنقى زامانىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىسلام گۇللىنىش ھەرىكىتى ئىسلامىزىم ھەرىكىتى بولۇپ ، ئىككىسى بىر گەپ ئىدى ، لېكىن يېقىنقى زامانىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ھازىرغىچە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، ئىسلام گۇللىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ۋە كېڭىيىپ ، ئىككى قېتىملىق چوڭ ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى : 1 ـ قېتىملىق تەرەققىيات ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنى ۋە دىنىدىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ، 2 ـ قېتىملىق تەرەققىيات ئىسلام دىنىنى گۇللەندۇرۇش ھەرىكىتى ، ئىسلام مىللىي گۇللىنىش ھەرىكىتى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنى گۇللەندۇرۇش ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى .

ئىسلام دىنى مىلادىيىنىڭ 610 ـ يىلى بارلىققا كېلىپ ، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى راسا گۇللىنىپ ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ چىقىپ ، دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ دىن بولۇپ قالدى . بەلكى ئاسىيا ، ئافرىقا ، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدىن ھالقىغان ئەرەب ـ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، شانلىق ئىسلام مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشتى . لېكىن ، شۇنىڭدىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئەھۋال باشقىچە بولدى : بىرتەرەپتىن ، ئىسلام دىنى دىن سۈپىتى بىلەن داۋاملىق تەرەققىي قىلدى ، بۇ دىنغا ئىمان كەلتۈرگۈچىلەر ئۇزلۇكسىز كۆپەيدى ، زېمىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيدى ؛ يەنە بىرجەھەتتىن ، ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مىللەت — ئەرەبلەر ئىمپېرىيىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەتتىن تەدرىجىي ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت بولۇپ قالدى . ئىسلام ئىمپېرىيىسى قانچە كىچىك دۆلەتلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايرىلىپ كەتسۇن ياكى بىرلىككە كەلگەن چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ ئەسلىگە كەلسۇن ، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى 200 يىلدىكىدەك شانلىق شۆھرەتكە ئىگە بولالمىدى . XIV ئەسىرنىڭ باشلىرى تۈركلەر گۈللەنگەندىن كېيىن قۇرۇلغان ئىسلام ئىمپېرىيىسى — ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى مىسالغا ئالساق ، ئۇ 100 يىلدەك گۈللەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە چوڭقۇراق تۆھپە قوشالمىدى . 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى لىڭشىپ قالدى ، دۆلەت نامراتلاشتى ، جەمئىيەت قالايمىقانلاشتى ، خەلق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى ، ئۇرۇشتىن كېيىن غەربنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە پارچىلىنىشىغا ئۇچرىدى ، ئۇنىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى زېمىنلىرى غەربنىڭ مۇستەملىكىسى ، يېرىم مۇستەملىكىسى ۋە ھامىيلىقىدىكى زېمىن بولۇپ كەتتى .

شۇ چاغلاردا خەلقنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ئارزۇلىرى ۋە كەلگۈسىگە ئىنتىلىشلىرى يوققا چىقىپ ، خەلق قانداق قىلىشنى بىلمەي قالدى ، ئۆتكەنكى شانلىق كۈنلەرنى ئەسلەپ ، شۇ كۈنلەرنى سېغىندى ، شۇڭا ئۇلاردا ئۆتمۈشنى ئەسلەيدىغان كۈچلۈك تۇيغۇ مەۋجۇت بولۇپ ، ئۇمىدىنى ئۆتكەنكى شان ـ شۆھرەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باغلىدى . مۇشۇنداق مەدەنىيەت ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي چۆكمىسى ئاساسىدا ، يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى .

يېقىنقى زاماننىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى دېگىنىمىز ، ئىسلامىزم ھەرىكىتى بولۇپ ، ئۇ بىر خۇدالىق ئىماننى پاكلاشتۇرۇشنى ، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى چىڭىتىشنى ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى . دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى

بارلىققا كېلىش ۋە كۆچىيىشتىن ئىلگىرى ئىسلام جەمئىيىتىدە ئىسلامىزمچى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە ئۇلارنىڭ داھىيلىرىلا ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلالايتتى، ئۇلار ھەم سەلەفىيلەر (ئۆتمۈشنى، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت خەلىپە رەھبەرلىكىدىكى سائادەت دەۋرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىلەر) ھەم ئىنقىلابچىلار ئىدى. مەسىلەن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان ۋەھھابىيلار (1703 — 1792) ھەرىكىتى، شىمالىي ئافرىقىدا پەيدا بولغان سەنۇسىلار (1791 — 1859) ھەرىكىتى، سۇداندا پەيدا بولغان مەھدى (1844 — 1885) ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم ھەرىكەتلىرى مەغلۇپ بولدى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئابدۇلئەزىز 1902 - يىلى ۋەھھابىيلارغا تايىنىپ، خەلقنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، يېرىم ئارالنىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈردى ۋە ئۇيۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ۋەھھابىيلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى، ھەمدە بۇ مەزھەپنىڭ يېرىم ئارالنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىدى. يېرىم ئارالدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جاپالىق، ئەگرى - توقاي كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن، ھۆكۈمرانلىقتا بىر جەمەت ۋارىسلىق قىلىدىغان سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى — ھازىرقى زامان ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى ئەنئەنىۋى ئىسلامىزملىق دۆلەت 1932 - يىلى قۇرۇلدى.

ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر تۈركۈم يېڭى ئىسلاھاتچىلار بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، جامالىددىن ئافغانى (1839 — 1897)، ئەھمەدخان (1817 —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1898 ) ، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ (1849 — 1905 ) ، مۇھەممەد ئىقبال (1877 — 1938 ) ، رەشىد رىزا (1865 — 1935 ) نىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ بولۇپ ، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ، ئۆز ئالدىغا بىر ئېقىم بولۇپ ، «ئىسلام مودېرنىزمچىلىرى» (ئىسلامنى دەۋرلەشتۈرگۈچىلەر ) دەپ ئاتالدى ، ئۇلار ئەقلىيلىقنى ۋە غەربنىڭ پەن - بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى ، لېكىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلىي مۇددىئاسىغا قايتىشنى ۋە كونىلىقنى تىرىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن ، كەڭ تەرەققىي قىلالماي ، ئاستا - ئاستا ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ تەسىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ ، زامانىمىزدىكى ئىسلامىزمنىڭ بېشارىتى بولدى .

يېقىنقى زامان بىلەن ھازىرقى زامان ئالمىشۋاتقان دەۋردە ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنىدا دەۋر بۆلگۈچ تەرەققىيات بولدى : مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمى بارلىققا كەلدى ، تۈركىيەدىكى مۇستاپا كامال رەھبەرلىك قىلغان مىللىي بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى 1923 - يىلى غەلىبە قىلدى ، مۇستاپا كامال خەلىپە تۈزۈمى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب دەپ قاراپ ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلۈپ مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرۇلغان خەلىپە تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئۆزۈل - كېسىل ئايرىۋېتىلگەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى . بۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاجايىپ چوڭ ئىسلاھات بولۇپ ، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغاپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولدى . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمچى تۇنجى تەشكىلات — مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى (ئىنۋانۇل مۇسلىمىن )

قۇرۇلغاندا، ئاساسىي مەقسەتنى باشتىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىسلامىيەتنىڭ خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك بىلەن هازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ قالدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرى پەيدا بولدى. 1949 - يىلى جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇپ، دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، دۇنيادا مىللىي مۇستەقىللىق، ئازادلىق هەرىكىتى بويىچە دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، تاغنى تالقان قىلىدىغان هەيۋەت بىلەن مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قەپەسلىرىنى بىتچىت قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىنى، دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللىي دۆلەتلەرنى قۇردى. زور كۆپ ساندىكى دۆلەتلەردە دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەر مۇستەقىللىقتىن بۇرۇنقى ئازادلىق هەرىكىتىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى هەم مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچى هۆكۈمەتنىڭ رەهبەرلىرى بولدى، بۇ مەزگىلدە ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك هەرىكەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، 40 - يىللاردىن تارتىپ 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ئىسلام گۈللىنىش هەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى، ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم هەرىكىتى تەڭ كېلەلمەي، ئىسلام گۈللىنىش هەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن تارماق ئېقىمغا ئايلىنىپ قېلىپ، داۋاملىق چېكىندى.

XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى هازىرقى زامان ئىسلامىزم پىكىر ئېقىمى پەيدا بولدى. 1928 - يىلى مىسىردا مۇسۇلمان

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى كېيىنرەك خەلقئارالىق تەشكىلات بولۇپ تەرەققىي قىلدى، نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئۇنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلۇپ (بۇلارنىڭ كۆپى قىسمى كېيىن تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل تەشكىلات بولۇپ كەتتى)، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ پاراۋۇزى ۋە ئاساسىي قوشۇنى بولدى.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى يېڭى دەۋردە ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمدىن شاخلاپ يېتىلدى، ئۇ يېڭىدىن پەيدا بولغاندا ۋە بالىلىق دەۋرىدە ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمچى ۋەھھابىيلارنىڭ قوغدىشىغا ۋە قوللىشىغا ئىگە بولغانىدى، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمنىڭ قارشى تەرىپى بولۇپ قالدى، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمنى ئىنكار قىلىش بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمنىڭ ئورنىغا چىقىپ يېڭى دەۋرنىڭ رىقابىتىنى كۆتۈۋېلىشقا تەييارلانغانىدى. شۇڭا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىنكار قىلىش مۇناسىۋىتى، ھەمكارلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش مۇناسىۋىتى بولدى.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئارىلىشىشىغا ۋە كونترول قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، «ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدە قىلىنغان» ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى تىكلەپ، ئىسلام شەرىئىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى مۇنداق بىرخىل ئىدىيىۋى ئاساسقا، يەنى ئىسلام دىنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىرخىل سىياسىي دىن بولۇپ، سىياسىي بىلەن دىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن،

ئۇنىڭ قايسى بىرى تاشلاپ قويۇلسا، ئىسلام دىنىنى يۇرمىلىغانلىق ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ دېگەن ئاساسقا قۇرۇلغان. شۇڭا، ئۇنىڭ قارىشىچە، دۇنياپەرەسلەر ئىسلام دىنىنى دۆلەتنىڭ سىياسىي ھايات ساھەسىدىن چىقىرىۋېتىپ، دىنىي تۇرمۇش تەرىپىنىلا قالدۇرۇپ قويدى. شۇڭا، ئىسلام دىنىنىڭ نۇرى ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئىسلام مىللەتلىرى روھسىزلاندى، ئىسلام دۆلەتلىرى نامراتلىقتا قالدى، ئىسلام جەمئىيىتىنى زۇلمەت قاپلىدى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قېرىنداشلار ئازاب ئىچىدە قالدى. شۇڭا، گۇللىنىش ئۈچۈن، بىردىنبىر ئۈمىد شۇكى، ئىسلام دىنى سىياسىي مۇنبەرگە قايتىپ كېلىشى، ئىلاھىي ھۆكۈمرانلىق ئەشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك. لېكىن، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى دەۋرىنىڭ ئېقىمى بولغاچقا؛ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى كەڭ تەرەققىي قىلالمىدى، ئەكسىچە، تەكرار ئوڭۇشسىزلىققا ۋە باستۇرۇشقا ئۇچرىدى. 60 ـ ، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە كىشى ئەشەنمىگۈدەك دەرىجىدە تېز تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى كۈچلۈك سىياسىي كۈچ بولۇپ، ئوتتۇرا شەرق تارىخىدىكى «ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ سەھىپىسى» نى ئاچتى.

70 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خەلقئارا ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ھەمكارلىشىدىغان رايون خاراكتېرلىك ھەرخىل دۆلەت گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىغا چىققانلىقتىن، ئىسلام دۇنياسىدىمۇ دۆلەتلەر گۇرۇھى تەشكىلاتى — «دۇنيا ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى» بارلىققا كېلىپ، ئىسلام گۇللىنىش ھەرىكىتى مەزمۇنىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە كېڭىيىشى قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىسلام گۇللىنىش ھەرىكىتى ھازىرقىدەك ئۈچ خىل مەنىدىكى ھەرىكەتنىڭ بەزىدە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ، يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھازىرقى زامان ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى، ھازىرقى زامان ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى بولۇپ قالدى. بۇنى تۆۋەندە چۈشەندۈرىمىز:

## 1 . ھازىرقى زامان ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى

«ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى» دېگىنىمىز، زامانىمىزدىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىدۇر، بۇ ھەرىكەت دىنىنى ئىسلاھ قىلىدۇ، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي دىن ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي فۇنكسىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى تىكلەشنى، دۆلەتنى دىن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى، ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇنداق ئىجتىمائىي سىياسىي رولىنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئاساسىي ئېتىقادى ئىكەنلىكىنى يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە تەشەببۇس قىلىدۇ، ئاندىن سىياسىي دىندىن ئىبارەت بۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتىكى دىنىي ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتنى قوزغايدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئىسلامىزمچىلارنىڭ مودېرنىزمچىلار (دەۋرلەشتۈرگۈچىلەر) ۋە ئەنئەنىچىلەردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم، ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. 70 ـ يىللاردا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى باش كۆتۈرۈپ، تېز تەرەققىي قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق شەكلى تەرەپدارلىرى ۋە زوراۋانلىق شەكلى تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە بۆلۈندى. ئالدىنقىلار تىنچلىق شەكلى ئارقىلىق، يەنى پارلامېنت يولى ئارقىلىق ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، «مۆتىدىللەر» دەپمۇ ئاتىلىپ، ھازىرمۇ ئاساسىي ئېقىم ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكىلەر ھاكىمىيەتنى زوراۋانلىق كۈچ شەكلى بىلەن تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغاچقا، «ئېكستىرمىزمچىلار»، «ئاشقۇنلار»، «ئەسەبىيلەر»، «رادىكاللار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

زوراۋانلىق كۈچ شەكلى تەرەپدارلىرى مۇنداق ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىدۇ: قوراللىق كۈرەش تەرەپدارلىرى، مەسىلەن، ئافغانىستاندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى؛ زوراۋانلىق - تېررورلۇق تەرەپدارلىرى، مەسىلەن، مىسىردىكى غازاتچىلار تەشكىلاتى. «ئىسلام تېررورچىلىقى» دېگەندە، زوراۋانلىق - تېررورلۇق تەرەپدارلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

غەرب دۆلەتلىرى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى دۈشمەن، ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمنى دوست دەپ قارايدۇ. شۇڭا، سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن «ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ياخشى مۇناسىۋەت» نى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى، ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى ۋە دۆلەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يۇمشىتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ، غەربنىڭ دوستىغا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

60 - يىللاردا سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى (رابىتەتۇل - ئىسلام) ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان (كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ، سىياسىي مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ) دۇنياۋى تەشكىلات بولۇپ، ئۇ 60 نەچچە دۆلەتتىكى ئىسلام دىنىي

www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنى ، ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمچىلارنى ۋە دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەر (ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ )نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ئۇلار دىننى تەرغىب قىلىش ، قوغداش ، جارى قىلدۇرۇش ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى ماسلاشتۇرۇش شوئارى ئاستىدا ، بۇ ئىتتىپاققا توپلانغان ، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ بايراق قاراشلىرى ئوخشىمايدىغان ، ھەتتا رەقىب ھېسابلىنىدىغان گۇرۇھلارنى بىر يەرگە كەلتۈرگەن ، چۈنكى كىمىكى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ بايراقنى تاشلىۋەتسە ، شۇ ئىسلام دىنىنىڭ خائىنى قاتارىدا ئەيىبلىنىپ ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم بولىدۇ . دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ كاتىبات باشقارمىسى مەككىدە تەسىس قىلىنغان ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ۋەكىلى باش كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالغان ، خىراجەتنى سەئۇدى ئەرەبىستانى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى «دىنىي تەرغىبات» قا دائىر نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ، ئىسلام دىنىغا دائىر سىياسىي ئاڭنى ئويغىتىش ، خەلقئارادا ئىسلام دىنى كەيپىياتى پەيدا قىلىش ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنى ۋە سىياسىي پارتىيىلەرنى قوللاش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ رول ئويناپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى .

### 2 . ھازىرقى زامان ئىسلام مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى

«ھازىرقى زامان ئىسلام مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى» دېگىنىمىز ، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى دىندىن تاشقىرى

مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدىن ئىبارەت . بۇ ھەرىكەت ئاشۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ مىللەتچىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ، مىللەتنىڭ گۈللەپ كۈچىيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان ئاممىۋى سىياسىي ھەرىكەتتۇر . ئالدى بىلەن ، جاھانگىرلىككە ، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇپ ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرىدۇ ، مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھۆكۈمەت قۇرۇپ ، مىللىي ئىگىلىكنى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بۇ ھەرىكەت تولۇق گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ ، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇردى ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىر ئىسلام مودېرنىزم ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك رىقابىتىگە دۇچ كەلدى .

دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بىر ـ بىرى بىلەن زىنھار چىقىشالمايدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىر گەۋدە قىلىش» نى تەشەببۇس قىلسا ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ . بۇنداق ئىككى خىل قاراش ئىككى سىياسىي يولنى ۋە ئىككى خىل سىياسىي ئىستىقبالنى ، ئىككى خىل دۆلەت تۈزۈمىنى ۋە ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەلگىلىدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىر گەۋدە قىلىش» تەشەببۇسىنىڭ سەۋەبلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى . دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلارنىڭ «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش»نى تەشەببۇس قىلىشى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرغانلىقىدىن ئەمەس ، دەل بۇنىڭ

ئەكسىچە ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەھلى ئىسلام ، ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىدىغان ۋە ئىسلام دىنىنى ئاسرايدىغانلارمىز ، شۇنداقلا ئىسلام دىنى ، ئىسلام مىللەتلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارمىز دەيدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاجىزلىشىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىش كېرەك ، مىڭ يىلدىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان ئىسلام دىنى ، ئىسلام مىللەتلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى «ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنى بىر گەۋدە قىلىش»نى داۋملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكتىن ئارقىدا قېلىپ گۈللىنەلمىدى ، چۈنكى جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى ، دەۋر ئالغا باستى ، لېكىن كىشىلەر Ⅶ ئەسىردە توختاپ قېلىپ ، تىرىشىپ ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمىدى ، مەسىلىلەرگە Ⅶ ئەسىردىكى كاللا بىلەن قارىدى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى Ⅶ ئەسىرنىڭ پىرىنسىپ ۋە تۈزۈملىرى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇپ ، «دۆلەتنى دىن بىلەن باشقۇرۇش» تەك Ⅶ ئەسىردىكى كونا يولغا مېڭىپ ، دىن ئۈستىگە ئالمايدىغان ، شۇنداقلا دىن ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان ۋەزىپىنى — دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى دىنغا يۈكلەپ قويدى ، نەتىجىدە دىنىنى قوغداش ، دىنىنى گۈللەندۈرۈش بولماستىن ، مۇقەددەس ، پاك دىن سىياسىيلاشتۇرۇۋېتىلدى ، چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىلدى ، دىن دىنغا ياكى سىياسىي پارتىيىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ قويۇلدى ، شۇنىڭ بىلەن دىنغا ئېغىر نۇقسان يەتتى . ئىسلام دىنى ، ئىسلام مىللەتلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى ئۆزۈنىچە ئالغا باسالماي ، ئاجىزلىشىپ باشقىلارنىڭ كەينىدە قالدى ، شۇڭا «ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنى بىر گەۋدە قىلىش» تىن ئۆزۈل - كېسىل ۋاز كېچىپ ، «ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنى ئايرىۋېتىش» نى قەتئىي يولغا قويۇش زامانىمىزدا ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ، ئىسلام مىللەتلىرىنى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تارىخىي مۇقەررەر يولى بولۇپ قالدى .

ئىسلام مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتىگە ھەرقايسى دۆلەتلەردە دىندىن تاشقىرى ھەرخىل مىللەتچى سىياسىي پارتىيىلەر رەھبەرلىك قىلدى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن سىياسىي پارتىيىلەر سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇشنى تەرغىب قىلدى ، مەسىلەن ، جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ ئەرەب سوتسىيالىزمى ، ئەرەب گۈللەندۈرۈش پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزمى ، بومەيدىنىنىڭ سوتسىيالىزمى ۋە كازافىنىڭ ئىسلام سوتسىيالىزمى ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلدى ، ئۇلارنىڭ قۇرغانلىرى دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىۋېتىلگەن دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت بولۇپ ، ھازىر ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى مۇشۇ دۆلەتلەردىكى دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى ئۆز ئوبيېكتى قىلغان . دېمەك ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇرماقتا . ئاغدۇرۇۋېتىش ۋە ئاغدۇرۇۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ، باستۇرۇش ۋە باستۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش شىددەت بىلەن داۋام قىلىپ ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى سىياسىي داۋالغۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالدى ، ھەمدە ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى سىياسىي يۈزلىنىشكە ۋە ئۇ رايوندا كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ئەرەب دۇنياسىدا ئىسلام مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتى ئەرەب مىللەتچىلىكى شەكلىدە پەيدا بولۇپ ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ تەدرىجىي بىرلىشىپ ، ئاخىر بىرلىككە كەلگەن ئەرەب ۋەتىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى . 1945 ـ يىلى قۇرۇلغان «ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى» ئەرەب مىللىتىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتى بولۇپ، ئوخشىمىغان سىياسىي تۈزۈلمىدىكى دۆلەتلەر مىللەت بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، ھەم ئۇلارنىڭ «بۈيۈك مىللىي ئىتتىپاقلىقى»نى نامايان قىلدى، ھەم بۇ خىل ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسىنىڭ قانچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب دۇنياسىدا ھەرخىل شەكىلدە «بىرلىشىش»، «بىرلىككە كەلتۈرۈش» تەسەۋۋۇرلىرى، مەسىلەن، مىسىر بىلەن سۈرىيىنىڭ بىرلىشىشى، مىسىر بىلەن لىۋىيىنىڭ بىرلىشىشى، بۈيۈك سۈرىيە، شىمالىي ئافرىقا مەغرىب دۆلەتلىرى بىرلەشمىسىدەك تەسەۋۋۇرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھازىرقى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە جەنۇب بىلەن شىمال بىرلەشكەندىن كېيىنكى يەمەن مەۋجۇت بولغاندىن باشقا، قالغانلىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقىدى. بىرلەشمىگەنلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بىرلىشىپ كېتەلىشى تەس بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ تەسەۋۋۇر ۋە سىناقلار ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ باش نىشانىنى ئاخىر ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

### 3. ھازىرقى زامان ئىسلام دۆلەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى

«ھازىرقى زامان ئىسلام دۆلەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى» دېگىنىمىز، ئىسلام دۇنياسىدىكى دۆلەتلەر — دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلىك دۆلەتلەر، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم دۆلەتلىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم دۆلەتلىرى ئورتاق دىنىي ئېتىقادنى، ئورتاق دىنىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە دىنىي ئەنئەنە ئادەتلىرىنى ئاساس قىلىپ قانات يايدۇرغان خەلقئارا گۇرۇھ خاراكتېرىدىكى بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ھەرىكىتى بولۇپ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەردىكى

مەيداننى ماسلاشتۇرۇپ ، مۇستەملىكچىلىكنىڭ ئارىلىشىشىغا ۋە كونترول قىلىشىغا ئورتاق قارشى تۇرىدۇ ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ . 1971 ـ يىلى قۇرۇلغان «ئىسلام كېڭەشى تەشكىلاتى» بۇ ھەرىكەتنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان دۇنياۋى تەشكىلات شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭغا 51 دۆلەت ۋە رايون ئەزا بولغان ، ب د ت دا كۆزەتكۈچى ئورنىغا ئىگە ، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ ئاستىدا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ، ئىسلام ئاخبارات ئاگېنتلىقى ، ئىسلام ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت مەسىلىلىرى كومىتېتى ، ئىسلام پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات فوندى ، ئىسلام سودا تەرەققىيات مەركىزى قاتارلىق نۇرغۇن خەلقئارالىق ئورگانلار تەسىس قىلىندى ، بۇ تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىن ۋە ھەر نۆۋەتلىك دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ تېمىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئىسلام دۆلەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى دۆلەت ھالقىغان ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى بولۇپ ، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى قاتناشقان ، مەسلىھەتلەشكەن ۋە تەدبىر بەلگىلىگەنلىكتىن ، ئۇ كۆلىمى چوڭ ، دەرىجىسى يۇقىرى ، تەسىرى چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى ھاسىل قىلغان . لېكىن ، بۇ تەشكىلات ھەرخىل سىياسىي تەشەببۇستىكى دۆلەتلەرنى ، ھەتتا دۈشمەنلىشىدىغان دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن ، تەشكىلى بوش ، ئىچكى زىددىيەتلىرى ئېغىر ، كۈرەش ئۆتكۈر بولۇپ ، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلقئارالىق ئېلىشىش مەيدانى بولۇپ قالدى .

يۇقىرىقى ئۈچ خىل گۇللەندۇرۇش ھەرىكىتى ، ئاساسلىقى ئىسلام دىنىنى گۇللەندۇرۇش ھەرىكىتى ۋە ئىسلام مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىككى خىل ئىجتىمائىي ، سىياسىي كۈچكە ۋە ئىككى خىل سىياسىينىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئىسلام دىنىنى گۇللەندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ياكى ئاجىزلىشىشى ئىسلام مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى ياكى چۈشكۈنلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ، لېكىن مۇھىم تۈگۈن ئىسلام مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ، بىرى گۇللەنسە ، يەنە بىرى ئاجىزلايدۇ ؛ بىرى ئاجىزلىسا ، يەنە بىرى گۇللەيدۇ . ئىككىسىنىڭ گۈللىنىش ياكى ئاجىزلىشىش ئۆزگىرىشى ئوتتۇرا شەرقنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىنى بەلگىلىگەن .

## § 2 . ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى

1978 ـ يىلى ئىران ئاسمىنىدا چاقماق چېقىپ ، زېمىندا بوران ـ چاپقۇن كۆتۈرۈلدى ، غەزەپلەنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ داغدۇغىلىق ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئوتتۇرا شەرقتە «ئەڭ كۈچلۈك» ئاتالغان پەھلىۋى خاندانلىقىنى غۇلىتىۋەتتى ، چوڭ ئاياتۇللا ، ئىمام ھۇمەيىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، بۇ خەلق ئىنقىلابى ھەرىكىتى «ئىسلام ئىنقىلابى»غا ئۆزگەردى ، ئۇلار «ئىسلام ئاساسىي قانۇنى» تۈزۈپ ، ھۇمەيىنىنى مەنىۋى داھىي قىلغان «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ ، ئىسلام شەرىئىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى ، «شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق ، ئىسلام بولسىلا بولىدۇ» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، «ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش»نى

چاقىردى ، ئۆز ۋۇندىن بىرى ئىرانغا ئارىلىشىپ ، ئىراننى كونترول قىلىپ ، ئىراندىكى فېئودال خانىدانلىقنى قوغداپ كەلگەن «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى» نى دۇنيادىكى «ئەڭ چوڭ شەيتان» دەپ ، ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي قارشىلاشتى .

ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نەمۇنىسى ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم نەزەرىيىسىنى دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىغا تەتبىق قىلىشنىڭ تۇنجى ئۈلگىسى . ئۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆز ۋۇن مۇددەت ئۇيۇشتۇرۇش ، تەرغىب قىلىش باسقۇچىدا توختاپ قېلىشتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشتەك يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسەتتى . شۇڭا ئۇ ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىگە ، ئوتتۇرا شەرق رايونىغا ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىگە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ، بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە :

## *1 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى*

ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ھازىرقى زامان ئىسلامىزىمچىلىرىغا ئىنتايىن زور ئىلھام بولدى ، ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىنى ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ قارىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بىرمەھەل يالقۇنلاپ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى . بۇھال تۆۋەندىكى جەھەتلەردە نۇقتىلىق ئىپادىلەندى :

1 . ئىسلام دۇنياسىدىكى دىنىي كەيپىيات قويۇقلىشىپلا قالماستىن ، بەلكى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنى سىياسىي ـ ئىدىيە ئېڭى ئويغىنىلدى ، ھەمدە كۈچەيتىلدى . شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەنۇبىي ئاسىيا ، جەنۇبىي ئاسىيا ، غەربىي ئاسىيا ، ئوتتۇرا ئاسىيا ، شەرقىي ئافرىقا ، شىمالىي ئافرىقا ، ئوتتۇرا ئافرىقىدىن تارتىپ غەربىي ئافرىقىغىچە بولغان بۇ كەڭ زېمىندىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىسلام قىزغىنلىقى پەيدا بولدى . ئىسلام ئېتىقادىغا كىرگۈچىلەرنىڭ سانى كۆپەيدى ، مەككىگە بېرىپ ھەجە قىلىدىغانلار 1965 ـ يىلىدىكى 230 مىڭ ئادەمدىن بىراقلا كۆپىيىپ ، 1980 ـ يىلىدىن كېيىن 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى . «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق دىنىي كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىندى ، جايلاردىكى مەسچىتلەر ھەسسىلەپ كۆپەيدى ، مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇش ، دىنىي سۆز ـ ئىبارىلەرنى قوللىنىش ، ئەرلەر ساقال ـ بۇرۇت قويۇپ ، بېشىغا رىدا سېلىش ، ئاياللار چۈمبەل تارتىش ، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىش كەڭ ئومۇملاشتى . كەڭ ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ باھار گۈلدۈرمامىسى ئۇزۇن قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتكەندەك ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئېڭى بورانغا ئايلىنىپ ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىدى .

2 . بەزى رايونلاردا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ھەرخىل سىياسىي پارتىيىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى پەيدا بولدى ، ھازىر ئىسلام دۇنياسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم پارتىيىلىرى تەشكىلاتلىرى بار . خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، ھازىر ئالجىرىيىدە تەسىر كۈچىگە ئىگە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچى سىياسىي پارتىيە ۋە تەشكىلاتلاردىن 20 نەچچىسى بار ئىكەن . سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان 52 مىليون مۇسۇلمان ياشايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىمۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچى سىياسىي پارتىيىلەر ۋە تەشكىلاتلار قۇرۇلغان . تاجىكىستاندىكى «ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش پارتىيىسى» قۇرۇلۇپ ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 100 مىڭ ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ، «دېموكراتلار» بىلەن بىرلىشىپ ، نەبىيېف

ھاكىمىيىتىنى بىرمەھەل ئاغدۇرۇۋەتتى .

3 . ھوقۇق تارتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى بەزى رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى تەرەپ - تەرەپتە ھۇجۇم قىلىپ ، يا پارلامېنت سايلىمى ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدىغانلىقىنى ، يا ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ تەختكە چىقىدىغانلىقىنى ، يا قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىپ دائىرىلەرنى ھوقۇق تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستايدىغانلىقىنى ئېيتتى . جايلاردا نامايىش قىلىش ، ئىش تاشلاش ، دەرس توختىتىشلار بەزىدە ئەۋج ئېلىپ ، بەزىدە پەسىيىپ تۇردى . ئۇلار قىسقىغىنا نەچچە يىلدا سۇدان ، ئافغانىستاننى قولغا ئالدى ، ئالجىرىيىنى قولغا ئېلىۋېلىشقىمۇ قىل قالدى ، مىسىر ھۆكۈمىتىگە بىرمەھەل ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى .

4 . ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇغنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ ، لىۋاندىكى ئاللا پارتىيىسى ۋە پەلەستىندىكى «خاماس» قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ ، ئىسرائىلىيىگە ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە قارشى تۇرىدىغان ئاۋانگارت ۋە ئاساسىي قوشۇن بولۇپ قالدى .

5 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بەزى ئەسەبىي تەشكىلاتلىرىمۇ ئىلھام ئېلىپ ، زوراۋانلىق - تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن كەڭ شوغۇللاندى : دۆلەت باشلىقلىرىنى ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىنى ، جەمئىيەتتىكى مەشھۇر زاتلارنى قەستلەپ ئۆلتۈردى ، پارتلىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى ، ئايروپىلان بۇلاپ ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلدى ، ئادەم ئۆلتۈردى ، ئوت قويدى ، ھېچنېمىدىن يانمىدى ، ئۇلارنىڭ ئادىمى ئاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ ، لېكىن پۈتۈن دۆلەتنى ، ھەتتا دۇنيانى چۆچۈتىدىغان قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى .

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ، ئوتتۇرا شەرق بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھوقۇق تارتىشىش ۋە ھوقۇق تارتىشىشقا قارشى تۇرۇش ، تېررورلۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەڭ گەۋدىلىك ، ئەڭ كەسكىن جايلارنىڭ بىرى بولۇپ ، پۈتۈن دۇنيانىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىدى .

## *2 . ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ يېڭىۋاشتىن بۆلۈنۈپ بىرلىشىشى*

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىراندا غەلىبە قىلىشىغا ۋە ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى ئاشكارا چەت ئەلگە چىقىرىشىغا ئەگىشىپ ، ئىسلام دۇنياسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بويىچە ، يېڭىۋاشتىن بۆلۈنۈپ بىرلىشىپ ، ئىككى لاگېرنى شەكىللەندۈردى :

1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئىلگىرى ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ خاراكتېرى بويىچە ، ئومۇمەن جۇمھۇرىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ۋە پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ئايرىلغان . ئالدىنقىسى ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن دىندىن تاشقىرى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئىدى . كېيىنكىسى ، ئىككى خىل بولۇپ ، بىر خىلى ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن پادىشاھ پەھلىۋى دەۋرىدىكى ئىراندەك دىندىن تاشقىرى پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر ئىدى ، يەنە بىر خىلى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدەك دۆلەتلەر ئىدى . دىندىن تاشقىرى پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە ھاكىمىيەت بىلەن دىن

بىرلەشتۇرۇلگەن پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت دۆلەتلىرى ئاساسەن بىر لاگېرغا مەنسۇپ بولۇپ، دىندىن تاشقىرى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇردى. 1979 - يىلى ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىپ دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى تىكلەشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرخىل كۈچلەر يېڭىۋاشتىن بۆلۈنۈپ بىرلىشىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندىن تاشقىرى لاگېر (جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزم لاگېرىدىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارشى يېڭى ئىككى لاگېر شەكىللەندى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىككى لاگېرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردى، چۈنكى ئۇنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ئىدى، دىنىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىسلام دىنىدىكى ۋەھھابىيلارغا مەنسۇپ. ۋەھھابىيلار مەزھىپى XVIII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسى سۈننىي مەزھىپىدىكى ھەنبەلى كۆزقارىشىدىكىلەرنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئىبنى تەيمىييە (ئەسلىي ئىسمى تەقىيۇددىن ئەھمەد. مىلادىيە 1263 — 1328) نىڭ تەلىماتىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، يېقىنقى زامان ئىسلامىزمىدىكى مۇھىم پىرقە، شۇنداقلا يېقىنقى زامان ئىسلامىزمىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن تەسىرگە ئىگە بىردىنبىر مەزھەپ بولغاچقا، «ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككىدە تۇغۇلغان، ئىسلام دىنى مەككىدە تارقالغان، تۇنجى ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە قۇرغان ، ئۇ يەردىكى ئەرەبلەر ئىسلام دىنىغا ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان ، ھەمدە دىنىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىپ ، دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ دىن قىلغان . كېيىن ئاسىيا ، ئافرىقا ، ياۋروپا قىتئەلىرىدىن ھالقىغان ئەرەب ـ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ، شانلىق ئىسلام مەدەنىيىتى ياراتقان . مەككە بىلەن مەدىنە ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى مۇقەددەس جايى بولۇپ ، ھازىر ھەر يىلى 2 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مەككىگە كېلىپ ھەج تاۋاب قىلىدۇ . شۇڭا ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى ئالاھىدە شانلىق دىنىي تارىخقا ئىگە ، شۇنداقلا دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، ئۇلارغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ . سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ئۇمەييە سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ، ئۇنى داۋاملاشتۇرغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام ئىلاھىي سىياسىيسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى كەسپىي دىنىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس ، لېكىن ئۇ ھەم دۆلەت باشلىقى ، ھەم دىن ساھەسىدىكى ئالىي داھىي ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئاتاقتىكى «ئالىي داھىي» بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتىكى دىنىي ئالىي داھىي دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تۇتماي ، پادىشاھنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، دىنىي ھوقۇق ھاكىمىيەتكە بويسۇنىدۇ . پادىشاھلىق ئورنىغا جەمەت ۋارىسلىق قىلىدۇ ، مەملىكەت بويىچە شەرىئەت يولغا قويۇلۇپ ، «قۇرئان كەرىم» دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى قىلىنىدۇ ، دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتتىن ئېيتقاندا ، سەئۇدى ئەرەبىستانى غەربپەرەس دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويغان ، ئىقتىسادىي

جەھەتتە غەربكە تايىنىدۇ ، 70 ـ يىللاردا نېفىت كىرىمى تېز كۆپەيگەنلىكتىن ، ئوتتۇرا شەرقتىكــى باي دۆلەتكە ئايلاندى . ھەربىي ئىشلاردا ئىزچىل ئامېرىكىنىڭ مۇھاپىزىتىگە تايىنىپ كەلدى ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۆتكەنكى قارشىلىشىشتىن ھازىرقى چۈشىنىش ۋە دوستانە ھەمكارلىششقا ئۆزگەردى ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى ۋە دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە سىياسىي جەھەتتىكى زىددىيىتى چوڭقۇر بولغاچقا ، تۈپتىن ياخشىلىنىش بولۇشى تەس . دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەتلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، ھازىر قارشىلىششتىن ھەمكارلىــــشـــش كۆپ بولۇۋاتىدۇ . نەچچە ئون يىلدىن بۇيان سەئۇدى ئەرەبىستانــى ئىسلامىيەتنــى خەلقئارالاشتۇرۇشتا غايەت زور رول ئويناپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشــى ، گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق خەلقئارا مۇھىت ۋە مۇھىم شارائىت يارىتىپ بەردى .

ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشى ، پارس قولتۇقى ئۇرۇشــى ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى قاتارلىق مۇھىم ئىشلاردا ئىسلام دۇنياسىدىكى ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق رايونىــدىكـــى سىياسىي كۈچلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە يېڭىۋاشتىن بۆلۈنۈپ بىرلەشتى ، لېكىن ئاساسىي ھالەت بۇ ئىككى لاگېرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تىركىششىدىن ئىبارەت بولدى .

ئىككى خىل لاگېرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزئارا كۆرەش قىلىشى داۋامىدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ ، ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇردى ، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت جىــددىي داۋالغۇدى ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرى شۇنى كۈچلۈك ھېس قىلدىكى ، دۇنيا بويىچە 90 نەچچە دۆلەتتىكى بىر مىليارد مۇسۇلمانغا ئىسلام دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭدا

يوشۇرۇن ساقلىنىۋاتقان سىياسىي تەھدىتنى نۇرغۇن كىشىلەر توغرا مۆلچەرلىيەلمەي ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنى زامان زامانىمىزدىكى ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى دەپ قاراپ ، بۇ ئىككىسىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىۋاتىدۇ ياكى ئۇنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ، بولۇپمۇ ئەرەب دۇنياسىدىكى دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلەر ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلىدۇ دەپ قاراۋاتىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭ ئەكسىچە مۆلچەرلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ ، بەزىلەر ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتى ئۇزۇنغا داۋاملىشالمايدۇ دەپ قاراۋاتىدۇ .

### 3 . ئەمەلىيەتتە دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلەرنىڭ تېرىشىپ مەۋجۇت بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى

50 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى — ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئەرەب مىللەتچىلىكى ۋە ئەرەب سوتسىيالىزمىنى يولغا قويغان دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەتلەر ئەرەب دۇنياسى ئىگىلىگەن دۆلەتلەر بولۇپ ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدى بولغانىدى . لېكىن ، 1967 ـ يىلىدىكى 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا مىسىر بىلەن سۇرىيە پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ ، ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ۋە ئەرەب سوتسىيالىزمىنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلۈپ كەتتى . كىشىلەر ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا شۇنداق دەپ قارىدىكى ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەتمۇ دۆلەتنى چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئايرىلىشىشىدىن ، كونترول قىلىشىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلدۇرالمىدى . خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىسرائىلىيىنى يېڭىپ ، مىللەتنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرەلمىدى ، ئەكسىچە ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولۇپ ، مىللەتنى ھاقارەتكە

ئۇچراتتى . يەنە بىر جەھەتتىن ، ئۇلار شۇنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىكى ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دۆلەتنىڭ ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلالمىدى ، نوپۇس تېز كۆپىيىپ كەتتى ، خەلق نامراتلىقتا قالدى ، مالىيە قىيىنچىلىقى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى ، چەتتىن ئالغان قەرز بېسىۋالدى ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى ؛ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى ، بايلار بىلەن گادايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كەتتى ؛ ئىشسىزلىق ئىنتايىن ئېغىرلاشتى ، بولۇپمۇ جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ياشلار ۋە ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار[1] ئىشسىزلىق سەۋەبىدىن گاڭگىراپ ئازابتا قالدى ؛ تۆرىچىلىك ئەۋج ئېلىپ ، دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ قويدى ، سىياسىي پاكلىقنى خىيانەتچىلىك ، چىرىكلىك ئىگىلىدى ؛ ئىجتىمائىي ئەخلاق كۈنسايىن بۇزۇلدى ، دىنىي ئېتىقاد ۋە باشقا مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ رىقابىتىگە ۋە چىرىتىشىگە دۇچ كەلدى ؛ ئەرەب مىللىتىدە ئۇيۇشۇش كۈچى كەم بولدى ، ئەرەب دۆلەتلىرى پارچىلىنىپ كەتتى ، بالا - قازا ئۈزۈلمىدى ؛ غايەت زور نېفىت بايلىقىغا ئىگە دۆلەتلەر نەچچە يۈز مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان مەبلەغنى غەرب دۆلەتلىرىگە سېلىپ بېرىپ ، مەبلەغدىن قىسىلىۋاتقان قېرىنداش ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ

---

[1] بۇنداق ئەھۋال 90 - يىللارغىچىمۇ ھەل بولمىدى ، بەزى دۆلەتلەردە تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى ، مەسىلەن ، مىسىردا 1996 - يىل ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 7 پىرسەنت ئەتراپىدا ، لېكىن غەرب ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە ، ئەمەلىيەتتە 17 — 20 پىرسەنتكە يېتىدۇ ، ئىشسىزلار ئىچىدىكى 70 پىرسەنت ئادەم 30 ياشنىڭ ئاستىدىكى ياشلاردىن ئىبارەت ، ھازىر مىسىرنىڭ نوپۇسى 60 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى ، يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى 2.2 پىرسەنت بولۇۋاتىدۇ ، شۇڭا ، ھەر يىلى 500 مىڭ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ، بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئىقتىسادنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 7 — 8 پىرسەنتكە يېتىشى كېرەك ، لېكىن مىسىر ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان 1994 — 1955 - يىللىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئاران 3.5 پىرسەنت بولغان . غەرب ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، ئەمەلىيەتتە بۇ ساندىن تۆۋەن ، شۇڭا ، ھەر يىلى ئاران 50 مىڭدىن 100 مىڭغىچە ئادەمگە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرگىلى بولىدۇ .

گۇللىنىشىگە مەدەت بېرىشنى ئويلىمىدى . مۇشۇنداق ئىشلار ، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك ئۇلاردا بىرخىل مىللىي خورلۇق تۇيغۇسىنى ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاقلىق تۇيغۇسىنى ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە كرىزىس تۇيغۇسىنى ، دۆلەت ۋە شەخسلەرنىڭ ئىستىقبالى جەھەتتە قايغۇرۇش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى . يىغىپ ئېيتقاندا ، دەۋردىن كېيىن قېلىشنىڭ ئېغىر تۇيغۇسى ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ھەر قاتلام خەلقنىڭ ، بولۇپمۇ زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ دىلىنى غەش قىلدى . جەمئىيەتتىكى تەبىقىلەر پەرقلىق بولۇپ ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەردە ئۇچرىغان زەربىسى ۋە تارتقان زىيىنى ئوخشاش بولمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئىنكاسىمۇ ئوخشاش بولمىدى ، لېكىن ئۇلار شۇنى ھېس قىلدىكى ، بۇرۇن ناھايىتى چوڭ ئۈمىد باغلىغان دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھۆكۈمەتكە تايانغىلى بولمايدىغان بولدى . دۇنياغا نەزەر سالغاندا ، مۇستەملىكىچى غەرب دۆلەتلىرى ئاللىقاچان چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى قاراڭغۇ ، شەرقتىكى سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچىيىپ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت بولۇۋېلىپ ، ئوتتۇرا شەرق ۋە دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىشنى تالاشتى ، ھازىر ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ قاتمۇقات قىيىنچىلىق پەيدا بولۇپ ، ئىچىدىن پارچىلىنىپ كەتتى ، بۇ بىنا قىڭغىيىپ قالدى ، ئۇنى پارلاق يول دېگىلى بولمايدۇ . ئۇلار چىقىش يولى تاپالمىدى ، يورۇقلۇقنىڭ نۇرىنى كۆرەلمىدى ، مۇشۇنداق ئازابلانغان ، گاڭگىراپ قالغان ، مېڭىشقا يول تاپالماي قالغان چاغدا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇتقۇزغۇچى ئەلپازدا پەيدا بولۇپ ، «شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق ، بىزگە ئىسلام كېرەك» دەپ توۋلاپ ، ئۇلارغا «ھاياتلىق يولى» كۆرسىتىپ بەردى . ئۇلار ھازىرقى

زامان ئىسلامىزمى ئاللا تەرىپىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن توغرا يول ئىكەن ، ئۇ چوقۇم پارلاق يول بولىدۇ ، چۈنكى ئىسلامىيەت تارىختا مۆجىزىدەك شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان دەپ ئويلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ شەرەپلىك ئەنئەنىنىڭ مۇراجىتىگە ئاۋاز قوشتى ، شۇنداق قىلىپ سىياسىي ئىدىيە جەھەتتىكى بوشلۇقنى هازىرقى زامان ئىسلامىزمى تولدۇردى .

ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام دۆلەتلىرى هازىرقى زامان ئىسلامىزم هەرىكىتى بارلىققا كەلگەن ۋە بۇ هەرىكەت ئەڭ كۈچلۈك ، ئەڭ شىددەتلىك بولغان رايون بولۇپ قالدى .

ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ زىلزىلىسى ئىسلام دۇنياسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ دىندىن تاشقىرى هاكىمىيەتلىرىگە هازىرقى زامان ئىسلامىزم هەرىكىتى كۈچىيىپ بىر هاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققۇدەك بولۇپ قالدى دېگەن ئېنىق سىگنالنى بەردى . دەسلەپ دىندىن تاشقىرى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر بۇنى «ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى»نىڭ پەيدا قىلغان زىلزىلە كۈچى دەپ قارىدى ياكى دىنىي سىياسىي ئېقىمغا «ماسلىشىپ» ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇپ ، كەڭ قورساق بولۇش ، ماسلىشىش ، يول قويۇش سىياسەتلىرىنى قوللاندى ، مەسىلەن ، هۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ مەسچىتلەرنى سالدۇردى ؛ «قۇرئان كەرىم»نى كۆپلەپ نەشر قىلدۇردى ؛ گېزىت ـ ژۇرنال ، رادىئو ۋە تېلېۋىزور قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا دىننى تەشۋىق قىلىشقا رۇخسەت قىلدى ؛ قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ، قىسمەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قوشتى ، ياكى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ، ئىلگىرى شەرىئەتنى ئاساسىي قانۇننىڭ «ئاساسلىرىدىن بىرى» قىلغانلىقىنى ئەمدى «مۇھىم ئاساسى» ياكى «بىردىنبىر ئاساسى» قىلىپ ئۆزگەرتتى . سۇدان زوڭتۇڭى نىمەيلى ئەڭ كۆپ مۇرەسسە قىلىپ ، يول قويۇپ ، مەملىكەت بويىچە شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاكارلىدى ، نەتىجىدە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇتلەق ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىلگەندىن باشقا ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز يامانلىشىپ ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى 1985 ـ يىلى ئاغدۇرۇۋېتىلدى . دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت مۇشۇنداق سىياسەت ئارقىلىق ، بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى پەسەيتسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان دىنىي كەيپىياتىنى تىنجىتىپ ، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ ، ھاكىمىيەتنى قوغداپ قالماقچى بولدى . بۇنىڭ نەتىجىسى ئارزۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى ، يەنى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمنىڭ ھۇجۇمى تېخىمۇ كۈچىيىپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى ، پۈتۈن مەملىكەتتىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى قاينام ـ تاشقىنلىق دولقۇن ھاسىل قىلىپ ، گويا ۋەزىيەتنىڭ يۆزلىنىشى ، كىشىلەر قەلبىنىڭ تەلپۈنۈشى ، ئىسلام دۇنياسىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر مۇقەررەر يولىدەك بولۇپ قالدى .

كۈرەش تەرەققىي قىلىپ ھايات ـ ماماتلىق پەيتكە يەتكەندە دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلەر ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ، سىرتقى جەھەتتە مۇداپىئە كۆرۈش ، ئىچكى جەھەتتە تۈزەش فاڭجېنىنى قوللاندى . سىرتقى جەھەتتە مۇداپىئە كۆرگەندە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش ۋە باستۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسەتنى قوللاندى : ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلىپ ، پارلامېنت يولىدا مېڭىشنى خالىغانلارنى بىر تەرەپتىن ، قانۇنلۇق دەپ ئېتىراپ قىلىپ ، ئۇلارغا سىياسىي پائالىيەت ئەركىنلىكى بەردى ؛ يەنە بىر جەھەتتىن ، مۇداپىئە كۆرۈشنى

كۆچەيتىپ ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆپ جەھەتلەردىن چەك قويۇپ ، تەسىرىنى ئىمكانقەدەر ئاجىزلاتتى ، زوراۋانلىق كۈچ ئىشلىتىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلارنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ئۇلارنى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ جاكارلاپ ، قاتتىق باستۇردى . مەسىلەن ، مىسىر ، ئالجىرىيىلەردە كەڭ كۆلەمدە باستۇردى ؛ تۇنىس ھەربىي سوتى 1993 ـ يىلى ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرىدىن 300 گە يېقىن ئادەمنى سوراق قىلىپ ھۆكۈم كەستى . ئىچكى جەھەتتە تۈزىگەندە ھۆكۈمەت ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىپ ، پەيدىنپەي غەلىبە قىلىشىدىكى سەۋەب ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىدىكى چىرىكلىك ، ئىقتىدارسىزلىقتىن ئىكەنلىكىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىپ ، خەلقنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىدە ئىكەنلىكىنى ئانچە ـ مۇنچە تونۇپ يەتتى . شۇڭا ، ئۆزىدىكى ئىللەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ ، تۆرىچىلىككە قارشى تۇرۇپ ، چىرىكلىكنى تۈگىتىپ ، ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ ، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كېڭەيتىپ ، تۇرمۇشنى ياخشىلاپ ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى . نەتىجىدە ، دىندىن تاشقىرى بەزى ھۆكۈمەتلەر دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئىگە بولدى . ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر پەسىيىشكە باشلىدى ، خەلقنىڭ كۆڭلى تۇراقلاشتى ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ھۇجۇمى ئاجىزلاشتى . بەزىلەر بولسا ھازىرغىچە ناھايىتى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قېلىپ ، تۈزۈك ئۈنۈمگە ئىگە بولالمىدى ، بۇنداق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ياكى قۇتۇلالماسلىق كېيىنكى تەرەققىياتقا باغلىق بولىدۇ ، ئەلۋەتتە .

### 4 . ئوتتۇرا شەرقتىكى «ئۇچ تەرەپ تىركىشىپ تۇرۇش»نىڭ مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بولۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى

ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن دىندىن تاشقىرى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى لاگېر ، پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى لاگېر ۋە ئىسرائىلىيە زىئونىزم لاگېرىدىن ئىبارەت «ئۈچ تەرەپ تىركىشىپ تۇرىدىغان» ھالەت شەكىللەندى . دىندىن تاشقىرى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت دېگىنىمىز ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھۆكۈمەت بولۇپ ، ئەينى يىللاردا مىسىر بۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلدى ، پۈتكۈل لاگېر دۇنيا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، تېز تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ ، ھۇجۇمكار ۋە تەشەببۇسكار ھالەتتە تۇردى ، ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ ، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى دۆلەتلەر ئەڭ كۆپ ، ئەڭ كۈچلۈك «بىر تەرەپ» ھېسابلىنىپ ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ ۋەزىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ؛ سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋەكىللىكىدىكى پادىشاھلىق تۈزۈم لاگېرى پەسكوي ھالەتتە بولۇپ ، غەربنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ خاتىرجەم بولالىدى ؛ ئىسرائىلىيە بولسا غەربنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ، دۆلەتنى بېيىتىپ ، ئارمىيىنى كۈچەيتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ، ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئە كۆرۈشكە تەڭ تەييارلىق قىلدى .

مىللىي ۋە دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن ، يەنى ئەرەب مىللىتى ۋە ئىسلام دىنى تۈپەيلىدىن ئالدىنقى ئىككى لاگېر كۆپ ھاللاردا بىر لاگېر دەپ قارالدى . ئەمەلىيەتتە بۇ ، ئايرىش ئۆلچىمى ئوخشىماسلىق مەسىلىسىدىن ئىبارەت . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مەسىلىسىدە سىياسىي ئۆلچەم بويىچە ئايرىغان مۇۋاپىق ، بۇ ئىككى لاگېر ئىسرائىلىيەگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئورتاقلىققا ئىگە بولغاچقا ، مەلۇم مەزگىلدە ۋە مەلۇم دەرىجىدە بىرلىشىپ كۈرەش

قىلالايدۇ .
1967 ـ يىلىدىكى 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئىسرائىلىيە غەلىبە قىلىپ ، ئەرەبلەر مەغلۇپ بولۇپ ، ئوتتۇرا شەرقتىكى «ئۈچ تەرەپ»نىڭ كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولدى . دىندىن تاشقىرى ئاساسلىق مىللەتچى دۆلەتلەر — مىسىر بىلەن سۈرىيە قاتتىق مەغلۇپ بولغاچقا ، پۈتكۈل لاگېر ھۇجۇم ھالىتىدىن مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆزگەردى ؛ ئىسرائىلىيە غەلىبە قىلغۇچى سۈپىتى بىلەن پەلەستىننى ئىگىلەپ ، پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرققە تەھدىت سالدى . پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى لاگېر ئۆزىنى ئوڭلاپ ، قىيىن ھالدىن قۇتۇلۇۋالدى . سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەر نېفىت كىرىمىگە تايىنىپ بېيىپ كەتتى ، ئىران پەھلىۋى خاندانلىقى ئۇلۇغۇار جاسارەت بىلەن «ئاق ئىنقىلاب»نى يولغا قويۇپ ، قەدىمكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەيۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىدا بولدى .
مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلغانلىقتىن ، مىسىرنىڭ زۇڭتۇڭى سادات سەئۇدى ئەرەبىسانىنىڭ مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولغانلىقتىن ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى لاگېر بىلەن پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتتە پەسىيىش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى . شۇڭا ، سادات 1973 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنى قوزغىغاندا ، ئىككى لاگېردىكى نېفىت دۆلەتلىرى بولغان ئىراق ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ، كۇۋەيت قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ، نېفىتنى ئىسرائىلىيىگە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيە سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان قورال قىلىپ ، ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلغان دۆلەتلەرگە ئۇنۇملۇك

يارده‌م بېرىپ ، غەربنىڭ ئىقتىسادىغا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، نېفىت قورالىنىڭ قۇدرىتىنى كىشىلەر تونۇپ يەتتى .

«ئۆكتەبىر ئۇرۇشى»دا سادات مەغلۇپ بولۇپ ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي جەھەتتە ئىسرائىلىيىنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ، ئىسرائىلىيە بىلەن سۇلھ قىلىش ، ئامېرىكا بىلەن ئومۇميۈزلۈك يېقىن ئۆتۈش ، ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم ۋە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىشقا ئۆزگەردى . شۇنىڭ بىلەن ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىلدى .

70 - يىللاردا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ، 1979 - يىلىدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى پۇرسەت بىلدى ، ئوتتۇرا شەرقتە تىركىشىپ تۇرغان ئۈچ تەرەپ ئىچىدە ئىسرائىلىيىدىن باشقا ئىككى تەرەپتە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى ؛ يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا مەنسۇپ ئىلاھىي سىياسىي دۆلەتلەر بۆلۈنۈپ چىقىپ ، پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى لاگېرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ، «ھازىرقى زامان ئىسلامىزم لاگېرى» دەپ ئاتالدى ؛ دىندىن تاشقىرى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەتلەر بىلەن دىندىن تاشقىرى پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەتلەر قارشىلىشىشتىن بىرلىشىشكە ئۆزگىرىپ ، بىر لاگېر بولۇپ ئۇيۇشۇپ ، «دىندىن تاشقىرى لاگېر» دەپ ئاتالدى . دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر دىنىي جەھەتتە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمغا مايىل بولسىمۇ ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىككە مايىل بولدى . «ئۈچ تەرەپ»

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇنداق بولدى: ھازىرقى زامان ئىسلامىزم لاگېرى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەلپازدا دىندىن تاشقىرى لاگېرغا ۋە ئىسرائىلىيە لاگېرىغا تەڭ قارشى تۇردى؛ بۇرۇن ئەشەددىي رەقىبلەر بولۇپ ھېسابلانغان دىندىن تاشقىرى لاگېر بىلەن ئىسرائىلىيە لاگېرى 30 يىلدا تۆت قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلغان (1948 ـ يىلدىكى پەلەستىن ئۇرۇشى، 1956 ـ يىلدىكى سۇۋەيش ئۇرۇشى، 1967 ـ يىلدىكى «5 ـ ئىيۇن ئۇرۇشى» ۋە 1973 ـ يىلدىكى «ئۆكتەبىر ئۇرۇشى») دىن كېيىن، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە پەيدا بولغان ئىران ئىسلام ئىنقىلابى، ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشى، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى قاتارلىق بىر قاتار چوڭ ۋەقەلەردىن كېيىن يارىشىش يۈزلىنىشى پەيدا بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىنى قايتىدىن باشلاش بولۇپ ئىپادىلەندى.

بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا شەرقتىكى دىندىن تاشقىرى لاگېر بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزم لاگېرى ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئوتتۇرا شەرقنى ۋە پۈتۈن دۇنيانى قاتتىق زىلزىلىگە سالدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئوتتۇرا شەرقتىكى دىندىن تاشقىرى لاگېر بىلەن ئىسرائىلىيە لاگېرى ئۇزۇنغا داۋاملاشقان قارشىلىشىشتىن تىنچلىق مۇساپىسىغا ئۆزگەردى، بۇ مۇساپە جاپالىق، ئەگرى ـ توقاي بولسىمۇ، كەينىگە يانمايدىغان ۋەزىيەتكە ئايلاندى.

### *5. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە زومىگەرلىك قىلىش سىياسىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى*

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى 70 ـ يىللاردا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كات، مىسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زۇڭتۇڭى سادات ۋە ئىسرائىلىيە زۇڭتۇڭى بېگىن ئورتاق ئىمزالىغان «داۋىد لاگېرى كېلىشىمى» دىن باشلاندى، شۇ چاغدا ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرىدىغان ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق فرونتىنى پارچىلاشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى كۈچى ۋە تەسىرىنى ئاجىزلىتىشنى مەقسەت قىلغانىدى، شۇڭا تىنچلىق مۇساپىسى ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئىگە بولالمىدى. 1979 ـ يىلى ئىران ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئىراقنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىراننى ئىسكەنجىگە ئالماقچى، يەنى «ئىراق ئارقىلىق ئىراننى بويسۇندۇرۇپ» ئوتتۇرا شەرقنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. 1980 ـ يىلى ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشى پارتلىدى، ئىنقىلابتىن كېيىن مەھكەم پۇت تىرىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىراننىڭ ئۇرۇشنى سەككىز يىل داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭىلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاخىرقى باسقۇچتا ئۇرۇشنى ئۆز دۆلىتىدىن ئىراق چېگراسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغانلىقىنى ئوبلاپ باقمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان «تەھدىت»نى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇپ يەتتى. 1991 ـ يىلى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىغاندا ئوتتۇرا شەرقتىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىراق تەرەپتە تۇرۇپ، سادامنىڭ ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكىغا قارشى تۇرالىغان «قەھرىمانانە جاسارىتى»نى ماختىدى، ئۇلار ھەتتا كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ئامېرىكىغا، ئىسرائىلىيىگە قارشى شوئارلارنى ۋە «ياشىسۇن سادام» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرى بىر تەرەپتىن ئىراققا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىراندىن مۇداپىئە كۆردى. بۇنداق ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ «تەھدىتى» توغرىسىدىكى تۇيغۇسىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇرلاتتى. شۇڭا، ئىراق - ئىراننى تەڭلا ئىسكەنجىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كونترول قىلىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئوتتۇرا شەرققە يالغۇز زومىگەرلىك قىلىش نىيىتىدە بولدى.

### 6. تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە كونسېرۋاتىپلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمىلىكى بىلەن دۇنيانى چۆچۈتتى

ئىراندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى باشلىنىش بىلەنلا دىنىي نام ئاستىدا «بەشكە قارشى تۇرۇش» پوزىتسىيىدە بولدى، بۇنىڭ بەزىلىرى تەرەققىيپەرۋەرلىككە «قارشى تۇرۇش» بولسا، بەزىلىرى كونسېرۋاتىپلىققا «قارشى تۇرۇش» بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانى چۆچۈتتى ۋە گاڭگىرىتىپ قويدى. كىشىلەر بۇ ئەبجەش شەيئىگە قانداق باھا بېرىش ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىرمەھەل بىلمەي قالدى. «بەشكە قارشى» پوزىتسىيىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ كونتروللۇقىغا ۋە غەربنىڭ چىرىك مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش

ئىراندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى غەلىبە قىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە غەربنىڭ ئوتتۇرا شەرق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي ، ئىقتىساد ، ھەربىي ئىشلار جەھەتلەردە مۇستەملىكىچىلىك قىلىپ ئارىلىشىشىغا ، كونترول قىلىشىغا ، غەربنىڭ قىممەت قارىشىغا ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ بۇلغىنىشىغا ۋە چىرىتىشىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈرگەنىدى .

بۇنداق قارشى تۇرۇش تاكتىكا جەھەتتىكى ئويلىنىشنى ئاساس قىلغان بولماستىن ، بەلكى ئۇنى ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن . شۇڭا پوزىتسىيە چىڭ ھەم روشەن بولدى . بۇ ھال ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى . ئۇلار ھەرخىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنى «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى» دەپ ئاتىدى ، ھەمدە ھەممىسىنى پەرقلەندۈرمەي رەزىل قىياپەتلىك ئالۋاستى ، ياماللىقتىن يانمايدىغان ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن تېرروورچى قىلىپ تەسۋىرلەپ ، پۈتۈن دۇنيادىكى پۇقرالارغا ئۇنى يامان كۆرسىتىپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىسكەنجىگە ئېلىپ ئۆزگەرتىۋەتمەكچى ، يوقىتىۋەتمەكچى بولدى . بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا شەرقتە بىر قاتار چوڭ ۋەقەلەر پەيدا بولدى . بۇ ۋەقەلەر ئامېرىكىنىڭ بۇ غەرىزى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئالاقىدار ئىدى .

2 . ئىسرائىلىيە زىئونىزمىغا قارشى تۇرۇش

ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەنكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە تۆگىمەس ئاداۋەت ئورناپ كەتتى . ئۇلار تۆت قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلدى . تولۇقسىز ستاتىستىكىدىن قارىغاندا ، ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن ، يارىلانغان ئادەم 150 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن . 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق زىيان بولغان . ئەرەبلەر بىر قېتىم يېڭىپ ، ئۈچ قېتىم يېڭىلگەن (بەزى تەھلىلچىلەرنىڭ

قارىشىچە ، ئەرەبلەر تۈت قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغان ) . 22 ئەرەب دۆلىتى ، 200 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شۇنچە چوڭ ئەرەب مىللىتىنىڭ زېمىنى 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشمايدىغان (1948 - يىلىدىن كېيىن ئىشغال قىلىۋالغان 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئەرەب زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) ، 5 مىليون نوپۇسى بار ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى يېڭەلمەي ، نۇرغۇن زېمىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ قايتۇرۇۋالالمىغانلىقىغا ؛ پەلەستىندىكى قېرىنداشلارنىڭ يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ ، خەقلەرنىڭ يۇرتلىرىدا مۇساپىر بولۇپ يۈرگىنىگە يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى . ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەر بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىپ ، ئۇنى پۈتۈن مىللەتنىڭ نومۇسى دەپ بىلىپ ، پەلەستىندىكى قېرىنداشلارنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇشىنى قوللاپ ، مىللەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشنى ئەرەب مىللىتىنىڭ ئورتاق نىشانى قىلىپ بېكىتتى . دۈشمەنگە قارشى ئۆچمەنلىكتە يەكدىل بولۇپ ، ئىتتىپاقلىشىپ جەڭ قىلىشتەك روھىنى ئىپادىلىدى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىراندا غەلىبە قىلغاندا ، مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە ئامېرىكىنىڭ «ياردىمى» بىلەن سۈلھ قىلغاندا ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەر مىسىرنى ، ئىسرائىلىيىنى ۋە ئامېرىكىنى تەڭ ئەيىبلىدى . مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىسرائىلىيە زىئونىزمىغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىغا قارشى تۇرىدىغان ئاۋانگارت بولۇپ ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەپ ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈردى .

لېكىن ، 90 - يىللارنىڭ باشلىرى ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى ئەسلىگە كەلگەندە ھەم ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغاندا ، ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«مۇساپە» گە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۆتكەنكى قەتئىي قارشى تۇرۇشتىن ئېتىراپ قىلىش ۋە قوللاشقا ئۆزگەرگەندە، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بۇرۇنقى مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدا نۆۋەتتىكى ئۈچ نۇقتىنى نەزەرگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن: بىرىنچى، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ باشلىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي ئۆچمەنلىكنى ھەل قىلىپ، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن دىنىدىن تاشقىرى ئەرەب دۆلەتلىرى بىرلىشىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت؛ ئىككىنچى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي ئۆچمەنلىكنى تۈگىتىش ناھايىتى تەس، ۋەھالەنكى، ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى پەرقلىق بولغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلدى، ئىسرائىلىيىنىڭ پوزىتسىيىسى قاتتىق، شەرتى ئېغىر بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسرائىلىيىنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ — مۇساپىنى باشقۇرۇۋاتقۇچىنىڭ ئىسرائىلىيىگە ئاشكارا يان بېسىشى بىلەن، پۈتكۈل مۇساپە كەڭ ئەرەب خەلقى ۋە پەلەستىن خەلقىنىڭ نەزىرىدە ئادىل بولمىغان سودا بولۇپ قالدى. «زېمىن بەدىلىگە تىنچلىققا ئىگە بولۇش» پرىنسىپىنى مۇۋاپىق، ئادىل ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمىدى. شۇڭا، ئۇلاردا يارىشىش ئارزۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيە ـ ھېسسىيات جەھەتتە ئۇنداق «ئادىل بولمىغان»، «تەڭسىز» رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىدى. ۋەھالەنكى، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇنى قوللىدى، ئۇلارنى «مۇساپە» غا قارشى تۇرۇپ، «مۇساپە»گە ئۇنۇملۇك توسقۇنلۇق قىلىپ، ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى. ئۈچىنچى، تىنچلىق مۇساپىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىش ھازىرقى

زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ قارىشىچە ، بولۇپمۇ خاماس ۋە لىۋان ئاللا پارتىيىسى قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ قارىشىچە ، ھەقىقىي مىللىي يارىشىش بولالمايدۇ ، بەلكى مىللىي تەسلىمچىلىكنىڭ ئىپادىسى ۋە مىللىي مەنپەئەتكە ساتقىنلىق قىلىش بولۇشى مۇمكىن ؛ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى يوقىتىش ۋە يېڭى پەلەستىن دۆلىتى پەلەستىنىنىڭ ھەممە زېمىنىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي مەقسەتتىن ۋاز كېچىش بولۇشى مۇمكىن . ۋەھالەنكى ، كەلگۈسىدىكى پەلەستىن يېڭى ھاكىمىيىتى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتى بولماي ، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت بولۇپ ئامېرىكا بىلەن بىللە بۇلغانغان «غەيرىي ئىسلام» ھاكىمىيىتى بولىدۇ . بۇنىمۇ ئۇلار ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ .

3 . دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيىسىنى بەرپا قىلىپ ، ئۆز دۆلىتىدە ، پۈتۈن يەر شارىدا ئاللانىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، نەزەرىيە جەھەتتە ، ئالدى بىلەن ئۆز دۆلىتىدىكى دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشنى ، ئاندىن ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى ، ئاخىردا پۈتۈن دۇنيادىكى دەھرىي (دىندىن خالى ) ھاكىمىيەتلەرگە قارشى تۇرۇپ ، ئۇلارنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىسلامىيەتنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيىسىنى دەستىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

4 . ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم دۆلەتلىرىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىگە ۋە غەربپەرەس سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش

بۇ ، بىرقەدەر مۇرەككەپ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ ئەسلىي روھىغا قايتىپ كېلىشتىن ئېيتقاندا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن ئەنئەنىۋى

ئىسلامىزم ئوخشاش . لېكىن ، ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمغا ئەمەل قىلىدىغان سەئۇدى ئەرەبىستانى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلۈپ ، پادىشاھلىققا جەمەت ۋارىسلىق قىلىدىغان تۈزۈمنى يولغا قويغان بولۇپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى تەشەببۇس قىلغان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىدىن ناھايىتى كۆپ پەرقلىنىدۇ ، دىپلوماتىيە سىياسىتىمۇ ئوخشىمايدۇ . سەئۇدى ئەرەبىستانى غەربپەرەس بولۇپ ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەتلەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن يارىشىشقا ئۆزگەردى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى غەربكە قارشى تۇرۇپ ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى نىشان قىلدى . شۇڭا ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىگە ۋە غەربپەرەس سىياسىتىگە قارشى تۇرىدۇ .

ئىككىسىنىڭ ھازىرقى مۇناسىۋىتى ھەم ھەمكارلىشىدىغان ، ھەم قارشىلىشىدىغان زىددىيەتلىك ھالەتتە تۇرۇۋېتۇ . شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى ، سەئۇدى ئەرەبىستانى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنىنى تارقاتتى ، تەرەققىي قىلدۇردى ، ئىسلامىيەتنىڭ خەلقئارالىششىنى ئىلگىرى سۈردى ، ئۇزۇن مۇددەت كۆپ پۇل سەرپ قىلىپ ، نۇرغۇن كۈچ چىقىرىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن قويۇق دىنىي كەيپىيات ۋە پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس ياراتتى . لېكىن ، سىياسىي جەھەتتە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمنىڭ ئىختىلاپىنى تولۇق مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ . ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بەزىدە ناچارلاشسا ، بەزىدە ياخشىلىنىپ تۇرىدۇ . ھۇمەينى ۋەسىيىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھىنى ئامېرىكىنىڭ غالچىسى ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى ئېزىپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەمەتىگە قارشى تۇرىدىغان

ھەمشىرىكى دەپ ئەيىبلىدى .[1]

## 5 . «شەرق»قە قارشى تۇرۇش

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى «شەرق» دېگەندە ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىكىدىكى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئىدېئولوگىيىنى ۋە ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى مۇنداق دەپ قارايدۇ : ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئاتېئىزم بىلەن ئىسلامىيەتتىكى ئىلمىي تەۋھىد (بىر خۇدالىق ) تۈپتىن زىت ؛ ماركسىزم تەشەببۇس قىلغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بىلەن ئىسلامىيەت تەشەببۇس قىلغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈپتىن زىت ؛ سوتسىيالىزمنىڭ «باراۋەرلىك» ، «ئادىل»لىقى بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ «باراۋەرلىك» ، «ئادىل» لىقى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقلار بولسىمۇ ، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ «مۇستەبىتلىكى» بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ «ئادىللىقى» تۈپتىن زىت . شۇڭا ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمىنى . دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ھاياتتا ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيىنى دۈشمەن دەپ قارايدۇ . شۇڭا ، ئۇلار دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەقىبلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە تاقابىل تۇرىدۇ . بۇ جەھەتتىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ ، خەلقئارا سىياسىي تۇرمۇشتا ئىران قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزم دۆلەتلىرى تاكتىكا جەھەتتىن ئويلىنىپ ، شەرققە قارشى تۇرۇشنى قايتا تەكىتلىمەيدىغان بولدى ، بەلكى ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ

---

① ھۇمەينى : «ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ دەستۇرى» . شياڭگاڭ مۇسۇلمانلار ۋائىزلىق جەمئىيىتى نەشر قىلدۇرغان نۇسخا ، 11 ـ بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش پرىنسىپى بويىچە، شەرق بىلەن پائال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئۆتكەندە غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزى، ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ئېزىشى ۋە كونترول قىلىشىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ كەتكەنلىكى، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىن دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە قوللاشقا ئېگە بولغانلىقى سەۋەب بولدى، كېيىن ياۋروپادا ئۆزگىرىش بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ بىر كېچىدىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بولۇپ قالدى، بۆلۈنگەندىن كېيىنكى دۆلەتلەر سوتسىيالىزمدىن ۋاز كەچتى، جۇڭگو سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىدا بۇرۇنقىدەك چىڭ تۇردى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچى دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئۇلارغا تەھدىت بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ خەلقئارادا يېتىم ھالەتتىن قۇتۇلۇشىغا ۋە چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇز قىلىش، ئارىلىشىش، كونترول قىلىش ۋە جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ، دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىگە پايدىلىق بولدى.

## §3 . ئىسلام ئىنقىلابى نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىسىردا ئەمەس، بەلكى ئىراندا غەلىبە قىلدۇ

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى 40 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پەسكوي ھالەتتە تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈللىنىشكە باشلاپ، ئوتتۇرا شەرقتە تېز تەرەققىي قىلىپ، پەسكوي ھالەتتىن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىدى. 70 ـ

يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئىراندا غەلىبە قىلىپ ، هازىرقى زامان ئىسلامىزمى هاكىمىيەت تۇتۇشنىڭ يېڭى ئەسىرىنى ئاچتى . ئۇلار 80 ـ يىللاردا ئىسلام دۇنياسىدا پۈتۈن سەپ بويىچە هۇجۇمغا ئۆتتى ، هوقۇق تارتىۋېلىش سادالىرى ئۈزۈلمىدى ، تېرروررلۇق دېلولىرى كەينى ـ كەينىدىن پەيدا بولدى .

هازىرقى زامان ئىسلامىزمى نېمەن ئۈچۈن مۇشۇ چاغدا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز تەرەققىي قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن هازىرقى زامان ئىسلامىزمى پەيدا بولغان ۋە ئىسلامىزم هەرىكىتىنىڭ كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان دۆلەت مىسىردا غەلىبە قىلماي ، بەلكى هازىرقى زامان ئىسلامىزم هەرىكىتى كېيىنرەك پەيدا بولغان ، هەمدە بۇ هەرىكەتنىڭ كۈچى ئاجىزراق ، خانىدانلىق هۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈچى «ئىنتايىن كۈچلۈك» بولغان ئىراندا ئالدى بىلەن غەلىبە قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە نۇرغۇن ئادەملەر كۆڭۈل بۆلىدۇ .

بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ، شۇ چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەتكە ۋە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەهۋالىغا قاراپ باقايلى .

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادا ، بولۇپمۇ ئاسىيا ، ئافرىقا رايونىدا داغدۇغىلىق مىللىي ئازادلىق هەرىكىتىنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى . دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دولقۇنىدا مىسىردىكى جامال ئابدۇل ناسىر 1952 ـ يىلى «ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى»غا رەهبەرلىك قىلىپ فەرۇخ پادىشاهنى ئاغدۇرۇۋەتتى ، بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش هازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتى — مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولغانىدى ، لېكىن سىياسىي ئۆزگىرىش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، ئىككىسى ئايرىلىپ كەتتى : بىرى ، هاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن دىندىن تاشقىرى هۆكۈمەت قۇرۇپ ، ئەرەب مىللەتچىلىكىنى يولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى؛ يەنە بىرى، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، شەرىئەتنى ئومۇمييۈزلۈك يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئاخىر جامال ئابدۇل ناسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىنى رەت قىلدى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، جامال ئابدۇل ناسىرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى ئويۇشتۇرۇپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن باستۇرۇلدى. كۈرەش يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچتى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ۋە كۇۋەيتكە قېچىپ كەتتى. 1956 ـ يىلى جامال ئابدۇل ناسىر سۇۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغانلىقتىن، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيە مىسىرغا تاجاۋۇز قىلدى. مانا بۇ 2 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ئىدى. جامال ئابدۇل ناسىر مىسىر خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. پۈتۈن دۇنيا خەلقى مىسىرغا مەدەت بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى كەينى ـ كەينىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۈچ دۆلەتنى ئەسكەر چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر قىلدى. مىسىرنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشى ئەنگلىيە، فرانسىيىلەرنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسەن ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يالقۇنى ئوتتۇرا شەرق رايونىنى قاپلاپ كەتتى. شىمالىي ئافرىقىدىكى سۇدان، تۇنىس، ماراكەشلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1956 ـ يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىدى، ئالجىرىيە 1954 ـ يىلى فرانسىيىگە قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، 1962 ـ يىلى مۇستەقىللىققا ئىگە بولدى. 1958 ـ يىلى ئوتتۇرا شەرقتىكى تۈنجى چوڭ ئىش شۇ بولدىكى، ئىراقتا ئىنقىلاب قوزغىلىپ، ئامېرىكاپەرەس فايسال پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇۋېتىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ، 1955 ـ يىلى

ئامېرىكا تەرەپتىن قوراشتۇرۇلغان ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەربىي ئىتتىپاق — «باغدات شەرتنامىسى تەشكىلاتى»دىن چېكىنىپ چىققانلىقى ئېلان قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ تەشكىلات بەربات بولۇپ ، ئامېرىكىنىڭ يېڭى ئوتتۇرا شەرق سىياستىگە — ئېيزىنخاۋېرىزمغا قاتتىق زەربە بولدى . مىسىر ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى كېڭەيمىچىلىك سىياستىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ، باغدات شەرتنامىسى تەشكىلاتىغا كىرىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى بۇ شەرتنامە تاقابىل تۇرىدىغان دۆلەت — سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قورال - ياراغ سېتىۋېلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى . سوۋېت ئاسۋان توسمىسى قۇرۇلۇشىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىشىنى قوبۇل قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا شەرق رايونىغا كىرىپ ، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدە سىياسىي ۋە ھەربىي تەسىرىنى كېڭەيتىپ ، ئامېرىكا بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى . 1958 - يىلى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىككىنچى چوڭ ئىش شۇ بولدىكى ، مىسىر بىلەن سۈرىيە قوشۇلۇپ ، ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى بولۇپ قۇرۇلدى . بۇ ، جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئەرەب ۋەتىنى قۇرۇش يولىدا باسقان مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى قەدىمى بولۇپ ، دۇنيانى ھەيران قالدۇردى . 1961 - يىلىنىڭ بېشىدا جامال ئابدۇل ناسىر تىتو ، نېھرو ۋە سوكارنولار بىلەن بىرلىكتە «ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى»نى قوزغىدى . بۇ ھەرىكەت كېيىن دۇنيادىكى سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم كۈچى بولۇپ قالدى . ناسىرىزمنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا ، ئەرەب دۇنياسى ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق رايونى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يېڭى دەۋرىگە كىرىپ ، يېڭى - كونا مۇستەملىكىچىلىككە ، فېئودال پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ، ئەركىنلىكنى ، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ، دۇنيا

تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يېڭى بازىسى بولۇپ قالدى .

ئوتتۇرا شەرقنىڭ يۇقىرىقىدەك سىياسىي ۋەزىيەت تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ، شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ ئوتتۇرا شەرق ، ئەرەب دۇنياسى ، ئىسلام دۇنياسى ۋە ئافرىقىدىكى تارىخىي ئورنى ۋە رولىغا قاراپ ، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن مەشھۇر مىللەتچى داھىي ، ئەرەب مىللەتچىلىكى ۋە ئەرەب سوتسىيالىزمىنىڭ بايراقدارى ، ئەرەبلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى ، نىجاتچىسى ۋە ئۈمىدى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ ، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولدى . ئۇنىڭ شەخسىي ئابرۇيى ۋە ناسىرىزمىنىڭ تەسىرى يۇقىرى پەللىگە يەتتى . شۇنداق كۈچلۈك مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ھەيۋىسىدە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى . ۋەھالەنكى مانا مۇشۇ چاغدا مىللەتچىلىك ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىدىن پەسىيىشكە يۈزلەندى . مىسىر بىلەن سۈرىيىنىڭ بىرلىشىشى 1961 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بۇزۇلۇپ كەتتى . بۇ تۈنجى قېتىملىق ئېغىر زەربە بولدى . ئىسرائىلىيە ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ، 1967 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مىسىر ، سۈرىيە ، ئىئوردانىيىلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنى قوزغىدى . ئۈچ دۆلەت قوشۇنى يېڭىلىپ نۇرغۇن زېمىندىن ئايرىلدى . پۈتكۈل سىنا يېرىم ئارىلى (60 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ) ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى بىلەن گازا رايونى (1 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئىشغال قىلىۋېلىنغان 5700 كۋادرات كىلومېتىر زېمىندىن باشقا ، يەنە 5058 كۋادرات كىلومېتىر زېمىن ئىشغال قىلىۋېلىندى ) ۋە گىلان ئېگىزلىكى (1150 كۋادرات كىلومېتىر ) زېمىنى ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالدى . بۇ 2 ـ قېتىملىق زەربە ، شۇنداقلا ھەل قىلغۇچ ، ئەجەللىك زەربە

بولدى . جامال ئابدۇل ناسىر سىياسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پۈتۈنلەي گۇمران بولۇپ ، 1970 - يىلى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى . ناسىرىزم ۋەكىللىكىدىكى ئەرەب مىللەتچىلىكى ۋە ئەرەب سوتسىيالىزمىنىڭ نۇرىمۇ سۇسلىششقا باشلىدى . خەلق ئۈمىدسىزلەندى ، مىسىر ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى چوڭ ئۆزگىرىش ئىچىدە قالدى .

سادات زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك ئالتە چوڭ ئىشنى قىلدى :

1 . ناسىرىزمغا قارشى ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ ، ناسىرئىزمغا زەربە بېرىپ ، ئۆزىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى چىڭىتتى ، ھەمدە ئەركىنلەشتۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ يولىنى تازىلىدى .

2 . كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ، ئۇلارنىڭ جامال ئابدۇل ناسىرغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ، جامال ئابدۇل ناسىرغا ۋە ناسىرىزمغا قارشى تۇردى ، ئۇنى پاش قىلدى ۋە خۇنۇكلەشتۈردى .

3 . 4 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىنى قوزغاپ ، دەسلەپ غەلىبە قىلىپ ، كېيىن يېڭىلىپ قالدى .

4 . ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ ، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى .

5 . سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىراقلىشىپ ، ئامېرىكىغا يېقىنلاشتى .

6 . ئۆز ئالدىغا ئىسرائىلىيە بىلەن سۈلھى قىلىپ ، باش ئەلچى دەرىجىلىك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى .

بۇ ئالتە چوڭ ئىشتىن پەيدا بولغان ئاقىۋەتنى «ئۈچ ئاجىزلىدى» ، «ئۈچ كۆپەيدى» دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«ئۈچ ئاجىزلىدى» دېگىنىمىز ، تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :
1 . پوتكول ئوتتۇرا شەرقتىكى مىللەتچىلىكنىڭ ئورنى ۋە كۈچى ئاجىزلاپ ، ئوتتۇرا شەرقتىكى سىياسىي ئىدىيىدە مەلۇم بوشلۇق پەيدا قىلدى .
2 . مىسىرنىڭ ئەرەب دائىرىسىدىكى ، ئىسلامىيەت دائىرىسىدىكى ۋە ئافرىقا دائىرىسىدىكى مەركەزلىك ئورنى ۋە ئىتتىپاق تۈزەمەسلىك ھەرىكىتىدىكى ئورنى ئاجىزلىدى .
3 . ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاجىزلىدى ، بۇرۇن مىسىر ئەرەب مىللىتى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن قارشىلىشىدىغان ئاساسىي قوشۇنى ، تەشكىللىگۈچىسى ۋە قوماندانلىق قىلغۇچىسى بولۇپ كەلگەن . ئۇ ئىسرائىلىيە بىلەن يالغۇز سۈلھى قىلغاندىن كېيىن ، ئەرەبلەر بېشى يوق ئالامان بولۇپ قېلىپ ، ئىچكى جەھەتتە قالايمىقانلاشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئەرەب دۇنياسى تېخىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى . ئۆز ئالدىغا سۈلھى قىلىش ۋە ئامېرىكا بىلەن يېقىنلىشىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساداتنىڭ بىر قاتار سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، دىنىي سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى .
«ئۈچ كۈچەيدى» دېگىنىمىز ، تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :
1 . ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئورنى كۈچەيدى . ئوتتۇرا شەرقتە مىسىردەك مۇھىم دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغاچقا ، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ كۈچلۈك چەتكە قېقىپ ، ئوتتۇرا شەرقنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى .
2 . ئىسرائىلىيە كۈچەيدى . ئىسرائىلىيىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئىتتىپاقلىشىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ، ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان ئەرەب مىللىتى ۋە ئەرەب دۇنياسى بولماستىن ، بەلكى چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ، ئۆزئارا كۈرەش

قىلىپ ، بىر ـ بىرىگە يول قويماي ۋاتقان ، تەشكىللىنىسىز ، قوماندانلىقى يوق ، قالايمىقان ئالامان بولدى . بەلكى ، مىسىردەك مۇھىم دۆلەت ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولۇپ قالدى .

3 . هازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى كۈچەيدى . سادات مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن پايدىلىنىپ ناسىرىزمغا قارشى تۇرۇشنى ۋە ئۆكتىچى پارتىيىلەرنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغانىدى . كېيىن ئىسلامىزم ھەرىكىتى تېز تەرەققىي قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەتتىكە تەھدىت سالىدىغانلىقىنى بايقاپ ، ئۇنى كۆپ تەرەپتىن چەكلەشكە باشلىدى . لېكىن ، هازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ساداتنى جايلىۋەتتى . يەنى 1981 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سادات پارات قوبۇل قىلىۋاتقاندا «جىھاد تەشكىلاتى» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . مىللەتچىلىك ئاجىزلاپ ، خەلق ساداتنىڭ سىياسەتلىرىدىن كۆنسايىن نارازى بولۇۋاتقان ، خەلقنىڭ ئامېرىكىغا ، ئىسرائىلىيىگە قارشى كەيپىياتى ئۆرلەۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ، هازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولۇپ ، كۈچلۈك ئالغا باستى .

مىسىر — هازىرقى زامان ئىسلامىزمى پەيدا بولغان يەر ، شۇنداقلا هازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئەڭ كەڭ قانات يايغان ، ئەڭ كۈچەيگەن دۆلەت ئىدى . سادات زوڭتۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش پىلانىنى تۈزگەن بولسىمۇ ، لېكىن نېمە ئۈچۈن بۇ دۆلەتنىڭ دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرالمىدى ؟

تەھلىل قىلغاندا بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلىرى بار :

1 . پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىگەن

سادات ئاممىنى غەزەپلەندۈرىدىغان ياكى ئامما دەماللىققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ بولدى. مەسىلەن، ئىقتىسادىي ئىسلاھات نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ پەرقىنى زورايتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىشسىزلىقنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەبچى بولدى. مىسىرنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن يالغۇز سۈلھى قىلىشى ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزۈپ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىسرائىلىيىگە قارشى فرونتنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مىسىر دۆلەت كۈچىنى خورىتىدىغان ئېغىر ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي يۈكتىن قۇتۇلۇپ، يەڭگىللىشىپ قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولدى. سادات ئەمەلىيەتتە ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە يارىشىپ قېلىشىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان يېڭى يولىنى تاپتى. بۇنى ۋەزىيەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئىسپاتلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىراقلىشىپ، ئامېرىكا بىلەن يېقىنلىشىش سىياسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى رەنجىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن كۆز ئالدىدىكى ماددىي مەنپەئەت — ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن ياردەم مەبلىغى نۇرغۇن كىشىلەرنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. شۇڭا، كىشىلەر ساداتقا باھا بەرگەندە ئۇنى ئەيىبلەش بىلەن ماختاش تەڭ ئورۇندا تۇردى. لېكىن، سادات ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېسابلىغانلىقى، ھۆكۈمەتتە چىرىكلىشىش ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاممىا ئىچىدىكى نارازىلىق تېز كۆپەيدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇرژۇئازىيە سىنىپى سادات يولغا قويغان ئەركىنلەشتۈرۈش سىياسىتىدىن ئەڭ چوڭ نەپ ئالغۇچىلار بولۇپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلدى. ئارمىيە ئىچىدە ھازىرقى زامان ئىسلامىزىمنى قوللايدىغان ئەسەبىي مەخپىي گۇرۇپپىلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئارمىيىنى زۇڭتۇڭ چىڭ تۇتۇپ تۇردى. ئۆكتىچى پارتىيىلەر ھۆكۈمەتكە قاتتىق

ھۇجۇم قىلىسمۇ ، لېكىن ئۇلاردا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىدىغان نىيەت ۋە تەييارلىق يوق ئىدى . زۇڭتۇڭنىڭ يان بېسىشى تۈپەيلىدىن ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەن بولسىمۇ ، لېكىن قارشىلىشىش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئاساسىي تەرەپدارى — مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پارلامېنت يولىغا مېڭىش خىيالىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى . قىسقىسى ، ئەينى چاغدا جەمئىيەتتىكى ھەرخىل زىددىيەتلەر ئەۋج ئېلىپ ، تەرەققىي قىلىپ ، كرىزىس كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ ، لېكىن پارتلاش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى . زۇڭتۇڭ سادات ھاكىمىيەت ئاغدۇرمىچىلىق خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى تۇيۇپ ، 1981 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سەھەردە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ ، مەملىكەت بويىچە سىياسىي ، ئىدىيە ، ئاخبارات ، دىن ساھەسىدىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى ئۆخشىمىغان سىياسىي قاراشتا بولغانلار ياكى ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتا دەپ گۇمان قىلىنغانلارنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي ئەزالىرى (جۈملىدىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باش يېتەكچىسى ئۆمەر تىلمىسانى ) ۋە جەمئىيەتتىكى مەشھۇر كىشىلەردىن 3 مىڭ ئادەم (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم )نى تۈرمىگە سالدى . ئۇ ئىش دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ ، مەملىكەت خەلقىنى غەزەپلەندۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرى جىمىقىپ قالدى . سادات ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇلار پالەچ ھالەتتە ئىدى .

2 . سۇبيېكتىپ ئامىللار تولۇق تەييارلانمىغان

مىسىردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئاساسىي تەرەپدارى بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پارلامېنت يولىغا مېڭىپ ، ھاكىمىيەتكە تىنچلىق شەكلى بىلەن ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئەسەبىي تەشكىلاتلار ئىچىدە «جىھاد تەشكىلاتى» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك تەشكىلات بولۇپ، بىر تۈركۈم ياشلاردىن تەركىب تاپقان . ئۇنىڭ باشلىقلىرى نامسىز كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ . مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ بىر نەچچە تايانچ ئادىمى ساداتنى ئۆلتۈرۈش ۋە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان . ئۇلارنىڭ «سىياسىي پروگراممىسى» بولسىمۇ، ئۇنى ئېلان قىلمىغان . ئامما ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بىرىنچىدىن، ئاممىۋى ئاساسى بولمىغان؛ ئىككىنچىدىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدەك تەشكىلاتلار ماسلاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆز ئالدىغا ئىش قوزغاپ، ساداتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دەرھال «خەلق ئىنقىلابى» قوزغاپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى بولغان . ساداتنى ئۆلتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، لېكىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش باشقا چىقمىغان . چۈنكى بۇ ئىشقا بىرەر پارتىيە ئاۋاز قوشمىغان، بىرەر ئادەم ئۇلارنى قوللىمىغان . لېكىن، كۈچلۈك ئىنكاس ۋە ئەيىبلەشمۇ بولمىغان، ئەينى چاغدا سادات تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان مىسىرنىڭ مەشھۇر سىياسىي پائالىيەتچىسى ھەيكال «مىسىر خەلقى پىرئەۋننى تۇنجى قېتىم ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن .

3 . ئاممىنىڭ تاللىشى

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خەلق دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنىڭ رەھبەرلىكىگە كۆنۈپ قالغان . غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى بىرقەدەر بالدۇر ۋە خېلى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان . نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە ھېسداشلىق قىلىشى، ئۇنى قوللىشى ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ ئىشەنگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىن

پايدىلىنىپ رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھۆكۈمەتنى خاتالىقىنى تۈزىتىپ يېڭى يولغا مېڭىشقا مەجبۇرلاشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا، مەدەنىيەت ئىدىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مىسىردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ھېلىھەم ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا ئەمەس، بەلكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىككە مايىل. ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ ئىسلاھاتىدا نەتىجە بولۇپ، جەمئىيەت ئەھۋالى ياخشىلانسا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئۇلار بۇرۇنقىدەك دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىكنى تاللىشى مۇمكىن. شۇڭا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ مىسىردا ھازىرغىچە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالالمىغانلىقىدىكى ئىنتايىن مۇھىم سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى مۇۋاپىق بولغان

سادات ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەختكە چىققان مۇبارەك ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنى باستۇرۇشنى كېڭەيتمىدى. ساداتنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «جىھاد تەشكىلاتى»دىكى ئادەملەرنى سوراق قىلىپ، ئاز ساندىكى نەچچە ئادەمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، كۆپ ساندىكى ئادەملەرنى نەزەربەند قىلىپ، كېيىن قويۇپ بەردى ھەمدە سادات تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان 3 مىڭ ئادەمنىمۇ قويۇۋېتىپ، جەمئىيەتنى تېز مۇقىملاشتۇردى. ساداتنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە نىسبەتەن ئومۇمىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قىسمەن جەھەتتىن تەڭشەش فاڭجېنىنى قوللاندى، مەسىلەن، «دېموكراتىيە، مۇقىملىق، تەرەققىيات» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى مۇقىملىقنى تەكىتلىدى، دېموكراتىيىگە يول قويۇپ، ئۆكتىچى پارتىيىلەر بىلەن سۆزلەشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشنى كۈچەيتىپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردى. دىپلوماتىيىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەسلىگە كەلتۈردى ، ئەرەب دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھىنى چۈشىنىشنى ۋە ئەپۇ قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈردى . ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا قايتىپ كىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئەرەب دۇنياسى ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى مۇھىم رولىنى قايتىدىن جارى قىلدۇردى .

مىسىرنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتى ئىللەتلەرنى تۈگىتىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ ، لېكىن ئىللەتلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈزىتىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، مىسىر جەمئىيىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇقىملىشىپ كېتەلمەيدۇ ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرىشى يەنە داۋاملىشىدۇ .

ئەمدى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىراندا قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىغا قاراپ باقايلى .

ئىراندىكى پەھلىۋى خاندانلىقى 1925 - يىلى قۇرۇلغان ، دەسلەپكى پادىشاھ رىزاخان پەھلىۋى دىنىي ساھەدىكى داھىيلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ، دىندىن تاشقىرى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ ، دىنىنىڭ دۆلەت سىياسىيسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز ئاجىزلاتقان . شۇڭا ، دىنىي كۈچلەر بىلەن ئۇزۇنغىچە ئىناق بولالمىغان .

خاندانلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى بولۇپ ، مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 50 پىرسەنتى مىڭ ئۆيلۈك چوڭ پومېشچىكنىڭ ئىلكىدە بولغان ، 20 پىرسەنتى دىنىي ساھەگە ، 10 پىرسەنتى پادىشاھقا ۋە دۆلەتكە ، 20 پىرسەنتى ئوتتۇرا ، كىچىك پومېشچىكلار ۋە دېھقانلارغا مەنسۇپ بولغان . يۇقىرىقى سانلاردىن يېزىلاردىكى يەرسىز قالغان كەڭ دېھقانلار بىلەن پومېشچىكلار

سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىچكى سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرى، نېفىت ئىقتىسادى ئۇزۇنغىچە ئەنگلىيىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. 1941 - يىلى مۇھەممەد رىزا پەھلىۋى پادىشاھ بولغاندا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئىراننىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا ئەنگلىيىنى ئىراندىن سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئىراننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرىدىغان ئىستىھكام قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ دېڭىز بوغۇزىدىكى مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ژاندارما قىلدى. شۇڭا، ئامېرىكا پادىشاھنىڭ ئوردىغا قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇساتاي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، پادىشاھقا، ئامېرىكىغا يېقىن ئادەمنى ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىگە قويۇشىغا ياردەم قىلدى. پادىشاھ بولسا پۈتۈنلەي ئامېرىكىنى تايانچ قىلىپ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇندى، ھەتتا ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندىمۇ ئامېرىكىنىڭ سىزىقىدىن چىقمىدى. يېڭى پادىشاھ دادىسىنىڭ دىندىن تاشقىرى سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى غەربلەشتۈرۈش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، غەرب مەدەنىيىتىگە ۋە غەربنىڭ چىرىك مەدەنىيىتىگە دۆلەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. پايتەخت تېھراننىڭ غەربلىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى غەربتىكى چوڭ شەھەرلەردىن قېلىشمايدىغان بولدى. نېفىت كىرىمى كۆپ بولۇپ، ئىگىلىك داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. خەلق تۇرمۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن «كۈچلۈك» ئارمىيە ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇڭا، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە جەمئىيەت بىرقەدەر مۇقىم بولدى. بۇ چاغدا، پادىشاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسى ، نېفىت ، ئارمىيە ۋە خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسىدىن ئىبارەت تۆت ئەنگۈشتەرگە ئىگە بولغانلىقتىن خانلىق تەختىدە مەڭگۈ ئولتۇرالايمەن دەپ ئويلاپ ، تارىختىكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىغا غەرق بولۇپ ، ناھايىتى ساددىلىق بىلەن ئاتالمىش «ئاق ئىنقىلاب» نى قوزغاپ ، ئىراننىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، ئۇنى دۇنيادىكى «5 ـ قۇدرەتلىك دۆلەت» كە ئايلاندۇرماقچى بولدى .

«ئاق ئىنقىلاب» نىڭ يادروسى يەر ئىسلاھاتى قىلىش بولۇپ ، بۇ ئىنقىلاب 1962 ـ يىلى باشلاندى ، 1971 ـ يىلى ھۆكۈمەت ئىنقىلابنىڭ «تاماملانغان» لىقىنى ئېلان قىلدى . يەر ئىسلاھاتى دېھقانلارغا ئازراق نەپ يەتكۈزگەن بولسىمۇ ، لېكىن پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتەلمىدى . ئەكسىچە ئوردا بىلەن چوڭ پومېشچىكلار ۋە دىنىي ساھەدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا يېڭى زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلدى . «ئاق ئىنقىلاب» نىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال پىلانىنى تۈزۈپ ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى . ئۈچىنچى ، تۆتىنچى تەرەققىيات پىلانى (1962 — 1972) خېلى ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىندى . ئىگىلىكتە خېلى چوڭ تەرەققىيات بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلدى ، ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئۆتكۈرلەشتى ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندىچىلىك باستى ، ھەممە ياقنى نارازىلىق قاپلىدى ، كرىزىس باستى . ۋەھالەنكى ، پادىشاھ شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانماي ، چوڭ ئىشنى تېز ۋۇجۇدقا چىقارماقچى ، دۇنياۋى مۆجىزە ياراتماقچى بولۇپ ، تەرەققىيات كۆرسەتكۈچلىرىنى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، تېز

ئىلگىرىلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ بەشىنچى پىلانى (1973 — 1978)نى «ئۇلۇغ جاسارەتلىك» چوڭ تەرەققىيات پىلانى قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، پىلان ئىجرا قىلىنىۋاتقان 2 ـ يىلى پىلانغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تەرەققىيات كۆرسەتكۈچلىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى، نەتىجىدە پىلان ئومۇميۈزلۈك چوڭ تەۋەككۈلچىلىك پىلانى بولۇپ قالدى. كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىدە پادىشاھ ھەممە قارشىلىقلارنى ئاسان باستۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندى. بۇ، ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆزى كولايدىغان «چوڭ ئىش» بولۇپ، پىلان يولغا قويۇلغان كۈنى خانىدانلىقنىڭ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ۋاقتى بولدى.

تۈزىتىلگەن پىلان ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەر ئاخىر پارتلىدى، مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەر، تەبىقىلەر، كەسىپلەر، پارتىيە ـ گۇرۇھلار، مەزھەپلەر قوزغىلىپ ئوردىغا قارشى چىقىپ، كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى. پادىشاھ ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەسكەر چىقاردى. ھەر قېتىملىق قان تۆكۈش تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قارشىلىققا سەۋەبچى بولدى، ۋەزىيەت بارغانسېرى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالغا يەتتى. ئاخىر ئۇنىڭ خوجايىنى — ئامېرىكىمۇ ئىلاجسىز قېلىپ، قولنى قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئىراندىكى دىنىي ساھەدىكىلەر (ھۆمەينى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن باشقىلار) بىلەن ئوردا ئەزەلدىن ئانچە ئىناق بولمىسىمۇ، ئورتاق مەۋجۇت بولۇش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. «ئاق ئىنقىلاب» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئوردا بىلەن دىنىي ساھەنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز يامانلاشتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىش نىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن، 1978 ـ يىلى پادىشاھ قىرغىنچىلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتكەندە شۇ

www.uyghurkitap.com

چاغدىكى مەشھۇر دىنىي داھىي ئايەتۇللا رىيات مەيدال : «خەلق بىلەن بىز ھازىرقى ھاكىمىيەتكە ھېچقانداق ئۈمىد باغلىمايمىز ، ئۇ يۇرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق ئۆزىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى » دەپ جاكارلىدى . بۇ چاغدا ، ھۇمەينى فرانسىيىدە ئىدى ، ئۇ 1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چەت ئەلگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىپ ، 1979 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پارىژدىن تېھرانغا قايتىپ كەلدى .

ھۇمەينى مەشھۇر دىنىي ئالىم ۋە سىياسەتچى بولۇپ ، 30 ـ يىللاردىن باشلاپ سىياسىي قاراشلىرىنى ئېلان قىلغان . فېئودال زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تىزگىنلىشىگە قارشى تۇرغان ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر كۈنسايىن كۆپىيىپ ، تەسىرى كېڭىيىپ بارغان . شۇڭا ، ھۇمەينى كۆپ قېتىم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى . ئاخىر پادىشاھ ئۇنى چەت ئەلگە «ماڭغۇزۇۋەتتى» . ئۇ 14 يىل سەرگەردان بولۇپ ياشىدى . لېكىن نىيىتىدىن يانمىدى ، قىلچە مۇرەسسە قىلمىدى . بىر تەرەپتىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىپ ، كىتاب يېزىپ ، نۇتۇق سۆزلەپ ، كەڭ تەشۋىق قىلسا ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، دۆلەت ئىچىدىكى ئادەملىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ ، ئۇلارنىڭ پادىشاھقا ۋە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى . 70 ـ يىللاردىن كېيىن «ئاق ئىنقىلاب»نىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ ، پادىشاھنىڭ مۇستەبىت زالىملىقى كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن ، بارغانسېرى نۇرغۇن كىشىلەر ھۇمەينىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىغا ئىشىنىشكە باشلىدى . 1978 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەملىكەت بويىچە پادىشاھقا قارشى تۇرىدىغان بىرلىك سەپ شەكىللىنىپ ، ھۇمەينىنى داھىي دەپ ھىمايە قىلدى . پادىشاھ 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىراندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى . نەتىجىدە ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىراندىكى غەلبىسى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشتىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەرگە ئىگە بولىمىز :

1 . ئىران ئىنقىلابى ئالدى بىلەن مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەر ، تەبىقىلەر ، پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك كونتروللۇقىغا ئورتاق قارشى تۇرىدىغان كۈرىشى بولۇپ ، كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھۆمەينى تۇتقانلىقتىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئىنقىلابىغا ئايلاندى ياكى «ئىسلام ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى . شۇڭا ، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى تەشەببۇس قىلغان ئىلاھىي ھاكىمىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولدى .

2 . پادىشاھنىڭ ماختانغان «ئاق ئىنقىلابى» ، پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەبىتلىكى ، چىرىكلىكى ۋە ئامېرىكىغا خۇشامەت قىلىشى خەلقنىڭ ئىنقىلاب بورىنىنى قوزغاپ ، خانىدانلىقنى دەپنە قىلىدىغان سەۋەب بولدى .

3 . ھۆمەينى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ئۆز دۆلىتىدىكى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ كونتروللۇقىغا فېئودال خانىدانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولدى ، ئۇنىڭ ئۆزى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمىگە قارشى قەيسەر جەڭچى ۋە داھىي ، شۇنداقلا دىنىي داھىي بولدى . ئۇ ئىنقىلابىي داھىي ئوبرازىغا يەنى دىنىي داھىي سالاھىيىتىگە ئىگە بولغاچقا ، چەكسىز يۇقىرى ئابرۇيغا ، سىرلىق چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە كۈچىنى بىرلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلتۈردى .

4 . بۇ كۆرەشتە ھۆمەيىنىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلام نەزەرىيىسىگە دائىر قاراشلىرى ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى . بۇنىڭدىكى سەۋەب ھۆمەينى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئىدىيىسىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەينى چاغدىكى پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىگە ۋە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ كونتروللۇقىغا قارشى كۆرەش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئىدىيىسىنى ئۆز مەزھىپىنىڭ — شىئە مەزھىپىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىلاھىيەت نەزەرىيىسىنى رېئاللاشتۇرۇپ ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىدىيە قىلالىغانلىقىدا . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇ ئىسلام مەدەنىيەت ئىدىيىسى — دىنىي ئېتىقاد ، دىنىي مەجبۇرىيەت ، دىنىي قىممەت قارىشى ۋە دىنىي ئىدىيە نۇقتىلىرىدىن كۆرەشنىڭ قانۇنلۇقلىقىنى ، زۆرۈرلۈكىنى ، فاكچېن ۋە سىياسەتلىرىنى شەرھلەپ بېرەلىدى . شۇنداق بولغاچقا ، كىچىكىدىن ئىسلام مەدەنىيەت ئىدىيىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان مۇسۇلمانلار بۇ كۆرەشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى .

## § 4 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسى ، تەشكىلى ۋە ئالاھىدىلىكى

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى 1928 - يىلى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەگرى - توقاي يوللارنى باستى . 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ، يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى . يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن

بۇيان ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجى ۋە ئەمەلىي كۈرەشنىڭ تەلىپى بويىچە ، ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مۇستەھكەم تەشكىلىي سىستېمىسىنى قۇرۇپ ، روشەن ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈردى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىش ئۈچۈن ، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشىمىز زۆرۈر .

## 1 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرى

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى مەيلى ئۆكتىچى پارتىيە ، قانۇنسىز پارتىيە ، مەيلى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئورتاق ئاساسىي سىياسىي تەشەببۇسلارغا ئىگە . مانا شۇ تەشەببۇسلار ئۇلاردىكى ئورتاق خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى بەلگىلىگەن .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىدۇ : ئىسلامىيەت — سىياسىي بولۇپ ، سىياسىي ئىسلامىيەتتۇر . ئىسلامىيەتنىڭ ئەتراپلىقلىقى ئۇنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ئىبارەت ئىككى فۇنكسىيىگە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە . ئىسلامىيەت كاپىتالىزمغا ، يەھۇدىي زىئونىزمغا ، مىللەتچىلىككە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدۇ . غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ، دىنىدىن تاشقىرى سىياسىي تۈزۈلمىگە قارشى تۇرىدۇ . زامانىمىز دۇنياسىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىسلامىيەتلا ھەل قىلالايدۇ . ئىنسانىيەتنى بۇگۈن دۇچ كېلىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتتىن ئىسلامىيەتلا قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ . شۇڭا ، ئىسلامىيەتنىڭ سىياسىي فۇنكسىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، ئالدى بىلەن ئۆز دۆلىتىدە ، ئاندىن پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام ئىنقىلابى قىلىپ ، دىنىدىن تاشقىرى ھەممە ھاكىمىيەتلەرنى

ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى بەرپا قىلىپ ، ئىسلام شەرىئىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ ، دۆلەتنى دىن بىلەن باشقۇرۇپ ، ئىسلام دىنى دەسلەپ بارلىققا كەلگەن VII ئەسىردىكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئۈلگە قىلىپ ئىسلام دۆلەتلىرىنى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇش لازىم .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تۇنجى تەشكىلاتى — مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرغۇچى ، شۇنداقلا بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى باش يېتەكچىسى ھەسەنۇل بەننا : «ئىسلامىيەت — ھەم ئېتىقاد ، ھەم ئىبادەت ، ھەم ۋەتەن ، ھەم دۆلەت تەۋەلىكى ، ھەم دىن ، ھەم دۆلەت ، ھەم روھ ، ھەم ھەرىكەت ، ھەم قۇرئان ، ھەم شەمشەر » دېگەنىدى . ئۇنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىقكى ، ئىسلامىيەت ھەم دىن ، ھەم سىياسىي بولۇپ ، «ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنى بىر گەۋدە قىلىش» نى يولغا قويۇپ ، ئىسلامىيەتنىڭ خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، دۆلەتنى دىن بىلەن باشقۇرۇش لازىم . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ قارىشىچە ، ئىسلام دىنىنى ئاللا ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن ياراتقان . شۇڭا ، ئۇ ھەم دىن ، ھەم بىرخىل تۇرمۇش شەكلى ، شۇنداقلا مەدەنىيەت سىستېمىسى ، قانۇن سىستېمىسى ، ئەخلاق قائىدىسى ، سىياسىي ئىدېئولوگىيە ، سىياسىي نەزەرىيە سىستېمىسى ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەندىزە ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈمدىن ئىبارەت . قىسقىسى ، ئۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى دىنلاشتۇرىدۇ ، ھەمدە ئۇنى «تەبلىغات» دەيدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى قاتتىق ، ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇش پرىنسىپىدا قىلچە يول

قويمايدۇ . ھەسەن بەننا مۇنداق دېگەندى : «ئىسلامىيەتنى قوللىمايدىغان ، ئىسلامىيەت ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ شانلىق يولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىغا ماڭمايدىغان ھەممە سىياسىي پارتىيىلەر ۋە ئورگانلارنىڭ داھىيلىرىغا ئوت ئاچىمىز . ئاللا بىزگە ۋە خەلقىمىزگە غەلىبە قازىنىشقا ياردەم بەرگىچە ئۇلار بىلەن رەھىمسىز كۆرەش قىلىمىز ، ئاللا ئەڭ ياخشى ياردەم بەرگۈچىدۇر » .

## 2 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى 70 يىللىق بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ، كىشىلەرنى يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان قىلدى .

1 . ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيىتى

بۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ھەم سىياسىي تەرەپكە ، ھەم دىنىي تەرەپكە ئىگە بولۇپ ، سىياسىي تەرەپتە ھەم ئىلغارلىق ، ھەم مۇتەئەسسىپلىك بارلىقى ؛ دىنىي تەرىپىدە ھەم يېڭىلاش ، ھەم كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەرىپى بارلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ دىنىي سىياسىي پروگراممىسىدا بۇ نۇقتا ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن : «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ھەدىسكە قايتىشنى ، ئىسلام ئېتقادىنى ساپلاشتۇرۇشنى ، ئىجتىھاد روھى بىلەن ھەدىسنى يېڭىۋاشتىن چۈشىنىشنى ۋە تەپسىر قىلىشنى ، مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتتۈرىغا قويۇلغان ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئىسلام روھىنى غايە قىلىشنى نەشەببۇس قىلىدۇ . زامانىمىزدىكى ھەممە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىسلام روھى بويىچە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇلار بەشكە قارشى تۇرىدۇ . يەنى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ

ئاربلىششىغا ، كونترول قىلىششىغا ۋە چىرىك غەرب مەدەنىيىتىگە ؛ يەھۇدىي زىئونىزمىغا ؛ دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىككە ؛ ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمغا ؛ ماركسىزمغا ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سوتسىيالىزم ، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدۇ . ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئىسلام ئىنقىلابى قوزغاش ئارقىلىق ، ئالدى بىلەن ئۆز دۆلىتىدە ، ئاندىن پۈتۈن دۇنيادا دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى تىكلەپ ، Ⅶ — Ⅸ ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن ئىسلام شەرىئىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى ، ئىسلامىيەتنىڭ «سائادەت دەۋرى» دەپ ئاتالغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى دۆلىتى ۋە جەمئىيىتىنى ئۈلگە قىلىپ ، ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشنى ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىدارە قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، ئاللانىڭ ئىنسانغا بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ .

بۇنى ھىمايە قىلغۇچىلار بۇ ، ئاللا كۆرسەتكەن بەرھەق يول ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ ؛ گۇمانلانغۇچىلار ئەمەلىيەتكە قاراپ باقماقچى ، ئىران ، سۇدان ۋە ئافغانىستاندا زادى قانداق نەتىجىلەرنىڭ چىقىدىغانلىقىغا قاراپ باقماقچى بولىدۇ . قارشى تۇرغۇچىلار بولسا ، ئۇ زامانىمىزدىكى دۇنيانىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتىدا پەيدا بولغان ئىنتايىن ئالاھىدە ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ، ھەم دىن ، ھەم سىياسىي بولۇپ ، يېرىمى كونىلىقنى ، يېرىمى يېڭىلىقنى ئىگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ . ئېمىگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ئۇنىڭ ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

### 2 . كەڭلىك خۇسۇسىيىتى

بىرىنچىدىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك كەسكىنلىشىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىلاجىسىز قېلىپ ، ئازادلىققا تەشنا بولغاندا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئەلنىڭ غېمىنى يەپ ، ئاللا يولىدا ئىش قىلىدىغان ھالەتتە بولدى . شۇڭا بىرمەھەل ، بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى . شۇڭا ، ئاممىۋى ئاساسىنىڭ كەڭ بولۇشى ئۇنىڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇنداقلا كۈچىنىڭ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق ئىجتىمائىي ئاساسنى مۇستەھكەملەپ قالالىشى ياكى قالالماسلىقى ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ . ۋەدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا ، ئاساس مۇستەھكەملىنىدۇ ؛ ۋەدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا ، ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدۇ . ھەتتا «كەينىگە قاراپ نەيزە ئۇرىدىغان» ئەھۋال كۆرۈلۈپ ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان ئىجتىمائىي ئاساس بولۇپ قېلىشى ھەم مۇمكىن .

ئىككىنچىدىن ، بۇنداق كەڭلىك خۇسۇسىيەت ھازىرقى زامان پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا دېگۈدەك ئومۇملىشىپ ، دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ . ئۇ ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ ، شۇ يەرلەردىكى تار مىللەتچىلىك ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن ناھايىتى ئاسان بىرلىشىپ ، دىنىي تۈسكە ئىگە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىپ ، شۇ دۆلەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ .

### 3 . ھۇجۇم قىلىش خۇسۇسىيىتى

هازىرقى زامان ئىسلامىزمى «جىھاد» ئارقىلىق «يات دىندىكىلەر» ۋە «جاھىلىيەتچىلەر»نىڭ دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى چاقىرىق قىلىدۇ. «ئاللا يولىدا جەڭ قىلىش»تەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئىلھام بېرىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدۇ. «شېھىت بولغاندا مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ»غا ئىشىنىدۇ، «ھەقىقىي مۇسۇلمان شېھىت بولۇشنى تاللىۋېلىش كېرەك»لىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا، سىياسىي ياكى ھەربىي كۈرەشلەردە ئۇلار ھەمىشە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، «تۇغما ئۇرۇشخۇمار»ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئەسەبىيلىرى شارائىت بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، ۋاستە تاللىماي، ھەممە يەردە ھۇجۇم قىلىدۇ.

## 5§. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى

نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا گاڭگىراپ قالىدۇ. ئۇ قايسى سىنىپنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ئۇنى دىنىي كونسېرۋاتىپلار ئىرىلدۇرۇش دېسە، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدا ياش ئوقۇغۇچىلار، پروفېسسورلار، ئالىملار، دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار، ئادۋوكاتلار، ئوقۇتقۇچىلار، مۇخبىرلار ۋە يازغۇچىلار قاتارلىق ھازىرقى زامان زىيالىيلىرى بولىدۇ؟ ھەتتا ئۇلار ھەرىكەتنىڭ داھىيلىرى بولىدۇ؟ ئەگەر ئۇ نامراتلارنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى دېيىلسە، نېمە ئۈچۈن پومېشچىكلار، كاپىتالىستلار، ھەتتا مىليونېرلارمۇ قاتنىشىدۇ؟

بۇ ھەقىقەتەن مۇھىم مەسىلە، بۇ يەردە شۇ ھەقتە ئازراق

تەھلىل قىلىپ كۆرمەكچىمىز.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى، ئۇنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

XX ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئوتتۇرا شەرق رايونى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى زور كۆپ سانلىق دۆلەتلەر مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر ئويغىنىپ، مىللىي مۇستەقىللىق، ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى. لېكىن، ھەرىكەتكە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي كۈچلەر رەھبەرلىك قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۆز دۆلەتلىرىدىكى فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان ئاساسىي تەشەببۇسى ۋە يولىمۇ ئوخشاش بولمىدى. ئىشچىلار سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كۆپىنچىسى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق غەلىبە قىلدى. غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان ھاكىمىيەت قۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى. بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلغان مىللەتچى پارتىيىلەر رەھبەرلىكىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ـ ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ھەرخىل شەكىلدىكى كۈرەشلەر (جۈملىدىن ئاممىۋى سىياسىي ھەرىكەت، قوراللىق كۈرەش، ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش) ئارقىلىق غەلىبە قىلدى. غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، كاپىتالىزم يولىنى تاللىۋالدى. ئۈچىنچى خىلدىكىلەر مىللىي مۇستەقىللىق ـ ئازادلىق ھەرىكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇستەملىكىچىلەر ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا كۆزى يەتمەي ، ھۆكۈمرانلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ گۇماشتىلىرى — مۇنارخىستلار ۋە غەربپەرەسلەرنى تېپىپ ، «مۇستەقىللىق» بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى . ئاشۇ گۇماشتىلار غەربپەرەس پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەتلەرنى ياكى غەربچە پارلامېنتلىق تۈزۈمدىكى ھاكىمىيەتلەرنى قۇردى . غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن قۇرۇلغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېيىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى .

ئەينى چاغدا ئوتتۇرا شەرقتە ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى بەزى جايلاردا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى سىياسىي سەھنىگە چىقىپ ، مىللىي مۇستەقىللىق ـ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرىدىغان سىياسىي كۈچ بولدى . لېكىن كۈچى ئاجىز ، تەسىرى چەكلىك ئىدى . بۇ كۈچ مۇنداق ئىككى خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپتى :

بىر خىل كىشىلەر ، مىسىردىكى ھەسەنۇل بەننا ، پاكىستاندىكى ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى ، ئىراندىكى ئاياتۇللا ھۇمەينى ۋە سۇداندىكى ھەسەن تۇرابى ۋەكىللىكىدىكى دىندىن تاشقىرى زىيالىيلار ياكى دىنىي ئۆلىمالار ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىندار جەمەتتىن كېلىپ چىققان ، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن چوڭقۇر تەربىيىلەنگەن ، ئىسلام ئەقىدىسىدىن ۋە فىقھە ئىلمىدىن مول بىلىمگە ئىگە ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرقى زامان تەربىيىسىنى ئالغان ، ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقانىدى . ئۇلار دۆلىتى ۋە مىللىتىنىڭ ئۇزۇنغىچە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قېلىپ ، ئېزىلىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا قاتتىق نارازى بولدى ، ئۆزلىرى ئىشەنگەن شەيخۇل ئىسلاملارنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن غەزەپلەندى ، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ـ ئازادلىقىنى ۋە ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ ، شۇ يولدا ئۆمۈرۋايەت كۈرەش

قىلىشقا بەل باغلىدى . ئۇلار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينى زاماندىكى ئىچكى ، تاشقى مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، مۇستەملىكىچىلىكتىن نەپرەتلەندى ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىككە ئۆچ بولدى ، كوممۇنىزمغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى ، ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىملىرىگە ۋە هازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرىگە تايىنىپ ، دىن ئارقىلىق هازىرقى زامان جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يېڭى يولىنى ئىچىشنى نىيەت قىلدى . ئۇلار «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ھەدىسكە قايتىدىغانلىقىنى ، ھەممە ئىشتا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي روھىغا ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . يەنى ئۇلار ھەرىكىتىگە قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئاساس تېپىپ ، ئاللانىڭ نامى ۋە قۇدرىتى بىلەن قوزغىلىپ تەڭرىنىڭ يولىنى تۇتماقچى بولدى . ئەمەلىيەتتە ، هازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەتبىق قىلىپ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىھاد پرىنسىپىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆز مەزھىپىنىڭ قارىشى ۋە تەشەببۇسى بويىچە شەرھلەپ ، ئۆزگىچە بىر يۈرۈش نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلدى . ئۇلار دىن بىلەن زامانىۋى ئىلىمنى بىرلەشتۈرگەندە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ يەنە گۈللىنىشىگە يېڭى سىياسىي نەزەرىيىۋى سىستېما ۋە يېڭى ئىجتىمائىي ئەندىزە بەرپا قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئۆزىگە ئىنتايىن ئىشىنىپ ، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى بىز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك ، بۇ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزىدىغان تارىخىي ئۇلۇغ ئىش ، باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز دەپ قارىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر كىشىلەر هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد داھىيلىرى بولدى . ئۇلار بىلەن هازىرقى زامان دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەرنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەر مىڭ يىلدىن بۇيان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىسلامىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى هازىرقى زاماننىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن ئۆزگەرتىپ، دىندىن تاشقىرىلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. هازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى بولسا، هازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇنىڭ قىممەت قارىشىنى ئىزاهلاپ ۋە دەلىللەپ، ئۇنى دەۋرلەشتۈرۈپ مەلۇم خىلدىكى «هازىرقى زامان مەزمۇنى»غا ئىگە قىلىپ ياكى مەلۇم خىلدىكى «هازىرقى زامان بەلگىسى»نى ئالماشتۇرۇپ، ساقلاپ قېلىپ، ھەمدە ئۇنى نۇرلاندۇرۇپ دىندىن تاشقىرىلاشتۇرۇشنى چەكلەپ، ئىسلاملاشتۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ.

يەنە بىر خىل كىشىلەر، ئىسلام دىنى ساھەسىدە سانى كۆپ بولمىغان «يېڭىلىق تەرەپدارلىرى» بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي رولىنى، يەنى خەلىپە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆچلۈك تەلەپ قىلىپ، دىنىي خادىملارنىڭ قولىدىن كېتىپ قالغان سىياسىي ھوقۇقنى ۋە سىياسىي ئورۇننى ياندۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلار «يېڭىلىق تەرەپدارلىرى» بولماستىن، بەلكى «كونىلىقنى تىرىلدۈرۈشنىڭ يېڭى تەرەپدارلىرى» بولۇپ، «يېڭىلىق» نامىدىن پايدىلىنىپ، كونىلىقنى تىرىلدۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇلار بىلەن بىرىنچى خىلدىكى ئادەملەرنىڭ كۆزلىگىنى ئوخشىمايدۇ. لېكىن، مەلۇم باغلىنىشى بار. شۇڭا، ئىككىسى ئاسان بىرلىشەلەيدۇ.

ئىككىسى بىرلەشكەندىن كېيىن، بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەر، مەسىلەن، ھەسەنۇل بەننا، مەۋدۇدى، ھۇمەينى، ھەسەن تۇرابىدەك زىيالىيلارنىڭ بىلىمى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇلار نەزەرىيىگە، ئىقتىدارغا ئىگە بولغاچقا، هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئاساسچىلىرى، داھىيلىرى ۋە

نەزەرىيەچىلىرى بولۇپ قالدى .

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ، جەنۇبىي ئاسىيا ، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا رايونىدا مىللىي مۇستەقىللىق ـ ئازادلىق ھەرىكىتى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان يېڭى دۆلەتلەر ، ئاساسلىقى دىندىن تاشقىرى مىللەتچى پارتىيىلەر رەھبەرلىك قىلغان مىللەتچى دۆلەتلەر XX ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 60 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بۇ رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ، كۈچىنىڭ زورىيالماسلىقىدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇپ ، تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ : (1) ئەينى چاغدىكى مۇستەملىكە ، يېرىم مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى خەلقلەر سوتسىيالىزم ھەرىكىتىگە ۋە مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئىنتىلىپ ، ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ ئۈمىد باغلىدى . (2) ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى كەڭ قانات يايالماي ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل كىشىلەر ئىچىدە چەكلىنىپ قالدى . چۈنكى ، يېقىنقى زامان ئەنئەنىۋى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۇچرىغان مەغلۇبىيەتلىرى كەڭ ئاممىنىڭ يادىدا ئېنىق تۇراتتى . ئوخشاش دىنىي نام بىلەن ئاقىرىق قىلغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە ئامما گۇمان بىلەن قارىدى ، بەلكى ئۇ يېڭى تەشەببۇسلار گويا «بىدئەت تەلىمات»تەك ئاڭلىنىپ ، كىشىلەر بىرمەھەل چۈشىنەلمىدى ۋە قوبۇل قىلالمىدى . (3) خەلقئارا مۇھىتمۇ ئۇنىڭغا پايدىسىز بولدى . مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئۇنىڭغا قارشى تۇردى ، ئۇنى باستۇردى . سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئۇنى قوللىمىدى . ئۇنى دىنىي سىياسىي پىكىر ئېقىمى ، ئۇنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرىدىغان تەرىپى بار ، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدىغان ، كونىلىقنى تىرىلدۈرىدىغان تەرىپىمۇ بار دەپ قاراپ ، مىللىي مۇستەقىللىق ـ ئازادلىق ھەرىكىتىنى تۇيۇق يولغا باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇشىدىن ئەنسىرىدى .

بىرىنچىدىن ، 60 ـ يىللاردىن كېيىن ، سوتسىيالىزم دۆلەتلىرى پارچىلىنىپ سوتسىيالىزم لاگېرى مەۋجۇت بولماي قالدى . ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادا زومىگەرلىك تالاشتى . 80 ـ يىللاردا گورباچېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىغا رەھبەرلىك قىلىپ ، «يېڭى تەپەككۇر»نى ئوتتۇرىغا قويدى . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخىر پارچىلىنىپ كەتتى .

ئىككىنچىدىن ، غەرب دۆلەتلىرى ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، كرىزىستىن قۇتۇلۇپ ، ئىگىلىكنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلدى . مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە غەرب دۆلەتلىرىدىكى كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسى شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ئاخىرلاشتى . كاپىتالىزم تۈزۈمى مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ دەپ قاراپ ، ئۆزىچە كۈرەڭلەپ ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا دۇچ كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، دۇنيا بويىچە كۈچلۈك سىياسىي ، ئىقتىسادىي ھۇجۇم قوزغىدى . شەرقىي ياۋروپادا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن ، «غەلىبە»دىن خۇدىنى يوقىتىپ ، «كوممۇنىزمنى يەرشارىدىن ئۆزۈل ـ كېسىل يوقىتىش» نىيىتىگە كەلدى . سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى . دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى .

بۇ دەۋردە ئىسلام دۇنياسىدىكى ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى دىندىن تاشقىرى كۆپ ساندىكى مىللەتچى ھاكىمىيەتلەرنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئىللەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى كۆنسايىن ئېغىرلاشتى . خەلق ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ ، ئۆزلىرىنى نامراتلىق ، قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشتۇرەلەيدىغان يولغا ئىگە

بولۇشنى ئۈمىد قىلدى . دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش تەسىرى ئارقىسىدا ، بەزى كىشىلەرنىڭ سىياسىي خاھىشىدا بۇرۇلۇش بولدى . نۇرغۇن زىيالىيلار ، جۈملىدىن پروفېسسورلار ، ئالىملار ، يازغۇچىلار ، مۇخبىرلار ، دوختۇرلار ۋە ئادۋوكاتلار ، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ ، بۇ ھەرىكەتنى ئۆز زېمىنىدىكى مەدەنىيەتتىن يېتىلگەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ، دىنىي سىياسىي ساھەدىكى بىرخىل يېڭى ئىنقىلاب ، يېڭى ئىجتىمائىي ئەندىزە ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئەندىزىلەردىن ئۈمىد بولمىغانىكەن ، يېڭى ئەندىزىنى سىناپ بېقىش كېرەك دەپ قارىدى . نەتىجىدە ، كۆپلىگەن كىشىلەر ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە ھېسداشلىق قىلدى ، قوللىدى ياكى قاتناشتى . شۇنىڭ بىلەن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى خېلى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى .

## 6 § . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن زوراۋانلىق - تېررورلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ زوراۋانلىق - تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كىشىلەرگە گەۋدىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى ئىسلام زوراۋانلىقى ياكى ئىسلام غازاتچىلىقى دەپ قارايدۇ .

لىللا گەپ قىلغاندا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكىتى دېيىش ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدۇ . ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ غەيرىي ئاساسىي ئېقىمىدىكى بىرقىسىم تەشكىلاتلار ، يەنى زوراۋانلىق يولىدا ماڭىدىغان تەشكىلاتلار ئىچىدىكى زوراۋانلىق - تېررورلۇقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشەببۇس قىلىدىغان ئەسەبىي تەشكىلاتلار زوراۋانلىق ـ تېرروزلۇق بىلەن شوغۇللىنىدۇ . «ئازنى كۆپنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ» گەپ قىلغاندا شەيئىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئېنىق كۆرگىلى بولماي قالىدۇ .

راستىنى ئېيتقاندا ، زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق پائالىيەتلىرى «هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئەسەبىي تەشكىلاتلىرى»غىلا خاس ئەمەس ، هەممىگە مەلۇمكى ، «ئېرلاندىيە جۇمهۇرىيەتچىلەر ئارمىيىسى» ، «سىرى ـ لانكا تامىل يولۋىسى ئازادلىق تەشكىلاتى» ، «ئىتالىيە قاراقول پارتىيىسى»نىڭ زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئۆزۈندىن دۇنياغا مەشهۇر . ئامېرىكا ئىران ، سۇدان ، سۇرىيە ۋە لىۋىيە هۆكۈمەتلىرىنى زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى قوللىدى دەپ ئەيىبلەيدۇ . لېكىن ، ئۆزى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئالدى ـ كەينىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق بىرقاتار زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى كۆرمەس بولۇۋالىدۇ . بۇلار هەممىگە ئايان پاكىتلار ئەمەسمۇ ؟

زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا مۇنداق ئۈچ سەۋەب بار : بىرى ، «جىهاد»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئوخشاش بولمىغان . يەنە بىرى ، رېئال كۈرەشتىكى ئوڭۇشسىزلىق زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان ، ئۈچىنچىسى ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تەلۋىلىكى بىلەن دىنىي تەلۋىلىك بىرلىشىپ كەتكەن . بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تۆۋەندە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇهاكىمە قىلىمىز .

## 1 . «جىھاد»نىڭ مەنىسىنى ھەرخىل چۈشىنىشلەر

«جىھاد»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتىكى ئوخشاشماسلىق مەسىلىسىدە يۇقىرىدا توختالدۇق ، تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز ، بۇ يەردە ئىسلام دىنىدىكى «جىھاد» تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتىمىز ، شۇنداق قىلغاندا بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېلىشقا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 610 ـ يىلىدىن باشلاپ ، دىنىنى تەرغىب قىلىپ ، مەككىدىكى مۇشرىك ھۆكۈمرانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ، 622 ـ يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ ، ئۇ يەردە يىلتىز تارتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى جامائەسى (ئىسلام دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى شەكلى )نى قۇردى ، ھەمدە مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە قارشىلاشتى . تۇنجى جەڭدە غەلىبە قىلدى ، ئەسكەرلەر روھلاندى ، ئەمەلىيەتتە مانا بۇ «جىھاد»نىڭ باشلىنىشى بولدى . 2 ـ قېتىملىق جەڭ 625 ـ يىلى ئوھۇد تېغىدا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن مەككە مۇشرىكلىرىغا زەربە بېرىش بولدى ، بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈش ۋە يارىلىنىشى ئېغىر بولدى ، بەزىلەر قېچىپ كەتتى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ يارىلاندى . شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزدى : «ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن )ئىمان ئېيتقايسىلەر ، ئاللانىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن ، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر ، ئەگەر بىلسەڭلار ، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر . (شۇنداق قىلساڭلار )ئاللا سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ ) . بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر» (61 ـ سۈرىنىڭ 11 ـ ، 12 ـ ئايەتلىرى ) . «ئاللانىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ

گۇمان قىلمىغىن ، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ ، ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى رىزقىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ )» (3 - سۈرىنىڭ 169 - ئايىتى ) . «كىمكى ئاللا يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا ، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز » (4 - سۈرىنىڭ 74 - ئايىتى ) . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى : «ئىشنىڭ ئۇچىنى ، تۈۋرۈكىنى ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمىنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرسەم بولامدۇ؟ ئىشنىڭ ئۇچى ئىسلامدۇر ، تۈۋرۈكى دۇئا - تىلاۋەتتۇر ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى جىھاددۇر » . شۇنىڭدىن باشلاپ ، «ئاللا يولىدا جەڭ قىلىش» ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مۇھىم دىنىي مەجبۇرىيىتى بولدى ، ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلار «شېھىت» دەپ ئاتالدى . «جىھاد»نىڭ مەنىسى «كۈرەش قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ ، غەرب ئالىملىرى ئۇنى «مۇقەددەس جەڭ» دەپ تەرجىمە قىلغان . «جىھاد»نىڭ دەسلەپكى مەنىسى ئىسلام دىنىنى ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قوغداش يولىدا قوراللىق جەڭگە قاتنىشىش ھەرىكىتىنى كۆرسەتكەن ، كېيىن فەقىھلەر تەرىپىدىن «ئىسلام دىنىي ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ھەممە تىرىشچانلىقلار»غا كېڭەيتىلىپ ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش شەكىللىرى «دىل بىلەن ، تىل بىلەن ، قول بىلەن ، قىلىچ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش»لەرگە ئايرىلغان ، يەنى تىنچلىق شەكلى ۋە زوراۋانلىق شەكلىگە ئايرىلغان . «دىل بىلەن» دېگەندە ، مۇسۇلمانلار دىلىدىكى يامان نىيەتلەر بىلەن ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ ، قەلبىنى پاكلاشتۇرۇش ، ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ . بۇ «چوڭ جىھاد» دېيىلىدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ مۇتىدىللىك تەرەپدارلىرى تىنچلىق شەكلىدىكى چوڭ جىھادنى تەشەببۇس قىلىدۇ . «تىل بىلەن ، قول بىلەن»

دېگەندە ، مۇسۇلمانلارنىڭ تەبلىغ قىلىش ، نەسىھەت قىلىپ مۇنازىرىلىشىش ، كىتاب يېزىپ تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنى كۆرسىتىدۇ . «قىلىچ بىلەن» دېگەندە ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ ، جەڭ مەيدانىغا بېرىپ ، ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ . بۇ «كىچىك جىھاد» دېيىلىدۇ . مۇسۇلمانلار ئىچىدە خاۋارىجلار دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك مەزھەپ جىھادتىن قالايمىقان پايدىلىنىدۇ ، بەزىلەر ئۇنى ئىسلامىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئەسەبىي تەشكىلات دەپ قارايدۇ .

هازىرقى زامان ئىسلامىزمىمۇ ئىنقىلابتا «جىھاد» بايرىقىنى كۆتۈردى . تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى ، «جىھاد» ئىسلام دىنىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان . مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىنتايىن مۇقەددەس ئورۇنغا ئىگە ، شۇڭا ھەرقانداق ئىجتىمائىي كۈرەشكە «جىھاد» بايرىقى قادالسىلا ، ئۇنىڭ ھەقىقىي «جىھاد» ياكى ساختا «جىھاد» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئاجايىپ پىسخىك ئۈنۈم بېرىدۇ .

## *2 . رېئال كۈرەشلەردىكى ئوخشىمىغانلىقلار زوراۋانلىق - تېررورلۇق ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى*

هازىرقى زامان ئىسلامىزمى 1928 - يىلى بارلىققا كەلدى . بۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسچىسى ھەسەنۇل بەننا باشتىلا بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى دىنىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى . لېكىن ، تەشكىلات ئىچىدە مەخپىي ھەربىي ئىشلار سىستېمىسى قۇردى ، ئون نەچچە يىل ئىرىشىش ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىلات ناھايىتى زور تەرەققىي قىلىپ، ئىسلام خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى قايتا قۇرۇشنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى ئېلان قىلدى، ھەمدە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىشقا باشلىدى، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ زۇڭلىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. نەتىجىدە، باستۇرۇلۇپ قانۇنسىز تەشكىلات دەپ ئېلان قىلىندى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى زورىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىندىستاندىكى (ئۇ چاغلاردا ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈپ كەتمىگەن) ئىسلامىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئىسلامىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىمۇ 1940 ـ يىلى ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلۇپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى، پاكىستاننى مۇستەقىل قىلىپ، پاكىستاندا ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە مەغلۇپ بولدى، پاكىستان ئىسلامىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇستەقىل بولدى، ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن دىندىن تاشقىرى ھۆكۈمەت قۇردى، ھەمدە ئىسلامىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنى باستۇردى، مەۋدۇدىنى نەچچە قېتىم قولغا ئالدى ۋە نەزەربەند قىلدى، ھەتتا ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلامىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى پاكىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلالمىدى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىسلامىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئوخشىمىغانلىقلىرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ زوراۋانلىق بىلەن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ مەخپىي سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى، شۇڭا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى جامال ئابدۇل ناسىر رەھبەرلىك قىلغان «ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى»نىڭ

1952 ـ يىلى پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە قوراللىق كۈچ بىلەن ياردەم بەردى ، كېيىن ئىككى تەرەپ قانداق خاراكتېردىكى ھاكىمىيەت قۇرۇش مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلەلمەي مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ كەتتى ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى جامال ئابدۇل ناسىرنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ مەقسىتىگە يېتەلمەي ، باستۇرۇلدى . ئۇنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى ياكى تۈرمىگە تاشلاندى ، مەغلۇبىيەت تۇپەيلىدىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى ئىككى يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلدى : بىرى ، تىنچلىق يولى بىلەن كۈرەش قىلىش يۆنىلىشىگە تەرەققىي قىلدى ، كۆپ ساندىكى ئادەملەر خىزمەتلەرنى تىنچلىق شەكلى بىلەن قانات يايدۇرغاندا تەشكىل تەرەققىي قىلدى ؛ زوراۋانلىققا يۆتكەلگەندە تەشكىل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ، ھەتتا ۋەيران قىلىۋېتىلدى دەپ قاراپ ، پارلامېنت يولىغا مېڭىپ ، ھاكىمىيەتنى سايلام ئارقىلىق قولغا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى . يەنە بىرى ، زوراۋانلىق بىلەن كۈرەش قىلىش يۆنىلىشىگە تەرەققىي قىلدى ، ئاز ساندىكى كىشىلەر ، بولۇپمۇ مەخپىي سىستېمىدىكى تايانچلار ۋە سەييىد قۇتۇب ۋەكىللىكىدىكى تۈرمىگە تاشلانغان رەھبەرلەر كۈرەشنىڭ كۆپ بولۇشى ھەقىقىي جىھاد قىلمىغانلىقتىن بولدى دەپ قارىدى ، سەييىد قۇتۇب تۈرمىدە ياتقاندا مەۋدۇدىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چوڭقۇر ئىلھام ئېلىپ ، ئۆزى «يول بەلگىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ ، مەۋدۇدىنىڭ قاراشلىرىنى تېخىمۇ رادىكاللاشتۇرۇۋەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابلار ئەسەبىيلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالدى . ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ، زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى . بۇ ئادەملەر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ، ئۇنداق ياكى مۇنداق مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇردى ، شۇڭا مىسىردا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناھايىتى كۆپ ، زوراۋانلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىغىر بولۇشى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك .

تېرروررچى تەشكىلاتلار ۋە تېرروررلۇق پائالىيەتلىرى ئاساسلىقى مىسىر ، لىۋاننىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە پەلەستىن ، ئالجىرىيەدىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا پەيدا بولدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچى ئەسەبىي تەشكىلاتلار ئوخشاش ۋاستىلەر بىلەن ئۆز دۆلىتىدىكى دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە ۋە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرگە زەربە بېرىۋاتىدۇ . مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن ، دىندىن پايدىلىنىپ ، باشقىلارنى «لەنەتگەردى» ، «كاپىرلار» ، «مۇرتەدلەر» دەپ ئەيىبلەپ ، تېرروررلۇق پائالىيەتلىرىنى مۇقەددەس دىنىي ئاساسقا ئىگە قىلىۋاتىدۇ .

زوراۋانلىق — تېرروررلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى تارىخىي ، دىنىي ۋە رېئاللىق جەھەتلەردە چوڭقۇر سەۋەبلەرگە ئىگە . ئۇنى باستۇرۇش ئارقىلىق يوقاتقىلى بولمايدۇ ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈپ ، تېرروررلۇق پەيدا بولىدىغان مەنبەنى يوقاتقاندىلا مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ . زوراۋانلىق — تېرروررلۇق پائالىيەتلىرى قارىماققا دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە ئىغىر تەھدىت بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىدۇ ، چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ ياكى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىدۇ . ئەسەبىي تەشكىلاتلار چوڭ ئىش قىلالمايدۇ ، ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئەڭ چوڭ ھەقىقىي تەھدىت يەنىلا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى تەرەپدارلىرىدىن كېلىدۇ . ،

ئىسلامىيەت دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىستىن باشقا

ئىسلام دىنى دۇچ كەلگەن قانداق تەرەققىي قىلىش مەسىلىسى ئىسلامىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى يەنە بىر مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

شەيئىلەر ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ، جەمئىيەت ئۆزلۈكسىز ئالغا باسىدۇ . «قۇرئان كەرىم»دىكى دەسلەپ نازىل بولغان بەزى ئايەتلەر كېيىن ئەھۋال ئۆزگەرگەنلىكتىن ئۆزگەردى . بەزى ئايەتلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى ئايەتلەر نازىل بولدى . يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغانلىقتىن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىمۇ ھەممە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى بولالماي قالغان . شۇڭا ، تۇنجى خەلىپىدىن باشلاپ ، ھەم قانداق قىلىپ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشنى ئىپادىلەش ، ھەم قۇرئان ، ھەدىس روھىنى يېتەكچى قىلىپ ، رېئال تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ يېڭى ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت دىن ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار چوڭ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى . ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرمىغاندا ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىسلامىيەت ئىزىدىن چىقىپ كېتەتتى ؛ رېئال تۇرمۇشتىكى يېڭى ئەھۋاللارنى ئىسلام دىنىنىڭ روھى بويىچە جانلىق بىر تەرەپ قىلمىغاندا ، ئىسلام دىنى قاتماللىشىپ قالاتتى ، ھەتتا ھالاك بولاتتى . نەتىجىدە ، پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئۇسۇللىرى تەقلىد قىلىنىپ ، قىياس قىلىش ۋە ئىجمائ (ئومۇمىي قارار )دىن ئىبارەت ئىككى يېڭى پرىنسىپ بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ ، مەلۇم ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى .

قىياس قىلىش — ئىسلام دىنىدىكى قانۇن چىقىرىشنىڭ تۆت پرىنسىپىدىن بىرى ، ئۇ بىر خىل ئەقلىي خۇلاسە بولۇپ ، يېڭى مەسىلىلەرگە ئۇچرىغاندا قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرئاندىن ياكى ھەدىستىن ئېنىق ئاساس تاپالمىغاندا، ئۆتكەنكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ يەكۈن چىقىرىپ، قۇرئان ۋە ھەدىس روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى پىكىرگە كېلىپ، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا يول قويۇلىدۇ.

«ئىجمائ» ھەم ئىسلام دىنىدىكى قانۇن چىقىرىشنىڭ 4 پرىنسىپىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسلام ئۇممەسىدىكى ھەممەيلەننىڭ بىردەك پىكرىنى كۆرسىتىدۇ. چوڭ يېڭى مەسىلىلەرگە ئۇچراپ، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قۇرئان ياكى ھەدىستىن ئاساس تاپالمىغاندا، بەلكى سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان ئالاقىدار مەسىلىلەرمۇ بولمىغاندا، تەقۋادارلار ئىچىدىكى يۇقىرى ئابرۇيلۇق كىشىلەر (كېيىن ھەرخىل ئىلمى تەۋەسىد تەرەپدارلىرى ۋە فىقھىچىلەر پەيدا بولۇپ، مەزھەپلەرنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرىغا ئۆزگەرتىلدى) نىڭ ئىسلامىيەت روھىغا ئاساسەن، شۇ مەسىلە ئۈستىدە تەھلىل - مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، بىرلىككە كەلگەن پىكىر ھاسىل قىلىپ، ئۇنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاخىرقى ئاساسى قىلىشقا يول قويىدى، بۇ خىل ئىجمائ مۇئەييەن دېموكراتىك خۇسۇسىيەتكە ۋە نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا تەتبىق قىلىغان «ئىجتىھاد»نىڭ تەقلىد قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى بولدى.

قىياس قىلىش ۋە ئىجمائدا نۇرغۇن چەكلىمىلىكلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىغا ئۆزلۈكسىز يېڭى ھاياتلىق بېغىشلاپ تۇردى.

ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئىسلام دىنى قىياس قىلىش ۋە ئىجمائغا تايىنىپ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئاجىزلىق قىلدى، دەۋرگە يېتىشەلمەي، كېيىن قېلىپ ئاجىزلىشىپ، ئاخىرى

ھايات ـ ماماتلىق گىردابىغا بېرىپ قالدى . چىقىش يولى نەدە ؟ بۇ مەسىلە مۇسۇلمانلارنىڭ يەنە بىر قېتىم ئالدىغا قويۇلدى . مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئىسلامىزىم پەيدا بولدى ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ئاجىزلىشىپ ئارقىدا قېلىشنىڭ سەۋەبى قىياس قىلىش ، ئىجمائنىڭ ئاز بولۇپ قالغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدە ، مېھمان ئۆيگە خوجايىن بولۇپ ، قىياس ۋە ئىجمائنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس ئورنىغا چىقىۋالغانلىقىدا . بىلىش كېرەككى ، قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ئەقىدىلەر مەڭگۈلۈك ھەقىقەت بولۇپ ، ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ . مەڭگۈ ئىناۋەتلىك بولۇپ ، ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ . چىقىش يولى قىياس قىلىش ۋە ئىجمائنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتىپ كېلىشتە ، ھەممە ئىش قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ ئىشلەنسە ، ئىسلام دىنى چوقۇم گۈللىنىدۇ . ئوتتۇرا ئەسىردىن يېقىنقى زاماننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە ئىسلامىزىم ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ پوزىتسىيىنى قوللىنىپ ، مۇتەئەسسىپلار دەپ قارىلىپ كەلدى .

لېكىن ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆزگەرمەيدۇ ، ئىزچىل تۇردە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە داۋاملىشىدۇ . ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەر بارغانسېرى كۆپەيدى ، مەزھەپچىلىك كۈنسايىن چوڭقۇرلىدى ، ئىجمائنىڭ ئاجىزلىقى كۈنسايىن ئاشكارىلاندى : بىرى ، مەزھەپلەر ئۆز پىكىرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ ، بىردەك پىكىرگە كېلەلمىدى ؛ يەنە بىرى ، يېڭى مەسىلىلەر بەك كۆپ بولۇپ ، ئۇلارنى ئىجمائ بىلەن بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىپ كېتىشكە بولمىدى ، شۇنىڭ بىلەن «ئىجتىھاد» (شەرىئەتنىڭ پەتىۋا چىقىرىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى )نىڭ رولى كېڭەيدى : مەزھەپلەر ئىجمائدا بىردەك پىكىرگە كېلەلمىسە ، مەزھەپلەر ياكى دۆلەتلەر بىرلىككە كېلەلىگەنلىرى بويىچە قىلىشى كېرەك . بىرلىككە كېلەلمەيدىغانلىرىنى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزھىپى ياكى دۆلىتىنىڭ دىنىي داھىيسى ياكى ئۆز مەزھىپىدە ياكى دۆلىتىدە جامائەت ئېتىراپ قىلغان دىنىي نوپۇز ئىگىسى (مەسىلەن، دۆلەتنىڭ ئالىي مۇپتىسى ياكى ئۆلىمالار ھەيئىتى) نىڭ پىكىرى بويىچە ئىجرىش كېرەك. ئۇلارنىڭ پىكىرىمۇ «ئىجتىھاد» بولۇپ، قانۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ؛ ئىجتىھادنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى، قۇرئان ۋە ھەدىستە يوقلىرىنى «ئىجاد قىلىش»قا مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، قۇرئان ۋە ھەدىستە بار بولغان، بەلكى بۇرۇن قىياس قىلىنىپ چۈشۈندۈرۈلگەنلىرىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جارى قىلدۇرۇشقا، كېڭەيتىشكە، ھەتتا پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئوخشىمايدىغان، ھەتتا ئەكسىچە ئىزاھلاشقا بولىدىغان بولدى. لېكىن، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىسلام روھىغا خىلاپ بولماسلىقى كېرەك. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى مۇشۇ رولى ۋە دائىرىسى كېڭەيتىلگەن «ئىجتىھاد» نى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلاندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىسلامىيەتنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب قىياس قىلىش ۋە ئىجمائىنىڭ بەك كۆپ ۋە قالايمىقان بولۇپ كەتكەنلىكىدە ئەمەس، تۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىغانلىقىدا. شۇڭا، چىقىش يولى ئىجتىھاد نىڭ رولىنى ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتىش، قۇرئان ۋە ھەدىسنى يېڭىۋاشتىن ئەپسىر قىلىشتا ئىدى. ئۇلار يېڭىلاش پوزىتسىيىسى تۇتقانلىقتىن، مۇجەددىدلەر (يېڭىلىغۇچىلار، جەدىدچىلەر) دەپ ئاتالدى. ئۇ ئىجتىھادتىن پايدىلىنىپ قەدىمكىنى ھازىرقىغا تەپسىر قىلىپ، قەدىمكىنى ھازىر ئۇچۇن ئىشلىتىشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى؛ مۇتەئەسسىپلەر بولسا، قەدىمكىنى قەدىمكىچە تەپسىر قىلىپ، قەدىمكى ئارقىلىق ھازىرقىنى تۈزەشتە چىڭ تۇردى. ئىككى تەرەپنىڭ تۈپ ئىختىلاپى مانا مۇشۇ يەردە.

نۆۋەتتە ئىسلامىيەت دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈرەشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ھازىرقى زامان

ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ نەزەرىيىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، دىن ساھەسىدە زۆرۈر نوپۇزغا ۋە قانۇنىيلىققا ئىگە بولغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈنلەي قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ قەدىمكى تەپسىرلىرى ئۈستىگە قۇرۇلماي، بەلكى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ چىن ئادىللىقى نامى بىلەن ئىجتىھادتىن يۈرەكلىك پايدىلىنىپ، قەدىمكى نۇرغۇن تەپسىرلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى تەپسىرلەرنى دەسسەتكەنلىكىنى، شۇڭا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى روشەن ئىككى ياقلىمىلىققا، يەنى ھەم مۇجەددىدلىككە، ھەم مۇتەئەسسىپلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىرقەدەر ئوڭاي ئاڭقىرىۋالالايمىز. ئىراننى مىسالغا ئالساق، ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شەرىئەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، زامانىمىزدىكى بۇ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى VII ئەسىردىكى ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى بولماستىن، زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ياراتتى. خۇمەينى ئىراندىكى ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ۋەكىلى ۋە سىمۋولى بولسىمۇ، «خەلىپە» دەپ ئاتالماي، «خەلقنىڭ داھىيسى»، «مەنىۋى داھىي» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ ئاستىدا ھامىيلىق قىلىش كومىتېتى ۋە ئۈچ ھوقۇق ئايرىۋېتىلگەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىلدىكى ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، زىناخورلارنى چالما - كېسەك قىلىش، نىكاھلانماي بۇزۇقچىلىق قىلغانلارنى دەررە بىلەن ئۇرۇش قاتارلىق شەرىئەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن باشقا، يەنە ئاساسىي قانۇن - ئىسلام ئاساسىي قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار يېڭى قانۇنلار تۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى باب

# هازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسى

ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئوتتۇرا ئەسىر، يېقىنقى زامان ۋە هازىرقى زاماندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ بەردە هازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنى نۇقتىلىق مۇهاكىمە قىلىمىز، ئەمما، ئاۋۋال ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1 § . ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسى

بىز بۇ بەردە تىلغا ئېلىۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىزمى مەهەممەد ئەلەيهىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىندىن باشلىنىپ، دۇنيا يېقىنقى زامانغا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرىگىچە بولغان ۋاقىتتىكى ئىسلامىزمدىن ئىبارەت. بۇ دەۋردىكى ئىسلامىزمنى بۈگۈنكى ئىسلامىزم بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ناهايىتى كۆپ پەرقلىنىدۇ، لېكىن ئۇلار بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش، ئۇلارنىڭ دىنىي سىياسىي تەشەببۇسلىرىدا ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلارنى مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ، بۇلار ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئىكەن، ئەڭ روشەن نۇقتا شۇكى،

ئىككىنچىسى، «قۇرئان كەرىم»گە قايتىشنى، ئىماننى پاكلاشتۇرۇشنى، ھەممە ئىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئەسلىي مەقسىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ «سائادەت دەۋرى» دىكى، يەنى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پاك سىياسىيسىنى ئۈلگە قىلىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامانغا كەلگەندە ئاشۇ تەشەببۇسلاردا نۇرغۇن سۈپەت ئۆزگىرىشلىرى بولدى دەپ قارايدۇ.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئىسلامىزم نەزەرىيىسى ئوتتۇرا ئەسىردىكى «شەيخۇل ئىسلام» دەپ ئاتالغان تەقىيۇددىن ئەھمەد ئىبنى تەيمىيە (1263 — 1328)نىڭ تەلىماتىدىن كەلگەن. ئىبنى تەيمىيە بولسا ھەنبەلى (780 — 855)نىڭ ئەھلى فىقھەسى بولۇپ، شۇ مەزھەپنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ۋە يېتۈك ئالىمى ئىدى. سۈننىي مەزھىپىدە شافىيە، ھەنەفىيە، مالىكىيە ۋە ھەنبەلىيەدىن ئىبارەت تۆت ئەھلى فىقھە بولۇپ، ھەنبەلىيە ئەڭ كېيىن بارلىققا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ ئەسلىي مەقسىتىگە ئەڭ قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. شۇڭا ئەزەلدىن ئەڭ دوگما، ئەڭ مۇتەئەسسىپ، كونىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىلەر دەپ ئاتىلىپ كەلدى. بىزنىڭچە، قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتىش، ئىماننى پاكلاشتۇرۇش، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئەسلىي مەقسىتىگە ئەمەل قىلىش، شەرىئەتنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنىڭ مەنبەلىرى توغرىسىدىكى بايانلار مۇئەييەن داۋلىغا ئىگە. لېكىن ئۇلار مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرگەن، ئەگەر ئومۇمىيۈزلۈك قارىغان بولسا، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتە كۆپ مەنبەلىك ئىدى. ئىبنى تەيمىيە تەلىماتىنى بۇ يەردە تونۇشتۇرمايمىز. كېيىن ۋەھابىيلارنىڭ تەشەببۇسلىرى ئۈستىدە

تۇختالغاندا، ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ ئاساسىي روھى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ.

## § 2. يېقىنقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسى

يېقىنقى زامان ئىسلام جەمئىيىتىدە، بولۇپمۇ XVIII ئەسىردىن كېيىن چۇشكۇنلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلدى: ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچ ئىمپېرىيە — تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيىسى (1299 — 1924)، پېرسىيە سەفەۋىلەر ئىمپېرىيىسى (1502 — 1722 يىلغىچە، 1729 — 1736 يىلغىچە)، ھىندىستاندىكى تۈرك موغول ئىمپېرىيىسى (1658 — 1857) يوقالدى ياكى يىمىرىلىپ كەتتى. ياۋروپا مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئالدىدا، ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى ياكى ئۇلارغا قاراشلىق ئۆلكىلەر غەربنىڭ مۇستەملىكىسى ياكى يېرىم مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى، مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، جايلاردا خەلقلەر قوزغىلىپ، تىغ ئۇچىنى فېئوداللىق جاھالەت ھۆكۈمرانلىرىغا قاراتتى. كېيىنرەك ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرىدىغان ھەرىكەتكە ۋە يات مىللەتلەرنىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى تۇرىدىغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بولۇپ تەرەققىي قىلدى. بۇ ئامىلۋى كۈرەشلەر XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئىسلام جەمئىيىتى، تەرەققىياتىنىڭ چۇشكۇنلىشىش، غەپلەتتە قېلىشتىن ئويغىنىش ۋە كۈرەش قىلىشقا يۈزلىنىپ، جەمئىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدىغان تارىخىي مۇساپىنى باشلىدى. ئىسلامىزم مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە قايتا باش كۆتۈرۈپ، يېقىنقى زامان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاساسلىق ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئەينى چاغدا ئىسلامىزم پىكىر ئېقىمى بىلەن دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمى جەمئىيەتتە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئىسلامىزملىق پىكىر ئېقىمى ئىسلام ئېتىقادىنى پاكلاشتۇرۇشنى، ئىسلام دىنىنى ۋە ئىسلام مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ پىكىر ئېقىمى ئىچكى جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىدۇ: ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ۋەھھابىيلار ۋەكىللىكىدىكى مۇتەئەسسىپلەر كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ مىسىردىكى مودېرنىزمچىلار ۋەكىللىكىدىكى يېڭىلىق تەرەپدارلىرى «قۇرئان كەرىم»گە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، ئىسلاھات قىلىشنىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئالدىنقىسى، كۆپ قېتىم كۈچىيىپ ۋە ئاجىزلاپ، ئاخىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ساقلىنىپ قېلىپ، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ئىخلاس قىلىدىغان مەزھەپ بولۇپ قالدى. كېيىنكىسى، دۇنيادىن يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ بارلىققا كېلىش بېشارىتى بولدى.

دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمى شەكىللىنىش باسقۇچىدا مىسىردىكى مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمىنى ۋەكىل قىلدى. ئۇ ئىسلام مودېرنىزمىنىڭ ئاساسچىسى جامالىددىن ئافغانىنىڭ مەرىپەتچىلىك تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ 1 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىرى ۋە تايانچلىرى بولغان ئەرابى، ئەل بارۇدى، مۇھەممەد ئابدۇ، زەغرۇل ۋە كامىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جامالىددىن ئافغانىنىڭ شاگىرتلىرى ياكى ئۇنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان يېقىن دوستلىرى. بۇ پىكىر ئېقىمى جاپا ـ مۇشەققەت، ئەگرى ـ توقايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن بۈگۈنگىچە ھازىرقى زاماندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللەتچىلىك ، مەسىلەن ، كامالىزم ، ناسىرىزم ۋە ھەر خىل نامدىكى ئەرەب سوتسىيالىزمى ، ئىسلام سوتسىيالىزمى بولۇپ تەرەققىي قىلىپ ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى . بۈگۈنكى كۈندە بولسا ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ ئېغىر خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە .

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئاۋۋال يېقىنقى زامان ئىسلامىزم پىكىر ئېقىمىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ نەزەرىيە تەشەببۇسلىرىنى مۇھاكىمە قىلىمىز .

## 1 . ۋەھھابىيلارنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسى

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاب (1703 — 1792) ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تۇغۇلغان . كىچىكىدىن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنى پىششىق ئوقۇغان ، فىقھەنى پۇختا ئىگىلىگەن ، ھەنبەلى فىقھىيەسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئىبنى تەيمىيەنىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ ، ئۆزى ۋەھھابىي ئەقىدىسىنى بەرپا قىلىپ ، «ئىلمىي تەۋھىد» ناملىق كىتابىدا ئۆزىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسىنى بايان قىلغان . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ۋە تۈركىيىدە بىدئەتلىك يامراپ كەتكەن ، مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلغان ئىسلام دىنى توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەن . شۇڭا بىدئەتلىكنى پۈتۈنلەي تازىلاپ ، ھەممە ئىشتا «قۇرئان كەرىم» گە ۋە ھەدىسكە قايتىپ كېلىش ، ئىماننى پاكلاپ ، بىر ئاللاغا ئىمان ئېيتىش ، ئەۋلىيا ـ ماشايىقلارغا ، پەيغەمبەر مەقبەرىسىگە ، ئاتالمىش مۇقەددەس نەرسىلەرگە تىۋىنىپ مەدەت تىلەشكە قارشى تۇرۇش ، ئىلاھىيەتشۇناسلار ، پەيلاسوپلار ۋە تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئىسلام ئېتىقادىغا ۋە قۇرئان ، ھەدىسنى تەپسىر قىلىشىغا قارشى تۇرۇش لازىم . شەرىئەتنى قاتتىق بەجا كەلتۈرۈش ، تاماكا چېكىشنى ، ھاراق ئىچىشنى ، قىمار ئويناشنى ، زىنا قىلىشنى ،

مۇزىكا چېلىش ۋە ئۇسۇل ئويناشنى چەكلەش، پۇزۇر كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشنى، ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنى تاقاشنى چەكلەپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى توغرىلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى پاكلاشتۇرۇش لازىم. سىياسىي جەھەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئىسلامىيەتنىڭ توغرا يولىغا قايتىپ كېلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى جىھاد ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، تۈركلەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۆلەتنى دىن ئارقىلىق باشقۇرۇش لازىم.

ۋەھھابىيلار بىرمەھەل ئىسلامىزمنىڭ مەركىزى بولغان. شىمالىي ئافرىقىدىكى سەنۇسى ھەرىكىتى، ھىندىستاندىكى غازاتچىلار ھەرىكىتى ئۇنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى سۇدانىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنىڭ سۇداندىكى مەھدى ھەرىكىتىنى قۇرغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاب بىلەن ئانازا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىبنى سەئۇدى سىياسىي ۋە ھەربىي ئىتتىپاق تۈزگەن، ھەمدە قۇدا بولۇشۇش ئارقىلىق مۇناسىۋەتنى چىڭىتقان. ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا ئۇلار توختىماي ئىلگىرىلەپ، دۆلەتنى قولغا ئېلىشتەك غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئېغىر يېڭىلىپ، ۋەتەن بېشىغا ئاپەت كەلتۈرگەن مەغلۇبىيەتلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن. لېكىن، ئۇلار ئاخىر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، 1932 - يىلى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام دۆلىتى — سەئۇدى ئەرەبىستاننى قۇرغان، ۋەھھابىيلارمۇ بۇ پادىشاھلىقتىكى ئەتىۋارلىق مەزھەپ بولۇپ قالغان.

ئىسلام مودېرنىزمى يوقالغاندىن كېيىن، XX ئەسىرنىڭ

60 ـ يىللىرىغىچە ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە ۋەھھابىيلار يېتەكچىلىك قىلىپ ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىلىشىش ، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ، ئىسلامىيەتنىڭ خەلقئارالىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئۆزگىچە خاس غايەت زور رول ئوينىدى . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمغا پاناھگاھ بولدى ، ھەمدە ئۇنىڭ 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى قايتا كۆتۈرۈلۈشىگە ۋە تېز تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا ئىنتايىن قويۇق دىنىي كەيپىيات ۋە ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىپ بېرىپ ، سىياسىي ۋە ماددىي جەھەتلەردىن قوللىدى . 70 ـ يىللاردا ئىسلامىزم ھەرىكىتىدىكى ۋەھھابىيلارنىڭ يېتەكچى ئورنىنى ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ئالدى .

## 2 . ئىسلام مودېرنىزمچىلىرىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرى

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ، «ئالدىن بىلگۈچى ۋە ئالدىن سەزگۈچى» بەزى ئالىملار ، مەسىلەن ، جامالىددىن ئافغانى (1838 — 1897 ) ، مۇھەممەد ئابدۇ (1849 — 1905 ) ، رەشىد رىزا (1865 — 1935 )دەك ئۇچ ئەۋلاد ئۇستاز ۋە شاگىرتلار ئىسلام مودېرنىزمىنىڭ (ئىسلامنى دەۋرلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرىنىڭ ) ۋەكىللىرى بولدى . ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشتىن چۈشكۈنلىشىشى ، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكتىن ئاجىزلىشىشى ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سائادەتتىن زاۋالەتكە يۈزلىنىشى ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ غەلىبە قىلغان تۇرغۇلۇق مەغلۇپ بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب ئىچكى ئەنسىزلىك ۋە سىرتقى تاجاۋۇزچىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكى ، سىياسىي زۇلمەت ، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك ، ئىمان پاك بولماسلىق ، «قۇرئان كەرىم» ۋە

ھەدىستىن چەتنەپ كېتىش ، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق بولماسلىق ، مۇتەئەسسىپ ـ قالاقلىق ، ئىچكى ئەنسىزلىك بولسا ، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم قىلىنىپ ، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە بولۇپ قېلىپ ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچرىشى ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ قاتتىق زەربىگە ئۇچرىشى ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك زەربىگە ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ۋە سىرتقى تاجاۋۇزچىلىق بولدى . شۇڭا ، ئۇلار پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقلىشىش ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي روھىغا قايتىپ كېلىش ، ئىماننى پاكلاشتۇرۇش ، سىرتقى جەھەتتە مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ، ئىچكى جەھەتتە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىش ، غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ، مائارىپنى ، پەننى گۈللەندۈرۈش — نىجاتلىق يولى ، گۈللىنىش ئىستىقبالى دەپ تونۇلىدى .

ئۇلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ۋەھھابىيلار يېرىم ئارال مۇھىتىدا ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا يالغۇز قالغاچقا ، كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ ، يېڭىلاشنى ئويلانمايدۇ ، بۇھال ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جەمئىيەتكە ماس كېلىشى مۇمكىن ، لېكىن ئىسلامىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئانچە پايدىسى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ .

ئىسلام مودېرنىزمىنىڭ ئۈچ ۋەكىلىدىن بىرى بولغان جامالىددىن ئافغانى ئەڭ پېشقەدەم بولۇپ ، ئىسلامىزمنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تەسىرگە ئىگە شەخسلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . بەزىلەر ئۇنى ئافغانىستاندا تۇغۇلغان دېسە ، بەزىلىرى ئىراندا تۇغۇلغان دەيدۇ . ئۇ ھاياتىدا ئافغانىستاننىڭ باش ۋەزىرى ۋە ئىراننىڭ باش ۋەزىرى بولغان ، لېكىن ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى ئۇزۇن بولمىغان . تۈركىيىدە ئالىي دەرىجىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

ۋەزىپىدە بولغان . ئۇنىڭ مىسىردىكى سەككىز يىل دەرس ئۆتۈش پائالىيىتى ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى ئەڭ مول نەتىجىلىك ۋاقىتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئىسلام دىنى بۈيۈك پەيلاسوپى ، بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ، بۈيۈك مۇجەددىدى (جەدىتىزمچىسى ، يېڭىلىغۇچىسى ) ۋە بۈيۈك ئىنقىلابچىسى دەپ ئاتىلىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسىنى ۋە ئاساسلىق كۆرەش ئەمەلىيىتىنى تۆۋەندىكى بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

1 . پان ئىسلامىزمنى تەشەببۇس قىلدى

جامالىددىن ئافغانىنىڭ ھاياتىدا كىشىلەرگە قالدۇرغان گەۋدىلىك ۋە چوڭقۇر تەسىرى ئۇنىڭ «ئىسلام بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ، ھەمدە مۇشۇ يولدا باش ئەگمەي باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىش روھىدىن ئىبارەت . مۇشۇ ئىككى تەشەببۇس ئاساسىدا ، جامالىددىن ئافغانى سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ساھەدىكى بىرقاتار چوڭ مەسىلىلەردە پەيلاسوپنىڭ مەنتىقى چوڭقۇرلۇقى ۋە باتۇرلۇقىنى ، سىياسەتچىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە قەتئىيلىكىنى ، دىنىي ئىسلاھاتچىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئوچۇق ـ يورۇق خىسلىتىنى ئىپادىلىدى .

جامالىددىن ئافغانى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنى تۈرك ، ئەرەب ، پارس ، مىسىرلىق ، ماراكەشلىك دەپ ئايرىماي ، مەزھەپ ياكى ئىلمىي ئېقىم ئايرىماي ، ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ئىتتىپاقلىششقا چاقىردى . چۈنكى ، ئەينى چاغلاردا دۇنيادا دۆلەت ۋە رايون ھالقىغان كەسپىي ياكى سىياسىي خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىن ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلقئارا بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تېخىمۇ زۆرۈر ئاساسقا ۋە شەرت ـ شارائىتقا ئىگە

ئىكەنلىكىنى، بۇنداق بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ئورتاق دىنىي ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى باغلىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ تېرە رەڭگى، تىل، ئىرق ۋە مىللەت جەھەتلەردىكى باغلىنىشىدىن ھالقىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پان ئىسلامىزم ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ھەر بىر مۇسۇلمان دۆلىتى ۋە ھۆكۈمىتى، ھەتتا كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى قوبۇل قىلغان «ئىسلام بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» ئەڭ ياڭراق شوئارلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، كىمكى بۇ شوئارغا ئاشكارا قارشى چىقسا، ئاممىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى، ئامما تەرىپىدىن ئەيىبلەندى ۋە يېتىم قالدۇرۇلدى.

جامالىددىن ئافغانىنىڭ ئىسلام بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تەشەببۇس قىلىشتىكى مەقسىتى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قولنى قولغا تۇتۇپ قۇدرەتلىك ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇپ، بىر خەلىپىنى ئورتاق ھىمايە قىلىپ، ئۇنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، سىياسىي جەھەتتە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا، بولۇپمۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىنى، دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىنى تالان ـ تاراج ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بايلىقنىڭ مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، غەرب خرىستىئانلىرىنىڭ ئۇ بايلىقلارنى تۇگىتىۋېتىشىگە يول قويماسلىق، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، «ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى چەك چېشلىۋالغان ياۋروپالىقلارنىڭ چىشىنى چېقىۋېتىش»نى ئۇمىد قىلىش ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىسلام بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بىلەن مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىدە جامالىددىن ئافغانى مۇئەييەن تونۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

دەسلەپكى مەزگىللەردە جامالىددىن ئافغانى ئىسلام مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، «مىللەتچىلىك» قارىشىنى پەقەت قوبۇل قىلمىدى، «مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئۇلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدۇر»، ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقادى مىللەتچىلىكتىن ئوبدان، ئۇلار تايانغان پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ئاللا ھەقىقەتنى قوغداپ، رەزىللىكنى يوقىتالايدۇ. ئۇ مۇقەددەس ھوقۇققا ئىگە ئالىي ھۆكۈمراندۇر. شۇڭا، ئۇلارغا مىللەتچىلىك زۆرۈر ئەمەس، بەلكى ئۇنى قەلبىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشى لازىم. ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇلۇغ ئاللاغا خاستۇر» دەپ قارىدى.

كېيىن مۇستەملىكىچىلىككە ۋە پادىشاھلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى سىياسىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە جامالىددىن ئافغانى مىللەتچىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ رولىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. لېكىن، «دىنىي ئېتىقادتىكى باغلىنىشنىڭ مىللەت ۋە تىلدىكى باغلىنىشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» غانلىقىدا چىڭ تۇردى. كېيىن ئۇنىڭ تونۇشىدا يېڭى سەكرەش بولۇپ، پان ئىسلامىزم بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ «دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى»، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىجاناب ئىشلارنىڭ ماتورى بولۇپ، دۈشمەننى بويسۇندۇرىدىغان كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مىللەتچىلىكمۇ ئاللانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان تەبىئىيتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن، جامالىددىن ئافغانى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە دىققەت قىلدى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەمدە باشقا مىللەتلەرگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە

ياردەم بېرىشى كېرەكلىكىنى. لېكىن ئۇلارنى ئىسلام دىنى بويىچە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇردى. يۇقىرىقى تونۇش ئاساسىدا، ئەرەب مىللەتچىلىك كۆرىشىنى، ھىندىستان، پېرسىيە، مىسىر ۋە تۈركىيە خەلقلىرىنىڭ كۆرەشلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن قوللىدى. شۇڭا، بارغانلىكى يېرىدە مەرىپەت تەربىيىسىگە ۋە تەشۋىقى تەرغىبات خىزمىتىگە ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ، خەلقنى قوزغىلىپ، پادىشاھ مۇستەبىتلىكىگە ۋە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە رىغبەتلەندۈردى.

مىسىرغا بارغاندا، مىسىر خەلقى بولۇپمۇ مىسىر ياشلىرى ئارىسىدا ئىنقىلابنىڭ ئۇچقۇنىنى چاچتى. ئۇ مۇنداق نۇتۇق سۆزلىدى: «سىلەر مىسىرلىقلار قۇللۇق ئىچىدە چوڭ بولدۇڭلار، مۇستەبىتلىك ئاستىدا ياشىدىڭلار، سىلەرگە پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن بۇيان نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتتى. سىلەر بولساڭلار بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ زۇلۇمىغا چىداپ كەلدىڭلار، ئادالەتسىز تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا نالە قىلدىڭلار، ھۆكۈمەتتىڭلار سىلەرگە زوراۋانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، سىلەرنى خارلىدى، ۋەھالەنكى، سىلەر سەۋر قىلدىڭلار، ھەتتا رازىمەنلىك بىلەن سەۋر قىلدىڭلار؛ ھۆكۈمەتتىڭلار سىلەرنى قامچىلىدى، قېنىڭلاردىن ھاياتىڭلارنىڭ ئاملىلىرىنى ۋە ئۇرۇقلۇقىنى شۇمۇرۇۋالدى. ۋەھالەنكى، سىلەر بىپەرۋالىق قىلدىڭلار، مۇبادا تومۇرۇڭلاردا ھۆرلۈك ئۇچۇن ئېقىنۋاتقان بىر تامچە قان بولسىلا، كاللاڭلاردا ئىپتىخارلىق ۋە قىزغىنلىق قوزغىيالايدىغان نېرۋىلار بولسىلا، شەكسىزكى، سىلەر بۇنداق خارلىقنى ياقتۇرمايسىلەر، يەتتە ئېگىلىپ، توققۇز پۈكۈلۈپ، دېمىڭلارنى ئىچىڭلارغا يۇتۇپ ياشىمايسىلەر! چوغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرمايسىلەر، سىلەرگە ھۆكۈمرانلار نۆۋەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى، گرېكلار،

رىملىقلار ، پارسلار ، كېيىن ئەرەبلەر ··· ئاچ كۆزلۈك پىچىقى بىلەن تېرەڭلەرنى سويۇپ ، زوراۋانلىق قوراللىرى بىلەن سۆڭەكلىرىنى مۇجۇۋاتىدۇ . سىلەر بولساڭلار قۇملۇققا تاشلىۋېتىلگەن تاشتەك ھېسسىياتسىز ، ساداسىز يۈرۈۋاتىسىلەر .

قاراڭلار ! ئاۋۇ ئېگىز كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەلئېھرامغا ، مىمفىس ئىبادەتخانىسىغا ، لۇكسور خارابىلىقىغا ، سىۋا تاش ئابىدىسىگە ، دىميات قەلئەسىگە ، بۇلار ئەجدادلىرىڭلارنىڭ قۇدرىتى ۋە ھۆرمىتىنىڭ سىمۋولىدۇر ! ···

بىپەرۋالىقتىن دەس تۇرۇڭلار ! غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىڭلار ! ئۆزۈڭلاردىكى نادانلىق ۋە چۈشكۈنلۈكنى چۆرۈۋېتىڭلار ، مۇستەبىتلەرنىڭ كۆكسىنى يەرنى ئاغدۇرغاندەك يېرىڭلار ، يا باشقا مىللەتلەردەك ئەركىن ، بەختىيار ياشاڭلار ، يا باتۇرلۇق بىلەن شېھىت بولۇپ ، ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇڭلار ! »

ئۇ ھىندىستانغا بېرىپ ، ھىندى خەلقىغە مۇنداق دېدى : «ئەي ، ھىندىلار ! ھەقىقەت ۋە ئادالەت بىلەن قەسەم بېرىمەنكى ، ئەگەر سىلەر — سىلەر نەچچە يۈز مىليون خەلق — بىر توپ ئاڭقاۋ چىۋىن بولساڭلار ، سىلەردىكى نەچچە ئون مىڭ ئەنگلىيىلىك ۋە سىلەرنىڭ مۇستەقىللىقىڭلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ، بايلىقىڭلارنى قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇلار ئاراڭلاردىن ياللىۋالغان كىشىلەر بىلەن خاتىرجەم ئېغىز - بۇرۇن يالىشىدۇ . مۇبادا مەن كۆتكەندەك بىر توپ زېرەك چىۋىن بولساڭلار ئىدى ، ۋىڭىلدىغان ئاۋازىڭلار برىتانىيىنىڭ قۇلىقىنى پاك قىلىۋېتەلەيدۇ . ئەنگلىيە باش ۋەزىرى گىلادىستوننىڭ قۇلىقىنى پاك قىلىۋېتەلەيدۇ . مۇبادا سىلەرنى — نەچچە يۈز مىليون ھىندىنى ئاللا بىر توپ تاشپاقىغا ئايلاندۇرۇۋەتسە ، دېڭىزدا ئۈزۈپ برىتانىيىگە بېرىپ ئۇ ئارالنى قورشىۋالساڭلار ، ئۇلارنى چوقۇم دېڭىز تەكتىگە سۆرەپ غەرق قىلىۋېتىپ ئۆزۈڭلەر

ھۆر ھالەتتە ھىندىستانغا قايتىپ كېلەلەيسىلەر .»

يۇقىرىقى ئىككى ئابزاس سۆزدىن جامالىددىن ئافغانىي تەشەببۇس قىلغان «ئىسلام بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى»نىڭ مەزمۇنى مىللەتلەرنىڭ ئويغىنىشى، مىللەتلەرنىڭ كۈرەش قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . مانا بۇ جامالىددىن ئافغانىنىڭ كۆڭلىدىكى ۋە ئەمەلىيىتىدىكى پان ئىسلامىزم بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر .

جامالىددىن ئافغانى پان ئىسلامىزم شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى مەزھەپلەرنىڭ كۆپىيىپ، چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەھۋالىنى تۈگىتىپ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسى — غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك خەلىپە ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان . ئۇ ۋەزىپىنىڭ ئېغىر، يولىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى، ھەرتەرەپتىن — مۇستەملىكىچىلىكتىن، فېئودال خاندانلىقتىن، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەردىن ۋە دىنىي مەزھەپلەردىن كېلىدىغان بېسىم ۋە زىيانكەشلىكنى ئۇستىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلگەن؛ لېكىن قىلچە قورقماستىن، ئاخىرقى نەپىسىگىچە باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان .

## 2 . مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇردى

جامالىددىن ئافغانىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىغا نەزەر سالساق، ئۇ، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تاجاۋۇزى، ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرۇشنى ۋە ئۇنى يوقىتىشنى ھاياتىدىكى مەقسەتلىرىنىڭ بىرى قىلغان . ئۇنىڭ شەرقنىڭ ئويغاتقۇچىسى، پەيلاسوپى، بۈيۈك جەدىتىزمچىسى، بۈيۈك ئىنقىلابچىسى دەپ تەرىپلىنىشى ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى ئالىيجاناب ئىنتىلىشىدىن ئايرىلمايدۇ .

www.uyghurkitap.com

جامالىددىن ئافغانى ئافغانىستاندا چوڭ بولدى ، ياش ۋاقتىدا پېرسىيە ، ئىراق ، ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئافغانىستانغا ئوخشاش ، مۇستەقىللىق ۋە ھۆرلۈكتىن مەھرۇم قىلىنىپ ، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ، ئىنتايىن نامرات - قالاق ئىكەنلىكىنى ، ئەينى چاغلاردا ئۈچ قىتئەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ خارابلاشقانلىقىنى ، مۇسۇلمان بۇرادەرلەرنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ، نىجاتكار مەھدىنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىغا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئاڭلىدى .

جامالىددىن ئافغانىنىڭ قارىشىچە ، بۇ غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى ، بولۇپمۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تاجاۋۇزى ، ھۆكۈمرانلىقى ، تالان - تاراج قىلىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى بۇ ئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىدى . شۇڭا ئۇ مۇسۇلمان بۇرادەرلەرنى ئويغىتىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئاپەت مەنبەسىنى يوقىتىپ ، مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئىسلام دۆلەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىدى .

ئۇ مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك سوۋغات ئەمەس ، ئۇنىڭ تەقدىم قىلىنىشىنى كۈتۈپ يېتىشقا بولمايدۇ ، ئۆزگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ دەپ قارىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقلىقلەر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ، ئوغۇللىرى - قىزلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەھىمە ۋە خۇشامەتچىلىكنىڭ نىقابىنى يىرتىۋېتىپ ، قۇللۇقنى ئەيىبلىگەن ، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان باشقا مىللەتلەردەك ، كۈرەش قىلىشنىڭ قوراللىرىنى تەييار قىلالايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن .

جامالىددىن ئافغانى ئىستراتېگىيە جەھەتتە دۈشمەننى مەنسىتمىدى ، كۈچلۈك دۈشمەننى پاخال ئورنىدا كۆردى ، ئۇ ئىنگلىزلار نېمىتى دېدى . كۈچلۈكلەرنىڭ ھوقۇقىغا چېقىلىپ ،

مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرەشتە ئەزەلدىن قورقماي، ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى يېڭىپ كۆرەش قىلدى.

كۆرەش تاكتىكىسىدا تەشۋىقى تەربىيىگە، كۆرەشنىڭ تايانچىلىرىنى ۋە داھىيلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە، سىياسىي پارتىيە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، كۆرەشنى تەشكىللىك، پروگراممىلىق قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنى يېتەكلەپ ئالغا باستى، ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى قوراللىق كۆرەش تەجرىبىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. جامالىددىن ئافغانى ھىندىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا مىسىردىكى گېنېرال ئەرەبى رەھبەرلىك قىلغان ئەنگلىيىگە قارشى كۆرەشنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مىسىرلىقلارنى خەلق ئۇرۇشى قىلىشقا، ئافغانىستان خەلقىنى ئۈلگە قىلىپ، ۋەتەننى چەت ئەللىك دۈشمەن قولىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا رىغبەتلەندۈردى. جامالىددىن ئافغانىنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ سىياسىي كۆرەش ئەمەلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەربىي ئىشلار كۆرىشىدە تەجرىبىسىز ئىدى. دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇۋېتىش نىيىتىدە بولماي، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇننى ئىسلاھ قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقتىن، پادىشاھقا ناھايىتى چوڭ ئۈمىد باغلاپ، پادىشاھ دېموكراتىك سىياسەت ئىسلاھاتىغا ماقۇل بولىدۇ، مۇستەملىكىچىلىككە ئورتاق قارشى تۇرىدۇ دەپ قاراپ، پادىشاھلارنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مىسىر، پېرسىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى تەرىپىدىن ئالداندى. شۇ سەۋەبتىن، ھەر قېتىملىق ئىنقىلابىي كۆرەشتە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ئاخىر تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلھەمىد تەرىپىدىن ئۇزۇن مۇددەت نەزەربەند قىلىنىپ، نامراتلىق ۋە كېسەللىك ئازابىدا «ئاللا، ئاللا» دېگەن نىدا ئىچىدە كۆز يۇمدى.

uyghurkitap.com

### 3 . سىياسىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ، مىسىر ، ھەتتا ئوتتۇرا شەرق تارىخىدا سىياسىي پارتىيىلەر پائالىيىتىنى باشلىدى

ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىدا ئاشكارا ياكى مەخپىي ، دىنىي ياكى سىياسىي خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرا ئەسىردىلا پەيدا بولغان . لېكىن ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مىسىردىكى «ھۆر ۋەتەن پارتىيىسى»نى مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە (ئېنىق سىياسىي پروگراممىغا ، قاتتىق تەشكىلىي نىزامنامىغا ئىگە ، تەشكىلىي رەھبەرلىكى بولغان سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرغان ) تۇنجى سىياسىي پارتىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ پارتىيە جامالىددىن ئافغانىنىڭ تەربىيىسى ۋە بىۋاستە رەھبەرلىكىدە 1878 - يىلى قۇرۇلغان . ئۇ «مىسىر — مىسىرلىقلارنىڭ مىسىرى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مىسىر خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكى ، تۈركىيە مېتروپولىيىسى① ۋە ئەلى ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ ھۆكۈمرانلىقتىن قۇتۇلۇپ ، مۇستەقىللىق ، ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ، يېقىنقى زاماندىكى مىسىر مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتى ۋە رەھبىرى بولدى . ئەرەبىنىڭ 1881 - يىلى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە زەربە بېرىش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرىشىنىڭ ئىدىيە ، جامائەت پىكرى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىك جەھەتلەردىكى تەييارلىقىنى ئىشلىدى . بۇ قوراللىق كۈرەش كېيىن باستۇرۇۋېتىلدى . لېكىن بۇ كۈرەش مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ سىگنالىنى ياڭراتتى . ئۇ ئىپادىلىگەن تاجاۋۇزچىلارغا باتۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىدىغان مىللىي كۈرەش روھى مىسىر خەلقىنىڭ ئالغا بېسىشىغا مەڭگۈلۈك ئىلھام بولدى . قوراللىق زەربە بېرىش كۈرىشى

① باشقا دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىپ ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرغان ھەم ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان دۆلەت .

پارتلاشتىن ئىلگىرى جامالىددىن ئافغانى ئىشەنگەن ۋە قوللىغان شاھزادە تەۋپىق تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، جامالىددىن ئافغانىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىپ ، ھىندىستانغا ئاپىرىۋەتتى . ۋەھالەنكى ، جامالىددىن ئافغانىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى بۇ ئۇلۇغ قوراللىق كۈرەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە روھى بولغانلىقى ھەممە ئېتىراپ قىلغان تارىخىي پاكىتتۇر .

جامالىددىن ئافغانى ھاياتىدىكى پائالىيەتلىرىدە ئاساسلىقى ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە سىياسىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللاندى . شۇڭا ئۇ پارتىيە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى . سىياسىي پارتىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىشقا ، سىياسىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى .

جامالىددىن ئافغانى مىسىردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ، ھىندىستاندا نەزەربەند قىلىندى . 1883 - يىلى ئەركىنلىككە چىققاندىن كېيىن ، پارىژغا بېرىپ ، ئۇ يەردە يوشۇرۇن تەشكىلات — «ئەل ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا» (بوزۇلماس مۇناسىۋەت جەمئىيىتى )نى قۇردى ، ھەمدە شۇ نامدا ئەرەب تىلىدا ھەپتىلىك گېزىت نەشر قىلدى . بۇ گېزىت جامالىددىن ئافغانىنىڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلدى . ئۇنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ئابدۇ مەسئۇل مۇھەررىر بولدى . ئەمەلىيەتتە بۇ گېزىت مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ ، ئىسلام دۆلەتلىرىگە تارقىتىلدى . بۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى ۋە تەشكىلىي نىزامنامىسى بولۇپ ، نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىدە مەخپىي شۆبە جەمئىيەتلەرنى قۇردى . شۇڭا بۇ جەمئىيەت دۆلەت ھالقىغان سىياسىي پارتىيە بولدى . ئۈچ يىلدىن كېيىن گېزىتى فرانسىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن پېچەتلەندى . جامالىددىن ئافغانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن مۇھەممەد ئابدۇ پارىژدىن ئايرىلدى ھەمدە قاراشلىرىدىكى مەلۇم پەرق تۈپەيلى سىياسىي جەھەتتە ئايرىم ـ ئايرىم يولغا ماڭدى .

جامالىددىن ئافغانى سىياسىي پارتىيە قۇرۇش — ئىدىيىۋى تەشۋىقاتنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى ، سىياسىي تەشەببۇسنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، سىياسىي غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى دەپ قارىدى . ئۇنىڭ «بۇزۇلماس مۇناسىۋەت جەمئىيىتى» 1893 ـ يىلى قۇرۇلغان ئەنگلىيە مۇستەقىل لېيبورىستلار پارتىيىسىدىن 10 يىل بۇرۇن ، 1898 ـ يىلى قۇرۇلغان رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىدىن 15 يىل بۇرۇن قۇرۇلغانىدى . ئۇنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسى خېلى مۇكەممەل بولۇپ ، ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمچى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى بىر قەدەر پىشقان تارىخىي تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەت ئەندىزىسى بىلەن تەمىنلىدى .

4 . ئىسلام دىنى ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدا

جامالىددىن ئافغانى ياشىغان دەۋردە سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى پىكىر ئېقىمى ياۋروپادا كەڭ تارقالغانىدى . ئۇ ئىسلام دىنى ئالىمى ۋە ئىسلاھاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ پىكىر ئېقىمىغا ئىسلام مەيدانىدا تۇرۇپ قانداق قاراش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى .

جامالىددىن ئافغانىنىڭ پوزىتسىيىسى ئومۇمەن مۇنداق بولدى : ماركس بىلەن ئېنگېلس ياراتقان ئىلمىي سوتسىيالىزمغا قارشى تۇردى ؛ خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ۋە خۇداغا ئېتىقاد قىلىش (خرىستىئان دىنى)نى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇرژۇئا سوتسىيالىزمغا مايىل بولدى ؛ بۇ خىل سوتسىيالىزمنى قوبۇل قىلىش ، ھەمدە ئۇنى ئىسلاملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، قاتتىق باش قاتۇرۇپ ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىن بەزى «ئاساس»لارنى تېپىپ ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم

پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى، ھەمدە قەدىمكى ئىسلام جەمئىيىتىدە يولغا قويۇلغانلىقىنى، مانا بۇنىڭ ئىسلام سوتسىيالىزمى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى.

جامالىددىن ئافغانىنىڭ ئىسلام سوتسىيالىزمى نەزەرىيىسى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

1) ئىككى خىل سوتسىيالىزمغا مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق بولدى

جامالىددىن ئافغانى 1880 ـ يىلى ھىندىستاندا نەزەربەند قىلىنغاندا، ھىندىستاندا ئىسلام ئېتىقادىغا قارشى دولقۇن پەيدا بولدى. بۇنى كۆزدە تۇتقان جامالىددىن ئافغانى دەرھال «ماتېرىيالىزمچىلارغا رەددىيە» ناملىق ئەسەر ئېلان قىلىپ، ئەينى چاغلاردا دۇنيادا ئېقىۋاتقان سوتسىيالىزم، نىگىلىزم[1] ۋە (ئىلمىي) سوتسىيالىزمنى تەنقىدلىدى. ئۇ دىنىي ئېتىقادنى ئاساس قىلىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزمغا مەركەزلىك ۋە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى: «ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ھەممە نېمىگە ئورتاق ئىگە بولۇشقا يول قويىدۇ، ئۇ نۇرغۇن جانلارنى يوقاتتى! نۇرغۇن بىنالارنى ۋەيران قىلدى! شۇنچە كۆپ مەدەنىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى! نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى قوزغىدى! ئۆزىنىڭ قانچىلىك چىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى! ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ رەزىل نەلىپىگە يېتىشنى مەقسەت قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە زېمىندىكى ھەممە گۈزەل نەرسىلەرنى تەبىئەت دۇنياسى ئاتا قىلغانمىش، دىن ۋە بايلىق تەبىئەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان ئىككى توساق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ‹ھەممە نېمىگە

---

[1] ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، مىللىي مەدەنىيەتنى، ھەتتا ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورتاق ئىگە بولۇش ،تىن ئىبارەت مۇقەددەس قانۇنىيەتنى تارقىتىشتا توسالغۇ بولۇۋاتقانمىش . ئۇلار بىمەنە خىياللارنى تارقىتىشتى . شۇڭا ، ياۋروپانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ، بولۇپمۇ چارروسىيىدە ئۇلارنىڭ پارتىيە ـ گۇرۇھلىرى قۇرۇلدى . شۈبھىسىزكى ، ئۇلارنىڭ بۇ پارتىيە ـ گۇرۇھلىرى كۈچىيىۋالسا ، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ . ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن . ئۇلارنىڭ ئاپىتىدىن ئاللا بىزنى ساقلىسۇن .»

جامالىددىن ئافغانىنىڭ قارىشىچە ، ئىشچىلار ۋە نامراتلار بۇرژۇئازىيىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق ئەسەبىي پوزىتسىيە قوللانغان . بۇرژۇئازىيە ئۇلارنى ھوقۇقىدىن ھەددىدىن زىيادە مەھرۇم قىلىپ ، مەھرۇم قىلىنغۇچىلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئىنكاسىنى پەيدا قىلغان . لېكىن ، جامالىددىن ئافغانى ئۆچ ئېلىشنى ، چېكىدىن ئاشقان ئۆچ ئېلىشنى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن .

جامالىددىن ئافغانى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ۋە سىنىپىي ئىمتىيازنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن ، ئىلمىي سوتسىيالىزم غەلىبە قىلسا ، «ئىنسانىيەت مۇشۇنداق بۇرمىلانغان شەكىلدە ياشايدۇ ، ھەممە ئېسىل شەيئىلەر ، ھەممە كاتتا سەنئەتلەر تۈنجۇقتۇرۇۋېتىلىدۇ ، ئىنسانىيەت ئىدىيىسىنىڭ نۇرى پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ ئىز قالمايدۇ . ئىسانىيەت ھەممە تاشقى ۋە ئىچكى گۈزەللىكنى ، شەكىل ۋە روھىيەت گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ . تەبىئىكى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئالاھىدىلىكى ئۆزى بايلىققا ئىگە بولۇش ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت . مانا مۇشۇ ئىككى ئالاھىدىلىك كىشىلەرنى رىقابەتكە ، مۇسابىقىغە قوزغايدۇ ؛ ئەگەر بۇ ئىككى ئالاھىدىلىكتىن مەھرۇم قىلىنسا ، ئۇلاردا يۇقىرى ئۆرلەش نىيىتى بولمايدۇ ، مەۋجۇداتلارنىڭ سىرىنى ئېچىشقا باش

قاتتۇرمايدۇ . ئىنسانىيەت هايۋان كەبى تۇرمۇش كەچۈرىدۇ » دەپ پەرەز قىلىدۇ .

يۇقىرىقى ستاتىستىكىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، جامالىددىن ئافغانى ئىسلام مەيدانىنى ۋە يېقىندىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە مەيدانىنى ئاساس قىلىپ ، سوتسىيالىستىك ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئورنىغا دەسسەپ جەمئىيەت ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا قارا چاپلايدۇ ۋە هۇجۇم قىلىدۇ . هەتتا ئىلمىي سوتسىيالىزمغا قانداقتۇ «قىرىۋېتىدۇ» ، «ۋەيران قىلىدۇ» ، «بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ» دېگەندەك يوقىلاڭ بەتنامىلارنى توقۇپ چىقىشتىن يالتايمايدۇ . هەتتا ، «ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى تۈپەيلىدىن ئاپەت خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ» دەپ پەرەز قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ ، ئەقلىنى يوقىتىپ ، پاكىتقا پەرۋا قىلماي ، تۆهمەت قىلغان . قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ، مۇشۇنداق چوڭ ئالىم ، چوڭ سىياسەتچىنىڭ ئاغزىدىن بەتنام توقۇيدىغان گەپلەر چىقماسلىقى كېرەك ئىدى . ۋەهالەنكى ، بۇلار تەقۋادار دىنىي ئالىم جامالىددىن ئافغانىنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى ۋە يېقىندىن باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇرژۇئا سىياسەتچىسىنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى . قىزىقارلىقى شۇكى ، ئۇنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسى ۋە كۆز قاراشلىرىغا هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بەزى مەشهۇر داهىيلىرى سادىقلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇردى . هەقىقەتەن «تومۇرداش» دېيىش كېرەك .

2 ) ئىسلام سوتسىيالىزمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى

جامالىددىن ئافغانىنىڭ نەزىرىدە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسلام جەمئىيىتى (سائادەت دەۋرى ) تۇنجى ئىسلام سوتسىيالىزم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جەمئىيتى بولۇپ، بۇ خىل جەمئىيەت ئەندىزىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق: ئۇ ئىسلام دىنى بىلەن ئەينى چاغدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى بىر گەۋدە قىلىنغان بىر خىل سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بولۇپ، ھەددىدىن ئارتۇق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىشتەك چېكىدىن ئاشقان ئىنكاس ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئەمەس؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەتكە تولغان جەمئىيەتتىن ئىبارەت. «شۇڭا، قىلچە ئەجەبلىنەرلىكى يوقكى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، مۇھاجىرلاردىن كېلىپ چىققان ئۇلۇغ خەلىپىلەر سوتسىيالىزمنىڭ تۇنجى تۇركۇمدىكى ئەمەلىيەتچى ئۈتكۈزگۈچىلىرى ۋە ئەڭ چوڭ تەشۋىقاتچىلىرى بولۇپ يېتىلدى.»①

جامالىددىن ئافغانى ئۇ ھەقتە بىر قاتار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شەرھلەپ بولۇپ ئاخىرىدا ئۇزۇپ مۇنداق دېدى: ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى «ئەڭ ساغلام، ئەڭ مۇۋاپىق جەمئىيەت ئەندىزىسىدۇر»، «ئىسلام سوتسىيالىزمىنىڭ روھىغا ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا خىلاپ ھەممە سوتسىيالىزمنىڭ ئاقىۋىتى چوڭ مالىمانچىلىق بولۇپ، بىگۇناھلارنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاقىدۇ.»②

ئىسلامنىڭ سوتسىيالىزم روھى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرى جامالىددىن ئافغانىنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتتە سىنىپ، سىنىپىي پەرق ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. سىنىپ ۋە سىنىپىي پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىجتىمائىي تەرتىپنى تىكلەشتە تايىنىدىغان ئاساس.

① «جامالىددىن ئافغانى ئەسەرلىرى»، 214 ـ بەت، مۇھەممەد ھەمرانىڭ «جامالىددىن ئافغانى — شەرقنىڭ ئويغاتقۇچىسى ۋە ئىسلام پەيلاسوپى»، شەرق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 2 ـ نەشرى، 202 ـ بەت.

② «جامالىددىن ئافغانى ئەسەرلىرى»، 218 ـ بەت.

بولىدۇ ، سىنىپىي زىددىيەتلەرنى بولسا ، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ۋە دىنىي قېرىنداشلارنىڭ دوستلۇق ياردىمى ، ئىجتىمائىي بايلىق تەقسىماتىنى تەڭشەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ .

سىنىپىي زىددىيەتلەرنى كونكرېت ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا ، ئۇ بىر تەرەپتىن ، ئىدىيە جەھەتتە شۇنداق قاراشتا بولىدۇكى ، نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇقەددەس ھەقىقەت . بايلار شۇنىڭ ئۈچۈن باي بولىدۇكى ، چۈنكى ئۇلار ئاللا بەرگەن ئىقتىداردىن پايدىلىنىپ بايلىق يارىتىپ بېيىيالايدۇ ، ئۇلارنىڭ بېيىشى ئەقىلگە ۋە قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىدۇ ؛ نامراتلار شۇنىڭ ئۈچۈن نامرات بولىدۇكى ، ئۇلار ئاللا بەرگەن قابىلىيەت بىلەن بايلىق يارىتالمايدۇ ، شۇڭا نامرات بولۇشى ئۆزىدىن ، باشقىلاردىن ئاغرىنىشنىڭ ئورنى يوق . شۇنىڭ بىلەن ، بايلار بايلىقىدىن بەھرىمەن بولسا ، نامراتلار نامرات بولسا ، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىم بولىدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ، ئىقتىسادىي يول بىلەن زىددىيەتنى پەسەيتىش كېرەك ، ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مېھرىبانلىق ، كۆيۈنۈش ، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان دىنىي قېرىنداشلىق روھى بولۇشنى ، زاكاتنى ئادا قىلىشنى ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى يۆلەشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم . بولۇپمۇ ، زاكات تۈزۈمىنى بېكىتىش ، زاكاتتىن ئىبارەت پەرھىزنى چوقۇم ئادا قىلىش لازىم . بۇ «پەرھىز — ئىسلامنىڭ سوتسىيالىزمى ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ تۈۋرۈكىدۇر»[1] ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتۇشتىكى مۇھىم مەقسەتلەرنىڭ بىرى بايلارغا ئاچلىقنىڭ ئازابىنى تېتىتىپ ، ئۇلاردا تېخىمۇ كۆپ ھېسداشلىق قوزغاپ ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا زاكات بېرىدىغان ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىدىغان

---

① ئابدۇراخمان راپىل : «جامالىددىن ئافغانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ، قاھىرە بىلىم نەشرىياتى ، 1991 ـ يىلى ، 2 ـ نەشرى ، 158 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن ئىبارەت . زاكاتنىڭ ماھىيىتى جەمئىيەت بايلىقىنى بىر خىل قايتا تەقسىم قىلىش بولۇپ ، بايلارنى دىنىي مەقسەتنى ئاساس قىلىپ بىر قىسىم بايلىقنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش فوندى قىلىشقا بەرگۈزۈپ ، ئاللانىڭ مۇددىئاسىنى ئىجرا قىلىپ ، دىلى يايراپ ، ئاخىرەتتە ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولىمەن دەيدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ . بايلار بەرگەن زاكات ۋە سەدىقىدىن نامراتلار بەھرى ئېلىپ ، بۇنى ئاللانىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىلتىپاتى دەپ بىلىپ ، ئاللادىن مىننەتدار بولىدۇ ، سەدىقە قىلغۇچىغا قەرزدار بولۇپ قالغان تۇيغۇدا بولمايدۇ . قىسقىسى ، ئىككى تەرەپ ئاللانىڭ مۇددىئاسىنى ئىجرا قىلىپ ، پۇلى بارلار پۇل بېرىدۇ ، پۇلى يوقلار ياردەمگە ئىگە بولىدۇ . «ئىككى تەرەپ تەڭ رازى» بولىدۇ . سىنىپلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ مۇھەببىتى»گە ئايلىنىدۇ . ئىسلام سوتسىيالىزمىنىڭ مېھرىبانلىق روھىنىڭ تەسىرىدە ، قېرىنداش دېگەن بىر ئېغىز سۆز سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى خەندەكنى تىندۇرۇپ ، «ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقان چېكىدىن ئاشقان سوتسىيالىستىك سىنىپلار» مۇلايىم ، ئىتائەتچان ، شۈكرى ـ قانائەت قىلىدىغان سىنىپ بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، جەمئىيەت تەرتىپى ئۇزۇنغىچە مۇقىم بولۇپ ، جاھان مەڭگۈ تىنچ بولىدۇ .

يۇقىرىقى تونۇشتۇرۇشلاردىن جامالىددىن ئافغانى تەشەببۇس قىلغان ئىسلام سوتسىيالىزمىنىڭ تۆۋەندىكى ماھىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ : خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى قوغدايدۇ ، بايلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ ، ئىسلام دىنىنىڭ نامى ئاستىدا سىنىپىي مۇرەسسە شەكلى بىلەن سىنىپىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ ، نامراتلارنى خاتىرجەم قىلىپ ، ئۇنىڭ سىنىپىي ئۆچ ئېلىش خۇسۇسىيىتى (ئىنقىلابىيلىقى)نى يوقىتىپ ، بايلار دۇنياسىنى مەڭگۈ تىنچ ـ ئامان قىلماقچى

بولىدۇ. ئۇنىڭ سىنىپ نەزەرىيىسى ۋە ئىسلام سوتسىيالىزمى دېگەن ئاتىشى ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. لېكىن، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغداش، پومېشچىك، كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەرنى سىنىپىي مۇرەسسە ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش ياكى پەسەيتىش توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ئۇلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىندى.

### 3. ئەقلىيلىكنى تەشەببۇس قىلدى

جامالىددىن ئافغانى سىرتقا قارىتا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى، ئۆز ئىچىگە قارىتا يەنى ئىسلام دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلام بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى چاقىرىق قىلىشنى، ھەربىر ئىسلام دۆلىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پادىشاھلىق تۈزۈمنى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمگە ئىسلاھ قىلىشنى، ياۋروپاچە پارلامېنت تەسىس قىلىپ، ئىسلام سوتسىيالىزمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان قانۇنغا مۇۋاپىق بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشى ۋە كىشىنى قايىل قىلالايدىغان نەزەرىيىۋى ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويالىشى كېرەك ئىدى.

جامالىددىن ئافغانى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى چوڭ ئالىملىق ئورنى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتىشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلدى، ھەمدە قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىۋاسىتە ئاساس تېپىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى شەرھلەپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنى ۋە دىننى چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، دىنىي قانۇنىيلىقا ئىگە بولدى. بۇ قانۇنلۇق نوپۇزى بىلەن ئىجتىھادتىن دادىللىق بىلەن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىسلاھات

خاراكتېرلىك يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى . ۋەھالەنكى ، ئۆزۈندىن بۇيان ئىدىيىسى قاتماللىشىپ كەتكەن مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا ، بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى ۋە بىلىم ساھەسىدىكى زاتلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئەقلىيلىكنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك ئىدى . ھازىرقى تىلىمىز بىلەن ئېيتقاندا ، «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش»نى تەشەببۇس قىلغاندا ، توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچلەرنى ياردەم بېرىدىغان كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولاتتى .

ئەقلىيلىكنى تەشەببۇس قىلىش ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ئەينى چاغدا ئىدىيە ئىنقىلابى بولۇپ ، قاتمال سىياسىي ۋە دىنىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى . بۇ ھال ھۆكۈمرانلارنىڭ نەزىرىدە شەكسىز ئىسيان كۆتۈرۈش ، ئاسىيلىق قىلىش ئىدى ؛ دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ نەزىرىدە شەكسىز بىدئەت تەلىمات ، دىنغا ئاسىيلىق قىلىش ھەرىكىتى ئىدى . مۇتەئەسسىپلەر «ئىجتىھاد»نىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ ، ئىسلام دىنى تەرەققىي قىلىپ ئەڭ مۇكەممەل چېكىگە يەتتى ، تېخىمۇ دانا يېڭى تەلىماتلارنى ياراتقىلى بولمايدۇ دەيدىغان مەيداندا چىڭ تۇردى . ئۇلار ئەقلىيلىكنى ھەممە يامانلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىدى . «ھەممە ياخشىلىق ئەنئەنىدە ، ھەممە خاتالىق ئەقلىيلىكتە» دېدى .

مۇشۇنداق كۈچلۈك ئىجتىمائىي بېسىم ئالدىدا ، جامالىددىن ئافغانى قىلچە قورقماي ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئەقلىي تەپەككۇرنى قوغدىدى . «مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلغاندا ئەقلىيلىككە ۋە ئىلمىيلىككە ئاساسلىنىش لازىم»① دەپ كۆرسەتتى . بەزى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن «قۇرئان كەرىم»

---

① جامالىددىن ئافغانى : «تاسادىپىي تەسىراتلار» ، 95 ـ بەت . مۇھەممەد ھەمرانىڭ «جامالىددىن ئافغانى — شەرقنىڭ ئويغاتقۇچىسى ۋە ئىسلام پەيلاسوپى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1988 ـ يىلى ، 21 ـ نەشرى ، 269 ـ بېتىدىن ئېلىندى .

دىكى ئاللاقىدار ئايەتلەرنىڭ مەنىسىدە زىددىيەت كۆرۈلگەندە ئۇ «قۇرئان كەرىم» تېخىمۇ ئۇلۇغ، بولۇپمۇ ئومۇمىيلىق خاراكتېرىدىكى مەسىلىلەردە ھەقىقىي ئىلىمگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەگەر «قۇرئان كەرىم»دىن ئىلىمگە ۋە ئومۇمىيلىقا ئىگە مەسىلىلەرگە ماس كېلىدىغان ئېنىق ۋەھىيلەرنى كۆرمىگەندە، قۇرئاندىكى كۆرسەتمە بىلەن قانائەتلىنىشىمىز، كېيىن تەپسىر قىلىشىمىز لازىم»[1] دەپ قارايدۇ. بۇنداق ھەل قىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاقىلانە بولۇپ، ھەم «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئورنى قوغداپ قېلىنغان، ھەم ئۇنى «تەپسىر قىلىش» بىلەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلگەن. جامالىددىن ئافغانى «ماتېرىيالىزمچىلارغا رەددىيە» دېگەن كىتابىدا دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلغان. كېيىن ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، «تاسادىپىي تەسىراتلار» توپلىمىدا ئۇسۇملۈك، ھايۋانات ۋە ئادەملەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، دارۋىننىڭ «تەبىئىي شاللىنىش تەلىماتى»نىڭ توغرىلىقىنى كونكرېت دەلىللىگەن، ھەمدە «ئىدىيە ھامان يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كېيىنكىلەر ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتەلەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئەلۋەتتە، «ھاياتلىق مەنبەسى تەلىماتى»دا جامالىددىن ئافغانى ھەممە مەۋجۇداتنى ئاللا ياراتتى دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئاشۇ قاتمال دەۋردە جامالىددىن ئافغانىنىڭ ئەقلىيلىك ۋە ئىلمىيلىكنى باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالىشى قالتىس ئىش.

جامالىددىن ئافغانىنىڭ تەلىماتى كېيىنكىلەرگە تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى، ئاساسلىقى ئۇنىڭ تەلىماتى ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ئىگە بولالىدى. ئۇنىڭ

---

[1] يۇقىرىقى كىتاب، 161 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

شاگىرتلىرى ئۇستازىنىڭ تەلىماتىنى ئېلىپ ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ
تارىخىي ئېقىمىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى يۆنىلىشكە
مېڭىپ ، ئىككى ئىجتىمائىي دولقۇن شەكىللەندۇردى ، يەنى
سەئىد زەغلۇل ۋەكىللىكىدىكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ۋە
مۇھەممەد ئابدۇ ۋەكىللىكىدىكى دىنىي ئىسلاھاتچىلىق
تەرەپدارلىرىنى شەكىللەندۇردى — كىشىلەر ئادەتتە ئۇلارنى
ئىسلام مودېرنىزمچىلىرى ياكى ئىسلام دىنىنى
دەۋرلەشتۇرگۇچىلەر دېدى .

زەغلۇل ۋەكىللىك قىلغان دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك
پىكىر ئېقىمى جامالىددىن ئافغانىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە ۋە
فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىكى
سىياسىي تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇردى .
ھەمدە كۈچلۈك ئاممىۋى سىياسىي ھەرىكەت ياكى ئاممىۋى
قوراللىق كۈرەش بولۇپ تەرەققىي قىلىپ ، مىللىي ئازادلىقنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، فېئودال خانىدانلىقنى ئاغدۇرۇپ ، دىندىن
تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ ، مىللىي ئىگىلىكنى ۋە
مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۇردى . ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىيات
ئىزنالىرى تۆۋەندىكىچە : XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياش
تۈركچىلەر پارتىيىسى ئىنقىلابى ، ئىراننىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق
ئىنقىلابى ، 20 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۈركىيىدىكى مۇستاپا
كامالنىڭ مىللىي بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى ، 50 ـ ، 60 ـ يىللاردا
مىسىردىكى ناسىرىزم ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ
مىللىي دېموكراتىك ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى .

مۇھەممەد ئابدۇ ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام مودېرنىزم پىكىر
ئېقىمى جامالىددىن ئافغانىنىڭ مائارىپنى تەشەببۇس قىلىش ،
ئەقلىيلىك ۋە دىننى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىگە
ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئۇنىڭ
مۇستەملىكىچىلىككە ، فېئودال پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمىگە

قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىدىن ۋاز كېچىپ، ۋەتەننى مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۇرۇش يولىغا ماڭدى. ئۇنىڭ تارىخي تەرەققىيات ئىزنالىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى مىسىردا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى جامالىددىن ئافغانىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، فېئودال پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە مائارىپنى، ئەقلىيلىكنى ۋە دىنىي ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدىكى تەلىماتىغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. نەچچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى كۆچىيىپ، يېڭى پەللىگە يۈزلەندى.

ئىسلام مودېرنىزمىنىڭ تارىخي تەرەققىيات يولىنى بويلاپ، ئۇنىڭ 2 - ئەۋلاد تارقاتقۇچىسى، مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر چوڭ مۇپتى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ (1849 — 1905) مىسىرنىڭ بىر يېزىسىدىكى كاتتا جەمەت ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن ئەدەبىيات ئۆگەنگەن. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدا تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. كېيىن قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئۇ يەردە جامالىددىن ئافغانى بىلەن ئۇچراشقان، ھەمدە ئۇنىڭ ئەڭ قابىل شاگىرتى بولغان، ئۇستازىنىڭ تەسىرىدە سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. كېيىن گېنېرال ئەرەبىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى قوراللىق كۈرىشىنىڭ رەھبەرلىك ئەزاسى بولغان. كۈرەش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۈرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان. جازا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزگىلدە ئۇستازى تەرىپىدىن پارىژغا تەكلىپ قىلىنىپ، يوشۇرۇن تەشكىلات — «بۇزۇلماس مۇناسىۋەت جەمئىيىتى»نى بىرلىكتە قۇرغان. ئەرەب تىلىدا چىقىدىغان ئاشكارا گېزىت نەشر قىلغان، ھەمدە بۇ گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۇستىگە ئالغان. بۇ چاغدا ئۇ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇستازىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، زورمۇزور ئىشلىگەن. فرانسىيە دائىرىلىرى گېزىتنى پېچەتلىگەندە ئۇستاز بىلەن شاگىرت فرانسىيىدىن كەتكەن. مۇھەممەد ئابدۇ مىسىرغا قايتقان. ئىككىيلەننىڭ خەت ئالاقىسى ئازىيىپ كەتكەن. كېيىن مۇھەممەد ئابدۇ خېتىدە ئۇستازىنىڭ ئاساسىي زېھنىي قۇۋۋىتىنى مۇستەملىكىچىلىككە، پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشقا قارىتىپ، ئىشنى مەغلۇپ بولۇشقا ئېلىپ بارغانلىقىنى ئەگىتمە ئۇسۇل بىلەن تەنقىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇستازى بىلەن يىراق جايلارغا بېرىپ دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، كەلگۈسىدە دىنىنى ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرىدىغان داھىيلارنى تەربىيىلەشنى تەكلىپ قىلغان. جامالىددىن ئافغانى ئۇنىڭ تەنقىد ۋە تەكلىپىنى رەت قىلغان، ھەمدە «كۈرەش ئىرادەڭنى يوقىتىپسەن» دەپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىيلەننىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا ماڭغان.

مۇھەممەد ئابدۇ پادىشاھنىڭ كەڭچىلىكىگە ئىگە بولۇپ، مىسىرغا يېنىپ كېلىپ، سىياسىيدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ۋە پادىشاھقا قارشى تۇرمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلاشقان. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇھەممەد ئابدۇ ئۇلارنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىپ ئەمەس، بەلكى يەنە زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ئەنسىرەش تۈپەيلى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەكتەپ ئېچىشىغا ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە شۇنداق قىلغان. يېقىنلىشىش تاكتىكىسى ئۈنۈم بەرگەن. 1899 ـ يىلى ئۇ

مىسىرنىڭ دۆلەت مۇپتىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن. مۇشۇ يۇقىرى دىنىي ۋەزىپىدە تۇرۇپ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتۈپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق پەتىۋا چىقارغان. دوكتور مەھەممەد ھەمرا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەسەرلىرىنى بەش توم، 3700 بەتلىك كىتاب قىلىپ رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان.

مۇھەممەد ئابدۇ مىسىرغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن دىن، جەمئىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى ئىسلاھات خىزمىتى بىلەن شوغۇللانغان. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئاساسلىق قاراشلىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. دىنىي ئىسلاھات توغرىسىدا

ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى ئورنى — دۆلەت مۇپتىسى بولغان سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئىسلاھات جەھەتتە تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلدى: يەنى ئەقلىيلىكنى تەشەببۇس قىلدى، ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى نۇرغۇن پەتىۋالارنى چىقاردى، ئىسلاھ قىلىش مەۋقەسىدە تۇرۇپ «قۇرئان كەرىم» نى يېڭىۋاشتىن تەپسىر قىلدى.

1) ئەقلىيلىكنى تەشەببۇس قىلدى

بۇ ئىشتا ئۇ ئۇستازىنىڭ قارىشىغا ۋارىسلىق قىلدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىغا يول ئاچتى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساس ياراتتى.

ئۇنىڭ قارىشىچە، «دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىنى ئەنئەنىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ، دىننى ئىختىلاپ پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە چۈشىنىپ، ئەڭ دەسلەپكى مەنبەدىن بىلىم قوبۇل قىلىش كېرەك»[①] ئىدىيىنىڭ ئازاد قىلىنىشى ئەقلىيلىككە تايىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل —

---

① «مۇھەممەد ئابدۇ ئىمام ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 318 ـ بەتكە قاراڭ.

ئەڭ ئۇلۇغ كۆچلەرنىڭ بىرى . بەلكى ئىنسانىيەت كۆچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ تۇۋرۈكى ، پۈتكۈل ئالەم ئەقىل بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان چىراي ، ئوقۇغىلى بولىدىغان خاتىرە . ئەقىل بىلەن ئوقۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ يولىغا باشلايدۇ »[1] . «شۇڭا ، ئاللا ئىنساننىڭ ئەقلىنى ئىچىۋېتىپ ، ئۇنى ئالدىن بەلگىلەنگەن يولدا چاپتۇرغان ، بەلكى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچراتمىغان »[2] . مۇھەممەد ئابدۇنىڭ قارىشىچە ، ئىسلام دىنى ئەقلىي دىندۇر . ئەقلىيلىك ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ . «شۇڭا ، ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەقلىيلىك ئادىل تارازا بولۇپ ، ھەممە ھېسسىيات ۋە بىلىشلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۆلچىلىنىشى كېرەك . ھەر خىل ھادىسىلەر ۋە بىلىشلەر ئۇنىڭ بىلەن تونۇلۇشى كېرەك . ھەقىقەتنىڭ تەخسىسى ئېغىرلىسا ، خام خىيالنىڭ تەخسىسى يېنىكلەيدۇ . ئىلھام بىلەن گۇماننىمۇ ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ . »

ئەقلىيلىكنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن ، مۇھەممەد ئابدۇ ئەنئەنىۋى قاتماللىق تەرەپدارلىرىغا ۋە ئۆز زامانىدىكى دىندىن تاشقىرى غەربلىشىش تەرەپدارلىرىغا تەڭ قارشى تۇرۇپ (دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىكنى «غەربلىشىش تەرەپدارلىرى» دەيدىغان قاراشنى ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم قوبۇل قىلىدۇ ) ، مۇنداق دەپ قارىدى : ئەنئەنىچىلەر ئىدىيىسى قاتماللىشىپ كەتكەنلەر بولۇپ ، ئەقلىنى دىنغا ئاسىيلىق قىلىش دەپ ، لوگىكىنى ساختا ئېتىقاد دەپ ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى دىنىي ئېتىقادنى بۇزىدۇ دەپ قارايدۇ . ئۆزىنى مەدەنىي تەرەققىيپەرۋەرلەر دەپ ئاتىۋالغان غەربلىشىش تەرەپدارلىرى بولسا ئەمەلىيەتتە ۋەتىنىمىزنى ياۋروپانىڭ بىر قىسمى قىلىۋالماقچى بولىدۇ . شۇڭا ، ئەنئەنىچىلەر ئۆتكەنكى زۇلمەتلىك دەۋرلەرنىڭ

---

① «مۇھەممەد ئابدۇ ئىمام ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 78 ـ بەت .
② يۇقىرىقى ئەسەر ، 5 ـ توم ، 14 ـ بەت .

ئىدىيىسىنى دىنىنىڭ مۇقەددەس نۇرى بىلەن بېزەپ، تەپەككۇر قىلىشنى، ئىجتىھادنى چەكلەيدۇ. ھەممە ئىشتا كونىلىقنى تەقلىد قىلىدۇ، كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. غەربلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرى ئەنئەنچىلەرنىڭ قالاقلىقىنىلا كۆرۈپ، ئۇ مىللەتنى جاھىلىيەت دەۋرىگە ياندۇرۇپ كەتمەكچى بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئىلگىرىلەش بولۇشقا يول قويمايدۇ. ئىسلام دىنى تۈگىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئوسمانىيلار — مەملۇكلاردىن ئىبارەت قاسىرىقى قالدى، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ يولىغا مېڭىش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلار ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ھەيران قالىدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرى تورلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ھەممە ئىشتا ياۋروپانى دورايدۇ، ياۋروپاغا تەقلىد قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇ مۇنداق كېسىپ ھۆكۈم قىلىدۇ: ئەنئەنچىلەر بىلەن غەربلەشتۈرگۈچىلەر ئوخشاشلا تەقلىدچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بىرى، كونىلىقنى تەقلىد قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، ياۋروپاغا تەقلىد قىلىدۇ، بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ «مادارا‌چىلىق يولى»غا ماڭماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ يول خاسلىقتا ئىگە يېڭى يول ياكى 3 ـ يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يولدا مېڭىش تېخىمۇ تەس بولسىمۇ، لېكىن مىللەتنىڭ تەبىئىيىتىگە ماس كېلىدۇ، شۇڭا تېخىمۇ بىخەتەر، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يولدۇر. چۈنكى، «ئەگەر ئاللا مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنى پۇختا بىلدىغان، ھەمدە دىنىي قائىدە بويىچە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمران ئاتا قىلسا، چوقۇم كۆرەلەيسەنكى، مۇسۇلمانلار دەس تۇرۇپ، بىر قولىغا ‹قۇرئان كەرىم›نى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى ئېلىپ، يەنە بىر قولىغا باشقىلارنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئېلىپ، ياۋروپالىقلار بىلەن

رىقابەتلىشىدۇ ، ھەمدە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ .»[1] مۇھەممەد ئابدۇنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى ئۇنىڭ 3 ـ يول نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسىي جەھەتتىن يىغىنچاقلاپ بەرگەن . ئۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىقكى ، بىر تەرەپتىن ، ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرۇشنى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ياۋروپالىقلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئاخىرى ياۋروپالىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئابدۇنىڭ بۇ يولى ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم يولىنى ئاساسىي روھ بىلەن تەمىنلەپ ، ئىزناسىنى سىزىپ بەردى .

2 ) «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلدى

ئابدۇ ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ئەقلىيلىكنى «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش خىزمىتىگە تەتبىقلىدى . ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى دىنىي كىتاب دەپ قارىدى . ئۇنى تەبىئىي پەنلەر كىتابى دەۋلىشقا قارشى تۇردى . كىتابتا بەزى تەبىئەت ھادىسىلىرى ، مەسىلەن ، قۇياش ، ئاي ، يۇلتۇزلار ، كۈندۈزنىڭ يورۇق ، كېچىنىڭ قاراڭغۇ بولۇشى ئۇلاردىكى ئىلمىي سىرلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئىبرەت بولىدىغان سۆزلەرنى ۋە كىشىلىك ھايات قائىدىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ، كىشىلەرنى يامانلىقتىن يىراق بولۇپ ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغان ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كىشىلەر پۈتۈنلەي ئۆز ئەقلى ۋە تەجرىبىسى ئارقىلىق تونۇپ كېتەلەيدۇ . شۇڭا ، ئىلمىنىڭ ئاساسى دىنىي كىتابلار ئەمەس ، بەلكى ئەقلىيلىكنىڭ ئىسپاتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىسىدۇر . «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشتا مۇھەممەد ئابدۇ ھەم بۇرۇنقىلار «قۇرئان كەرىم»گە زورلاپ تاڭغان چۈشەنچە ۋە تەپسىرلەرنى چۆرۈۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ھەققانىي تەرىپىنى

[1] «مۇھەممەد ئابدۇ ئىمام ئەسەرلىرى» ، 3 ـ توم ، 251 ـ ، 252 ـ بەتلەر .

ئەسلىگە كەلتۈردى ، ھەم ئۆزى ئەقلىيلىكنى تەتبىقلاپ ئىجتىھاد قىلىپ ، دەۋر روھىغا ماس كېلىدىغان يېڭى تەپسىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى . «قۇرئان كەرىم»دىكى «سۈرە بەقەر»نىڭ بىر نەچچە ئايىتىنى تەپسىر قىلىشنى مىسالغا ئالساق ، ئۇنىڭ قۇرئاننى تەپسىر قىلىش پوزىتسىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

261 ـ ئايەتتە «ئاللانىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلار . . .» دېگەن سۆزدىكى «ئاللانىڭ يولى»نى ئۇ «ھەر خىل ئىستىسلاھ (ئاممۋى پاراۋانلىق ) ئىشلىرى» دەپ تەپسىر قىلىدۇ .

3 ـ ئايەتتە « . . . ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا ) سەرپ قىلىدۇ» دېگەن سۆزدىكى «سەرپ قىلىدۇ» دېگەن سۆزنى «نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىش ؛ مېھمان چىللاپ زىياپەت بېرىشكە ياكى نام قوغلىشىشقا سەرپ قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ تەپسىر قىلىدۇ .

219 ـ ئايەتتە « . . . ‹ (ئېھتىياجدىن ) ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىڭلار › دېگىن . . .» ئۇ « (ئېھتىياجدىن ) ئارتۇقى» دېگەن سۆزنى «ئوخشىمىغان دەۋردە ۋە ئوخشىمىغان كىشىلەر كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ، ‹قۇرئان كەرىم ›دە كۆرسىتىلگەن (ئېھتىياجدىن ) ئارتۇقىنىڭ تۈرى ، سانى ، سۈپىتى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ، خەير ـ ئېھسان زاكاتقا ئوخشىمايدۇ . ئۇ ئىختىيارىي ھەرىكەت ، ئەگەر بىر مىليون نوپۇسى بار بىر مىللەت ئارتۇق پۇل ـ مېلىنى جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىشنى خالىسا ، ئون مىليون نوپۇسى بولسىمۇ ، كىشىلىرى جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئارتۇق پۇل ـ مېلىنى ئاززاقمۇ تەقدىم قىلىشنى خالىمايدىغان مىللەتتىن كۈچلۈك بولىدۇ» دەپ تەپسىر قىلىدۇ .

مۇھەممەد ئابدۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشى

ئۇنىڭ دەۋر روھىنى ۋە ئىجتىھاد باتۇرلۇقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەپ، كېيىنكىلەرگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

مۇھەممەد ئابدۇ ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش خىزمىتى تاماملانمىغانىدى، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ شاگىرتى رەشىد رىزا داۋاملاشتۇردى، رەشىد رىزا بىر تەرەپتىن، ئۇستازىنىڭ تەپسىر ئورىگىناللىرىنى رەتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇستازىنىڭ تۈگىتەلمىگەن ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتۈن كىتابنى تەپسىر قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. ھەمدە ئۆزى مۇھەررىرلىك قىلغان «ماياك» (ئەلمەنلەر) ژۇرنىلىدا كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلدى. ئۇ ئۇستازىنىڭ قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇستازىنىڭ قاراشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تولۇقلىدى ۋە جارى قىلدۇردى. شۇڭا، ئۇمۇ ئىسلام مودېرنىزمچىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەرباب بولۇپ قالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئاساسچىسى، مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەسەنۇل بەننا ئۇنىڭ شاگىرتىمىش.

3) پەتىۋا چىقاردى

مۇھەممەد ئابدۇ ئەقلىيلىكنى پەتىۋاغىمۇ تەتبىقلىدى، ئۇ چىقارغان پەتىۋالارنىڭ سانى جىق، دائىرىسى كەڭ، چېتىلىدىغان مەسىلىلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، دىنىي ئىسلاھاتقا ۋە ئىسلام جەمئىيىتىگىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

2. ئىجتىمائىي ئىسلاھات توغرىسىدا

گېنېرال ئەرەبىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى قوراللىق كۈرىشى مەغلۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئابدۇ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، كۈرەشنىڭ تايانچىسى ۋە ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن

بىرى بولغانىدى . مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، سىياسىي ئېتىقادىتىن ۋاز كەچتى ، ھەتتا پادىشاھقا ۋە ئەنگلىيىنىڭ مىسىردىكى ۋەكىلى كرومېرغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلاشتى . شۇ چاغلاردا ، مىسىردىكى مىللىي - دېموكراتىك ھەرىكەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى . مۇھەممەد ئابدۇ ئۇنىڭ تەتۈرسىچە يول تۇتۇپ ، دۆلەت خەلقىنى مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش يولىغا مېڭىشقا چاقىردى . بۇ ، ئەمەلىيەتتە ئىنگلىزلارغا ۋە پادىشاھقا ياردەم قىلغانلىق بولۇپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر يەتكۈزدى دەپ قارالدى . شۇڭا ، بەزىلەر ئۇنى ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلدى ، ۋەتەننى ساتتى دەپ ئەيىبلىدى . جامالىددىن ئافغانى ئۇنى «كۆرەش ئىرادىسىنى يوقاتتى» دېدى . لېكىن ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا تۆھپىسىمۇ ، گۇناھىمۇ بار ، گۇناھىدىن تۆھپىسى كۆپ دەپ باھا بەردى .

ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەھەتتە ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى تۆت ئىشىنى تونۇشتۇرىمىز : ئىسلام سوتسىيالىزمىنى تەشەببۇس قىلدى ، ئىسلام بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تەشەببۇس قىلدى ، ئەدەبىي ئۇسلۇبنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ، ئاياللار ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلدى .

بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى قارىشىنىلا تونۇشتۇرىمىز .

شۇ چاغلاردىكى مىسىردا مۇھەممەد ئابدۇ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى قاسىم ئەمىن ئاياللار ئازادلىقىنى دەسلەپ تەشەببۇس قىلىپ ، «ئاياللار ئازادلىقى» دېگەن ئەسەرنى يازدى . قاسىم ئەمىننىڭ قاراشلىرىنى مۇھەممەد ئابدۇ قوللىدى ، ئاياللار مەسىلىسىدە مۇھەممەد ئابدۇنىڭ قارىشى ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قوغداشقا ۋە ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياخشىلاشقا مايىل ئىدى .

1 . ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قوغدىدى

مۇھەممەد ئابدۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ قاتتىق پارچىلىنىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى . ئۇ ئەنئەنىۋى ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە دۆلەتنى يىمىرىلىپ كېتىشكە ئېلىپ بېرىشىدىن ئەنسىرىدى . شۇڭا ، ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى : باشقا جەمئىيەتلەرگە ئوخشاش ، ئىسلام جەمئىيىتىمۇ ئائىلە ئاساسىغا قۇرۇلغان . ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مېھرىبانلىق ، ھەمكارلىق روھى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى ، ھەمكارلىقىنى ۋە قان ـ قېرىنداشلىق مۇھەببەتنى مەنبە قىلغان . شۇڭا ئۇ : «دۆلەت ئائىلىلەردىن تەركىب تاپىدۇ ، ئائىلىلەر بولمىسا دۆلەتمۇ بولمايدۇ ، چۈنكى قان ـ قېرىنداشلىق تۇغقانچىلىقى ، ھەمكارلىق تۇيغۇسى ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغما خۇسۇسىيەتتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ . بۇنداق تۇغما خۇسۇسىيەت يوقالسا ، يېقىن تۇغقانلارغا پايدىسى بولمايدۇ . يىراقتىكى قوشنىلارغا پايدىسى بولۇشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ .»[1] دەپ خىتاب قىلدى . ۋەھالەنكى ، غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە سودا ـ سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەنئەنىۋى ئائىلە مۇناسىۋىتىدە پارچىلىنىش پەيدا قىلىدىغان ھەقىقىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى بىلمەي ، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا توغرا مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدىن شۇنداق بولىدۇ دەپ ھېسابلىدى . ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : «ھوقۇق ، خىزمەت ، شەخسىيەت ، تۇيغۇ ۋە ئىدراك قاتارلىق جەھەتلەردە ئەرلەر ، ئاياللار ئوخشاش

---

[1] «مۇھەممەد ئابدۇ تولۇق ئەسەرلىرى» ، 4 ـ توم ، 225 ـ بەت .

بولىدۇ ، ئۆيدە خوجام بولۇپ ، ئاياللارنى بوزەك قىلىش نىيىتىدىكى ئادەملەر باشقىلارغا قول يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ ! »[1]

2 . ئاياللارنىڭ تەربىيە ئېلىشىنى تەشەببۇس قىلدى

مۇھەممەد ئابدۇ ئاياللارنىڭ تەربىيە ئېلىشىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلدى ، تەربىيە كۆرگەن ئاز ساندىكى تەرەققىيپەرۋەر ئاياللارنىڭ باشلامچىلىق قىلىپ ئاياللار جەمئىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشىنى ، بۇ جەمئىيەتلەر مەكتەپ ئېچىپ ، قىزلارنى تەربىيىلىشىنى ، بۇ قىزلارنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىشىنى ، مېھمانخانىلاردا مېھمان كۈتۈشىنى خىتاب قىلدى .

3 . نىكاھدىن خالىغانچە ئاجرىشىپ كېتىشنى چەكلىدى

ئىسلام جەمئىيىتىدە ئەر خوتۇنىدىن نارازى بولغاندا ئۈچ قېتىم «تالاق» دېسىلا نىكاھدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بولىدۇ ، بۇنداق ئاجرىشىش قانۇنلۇق ھېسابلىنىپ ، ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ . ئاياللارنىڭ ھوقۇقسىزلىقى بۇنىڭدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

بۇ مەسىلە ئىنتايىن ئادالەتسىز بولسىمۇ ، لېكىن ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ئىنتايىن چوڭ قىيىن مەسىلە ئىدى . مۇھەممەد ئابدۇنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلغان روھىغا ئاپىرىن ئېيتىش كېرەك .

مۇھەممەد ئابدۇ قازىخانىغا مۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىپ بەردى : ئەر نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولسا ، قازىخانىغا رەسمىي ئىلتىماس سۇنۇشى ، قازى ئۇ ئادەمگە نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى قۇرئان ۋە ھەدىستىكى بەلگىلىمىلەرنى تونۇشتۇرۇشى ، نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە ئاللانىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى چۈشەندۈرۈشى ، ئۇنىڭغا كۆپرەك ئويلىنىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشى ، بىر

---

① مۇھەممەد ھەمرا : «مۇھەممەد ئابدۇ ئىمام» ، قاھىرە شەرق نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى 2 ـ نەشرى ، 237 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەپتىدىن كېيىن نىكاھتىن ئاجرىشىشتا چىڭ تۇرسا، قازى ئىككى گۇۋاھچىنى (ئەر - خوتۇن تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىردىن ئادەمنى، ئەگەر تۇغقىنى بولمىسا، قازى ئىككى يات ئادەمنى) بەلگىلەپ، يەنە نەسىھەت قىلىشى لازىم. ئەگەر نەسىھەت ئۈنۈم بەرمىسە، بۇ چاغدا قازى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ. لېكىن، ھۆكۈم قىلغاندا ئىككى گۇۋاھچى ھازىر بولسا، ھەمدە ئاجرىشىش خېتى بېرىلسە، نىكاھتىن ئاجرىشىش ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

4. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىگە قارشى تۇردى

ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى، بىر ئەسىردىن بۇيان، ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر ئۇنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىگە قارشى تۇرغان ئىسلاھات روھىغا ۋە جاسارىتىگە قايىل بولىدۇ.

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىگە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ قارشى تۇرماسلىقىدا مۇنداق ئىككى مۇھىم سەۋەب بار: بىرى، «قۇرئان كەرىم»دە تۆت خوتۇن ئېلىشقا يول قويۇلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. يەنە بىرى، پەيغەمبەرمۇ ئايەتتىكى بەلگىلىمە بويىچە شۇنداق قىلغان.

مۇھەممەد ئابدۇ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلىگەندە خوتۇنى تۇغماس چىقىپ قالغان ئەھۋالدا كۆپ خوتۇنلۇق بولسا بولىدۇ دەپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلەشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى شەرقنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ياكى ئۆزىگە خاس تۈزۈم ئەمەس، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىر ئۇ مۇھىت ۋە شارائىتلار مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىمۇ مەۋجۇت بولۇۋەرمەسلىكى لازىم.

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئەينى زاماندا ئەرەب جەمئىيىتىدە قەبىلىلەر ئۇرۇشى ئۈزۈلمىگەنلىكتىن، ئەرلەر ئازىيىپ، ئاياللار كۆپىيىپ كەتكەن، ھوقۇقى ۋە پۇلى بار ئادەملەر مۇشۇ تۈزۈمدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرغان.

ئىسلام دىنى تۆت خوتۇن ئالسا بولىدۇ دەپ بەلگىلىگەن، شۇ چاغدىكى جەمئىيەتكە نىسبەتەن بۇ ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چاغلاردا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا چەك قويۇلمىغان. 9 ـ 10 خوتۇنلۇق بولىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. لېكىن، ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، دىنىي قائىدىگە ئەمەل قىلىشقا توغرا كەلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ تۆت خوتۇنلۇق بولسا بولىدۇ دەپ بەلگىلىشى ئاخىر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى، تۆت خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ شەرتى بولىدۇ، يەنى خوتۇنلىرىغا مۇتلەق ئادىل بولۇشى كېرەك. «ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ...»[①]. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر «مۇتلەق ئادىل» بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقتىن، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلەش لازىم.

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى — شەرىئەتتىكى نىكاھ قىسمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، مۇھەممەد ئابدۇنىڭ تەشەببۇسىغا ھازىرغىچە يېرىم ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ تەشەببۇس ئەمەلگە ئاشمىدى، ھەتتا «ئىسلام ئىنقىلابى» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزممۇ بۇ

---

① «قۇرئان كەرىم»، 4 ـ سۈرىنىڭ 3 ـ ئايىتىدىن.

www.uyghurkitap.com

تەشەببۇسنى قوبۇل قىلالمىدى . بۇ مەسىلىنىڭ قىيىنلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ .

3 . مائارىپ ئىسلاھاتىنى تەشەببۇس قىلدى

مۇھەممەد ئابدۇ سىياسىي جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن ، سىياسىيدىن ۋاز كېچىپ ، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «مائارىپ ھەممىگە قادىر» دەيدىغانلاردىن بولۇپ كەتتى . ئۇ «مائارىپ — ھەممە دېمەكتۇر ، ھەممە ئىش مائارىپ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ، ئىلىمدىن ئايرىلىپ قالغاندا ، ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ، ئىلىم بولسا ھەممە بار بولىدۇ» ، «ئادەم تەربىيە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئادەم بولالايدۇ ، تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئۆزىنىمۇ ، باشقىلارنىمۇ سۆيىدۇ . مائارىپ كىشىلەرنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە ، كەسىپكە پىششىق بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ چوڭ بولىدۇ . . .»①

ئۇ مائارىپنى ئەڭ كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ ، تۈزۈك ئۈنۈمى بولمىدى . بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە :

1 ) مۇستەملىكىچىلىككە ۋە فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئېقىم ئىدى ، لېكىن مۇھەممەد ئابدۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى بىلەن ھېسابلاشماي ، دۆلەتنى مائارىپ ئارقىلىق قۇتقۇزۇش يولىغا ماڭدى . ئەمەلىيەتتە دەۋر ئېقىمىنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلدى ، دۈشمەنگە ياردەم بېرىپ ، خەلقنى قالايمىقانلاشتۇردى .

2 ) مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي مۇستەملىكىچىلەرگە ، پادىشاھنىڭ قوللىشىغا ، بايلارنىڭ ياردىمىگە باغلىدى . ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت مۇھەممەد ئابدۇنىڭ ئۆز ئارزۇسى بولۇپ ، ئۇلار ئەزەلدىن بۇ ئىشنى ھەقىقىي قوللاپ

---

① ئالىي ئىمام ، ئەزھەر مەسچىتىدىكى شەيخ دوكتور مۇھەممەد سەئىد تەنتاۋى : «يېقىنقى زاماندىكى ئۇلۇغ ئىجتىھادچى پروفېسسور مۇھەممەد ئابدۇ ئىمام» ، ئەلئەھرام گېزىتىنىڭ 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى 10 ـ بېتى .

باقمىدى . زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس .

3 ) مۇھەممەد ئابدۇ مائارىپنىڭ ھەممىگە قادىرلىقىنى تەكىتلىسىمۇ ، لېكىن مەكتەپ باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىدە جەمئىيەتتە بىرقەدەر يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىشنى قىلىپ بېرەلىدى ، ئۇ مۇنۇلارنى تەشەببۇس قىلدى : جەمئىيەتتىكى سىنىپلار ئوخشاش بولمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇشىمۇ ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك . مائارىپنى مۇنداق ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈش كېرەك : 1 ـ دەرىجىدە يۇقىرىلارنى باشقۇرىدىغان سىياسەتچىلەرنى ۋە دۆلەتنى قوغدايدىغان ئوفىتسېرلارنى ، ھەمدە قازىلارنى تەربىيىلەش لازىم ؛ 2 ـ دەرىجىدە مائارىپ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش لازىم ؛ 3 ـ دەرىجىدە يېزا ئىگىلىكى ، سانائەت ، سودا بىلەن شوغۇللىنىدىغان ئادەتتىكى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش لازىم . ئۇ يولغا قويماقچى بولغان مائارىپتا 3 ـ دەرىجىدىكى ئاددىملەرنى تەربىيىلەپ ، ئۇلارغا يېڭى مۇلازىمەت ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپ ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى كۆزدە تۇتتى ، ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلار 1 ـ ، 2 ـ دەرىجىگە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ ، ياغاچچىنىڭ ئوغلى ياغاچچى ، تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى تۆمۈرچى بولىدۇ . مۇھەممەد ئابدۇنىڭ بۇنداق بۇرژۇئا مائارىپ قارىشىدا يا دۆلەتنى قۇتقۇزۇش كۆزدە تۇتۇلمىغان ، يا ئىشچىلار ، دېھقانلار نەزەرگە ئېلىنمىغان . شۇڭا ، بۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدىغانلارنىڭ ئازلىقى بولمىدى .

4 ) مۇھەممەد ئابدۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى مائارىپ ئەندىزىسى مەكتەپ ئىككى خىل دەرس ، يەنى دىنىي دەرس ۋە ھازىرقى زامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەننىي بىلىملىرى دەرسىنى تەسىس قىلىش ئىدى . بۇ تەسەۋۋۇر ئەينى چاغدا ئىككى تەرەپتىن كەلگەن نارازىلىقتا ئۇچرىدى ، يەنى مۇتەئەسسىپلەر ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرىنى ئاربلاشتۇرماسلىق كېرەك ، بولمىسا ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان مائارىپ بولۇپ قالىدۇ ، ئەمەلىيەتتە دىنىي دەرسنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ دەپ قارىدى ؛ يېڭى مائارىپ تەرەپدارلىرى بولسا ، دىنىي دەرسنى ساقلاپ قالماسلىق لازىم ، بولمىسا ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان مائارىپ بولۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ ، دىنىي مائارىپنى يېڭى مائارىپقا ئارىلاشتۇرۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلىدى . مۇھەممەد ئابدۇنىڭ مائارىپ ئەندىزىسى ئەينى چاغدا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا كېڭەيتىلمىدى . لېكىن ، ھازىرقى زاماندىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپىدا ، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ مائارىپىدا ۋە ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى ئىراننىڭ مائارىپىدا مۇھەممەد ئابدۇ تەشەببۇس قىلغان مائارىپ ئەندىزىسى يولغا قويۇلدى .

## § 3 . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسى

### *1 . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىك قىلالايدىغان نەزەرىيىچىلىرى*

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم تەلىماتى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسىدىن ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن پايدىلاندى ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەتلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە بۇ ھەقتە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر

يۈرگۈزدى . ئۇ تەرەققىياتنىڭ بىرنەچچە باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ئۆزىگە خاس سىستېمىلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈردى . ئىسلامىزم ھەرىكىتى زور تۈركۈمدىكى مەشھۇر نەزەرىيىچىلەرنى ، مەسىلەن ، مىسىرلىق ھەسەنۇل بەننا ، سەييىد قۇتۇب ، مۇھەممەد قۇتۇب ، پاكىستانلىق ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى ، ئىرانلىق روھۇللا مۇساۋى ھۇمەينى ، ئەلى شەرىئەتى ، تۇنىسلىق رەشىد جانۇسى ، سۇدانلىق ھەسەن تۇرابى قاتارلىق نەزەرىيىچىلەرنى يېتىشتۈردى . بۇ نەزەرىيىچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ دۆلەتلەردىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى ، ئۇلار مول كۈرەش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى ، ئۇلار دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ ، كىچىكىدىن دىنىي مەدەنىيەتتە تەربىيىلەندى ، ئۆزلىرى يا دىنىي زىيالىي بولدى ، يا دىندىن تاشقىرى زىيالىي بولدى . بەزىلىرى ھازىرقى زامان ئالىي مائارىپىدا تەربىيىلەندى ، ھەتتا ئامېرىكا ، ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇپ ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى . شۇڭا ئۇلار ھەم ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرى ۋە شەرىئەت توغرۇلۇق كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ، ھەم ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرىنى كەڭ ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان ، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن ھازىرقى زامان ئىلمىنى ۋە مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى . سېلىشتۇرۇش نەتىجىسى شۇ بولدىكى ، ئۇلار ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن ۋە ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئېچىنىشنى ، ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرىگە بولغان تونۇشنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ، ئېكسپىلاتاتسىيىسى ، كونترول قىلىشقا بولغان نارازىلىقنى ئىسلام دىنىنى يېڭىلاش ، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ، مىللەتنى ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى كۈچلۈك ئارزۇغا ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى . لېكىن ئۇلار

كىچىكىدىن پۈختا دىنىي دۇنيا قاراشنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، هازىرقى زامان پەنلىرىگە مۇئامىلە قىلىش، جەمئىيەتنى كۆزىتىش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشلاردا روشەن ئىسلام دىنىي مەيدانىدا، قارىشىدا ۋە ھېسسىياتىدا بولدى.

تۆۋەندە هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانى بويىچە، باشقۇچلۇق تەرەققىياتتا گەۋدىلىك رول ئوينىغان نەزەرىيىچىلەردىن بىرنەچچىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

ھەسەنۇل بەننا (1906 — 1949) «مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ قۇرغۇچىسى، 1928 ـ يىلى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە يەتتە بەگزادە «مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ، هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە نەزەرىيىچىسى ھەسەنۇل بەننا ئىسلام مودېرنىزمچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان رەشىد رىزانىڭ شاگىرتى بولۇپ، مودېرنىزمچىلاردىن ئىسلاھات قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ۋەھھابىيلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەھكاملىرىدا چىڭ تۇرىدىغان روھنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى ـ تاشقى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگەرتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى تەييارلىدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرەپتىن ۋارىسلىق قىلىش ئىدىيىسى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلىنىدۇ: (1) مودېرنىزمچىلارنىڭ هازىرقى زامان پەنلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىدىيىسىگە، ئىسلام دىنىنى يېڭىلاش، دىنىنى، مىللەتنى، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش روھىغا ۋارىسلىق قىلدى؛ (2) مودېرنىزمچىلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىگە ۋە ھەرىكىتىگە ۋارىسلىق قىلدى، بەلكى

تېخىمۇ قەتئىي بولدى . كېيىنچە جاھانگىرلىككە ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا
شەرقتىكى ئىتتىپاقچىسى بولغان ئىسرائىلىيىگە ، غەربنىڭ
مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىغا ۋە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش ،
ئىسلام ئېتىقادىنى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى
قوغدايدىغان ئىدىيە ۋە ھەرىكەتكە تەرەققىي قىلدى ؛ (3)
مودېرنىزمچىلارنىڭ پان ئىسلامىزم روھىغا ۋارىسلىق قىلدى .
ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى ، ئىسلام دىنىنىڭ خەلىپە تۈزۈمىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ، شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس
قىلدى . بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار
ئۇيۇشمىسىنى خەلقئارالىق تەشكىلات قىلىپ راۋاجلاندۇرۇپ ،
نۇرغۇن دۆلەتلەردە شۆبىلىرىنى قۇردى ؛ (4) مودېرنىزمچىلار-
نىڭ دېموكراتىك سىياسەت ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ،
مىسىردا يولغا قويۇلۇۋاتقان پارلامېنت تۈزۈمى ئىسلامىيەتنىڭ
«شۇرا» (كېڭىشىش) پرىنسىپىغا ئاساسىي جەھەتتىن ماس
كېلىدۇ دەپ قارىدى ؛ (5) مودېرنىزمچىلارنىڭ سىياسىي پارتىيە
قۇرۇش تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى ، ھەمدە باشقا
دۆلەتلەردىكى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ تەشكىللەش ۋە پائالىيەت
تەجرىبىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ ، ئىسلام ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ ، ھازىرقى
زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ،
رەھبەرلىك قىلغۇچىسى ۋە ئىجرا قىلغۇچىسى سۈپىتى بىلەن
«ئىسلام ئىنقىلابى» كۈرىشىنى پروگراممىسى ، تەشكىلىي ۋە
رەھبەرلىكى بولغان ھالدا قانات يايدۇردى ؛ (6) ۋەھھابىيلارنىڭ
ھازىرقى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت
قۇرۇش ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى . شۇڭا ئۇ كېيىنچە بىر
تەرەپتىن ، مودېرنىزمچىلارنىڭ پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنىنى
يولغا قويۇشنى توختىتىش تەشەببۇسىدىن ۋاز كېچىپ ، پارلامېنت
سايلىمىغا ئاكتىپ قاتناشتى ، دىندىن تاشقىرى دائىرىلەرنىڭ

ئىدىيىسىنى ھىمايە قىلدى . دىندىن تاشقىرى دائىرىلەردىن ياكى ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى قوبۇل قىلىپ ، ئىسلام شەرىئىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى ياكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ جىھاد قىلىپ ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى تىكلىنىشنى كۈتۈشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ مەزمۇنىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خانلىق تۈزۈلمىسىگە تەقلىد قىلىپ ، نامدا دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن خەلىپىلىك تۈزۈم دەپ ئاتاپ ، ئەمەلىيەتتە جەمەت ھۆكۈمرانلىقىدىكى پادىشاھلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت خەلىپە رەھبەرلىك قىلغان سائادەت دەۋرىدىكىدەك سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى تەقلىد قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ؛ (7) ۋەھھابىيلارنىڭ قۇرئان ، ھەدىس ئەقىدىلىرىدە ۋە قائىدىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ ، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى قاتتىق ئادا قىلىش تەلىپىگە ۋارىسلىق قىلدى ، لېكىن ئۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە تۇتقان قاتمال پوزىتسىيىسىدىن ۋە دوگماتىزملىق ئىزاھاتلىرىنى چۆرۈۋەتتى ؛ (8) ۋەھھابىيلارنىڭ جىھاد روھىغا ۋارىسلىق قىلدى ، لېكىن ئۇنى كونكرېت تەتبىقلىغاندا ، دىنىي تەبلىغ بىلەن قوراللىق كۈچتىن ئىبارەت ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلدى ، بەلكى دىنىي تەبلىغنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى ، ھەمدە ئۇنى ھەرىكەتنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىكى ئۈچ باسقۇچقا ، يەنى تەشۋىقات باسقۇچى ، ئۇيۇشتۇرۇش باسقۇچى ۋە ھەرىكەت باسقۇچىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئىزچىللاشتۇردى . قورال كۈچىنى 3 ـ باسقۇچتا ، يەنى ئاخىرقى باسقۇچتا ئېھتىياجلىق بولغاندا ئىشلەتتى .

1923 ـ يىلىدىن كېيىن مىسىردا ۋە ئىسلام دۇنياسىدا تېز تەرەققىي قىلغان دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك دولقۇنىنى توسۇپ قېلىش ، شۇنداقلا مۇستاپا كامال تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان خەلىپە تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ھەسەنۇل بەننا ئىسلامىيەتنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈكلىكى»نى ئالاھىدە تەكىتلەپ ، «ئىسلامىيەت — ھەم ئېتىقاد ، ھەم ئىبادەت ، ھەم ۋەتەن ، ھەم دۆلەت تەۋەلىكىدۇر ، ھەم دىن ، ھەم دۆلەت ، ھەم روھ ، ھەم ھەرىكەت ، ھەم «قۇرئان كەرىم» ، ھەم شەمشەر»[①] دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش تەشەببۇسىغا قارشى چىقىپ ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى ، مەۋجۇت بولۇشى ، مەقسىتى ۋە چىقىش يولىنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى .

ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى (1850 — 1979 ) كىچىكىدىن دىنىي تەربىيە ئالغان ، ئەرەب تىلى ، پارس تىلى ، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق كۆپ تىللارنى ئىگىلىگەن ، «ئىسلام قامۇسى» دېگەن تەرىپكە ئىگە . دەسلەپكى يىللاردا گېزىت ـ ژۇرناللاردا مۇخبىر ۋە تەھرىر بولغان ، پۈتۈن ھىندىستاندا ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ ، نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان ، ئەسەرلىرى 128 دىن ئاشىدۇ . بۇ ئەسەرلەر ، دىن ، سىياسىي ، ئىقتىساد ، جەمئىيەت ، تارىخ ، قانۇن ، مەدەنىيەت ، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ «ئىدىيە ماياكى» دەپ تەرىپلەنگەن . ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئىدىيىسى بايانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك 10 تەرەپكە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ : (1 ) ئىسلام دىنى نەزەرىيىسىنىڭ جېنى ۋە ئاساسلىرى توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (2 ) ھاكىملىق (ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ) نىڭ ئاللاغا

① «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى» ، ئىسلام نەشرىياتى ، 1992 ـ يىلى ، 119 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەنسۇپ بولۇشى توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (3) ئىسلام شەرىئىتى توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (4) ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىرى توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (5) غەرب مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (6) دېموكراتىيە توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (7) مىللەتچىلىك توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (8) ئاياللار توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (9) ئۆسۈم توغرىسىدىكى بايانلار ؛ (10) ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش يولى توغرىسىدىكى بايانلار . ئۇ مۇشۇ تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ قاراشلىرىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ ، ئۇنى بىرقەدەر مۇكەممەل ، سىستېمىلىق نەزەرىيە قىلدى . بولۇپمۇ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى يېڭى قاراش ، يەنى «ھاكىملىق» بىلەن «ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى» ھەرىكەتكە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى . «ھاكىملىق» دېگەندە ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى — ئاللانىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىش ، ئۆز ئىچىدىكى دىندىن تاشقىرى بەزى ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلماسلىق ، يەنى ئىسلامىيەتنىڭ «ئاللا ئىدارە قىلىشى» نى قوبۇل قىلىشى ، «ئادەمنىڭ ئىدارە قىلىشى»نى قوبۇل قىلماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ . «ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى» دېگەندە ، ھازىرقى زاماندا يالغۇز ئاللاغا سەجدە قىلماي ، كۆپ ئىلاھقا سەجدە قىلىش ياكى ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغان ھەرىكەتلەر ، ياكى ئاللاغا ئاغزىدا ئىمان ئېيتىپ ، ئەمەلىيەتتە ئاللانىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلماي ، ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان ھادىسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى مەۋدۇدى «جاھىلىيەت ھاكىمىيىتى» ، بۇنداق ھاكىمىيەت رەھبەرلىكىدىكى جەمئىيەت «جاھىلىيەت» جەمئىيىتى بولىدۇ . جاھىلىيەت ھاكىمىيىتى ۋە جاھىلىيەت جەمئىيىتى كاپىرلار ھاكىمىيىتى

ھېسابلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى دەسسىتىش لازىم دەپ قارايدۇ .

1941 ـ يىلى پاكىستاندا «ئىسلامىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» رەسمىي قۇرۇلدى . مەۋدۇدى ئۇيۇشمىنىڭ ئەمىرلىكى (رەئىسلىكى )نى ئۇستىگە ئالغاندا مۇنداق دېگەنىدى : «بۇ ھەرىكەت (ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتى ) ھاياتىمدىكى ئاساسىي نىشانىم ھېسابلىنىدۇ . مۇشۇ ئالىي نىشان يولىدا ، ئۆزۈمنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلاشمايمەن . مۇشۇ يولغا ماڭغانىكەنمەن ، قانداق ئەھۋال پەيدا بولۇشىغا پەرۋا قىلماي ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ، ھاياتىمنى تەقدىم قىلىشنى خالايمەن . باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىمەن ، مەن بىلەن ماللە ماڭىدىغان بىرەر ئادەم بولمىغاندىمۇ ، ئۆزۈم يالغۇز قالساممۇ ، پۈتۈن دۇنيا بىرلىشىپ قارشى تۇرسىمۇ ھەرگىز كەينىمگە قايتمايمەن ، ئۆزۈم يالغۇز جەڭ قىلىمەن .»[1]

سەييىد قۇتۇب (1906 — 1966 ) 1948 ـ يىلىدىن 1951 ـ يىلغىچە ئامېرىكىدا ئوقۇپ ، ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئىنتايىن يامان تەسىرگە ئىگە بولغان ، مىسىرغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ، 1954 ـ يىلى مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ ، ئۇيۇشمىنىڭ مەخپىي ژۇرنىلى — «جىھادچى قېرىنداشلار »گە مەسئۇل مۇھەررىر بولغان . 1954 ـ يىلى قولغا ئېلىنغان ، 1964 ـ يىلى قويۇپ بېرىلگەن . بىر قېتىملىق زوراۋانلىق پائالىيەت پىلانىغا قاتنىشىپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ ، يەنە تۈرمىگە سېلىنغان . 1966 ـ يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان . ئۇنىڭ ئۇيۇشمىغا قاتناشقان ۋاقتى ئۇزاق بولمىسىمۇ ، تۈرمىدە ئۇزاق ياتقان . ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە ئۇچرىغان زىيانكەشلىكلىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە تېخىمۇ تۈرتكە

---

[1] مۇھەممەد ھەمرا : «مەۋدۇدى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئويغىنىشى» ، قاھىرە نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى نەشرى ، 48 ـ بەتتىن .

بولغان، ھەمدە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلىرىدا ئەكس ئەتكەن. ئۇ تۈرمىدە مەۋدۇدىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، چوڭقۇر ئىلھاملانغاندىن كېيىن، «يول بەلگىسى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان، بۇ كىتاب سەييىد قۇتۇبنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ مۇھىم ئەسىرى بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە يۆلىنىشلىك ۋە باسقۇچلۇق تەسىرگە ئىگە. بۇ كىتابتا پۈتۈنلەي مەۋدۇدىنىڭ قاراشلىرى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇلغان. نەزەرىيە جەھەتتە، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بىرىنچىدىن، «ھاكىملىق» — ئىسلام ئېتىقادىنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى، «لائىلاھە ئىللەل لاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇل لاھ» دېگەن كەلىمە تەييىبەنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي مۇسۇلمان ئاللانىڭ ئەڭ ئالىي مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئېتىقاد قىلىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «ئاللا يولىدا جەڭ قىلىپ» ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى دەلىللىدى. ئىككىنچىدىن، ئاللاغا ئىمان ئېيتمايدىغان ياكى ئىمان ئېيتىشقا قارشى تۇرىدىغان ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ «ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى» ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: دۇنيادا ئىككى خىل ھۆكۈمەت، ئىككى خىل دۆلەت ۋە جەمئىيەت بولىدۇ. بىر بولسا ئىسلام ھۆكۈمىتى، ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى، بىر بولسا جاھىلىيەت ھۆكۈمىتى، جاھىلىيەت دۆلىتى ۋە جاھىلىيەت جەمئىيىتىدۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ. كېيىنكىسىنى پۈتۈنلەي ئالدىنقىسىغا ئۆزگەرتكەندىلا ئاللانىڭ «يەرشارى» ۋە «پۈتۈن ئىنسانىيەت»كە بولغان مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. زامانىمىزدا پۈتكۈل دۇنيا جاھىلىيەتچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، شۇڭا ھەممىسى

جاھىلىيەت ھۆكۈمىتى ، جاھىلىيەت دۆلىتى ۋە جاھىلىيەت جەمئىيىتى ھېسابلىنىدۇ . ئۇلارغا ئىسلاھ قىلىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ . ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئاندىن ئاللانىڭ شەرىئىتى ، يەنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە يېڭىۋاشتىن ئىسلام ھۆكۈمىتى ، ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇش لازىم . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئىسلام ئېتىقادى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى تەكىتلىدى : دىلدا ئىخلاسمەن بولۇپ ، بىر ئاللاغا ئىمان ئېيتىش ؛ مۇسۇلمانلار ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ، يەنى تەبلىغات ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى توغرا تونۇش تۇغرىسىدا تەربىيە بېرىپ ، قەتئىي ئىسلام ئېتىقادىنى تىكلەپلا قالماستىن ، «قىلىچ بىلەن جىھاد قىلىپ» . «ئادەمنىڭ ئىدارە قىلىشى»نى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىپ» ، ئۇلارنى «جاھىلىيەتنىڭ پاتقىقى ۋە بەختسىزلىكى»دىن قۇتقۇزۇۋېلىپ ، ئاللانىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم . بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «كوللېكتىپ (مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى)نىڭ قۇرۇلۇشىنى ، ھەرىكەت قۇرۇلۇشى ۋە ئېتىقاد قۇرۇلۇشى»نى تەڭ ئېلىپ بېرىش لازىم . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ئەسەبىيلىرى مەۋدۇدى ۋە سەييىد قۇتۇبنىڭ ، بولۇپمۇ سەييىد قۇتۇبنىڭ ئەسەرلىرىدىن نۇرغۇن قاراشلارنى قوبۇل قىلدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سەييىد قۇتۇب ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزدەۋاتقان ، لېكىن تاپالماي ئازابلىنىۋاتقان كۆڭۈلدىكىدەك «رەھبەر» ئىدى . سەييىد قۇتۇب 1964 - يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن يەنە تۈرمىگە سېلىنىپ ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى . ئەسەبىيلەر ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى» ۋە «قىلىچ بىلەن جىھاد قىلىش»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلدى.

رۇھۇللا مۇساۋى ھۇمەينى (1902 — 1989) سەئىدلەردىن بولۇپ، شىئە مەزھىپىدىكى دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان، دىن تەتقىقاتى ۋە دىنىي خىزمەت بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت مەشغۇل بولغان ئۆلىما. شىئە مەزھىپىنىڭ ئاياتۇللا دېگەن يۇقىرى دىنىي ئۇنۋانىغا ئىگە.

ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى 1979 - يىلى ھۇمەينىنىڭ رەھبەرلىكىدە غەلىبە قىلىپ، پەھلىۋى خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ كونتروللۇقى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە خاتىمە بېرىپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيىسىنى بەرپا قىلىپ، شەرىئەتنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ھەممە ساھەلەردە ئىسلاملاشتۇرۇشنى تېز ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك غەلىبە ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى غەلىبىسى بولغاچقا، ھۇمەينىنىڭ داڭقى چىقىپ، ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابى «ھۇمەينى ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. ھۇمەينىنىڭ تەلىماتى «ھۇمەينى ئىلمىي ئېقىمى»، «ھۇمەينى يولى» دەپ ئاتالدى. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا چوقۇندى، ئۇنى دۇنيا ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى دەپ ھۆرمەتلەپ، ئۆيلىرىگە ئۇنىڭ رەسىمىنى ئاستى، كوچىلارغا نامايىش قىلىپ چىققاندىمۇ ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆتۈردى، ھۇمەينىنىڭ تەلىماتى ھەرتەرەپنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئىگە بولدى.

ھۇمەينىنىڭ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمغا كۆرسەتكەن ئەھمىيىتى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 . ھۇمەينىنىڭ پۈتكۈل تەلىماتىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق يېڭى قاراشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەسەنۇل بەننا ۋە ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدىنىڭ ئىدىيىسىدىن قوبۇل قىلىنغان . ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، ھۇمەينى ئىسلام ئىنقىلابىنى سىرتقا چىقىرىشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى . ئەينى يىللاردىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پېرسىيە پادىشاھىغا ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىغا ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىش توغرىسىدا خەت يازغانلىقىنى دوراپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى گورباچېفقا خەت يېزىپ ، ئۇنىڭدىن كوممۇنىزمدىن ۋاز كېچىپ ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە ئابزاس سۆزدىن ھۇمەينىنىڭ قاراشلىرى بىلەن ھەسەنۇل بەننا ، مەۋدۇدىلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ قانچىلىك ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «جانابى گورباچېف ! ھەممىگە مەلۇمكى ، ھازىردىن باشلاپ كوممۇنىزم تۈزۈمىنى مومىيالاپ دۇنيانىڭ سىياسىي ، تارىخ مۇزېيىغا كىرگۈزۈۋېتىش كېرەك . چۈنكى ئۇ ، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولدى . يەنە كېلىپ ئۇ بىر خىل ماتېرىيالىزملىق تەلىمات . ماتېرىيالىزملىق تەلىمات ئىنساننى مەنىۋى ئېتىقادسىزلىق كرىزىسىدىن قۇتقۇزالمايدۇ . بۇ خىل كرىزىس شەرق ۋە غەربتىكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . » ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ : «سىزنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى چوڭقۇر ئىسپاتلاپ بېقىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن ، بۇنىڭدىكى سەۋەب مۇسۇلمانلار ياكى ئىسلامىيەت سىلەرگە موھتاج بولغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى ئىسلامىيەتنىڭ يۈكسەك دۇنياۋىلىقى ۋە قىممەت قارىشى ھەممە دۆلەت خەلقلىرىنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇلارنى بەختكە ئىگە قىلالايدۇ ؛ پەقەت

ئىسلامىيەتلا ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە ئاساسىي قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدۇ .» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ : «ئىسلام دىنى — دۇنياۋى ئەتراپلىق دىن ، يەنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دىنى ، بۇ دىن ئۇلارنىڭ ھازىرىنى ۋە كەلگۈسىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ، شۇڭا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇنى تونۇشى ، چۈشىنىشى ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشى ، ئۇنىڭ يولىغا ئەمەل قىلىشى لازىم .» «يۇقىرىدا ئېيتىلغان چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلغان ئىسلام دىنى مۇقەررەر تىكلىنىدۇ . ئۇ ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىپ تېخىمۇ گۈزەل ھاياتقا ، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئادىللىققا ۋە تېخىمۇ ئەتراپلىق بولغان تىنچلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىردىنبىر سىستېما بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممە دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلىشىغا ئەرزىيدۇ .» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ : «ئىسلام دىنىنىڭ جاھىلىيەت بىلەن قىلغان كۈرىشى قەدىمدىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋاتىدۇ . ھازىر تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى . پەقەت ۋاستە بىلەن شەكىل ئوخشىمايدۇ ، خالاس . ئىسلام دىنى ھېلىھەم ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ ئىنسان ئىدىيىسىنى كونترول قىلىشىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ كۈچلۈك ، ئەڭ ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلغۇچىدۇر .»

2 . خۇمەينى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولدى .

بىرىنچىدىن ، ئىراندىكى ئىسلام شىئە مەزھىپىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى . ئىراندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تەشەببۇسلىرى بار . خۇمەينى بولسا سۈننىي مەزھىپىدىكى ھەسەنۇل بەننا ، مەۋدۇدىلارنىڭ قاراشلىرى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىنى ئوبدان ماسلاشتۇردى . شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئىمام مەھدىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ ، يەنى ئۇلار ھازىر ئاللانىڭ زېمىنىنى ئىدارە قىلىدىغان ھەقىقىي

ۋەكىلىنىڭ يوقلۇقىغا، شۇڭا دۇنيانىڭ قالايمىقانچىلىق ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغانلىقىغا، بۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىلاجىسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا، پەھلىۋى خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا شىئە مەزھىپىدىكى ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار ۋە نۇرغۇن ئۆلىمالار سىياسىي بىلەن كارى بولماي، ئىخلاس بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ناماز ئوقۇغان. ئىمام مەھدىنىڭ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكەن. شىئە مەزھىپىنىڭ مۇشۇ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، خۇمەينى ئىسلام دىنىنىڭ «ئۇمۇمىيۈزلۈكلىكى»نى ۋە «ھاكىملىقى»نى تەكىتلەپ، دۆلەت سىياسىيسىنى سۇرۇشتۇرۇش — ئىسلام ئېتىقادىنىڭ مۇھىم قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ھەمدە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىيسىنى سۈرۈشتۈردى، خانىدانلىققا ۋە غەرب مۇستەملىكىچىلىكىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ باتۇر دىنىي سىياسىي داھىي بولۇپ قالدى. ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئۇن ئىككى ئىمامچىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ، 12 - ئىمام غايىب بولغان مەزگىلدە ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئىسلام دۆلىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ۋە ئىدارە قىلىپ تۇرۇشقا، يۇقىرىلارغا رەھبەرلىك قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بۇنداق ئورۇنباسارلىقنى فەقىھلەر ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئىراندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ زۆرۈرلۈكى، شەرىئەتكە ئۇيغۇنلۇقى ۋە كىمنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى، قانداق تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەرنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلدى.

ئىككىنچىدىن، ئىراننىڭ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي

ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى ، مۇستەبىت پادىشاھ چېرىكلىشىپ ، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلدى . خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشى ئىراندىكى ھەرقايسى سىنىپ ، سىياسىي پارتىيە ، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئورتاق ساداسى ۋە جىددىي ئارزۇسى بولۇپ قالدى . مۇشۇنداق ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ، ھۇمەينى نۇرغۇن نۇتۇقلىرىدا ، «ئىسلام ھۆكۈمىتى» ناملىق كىتابىدا پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ ، پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ، چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا ، كونترول ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىشكە ئاشكارا چاقىرىق قىلدى . 1971 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى باياناتىدا ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : «ئىراندىكى پادىشاھلىق تۈزۈم باشلانغاندىن تارتىپ قانداق ئاپەتلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى ، قانداق گۇناھلارنى سادىر قىلغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ . ئىران پادىشاھلىرىنىڭ گۇناھلىرى تارىخنىڭ سەھىپىسىنى بۇلغىدى . ئىراننىڭ پادىشاھلىرى ئۆزىنىڭ پۇقرا ۋە ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ باش سۆڭىكىدىن مۇنار ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈردى .» ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارغا 1980 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يازغان خېتىدە «ئامېرىكا دۇنيا خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغان بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمەن» دېدى . ئۇ پادىشاھ مۇھەممەد رىزا ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئىنكار قىلىپ ، پادىشاھنى ئەنگلىيە يۆلەپ تەختكە چىقارغان ، ھازىرقى پادىشاھ پەھلىۋىنى ئامېرىكا قوللايدۇ ۋە كونترول قىلىدۇ ، بۇ پادىشاھ دۆلەتنىڭ بايلىقىنى ۋە مەنپەئىتىنى چەت ئەللىكلەرگە سېتىۋەتتى ، نېفتىنى ئامېرىكىغا ، تەبىئىي گازنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ؛ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى ، ئورمانلارنى ۋە

بىر قىسىم نېفىتنى ئەنگلىيىگە بېرىۋەتتى دېدى . پادىشاھنىڭ غەربلەشتۈرۈشكە بېرىلىپ كېتىپ ، ئىسلام ئەنئەنىسىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى . شۇڭا ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى زالىم ھۆكۈمران ، ئەزگۈچى ھۆكۈمەت ۋە چەت ئەل مۇداخىلىچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ ، خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىردى .

دۆلەتنى قانداق گۈللەندۈرۈش ۋە قانداق دۆلەت قۇرۇش مەسىلىسى ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دەرھال كۈنتەرتىپكە قويۇلغان مەسىلە بولدى . خۇمەينى «بىزگە شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق ، پەقەت ئىسلام كېرەك» دېگەن قاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، ھەمدە مۇشۇ قاڭجېنغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى ئورۇنلىدى : «ئىسلام ئاساسىي قانۇنى»نى تۈزۈپ ، دۆلەتنىڭ ئىسلام خۇسۇسىيىتىنى ، ھاكىمىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمىنى ، غايىب بولغان ئىمام مەھدىنىڭ ۋەكىلى فەقىھنىڭ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىش ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى ؛ دۆلەت نامىنىڭ «ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى ؛ ئىسلامىيەتنىڭ «شۇرا» پرىنسىپىغا ئاساسەن ، ھازىرقى زاماندىكى تۇنجى ئىسلامىزم ھاكىمىيىتىنى قۇردى ۋە ئۇنى ئىشقا كىرىشتۇردى ؛ يات پارتىيىلەرنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن تازىلاپ ، بىرلىك سەپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ئۆز ئالدىغا ھوقۇق تۇتىدىغان بىر پارتىيە دىكتاتورىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى .

مۇبادا ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم تەلىماتى ئىران ئىنقىلابى غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى نەزەرىيىدە توختاپ قالغان غايە دەپ قارالسا ، خۇمەينى تەلىماتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ

يەردىكى ، ئۇ هازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنى ئىراندىكى شىئە مەزهىپىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئىران جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ بىر قىسىم غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى ، هەمدە هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىدى ، تەكشۈردى ، تۈزەتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى ياكى هۇمەينى هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم هەرىكىتىنى ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىش ، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇش ۋە هاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش باسقۇچىدىن هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ، ئىسلام ئىلاهىي هاكىمىيەت سىياسىيسىنى تىكلەش ۋە قۇرۇش باسقۇچىغا يەتكۈزدى . مانا بۇلار هۇمەينى تەلىماتىنىڭ تەرەققىيات يادروسىنى هاسىل قىلدى .

3 . ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ ئاران بىر يىل بولغاندا ، ئىران ئىسلام جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئالىي رەهبىرى — مەنىۋى داهىيسى هۇمەينى دۇنياغا «ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىدىغان»لىقىنى ئېلان قىلدى . 1980 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى هۇمەينى مۇنداق دېدى : «ئىنقىلابىمىزنى دۇنياغا چىقىرىشقا تىرىشىشىمىز لازىم ، بۇنداق قىلمايدىغان هەممە خىياللاردىن ۋاز كېچىشىمىز لازىم . چۈنكى ، ئىسلامىيەت مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا هەرقانداق پەرقنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزىنى ئېزىلگەن هەممە خەلقلەرنىڭ يېتەكچىسى دەپ قارايدۇ . » ئۇ كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ تەكىتلىدى : «بۇ قېتىمقى خەلق ئىنقىلابى ، بۇ قېتىمقى ئىسلام قوزغىلىڭى ، بۇ قېتىمقى مۇقەددەس هەرىكەت مۇشۇ زېمىندىلا چەكلىنىپ قالماسلىقى ، ئىنقىلابنى دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىغا چىقىرىش لازىم . » «قەيەردە ئاجىز — كىچىك مىللەت بولىدىكەن ، قەيەردە زومىگەرلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىكى ئاجىز ـ كىچىك مىللەتنىڭ ئىلتىجاسى بولىدىكەن ،

ئىران شۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ .» خۇمەيىنىنىڭ ئىنقىلابنى باشقا دۆلەتلەرگە چىقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولدى . ئەمەلىيەتتە ، خۇمەينى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ «ھاكىملىق» تەشەببۇسىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلدى ؛ ئەكسىچە ، ئەگەر ئۇ بۇنداق قىلمىغان بولسا ، خۇمەينى بولالمىغان بولاتتى ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمىنىڭ مۇھىم داھىيسى بولالمىغان بولاتتى . لېكىن ، شۇ سەۋەبتىن ئىران خەلقئارادا ئىنتايىن يېتىم قالدى . تۆت يىلدىن كېيىن تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ ، «ئىنقىلابنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمايدىغان بولدى . لېكىن ، «ئىنقىلابنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش» — ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسى ، ئىراننىڭ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزگەرگىنى يوق ھەم ئۆزگەرمەيدۇ . ئۇ ھېلىھەم ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ ، پەقەت داۋراڭ سېلىنمايۋاتىدۇ ، خالاس .

4 . خۇمەينى ئىسلام تارىخىنى ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى يەھۇدىيلارغا بولغان باھالارنى ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاساس قىلىپ ، «يەھۇدىي زىئونىزمچىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى ، ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمىنىدۇر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئىسرائىلىيىگە قەتئىي قارشى تۇردى . پەلەستىندىكى «خاماس»نى ، ئىسلام غازاتچىلار تەشكىلاتىنى ۋە لىۋاندىكى ئاللا پارتىيىسىنى قەتئىي قوللىدى . 1968 - يىلى ئۇ زاكاتنى ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈرەشكە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پەتىۋا چىقارغانىدى .

مۇستاپا شۇكرى (1942 — 1977 ) مىسىر «ئاسىيلىقنى بىكىتىش ۋە ھىجرەت قىلىش» تەشكىلاتىنىڭ ئەمىرى بولۇپ ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئادىمى 5 مىڭدىن ئاشقان ، كېيىن مىسىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

دىنىي فوند مىنىستىرىنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن ، 1977 - يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان . «بەلگە» ناملىق كىتابتىكى قاراشلار بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنىڭ پروگراممىسىنى تۈزۈشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى دەپ قارىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : (1) كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتى ئاللاغا سەجدە قىلىش ، ئاللانىڭ ياقتۇرۇشىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ؛ (2) ئىسلامىيەتنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇش ئىدىيىسىگە ئىشىنىدۇ ، يەنى ئىسلامىيەت ئۆتكەنكىگە ئوخشاش جەرياندا زېمىنغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ، ئوخشاش شەكىلدە باشلىنىپ ، ئوخشاش باسقۇچلارنى كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ، بۇنىڭ مەنىسى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرغاندەك ، پەيغەمبەرنى تەقلىد قىلىپ ، پەيغەمبەر ماڭغان يولدا مېڭىش كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ ؛ (3) ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن كاپىرلارنى يوقىتىپ ، ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنى زېمىنگە ۋە زېمىندىكى كىشىلەرگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش لازىم ؛ (4) زېمىنگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ شەرتى ئىمان ئېيتىش ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت . جىھاد قىلغانلىق — ساۋابلىق ئىش قىلغانلىقتۇر . بۇ شەرت زامانغا ، ماكانغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرمايدۇ ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان شەرتتۇر . شۇڭا ، ھېلىھەم مۇشۇ شەرت بولىدۇ ؛ (5) ھەممە پەيغەمبەرلەر ھىجرەت قىلىش ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن ، بۇ بىر قانۇنىيەت ، شۇڭا مۇسۇلمانلار «ئاللا يولىدىكى جەڭ»نى ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىشى لازىم . ئەينى يىللاردا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ، جىھاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ، چۈنكى مۇسۇلمانلار كاپىرلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەككىدىن كېتىپ ، ئۇ يەردە كاپىرلار

قالغاندىلا ئۇلارنى يوقىتىش ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى ۋەيران قىلىش ئاسان بولۇپ ، ئاندىن خارابىلىكتە ئىسلام دۆلىتى قۇرغان . بۇ تەشكىلات ھۆكۈمەتنى «كاپىرلار ھۆكۈمىتى» دەپ بېكىتىپلا قالماستىن ، جەمئىيەتنىمۇ «كاپىرلار جەمئىيىتى» دەپ بېكىتىدۇ . شۇڭا ، ئۆز تەشكىلاتىنىڭ نامىنى «ئاسىيلىقنى بېكىتىش ، يەنى (كاپىرلىقنى ، يەنى دىنغا ئاسىيلىق قىلىش گۇناھىنى بېكىتىش) ۋە ھىجرەت قىلىش»نىڭ ئاساسى قىلغان ؛ (6) مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ئادىمى ئاز ، كۈچى ئاجىز تۇرسا ، راكېتا ، ئايروپىلان قاتارلىق زامانىۋى قوراللىرى بار كۈچلۈك دۈشمەننى قانداق يېڭىدۇ ؟ جاۋاب شۇكى ، ئۆتكەنكىگە ئوخشاش ، «جەڭ ئاتلىرىغا مىنىپ ، ئوقيا ۋە مىسران قىلىچ بىلەن جەڭ قىلىش كېرەك .» ، چۈنكى ئۇلار بۇ دۇنيالىقتىن ۋاز كېچىپ ، ئاخىرەتلىكنى ، جەننەتكە كىرىشنى كۆزلەيدۇ . ئۇلار ئاللاغا سەجدە قىلسا ، ئاللانىڭ رەھىمدىل ـ شەپقەتلىك ھەم كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلسە ، ئاللا ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى يوقىتىشىغا ياردەم قىلىدۇ ؛ (7) بۈگۈنكى مىسىرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئورنى ئەينى يىللاردىكى مەككىنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئورنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . شۇڭا ئالدى بىلەن كاپىرلارنىڭ مىسىردىن ئايرىلىپ ، يىراق يەرلەرگە بېرىپ (ئۇلار يەمەنگە بارماقچى) ، ئۇ يەرلەردە كۈچ توپلاپ ، ئاندىن جىھاد قىلىپ مىسىرغا يېنىپ كېلىشى لازىم .

مۇھەممەد ئابدۇسالام فەراجى (؟ — 1982) مىسىردىكى «غازاتچىلار تەشكىلاتى»نىڭ ئەمىرى بولۇپ ، بۇ تەشكىلاتنىڭ «ئاسىيلىقنى بېكىتىش ۋە ھىجرەت قىلىش تەشكىلاتى» بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، ئۇ ھۆكۈمەتنى كاپىرلار ھۆكۈمىتى دەپ بېكىتىدۇ . ئۇنىڭ جىھاد ئارقىلىق ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش يولى شۇكى ، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى — زۇڭتۇڭنى كاپىر ، ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىش كېرەك ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش

www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ھامان دەرھال «خەلق ئىنقىلابى» قوزغاپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش لازىم دەپ بېكىتكەن. 1981 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ئۆكتەبىر ئۇرۇشى»نىڭ سەككىز يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقاندا، ئۇلار زۇڭتۇڭ ئەنۋەر ساداتنى ھەربىي پارات مۇنبىرىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. لېكىن، «خەلق ئىنقىلابى» دەرھال قوزغالمىدى، «ئىنقىلاب» مەغلۇپ بولدى. فەراجى ۋە ئاساسىي جىنايەتچىلەر قولغا ئېلىنىپ، ئىككىنچى يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. فەراجىنىڭ كىتابچىسى — «ئۇنتۇلغان مەجبۇرىيەت» غازاتچىلار تەشكىلاتىنىڭ نەزەرىيە قىبلىنامىسى بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) بۈگۈنكى مىسىر ئىسلام دۆلىتى ئەمەس، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قانۇنى بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئىسلامىيەت چەمبىرىنىڭ سىرتىدىكى ئادەم. ئۇنىڭدا ئىسلام نامىلا بار، ئىسلام ئەمەلىيىتى يوق. چۈنكى، ئۇنى مۇستەملىكىچىلەر باققان، بۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئەھلىسەلىپ ئارمىيىسى، كوممۇنىزمچىلار ياكى يەھۇدىي زىئونىزمچىلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئوخشاش؛ (2) شۇڭا جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە يەھۇدىي زىئونىزمچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۆز دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارغا قارشى تۇرۇپ، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك؛ (3) ئۇسۇل بىر، يەنى «ئۇنتۇلمىغان مەجبۇرىيەت» — جىھادنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى تېز تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت. جىھادنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تىغ ئۇچىنى كاپىر باشلىققا ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمىگە قارىتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش لازىم. چۈنكى، يەرشارىدىكى «ئالۋاستى»لار ئۆزى يوقالمايدۇ، ئۇلارنى قىلىچ بىلەن يوقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. قانداقتۇر پارلامېنتتىكى «ئىسلاھات يولى»، «ئىچكى جەھەتتە

بۈسۈش» ، «تەشۋىقى تەرغىبات» ، «ئاۋۋال ھىجرەت قىلىش ، كېيىن جىھاد قىلىش» دېگەندەك باشقا ئۇسۇللار ئەسقاتمايدۇ ؛

(4) ئىسلام دۆلەتلىرىدە ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ، مۇسۇلمانلارنى كونترول قىلىپ تۇرغان ھۆكۈمرانلار ئاللانىڭ دۈشمىنىدۇر . شۇڭا بۇ ھۆكۈمرانلارغا قارشى تۇرىدىغان جىھاد ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەقسەت ئاللانىڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت . بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ، كاپىرلار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى ھوقۇق تۇتۇشى لازىم .

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ئەسەبىيلىرى ھەممىدىن بۇرۇن مىسىردا پەيدا بولۇپ ، كېيىن باشقا دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ ، تەسىرى كەڭ بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلىرى بولغاچقا ، مىسىردىكى بۇ ئەسەبىي تەشكىلاتلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە . يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مۇستاپا شۇكرىنىڭ «بەلگە» ۋە مۇھەممەد ئابدۇسالام فەراجىنىڭ «ئۇنتۇلغان مەجبۇرىيەت» ناملىق كىتابلىرى ئەسەبىيلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئىسلام ئەسەبىي تەشكىلاتلىرىنىڭ قاراش ۋە تەشەببۇسلىرىغا نۇرغۇن ئىسلام ئالىملىرى ئېچىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى ياكى مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەردى . ئۇلار مۇنداق دېدى : بۇ ياشلار تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ، توغرا يول تاپتۇق دەپ ئىشىنىپ ، چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرىنى قوللانغاندا «ئاللا يولىدا جەڭ قىلغانلىق» بولىدۇ ، ئاللانىڭ ئالىي مۇكاپاتىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ ، ئۆلۈپ كەتسەكمۇ جايىمىز جەننەتتە بولىدۇ دەپ بىلىدۇ . شۇنى بىلمەيدۇكى ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ، بىگۇناھ كىشىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىرغىن قىلىدىغان مۇشۇنداق قىلمىشلىرى «جىھاد»نى بۇلغايدۇ، دىنغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ، ئۇنى رەھىمدىل ـ شەپقەتلىك ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ. بۇ ئازغاننىڭ يولىدۇر.

## 2. ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرى

يۇقىرىدا ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم تەلىماتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا زور تەسىر كۆرسەتكەن نەزەرىيىچىلەرنىڭ قاراشلىرى ۋە تارىخىي رولى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. بۇ يەردە ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەلىماتىنى يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزىتىمىز، يەنى تەلىماتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئۇنىڭدا زادى قايسى ئاساسىي قاراشلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ باقىمىز. بۇ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنى ماھىيىتىدىن چۈشىنىشىمىزگە ۋە تەھلىل قىلىشىمىزغا پايدىلىق بولىدۇ. تۆۋەندە 12 ئاساسىي قاراشنى تونۇشتۇرىمىز، بۇلارنى مۇئەللىپ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بىرنەچچە نەزەرىيىچىسىنىڭ تەلىماتلىرى ئىچىدىن يىغىنچاقلىغان، ئەتراپلىق بولماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ قاراشلار ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تىزىلمىدى، بەلكى ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە، ئوخشىمىغان تەشكىلاتلاردا ۋە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە روھى ئۆزگەرمىگەن، ئاتالمىش كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولماي ياكى تولىمۇ ئوخشاش بولماي، ھەربىر تەشكىلاتنىڭ خاسلىقىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان.

### 1. «پەقەت ئىسلامىيەتلا ھەل قىلالايدۇ»

بۇ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ ئومۇمىي سىياسىي پروگراممىسىدۇر.

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ قارىشىچە: «ئىنسانىيەت

بۇگۇن تېگى يوق يارنىڭ لېۋىدە تۇرۇۋاتىدۇ.» پەقەت ئىسلامىيەتلا كرىزىسنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

«پەقەت ئىسلامىيەتلا ھەل قىلالايدۇ» دەيدىغان بۇ قاراش ئۇلارنىڭ دىنىي مەيداندا تۇرۇپ، دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن چىقارغان يەكۈنىدىن ئىبارەت.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇگۈنكى دۇنيادا ئىنسانلار ساغلام تەرەققىي قىلىشقا تايىنىدىغان قىممەت ئۆلچەملىرى بۇزۇلۇپ كەتتى. دۇنيا ئۆزئارا تېپىشىپ، كۈچ دائىرىسىنى، ئىستراتېگىيىلىك بايلىقلارنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك جايلارنى تالىشىدىغان ئىككى چوڭ گۇرۇھقا — غەرب كاپىتالىزم گۇرۇھى بىلەن شەرق كوممۇنىزم گۇرۇھىغا ئايرىلىپ كەتتى. غەرب گۇرۇھى ناھايىتى تەرەققىي تېپىپ، غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ؛ ۋەھالەنكى، غەرب تۈزۈمىنىڭ تارىخىي رولى ئەمدى چېكىگە يېتىپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ساغلام تەرەققىي قىلىشنىڭ قىممەت ئۆلچىمىنى بېرەلمەيدىغان بولدى. «ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش رولى يوقايدىغان ھالغا يەتتى.» ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىسلام دۆلەتلىرى ئۇنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىدى. جەمئىيەت قاراڭغۇلاشتى، خەلق ئازاب چەكتى. XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بىلىملىك زاتلار غەربتىن ئۆگىنىپ، غەربنىڭ يولىدا مېڭىپ ئۆزىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈپ، ئىسلام دۆلەتلىرىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ئاخىر مۇستەملىكىچىلەرنى قوغلىۋېتىشنى نىيەت قىلدى. لېكىن ئۇلار مەغلۇپ بولدى، ئۇلار غەرب يولىنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئاخىر ئاستا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ ئاستا چۈشەندى .

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزىم ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ، ئاتېئىزم ۋە ئومۇم مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى بىلەن ئىسلامىيەت ئىدېئالىزمى ، بىر خۇدالىق ئېتىقادى ۋە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ تۈپتىن زىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ، بۇ پاكىت ، دەل شۇنداق بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ بىر يۈرۈش تەلىماتى ماركسىزم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەڭ قورقىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ماركسىزمنى تەنقىد قىلغاندا ھەمىشە بۇرمىلايدۇ ، تىللايدۇ ۋە قارا چاپلايدۇ . سەييىد قۇتۇبنىڭ «يول بەلگىسى» ناملىق كىتابىدا ماركسىزم ۋە سوتسىيالىزمنى تەنقىد قىلىشنى مۇشۇنداق بۇرمىلاش ، تىللاش ، قارا چاپلاشنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ . شۇ كىتابنىڭ 60 ـ بېتىدىكى مۇنۇ سۆزلەرگە قاراڭ : «كوممۇنىزم باشقا بىر خىل جەمئىيەت ، يەنى ئىرق ، مىللەت ، زېمىن ، تىل ، تېرە رەڭگىدىن ھالقىغان جەمئىيەت قۇرماقچى بولىدۇ . لېكىن ، بۇنداق جەمئىيەت كەڭ مەنىدىكى ئادەملەر ئاساسىغا ئەمەس ، بەلكى سىنىپلار ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ . شۇڭا ، بۇنداق جەمئىيەت قەدىمكى رىم جەمئىيىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولىدۇ ، ئۇ «ئاقسۆڭەكلەر» سىنىپىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان ، ئالدىنقىسى ، «پرولېتارىيات» سىنىپىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ . بۇ خىل جەمئىيەتتە باشقا سىنىپلارغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بولىدۇ ! مۇشۇنداق لەنىتى كىچىك جەمئىيەت ئىنسانىيەتكە ئەڭ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ . بۇنداق جەمئىيەت باشتىلا ھايۋانىي خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ، ئىنسانىيەتنىڭ «ئاساسىي تەلىپى» «تاماق ، ياتاق ، ھەۋەس»تىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ . ۋەھالەنكى ، بۇلار ھايۋاناتلارنىڭ ئىپتىدائىي تەلىپىدۇر . ئۇلار ئىنسانلارنىڭ تارىخى يېمەكلىك ئىزدەش تارىخىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ !»

ئۇلار كوممۇنىزم پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەينى چاغلاردا ئىسلام

دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىكنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا غەلىبە قىلغانلىقى ۋە رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئوينىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخنى بىر بولسا تىلغا ئالمايدۇ، بىر بولسا «تەنقىدلەپ» ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىش ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈش زۆرۈر ئىدى. ماركسىزم ئالدى بىلەن رۇسىيىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، دۆلەت قۇرۇلۇشى قاينام - تاشقىنلىق بىلەن تەرەققىي قىلدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، جاھانگىرلىك لاگېرى بىلەن قارشىلاشتى. شۇڭا رۇسىيىنىڭ ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشى ئىسلام دۇنياسىدىكى بىر قىسىم بىلىملىك زاتلارنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش يۆنىلىشى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، كوممۇنىزم پىكىر ئېقىمى ئىسلام دۇنياسىغا كىردى. ئوتتۇرا شەرقتىكى بەزى ئاساسلىق دۆلەتلەردە، مەسىلەن، مىسىر، سۇدان، سۈرىيە، لىۋان، ئىراق، تۈركىيە، ئىرانلاردا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەشكىلاتلىرى پەيدا بولۇپ، ئۆز دۆلەتلىرىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي سىياسىي كۈچ بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، بۇ پىكىر ئېقىمى شۇ يەرلەرنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا، جەمئىيەت ئەھۋالىغا ۋە خەلق ئەھۋالىغا ئىجادىي ماسلاشتۇرمىغانلىقتىن، كېيىن تەدرىجىي چېكىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىللە، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىسلام دۇنياسى خەلقلىرىگە يېڭى ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. 1 - باسقۇچتا ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويماي، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى. لېكىن 2 - باسقۇچتا، يەنى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قۇرۇلۇش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باسقۇچىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىدىن بەك يىراق بولدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە دۆلەتنىڭ ھەقىقىي تولۇق مۇستەقىل بولماي، يەنىلا غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئارىلىشىشىغا ۋە كونتروللۇقىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلالمايۋاتقانلىقىنى، تۇرمۇشنى ياخشىلاشتىن ئۈمىد يوقلۇقىنى، ئىشسىزلارنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، غەربلىشىشنىڭ ئەۋج ئېلىپ، ئەنئەنىنىڭ خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى، دۆلەت ئاجىزلىشىپ، خەلقنىڭ نامراتلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى، كىچىككىنە ئىسرائىلىيە تەرىپىدىن تەكرار مەغلۇپ قىلىنىپ، زېمىندىن ئايرىلىپ، بۇرۇنقى ئار ـ نومۇسنى يۇماي تۇرۇپ، يېڭى ئار ـ نومۇستا قېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. خەلق ئۈمىدسىزلەندى، غەزەپلەندى، گاڭگىرىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى: غەربنىڭ شەخسىيەتچىلىك تۈزۈمى، شەرقنىڭ كوللېكتىۋىزملىق تۇرمۇشى ۋە غەربتىن كىرگۈزگەن دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك تۈزۈمى ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ئىنسانىيەتكە يېڭى رەھبەر بولۇشى كېرەك. بۇ يېڭى رەھبەر ئىنسانىيەتكە پۈتۈنلەي يېڭى بىر خىل قىممەت ئۆلچىمىنى بېرىپ، ھەقىقىي ئىجابىي يولنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى كېرەك. ئىسلامىيەت، پەقەت ئىسلامىيەتلا مۇشۇنداق «پۈتۈنلەي يېڭى» قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇپ، شۇنداق يولنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، ئىسلامىيەت ھازىر دۇنيادىكى 3 ـ گۇرۇھ، 3 ـ يول، 3 ـ ئەندىزە سۈپىتىدە پەيدا بولدى. ئىسلامىيەت ئەزەلدىن ئىنساننىڭ ماددىي بايلىق يارىتىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاللا زېمىندا ۋەكىل تەسىس قىلغاندىن بۇيان، ماددىي بايلىق يارىتىش ئىنساننىڭ تۈنجى رولى بولدى — ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىسلامىيەت ھازىر بار

بولغان ماددىي مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئىنسانغا «پۈتۈنلەي يېڭى قىممەت ئۆلچىمى»نى — ئىسلام ئېتىقادىنى بېرەلەيدۇ ، يەنى ئىسلامىيەت ھەم ماددىي مەدەنىيەتنى ، ھەم مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىگىلىيەلەيدۇ . غەرب گۇرۇھى ۋە شەرق گۇرۇھىغا ئوخشىمايدۇ ، ئۇلاردا بىرى بولسا بىرى يوق ، ئۇلار تەبىئىيكى ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس دەپ قارايدۇ . شۇ ئارقىلىق زامانىمىزدىكى ئىنسانىيەت كرىزىسىنى «پەقەت ئىسلامىيەتلا ھەل قىلىپ ، ئىنسانىيەتنى «تېگى يوق ھاڭنىڭ لېۋى»دىن ياندۇرۇپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ .

بەزىلەر ئىسلام دىنى شۇنداق خىسلەتلىك بولۇپ ، زامانىمىزدىكى ئىنسانىيەتنىڭ كرىزىسىنى ھەل قىلالىسا ، نېمە ئۈچۈن مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىسلام دىنى بىلەن باشقۇرۇلۇۋاتقان دۆلەتلەر ئاجىزلىشىپ ، ھالى بارغانسېرى بەتەرلىشىپ كېتىدۇ ؟ ئىسلام دىنى ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلالماي ، ئۇزۇنغىچە ئەسلىگە كېلىشكە مادارسىز قالىدۇ ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن . بۇنداق سوئال ۋە گۇمانلارغا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى : شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىگە كېلىشكە مادارسىز قېلىپ ، ئۇزۇنغىچە ئاجىزلىشىپ كەتتىكى ، ئۇمەييە سۇلالىسىدىن باشلاپ ، ئاتالمىش «ئىسلام ھۆكۈمىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى»دىن بۈگۈنكى «ئىسلام دۇنياسى»غىچە ھەممىسى ئاللانىڭ شەرىئىتى بويىچە باشقۇرۇلمىدى . ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ھۆكۈمەتكە ۋە جەمئىيەتكە ئوخشىماي قالدى ، ھەممە ھايات ، تەپەككۇر ، تۈزۈم ۋە قىممەت قارىشى ئىسلامىيەتنىڭ توغرا يولىدىن چەتنەپ كەتتى . شۇڭا ، ئۇلار بىلەن ئىسلامىيەتتىكى توغرا يولنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق .

«ئاجىزلىشىپ كېتىش» ، «ئەسلىگە كېلىشكە مادارسىز قېلىش» ، «خىسلەتلىك بولالماسلىق»لارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەنلىك بولماستىن ، بەلكى ئۇممەتلەرنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ توغرا يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلىكىنىڭ يامان ئاقىۋىتى .

«پەقەت ئىسلامىيەتلا ھەل قىلالايدۇ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ سالمىقى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ ، ئۇ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ باش شوئارى ، شۇنداقلا ئومۇمىي سىياسىي پروگراممىسىدۇر . نەزەرىيە جەھەتتە ئۇ زامانىمىزدىكى ئىسلام مىللەتلىرى ، ئىسلام دۆلەتلىرى ، ئىسلام ئائىلىلىرى ۋە ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى ۋە چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى . كىشىلەردىن غەرب كاپىتالىزمىدىن ، شەرق سوتسىيالىزمىدىن ، ھەتتا ئۆز دۆلەتلىرىدىكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىكتىن ئۈمىد كۈتمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ ، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى باش كۆتۈرگەن ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزملا ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى . چۈنكى ، ئىسلامىزملا ئىسلامىيەتنىڭ چىنلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ ، بىر مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئىسلامىيەتنىڭ بەدىنىگە قونغان بىدئەتلىك چاڭلىرىنى تازىلىۋېتىپ ، ئۇنى قايتىدىن نۇرلاندۇرالايتتى ، ئۇنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان مەڭگۈلۈك ئەسلىي روھىنى يېتەكچى قىلىپ ، ئىجتىھادنى تەتبىقلاپ ، زامانىمىزدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ، پاك ـ ئادىل ئىسلام جەمئىيىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ ، زامانىۋى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋېلىپ ، ئىسلامىيەتنىڭ شۆھرىتىنى قايتىدىن جىلۋىلەندۈرەلەيتتى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ سۆز ناھايىتى رىغبەتلەندۈرىدىغان شوئار ، كۈچلۈك ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ ، ھەممىنى چەتكە قاقتى . پەقەت ھازىرقى زامان

ئىسلامىزمىغىلا ھۆرمەت قىلدى . مۇسۇلمانلارنى ھەرىكەتلىنىپ ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام ئىنقىلابى قوزغاشقا ، ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشقا ، دۇنيانى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ، كاپىرلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت قۇرۇشقا ، ئۆز دۆلىتىدە ، پۈتۈن دۇنيادا ئاللانىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىردى .

ئەگەر «پەقەت ئىسلامىيەتلا ھەل قىلالايدۇ» دېگەن بۇ سۆز سەل تومتاق بولۇپ قاپتۇ دېيىلسە ، كېيىن ھۇمەينى بۇ ئىدىيىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، «شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق ، پەقەت ئىسلام كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئەسلىدىكى ئاساسىي ئىدىيىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى . «شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دېگەندە ، غەرب ۋە شەرقنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ، سىياسىي تۈزۈمى ، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئەندىزىسىنىڭ كېرىكى يوق دېگەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «پەقەت ئىسلامىيەت كېرەك» دېگەندە ، ئىسلامىيەتنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى ، ئىسلامىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەندىزىسىلا مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر تاللىشى ، ئۈمىد ۋە غەلىبە يولى ، كۈچىيىش ، بەختلىك بولۇش يولى بولالايدۇ ، دېمەكچى بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ئۆز دۆلىتىدە ۋە پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

شۇڭا ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتى مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ، ئەڭ جىددىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن ئارىلىشىپ ، ئەلگە نىجاتلىق تىلەيدىغان ، ئاللانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە بىر تەرەپتىن ، ھەققانىيەت ئۈچۈن سۆز قىلىپ ، غەرب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كاپىتالىزمنىڭ، شەرق كوممۇنىزمىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆز دۆلەتلىرىدىكى دىندىن تاشقىرى ھۆكۈمەتلەرنىڭ «ھەر خىل ئىللەتلىرى»نى ۋە «چىرىكلىك ـ ئىقتىدارسىزلىقى»نى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ، ئىسلام دۆلەتلىرىدە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق، ئەركىنلىك ۋە ئادىللىق بېرىدىغانلىقى، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەير ـ ئېھسان ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويۇپ، يوقسۇللارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كېسەل داۋالىتىشىغا، بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا، ئىشسىزلارنىڭ ئىش تېپىۋېلىشىغا، ئۆيسىز قالغان نامراتلارنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا، يېشى چوڭلاپ كەتكەن ياشلارنىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، كىشىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىلى، يېتەكچىسى ۋە جەڭچىسى بولۇپ قالدى.

«شەرقنىڭ كېرىكى يوق، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق، ئىسلامىيەت بولسىلا بولىدۇ» دېگەن بۇ سۆز ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەر خىل مەسىلەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورنىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاق شەرھلەپ بېرىپ، ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىچكى، تاشقى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاساسىي يولى بولۇپ قالدى، ئۆز دۆلەتلىرىدە ۋە پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام ئىنقىلابى قىلىشنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالدى.

## 2. «ھاكىملىق ئاللاغىلا مەنسۇپ»

بۇ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم تەلىماتىنىڭ ئاساسى. «ھاكىملىق» دېگەن بۇ ئەرەبچە سۆز «ھاكىم» سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى، ھۆكۈم

قىلغۇچى ، كېسىم قىلغۇچى دېگەندەك مەنىلىرى بار . «هاكىملىق قىلىش» هۆكۈمرانلىق قىلىش هوقۇقىنى ، هۆكۈم قىلىش هوقۇقىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ سۆز «قۇرئان كەرىم» دىكى «يۇسۇف» سۈرىسىنىڭ 40 ـ ئايىتىدە چىقىدۇ . بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى كىشىلەر بۇرۇن «بارچە هۆكۈملەر پەقەت ئاللاغىلا مەنسۇپ» دەپ چۈشەنگەن . بۇ ئايەتنىڭ كەينىدىكى مەنىسىدىن قارىغاندا ، بىر ئىشنىڭ هەق ـ ناهەق ، ئەگرى ـ تۈز بولىدىغانلىقى ، ئاخىر ئۇنىڭغا ئاللانىڭ هۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى ، ئاللادىن باشقا هەرقانداق مەبۇد ياكى بەندىنىڭ بۇنداق هوقۇقىقا ئىگە ئەمەسلىكى سۆزلەنگەن . هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم بۇ ئايەت ئۈستىدە «ئىجتىهاد» قىلىپ ، يېڭى ئىزاهات بەرگەن ، يەنى «هۆكۈم قىلىش (هوقۇقى)»نى «هۆكۈمرانلىق قىلىش هوقۇقى» ، بەلكى ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان «هەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان هۆكۈمرانلىق هوقۇقى» دەپ شەرهلىگەن .

«هاكىملىق پەقەت ئاللاغىلا مەنسۇپ» دېگەن بۇ قاراشنى هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ نەزەرىيىچىسى ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى ئىجاد قىلغان بولۇپ ، هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم تەلىماتىنىڭ ئاساسى ۋە يادروسى هېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، مۇشۇ قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ نەزەرىيىسىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدۇ .

«هاكىملىق» دېگەن ئاتالغۇنى مەۋدۇدى تۆۋەندىكىچە شەرهلىگەن : « ‹هاكىملىق› دېگەن بۇ ئاتالغۇنى هازىرقى زامان سىياسىي ئىلمى بويىچە ئىزاهلىغاندا ئۇ ‹ئالىي هوقۇق› ۋە ‹ مۇتلەق هوقۇق›نى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ . هۆكۈمرانلىق قىلغۇچى شەخس ۋە كوللېكتىپ ياكى ئورگانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقى قانۇن بولۇپ ، پۇقراغا هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان چەكسىز هوقۇققا ئىگە بولغان بولىدۇ . پۇقرا خالاش ـ خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ، بويسۇنۇشى

كېرەك ، ھەرقانداق سىرتقى ئامىل ئۇنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويالمايدۇ ، ئۇنىڭ ئالدىدا پۇقرانىڭ ھېچقانداق ھوقۇقى بولمايدۇ . ئەگەر ئازراق ھوقۇقى بار دېيىلسە ، ئۇمۇ ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەممە ھوقۇقلارمۇ ئۇنىڭدا ئەسلىدىن بولغان ئەمەس ، قانۇن چىقارغۇچى سۈپىتىدە بەلگىلىمە چىقارغاندىن كېيىن بار بولغان ؛ ئۇ ئەگەر بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتسە ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھوقۇق قالمايدۇ ، قانۇن «ھاكىملىق»قا ئىگە بولغۇچىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تۈزۈلىدۇ ، پۇقرا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى لازىم . لېكىن ، ئۇنىڭ ئۆزى ھېچقانداق قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ ، ھەرقانداق ئادەمگىمۇ بويسۇنمايدۇ . ئۇ ھەممىگە قادىر ، مۇتلەق ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ تەرىپىدىن چىقىرىلغان بەلگىلىمىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ۋە ياخشى ـ يامانلىقىنى سوراشقا بولمايدۇ ، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان ئادەملەردىن ھېچكىم ئۇنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنى يامان دەپ قاراپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ ؛ ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا ھېسابلىنىپ ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان ئادەم ئۇنىڭدا قىلچە خاتالىق بار دەپ قاراشقا بولمايدۇ ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ مەدھىيىلىنىدىغانلىقىنى ، پاكلىقىنى ، خاتالاشمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك . »

مەۋدۇدى ھاكىملىقنى مۇنداق ئىزاھلاشتا شۇنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇكى ، رېئال سىياسىي ھاياتتا بۇنداق چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ھۆكۈمراننى تاپقىلى بولمايدۇ ، ھوقۇقى ھەرقانچە چوڭ پادىشاھمۇ سىرتقى ئامىللارنىڭ بەزى چەكلىمىلىرىگە ئۇچرايدۇ ، خالىغىنىنى قىلىپ كېتەلمەيدۇ . شۇڭا ، ھەممىنى ياراتقان ئاللا شۇنداق ھۆكۈمران بولالايدۇ . مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ : «قۇرئان كەرىم» بۇ نۇقتىنى

كىشىلەرگە تەكرار كۆرسىتىپ ، پەقەت ئاللانىڭ «خالىغىنىنى قىلىدۇ »[1] غانلىقىنى چۈشەندۈرگەن . پەقەت ئاللا مۇتلەق ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھۆكۈمران ھېسابلىنىدۇ . «ئاللانىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ . »[2] پەقەت ئاللا ئەڭ قۇدرەتلىك ، ھەممىگە قادىردۇر . «ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر . . . »[3] «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا ؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا ) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە پاناھ بولالمايدىغان كىم ؟ . . . ئۇلار ، ئاللا ، دەيدۇ »[4] پەقەت ئاللا خاتالىق سادىر قىلمايدۇ . « . . . ئۇ (مۇتلەق ) پادىشاھدۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر ) ، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر ) ، (مۆمىنلەرگە ) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر . . . »[5]

مەۋدۇدىنىڭ يەكۈنى شۇكى ، ئىسلامىيەت «ھاكىملىقى» پەقەت ئاللاغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئادەمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇتلەق ئالاقىسى يوق . مەيلى شەخس ، ياكى كوللېكتىپ بولسۇن ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىگە ئەمەس ، كىمكى «ھاكىملىق»قا ئىگىمەن دەپ بىلجىرلايدىكەن ، ھاكىملىقنىڭ ھەممىسىگە ياكى بىر قىسمىغا ئىگىمەن دەپ بىلجىرلىشىدىن قەتئىينەزەر ، چوقۇم قىلچە ئەيمەنمەي يالغانچىلىق قىلغان بولىدۇ .

مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ : ئاللاغا ئىمان ئېيتىش ئاللانىڭ ئىنسانغا بولغان ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك ، بولمىسا كاپىر بولۇپ كېتىدۇ . «كاپىر » دەپ ئەيىبلىنىش تەقۋادار مۇسۇلمان ئۈچۈن ناھايىتى

---

(1) «قۇرئان كەرىم» ، 11 ـ سۈرىنىڭ 107 ـ ئايىتىدىن .
(2) «قۇرئان كەرىم» ، 21 ـ سۈرىنىڭ 23 ـ ئايىتى .
(3) «قۇرئان كەرىم» ، 36 ـ سۈرىنىڭ 83 ـ ئايىتى .
(4) «قۇرئان كەرىم» ، 23 ـ سۈرىنىڭ 88 ـ ئايىتى .
(5) «قۇرئان كەرىم» ، 59 ـ سۈرىنىڭ 23 ـ ئايىتى .

www.uyghurkitap.com

ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. مەۋدۇدى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «... ئاللا نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر»[1]، «ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى (بۇ، مەۋدۇدىنىڭ يېڭى ئىزاھاتى بولۇپ، ئەسلىي «بارچە ھۆكۈملەر» ئىدى) پەقەت ئاللاغىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بۇ توغرا دىندۇر»[2]

مەۋدۇدى خۇدانىڭ ھاكىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئاللانىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئىلاھىي ھۆكۈمرانلىقىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يەنە بىر ئىنتايىن مۇھىم يېڭى قاراشنى — «خەلقنىڭ ھاكىملىقى»نى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «قۇرئان كەرىم»دە «ئاللا ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىمۇ... چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى... ۋەدە قىلدى.»[3] «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنباسار) يارىتىمەن»[4] دېگەندەك ئايەتلەر خەلقنىڭ ھاكىملىقى توغرىسىدىكى بېشارەتلەردۇر. «خەلقنىڭ ھاكىملىقى» ئىككى قەۋەت مەنىگە ئىگە: ئۇنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئىلاھ ھوقۇق خاراكتېرى بولىدۇ. خەلقنىڭ ھاكىملىقى ئارقىلىق ئاللانىڭ ھاكىملىقى زېمىندا ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئەمەلىيلەشتۇرۇلىدۇ. ئاللا يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنباسار) يارىتىپ، ئۇلارغا ئۆزى بەلگىلىگەن ئىسلام شەرىئىتى بويىچە پۇقرانى باشقۇرغۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ، پەقەت ئىجرا قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. قانۇن چىقىرىش ئالىي ھۆكۈمران ئاللاغىلا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە دېموكراتىك خۇسۇسىيەت

---

① «قۇرئان كەرىم»، 5 ـ سۈرىنىڭ 45 ـ ئايىتىدىن.
② «قۇرئان كەرىم»، 12 ـ سۈرىنىڭ 40 ـ ئايىتىدىن.
③ «قۇرئان كەرىم»، 24 ـ سۈرىنىڭ 55 ـ ئايىتى.
④ «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرىنىڭ 30 ـ ئايىتى.

بولۇپ ، «شورا» پرىنسىپىدا ئىپادىلىنىدۇ . ئورۇنباسارلىق هوقۇقى مەلۇم شەخس ياكى مەلۇم كوللېكتىپ ، سىنىپ ، قەبىلىگە خاس بولۇپ كېتىشكە ياكى ئۆلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا بولمايدۇ ، بەلكى ھەممە مۇسۇلمانغا مەنسۇپ بولۇپ ، كىمنىڭ شەرتى توشۇپ ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سايلىنىدىكەن ، شۇ كىشى ئورۇنباسارلىققا تەيىنلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ .

ئاللانىڭ ھاكىملىقى بىلەن خەلقنىڭ ھاكىملىقى يېڭى كۆز قاراش ئەمەس ، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردە ئەۋج ئالغان بىر خىل ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي نەزەرىيىسى بولغانىدى ، دىنىي داھىي بولغان ئادەم دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان ، ئۆزىنى «تەڭرى»نىڭ ۋەكىلى ، ئورۇنباسارى ، سايىسى دەپ ئۆزىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى دەخلى - تەرۇز قىلغىلى بولمايدىغان ، شەرىئەتكە مەڭگۈ ئۆيغۇن ۋە مۇقەددەس قىلىۋالغان .

### 3 . «جاھىلىيەت ۋە كاپىرلىق نەزەرىيىسى»

بۇ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ ئىككى توقمىقى .

«جاھىلىيەت» دېگەن ئەرەبچە ئاتالغۇ ، ئەسلى «جاھالەتپەرەسلىك» ، «نادانلىق» دېگەندەك سۆزلەردىن ياسالغان بولۇپ ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كۆپ خۇدالىق ئەقىدە ۋە ھەرىكەتلەر شۇنداق دەپ ئاتالغان . بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئاتالغۇ «تەجاشىر» بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنىسى «مەلۇم ئادەمنىڭجاھالەتپەرەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىش (ئۇنى ئىنكار قىلىش )» ياكى «مەلۇم ئىش ، مەلۇم ئىدىيە ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ جاھالەتپەرەسلىك خاراكتېرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش» دېگەنلىكتىن ئىبارەت . شۇڭا ، ئىسلام تارىخشۇناسلىرى ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرنى «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«كاپىر» دېگەنمۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئىمانسىزلار»، «دىندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر» دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، شەرىئەتكە ئېتىقاد قىلمايدىغانلار ياكى دەسلەپ ئېتىقاد قىلىپ كېيىن يېنىۋالغانلارنى كۆرسەتكەن. بۇ ئاتالغۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر ئاتالغۇ «تەكاپىر» بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «مەلۇم ئادەمنىڭ ئىمانسىز ياكى مۇرتەد (دىندىن يۈز ئۆرۈگۈچى) ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش (ئۇنداق قىلىشنى ئىنكار قىلىش)»نى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئاتالغۇلار «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان. مەۋدۇدى بۇ ئاتالغۇلارغا يېڭى ئىزاھات بەرگەن. نەتىجىدە، بۇ ئاتالغۇلار ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ دۈشمەننى ئەيىبلەشكە، ياتلارنى چەتكە قېقىپ، ئۇلارغا گۇناھ ئارتىشقا كۆپ ئىشلىتىدىغان ئىككى توقمىقى بولۇپ قالغان.

بۇ ئاتالغۇلارغا مەۋدۇدىنىڭ قانداق يېڭى مەنىلەرنى قوشقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، بەزى ئىسلام مەزھەپلىرى ۋە ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تارىخىي جەھەتتىن كۆزىتىپ بېقىش زۆرۈر.

تارىختا خاۋارىجلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىدىيىگە قايتىپ كېتىپ، «ئىنتايىن چوڭ گۇناھ» سادىر قىلدى دەپ قارىغانلارنى تۇنجى قېتىم «جاھىللار»، «كاپىرلار» دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ئاغزىدا «كەلىمە شاھادەت»نى ئېتىراپ قىلغان مۇسۇلماننى «جاھىل» ياكى «كاپىر» دېيىش، ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقاتقاندىنمۇ ئېغىر بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار قارشى تۇرۇشتا «قۇرئان كەرىم»دىكى «نىسا سۈرىسى»نىڭ 93 ـ، 94 ـ ئايەتلىرىنى ئاساس قىلغان: «كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللانىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ.

ئاللا ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ. ئى مۆمىنلەر! ئاللا يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە — دۇنيانىڭ مال - مۈلكىنى (غەنىيمەتنى) كۆزلەپ — سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)، ئاللانىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىيمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ئاللا سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. ئاللا سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر».

ئىسلام ئالىملىرى ئىسلام دىنىنى ئىككى تۈرگە، يەنى ئالتە ئىمان ۋە بەش پەرھىزدىن ئىبارەت ئاساسىي ئەقىدىگە؛ ئاساسىي ئەقىدىنىڭ ئاستىدا، ئىسلام دۆلىتى، ئىسلام جەمئىيىتى، ئىسلام ھۆكۈمىتى قاتارلىق شۆبە ئەقىدىگە ئايرىيدۇ. ئاساسىي ئەقىدىگە خىلاپلىق قىلىش ئىمان خاراكتېرىدىكى مەسىلە بولۇپ، جاھىلىيەت ۋە كاپىرلىق ھېسابلىنىدۇ. شۆبە ئەقىدىگە خىلاپلىق قىلىش پەقەت ھەق - ناھەقلىق مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ ھاكىمىيەت مەسىلىسىگە بولغان قارىشى ئوخشىمايدۇ. شىئە مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئىمام (مەنىسى «دۆلەت ياكى جەمئىيەتنى تەشكىللەيدىغان ئالىي ھوقۇقدار» ياكى «دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى»، «نامازغا باشچىلىق قىلىش لاياقىتىگە ئىگە كىشى»، «نامازغا باش بولغۇچى»، «يۇقىرى ئىناۋەتلىك ئىسلام ئۆلىماسى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە بىرىنچى مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىگە مەنسۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار كاپىر ھېسابلىنىشى كېرەك . سۈننىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە ، ئىمام دېگەندە دۆلەت كۆزدە تۇتۇلسا ، شۆبە ئەقىدە مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ شەخس ، ئورگان ياكى جەمئىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلارغا «كاپىر» دېگەن جىنايى نامنى تاڭماسلىق لازىم .

ئىمام غەززالى (1059 — 1111) ، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە ، مەشھۇر تارىخشۇناس ئىبنى خەلدۇن (1322 — 1406) لار «ئىمام» شۆبە ئەقىدە مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلدى . بولۇپمۇ ئىبنى تەيمىيە زوراۋانلىققا ئىزچىل پىسەنت قىلماي ، دائىرىلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى ، دائىرىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە كۆپ ئۇچراپ ، ئاخىر زىنداندا ئۆلۈپ كەتتى . لېكىن ، ئۆلۈپ كەتكۈچىمۇ ھۆكۈمەتكە ۋە جەمئىيەتكە «جاھىلىيەت» ۋە «كاپىرلار» دېگەن گۇناھلارنى چاپلىمىغان . بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپ ئاساسىي ئەقىدە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولماي ، شۆبە ئەقىدە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ . شۇڭا بۇ يەردە ، «ئىسلامىيەتتىن» «جاھىلىيەتكە» چېكىنىپ كېتىش مەسىلىسىنى تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ . يېقىنقى زاماندىكى ئىمام مۇھەممەد ئابدۇ مۇنداق دېگەنىدى : «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇنداق مەشھۇر دىنىي قائىدە بار : يەنى بىر ئادەمنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنى ‹كاپىر› دەپ بېكىتىشكە بولىدىغان يۈز سەۋەب بولسىمۇ ، بىر سەۋەبنى ‹ئىمان› دەپ بېكىتىشكە بولسا ، ئۇ سۆزنى ‹ئىمان› ھېسابلاش كېرەككى ، ‹كاپىر› لىققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ .» مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باش يېتەكچىسى ھەسەنۇل بەننا ئۆزى ياشاۋاتقان مىسىرنى ئىسلام جەمئىيىتى ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسلام مۇھىتى پاك ئەمەس ، ئۇنىڭغا غەربنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تەسىرى

ئارىلىشىپ كەتكەن ، شۇڭا مىسىر جەمئىيىتى كاپىرلار جەمئىيىتى ۋە جاھىلىيەت جەمئىيىتى ئەمەس ، ئۇنىڭ ئىسلاملىشىش دەرىجىسى يېتەرسىز ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇش لازىم دەپ قارايدۇ . ئۇ مۇنداق دېگەن : «پۈتكۈل مىسىر بىلەن پۈتكۈل ئىسلامىيەت بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتتى : ئىسلام ئېتىقادى ، ئىسلام تىلى ، ئىسلام مەدەنىيىتى يۇغۇرۇلۇپ كەتتى . مىسىر ئىسلامىيەتنى قوغدىدى ، ئۆزىنىڭ زېمىنىنى قوغدىدى ، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى چېكىندۈردى . . . مىسىردىكى تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە كۈچلۈك ، روشەن ئىسلام خۇسۇسىيىتى ئىپادىلەندى : ئىسىم ئىسلامچە قويۇلدى ، تىل ئەرەبچە بولدى ، شۇنچە كۆپ مەسچىتلەردە ئاللانىڭ نامى زىكرى قىلىنىدۇ ، ھەقىقەتنىڭ ساداسى بۇ يەرلەردىن ياڭراپ تۇرىدۇ . تۇيغۇمىز ئىسلامىيەتكە ، ئىسلامىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا باغلىنىپ ، باشقا ھەرقانداق ئىشقا باغلىنىشتىن ئېشىپ كەتكەن . بۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىت ، لېكىن غەرب مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پېنى ، پۇلى ، سىياسىيىسى ، ئەيش ـ ئىشرىتى ، راھەت ـ پاراغىتى ۋە بىز ئۆتكەندە بىلمەيدىغان ھەر خىل بىمەنە ، ئېزىتقۇ تۇرمۇش شەكلى بىلەن كەڭ ھۇجۇم قىلدى . ۋەھالەنكى ، بىز بولساق ئۇلاردىن ھۇزۇرلاندۇق ، ئۇلارغا تاياندۇق ، نەتىجىدە تاجاۋۇزنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئېغىر بولدى . مىسىردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن مۇھىم تەرەپلىرىدە ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى كىچىكلەپ كەتتى . تۇرمۇشىمىزنى ناھايىتى تېز ئۆزگەرتتۇق ، كۆپ قىسىم تۇرمۇشىمىزغا ياۋروپانىڭ بوياقلىرى يۇقتى . ئىسلامىيەتنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى رولى كۆپچىلىكنىڭ قەلبى ۋە مېھراب ئالدى بىلەن چەكلىنىپ قالدى . ئۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئايرىۋېتىلدى . ئارىلىقى ناھايىتى يىراقلاپ كەتتى . شۇڭا ، ھازىر بىز ئىككى ياقلىمىلىق ، بۆلۈنۈش

ياكى زىددىيەتلىك ھايات كەچۈرۈۋاتىمىز .»① بىرەر مۇسۇلماننى «كاپىر» ياكى «جاھىل» دەپ بېكىتىش ـ بېكىتمەسلىك مەسىلىسىدىمۇ ئۇ ئېھتىياتچان بولىدۇ . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : « ‹كەلىمە شاھادەت ›نى ئېتىراپ قىلغان ھەم ‹كەلىمە شاھادەت › بويىچە ئىش قىلغان ، دىنىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغان مۇسۇلمان بولسا ، ئۇنىڭ مەجبۇرىيەتنى مۇنداق ئادا قىلىشى ئاغزىدىكى ئىپادە بولۇشىدىن ياكى خاتا ئىجرا قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ياكى ئىسلامىيەتتىكى ھەممىگە ئايان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلغان ، ‹قۇرئان كەرىم ›دىكى ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغان ، ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسىنى ھەرقانداق قىلىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ياكى ‹كاپىر ›چە چۈشەندۈرگەندىن باشقا ، ھېچقانداق چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنى ‹كاپىر › دەپ بېكىتمەسلىكىمىز لازىم .»②

ئەمدى «جاھىلىيەت» ۋە «كاپىرلىق»قا مەۋدۇدىنىڭ قانداق يېڭى مەنىلەرنى قوشقانلىقىغا قاراپ باقايلى .

مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئاجىزلىشىپ گۈللىنەلمەسلىكىدە ھەم سىرتقى سەۋەبلەر ، ھەم ئىچكى سەۋەبلەر بار . ۋەھالەنكى ، تاشقى سەۋەبلەر ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ رول ئوينىدى .

ئىچكى سەۋەبلەر شۇكى ، 3 ـ خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىن ئېتىبارەن «ئەنئەنىۋى جاھىلىيەت» ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى ، 4 ـ خەلىپە ھەزرىتى ئەلىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇنداق ئەسلىگە كېلىش كۈچەيسە كۈچەيدىكى ، ئاجىزلىمىدى . بۇنداق پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ

---

① ھەسەنۇل بەننا : «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى» ، قاھىرە ئىسلام نەشرىياتى ، 1992 ـ يىلى نەشرى ، 237 ـ ، 238 ـ بەتلەر .

② يۇقىرىقى كىتاب ، 359 ـ بەت .

كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلى ھاياتىنى قۇربان قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن (ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى تەرىپىدىن 5 ـ خەلىپە دەپ ھۆرمەتلىنىدىغان ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز تەختتە ئولتۇرغان ئىككى يىلنى چىقىرىۋەتكەندە ) ، دۆلەت ھاكىمىيىتى ئىسلامىيەت ئاساسىغا قۇرۇلۇشتىن جاھىلىيەت ئاساسىغا قۇرۇلۇشقا چېكىنىپ كەتتى . «ئەنئەنىۋى جاھىلىيەت»نىڭ ئاساسي ئىپادىلىرى مۇنداق بولدى : ئىسلامىيەتنىڭ ھاكىملىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلمايدىغان بولدى . ئاللانىڭ ئالىي ، مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلمايدىغان بولدى . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ‹ئىلاھ باشقۇرۇش › ‹ئادەم باشقۇرۇش ›قا ياتلاشتۇرۇلۇپ ، ئىسلامىيەت يولىدىن چىقىپ كەتتى . شۇڭا شۇ چاغدىن ھازىرغىچە ئىسلام دۆلەتلىرى ، ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى ، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتتى . ھەممىسى ھەقىقىي ئىسلام دۆلەتلىرى ، ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى بولماي ، بەلكى كاپىرلار دۆلەتلىرى ، كاپىرلار ھۆكۈمەتلىرى ، كاپىرلار جەمئىيەتلىرى بولۇپ كەتتى .

مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە تاشقى سەۋەب غەرب ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : دەۋرىمىز غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن ، مەدەنىي يېڭى جاھىلىيەت دەۋرى بولۇپ كەتتى . چۈنكى ، غەرب مەدەنىيىتى ئادەمنى ئىلاھ قىلىپ ئادەمگە تاڭدى ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتتى ، ئادەم يىرتقۇچ ھايۋانغا ئايلىنىپ بىر ـ بىرىنى يەم قىلدى . غەربنىڭ بىزنى قۇل قىلالىشى نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان دىنىي ، ئىدىيە ، ئەخلاقىمىزنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولدى .

3 ـ خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىن ئېتىبارەن «ئەنئەنىۋى

جاھىلىيەت» ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. قانداقتۇر گرېك پەلسەپىسى، رىم پەلسەپىسى، پارس پەلسەپىسى دېگەنلەر كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، جاھالەتپەرەسلىك سەپسەتىلىرى كۆپ تارقالدى. كېيىن قالغانلىقىمىزدىن XVIII ئەسىردىن بۇيان غەرب مۇستەملىكىچىلىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنى — ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان جاھالەتپەرەسلىك مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئىسلام دۇنياسىغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. غەرب مەدەنىيەت جاھالىتىنىڭ مۇھىم ئالامىتى شۇكى، ئۇنىڭدا بىدئەتلىك روھ بولۇپ، دىنىي دۆلەتتىن، ھۆكۈمەتتىن، جەمئىيەتتىن، مائارىپتىن، تەنتەربىيىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، بالا ئۈستىگە قازاغا دۇچار بولۇپ، قەد كۆتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىدۇر، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۇرۇشنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۇشمىنىدۇر.① شەرقنىڭ سوتسىيالىزمى بىلەن 3 ـ دۇنيانىڭ مىللەتچىلىكى ئەلۋەتتە غەربنىڭ كاپىتالىزمىغا ئوخشىمايدۇ. لېكىن، مەۋدۇدى دىنىي مەيداننى ئاساس قىلىپ، ئۇلارمۇ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىغا قارشى تۇرىدۇ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، غەربنىڭ دىندىن خالىيلىقى بىلەن ئوخشاش مەنبەدىن كەلگەن، ئوخشىمىغان ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىگە مەنسۇپ، شۇڭا ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىنى گۈللەندۇرۇشنىڭ دۇشمەنلىرىدۇر دەپ قارايدۇ.

مەۋدۇدىنىڭ ئۇممەييە سۇلالىسىدىن بۇيانقى دۆلەتلەر، ھۆكۈمەتلەر، جەمئىيەتلەر، ھەتتا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىسلام خۇسۇسىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ قارشى ئىسلام دۇنياسىدا

① مۇھەممەد ھەمرا: «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى»، 73 ـ، 76 ـ بەتلەر.

كەسكىن مۇنازىرە پەيدا قىلدى ، نۇرغۇن ئىسلام ئالىملىرى ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى ئېلان قىلدى ياكى قاتتىق رەددىيە بەردى . ئۇلار مەۋدۇدى ئىسلامىيەتنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ ، ئاساسىي ئەقىدە بىلەن شۆبە ئەقىدىنىڭ چېگراسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى . شۆبە ئەقىدىنى ئاساسىي ئەقىدە ئورنىغا قويدى . ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا «قالايمىقان تۇتقىغا كۆتۈردى . » دېدى . ۋەھالەنكى ، ئۇ ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەسەبىيلەر تەرىپىدىن كەڭ قوبۇل قىلىندى ۋە ئەمەلدە قوللىنىلدى ، ئېتىقاد قىلىنىۋېلىنىپ ، تېررورلۇق قىلىشنىڭ شەرىئەت ئاساسى قىلىندى .

مەۋدۇدىنىڭ «جاھىلىيەت» قارىشىنى سەييىد قۇتۇب تېخىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇپ ، ئەسەبىي تەشكىلاتلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلاندۇردى . ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ : (1) «ھاكىملىق»نى ئېتىقادنىڭ بىر قىسمى قىلىپ ئاللاغا ئىمان ئېيتىشنىڭ ھەممە قىسمى قىلدى ، يەنى «ھاكىملىق»قا ئەمەل قىلىش ئاللاغا ئېتىقاد قىلغانلىق بولىدۇ ، ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشمۇ «ھاكىملىق»قا ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ دېدى ؛ (2) «جاھىلىيەت»نىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتى . «پۈتكۈل دۇنيا بۈگۈن ‹جاھىلىيەت› ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ . » دېدى[1] . ئۇ يەنە مۇنداق دېدى : «بىز بۈگۈن ياشاۋاتقان جاھىلىيەت مۇھەممەد ئىسلام دىنى دەسلەپكى دەۋرلەردە ياشىغان جاھىلىيەت مۇھىتىدىنمۇ زۇلمەتلىك ، ئەتراپىمىز جاھىلىيەت ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ، ئېتىقادى ، ئادىتى ، ئەنئەنىسى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات ، سەنئەت ، قانۇنلىرى ، ھەتتا ئۆتكەندە بىز ئىسلام مەدەنىيىتى دەپ قارىغان

---

[1] سەييىد قۇتۇب : «يول بەلگىسى» ، قاھىرە شەرق نەشرىياتىنىڭ 1993 ـ يىلى نەشرى ، 10 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نەرسىلەر ، ئىسلامىيەتكە دائىر مۇھىم ئەسەرلەر ، ئىسلام پەلسەپىسى ، ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ مەنبەسى جاھىلىيەت» ؛ (3) زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، مۇسۇلمان شەخسلەرنىمۇ زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىپ ، شەخسنى «جاھىل» ، «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلدى ؛ (4) ئىسلام دىنى بىلەن جاھىلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتنى تەكىتلىدى . «ۋەزىپىمىز رېئال جاھىلىيەت جەمئىيىتى بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئەمەس ، ئۇنىڭغا ساداقەتلىكىمىزنى بىلدۈرۈش ئەمەس . . . ۋەزىپىمىز ئالدى بىلەن بۇ رېئال جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ، بۇ جاھىلىيەت رېئاللىقىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت»

## 4 . «ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈكلىكى»

XIII ئەسىردە ئوسمان ئىمپېرىيىسى (1299 — 1924) قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ قالدى . XVII ئەسىردىن ئېتىبارەن خارابلىشىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ خەلىپە ھۆكۈمرانلىقى چىرىپ لىڭشىپ قالدى . ۋەھالەنكى ، بۇ خەلىپە ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىسلام نوپۇزى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى بولدى . ئىمپېرىيە جەمئىيىتىنىڭ قانداق زۇلمەتلىشىپ كېتىشىدىن ، دۆلەتنىڭ قانداق زەئىپلىشىشىدىن ، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قانداق بوزەك قىلىشى ۋە پارچىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئىستانبۇلغا ھەم نەپرەتلەندى ، ھەم كۆيۈندى .

مۇستاپا كامال رەھبەرلىك قىلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى 1923 ـ يىلى قۇرۇلۇپ ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن جۇمھۇرىيەتنىڭ سىياسىي تۈرمۇشىدىن ئىسلام دىنىنى ئۈزۈل ـ كېسىل چىقىرىۋەتتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ،

تۈركىيىدە ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرىدىغان سىياسىي رولى يوقىدى، شەخسلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي تۇرمۇشىدىكى رولىلا قەپقالدى.

ئىسلام دۇنياسىدا ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشنىڭ يولىنى مۇستاپا كامال باشلاپ بەردى. ئۇ ئىسلام تارىخىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇپ، مىسلىسىز كەسكىن ئىنكاس قوزغىدى: بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىكى ئىسلام دۇنياسىدا مىللىي مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىكنى ئارزۇ قىلىۋاتقان خەلقنىڭ كەڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشىپ، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى خەلق قەلبىنىڭ ئىنتىلىشى، ۋەزىيەت تەقەززاسىدىن ئىبارەت تارىخىي ئېقىم بولۇپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش سىياسىتى خەلىپە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى ئۆلىمالارنىڭ چەكسىز غەزىپىنى ۋە كۈچلۈك ئەيىبلىشىنى قوزغىدى. ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم يۈقىرىقى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەكس تەسىرى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى پىكىر ئېقىمى بولدى. ئۇ بۇنداق دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىكنى توسۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش»نى تەشەببۇس قىلسا، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم «ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكى»نى تەشەببۇس قىلىپ، «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىر گەۋدە قىلىش»نى تەلەپ قىلدى. «ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكى» دېگەندە، ئىسلامىيەت ئىنساننىڭ دىنىي مەنىۋى تۇرمۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي تۇرمۇشىنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، مۇشۇ ئىككى قېلىپلاشتۇرۇشنى تەڭ يولغا قويغاندىلا، «ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكى»نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1928 ـ يىلى مىسىردا تۇنجى ئىسلامىزم تەشكىلاتى — مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بارلىققا كېلىپ، خەلىپە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۇيۇشمىنىڭ 1 ـ مەقسىتى قىلدى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرغۇچى، ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى يېتەكچىسى ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى خەلىپە تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ۋە خەلىپە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى پروگراممىسىنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويىدۇ.»[①] شۇڭا ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامىيەت ھەم ئېتىقاد، ھەم ئىبادەت، ھەم ۋەتەن، ھەم دۆلەت تەۋەلىكى، ھەم دىن ھەم دۆلەت، ھەم روھ، ھەم ھەرىكەت، ھەم ‹قۇرئان كەرىم›، ھەم شەمشەر.»[②] ئۇنىڭ قاراشلىرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەم دىنىي تەشكىلات، ھەم سىياسىي تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي تەشكىلاتى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، باشقا دۆلەت ۋە رايونلاردا شۆبىلىرىنى تەسىس قىلدى.

يېقىنقى زاماندىكى ئىسلامىزمچىلار ۋەكىلى جامالىددىن ئافغانى ۋە مۇھەممەد ئابدۇلار ئۆز ۋاقتىدا تۈركىيىدىكى مۇستاپا كامال ھۆكۈمىتىدەك خەلىپە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش مەسىلىسىگە دۈچ كەلمىگەن، شۇڭا ئۇلار «ئىسلام دىنى ھەم دىن، ھەم شەرىئەت» دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شەرىئەتتىنى ئادەتتە مۇسۇلمانلار ئاللانىڭ بەندىلەرگە تۈزۈپ بەرگەن قانۇنى دەپ چۈشىنىدۇ. مۇستاپا كامال دەۋرىگە كەلگەندە مىڭ يىل داۋاملاشقان خەلىپە

---

① ھەسەنۇل بەننا: «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى»، قاھىرە شەرق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 144 ـ بەت.

② ھەسەنۇل بەننا: «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى»، قاھىرە شەرق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 119 ـ بەت.

تۈزۈمى ئۆزۈل ـ كېسىل ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . بۇ هال ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي رولىلا ساقلىنىپ قېلىپ ، سىياسىي ساھەدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى ، مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا ، ھەسەنۇل بەننا ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي رولى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، «ئىسلام دىنى ھەم دىن ، ھەم شەرىئەت» دەيدىغان كونا قاراش ئورنىغا ئىسلام دىنى «ھەم دىن ، ھەم دۆلەت» دەيدىغان يېڭى كۆز قاراشنى دەسسىتىپ ، ئىسلامىيەتنىڭ ئەزەلدىن نوقۇل دىنىي تەشكىلات ئەمەس ، بەلكى ئىلاھىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ ، ئىسلام مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان دىنىي سىياسىي تەشكىلات ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . قارشى تۇرغۇچىلار ھەسەنۇل بەننانى ئىسلامىيەتنى سىياسىيلاشتۇرۇۋەتتى ، سىياسىينى ئىسلاملاشتۇرۇۋەتتى ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆزلىدى دېگەندىن كۆرە ، ئۇلار گۇرۇھىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى «دىندىن خالىيلاشتۇردى» ، «چاكىنىلاشتۇردى» دەپ تەنقىد قىلدى . لېكىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى مەردانىلىك بىلەن مۇنداق دەپ جاكارلىدى : ئىسلام دىنى ئەسلىدىنلا سىياسىي دىن ، سىياسىينى ئىسلاملاشتۇرۇش ، ئىسلامىيەتنى سىياسىيلاشتۇرۇش ئىسلامىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ئىش . چۈنكى ، ئىسلام دىنى ھەم مەنىۋىيەتنى ، ھەم پانىي دۇنيانى تەكىتلەيدۇ ، ھەم ئۇ دۇنيالىقنى ، ھەم بۇ دۇنيالىقنى ، ھەم دىننى ، ھەم سىياسىينى تەكىتلەيدۇ . بىر تەرەپىنىلا تەكىتلەش ئىسلامىيەت بولمايدۇ ؛ ئىككى تەرەپنى ئوخشاش تەكىتلەش ، ھەقىقىي مۇكەممەل ئىسلام دىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ بۇنداق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن گۈللەپ ياشنىغان ؛ بۈگۈنكى دۇنيادا ئىسلام دىنى بىر رولىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوقىتىپ قويغانلىقتىن، كۇنسايىن ئاجىزلىشىپ كېتىپ باردۇ. ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلامىيەتنىڭ سىياسىي رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەمدە دىن ۋە سىياسىيدىن ئىبارەت ئىككى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ئەينى ۋاقىتتا، بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش تۆۋەندىكىدەك ئەھمىيەتلەرگە ئىگە ئىدى: (1) ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە شەرئىيتكە ئۇيغۇنلۇقىنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى؛ (2) ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئۈچۈن ئومۇمىي مەقسەت ۋە ئاساسىي پروگراممىنى بەلگىلەپ بەردى؛ (3) ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۆلىمالار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان «پۈتۈن نىيىتى بىلەن ناماز ئوقۇپ، جاھاننىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولماسلىق»تەك ئىجتىمائىي سىياسىيدىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلىپ قالدىغان خاھىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن، يېڭى دىنىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىدىن يۈز ئۆرىدى، ئىسلامىيەتنىڭ ئاجىزلىشىپ، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك دەپ ئەيىبلىدى.

غەربتىكى خرىستىئان دىنىدا ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، تارىخىي مۇزېيغا كىرگۈزۈۋېتىلگەنلىكى، ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت ئىدىيىسىنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى مەسىلىگە ئۇلار مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: غەربتىكى ئىلاھىي ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىكى سەۋەب شۇكى، پوپلار «ئىلاھنىڭ ئىدارە قىلىشى»نى «ئادەمنىڭ ئىدارە قىلىشى»غا ئۆزگەرتىپ، ۋەھشىيانە يولسىزلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. پوپلارنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقى خەلقتە

ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە نەپرەتلىنىش ۋە قارشىلىشىش پەيدا قىلدى. شۇڭا، «ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش دەۋرى»گە كەلگەندە خەلق ئىسيان كۆتۈردى، جاھاندارچىلىق ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇپ، پوپلارنى دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشنى ئۇزۇل - كېسىل يولغا قويدى. كېيىن غەرب مۇستەملىكىچىلىكىگە ئەگىشىپ جاھاندارچىلىق شەرققە تارقالدى. بۈگۈنكى ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك مانا شۇنداق يېتىپ كەلگەن. دېمەك، ياۋروپادىكى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي تۈزۈمىدە ئەمەس، بەلكى تۈزۈمنى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلمىغانلىقىدا. يەكۈن شۇكى، دىندىن چەتنەپ ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا ۋە دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش، يەنىلا ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى يولغا قويۇش لازىم.

مەۋدۇدى دەۋرىگە كەلگەندە، «ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكى»دىن ئىبارەت بۇ قاراش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە، ئۇ «ھاكىملىق ئاللاغىلا مەنسۇپ» پرىنسىپىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئەمەلىيەتتە ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىسلام دىنى ئارقىلىق زېمىندا ئىزچىللاشتۇرىدۇ، ئەگەر ئىسلام دىنى دىن ۋە سىياسىيسىدىن ئىبارەت ئىككى رولغا ئىگە بولمىسا، ئىسلامىيەتنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى ئىپادىلەيدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى بىلەن ئاللانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت ئىسلامىيەتنىڭ سىياسىيلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇنداقلا ئاللانىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىغىمۇ بوزغۇنچىلىق قىلدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىدىكى ئەسەبىيلەر بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئېغىر بىلىپ ، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت — جاھىلىيەت ھاكىمىيىتى ، كاپىرلار ھاكىمىيىتى ، ئۇنى زورلاۋانلىق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇۋېتىش ، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىش لازىم دەپ قارايدۇ .

«ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكى» قارىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم سىياسىي پارتىيىلىرىنىڭ دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە تۇتقان قارشى تۇرۇش ، ئاغدۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت توپ مەيدانىنى ئىپادىلىدى . شۇڭا ، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدۇ ، گەپ كىم كىمنى يوقىتىشتا ، ۋاقىتلىق بىرلىشىش بولسا ، تاكتىكا ئېھتىياجىدىن بولغان ، پارلامېنت يولىغا مېڭىش ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەر بىلەن بىر زالدا ئولتۇرۇپ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىش ، دىندىن تاشقىرى ئاساسىي قانۇن دائىرىسىدە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىش ، ھەتتا دىندىن تاشقىرى مىللەتچى پارتىيىلەر بىلەن بىرلىشىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئىسلامىيەت — ھەم دىن ، ھەم دۆلەت دېگەن ئېتىقادتىن ۋاز كېچىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ ، بەلكى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئوبيېكتىپ شارائىت ۋە سۇبيېكتىپ كۈچلەرنى تەھلىل قىلىپ ، قوللانغان ۋاقىتلىق تاكتىكا ۋە جانلىق ۋاستە ھېسابلىنىدۇ . بۇ ۋاقىتلىق تەدبىر قانۇنلۇق كۈرەش ئارقىلىق ، ھاكىمىيەتنى پەيدىنپەي تارتىۋېلىپ ، كۆڭۈلدىكىدەك بىرىدە ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ .

مانا بۇ ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمچىلار بىلەن دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كەسكىن مۇنازىرە

بولۇۋاتقان قاراشلارنىڭ بىرى . مىللەتچىلەر مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ : ئىسلام دىنىمۇ بىر خىل دىن ، ئۇنىڭ دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا دىنلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تەرىپى بولىدۇ ، يەنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا دىن ئۇلۇغ تارىخىي روللارنى ئوينىغان ، لېكىن بۇنداق رولنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئوڭ تاناسىپ بولالمىدى ، ئەكسىچە تەتۈر تاناسىپ بولدى . ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى قانچىكى يۇقىرى بولسا ، دىنىنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان ساھەسى شۇنچە كىچىكلەپ كەتتى ، سىياسىينىڭ دىندىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل ساھە بولۇپ قېلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ، ئىنسانىيەت مەدەنىي تەرەققىياتىنىڭ ئىپادىسى ، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا ئىسپاتلانغان قانۇنىيەت . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تەشەببۇسى تارىخ ئېقىمىنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلغانلىق بولۇپ ، ئىنسانغا قانداقمۇ تەرەققىيات ۋە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلىسۇن ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىنسانىيەتنى «ھالاكەت»كە ئىتتىرىش بولۇشى مۇمكىن !

**5 . «شەرىئەتنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم»**

ھازىرقى زامانىدىكى ئىسلامىزم «شەرىئەتنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم» دېگەن قاراشنى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي شەرتى قىلدى ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت خاراكتېرى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە كاپالىتى بولىدۇ دەپ قارايدۇ .

يۇقىرىدا ئىككى خىل ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ، يەنى ئىلاھنىڭ ھاكىملىقى بىلەن خەلقنىڭ ھاكىملىقى بايان قىلىندى . خەلقنىڭ ھاكىملىقى ئاللانىڭ خەلققە بەرگەن ئورۇنباسارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھوقۇقى ، يەنى زېمىندىكى ھەممە جانلىق مەۋجۇداتلارنى ئاللاغا ۋاكالىتەن ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت ، شۇڭا ئاللا ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارغا قانۇن چىقىرىپ بېرىپ ، ئۇنى ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي قېلىپى قىلدى . بۇ ئومۇمىي قېلىپ ، ئىسلام شەرىئىتى بولۇپ ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئاللا بېكىتكەن قانۇن ، ئىلاھىي قانۇن ئىكەنلىكىگە ئاللانىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ، شەخسنىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەسلىكىگە ، كىشىلەرنىڭ شەرىئەتنى ئىجرا قىلىش ، شەرىئەت يول قويغان دائىرىدە ئىش قىلىش كېرەكلىكىگە ياكى ئىسلام روھىغا مۇخالىپ كەلمەيدىغان كونكرېت قانۇن ۋە قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈشكە بولىدىغانلىقىغا ؛ ئەگەر بۇ دائىرىدىن ھالقىپ كەتسە ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ .

شەرىئەت بىلەن ھازىرقى زاماندىكى بەزى قانۇنلار ئوخشمايدۇ ، بۇ قانۇنلارنىڭ مەزمۇنى بىرلا خىل ، چۈشىنىشلىك ، يىغىنچاق بولۇپ ، ئىزاھاتى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ، شەرىئەت ئۇنىۋېرسال قانۇنلار توپلىمى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەم ئاساسىي قانۇن خاراكتېرىدىكى قانۇن مەزمۇنلىرى ، ھەم ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ مەزمۇنلىرى بار ؛ ھەم ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ مەزمۇنلىرى ، ھەم ئالاھىدە قانۇنلارنىڭ مەزمۇنلىرى بار ؛ ھەم خۇسۇسىي قانۇننى ئاساس قىلغان مەزمۇنلار ، ھەم ئومۇمىي قانۇن مەزمۇنلىرى بار . لېكىن ، ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتكەن ، تۈرلەرگە ئايرىلمىغان ، «قۇرئان كەرىم» بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئەسەر بولغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باشقا جەھەتلەردە تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئەسەر يوق (ھەدىسنىڭمۇ نەچچە خىل «خاتىرىسى» بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى فىقھەلەرنىڭ پىكىچە يول بىلەن يازغان ئەسەرلىرى بار ) ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئەڭ نوپۇزلۇق بىر خىل تەپسىر يوق

(«قۇرئان كەرىم» تەپسىرىنىڭ نەچچە خىل ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۆتكەن زاماندا يېڭى تەپسىرلەر بارلىققا كېلىپ تۇردى، ئىسلام دىنىنىڭ بەزى نوپۇزلۇق ئالىملىرى «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشنى ھاياتىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، تەپسىرچىلەر كۆپىيىپ كەتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ تەپسىرىگىمۇ، بۇنىڭ تەپسىرىگىمۇ ئىشەندى.)

شەرىئەت «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ھەدىسنى تۈپ ئاساس قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە (VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا) تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە دەۋر چەكلىمىلىكىگە ئىگە. ئەينى ۋاقىتلاردا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جەمئىيەت قانداشلىقنى ئاساس قىلغان قەبىلىلەر جەمئىيىتى تېز پارچىلىنىۋاتقان، فېئوداللىق جەمئىيەت شەكىللىنىشكە باشلىغان بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇراتتى. ئىسلام دىنى يېرىم ئارالدىن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىگە يۈزلىنىپ، زېمىنى كەڭ، مىللىتى كۆپ، مەدەنىيىتى گۈللەنگەن چوڭ ئىمپېرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. شۇڭا، ئاۋۋال قەبىلىلەر جەمئىيىتى، كېيىن فېئوداللىق جەمئىيەت شەرىئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بولدى.

مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە، شەرىئەت تۆۋەندىكى تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. «قۇرئان كەرىم»دىكى مەڭگۈلۈك ئەقىدىلەر

2. ئاشۇ مەڭگۈلۈك ئەقىدىلەرنى شەرھلەيدىغان تەپسىرلەر.

3. ئىسلام ئالىملىرى بىردەك ماقۇللىغان ۋە زور كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ئېتىراپ قىلغان ئەقلىي خۇلاسە، قىياس، ئىجتىھاد ياكى ياخشى ھېسابلانغان ئۇسۇللار.

4. ئىش ئۇستىدىكىلەر ياكى زور كۆپ ساندىكى ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇستىدىكىلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى .

مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە ، بۇ تۆت تەرەپ ھەممە تەرەپنى ، يەنى ئاللا تىكلىگەن مەڭگۈلۈك ئاساسىي پرىنسىپلارنى ۋە ئوچۇق مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شەرىئەتنىڭ ئىلاھىي قانۇنلىقىنى ۋە مەڭگۈلۈكلىكىنى قوغدايدۇ شۇنداقلا خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى ۋە دائىرىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئىسلام شەرىئىتى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ ، بېيىيدۇ ، تەرەققىي قىلىدۇ . ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتقا ئېھتىياجلىق بولغان جانلىقلىققا ئىگە بولىدۇ . سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەپ قارايدۇ : ئىسلام شەرىئىتى ئىككى تۈردىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنىڭ بىرى ، شەرىئەت بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىن ئىبارەت ، ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ئىلاھىي قانۇندۇر ؛ يەنە بىر تۈرى فىقھە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىش ئۇستىدىكىلەر ۋە ئىسلام ئالىملىرى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ، قىياس ۋە ئىجتىھاد ئارقىلىق تۈزگەن قانۇندىن ئىبارەت ، ئۇ «ئادەم تۈزگەن قانۇن» ھېسابلىنىدۇ . «ئادەم تۈزگەن قانۇن» نى تەبىئىيكى ، ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ .

جانلىقلىق توغرىسىدا گەپ بولغاندا ، مەۋدۇدى مۇنداق دەپ قارايدۇ : ئىسلام ئالىملىرى ۋە فەقىھلەر تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى تەتبىق قىلىپ ، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ ، شەرىئەتنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ۋە تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ .

1 ) يېڭى چۈشىنىش ۋە يېڭى چۈشەندۈرۈش

شەرىئەت مەڭگۈلۈك ئەقىدە بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى بىرەر ھەرپ ، بىرەر پەشنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ . لېكىن بۇ ،

ئىسلام ئالىملىرى ۋە فەقىھلەر ئۇنىڭ مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنىنى چۈشىنىش جەھەتتە ھېچنېمە قىلالمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس ، ئۇلار ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە يېڭى قاراشلىرىنى ياكى يېڭى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ . بۇنداق قىلىشقا ئەزەلدىن يول قويۇلۇپ كەلگەن .

2 ) قىياس ئۇسۇلى

ئۆتكەندە مەلۇم مەسىلىگە قارىتىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈم شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تەتبىق قىلىنىدۇ . ئۆتكەنكى ھۆكۈم بىلەن نۆۋەتتىكى يېڭى مەسىلىنى قانداق چۈشىنىش ، قايسى نۇقتىدىن سېلىشتۇرۇشقا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قالدۇرۇشىغا يول قويۇلىدۇ .

(3 ) ئىجتىھاد

بۇ ئۇسۇل «مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . يەنى ئىسلامىيەتنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى روھىغا ئاساسەن ، شەرىئەتكە چېتىلمىغان يېڭى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۆكۈم چىقىرىدۇ ، ئاندىن كېيىن كونكرېت بىر تەرەپ قىلىش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ياكى شەرىئەتتىكى بەزى بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى يېڭىۋاشتىن چۈشىنىپ ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇنداق قىلىشقىمۇ ئىسلام دىنى ئەزەلدىن يول قويۇپ كەلگەن . مەۋدۇدى مۇنداق دەپ قارايدۇ : ئوخشاش پرىنسىپ روھىغا ئاساسلانغان دېگەندىمۇ ، ھەر بىر ئادەمنىڭ پرىنسىپ روھىنى چۈشىنىشتىكى چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى ، مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئۇنى ئىگىلەش دەرىجىسىنىڭ كەڭ ياكى قاتار بولۇشى كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شەخسلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە بىلىمى پەرقلىق بولغاچقا ، بىر مەسىلىگە قاراشتا ئىختىلاپ پەيدا بولۇشى ، ھەتتا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ـ بىرىگە زىت قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن . مەۋدۇدىنىڭ بۇنداق قارىشى ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزىم كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا قانۇنىي ئاساس تېپىشنى مەقسەت قىلغان .

4 ) ياخشى ھېسابلانغان ئۇسۇل

شەرىئەت چېتىلمىغان مەسىلىلەرنى ئاللا مەقسەتلىك ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ھەل قىلىشىغا قويغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ ، يەنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ، ئىسلامىيەت روھىغا ماس كېلىدىغان يېڭى قانۇن ۋە قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ . مانا بۇ ياخشى ھېسابلانغان ئۇسۇل بولىدۇ .

### 6 . «ئىسلام دۆلەتلىرىنى قايتىدىن قۇرۇش»

ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي تۈزۈمى 622 ـ يىلى بەرپا قىلىندى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ «مۇسۇلمانلار ئۇممەسى»نى قۇرغاندىن تارتىپ ، 4 ـ خەلىپە ھەزرىتى ئەلى 661 ـ يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگىچە بولغان 39 يىل ئىسلام سىياسىي تۈزۈمىنىڭ 1 ـ باسقۇچى بولدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزىمى مۇشۇ باسقۇچتىكى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى ئۈلگە قىلىشنى ، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي تۈزۈمىنى قايتا قۇرۇشنى ، يەنى ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي نىشانى — «ئىسلام دۆلەتلىرىنى قايتىدىن قۇرۇش» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، بۇ يېڭى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي تۈزۈمى مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭغا ھازىرقى زاماننىڭ نەرسىلىرىنى تولۇقلاش لازىم ؛ لېكىن ئۇنىڭ روھىدىن ئېيتقاندا ، 1 ـ باسقۇچتىكى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنىڭ

تۆۋەندىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم : (1) خەلىپە تۈزۈمى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى ، «قۇرئان كەرىم»دە : «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنباسار) يارىتىمەن» (2 ـ سۈرىنىڭ 30 ـ ئايىتىدىن) دېيىلگەن . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق خەلىپە (ئورۇنباسار)دۇر . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، يۇقىرى ئىناۋەتلىك تۆت مۇسۇلمان خەلىپە بولۇپ سايلاندى . «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن : «ئى مۆمىنلەر ! ئاللاغا ، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» (4 ـ سۈرىنىڭ 59 ـ ئايىتىدىن) . بۇ تۆت خەلىپە ئاللانىڭ ئەلچىسى ئەمەس ، ئۇلار ئاللانىڭ تاپشۇرۇقىنى قوبۇل قىلغان «ئىش ئۈستىدىكىلەر» بولغاچقا ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇندى . خەلىپە تۈزۈمى ھەم ئاللانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ، ھەم خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى . (2) شەرىئەت . ئۇ ئاللانىڭ قانۇن ـ قائىدىسى بولۇپ ، «ئىش ئۈستىدىكى» ئادەم قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى ، قانۇن ـ قائىدە بويىچە ئىش قىلىپ ، ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىپ ، ئاللانىڭ ئالىي ، مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم . (3) شۇرا (كېڭەشش دېگەن مەنىدە) . ئۇ ئىسلام تۈزۈمىنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە دېموكراتىك تۈزۈم ئىكەنلىكى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دىكى «. . . ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلار . . .» دېگەن ئايەت (42 ـ سۈرىنىڭ 38 ـ ئايىتىدىن .) «شۇرا»نىڭ ئالىي ئاساسىدۇر . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بۇ پرىنسىپنى ئىجرا قىلىشنىڭ نەمۇنىسى بولدى . مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىنغانلىقتىن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ئىزباسار مەسىلىسىدە قالايمىقانچىلىق چىقماي ، مەسلىھەتلىشىپ سايلاش

ئارقىلىق ئىزباسار ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىندى .

ئۇمەۋىيە سۇلالىسى (661 ـ يىلى قۇرۇلغان )دىن تارتىپ 1979 ـ يىلى ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە بولغان 1300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىسلام سىياسىي تۈزۈمىنىڭ 2 ـ باسقۇچى بولدى . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمىنىڭ قارىشىچە ، بۇ باسقۇچتىكى پادىشاھ خەلىپە دەپ ئاتىلدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولىدۇ ، نامدا دۆلەتنىڭ ئالىي دىنىي داھىيسى بولىدۇ . دۆلەت ماھىيەتتە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ ، پادىشاھ ئەلۋەتتە «شۇرا» ئارقىلىق سايلاش بىلەن بارلىققا كەلمەيدۇ . شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دە قەيت قىلىنغان مۇسۇلمانلار بويسۇنىدىغان «ئىش ئۈستىدىكى ئادەملەر» ئەمەس ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرى مۇسۇلمانلار قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك ، قانۇنسىز كاپىر پادىشاھ ۋە ھۆكۈمەت ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ئۇلار «ئىلاھنىڭ ئىدارە قىلىشى»غا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئادەم ئىدارە قىلىش»نى دەسسەتتى . شۇڭا ، ھازىرقى زامان شارائىتىدا «ئىلاھنىڭ ئىدارە قىلىشى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، «ھاكىمىيەتنىڭ پەقەت ئاللاغا مەنسۇپ»لىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، ئىسلام سىياسىي تۈزۈمىنىڭ 3 ـ باسقۇچىدىكى تارىخىي ۋەزىپىسىنى باشلاش تەبىئىي يوسۇندا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى .

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم «ئىسلام دۆلەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن قانداق قۇرماقچى» ، ئۇلارنىڭ قانداق تەشەببۇسلىرى بار ؟ بۇنى تۆۋەندە ئازراق تونۇشتۇرىمىز .

ئېيتىشلاردىن قارىغاندا ، «ئىسلام دۆلەتلىرىنى قايتا قۇرۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، «ھاكىمىيەت پەقەت ئاللاغا مەنسۇپ» ۋە «شۇرا» پرىنسىپىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا

كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ نامىنى «ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» دەپ بېكىتىش، بىرەر ھەرپنى كۆپ ياكى بىرەر ھەرپنى كەم قىلماسلىق لازىم. «ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» دېگەن ئىسىمدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇكى، «ئىسلامىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان جۇمهۇرىيەت» بولۇپ، «ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ ھەر خىل پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ، ھەمدە مۇشۇ پرىنسىپلارنى جۇمهۇرىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئىدىيە قۇرۇلمىسى ۋە قانۇن قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ.»①

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام ھۆكۈمىتىدە قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇستەقىل ھوقۇقلۇق ئورگان تەسىس قىلىنىدۇ، بۇ ئۈچىنىڭ تەشكىلىي شەكلى، ھوقۇق دائىرىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

قانۇن چىقىرىدىغان ئورگاننىڭ ئىككى ئورگىنى بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى، شۇرا (كېڭەشش) كومىتېتى، يەنى پارلامېنتتۇر. يەنە بىرى، ئالىي كومىتېت بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىمۇ دېيىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئامېرىكىنىڭ فېدېراتسىپ ئالىي سوتىغا تەڭ دەيدۇ. شۇرا كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى (پارلامېنت ئەزالىرى)نى بەزىلەر سايلاپ بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بەزىلەر مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. سايلانغۇچى چوقۇم فەقىھ بولۇشى كېرەك. قانۇن چىقىرىش ئورگىنىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىڭ دىندىن خالىيلىققا مەنسۇپ بولۇش تەرىپى ھازىرقى دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. دىنىي خۇسۇسىيەتكە مەنسۇپ تەرەپلىرىدە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر

---

① مۇستاپا راپىل: «ئىمام ھۆمەينى»، بېيرۇت ئىسلام نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 271 ـ، 272 ـ بەتلەر.

بولىدۇ : (1) مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قانۇننىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق خۇسۇسىيىتىنى ۋە شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلماسلىقىنى نازارەت قىلىدۇ . (2) شۇرا كومىتېتىنىڭ ھوقۇقى سىياسىي ، ئىقتىساد ، ئىجتىمائىي ، مائارىپ ، سەھىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى سىياسەتلەرنى تۈزۈش ، دۆلەتنىڭ خام چوتىنى ۋە خەۋپسىزلىك ، مۇقىملىق ، پۇقرانىڭ تۇرمۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ، ھەمدە ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . (3) ئىككى كومىتېتتا مەمۇرىيەتنىڭ ھەممە ئىچكى ۋە تاشقى خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ . (4) ئىككى كومىتېتتا ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم ئەزاسىغا بولغان ئىشىنىشىنى ياكى پۈتكۈل ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشىنىشىنى قايتۇرۇۋېلىپ ، زۇڭتۇڭدىن ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش ياكى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ .

يېڭى قانۇن تۈزۈش جەھەتتە زور بۆسۈش بولىدۇ . ئالدى بىلەن ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ ، ئۇنى دۆلەتنىڭ توپ ئاساسىي قانۇنى قىلىدۇ ، ئاندىن كېيىن ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ۋە روھ بويىچە ، ھازىرقى زاماننىڭ بىر قاتار يېڭى قانۇنلىرىنى ، يېڭى پەرمانلىرىنى ، يېڭى ماددىلىرىنى ۋە يېڭى بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ . بۇنىڭدا ھەم شەرق ، غەربنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىلغان ، ھەم ئىسلام ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنغان بولىدۇ . ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئاساسىي قانۇن بىر خىل يېڭى شەيئى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . سەئۇدى ئەرەبىستانى ھېلىمۇ «قۇرئان كەرىم»نى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى قىلىدۇ . لېكىن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئاساسىي قانۇننىڭ شەكلىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭغا ئىسلام مەزمۇنىنى سىڭدۈرىدۇ . ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ، ھەدىسنى ، تۆت خەلىپىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى (شىئە مەزھىپىدىكىلەر 12 ئىمامنىڭ ئىش ـ

ئىزلىرىنى) ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تەشەببۇسلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلاردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ، «ئىسلام ئاساسىي قانۇنى» قىلىدۇ. بۇ يېڭى قانۇنلار شەرىئەت ماددىلىرى ياكى شەرىئەت روھىغا ئاساسەن تۈزۈلگەنلىكتىن، ئىسلام قانۇنىغا، يەنى شەرىئەتكە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، شەرىئەتنىڭ نامى ئۆزگەرمىسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى ۋە رولى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. يېڭى نەرسىلەر كۈنسايىن كۆپىيىپ بارىدۇ.

مەمۇرىيەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى زۇڭتۇڭ رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەت ئىچكى كابىنېتى بولىدۇ. بەزىلەر زۇڭتۇڭنى ئالىي كومىتېت ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇق دائىرىسى مۇنداق بولىدۇ: (1) مەمۇرىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ؛ (2) ھۆكۈمەت ئىچكى كابىنېتىنىڭ مىنىستىرلىرىنى ۋەزىپىگە نەيىنلەيدۇ؛ (3) يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؛ (4) قازىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؛ (5) دۆلەتنىڭ ئالىي دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، چەت ئەل ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، سىرتقا نىسبەتەن دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئەدلىيىنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى مەھكىمى شەرئى بولۇپ، قازىنى زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. لېكىن، زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەپ بولغاندىن كېيىن، قازىنىڭ سوراق قىلىشىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. زۇڭتۇڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلسىمۇ ئوخشاشلا سوراققا تارتىلىدۇ. ئاياللار ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلار قازى بولۇشقا بولمايدۇ.

ئىلاھىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەسىلە سىياسىي پارتىيىلەر مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ بۇ ھەقتە پارتىيە بولماسلىق تۈزۈمى، ئىسلام بىر پارتىيە تۈزۈمى، ئىسلام كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ۋە ئارىلاش كۆپ پارتىيە تۈزۈمى (جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى سىياسىي پارتىيىسى ۋە دىندىن تاشقىرى سىياسىي پارتىيە) دىن ئىبارەت تۆت خىل تەشەببۇسى بار. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەۋدۇدى پارتىيە بولماسلىق تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئىران ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئارىلاش كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كېيىن ئىسلام بىر پارتىيە تۈزۈمگە ئۆزگەرتكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي بىردىنبىر رەھبەرلىك قىلغۇچى پارتىيە — ئىسلام جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارتىيە بولماسلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1988 - يىلى 12 - ئايدا سىياسىي پارتىيىلەرنى قۇرۇشقا يەنە يول قويۇپ، ئىسلام كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. سۇداندا ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاتاقتا ھەممە سىياسىي پارتىيىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەمەلىيەتتە ئىسلام بىر پارتىيىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سۇدان ئىسلام مىللىي فرونتى رەھبەرلىك قىلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەردە پارلامېنت يولغا ماڭغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزم پارتىيىلىرى، مەسىلەن، مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى، تۈركىيىدىكى رىفا (گۈللىنىش) پارتىيىسى، ئىئوردانىيىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋەزىيەت تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئارىلاشما كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمىنى ۋاقىتلىق قوللىدى. ئۇنداق قىلمىسا ئۆزىنىڭ پارلامېنت يولىغا مېڭىشىغا ئاساس تاپالمايتتى. دائىرىلەر دىندىن تاشقىرى ئاساسىي قانۇن بويىچە، ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قانۇنلۇقلۇقىنى ئېتىراپ

قىلماي ، ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەتتى ياكى باستۇرۇۋېتەتتى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئەسلىي تولۇق بىرلىككە كەلگەن ئەمەس . ئىسلام ئىنقىلابى بەزى دۆلەتلەردە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىسى ئوخشاش بولمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلىمۇ تەبىئىي ئوخشاش بولمىدى . ئىران بىلەن سۇدانىنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان ئىسلام ھۆكۈمىتى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي نەزەرىيىسىنى ۋە غايىسىنى تۈنجى بولۇپ رېئاللىققا ئايلاندۇردى . لېكىن ، ئىران بۇ نەزەرىيىنى نۇرغۇن تۈزەتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى ، مەسىلەن ، زۇڭتۇڭنىڭ ئۈستىدە ھامىيلىق قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلدى . ھامىيلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ ئۈستىدە مەنىۋى داھىي تەسىس قىلدى . مەنىۋى داھىيلىقنى فەقىھ (فىقھە ئالىمى ) ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر بولدى ، دۆلەت ۋە دىنىنىڭ ئالىي رەھبەرلىكىنى زۇڭتۇڭ ئەمەس ، بەلكى مەنىۋى داھىي ئۈستىگە ئالدى . بۇ مەنىۋى داھىي خەلىپە ياكى ئىمام[①] دەپمۇ ئاتىلىدۇ (بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىران ھەققىدىكى بابقا قاراڭ . ) سۇداندىمۇ ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى ، لېكىن بۇ دۆلەتتە زۇڭتۇڭ ۋە پارلامېنت ئۈستىگە ھامىيلىق قىلىش كومىتېتى ۋە مەنىۋى داھىي تەسىس قىلىنمىدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونكرېت شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى تەڭرىنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولسىلا ، شەكىل جانلىق ، كۆپ خىل بولسا بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ .

---

① شىئە مەزھىپىنىڭ قارىشىدا «ئىمام» دۆلەت ياكى جەمئىيەتنى تەشكىللەيدىغان ئالىي ھوقۇقدار ياكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى .

## 7 . «ئىسلام جەمئىيىتىنى قايتا قۇرۇش»

هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ئىسلام ئىنقىلابى ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇشنى تەكرار تەشۋىق قىلىپ ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە قوشۇلۇشقا ۋە ئۇلارنى قوللاشقا جەلپ قىلدى .

ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىچە ، ھازىرقى زاماندىكى بۇ ئىسلام جەمئىيىتى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك :

(1) بىرىنچىدىن ، بۇ جەمئىيەت تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى يەنى سائادەت دەۋرىدىكى جەمئىيەتنى تەقلىد قىلىشى كېرەك : ھەممە ئىشتا ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇپ ، ھەممە ئىشنى پەيغەمبەر يەتكۈزگەن ئاللانىڭ ۋەھيىسى بويىچە قىلىش لازىم . دېمەك ، كەلىمە تەييىبەنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا ، يەنى «ھاكىملىق پەقەت ئاللاغا مەنسۇپ» بولۇش پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرغاندا ، ئاللانىڭ ھاكىملىقى بىلەن خەلقنىڭ ھاكىملىقى ئەمەلگە ئاشىدۇ . ئىككىنچىدىن ، مۇسۇلمانلار ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى تەقدىم قىلىپ «ئاللا يولىدا جىھاد قىلىش»قا رازى بولۇشى ، ئۇلاردا يۇكسەك «جىھاد قىلىش» روھى بولۇشى كېرەك . ئۈچىنچىدىن ، ئورتاق گەۋدە ئىتتىپاقلىق ـ دوستلۇق روھى بىلەن تولغان بولۇشى ، مۇھاجىر ، ئەنسارى ، باي ـ نامرات ، قەبىلە ئايرىماسلىقى ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار ئۆزئارا يېقىن بولۇشى ، «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش» بولۇشى كېرەك . دېمەك ، جەمئىيەتتە ئىناقلىق ۋە ئۆزئارا كاپالەتلەندۈرۈش روھى ئىپادىلىنىشى كېرەك . تۆتىنچىدىن ، رەھبەر بولغۇچىلار (ئىش ئۈستىدىكىلەر) يۇكسەك ئابرۇيلۇق ، ئۆزىگە تەلەپچان ، پاك ـ دىيانەتلىك ، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇشى لازىم . شۇنداق بولغاندىلا ،

جەمئىيەتنىڭ ئادىل ۋە پاك پەزىلىتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ . بەشىنچىدىن ، «شۇرا» پرىنسىپىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلغاندا ، دېموكراتىك ۋە باراۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ .

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ : غەرب جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى قۇللۇق تۈزۈمى ، فېئوداللىق تۈزۈمى ، كاپىتالىزم تۈزۈمى ، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە كوممۇنىزم تۈزۈمىنى (پەلسەپە جەھەتتىن شۇنداق دېيىلگەن ، رېئال ھاياتتا تېخى مەۋجۇت ئەمەس ) باشتىن كەچۈردى . ئىسلام ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېچقايسىسىغا تەۋە ئەمەس . ئۇ ئاللانىڭ شەرىئىتىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئۆزگىچە جەمئىيەت بولۇپ ، ياۋروپا باشتىن كەچۈرگەن ھەر خىل جەمئىيەتلەرگە قارشى تۇرىدىغان جەمئىيەتتۇر . شۇڭا ، غەربنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭغا ماس كەلگەن ھەممە قانۇن ـ تۈزۈملەر ئىسلام جەمئىيىتىگە ماس كەلمەيدۇ .[1]

ئىسلامىيەتنىڭ بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمى شۇ چاغلاردا نېمە ئۈچۈن دۇنياغا ئومۇملاشماي ، ئاران 39 يىل مەۋجۇت بولۇپ ھالاك بولۇپ كېتىدۇ ؟ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم بۇنى ئاقلاپ مۇنداق دەيدۇ : بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئىسلامىيەت جەمئىيىتى ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن . شۇ چاغدا ، ئاللا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق سىناپ كۆرگەن . نەتىجىدە ، ئىنسانىنىڭ ئاشۇنداق ئەۋزەل جەمئىيەتنى قوبۇل قىلىش ساپاسى ھازىرلانمىغانلىقى ، ئۇزۇن مۇددەتلىك كەچۈرمىشى ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى مەلۇم بولغان . شۇڭا ، ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئومۇملاشماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى ،

---

[1] سەييىد قۇتۇب : «ئىسلام جەمئىيىتىگە سەپەر» ، قاھىرە شەرق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىلى ، 9 ـ نەشرى ، 62 ـ ، 64 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرىنچىدىن، ئۇلارنى ھەر خىل رېئال ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ياشىتىپ، مۇسۇلمانلاردىكى «ئادەمنىڭ ئاجىزلىقلىرى»نى — يۇكسەك چوققىدىن يىقىلىپ چۈشكەندىكى ھەر خىل ئىپادىلىرىنى ئاشكارىلىماقچى بولغان؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارغا ئىسلامىيەتنىڭ ئىنسان قەلبىگە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ رېئاللىقىغا ماس كېلىدىغان بىر خىل سىستېما ئىكەنلىكىنى، كىشىنى قىيىن ئىشقا زورلىمايدىغانلىقىنى، ئۇلار مەڭگۈ ئېگىزدە تۇرۇپ، پەسكە چۈشۈپ كەتمەيدۇ ۋە يىقىلىپ چۈشمەيدۇ دەپ مۆلچەرلىمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرىش بىلەن ئۆزىدىكى «ئىنسان تەبىئىيتى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلارغا «ئادەم» قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن قۇربى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلارغا ئىسلام جەمئىيىتى ۋاقىتلىق ئاجىزلاشقاندا ئىسلامىيەتنىڭ قانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كىشىلەر قەلبىگە شىپا بولۇپ، ئۇلارنى يېڭىۋاشتىن يۇقىرى ئۆرلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.[1]

لېكىن، بۈگۈنكى ئىنساننىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار بىر مىڭ نەچچە يۈز يىللىق ھايات كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، ئىسلام جەمئىيىتىنى قوبۇل قىلىدىغان ساپانى ھازىرلىدى.

(2) بىر ئىسلام ھۆكۈمىتى باشقۇرۇشى كېرەك. ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ قارىشىچە، ئىسلام جەمئىيىتى ئاللانىڭ شەرىئىتى بويىچە يارىتىلغان، شۇڭا قەتئىي شەرىئەت بويىچە ئىش قىلىدىغان ھۆكۈمەت بولۇشى، ھەم ئاللانىڭ ھاكىملىقىنى

---

[1] مۇھەممەد قۇتۇب: «بىز مۇسۇلمانمۇ؟»، قاھىرە شەرق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 4 ـ نەشرى، 66 ـ بەت.

ئەمەلىيلەشتۇرۇپ ، ھەم خەلقنىڭ ھاكىملىقىنىمۇ ئىپادىلەپ ، جەمئىيەتنىڭ ئىسلام خۇسۇسىيىتىنى كاپالەتلەندۇرۇشى لازىم . بۇ ھۆكۈمەتنىڭ «ئىش ئۇستىدىكى ئادىمى» شەرىئەتكە پىششىق ۋە شەرىئەتنى ئەتراپلىق ئىجرا قىلىدىغان ، «شۇرا» ئىستىلىغا ئىگە ، پاك ، ئاددىي ـ ساددا ، ئادىل ـ سالاپەتلىك ، مۇسۇلمانلار بويسۇنىدىغان ئەمىر بولۇشى كېرەك .

ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ كونكرېت شەكلى ئەمەلىيەت مەسىلىسى بولۇپ ، ئوخشىمىغان زامانلاردا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئۇنى ياراتسا بولىدۇ ، مۇھىمى روھىي ماھىيىتىدە ، شەكىلنىڭ بىردەك بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ .

(3) شەرىئەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ قارىشىچە ، ئىسلام جەمئىيىتى — شەرىئەتنىڭ مەھسۇلى ، شەرىئەت ئىجرا قىلىنمىسا ، قىسمەن ئىجرا قىلىنسا ياكى شەرىئەتنىڭ كۆپ قىسمى ئىجرا قىلىنسا ، ھەقىقىي ئىسلام جەمئىيىتى بولمايدۇ . شۇڭا ، شەرىئەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش — ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

(4) سىنىپسىز جەمئىيەت بولۇشى كېرەك . ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار قۇرماقچى بولغان جەمئىيەت سىنىپ ئايرىلمايدىغان جەمئىيەت . شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتە «سىنىپىي پەرق» ، «سىنىپىي زىددىيەت» ، «سىنىپىي قارشىلىق» ۋە «سىنىپىي كۆرەش» مەۋجۇت بولمايدۇ . ھەممەيلەن مۇسۇلمانلار ئورتاق گەۋدىسىنىڭ باراۋەر ئەزاسى ، مۇسۇلمان قېرىنداش ھېسابلىنىدۇ ، قۇل بولسىمۇ مۇسۇلمان بولغانىكەن ، ھەرقانداق مۇسۇلمان پۈتۈنلەي باراۋەر بولىدۇ . جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قارىماي ، ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا قارىلىدۇ .

(5) جەمئىيەت ئادىل بولۇشى كېرەك . ھازىرقى زاماندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسلامىزمنىڭ مۇھىم شوئارلىرىدىن بىرى «جەمئىيەت ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت بولۇپ، «ئادىللىق — ئىسلامىيەتنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى»، «ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزى ئادىل، ئىسلامىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن ئادىللىقنى بەرپا قىلىش بىر ئىش»[1] دەيدۇ. ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن مۇسۇلمانلار «جەمئىيەتتە ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك» دېگەن شوئارغا ھېسسىيات جەھەتتىن ئىنتايىن ئاسان قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ قارىشىچە، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئادىللىقى ئىسلامىيەتنىڭ بىرلىك نەزەرىيىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئىسلام دىنىنىڭ نەزەرىدە ئاللا، ئالەم، ھاياتلىق، ئىنسان بىرلىككە كەلگەن گەۋدە. ئالەم، ھاياتلىق ۋە ئىنساننى ۋاھىد ئاللا ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بىۋاسىتە ياراتقان. ئۇ نېمىنى ياراتماقچى بولسا، «بارلىققا كەل» دېسىلا بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، ئاللا سەرۋەرى كائىنات، ھاياتلىق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ خوجىسىدۇر. مەۋجۇداتلار ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلغان، ئۆز ئارا كاپالەتلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئالەمدىكى مەۋجۇداتلار ۋە تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلارنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، دوستىدۇر. بۇ ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت ئۆز ئارا كۆرەش قىلىش، كىم - كىمنى يېڭىش مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك، ماسلىشىپ ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىنسانمۇ بىر ئومۇمىي گەۋدە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر ئادەم ھۈجەيرىگە ئوخشايدۇ. ھەربىر ھۈجەيرە ئاللانىڭ قانۇنى بويىچە ماسلىشىپ ھەمكارلاشقانلىقتىن ئىنسان بولۇپ تەركىب تاپقان. شۇنداق

---

[1] مۇھەممەد ھەمرا: «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى»، 236 ـ، 237 ـ بەتلەر.

دېيىشكە بولىدۇكى ، ئاللانىڭ قانۇنى بويىچە ئۆزئارا ماسلىشىش ، ھەمكارلىشىش ، كاپالەتلەندۈرۈش بولمىغاندا ئىدى ، ئىنساننىڭ بۇ ئومۇمىي گەۋدىلىك ھاياتى بەرپا بولمىغان بولاتتى . ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ، شەخس بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى ، شەخس بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى ، بىر ئەۋلاد كىشىلەر بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ماسلىشىش ، ھەمكارلىشىش ، كاپالەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ . مانا بۇ ئىسلامىيەت جەمئىيەت ئادىللىقىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى .

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم تەشەببۇس قىلغان جەمئىيەت ئادىللىقىنىڭ قانداق ئىپادىلىرى بولىدۇ؟ سەييىد قۇتۇب تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى مىسال كەلتۈرىدۇ : بىرىنچى ، دىنىي جەھەتتە ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ . ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ، بايلىقىنىڭ قانچىلىك كۆپ ، ھوقۇقىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەممە ئادەم قىبلىگە قاراپ سەپتە تۇرۇپ ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ ، ئاللاغا سەجدە قىلىدۇ ، ھېچكىم بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمايدۇ . ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا بولمايدۇ . ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئوخشىمايدۇ ، ئىسلام دىنى ئاللا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان فازىر (پوپ) تەسىس قىلمايدۇ . ھەر بىر يارالغۇچى ئۆز ئىگىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىشىدۇ . ئىككىنچى ، سىياسىي جەھەتتە ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ . خەلىپە ياكى ئىماملىق ئورنى شەخسكە ، گۇرۇھقا ، مەزھەپكە ، جەمەتكە ياكى قەبىلىگە خاس بولمايدو ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ . بۇ ۋەزىپە كۆپچىلىككە ئېچىۋېتىلگەن ، كىمنىڭ شەرتى توشۇپ سايلانسا ، بۇ ۋەزىپىنى شۇ ئۆتەيدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئىماملىق ھوقۇقى «ئىلاھ ھوقۇقى» بولماستىن ، مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن شەرىئەتنى ئىجرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۇچۇن بېرىلگەن ھوقۇقتۇر . ئىسلام دىنىدا دىنىي ئالىم - ئۆلىمالار بولىدۇ . لېكىن ئۇلاردا مۇسۇلمانلارنى نازارەت قىلىدىغان ئىمتىياز بولمايدۇ . ئۇچىنچى ، قانۇن جەھەتتە ھەممە ئادەم باراۋەر . ئىسلام جەمئىيىتىدە شەرىئەت ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى كېرەك . شەرىئەت ئەھكاملىرىغا نىسبەتەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ چۈشىنىش ، ئىجرا قىلىش ، ئۇنىڭغا ئاساسەن شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ . تۆتىنچى ، بايلىقتا ئىگە بولۇشتا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ قارىشىچە ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرغاندىلا جەمئىيەتنىڭ ئادىل بولۇشىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق : ئادەمنىڭ تەبىئىيتى ئۆزى ئىگە بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ . ئۆزى ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، پۈتمەس - تۈگىمەس غايەت زور ئېنېرگىيە بىلەن رىقابەتلىشىدۇ ، كۈرەش قىلىدۇ ؛ ئەگەر ئۇلار بۇنداق تەبىئەتتىن مەھرۇم قىلىنسا ، ئۇلار ياشاش ۋە كۈرەش قىلىشنىڭ ئېنېرگىيىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ، جەمئىيەت ئالغا باسمايدۇ ، تەرەققىي قىلمايدۇ . بۇنىڭدىن ئۇلار مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ : خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى — ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئېنېرگىيىسى . ئىسلام دىنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلغاندا ئىنسان تەبىئىيتىگە ئېتىبار بېرىشنى كۆزدە تۇتقان . شۇڭا ئۇ ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىيتىنى كۆزلىگەن دىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . «بايلىقتا ئىگە بولۇشتا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەندە «پۇرسەت باراۋەر بولۇش» پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ . ھەممەيلەن باراۋەر پۇرسەتتە خىزمەت قىلىدۇ ، كۈرەش قىلىدۇ ، كىمنىڭ قولىدىن ئىش كەلسە بايلىققا شۇ ئىگە بولىدۇ . قولىدىن چوڭ ئىش كېلىدىغانلار بايلىققا كۆپ ئىگە بولىدۇ ، قولىدىن كىچىك ئىش كېلىدىغانلار بايلىققا ئاز ئىگە

بولىدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار بايلىقنى ئىگە بولمايدۇ. ئىشقىلىپ قولىدىن ئىش كېلىشىگە باغلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق باراۋەرلىك بولمايدۇ. شۇڭا، مۇتلەق ئادىللىق بايلىققا ئىگە بولۇشتىكى پەرقتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ، مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن چوت سوقىدىغان ۋە بېخىللىق تەبىئىتى بىلەن جەمئىيەتتىكى كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە ماسلاشماسلىق يۈز بەرسە، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىشى، ھەم شەخسنىڭ سېلىقىنى بەك ئېغىر قىلىۋەتمەسلىكى، ھەم كوللېكتىپنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنپەئىتىگىمۇ، شۇنداقلا شەخسلەر بىلەن كوللېكتىپنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىدىغان تۇرمۇشىنىڭ ئالىي مەقسىتىگىمۇ سەل قارىماسلىقى لازىم. شەخسنىڭ مەنپەئىتى ۋە قارا نىيىتى كوللېكتىپنى بېسىپ چۈشسە، جەمئىيەتتە ئادالەتسىزلىك پەيدا بولىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، كوللېكتىپ شەخسلەرنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئىقتىدارىنى بېسىپ كەتسە، شەخسكە ئادالەتسىزلىك بولۇپ، شەخسنىڭ ئاكتىپلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماستىن، كوللېكتىپنى شەخسنىڭ قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۆزئارا ھەمكارلىققا ۋە ئۆزئارا كاپالەتكە موھتاج. شۇڭا، بىر خىل ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى يارىتىپ، شەخسلەر بىلەن كوللېكتىپنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ۋە كاپالەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.[1]

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ئىسلام جەمئىيىتىنى شۇنداق ياخشى تەرىپلىگەنلىكتىن، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ جەھەتتە چوڭقۇر پىكىر قىلماستىنلا ئۇنى قوبۇل

---

[1] سەييىد قۇتۇب: «ئىسلامىيەتنىڭ جەمئىيەت ئادىللىقى»، قاھىرە شەرق نەشرىياتى، 1983 - يىلى، 9 - نەشرى، 20 - ، 29 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ ، ئۇنىڭغا چوڭ ئۈمىد باغلىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ ئۇلغىيىپ كەتتى .

8 . «ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش»

ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇنىڭ مەنىۋى داھىيسى خومەينى 1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دۆلەت رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق دۇنياغا مۇنداق دەپ جاكارلىدى : «ئىنقىلابىمىزنى تىرىشىپ چەت ئەللەرگە چىقىرىشىمىز لازىم . بۇنداق قىلماسلىق يولىدىكى بارلىق خىياللاردىن ۋاز كېچىشىمىز لازىم . چۈنكى ، ئىسلامىيەت مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق پەرقنىڭ بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزىنى بارلىق ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ يېتەكچىسى دەپ قارايدۇ .» خومەينىنىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش نەزەرىيىسى دۇنيانى چۆچۈتتى ، ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىنى غەزەپلەندۈردى ، ئىران بىلەن ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىشكە باشلىدى .

نۇرغۇن كىشىلەر ئىنقىلابنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشنى خومەينى كەشىپ قىلدى دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە ، خومەينى بۇ نەزەرىيىنى ياراتقۇچى ئەمەس ، بەلكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى تونجى بولۇپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچى ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان ھامان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شارائىت ۋە ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن ھېسابلاشماي ، ئىنقىلابنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشنى تەكرار جاكارلىدى . نەتىجىدە ، ئىش ئويلىغان يەردىن چىقماي ، خەلقئارادا ئەيىبلەشكە سەۋەبچى بولۇپ يېتىم قالدى . خومەينى بۇ قېتىمقى ساۋاقنى يەكۈنلىگەن بولۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارغا قالدۇرغان

ۋەسىيىتىدە دۇنيا ئىسلام ئىنقىلابىدىن «ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكى» نى تونۇپ يېتىشنى ئاگاھلاندۇردى[1].

ئىسلام دۇنيا ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ھازىرقى زاماندىكى تۇنجى ئىسلامىزم تەشكىلاتى — مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى يېتەكچى ۋە «مۇقەددەس ۋەزىپە» قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىنى خەلقئارالىق تەشكىلات قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرغان. پاكىستاندىكى ئىسلامنى يۈكسەلدۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەمىرى ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى 40 ـ يىللاردىلا بۇ مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشىمايدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئىسلامىيەت بىر خىل ئىنقىلابىي ئىدىيە، بىر خىل ئىنقىلابىي پروگراممىا بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە پروگراممىسى بويىچە يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىدۇ. «مۇسۇلمان» دېگەن ئاتالغۇ ئىسلامىيەت قۇرغان دۇنيا ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بايانى بولۇپ قالىدۇ. بۇ پارتىيە ئىسلام ئىنقىلابىي پروگراممىسىنى ئىجرا قىلىدىغان قورال بولىدۇ. ئۇنىڭ كۈرىشى ئىنقىلابىي كۈرەش بولۇپ، بەلگىلەنگەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قانات يايدۇرۇلغان بىر خىل ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتىن ئىبارەت.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەۋجۇت بولۇشىمىزدىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتىلار ھەرقانداق غەربىي ئىسلام ھۆكۈمىتىگە ئاشكارا رىقابەت بولىدۇ... ئەگەر ئىسلام تۈزۈمى ھەقىقەت، باشقا ھەممە تۈزۈملەر بىمەنىلىك دېيىلسە، ئىسلامىيەتنىڭ پۈتۈن يەرشارىدا غەلىبە قىلىشى، باشقا ھەممە تۈزۈملەرنى ۋەيران قىلىشى،

---

① ھۆمەينى: «ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ دەستۇرى»، شياڭگاڭ مۇسۇلمانلار تەرغىبات ئۇيۇشمىسىنىڭ 1990 ـ يىلى نەشرى، 18 ـ بەت.

ئاغدۇرۇۋېتىشى ، ئۆزىنىڭ تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇشى ، تەبىئىيكى ، مۇتلەق مۇقەررەر بولىدۇ . ئىسلامىيەت ئۆزىنىڭ تۈزۈمىنى تىكلەشكە چاقىرىپ ، شەكسىزكى ، باشقا تۈزۈملەرنى لەرزىگە سالىدۇ . ئۇلارنى ۋەيران قىلىپ ، ئاندىن كېيىن شۇ جايدا ئۆزىنىڭ تۈزۈمىنى تىكلەيدۇ . شۇڭا ، ئىسلامىيەت مۇسۇلمانلارغا ھەممە شەكىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ .»① ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ : «ئىسلامىيەتنىڭ جىھاد قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىغا قارشى تۇرىدىغان ھەممە ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىش ، ھەمدە شۇ جايدا ئىسلام ئۆلچەملىرى بويىچە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇشتىن ئىبارەت . بۇ ۋەزىپە ئىسلام ئىنقىلابى بولۇپ ، ئۇ بىرەر دۆلەت ، بىرەر رايون بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ . بەلكى ، يەرشارىدىكى ھەممە جايدا ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب قىلىدۇ . لېكىن ، مۇسۇلمانلار ياكى ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بۇ ئىنقىلابنى ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋە يۈكسەك نىشانى قىلىپ ، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا ئومۇملاشقان دۇنيا ئىنقىلابى قىلىشى كېرەك . چۈنكى ، مىللەتچىلىككە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى بىرەر مىللەت ياكى بىرەر دۆلەت بىلەن چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ؛ ئىسلامىيەت بىرەر مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بەرمەي تۇرالمايدۇ . بىرەر دۆلەت خەلقىنىڭ گۈللىنىشىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ ، باشقا دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ گۈللىنىشىگە ئەھمىيەت بەرمەي تۇرالمايدۇ . ئۇ

---

① مەۋدۇدى : «ئىسلام ھۆكۈمىتى» ، 22 ـ ، 23 ـ بەتلەر . مۇھەممەد ھەمرانىڭ «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى» ، قاھىرە نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىلى نەشرى ، 423 ـ بەت .

پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختىگە ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ . ئىسلامىيەت بىر پارچە زېمىن ياكى بىر قىسىم رايون بىلەن قانائەت قىلماي قالماي ، پۈتۈن يەرشارىغا كۆز تىكىدۇ . بۇ ئالىي مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئىسلامىيەت پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەممە كۈچلەر ۋە ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب قىلىدۇ . بۇنداق داۋاملىشىدىغان كۈرەش «جىھاد» دەپ ئاتىلىدۇ . »

مەۋدۇدى مۇنداق دەپ قارايدۇ : يات دىندىكىلەر بىلەن ئىسلامىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مۇقەررەر . ئىسلامىيەت يات دىندىكىلەرنىڭ ئېتىقادىغا ئارىلاشمىسا ، يات دىندىكىلەر ئىسلام ئېتىقادىغا ئارىلىشىدۇ . مۇسۇلمانلار دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، شەرىئەتنى يولغا قويغاندىن كېيىن ، ئىسلامىيەتنىڭ «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە ) زورلاش يوقتۇر» (2 ـ سۈرىنىڭ 256 ـ ئايىتىدىن ) دېگەن پرىنسىپى بويىچە ، ئۇزۇندىن بۇيان يات دىندىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ ، ئەمدى ئازاد قىلىنغان غەيرىي مۇسۇلمانلارغا دىنىي ئېتىقادنى يېڭىۋاشتىن تاللىۋېلىش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ . مانا بۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك كۆز قارىشى !

مەۋدۇدىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ «ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش» ۋە «ئىسلام دۇنيا ئىنقىلابى» توغرىسىدىكى ئاساسىي كۆز قاراشلىرى يىغىنچاقلانغان . ئۇ ئۆزى ئىسلام دۇنيا ئىنقىلابىغا قىزىقىپ ، «ئاللانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان ئىنسانىيەت بىناسى»نى — كۆڭۈلدىكىدەك ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان . تەنقىدلىگۈچىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى «ئاجىزلارنىڭ جۆيلۈشى» دەيدۇ . كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇرغان تۆۋەندىكى ئىزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈۋالالايدۇ : ئەينى يىللاردا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاللانىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىرتقا ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئۈچ قىتئەگە ئاتلىغان ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولغان، ئىسلام دىنى ئىمپېرىيىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان، ھەمدە بۇ ئىمپېرىيىنى باشقۇرغانىدى. ئۇنى ھازىرقى پاجىئەلىك رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئۆتكەنكى شان - شۆھرەتنى قايتىدىن بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك ئۈمىد قىلدى. بولۇپمۇ، ئىسلامىيەت بىلىملىرىگە پىششىق ھەم ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرىدىن خەۋەردار زىيالىيلار «ئىسلام بىلىملىرىنى ئاساس قىلىش، غەربنىڭ ئىلىملىرىدىن پايدىلىنىش» ئۈستىدە، يەنى ئىسلام تەلىماتىنى رامكا ۋە ئاساس قىلىش، غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئىلمىي بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئىسلامىيەتنىڭ ئىدىيە مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بېيىتىش ۋە يېڭىلاش ئۈستىدە بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان سىناق قىلدى. مەۋدۇدى مۇشۇ قاتاردىكى زىيالىيلاردىن بولۇپ، ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنگەن، قىزغىنلىقتا تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ ھەرىكەت ھاياتىمدىكى ئاساسىي نىشانىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئالىي نىشان يولىدا ئۆزۈمنىڭ ھايات - ماماتىغا پەرۋا قىلمايمەن. مۇشۇ يولغا ماڭغانىكەنمەن، قانداق ئەھۋال پەيدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھاياتىمنى تەقدىم قىلىشقا رازىمەن. باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىمەن، مەن بىلەن بىللە ئالغا باسىدىغان بىرەر ئادەم چىقماي، يالغۇز قالساممۇ، پۈتۈن دۇنيا بىرلىشىپ قارشى تۇرسىمۇ، ھەرگىز كەينىمگە يانمايمەن، يەككە - يېگانە جەڭ قىلىۋېرىمەن.»[1]

---

[1] مۇھەممەد ھەمرانىڭ : «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى»، قاھىرە شەرق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىلى نەشرى، 46 - بېتىدىن ئېلىندى.

مەۋدۇدىنىڭ ئىسلام دۇنيا ئىنقىلابى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى سۆزلەپ قويۇش بىلەن توختاپ قالغان ئىدىيە ئەمەس ، ھۆمەينى «ئىسلامىيەتنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا ئومۇملىشىپ ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا لەپىلدەيدىغان »[1] لىقىغا ئىشەنگەندىن باشقا ، ئالغا چوڭ قەدەم تاشلاپ ، «ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش» قارىشىنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويدى ، ھەمدە ئۇنى دۆلەتنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى قىلىپ ، ئىسلام دۇنيا ئىنقىلابىنى تۇنجى قېتىم ئەمەلدە كۆرسەتتى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ «ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش» ۋە «ئىسلام دۇنيا ئىنقىلابى» توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنىڭ ئوق - دورا ھىدى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ تىنچلىق ھەرىكىتى ئەمەس ، بەلكى باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى . نەتىجىدە ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئىسلامىزمچى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە ئېھتىياتچانلىق قىلىش مەۋجۇت بولىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇق ، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يېتىدۇ .

## 9 . ئاياللارنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلار

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىغا ھەر تەرەپ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇ تەشەببۇسلارنى تەنقىدلىدى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى باشتا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاقلىدى ، كېيىن ئۇلار بۇنداق كېتىۋەرسە ھامان مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، مۇداپىئە

① ھۆمەينى : «ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ دەستۇرى» ، شياڭگاڭ مۇسۇلمانلار تەرغىبات ئۇيۇشمىسىنىڭ 1990 - يىلى نەشرى ، 36 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن ھوجومغا ئۆتۈش ، گەپ ياندۇرۇپ تەنە قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۆتكەندە ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەنلىكىنى ، يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى ئاتالمىش «ئاياللار ئازادلىقى» ، «ئاياللارنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلىششى»مۇ ئاياللارغا ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش «ئەركىنلىكى» بېرىشتىن باشقا نەرسە بولماي ، جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ قالايمىقانلىشىپ ، ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ چۇشكۈنلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى . ئاياللار ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلىيالمىسا «ئاياللارنىڭ ئازادلىقى» نەدە تۇرۇپتۇ ! ؟ ئىسلام جەمئىيىتى بۇنىڭدىن بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئاياللار بىلەن ئەرلەرنى ئوخشاش «ئادەم» قاتارى كۆرۈپ ، «ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى»نى ئەمەلگە ئاشۇرغان . غەربنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغان نېمە لاياقىتى بولسۇن ! ؟

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىدا مەۋدۇدىنىڭ قاراشلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، تەسىرىمۇ ناھايىتى كەڭ . بۇ يەردە ئازراق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز . مەۋدۇدى «ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاش ئادەم» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . لېكىن ئۇنىڭ قارىشىچە ، «ئۇلارنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى ، بەدەن سىستېمىسى ، پسىخىك ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغاچقا ، خىزمەت دائىرىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ، بىئولوگىيە ئىلمى ئىسپاتلىدىكى ، ئۇلارنىڭ سىرتقى شەكلى ، قىياپىتى ، بەدەن ئەزالىرى ئوخشاش بولمايدۇ ، بەدىنىدىكى ئاتوم ، توقۇلما ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئاقسىل مولېكۇلالىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ .» دېمەك ئۇ ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ «ئادەم»لىكتە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلار باشقا جەھەتلەردە ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . مەۋدۇدى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا

قويدى : «ئاياللارنىڭ خىزمەت ئورنىنى بالا بېقىش ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش بولۇشى كېرەك . يەڭگىلى بولمايدىغان سەۋەب بولغاندا ، سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلسا بولىدۇ » ، «يەڭگىلى بولمايدىغان سەۋەب بولمىسا ، ئاياللار چۈمبەل تارتىشى ، يۈزىنى ۋە بىلەكلىرىنى ئېچىپ قويماسلىقى لازىم» ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ هوقۇقى توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە ئەرلەر ئاياللارغا مەسئۇل بولىدۇ » ، «ئاياللاردا قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەردەك ئارزۇ ۋە تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ » ، «ئاياللار ئەرلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ » ، «دۆلەتنىڭ مۇهىم ۋەزىپىلىرىنى ، مەهكىمە باشلىقىدىن مىنىستىرگىچە ، زۇڭلى ، زۇڭتۇڭلۇققىچە ، كېڭەش يىغىنىنى (پارلامېنت ) ئەزالىرىغىچە بولغان ۋەزىپىلەرنى ئاياللار ئۈستىگە ئېلىشقا بولمايدۇ ، ئۇلاردا سايلام هوقۇقىمۇ بولمايدۇ ، ‹قۇرئان كەرىم › ئاياللارغا بۇ دەرۋازىنى تاقىۋەتكەن .»[1]

مەۋدۇدىنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى هازىرقى زامان ئىسلامىزم هەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ هەممە ئادەم قوللاپ كەتمەيدۇ . «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور مۇهەممەد هەمرا ئۇنى بەك چېكىدىن ئېشىپ كەتتى ، قۇرئان ۋە هەدىستىكى ئالاقىدار بەزى ئايەت ۋە سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىنى بۇرمىلىۋەتتى دەپ تەنقىدلىدى . سۇداندىكى هەسەن تۇرابى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى . سۇدان ئىسلام مىللىي فرونتى ئاياللارنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى ، هەمدە «سۇدان ئاياللار مىللىي فرونتى» قۇردى . سۇدان ئىسلام هۆكۈمىتى ئاياللارنى باش ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى .

---

[1] يۇقىرىقى ئىستاتىلارنىڭ مەنبەسى مەۋدۇدىنىڭ «چۈمبەل» ناملىق كىتابى بولۇپ ، بۇ ئىستاتىلار مۇهەممەد هەمرانىڭ «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى» ، قاهىرە شەرق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى نەشرى ، 366 ـ ، 379 ـ بەتلەردىن ئېلىنغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان ئىسلامىزمى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ھۆمەينى بۇيرۇق چۈشۈردى . ھۆمەينى تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى تەشەببۇس ۋە ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە : (1) كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويغاندا ئادەمنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ . ئاياللار ئۆمۈرۋايەت قىز بولۇشتىن قۇتۇلىدۇ . ئەرلىك بولۇش ، بالىلىق بولۇش ۋە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ ، ئۇلارغا ئىگە بولالماسلىقنىڭ ئازابىدىن خالىي بولىدۇ ؛ ئەر كىشى بىر خوتۇن بىلەن جىنسىي ئېھتىياجى قانماسلىق تۈپەيلىدىن سىرتتا ئۆزگە ۋە ئائىلىسىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن خالىي بولىدۇ . (2) كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويغاندا نىكاھلىنىشنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ — ئادەمنىڭ جىنسىي تەلىپى قانائەتلىنىدۇ ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئادەمنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشى ئەمەلگە ئاشىدۇ . ئەگەر خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ جىنسىي ئارزۇسىنى قاندۇرالمىسا ياكى تۇغۇش ئىقتىدارى بولمىسا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇشقا توغرا كېلىدۇ ؛ ئاياللارنىڭ بالىلىق بولۇش دەۋرى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ قىسقا بولىدۇ . شۇڭلاشقا ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇش كېرەك . ئەگەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش چەكلەنسە ئەرلەرنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ . (3) كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويغاندا ، شەرىئەتنى لوگىكا جەھەتتىكى زىددىيەتلەردىن خالىي قىلغىلى بولىدۇ ، ھەم كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلىش ، ھەم كۆپ خوتۇن ئېلىشقا يول قويماسلىق ، زىنا قىلغاننى جازالاش ، ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان يوللارنى

تۇسۇۋېتىش ئۆزئارا زىت ئەمەسمۇ ؟ (4) كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنى ئىسلامىيەت كەشىپ قىلغان ئەمەس ، ئىسلامىيەت بىر خوتۇنلۇق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . چۈنكى ، «شەكسىزكى ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشتىن بىر خوتۇنلۇق بولۇش ياخشىدۇر» ، «ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت — ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىق بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىدە تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىنىدۇ .»[1] «قۇرئان كەرىم»دە شۇنداق كۆرسىتىلىپ ، مۇنداق دېيىلگەن : «ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلادىن قورقساڭلار ، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ» (4 ـ سۈرىنىڭ 3 ـ ئايىتىدىن) ، قۇرئاندا يەنە مۇنداق دېيىلگەن : «ھەرقانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلىنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر» (4 ـ سۈرىنىڭ 129 ـ ئايىتىدىن) . ھۇمەينى تەرەپدارلىرىنىڭ يەكۈنى شۇكى : ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى شەرتلىك بولىدۇ ، يەنى ئەر ئۆيىنى بېقىپ كېتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى ، ئاياللارغا ئادىل مۇئامىلە قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك .[2]

يۇقىرىقى تونۇشتۇرۇشتىن كىشىلەر مۇنداق قاراشلارغا ئىگە بولالايدۇ : (1) ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكىدىكى جەمئىيەتتە «قۇرئان كەرىم»دە ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقى توغرىسىدا نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان . شۇنداق دېيىش كېرەككى ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولغان ئادەتلەرگە قارىغاندا ، بۇ بەلگىلىمىلەر ئاياللارنىڭ ئورنىنى

---

① مۇستافا راپىل : «ئىمام ھۇمەينى» ، بېيرۇت ئىسلام نەشرىياتى ، 1994 ـ يىلى نەشرى ، 175 ـ بەت .

② يۇقىرىدا ستاتا كەلتۈرۈلگەن ئىراندا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە سەۋەبلەر مۇستافا راپىل يازغان «ئىمام ھۇمەينى» ناملىق كىتابنىڭ بېيرۇت ئىسلام نەشرىياتى ، 1994 ـ يىلى نەشرى ، 167 ـ ۋە 177 ـ بەتلىرىدىن پايدىلىنىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن ، مەسىلەن ، «قۇرئان كەرىم» «نىسا» سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن : «ئى ، ئىنسانلار ! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ) ياراتقان ، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن ) ئۇلارنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى ) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار ، بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللادىن قورقۇڭلار ، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار . ئاللا ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى ) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر . » بۇ يەردە ئاياللار بىلەن ئەرلەرگە ئوخشاش «ئادەم» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان . «ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقتا ئىگە» (2 - سۈرىنىڭ 228 - ئايىتىدىن ) (بۇ سۈرىنىڭ تەپسىرى شۇكى ، ئەر كىشى ئائىلىگە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ۋە ئائىلىنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ «سۈرە نىسا»نىڭ 34 - ئايىتىدىكى «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر ) . ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئەر كىشى ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولۇپ ، ھەممە ئىشتا شۇنىڭ دېگىنى ھېساب ، پەرق بىر دەرىجە ئەمەس ، بەلكى نەچچە دەرىجىدە بولسىمۇ ، ئاياللارنى «ئادەم» قاتارىدا كۆرمەيدىغان جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدىن ناھايىتى كۆپ ئىلگىرىلىگەن . «سۈرە نىسا»نىڭ 3 - ئايىتىدە «ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلەردە بىرەر يېتىم قىز بولۇپ ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن ) قورقساڭلار ، ئۇنى تەرك ئېتىپ ، ئۆزۈڭلەر ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى ، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ . ئەگەر

(ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار ، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ » دەپ بەلگىلىنىپ ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدىن ياخشىلانغان . جاھىلىيەت دەۋرىدە خوتۇننىڭ سانىغا چەك قويۇلمىغان ، بىر ئەر ئون نەچچە ھەتتا نەچچە ئون خوتۇنلۇق بولغان ، خوتۇنلارنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمىغان ، لېكىن «قۇرئان كەرىم »دىكى «سۈرە نىسا »نىڭ 11 - ئايىتىدە مىراس تەقسىم قىلىش توغرىسىدا : «بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ » دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن . ئاياللارغا تېگىدىغىنى ئاز بولسىمۇ ، لېكىن ھېچنېمە تەگمىگەندىن كۆپ ياخشى . قىسقىسى ، ئىسلام جەمئىيىتى ئاياللار مەسىلىسىدە جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدىن كۆپ ئىلگىرىلىدى . بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك . بۇنىڭدىن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئېپتىخارلىنىدۇ . ۋەھالەنكى بۇ ، ئىشنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ ، يەنە بىر تەرەپىنىمۇ كۆرۈش كېرەك . ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىلغارلىق جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان . شۇنىڭدىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئاياللارنىڭ ئورنىدا تۈپتىن ياخشىلىنىش بولمىدى . (2 ) جەمئىيەت ئالغا بېسىۋاتىدۇ ، مۇھىت ئۆزگىرىۋاتىدۇ ، بۇ نۇقتىنى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىگە ئايان : ئاياللار توغرىسىدىكى بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى بەلگىلىمىلەرنى XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزگەرتمەي ئەينەن تەتبىق قىلغاندا دەۋرگە ماس كەلمەي قالماسمۇ ؟ لېكىن ئۇ بەلگىلىمىلەر «قۇرئان كەرىم »دىكى «مەڭگۈلۈك دىنىي ئەقىدە » ! زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان مەڭگۈلۈك ھەقىقەت تۇرسا ! شۇڭا ئۇنى ئازراق ئۆزگەرتىشكىمۇ ھەرگىز بولمايدۇ ، ئىجرا قىلماسلىققىمۇ ، بىر قىسمىنى ئىجرا قىلىشقىمۇ بولمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىسا ئۇلار «ھەقىقىي» مۇسۇلمان ئەمەس، دەپ ئەيىبلىنىدۇ. «مەڭگۈلۈك دىنىي ئەقىدە»نىڭ نوپۇزلۇقلىقىمۇ تەۋرىتىپ قويىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىمىلا دىگەنىيلەن رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، چىشنى چىشلەپ «قەتئىي ئىجرا» قىلىدۇ. مانا بۇ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇشىدىكى تىپىك مىسالىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. (3) قەدىمكى ئىسلامىزمىنىڭ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تەشەببۇسلىرىغىچە ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، ئەرلەرنى ئەتىۋارلايدىغان ئىپتىدائىي ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن. (4) ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللارنى ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنى ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان ۋە بالا باقىدىغان مەخلۇقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. سەييىد قۇتۇب بۇنداق قىلىشنى «ئاياللارغا ئىنسانىيەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئەۋلادلىرىنى تۇغدۇرۇشنى كۆزلەيدۇ» دېسىمۇ، لېكىن كېيىسپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىلگىرىلەش ئەمەس.

## 10. «ئىسلام مىللەتچىلىكى» ۋە «ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى» توغرىسىدىكى تەشەببۇسلار

«مىللەتچىلىك»كە ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك»كە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىدىيە جەھەتتىن بىرقەدەر مۇجمەل بولۇپ كەلدى. ئىسلامىزمنىڭ سىرتىدىكىلەر ئۇلار مىللەت، دۆلەت ئايرىمايدىغان «ئىسلامىزم» نىلا تەكىتلەپ «مىللەتچىلىك»كە ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك»كە قارشى تۇرىدۇ، دەپ قاراپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر تەرەپمۇ «ئىسلامىزم» بىلەن «مىللەتچىلىك» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك» سۇ بىلەن ئوتتەك چىقىشمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇنداق ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدا

تۆۋەندىكىدەك ئىككى سەۋەب بار :

1 . دىندا مۇسۇلمانلارنى مىللەت ، ئىرق ، دۆلەت تەۋەلىكى ئايرىماسلىق پرىنسىپى سىياسىي جەھەتتىمۇ مىللەت ، ئىرق ، دۆلەت تەۋەلىكى ئايرىماسلىق پرىنسىپى قىلىپ كېڭەيتىلگەن . بۇنىڭ نەتىجىسى ئەلۋەتتە ياخشى بولمايدۇ . ئۇلار ئىسلامىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى تەكىتلەپ ، دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئالمىغان ، ئىككىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۇزۇۋەتكەن . دۆلەتتىن ۋە مىللەتتىن ئايرىلغاندا ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى قانداقمۇ گۈللەندۈرگىلى بولسۇن ؟ جەمئىيەتتىكى كەڭ خەلق «مىللىتى ۋە دۆلىتى بولمىغان ئىسلامىزم»نى قانداقمۇ قوللىسۇن ؟

2 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى غەرب مىللەتچىلىكىگە ، يەنى غەرب شوۋىنىزمىغا قارشى تۇرىدۇ ، ئۇنى «تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى مىللەتچىلىك» ، يەنى مۇستەملىكىچىلىك دەپ بىلىدۇ . بۇنداق قاراشنى مۇسۇلمانلار تامامەن چۈشىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلالايدۇ . لېكىن ، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردە جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان «مىللەتچىلىك»نى يەنى ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ، ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇرۇش ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىكى «مىللەتچىلىك» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك»كىمۇ پەرقلەندۈرمەي قارشى تۇرۇشنى مۇسۇلمانلار ئاممىسى چۈشىنەلمەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالمايدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ناھايىتى چوڭ قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى . خەلقنىڭ كۆڭلىگە شۇنچە ياققان ئۇز دۆلىتىدىكى «مىللەتچىلىك» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دىندىن تاشقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ، دىندىن تاشقىرى بولۇشقا قارشى تۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈپەيلىدىن ئۆز دۆلەتلىرىدىكى «مىللەتچىلىك» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك»تىن ئىبارەت دەۋرنىڭ بۇ ئىككى بايرىقىنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتسە، ئۆزىنى خەلقتىن ئايرىلىپ قالامدۇ؟ ئىش ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ كاللىسى سەل سەگەك نەزەرىيىچىلىرى بۇ مەسىلىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار بىر قوتۇبتىن يەنە بىر قوتۇبقا ئۆتۈپ كەتمەي، ئىككىسىنى ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ «مىللەتچىلىك» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ھەتتا جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەردىنمۇ «قەتئىي»، «رادىكال» ۋە «باتۇر» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار «مىللەتچىلىك» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك»نى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلامىيەتنىڭ مىللەت، ئىرق، دۆلەت تەۋەلىكى ئايرىماسلىق پرىنسىپىنى تەكرار بايان قىلىپ، «مىللەتچىلىك» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك»نىڭ ئىسلام مەنپەئىتىگە ماس كېلىشى ۋە بويسۇنۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. مەسىلە زادى قانداق «ماس كېلىش» ۋە «بويسۇنۇش»تا بولۇپ، بۇنىڭغا ئېنىق چۈشەنچە بېرىلمىدى. «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ھەمرا ئۇنى «ئىسلام مىللەتچىلىكى» ۋە «ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى» دەپ ئاتىدى. بۇنداق ئاتاش مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە «مىللەتچىلىك» ۋە «ۋەتەنپەرۋەرلىك»كە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە پەيدا بولغان قالايمىقانچىلىق 1947 - يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى مەۋدۇدىنىڭ قالدۇرغان تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەۋدۇدىنىڭ سۆزلىرى ئادەمنى

چۈچۈتىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مىللەتچىلىك پرىنسىپلىرى بىلەن ئىسلامىيەت پرىنسىپلىرى تامامەن زىت كېلىدۇ! . . . ئۇ ئاللانىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ! . . . دۇنيادىكى چىرىكلىك، ۋەھىمە ۋە يامانلىقنىڭ مەنبەسى! . . . ئۇ ئەزەلدىن ئالۋاستىنىڭ قولىدىكى ئۆتكۈر قورال بولۇپ كەلدى . . . ‹مىللەتچىلىك› بىلەن ‹مۇسۇلمان›دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاتالغۇنى قوشۇپ ‹مىللەتچى مۇسۇلمان› دېگەن سۆزنى ياساش ئىنتايىن غەلىتە ئىش! . . . مىللەتچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىغا ۋە قەلبىگە بۇ تەرەپتىن كىرسە، ئىسلامىيەت يەنە بىر تەرەپتىن چىقىپ كېتىدۇ.»[1] ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «داۋاملىق مۇسۇلمان بولۇشنى نىيەت قىلغان مۇسۇلمان ھەممە مىللەتچىلىكلەرنىڭ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى، ھەممە زېمىنداشلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىگە ھېچقانداق باھا بەرمەسلىكى لازىم. كىمكى بۇ مۇناسىۋەت ۋە تۇغۇنلەرگە ئەھمىيەت بەرمەكچى بولىدىكەن، چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭ دىلىدىن ۋە روھىدىن ئىسلامىيەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، دىلى ۋە روھىنى جاھىلىيەت ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇ ھامان ئىسلامىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئىسلامىيەتمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ! . . . ئىسلامىيەت بىلەن مىللەتچىلىك مەنىۋى جەھەتتە ۋە نىشان جەھەتتە بىر - بىرىگە زىت كېلىدۇ . . . چۈنكى مۇسۇلمان بىر ‹مىللەت› ئەمەس، بەلكى بىر ‹پارتىيە›دىن ئىبارەت. ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ قارىشىچە، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ‹ئاللا پارتىيىسى› ۋە ‹ئىبلىس پارتىيىسى›دىن ئىبارەت ئىككى ‹پارتىيە›گە ئايرىلىدۇ. . . . (كۆچۈلدىكىدەك) ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلمىسىدا ئازراقمۇ مىللەتچىلىك ئامىلى بولمايدۇ. مۇبادا

[1] ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى: «ئىسلام مىللەتلىرى ۋە مىللەتچىلىك مەسىلىسى»، 153 -، 170 -، 171 -، 174 -، 169 - بەتلەر؛ «ئىسلام ھۆكۈمىتى»، 140 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىسلامىيەتنىڭ كاپىرلار، مۇشرىكلاردىن باشقىمۇ دۈشمىنى بار دېيىلسە، ئىرق ۋە مىللىي دۆلەت ئاشۇ دۆشمەن ھېسابلىنىدۇ. ... بىز مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى تۇرۇشتا مىللەتچىلىككە ئاساسلانماي، بەلكى مۇئەييەت پرىنسىپقا ئاساسلىنىمىز. ئىسلامىيەتتە مىللەتچىلەر مەۋجۇت بولمايدۇ، غەيرىي مىللەتچىلەرمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.»

ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى مەۋدۇدىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقانداق مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارشى تۇرىدىغان قاتتىق مەيدانى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەنسىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەگەر مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنى قوللىسا، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك كۆز قارىشىنى قوللىغانلىق بولاتتى. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ھىندىستان ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن خەلق كونگرېسى پارتىيىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدىغان مۇسۇلمانلار ھىندىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئېزىشىگە ئۇچراتتى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام مىللىي مەدەنىيەت ئالامەتلىرىمۇ ھىندىلار تەرىپىدىن يوق قىلىنىۋېتىلەتتى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەۋدۇدىنىڭ ئەنسىرەشلىرى تۈگەپ، ھەسەنۇل بەننانىڭ كۆز قاراشلىرىغا، يەنى مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىسلامىيەتنى بىرلەشتۈرىدىغان «ئىسلام مىللەتچىلىكى» ۋە «ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى» كۆز قارىشىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى تەسىرى تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئاق قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغانلارنى ياندۇرۇۋېلىشقا بولمايتتى.

ھەسەنۇل بەننا قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىچىلىرىنىڭ ئىسلام مىللەتچىلىكى ۋە ئىسلام

ۋەتەنپەرۋەرلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى مۇرەسسەچىلىك قاراشلار بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتنىڭ رېئال ئېھتىياجى نەزەرگە ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قاراشلار ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، ھەمدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، ئىتالىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە يەھۇدىي زىئونىزمىغا قارشى تۇرۇشتا، ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى ئۇرۇشىدا رولىنى جارى قىلدۇردى. ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشىدا ئىرانمۇ مۇشۇنداق ئىسلام مىللەتچىلىكى ۋە ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى ۋەتەننى قوغداشقا سەپەرۋەر قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

ھەسەنۇل بەننانىڭ مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشى ئىسلام مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنىدۇ: ئۆز دۆلىتىدىكى مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، رايوندىكى ئەرەبىزم، كوسموپولىتىزم (دۇنيادا بىرلىككە كەلگەن «ئىسلام ۋەتىنى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ)نى نەزەرگە ئېلىپ، مىسىردا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، ئاخىرى دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنى قوغداشنى ئارزۇ قىلغان. ئۇنىڭ مىسىرنى مەركەز قىلىش نەزەرىيىسى مەۋدۇدىگە كەلگەندە پاكىستاننى مەركەز قىلىش نەزەرىيىسىگە ئۆزگەرگەن. ئۇ پاكىستاننى ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ، پۈتۈن دۇنياغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، پۈتۈن دۇنيانى ئازاد قىلىشنى ئۈمىد قىلغان. تۆۋەندە ھەسەنۇل بەننانىڭ ئۈچ قاتلاملىق نەزەرىيىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: بەزىلەر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىسلام ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىككە سادىق ئەمەس، دەپ دارىتمىلايدۇ. جاۋابىمىز شۇكى، بىز ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاسىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلماي ، ئىسلامىيەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ يۈكسەك ئەقىدىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە داۋاملىق ئالغا باسىمىز ، مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا مىللىي بىرلىك ، ئەرەب بىرلىكى ۋە ئىسلام بىرلىكى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە بولغان پوزىتسىيىمىزنى بەلگىلەيمىز .

مىسىرنىڭ مىللەتچىلىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكى توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «ئىسلامىيەت ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشنى ، ئۇنىڭغا جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى ، ئۆزى ئىچىدە ياشاۋاتقان مىللەت ئۈچۈن ئىمكانقەدەر كۆپ تۆھپە قوشۇشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتىدۇ . ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى يېتىلگەن ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك . چۈنكى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئەڭ چوڭقۇر بولىدۇ ، ئۇلار ۋەتەنگە ئەڭ پايدىلىق ئادەملەردۇر . چۈنكى بۇ ، ئاللا ئۇلارغا بەلگىلەپ بەرگەن مەجبۇرىيەتتۇر . . . ۋەتەننى سۆيۈش ھەممە ئادەمدە بولىدىغان ھېسسىيات . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مەككىنى سېغىنىپ تۇرغان . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ . مىللىي بىرلىكنى قەدىرلەيدۇ . ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز دۆلىتىگە سادىق بولۇپ ، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن قۇربان بولۇشىغا ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ھەممە شان - شەرىپىگە ۋە ئىپتىخارلىقىغا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىغا قارشى تۇرمايدۇ .»

ئەرەبىزم ۋە ئەرەب بىرلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «ئىسلام دىنى ئەرەب تۇپرىقىدا بارلىققا كەلدى ، ھەمدە ئەرەبلەر ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرگە تارقالدى . ‹قۇرئان كەرىم› ئېنىق ، راۋان ئەرەب تىلىدا نازىل بولدى . ھەرقايسى مىللەتلەر مۇسۇلمان بولىدىغان چاغدا ئەرەب تىلىدىكى ‹قۇرئان كەرىم› نامى ئاستىدا بىرلىككە كېلىدۇ . شۇڭا ،

ئەرەبلەردە ئەرەبلەر خورلانسا، ئىسلام دىنىمۇ خورلىنىدۇ، دەيدىغان چۈشەنچە بار. ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنىڭ نېرۋىسى ۋە قوغدىغۇچىسىدۇر. . . . ئەرەبلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئەسلىي شۇنداق بولغان. ئىسلامنىڭ شۆھرىتىنى يەنە بەرپا قىلىش، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش، ھەمدە ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەرەبلەرنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. شۇڭا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئەرەبلەرنىڭ بىرلىكىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشى لازىم. مانا بۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەرەب بىرلىكىگە تۇتقان مەيدانىدۇر.»

ئىسلام بىرلىكى توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام — بىر خىل ئېتىقادتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى نىسپىي پەرقلەرنى يوقىتىدۇ. ئاللاتائالا: مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر، دېگەن. پەيغەمبىرىمىز ‹مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىندىشىدۇر› دېگەنىدى. . . . شۇڭا ئىسلامىيەت دۆلەت چېگراسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. دۆلەت تەۋەلىكى، قانداشلىقنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەممە مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن ئۈممە، ئىسلام ۋەتىنىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلىرىنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن، چېگراسىنىڭ قانچىلىك كەڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋەتەن بىرلىككە كەلگەن ۋەتەندۇر. مۇسۇلمان بۇرادەرلەر بۇنداق بىرلىكنى مۇقەددەس بىلىدۇ. . . . مۇسۇلمانلار قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ھەربىر غېرىچ زېمىن ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»①

ھەسەنۇل بەننا قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا، غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، مىللەتنى، دۆلەتنى، دىنىنى

---

① ھەسەنۇل بەننا: «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى»، 141 ـ، 142 ـ بەتلەردىن پايدىلىنىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گۈللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىش تەرىپىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ دىنىي مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، مەدەنىيەت، سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئىسلامىيەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋە پۈتۈن دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى، كىمىكى ئۇلارنىڭ بۇنداق «ئىسلام تەرغىباتى» يولىدىكى تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىل ۋە ۋاسىتىلەرنى قوللانغان جىھاد ئارقىلىق توسقۇنلۇقنى تۈگىتىشكە، ئەجدادلىرىنىڭ قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغانلىقىنى تەقلىد قىلىشقا نىيەت قىلغانلىقىنى كۆرۈش لازىم. شۇڭا ئۇ مۇنداق دېگەن: «سىرتقا كېڭەيگەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئەگەر ئۇلار زېمىننى كېڭەيتىش، دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش دېسە، ئۇ ھالدا بۇنداق قىلىش ئاللىقاچان ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىگەن تۈزۈمى بولغان، سەركەردە ـ ئەسكەرلەرنى ئەڭ ياخشى مۇستەملىكە ۋە ساۋابلىق كېڭىيىشكە ئەۋەتكەن. ‹قۇرئان كەرىم› دىكى ‹سۈرە ئەنفال›نىڭ 39 ـ ئايىتىدە: ‹دىن پۈتۈنلەي ئاللا ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار›، دېيىلگەن. . . ئەگەر ۋەتەنپەرۋەر بولغانلارنىڭ ئالىي نىشانى ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش بولسا، بۇ نىشانى ئەمەلگە ئاشقاندا، ماددىي نېمەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدۇ. ياۋروپادا ھازىر شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئىشىنىمىزكى، مۇسۇلمانلار ۋەتىنىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، زىممىسىدە يەنە بىر ۋەزىپە بولىدۇ، بەلكى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى تەقدىم قىلىشتىن يانمايدۇ. بۇ ۋەزىپە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىسلام نۇرى بىلەن ئىنسانىيەتنى يېتەكلەيدۇ. ئىسلام بايرىقىنى دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا لەپىلدىتىدۇ. شەخسنىڭ بايلىققا، نام ـ شۆھرەتكە، ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنى كۆزلىمەيدۇ، قايسىدۇر بىرەر دۆلەت خەلقىنى قۇل قىلىشنىمۇ كۆزلىمەيدۇ. ئاللانىڭ دىنى بىلەن

دۇنيانى بەختلىك قىلىشنى كۆزلەيدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا ئەجدادلىرىمىز سىرتقا كېڭىيىش يولىدىكى مۇقەددەس ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىپ، دۇنيانى لەرزىگە سېلىپ، مىسلىسىز سۈرئەتنى، ئادالەتنى، يۈكسەكلىكنى ۋە ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.»[1] ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئۆزلىرىنى غەربنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى مىللەتچىلىكىگە قارشى دەپ كۆككە كۆتۈرىدۇ.

## 11. غەرب مەدەنىيىتىگە باھا

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى غەربكە قارشى تۇرۇشتا مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىغا ۋە كونتروللۇقىغا، غەربنىڭ چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلغان دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مەدەنىيەت قارشىدىكى ئوخشاشماسلىقتىن ئىبارەت چوڭقۇر سەۋەب بار. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ قارىشىچە، غەرب مۇستەملىكىچىلىرى بويسۇندۇرغان دۆلەتلەردە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تارقىتىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە مۇستەملىكە رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، دىنىي ئېتىقادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا كەتمەن چاپىدىغان، غەربنىڭ مەدەنىيەت قارىشىغا ئىگە ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقماقچى بولىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇستەملىكە رايونلاردا تارقىتىلىپ، كەلتۈرىدىغان بۇزغۇنچىلىقىنىڭ چوڭلۇقىنى، ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئىستىقبالىغا، دۆلەتنىڭ،

---

[1] ھەسەنۇل بەننا: «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى»، 20 ـ، 21 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

مىللەتنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى دىن ، دۆلەت ۋە مىللەت مەيدانىدا تۇرۇپ ، غەرب مەدەنىيىتىنى تەنقىد قىلغان . ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ غەربكە ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە قوللانغان سىياسىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولدى . بۇ جەھەتتە ھەسەنۇل بەننا بىلەن مەۋدۇدىنىڭ قاراشلىرى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، بۇ ئۇلارنىڭ ياشىغان مۇھىتى — مىسىر ۋە ھىندىستان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . بۇ دۆلەتلەرنىڭ بىرى ، يېرىم مۇستەملىكە ؛ يەنە بىرى ، مۇستەملىكە بولۇپ ، ئۇزۇن مۇددەت مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغان . ئۇلار ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قۇللۇق تەربىيىسىنى يۇرگۈزۈپ ، مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە ئىدىيە جەھەتلەردىن مۇستەھكەملەش يولىدىكى ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى بىۋاستە ھېس قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئازابىنى تارتقان . شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ ، بىر قاتار ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان . تۆۋەندە بۇ ئىككىيلەننىڭ قاراشلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز .

1) ياۋروپا مىللەتلىرى تارىختا ئىككى يول — ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۇرۇش قىلىش ئۇرۇشى ۋە ئىسپانىيىدىن ئىبارەت ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى «ئاندىلوسىيە» ئارقىلىق ئىسلامىيەت ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ، نۇرغۇن نەپ ئالغاندىن كېيىن ، ئۇلاردا كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، ئىلىم ـ پەن گۈللىنىش ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى . لېكىن ، چېركاۋلار قارشى چىقىپ ، چېركاۋ سوتلىرىنى قۇرۇپ ، ئەدىبلەرگە ۋە ئالىملارغا زىيانكەشلىك قىلدى . ئەڭ ئاخىرىدا گۈللىنىش ھەرىكىتى غەلىبە قىلدى . دۆلەت ئويغاندى . شۇنىڭ

بىلەن ، پۈتكۈل ياۋروپا جەمئىيىتى چېركاۋلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ ، روھانىيلارنى ئىبادەتخانىلارغا قوغلىۋەتتى ، پاپانىڭ ۋاتىكاندا تۇرۇشىنى بۇيرۇدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ياۋروپا دۆلەتلىرى گۈللىنىشكە باشلىدى . سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلدى . شۇڭا ، ياۋروپانىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتى تەبىئىي ھالدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ ، دىننى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ، بولۇپمۇ دۆلەتتىن ، سوتتىن ، مەكتەپلەردىن سىقىپ چىقاردى ؛ ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش ئەۋج ئېلىپ ، ھەممە شەيئىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولۇش ئاساسىغا قۇرۇلدى . نەتىجىدە ، غەربنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى بىر خىل نوقۇل ماددىي ئاسايىشلىق ھادىسىسىگە ئايلىنىپ ، ھەممە دىنلار ئېلىپ كەلگەن ھەممە نەرسىنى بۇزۇپ ، مەنىۋى مەدەنىيلىك بىلەن ماددىي مەدەنىيلىككە ئىگە بولغان ئىسلام دىنىنىڭ توپ ئەقىدىلىرى بىلەن زىت بولدى .[1]

غەرب يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى تونۇش ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ھەممىنى ئاللا ياراتقان ، ھاكىملىق ئاللاغا مەنسۇپ دېگەن كۆز قاراشنى ئاساس قىلىپ ، سەزگۈرلۈك بىلەن شۇنى كۆرسەتتىكى ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پەلسەپە ئاساسى قەدىمكى كۆپ خۇدالىق جاھىلىيەت دەۋرىدىكى گرېتسىيىنى مەنبە قىلغان ، ئۇنىڭغا ماتېرىيالىزم ۋە دىنغا قارشى تۇرۇش روھى سىڭدۈرۈلگەن . شۇڭا ، ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتى — ھازىرقى زاماندىكى جاھىلىيەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت . شۇنداق قىلىپ ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى .

2 ) ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى : غەرب مەدەنىيىتىدىكى ماتېرىيالىزملىق روھ ۋە دىنغا قارشى تۇرىدىغان

---

[1] يۇقىرىقىلار ھەسەنۇل بەننانىڭ «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى» ، 102 ـ بېتىدىن پايدىلىنىلدى .

روھ غەربتىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي سىياسىي ئېقىملارغا سىڭىپ كەتكەن . بۇ ئېقىملارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى «چېكىدىن ئېشىش» بولۇپ ، ئۇلاردا مۇرەسسە ـ مادارالىق ، مۇۋاپىقلىق ۋە تەڭپۇڭلۇق كەم . ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى «راھەت كۆرۈش» ۋە «ماددىي تاماخورلۇق» بولۇپ ، بۇلارنىڭ سەۋەبى «ئادەمنىڭ ماددىي ئېھتىياجى چەكسىز بولىدۇ» ، شۇڭا «كىشىلەر مۇشۇنداق چەكسىز ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم» دېگەندىن ئىبارەت . ئۇلار بۇ يولدا بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى . نەتىجىدە ، پەقەت ماددىي تەرەققىيات بولۇپ ، شۇنىڭغا مۇناسىپ كىشىلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان مەنىۋى تەرەققىيات بولمىدى . غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتى مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ ئېغىر ۋەزىيىتىنى ئۇستىگە ئالالمايدۇ ئەمەس ، بەلكى ئۇ ماتېرىيالىزم روھىغا ۋە دىنغا قارشى تۇرۇش روھىغا ئىگە غەرب پەلسەپىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان .

بۇنىڭدىن ئۇلار شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇكى ، غەرب مەدەنىيىتى بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا كېتىپ قالدۇ ، ئىسلام مەدەنىيىتى مۇرەسسە ـ مادارا قىلىشنى ئىزدەيدۇ . ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ تۈپ ئىختىلاپ دەل مۇشۇ يەردە . غەربتىكى ئىجتىمائىي سىياسىي ئېقىمنى مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ : بىرى ، لىبېرالىزملىق پىكىر ئېقىمى ۋە كوسموپولىتىزملىق پىكىر ئېقىمىدىن ئىبارەت . لىبېرالىزملىق پىكىر ئېقىمى ، يەنى مۇستەملىكىچىلىك ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى دارۋىننىڭ «ماسلاشقانلار مەۋجۇت بولىدۇ» نەزەرىيىسى بىلەن ئاقلايدۇ . كوسموپولىتىزملىق پىكىر ئېقىمى فاشىزم ۋە ماركسىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل پىكىر ئېقىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : فاشىزم لىبېرالىزم بىلەن بىر يولغا ماڭىدۇ . لېكىن ، فاشىزم بەك يىراقلاپ كەتتى . ماركسىزم زىددىيەتنى ۋە كۈرەشنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتتى (ھازىرقى زامان

ئىسلامىزمى ـ ماركسىزمنى تەنقىد قىلغاندا تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللاندى: بىرى، ماركسىزم بىلەن لىبېرالىزم، جاھانگىرلىك، فاشىزمنى قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، كىشىلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوق دېگەن تەسىرنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى؛ بەنە بىرى، ماركسىزملىق دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزمنى «يېمەك ـ ئىچمەك، يېتىش ـ تۇرۇش، ئارزۇ ـ ھەۋەس» نىلا تەكىتلەيدىغان نوقۇل ماددىيپەرەسلىك دەپ بۇرمىلاپ، كۆچەپ تەنقىد قىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، ماركسىزمنى غەرب مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ دېگەننى باھانە قىلىپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن چىرىك ھادىسىلەرنى ماركسىزمغا قەستەن تېڭىپ، ئاندىن ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەيىبلىدى.). چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش تۈپەيلىدىن، غەرب جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ئېقىمى «كۆرەش» ئارقىلىق «ئىتتىپاقلىق»نى بېسىپ، «ئۆزگىرىش» ئارقىلىق «مەڭگۈلۈك»نى يېڭىپ، ئىنسان تەبىئىيىتىدە يىلتىز تارتقان مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشىنى ۋە ئەنئەنە روھىنىڭ غايەت زور رولىنى تۆۋەنلىتىپ، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ۋە غەربلەشتۈرۈشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى يوقاتتى.①

3) غەربلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى ئۇلار مۇنداق تەھلىل قىلغان: يېقىنقى زامانغا كېلىپ، شەرق قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندا، غەرب ئويغىنىپ، بىرنەچچە ئەسىردىلا غايەت زور مەدەنىيەت بەرپا قىلدى. مەدەنىيەتتىكى چوڭ گۈللىنىشنىڭ ئاساسى ماتېرىيالىزم ۋە دىنغا قارشى تۇرۇش بولۇپ، بۇ ئاساسىي سىياسىي، ئىقتىساد، جەمئىيەت، ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردە مۇقەررەر ئەكس ئەتتى. شۇڭا، غەرب دۆلەتلىرى سىرتقا تاجاۋۇزچىلىق قىلغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنى بويسۇندۇرۇلغان

① مۇھەممەد ھەمرا: «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى»، 126 ـ، 131 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەرگە تارقاتتى . نەتىجىدە ، غەربلەشتۈرۈش پىكرى ئېقىمى پەيدا قىلدى . بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت يەرلىك كىشىلەرگە غەربنىڭ مەدەنىيەت قارىشىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ ، ئۇلارنى غەربكە ئىنتىلىدىغان ، ھەممە ئىشتا غەربنى دورايدىغان شاتۇت ۋە مايمۇن قىلىپ ، غەربنىڭ دۇمبىقىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى مەڭگۈلۈك ئەقىدىلەرنى ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت . «قۇرئان كەرىم»دە : «ئى ، ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر ، بىر ئايالدىن ، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا ، بىر ئانىدىن ياراتتۇق ، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق» (49 ـ سۈرىنىڭ 13 ـ ئايىتىدىن ) دېيىلگەن . بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ، ئۇلار كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ، ئاللانىڭ ئىرادىسى ھېسابلىنىدۇ . مىللىي ئالاھىدىلىكنى ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن ، غەربلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش لازىم دەپ قارايدۇ .①

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىشى توغرىسىدا ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دېگەن : ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىنىڭ چىرىك ھادىسىلەر ۋە جان ئالىدىغان مىكروبلار بىلەن تولغان ماددىي تۇرمۇش دولقۇنى ئارقىلىق ھەممە ئىسلام دۆلەتلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىجتىمائىي تاجاۋۇزچىلىق پىلانى ئىنتايىن ئەتراپلىق تۈزۈلگەن ، ھەمدە سىياسىي سۈيىقەست بىلەن ھەربىي كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ ، بەلگىلىگەن نىشانىغا تولۇق يەتتى . ئۇلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى چوڭ ئەربابلارنى ئالدام قىلتاقتا چۈشۈرۈپ ، ئاندىن ئۇلار

① مۇھەممەد ھەمرا : «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى» ، 129 ـ بەت .

ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارىلىشىش ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، غەربنىڭ كاپىتالى ، بانكا ۋە شىركەتلىرى ئارقىلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنى بېسىپ ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلەر چاقىنى خالىغىنىچە چۆرگىلىتەلەيدىغان بولۇپ ، نۇرغۇن پايدا ۋە بايلىقنى ئىگىلىۋالدى ، ھەمدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، قانۇن ۋە مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنى غەرب تۈسىگە كىرگۈزدى . غەرب يالىڭاچ چوكان ، ھاراق ، تىياتىر ، تانسىخانا ، بەزمەخانا ، گېزىت ، رومان ، ئەيش - ئىشرەت ، كەيپ - ساپالارنى مىسىرغا كەلتۈرۈپ ، ئۆتكەندە يول قويمايدىغان نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلارغا يول قويىدى ، جىنايى شۇملۇق ۋە ئەيش - ئىشرەت ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن تولغان دۇنيانى گۈزەللەشتۈردى . ئۇلار بۇنداق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن ، مەكتەپ ئېچىپ ، پەن - مەدەنىيەت تەتقىقات ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ ، مىسىرلىقلارنى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى چۈكۈرۈشكە ، قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ۋەتىنىنى كۆزگە ئىلماسلىققا ، قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ ، غەربنىڭ ھەممە نېمىسىگە چوقۇنۇشقا ، غەربنىڭ نەرسىلىرىلا ھاياتنىڭ ئالىي غايىسى ئىكەنلىكىگە ئىنىشكە تەربىيىلىدى . مەكتەپلەرگە يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتىكى بالىلارنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئەرباب ، ھۆكۈمران ، ئىسلام مىللەتلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى بولدى . غەربنىڭ بۇنداق تەشكىللىك ئىجتىمائىي تاجاۋۇزچىلىقى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ ، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدى ، قارشى ئېلىندى . شۇڭا ئۇ ، سىياسىي تاجاۋۇزچىلىق ۋە ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقتىن كۆپ خەتەرلىك . بۇنداق غەربلەشتۈرۈش دولقۇنى ھازىر ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا . ھازىر بىر مۇسۇلمانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسلامىيەت ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان مۇكەممەل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشىمىز ناھايىتى تەس. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئىسلام زېمىنىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى، روھىنى ۋە ئەقىل - ئىدراكىنى جەڭ مەيدان قىلغان رەھىمسىز ئىجتىمائىي ئۇرۇشتا غەرب مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىدىن غەلىبە قىلدى. ۋەھالەنكى، سىياسىي تاجاۋۇزچىلىق مىللىي تۇيغۇنى ئويغاتقاندەك، مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ ئويغىنىشىنى تېزلەتتى. جايلاردا ئىسلامىيەتكە قايتىشنى، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى چۈشىنىشنى، ئىسلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىش سادالىرى كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى[1].

ھەسەنۇل بەننانىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كىشىلەر شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇكى، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى دىنىي مەيداننى ئاساس قىلىپ، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىغان.

4) غەربنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ئۈستىدىكى تەھلىل ھازىرقى زامان ئىسلامىزم نەزەرىيىچىلىرى كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئىسلام جەمئىيىتىنى قايتا قۇرۇپ، «ھاك»نىڭ لېۋىدىكى ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا چاقىرىشنىڭ «ئۇنىۋېرسال ئېھتىياجى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىشى «شەخس» بىلەن «كوللېكتىپ» ئوتتۇرىسىدىكى «تەڭپۇڭلۇق»نىڭ يوقىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ: لىبېرالىزم

---

① ھەسەنۇل بەننا: «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى»، 104 ـ، 106 ـ بەتلەر.

«شەخس»كە مايىل بولۇپ ، «كوللېكتىپ»كە قارشى تۇرىدۇ . كوسموپولىتىزم ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتىدۇ . فرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن شەخسنىڭ ئەركىنلىك ـ ئازادلىقىنى ، كاپىتالىزمنى ، دىنسىز دېموكراتىيىنى ئاساس قىلغان تۇزۇم بارلىققا كەلدى . بۇ ئىجتىمائىي ئادىللىققا خىلاپ تۇزۇم بولۇپ ، ئۇنىڭ شەخسكە بەرگەن ئەركىنلىكى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ ، زوّروّر چەكتىن ئېشىپ كەتتى . مەسىلەن ، شەخستە ئائىلىگە ، مىللەتكە ، جەمئىيەتكە ۋە خەلققە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئەركىنلىكى بولۇشقا يول قويۇلدى . ماركسىزم نەزەرىيىسىگە ئاساسەن قۇرۇلغان تۇزۇم ئىجتىمائىي ئادىللىققا تېخىمۇ خىلاپ كېلىدىغان تۇزۇم بولۇپ ، هۆكۇمەتكە ناهايىتى چوڭ هوقۇق بېرىدۇ . شەخسنى ، ئائىلىنى ۋە مىللەتنى ئەركىنلىكتىن مەهرۇم قىلىدۇ . شەخسلەرنى جەمئىيەت ئۇچۇن خىزمەت قىلىشقا زورلاپ ، ئادەمنى جېنى يوق ماشىنا قىلىپ قويىدۇ . غەربنىڭ ئەركىن دېموكراتىيىسىدە سايلام ئارقىلىق مىللەت ئىگىلىك هوقۇققا ئىگە بولالايدۇ ، خەلق هاكىمىيەت بېشىغا چىقالايدۇ دېيىشمۇ ، بۇ خام خىيالدىن ئىبارەت . سايلامدا كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇستا ، پۇلى ، بىلىمى ، قوقۇقى ، سۇيىقەست ، هىيلە ـ مىكرى ۋە ئالدامچىلىق تەشۇىقاتىغا تايىنىدىغان يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر سايلىنالايدۇ . ئۇلار سايلىنىپ ، هوقۇقنى قولغا ئالغاندا «ئەۋلىيا» بولۇۋېلىپ ، ئۆزلىرى تۇزمەكچى بولغان قانۇنلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تۇزۇپ چىقىدۇ ، لېكىن سايلىغان پۇقرانىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەس ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى ياكى سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ . قىسقىسى ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جاهانپەرەسلىك — ئاتېئىزم ، مىللەتچىلىك — تەكەببۇر مىللەتچىلىك ۋە بايلارنىڭ دېموكراتىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئاساسى بولۇپ ، ئۇنىڭغا ماتېرىيالىزم روهى ۋە دىنغا قارشى تۇرۇش روهى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىڭدۈرۈلگەن . ئۇنى مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ گۈللەندۈرىدىغان مەدەنىيەت قىلىپ تاللىۋېلىشقا پەقەت ماس كەلمەيدۇ . ئۇ مۇسۇلمانلارنى غەربلەشتۈرۈۋېتىدۇ ، ئىسلام دىنىنى ياتلاشتۇرۇۋېتىدۇ .①

5 ) غەرب مەدەنىيىتىدىكى ماتېرىيالىزم ۋە دىنغا قارشى روھنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەكس ئېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكى كونكرېت تۆت مىسالدىن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ شەيئىلەرگە ئۆزىنىڭ دىنىي مەيدانى ۋە كۆز قارشى بويىچە قانداق باھا بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

1 ـ مىسال . مەۋدۇدى گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگىلنىڭ تارىخ پەلسەپىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ : ھەر بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى ئاشۇ دەۋر بەزى ئالاھىدە تەسەۋۋۇرلارغا ئاساسلىنىپ ، ھەر خىل شەكىل بىلەن ھەممە ساھەلەرگە چېتىپ بەرپا قىلىنغان بىنادىن ئىبارەت . ھەمدە بۇ بىنا دۇنيادا بىر مەدەنىيەت دەۋرى بولۇپ قالىدۇ . بۇ دەۋر چېكىنسە ، ئۇنىڭ بىناسىدا ئاجىزلىقلار ئاشكارىلىنىپ ، چۇشكۇنلۇك ۋە لىڭشىپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بەزى يېڭى تەسەۋۋۇر ، يېڭى ئىدىيىلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشىدۇ . يېڭى مەدەنىيەت دەۋرى بارلىققا كەلگەندە كونىسى ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ . لېكىن يېڭى مەدەنىيەت دەۋرىدە يوقالغان دەۋرگە پايدىلىق بەزى نەرسىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ ، بەزى ياخشى نەرسىلەرمۇ بارلىققا كېلىدۇ . بۇ ياخشى نەرسىلەر كونا دەۋرگە ھۇجۇم قىلغان ، ھەمدە ئۇنى ئىنائەت قىلىشقا مەجبۇرلاپ غەلىبە قىلغان ئىدىيە تەسىرىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ .

① مۇھەممەد ھەمرا : «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى» ، 129 ـ ، 131 ـ بەتلەر .

مەۋدۇدى بىر تەرەپتىن، گىگىلىنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيىسىنىڭ مۇپەسسەللىكىنى ئېتىراپ قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدىكى «ئۆزگىرىش»، «تەرەققىيات» ۋە «يېڭىنىڭ كونىنى يوقىتىشى» دەك ھەددىدىن ئارتۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتىلگەن، ھەرقايسى دەۋرلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ داۋاملىشىپ كەلگەن «مەڭگۈلۈك ئەقىدىلەر» — دىنىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى كەمسىتىلگەن. بۇنداق «ئۆزگىرىش» ئارقىلىق «مەڭگۈلۈك»كە زىيان يەتكۈزىدىغان خاھىشنى ئىسلام مەدەنىيەت روھى رەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مەۋدۇدى مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر گېگىلىنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيىسى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستانغا تەتبىق قىلىنسا، مۇنداق ئەھۋال پەيدا بولىدۇ: ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ھىندىنىستاننىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتتى، ھەمدە ھىندىستاننى غەربلىشىشكە سىلجىتىپ، ھىندىستاننى «يېڭى دەۋر»نىڭ «يېڭى رېئاللىقى»دا ياشايدىغان قىلدى. بۇ يېڭى رېئاللىقنىڭ زامانىۋى تەرەققىيات يولىنى ياكى تۇرمۇش شەكلىنى كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا ياۋروپانىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بىزنىڭ تارىختىن داۋاملىشىپ كەلگەن «مەڭگۈلۈك ئەقىدە»لىرىمىز جۈملىدىن ئىسلام مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىمىز، قىممەت قارىشىمىز، مۇقەددەس شەيئىلىرىمىز بۇ يېڭى رېئاللىقتىكى مەدەنىيەتكە ۋە ئىدىيىگە ئورۇن بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ؟! گېگىلىنىڭ لوگىكىسى بويىچە، «بەزى قالدۇقلار» قېلىپ قالغاندىن باشقا، ئىسلام مەدەنىيىتى «غەلىبە

www.uyghurkitap.com

قىلغان ئىدىيە»گە ئورۇن بېرىشى كېرەك . ھىندىستاندا بۇ «غەلىبە قىلغان ئىدىيە» «غەلىبىلىك ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن غەرب مەدەنىيىتى»دىن ئىبارەت . مۇشۇ خۇلاسىگە ئاساسەن ، مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ : ئىنسانىيەت تارىخى توغرۇلۇق كاللىسىدا ئاشۇنداق قاراشنى مەھكەم تىكلىگەن ئادەمنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەرلەر باشتىن كەچۈرگەن دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئازراق ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتەلەيمىز ؟ ! ئۇنداق ئادەم قانداقمۇ كەينىگە قايتىپ ، پەيغەمبەر ۋە خەلىپىلەر دەۋرىدىكى كۆرسەتمىلەرنى ئىزدىسۇن ؟ ! ئەمەلىيەتتە گېگىلنىڭ بۇنداق پەلسەپىسى تەشكىللىك ، پەن بىلەن قورallانغان ئىدىيىنىڭ جازا يۈرۈشى بولۇپ ، دىنىي ئىدىيىنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يۇلۇۋەتمەكچى بولىدۇ . مەۋدۇدى ھىندىستاننىڭ غەربلىشىش ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، گېگىلنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ غەربلەشكەن مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى ۋە ئىسلام مىراسلىرىنى «قالاق» ، «ئەكسىيەتچىل» ، «ۋاقتى ئۆتكەن» نەرسىلەر ، «ماددىي ئاساسى»نى يوقاتقان «ئۈستىقۇرۇلما» ، ھەم بۈگۈننى يارىتالمايدۇ ، ھەم ئەتىنى يارىتالمايدۇ ، «يېڭى ماددىي ئاساس» قا ئىگە «يېڭى ئۈستىقۇرۇلما»غا ئورۇن بېرىشى كېرەك ! دەپ قارايدۇ ، دەپ كۆرسەتتى .

2 ـ مىسال . مەۋدۇدى مۇنداق دەپ قارىدۇ : غەرب دۆلەتلىرى تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتىكى «ئىلمىي ھەقىقەت» دەپ كۆككە كۆتۈرگەن دارۋىن تەلىماتى يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپا ئىدىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، ھاياتلىق ۋە تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ياشاشتىكى رىقابەت قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ، ماسلىشالىغانلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ، ئەڭ ماسلىشالىغانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ، شۇڭا كۈچلۈكلەرنىڭ ياشاپ ، ئاجىزلارنىڭ

يوقىلىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ . ئەگەر دارۋىن تارىخىي نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى دەۋرنىڭ كونا دەۋرگە مەنسۇپ «مەڭگۈلۈك ئەقىدە»لىرىنى يوقىتىشى تەبىئىي ۋە قانۇنىيەتكە مۇۋاپىق ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندۇرسە ئىدى ، ئۇ ھالدا دارۋىنىزىم «كۆچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يوقىتىشى»نى «قانۇنىيەت» قىلالىغان بولاتتى . شۇڭا ، ياۋروپالىقلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تاجاۋۇزىنى ئاقلاش ئۈچۈن پايدىلىنىشتا دارۋىنىزمنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى . مەسىلەن ، ئالجىرىيىدە ئولتۇراقلاشقان مۇستەملىكىچىلەر ئالجىرىيىلىكلەرنى سەھرايى كەبىرگە قوغلىدى ، ئەرەب تىلى ئورنىغا فرانسۇز تىلىنى دەسسەتتى ، يەھۇدىيلار پەلەستىننى بېسىۋالدى . ئۇلار شۇنداق قىلغاندا ، دارۋىنىزمنىڭ كۆچلۈكلەر مەۋجۇت بولىدۇ نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلدى . شۇڭا ، ھەربىي جەھەتتىكى ئىشغالىيەت ، سىياسىي جەھەتتىكى كونتروللۇق ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تالان ـ تاراج قىلىش ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى يوقىتىشلار غەربتىكى كۆچلۈكلەرنىڭ دۇنيادىكى ئاجىز دۆلەتلەر ۋە ئاجىز مىللەتلەرگە تاڭغان ياشاش رىقابىتى بولۇپ ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياشاش غەربكە مەنسۇپ بولىدۇ ! دېمەك ، دارۋىنىزم ـ تاجاۋۇزچىلىق بولۇپ ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئاشكارىلايدىغان ، ئىلىم ھەقىقىتىنىڭ نۇر ھالقىسىنى سىلىۋالغان «ياۋۇزلۇق لوگىكىسى»دىن ئىبارەت .

3 ـ مىسال . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ماركسىنىڭ سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسىگە ئەزەلدىن قارشى تۇرۇپ كەلدى . چۈنكى بۇ نەزەرىيە ئۇلار تەشەببۇس قىلغان سىنىپسىز ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىق نەزەرىيىسى ، ئىجتىمائىي ئادىللىق نەزەرىيىسى بىلەن چىقىشالمايتتى . مەۋدۇدى مۇنداق دەپ قارىدى : ئەگەر گېگىلنىڭ تارىخ پەلسەپىسى «ئۆزگىرىش»نى «مەڭگۈلۈك» ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردى دېيىلسە ، ماركس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئۆزگىرىش»نى يەنمۇ ئىلگىرىلەپ مۇتلەقلەشتۈردى ۋە ئومۇمىيۈزلۈكلەشتۈردى . گېگىل «كۈرەش»نى «ئىدىيە»نىڭ قانۇنىيىتى قىلدى ، دارۋىن «كۈرەش»نى «تەبىئەت»نىڭ قانۇنىيىتى قىلدى . ماركس بولسا ، «سىنىپىي كۈرەش»نى «جەمئىيەت تەرەققىياتى»غا قوماندانلىق قىلىدىغان قانۇنىيەت قىلىۋالدى . چۈنكى ، ماركسنىڭ قارىشىچە ، «زىددىيەت ۋە كۈرەش» مۇتلەق ، باشقىلىرى نىسپىي بولۇپ ، مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يوقىلىدۇ ياكى يېتىلىدۇ .

4 ـ مىسال . مەۋدۇدى مۇنداق دەپ قارايدۇ : غەرب ئەخلاق نەزەرىيىسىنىڭ ۋەكىلى پەيلاسوپ نىككولو ماكياۋىللى «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق كىتابىدا «مەقسەت ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، «ماكياۋىللىزم» دەپ ئاتالدى . ئۇ تەشەببۇس قىلغان سىياسىي ئەخلاق — ئەگەر ئۇنى «ئەخلاق» دېگىلى بولسا — نى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەنلەر يېقىنقى زامان غەربنىڭ مەدەنىيەت ئىدىيىسىدىن ئۇنىڭ داغلىرىنى ، يەنى زوراۋانلىقنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ، ئاجىزلىقنىڭ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ . ئەگەر پايدىسى بولسا ، سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشقا بولىدۇ . مەقسەتنىڭ توغرا بولۇشى بىلەن ۋاستىنىڭ توغرا بولۇشى قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالىدۇ ، ھەممە نەرسە نىسپىي بولۇپ ، مەنپەئەت بويىچە ئۆزگىرىدۇ . دۆلەت ئىچىدە شەخسلەر بىلەن شەخسلەر ، سىنىپلار بىلەن سىنىپلار ، ياكى خەلقئارادا دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەر ، مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت — ئۆزىنىڭ ئەمەلىي مەنپەئىتىنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ . غەرب «ماكياۋىللىزم»نى يولغا قويۇپ ، دۆلەت ئىچىدە ، كۈچلۈك سىنىپلار ئاجىز سىنىپلارنى يېڭىش ، كۈچلۈك دۆلەت ئاجىز دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلىشنى پەيدا قىلىپ ، پىچاقنى بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ بويىنىغا تىرەپ

قويدى !

مەۋدۇدىنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىقى نەزەرىيىلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالامەتلىرى بولۇپ، يېقىنقى زامان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۇردى، ئۇ غەربكە ماس كېلىدۇ. لېكىن ئۇنى «ئومۇمىي ئىلمىي ھەقىقەت» قىلىپ، ئۇنى دۇنيادىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇش خاتا.[1]

6) مەۋدۇدىنىڭ ھېس قىلىشىچە، ھىندىستاننىڭ غەربلىشىش خەۋپى ئەڭ چوڭ، غەبلەشتۇرگۇچىلەرنىڭ چۇقانلىرى ئەڭ كۈچلۈك. بىر خىل ئىدىيە ۋە تۇرمۇش شەكلى بولغان غەرب مەدەنىيىتى كەڭ ئامما ئىچىدە ناھايىتى زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. شۇڭا، ھىندىستاندا ھىندى دىندىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ «قالاق ئەنئەنىسى» بىلەن سىرتتىن كەلگەن «غەرب ئىلغارلىقى ۋە زامانىۋىلىشىشى»نى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. «كاللىسى» بار كىشىلەرگە نىسبەتەن ئالدىنقىسىنى تاللاشنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوق. ھىندىستاندا ئەنگلىيە ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئىچىدىن نۇرغۇن «سەردار»لارنى يېتىشتۇرۇپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. بەلكى ئىلاجى بولمىغان ئەھۋالدا ھىندىستاننى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. شۇنداق قىلغاندا، «مەدەنىيەتتە بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى»نىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، خەۋپسىزلىك، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ھىندىستاننى ئەنگلىيىدىن ئىبارەت بۇ «مەركەز»گە مەڭگۈ بويسۇندىغان قىلغىلى بولاتتى. شۇڭا بۇ «سەردار»لار ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە داۋاملىق سادىق بولىدۇ. بەزىلەر ئەنگلىيىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي

---

[1] يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ 131 ـ ، 145 ـ بەتلىرى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىنىشقا بۇرالغان تەقدىردىمۇ، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلار قورماقچى بولغان مىللىي دۆلەت غەربنى ئۈلگە قىلىدىغان مەلۇم شەكىللەردىن مۇستەسنا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەۋدۇدى بۇ يەردە پاكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۇسۇلىغا دارىتمىلايدۇ.

مەۋدۇدى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «غەرب ئىلغارلىقى نەزەرىيىسى»نىڭ مۇسۇلمانلارغا كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئېغىر تەسىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە «مەغلۇبىيەت پسىخولوگىيىسى»نى تېرىپ، غەربلەشتۈرۈشكە ئاسانلىق يارىتىپ، بەزى غەرب مەدەنىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىنى خالىغىنىچە ئىگىلىدى. غەرب دۆلەتلىرى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ دۆلەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ يەڭگەندە، مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن غەربنىڭ خەنجىرى ئالدىدا يېڭىلىپ، غەرب مەدەنىيىتىگە، پەلسەپىسىگە تەسلىم بولدى. خەنجەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولمايدىغان ئىشلار پەلسەپىنىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇندالدى. غەربنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كەلتۈرگەن ئاپىتى مەدەنىيەت ئىدىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى پەيدا قىلغان ئاپەتتىن ئېغىر بولمىدى. سىياسىي ھۆكۈمرانلىق بەدەننى ئىگىلەيدۇ، لېكىن مەدەنىيەت ئىدىيىسى ھۆكۈمرانلىقى بولسا قەلبنى ۋە كاللىنى تىزگىنلەيدۇ. شۇڭا، «ئىرادە مەغلۇبىيىتى» ئەڭ چوڭ خەۋپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەۋدۇدى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا غەرب مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر تارقىتىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ: «ئەنگلىيىنىڭ مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي پەنلىرى ۋە تەبىئىي پەنلىرى ھىندىستان ئاھالىسىنى غەربنىڭ قۇلى قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالدى، ھەتتا ئىنگلىزلار ئۇلارغا بەلگىلەپ بەرگەن

شەكىلدىكى تۇرمۇشتىن بىرقەدەم ھالقىپ كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، بەزىلەر ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشمۇ، ھىندىستاننىڭ سىياسىي جەھەتتە ئازاد بولۇشىنىلا مەقسەت قىلدى. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق ئەركىنلىككە ئىگە بولسا، ئۇلار پۈتۈنلەي ئەجنەبىيلەرنىڭ ئەندىزىسى بويىچە دۆلەتنى قۇرىدۇ، تۇرمۇش تۈزۈمىنى بەلگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي غايىدە مەدەنىيەت ئاساسىنى پۈتۈنلەي غەربتىن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار شەيئىلەرگە ئەجنەبىيلەرنىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەجەبىيلەرنىڭ كاللىسى بىلەن پىكىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئەجنەبىيلەرنىڭ قېلىپىدا قۇيۇلغان.»[1] بەزى كىشىلەر ھىندىستاننىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىنىلا غەربلەشتۈرۈپ قالماستىن، ئىسلامىيەتنىمۇ غەربلەشتۈرمەكچى، ئىسلامىيەتنىڭ قېلىپىنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۆزگەرتكۈزۈپ، ئۆزلىرى ماڭغان يولغا ماڭغۇزماقچى، شۇنداق قىلىپ «ئەكسىيەتچى دىن» دېگەن جىنايى نامدىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆتكەندە غەربنىڭ شەخسىي ئەركىنلىك — ئازادلىقى، كاپىتالىزمى، دىنسىز دېموكراتىيىسى ئىسلامىيەتنىڭ مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى؛ ھازىر ئۇلار سوتسىيالىستىك چۈشەنچىدىكى ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ دىنىي ئىسلام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇلار (ئۇلارنى ھېسسىيات تەرەپدارلىرى دېيىشكە بولىدۇ) نىڭمۇ ئىجابىي تەرىپى بار. يەنى ئۇلار قاتماللىققا قارشى تۇرىدۇ. قالاق ۋە قەدىمكى جاھىلىيەتكە قارشى تۇرىدۇ.

مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ: قاتماللىق تەرەپدارلىرى سىرتتىن

---

① مەۋدۇدى: «مۇسۇلمانلار ۋە نۆۋەتتىكى سىياسىي كۈرەش»، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر. مۇھەممەد ھەمرانىڭ: «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 147 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

كەلگەن مەدەنىيەتتىن ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرى كۆچلۈك زەربىگە ئۇچرايدۇ . لېكىن ئۇلار ئەنئەنىگە مەھكەم يېپىشىۋېلىپ ، دەۋر روھىدىن كېيىن قالىدۇ ، دەۋر رىقابىتىنى كۆتۈۋېلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ . سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتكە كەينىنى قىلىۋېلىپ ، ئىدىيە دېرىزىسىنى تاقاپ ، قەلب دەرۋازىسىنى ھەم يېپىۋېلىپ ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن خالىي بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئۇلار ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان نەرسىلەرنى ئۆز پېتىچە ساقلاشنى ئويلاپ ، ئۇلارنىڭ قايسىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ، قايسىلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەستايىدىل پىكىر قىلمايدۇ . غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا بولىدىغان قانداق ياخشى تەرەپلىرى بارلىقىنى ، ئۇنىڭ رەت قىلىدىغان قانداق يامان تەرەپلىرى بارلىقىنىمۇ بىلىپ بېقىش ئۈستىدە ئويلاپ كۆرمەيدۇ .

يۇقىرىقى تونۇشتۇرۇشتىن ھەسەنۇل بەننا ۋە مەۋدۇدى ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئىسلامىيەتكە يېتەكلەش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ ، ئۇنى بىدئەتلىك يولىنى ئۆزگەرتىدىغان قىلىش خاتا ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى شۇكى ، ئىسلام ئەنئەنىسىنى ئوچۇق پىكىرلىك بىلەن تەكشۈرۈپ بېقىش ، مىللەتنىڭ ئىسلام ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەقىدىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم . مۇشۇ ئاساسقا ئىگە بولغاندا ، ئاندىن ئۆزىگە خاس ، توغرا ۋە مۇستەقىل ئورۇندا تۇرۇپ ، باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ، بولۇپمۇ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغىلى بولىدۇ . بۇ خاسلىققا ئىگە ئاڭلىق مەدەنىيەت مۇئامىلىسى بولۇپ ، ئۇنى «تۇرغۇنلۇق ، رەت قىلىش» ۋە «قارىغۇلارچە ئەگىشىپ ، تەقلىد قىلىش»تىن پەرقلەندۈرۈش

كېرەك . مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ : غەرب مەدەنىيىتىدىن ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماي ، بەلكى خەقنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى ، تۇرمۇش شەكلىنى ، يېمەك ـ ئىچمەك قائىدىلىرىنى تەقلىد قىلىپ ، ئۇلارنى «غەرب مىللەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى» دەپ بىلسەك ، بۇ ھال بىزنىڭ ساراڭ ، نادان ، ئەخمەق ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ . ئىسلامىيەت غەربلەشتۈرۈشكىلا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . ۋەھالەنكى ، غەربنىڭ ئىلىم ـ پېنى ، سەنئىتى پايدىلىق ، ئىسلامىيەت ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىمايدۇ . بەلكى ئۇلارنىڭ دوستى بولىدۇ . چۈنكى ئۇلار ئىلمىي ھەقىقەتتۇر . ئىلىم بىلەن ئىسلامىيەت ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك مەۋجۇت بولمايدۇ ، بەلكى غەرب تەرەپدارچىلىقى بىلەن ئىسلامىيەت ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك مەۋجۇت بولىدۇ .①

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەتقىق قىلغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك :

1 ) ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئەمەلىيەتتە غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرىدۇ ، چۈنكى ئۇلار ئۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىنكار قىلىدۇ . مەۋدۇدى مۇنداق دېگەن : «دەۋرىمىز غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن ، مەدەنىي يېڭى جاھىلىيەت دەۋرى بولۇپ قالدى . چۈنكى ، غەرب مەدەنىيىتى ئادەمنى ئىلاھ قىلىپ كىشىلەرگە تېڭىپ ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتتى . ئادەملەر يىرتقۇچ ھايۋانغا ئايلىنىپ ، بىر ـ بىرىنى يەم قىلىدىغان بولدى .»② غەرب مەدەنىيىتى جاھىلىيەت مەدەنىيىتى ئىكەن ، جاھىلىيەت بىلەن چىقىشالمايدىغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى

① مۇھەممەد ھەمرا : «مەۋدۇدى ۋە ئىسلام ئويغىنىشى» ، 147 ـ ، 153 ـ بەتلەر .
② يۇقىرىقى ئەسەر ، 73 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. قارشى تۇرمىسا ئۆزىنىڭ پرىنسىپىدىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدۇ.

2) ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرۇشتا ھەم دىنىي مەيداننى، ھەم مىللىي مەيداننى ئاساس قىلغان، بۇنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بار. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى قارشى XX ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 50 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەكىللەنگەن. بۇ مەزگىلدە غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام ئېتىقادىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللەت ۋە ئېتىقادنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنى، دىننى قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى غەرب مۇستەملىكىچىلىكىگە ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە قاراتتى. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مەيدانىدا تۇرۇپ، غەربنىڭ مۇستەملىكە رايونلاردا قۇللۇق مەدەنىيىتى تارقىتىشىغا قارشى تۇردى؛ دىننى گۈللەندۈرۈش مەيدانىدا تۇرۇپ، بىر خۇدالىق ئەقىدە بىلەن تېپىشىدىغان ھەممە غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى تۇردى.

3) دىنىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى قارىمۇ قارشى، چۈنكى غەرب مەدەنىيىتى ماتېرىيالىزملىق خۇسۇسىيەتكە ۋە دىنغا قارشى خۇسۇسىيەتكە ئىگە. غەرب خىرىستىئان دىنىغا «ئېتىقاد» قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرا يولدىن يۈز ئۆرۈپ كەتتى، دەپ قارايدۇ.

لېكىن، مەدەنىيەت قارىمۇ قارشىلىقى چوقۇم مەدەنىيەت توقۇنۇشىغا ئېلىپ بارمايدۇ. دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى كۆپ

مەنبەلىك بولىدۇ . ئوخشىمىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت ئىدىيىسى بولىدۇ ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدىكى تىنچلىقتا بىللە ياشاشقا ، دوستانە بېرىش - كېلىشكە تەسىر يەتمەيدۇ . چۈنكى ، ئوخشىماسلىق بولغاندا ، باردى - كەلدى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . باردى - كەلدى قىلغاندا ئۆزئارا چۈشەنگىلى ، ئۆلگە قىلغىلى ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزئارا ئۆگەنگىلى ، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ . ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان ، ئەسقاتمايدىغان ياكى پايدىسىز نەرسىلەرنى ئۆگەنمەسلىك ، ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش ، ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى بايلىقى قىلىپ ، ئۆز مەدەنىيىتىنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . مانا بۇ ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات تارىخى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىدۇر . لېكىن ، مۇبادا بىر مىللەت سىياسىي ، ئىقتىساد ياكى ھەربىي كۈچ جەھەتتە زورايغاندا ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشسا ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلسا ياكى ھەربىي كۈچ بىلەن تاجاۋۇز قىلسا ، ھەمدە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئىدىيىسىنى ۋە تۈزۈمىنى ئۇلارغا تېڭىشقا ئۇرۇنۇپ ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئىدىيىسى ۋە تۈزۈمىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلسا ، ھەتتا ئۇنى تۈنجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولسا ، «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» پەيدا بولىدۇ . بۇنداق سىرتتىن تېڭىلغان مەدەنىيەت بىلەن زىيانغا ئۇچرىغان يەرلىك مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇش ھەرگىز مەدەنىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولماستىن ، بەلكى زورلۇق سىياسىيسى ۋە ياۋۇزلارچە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ نەتىجىسىدىن بولىدۇ . بۇمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي يولى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىدۇر . ھازىر دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى

جىددىيلىكتىن پەسىيىشكە باشلىدى ، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئاساسىي مېلودىيە بولۇپ قالدى . ئۇچۇر دەۋرىدە يەر شارى كىچىكلىدى . ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ بېرىش - كېلىشى ۋە سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى مۇناسىۋىتى كۈنسايىن كۆپەيدى . مۇقىملىق ، ھەمكارلىق ، تەرەققىيات ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى . تىنچلىقتا بىللە ياشاش ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىندى ، زومىگەرلىك ئەيىبلەندى .

4 ) ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى «غەربلىشىش»كە قارشى تۇرۇشنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۆلچىمى بويىچە ئايرىپ بېكىتكەن . شۇڭا ، قارشى تۇرۇش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان . «ئىسلام روھىغا زىت كەلمەيدىغان پەنلەر»دىن بىرنەچچىنى ئۆگىنىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىش «نەپرەتلىك» غەربلىشىش دولقۇنى قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلدى .

5 ) ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئۆزلىرىنى «غەرب ئىلىم - پېنى ، سەنئىتى»نىڭ دوستى دېيىشتىمۇ غەربنىڭ ھەممە ئىلىم - پېنىنى ۋە سەنئىتىنى كۆزدە تۇتمايدۇ . بەلكى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۆلچىمى بويىچە تاللىۋالغان ساناقلىق بىرنەچچە ئىلىم - پەن ۋە سەنئەتنى كۆزدە تۇتىدۇ . ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا ۋە مىللىي گۈللىنىشكە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ ، ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنىڭ «مەڭگۈ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى»نى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ، قاتتىق چەكلەيدىغان تاللىۋېلىشنى يولغا قويدى .

يۇقىرىدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ 11 ئاساسىي كۆز قارىشىنى تونۇشتۇردۇق .

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش

نەزەرىيىۋى قاراشلارغىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن ، بەلكى نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن تۈزگەن ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىغىمۇ ئىگە .

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى ۋە نىشانى ئالدى بىلەن ئۆز دۆلەتلىرىدە ، ئاندىن ئىسلام دۇنياسىدا ، ئاخىر پۈتۈن يەر شارىدا دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئىسلام دۆلىتىنى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ ، ئاللانىڭ ئىنسانىيەت ئۈستىدىكى ئالىي ، مۇتلەق ، ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت .

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ كۈرەش قىلىشىغا ئىسلامىزمنىڭ داھىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ . شىئە مەزھىپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇنداق داھىيلىقنى فەقىھلەر ئۈستىگە ئېلىشى ؛ سۈننىي مەزھىپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇنداق داھىيلىقنى ئوقۇتقۇچى ، پروفېسسور ، مۇخبىر ، دوكتور قاتارلىق دىندىن تاشقىرى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر ئۈستىگە ئېلىشى لازىم . داھىيلار ئىسلام ئەقىدىسىگە ۋە شەرىئەتكە پۇختا بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلاردا شەرىئەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان كەسكىن روھ بولۇشى ، ئۇلار پاك ، ئادىل ، ئاددىي ـ ساددا ، قابىلىيەتلىك بولۇپ ، ئامما ئىچىدە ئىناۋەتكە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئېتىقادتا قەتئىي ، پارتىيىنىڭ مۇقەددەس تارىخىي ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ، ئاللا يولىدا جەڭ قىلىدىغان ، ئۆزىنىڭ مېلى ۋە جېنى بىلەن جىھاد قىلىشتىن يانمايدىغان بولۇشى كېرەك . بۇنداق پارتىيە ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ يادرولۇق رەھبىرىي كۈچى ۋە قوراللىق قوشۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مۇنداق كۈچلۈك تەشكىلات بولمىسا ،

www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان ئىسلامىزمى ۋە ئىسلامىزم ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم دىندىن تاشقىرى هاكىمىيەتنى «ئىنقىلاب ئوبيېكتى» قىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆز دۆلىتىدىكى، ئاندىن ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندىن تاشقىرى هاكىمىيەتلەرگە، ئاخىرى غەيرىي ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندىن تاشقىرى هاكىمىيەتلەرگە، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى هاكىمىيەتلەرگە، يەھۇدىي زىئونىزم هاكىمىيىتىگە، فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى هاكىمىيەتلەرگە، كاپىتالىستىك هاكىمىيەتلەرگە، سوتسىيالىستىك هاكىمىيەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ.

هازىرقى زامان ئىسلامىزمى كۈرەش قىلغاندا تايىنىدىغان كۈچلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، پومېشچىك ۋە بۇرژۇئازىيىگە تايانغاندىن باشقا، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى كەڭ ئاممىغا تايىنىدۇ. مۇشۇنداق كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا تايانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەشكىلىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، كۈرىشىنى ئۇلغايتالىدى.

هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ كۈرەش شەكلى «غازات» يەنى ئاللانىڭ نامى بىلەن كۈرەش قىلىش بولۇپ، «ئاللا يولىدا جەڭ قىلىش» دېيىلىدۇ. غازات شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، تىنچلىق شەكلى ۋە زوراۋانلىق شەكلىگە ئايرىلىدۇ.

هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ خەلقنى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان ئاساسىي شوئارلىرى «پەقەت ئاللا ھەممىنى ھەل قىلالايدۇ»، «هاكىملىق پەقەت ئاللاغا مەنسۇپ»، «ئىسلام دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرۇش»، «ئىسلام جەمئىيىتىنى قايتىدىن قۇرۇش»، «ئىجتىمائىي ئادىللىق»، «شەرقنىڭ كېرىكى يوق، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق، ئىسلامىيەت بولسىلا بولدى»، «ئىسلام

ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش»تىن ئىبارەت. بۇ شوئارلار مۇسۇلمانلارنى جەلپ قىلالايدۇ، قوزغىتالايدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشىغا ئېھتىياجلىق مەبلىغى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تاپشۇرغان پارتىيە بەدىلىدىن ۋە ئىئانىسىدىن، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسىي ياكى كوللېكتىپ ئىئانىسىدىن، سىياسىي پارتىيىنىڭ كىرىمىدىن كېلىدۇ (ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى مەخپىي يوللار بىلەن بەزى زاۋۇت، كارخانىلارنى قۇرۇپ، تاپقان پايدىسىنى تەشكىلاتنىڭ پائالىيەت خىراجىتى قىلىدۇ.).

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم ئۆز دۆلەتلىرىدە سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بارغاندا، شەھەر، يېزىلاردىكى مەسچىتلەر ئارقىلىق دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. زوراۋانلىق كۈرەش (قوراللىق كۈرەش ۋە زوراۋانلىق - تېررورلۇق پائالىيەتلىرى)دە مەسچىتلەرنى مۇھىم بازا قىلىپ، مەسچىتلەرنى پائالىيەتكە ماسلاشتۇرىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم كۈرەش داۋامىدا ھەر خىل كۈرەش ۋاسىتىلىرىنى، جۈملىدىن قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز، ئاشكارا ۋە مەخپىي، ئاممىۋى ۋە غەيرىي ئاممىۋى، سىياسىي ۋە غەيرىي سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە خەير - ئېھسان، ئىقتىساد ۋە ھەربىي، ئارىسىغا كىرگۈزۈش ۋە يېنىغا تارتىش، مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ۋە بىرلىك سەپ قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدۇ. قىسقىسى، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، جانلىق ئىگىلەپ، ھەممە ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدۇ، ھەممە بوشلۇقتىن پايدىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى (ئىخۋانۇل مۇسلىمىن) سىياسىي مەقسەتكە ئىگە، دىنىي ھەرىكەت قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلام تەشكىلاتىدۇر. ئۇنىڭ نىشانى ئىسلام دىنىنى ئۆلچەم قىلغان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شوئارى «ئاللا بىزنىڭ ئىگىمىز، پەيغەمبەر بىزنىڭ داھىيمىز، ‹قۇرئان كەرىم› بىزنىڭ دەستۇرىمىز، جىھاد بىزنىڭ كۈرىشىمىز، ئاللا يولىدا شېھىت بولۇش بىزنىڭ غايىمىز.»[①]

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى دەپ تونۇلدى. ئۇنىڭ تەسىرى ئىسلام دۇنياسىغا تارالدى. ئۇ ھازىرقى زاماندا ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناۋاتىدۇ. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، نەچچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا مىسىردىكى كۈچلۈك دىنىي سىياسىي كۈچ بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى دىنىي تۈسكە ئىگە سىياسىي پارتىيىگە تەرەققىي قىلىپ، مىسىردىكى دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە خەۋپ سالىدىغان ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچ دەپ قارالماقتا.

---

① «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 405 ـ بەت.

## 1§ . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بارلىققا كېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش مىسىر جەمئىيىتىدىكى تۈپ ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . 87% مىسىرلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ (سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ) . XIII ئەسىردە مىسىر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولدى . بۇ دۆلەت غەربنىڭ تەسىرىگە بالدۇر ئۇچراپ سىياسىي جەھەتتە ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنى ئايرىۋېتىشنى يولغا قويغان بولسىمۇ ، لېكىن باشقا جەھەتلەردە ئىسلام دىنىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى . ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئەخلاق قائىدىلىرى زور كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىگە ۋە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى ، ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۇزۇنغا داۋاملاشقان تەسىر كۆرسىتىپ ، مىسىر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى كۈچى بولۇپ قالدى . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىردا مىللىي زىددىيەت ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى ، سىياسىي كۈرەشلەر كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشتى . مانا بۇلار مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلاپ بەردى .

### 1 . *سىياسىي جەھەتتە*

1 ) ئەنگلىيىنىڭ ئىشغال قىلىشى

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ، نامدا ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرىي ئۆلكىسى ھېسابلىنىدىغان مىسىر ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى . غەربنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ توپتوغرا بېسىپ كىرىشى ، بولۇپمۇ كاپىتالىستىك ئىدېئولوگىيە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەربنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئىسلام ئېتىقادىغا ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن، مىسىرلىقلارنىڭ كۈچلۈك مىللىي تۇيغۇسى ۋە دىنىي ھېسسىياتى ئويغىنىپ، ئۇلار مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن دىنىنى قوغداشنى زىچ بىرلەشتۈردى. مىسىرلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئىسلام ئېتىقادىدا ۋە ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، غەرب مەدەنىيەت ئىدىيىسىنىڭ مىسىر جەمئىيىتىنى چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ مىسىرغا ئارىلىشىش ۋە مىسىرنى كونترول قىلىش نىيىتىدىكى ھەرقانداق «ئىسلاھات»نى قوبۇل قىلمىدى[1].

2) 1919 ـ يىلىدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

1919 ـ يىلى ئەنگلىيىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ مىسىردىكى ھەر قاتلام خەلقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى ئۇ قوزغىلاڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە سىياسىي دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈمىدىنى ياندۇرغانىدى. شۇ چاغدىكى ئەل ۋەفد پارتىيىسى[2] دىندىن تاشقىرى پارتىيە بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن بۇ ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن گۇمانلاندى.

يەنە بىر تەرەپتىن، مىسىردىكى سىياسىي پاراكەندىچىلىك كۈچىيىپ كەتتى. ئەل ۋەفد پارتىيىسى بىلەن ئوردا ۋە ئىنگلىزلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئاساسىي قانۇن كىرىزىسىنى

---

① سەئىدى: «ئىسلام پىكىر ئېقىمى ۋە مىسىر سىياسىيسىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى»، قاھىرە، زاھارە ئەرەب ئاخبارات نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 28 ـ بەت.

② ئەل ۋەفد پارتىيىسى 1918 ـ يىلى قۇرۇلغان، زەغرۇل بۇ پارتىيىنىڭ تۇنجى رەھبىرى بولغان، بۇ پارتىيە مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى ئىدى.

پەيدا قىلدى ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى مۇقىمسىز بولدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئەل ۋەفىد پارتىيىسىدە تالاش - تارتىش يۈز بېرىپ پارچىلىنىش پەيدا بولۇپ ، كىشىلەرنى بۇ پارتىيىنىڭ ئىسلاھات قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پارتىيىنىڭ ئابرۇيلۇق داھىيسى زەغرۇل 1927 - يىلى قازا قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقى گۇمانى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى . شۇنىڭ بىلەن ، كىشىلەر يېڭى چىقىش يولى ئىزدەشكە باشلىدى .

3 ) سىياسىي پارتىيىلەر كۆرىشى

ئەينى چاغدا سىياسىي پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ناھايىتى جىددىي بولدى ، بولۇپمۇ ئەل ۋەفىد پارتىيىسى ۋە ئەركىن قانۇن چىقىرىش پارتىيىسى[1] مىللەت مەنپەئىتى بىلەن ھېسابلاشماي ، ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ بىر - بىرى بىلەن كۆرەش قىلدى . مىسىر ياشلىرى سىياسىي پارتىيىلەرگە ئارىلاشمىدى . پارتىيىلەرگە قاتنىشىشنى خالىمىدى ، مەلۇم پارتىيىگە پايدىلىق نامايىش ۋە پاراكەندىچىلىكلەرگە قاتنىشىشنىمۇ خالىمىدى .

ئىسلام تەشكىلاتلىرى سىياسىي پارتىيىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ، «مۇھەممەد پەيغەمبەر داھىيمىزدۇر» دېگەن بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ئورنىغا دىنىي تەشكىلاتلارنى دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلدى ، ھەممە ياشلارنى «ئاللا يولىدا جىھاد قىلىش»قا چاقىرىپ ، كەڭ ياشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى .

4 ) سىياسىي ئىسلام ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى

1923 - يىلى تۈركىيىدە مۇستاپا كامال خەلىپە تۈزۈمىنى

---

[1] ئەركىن قانۇن چىقىرىش پارتىيىسى 1922 - يىلى قۇرۇلغان ، پومېشچىك ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى ئادىل باشچىلىق قىلغان ، بۇ پارتىيىگە ئەل ۋەفىد پارتىيىسىدىن ئايرىلىپ چىققان پۇل مۇئامىلىچىلەر ، سانائەتچىلەر ، يەر ئىگىلىرى قاتناشقان .

www.uyghurkitap.com

ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، دىنىي دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن چىقىرىۋېتىپ ، تۈركىيىنى دىندىن تاشقىرى تۇنجى دۆلەت قىلىپ ، ئىسلام دۇنياسىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتى . ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ، تۇنجى قېتىم شۇنداق ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلدى . بولۇپمۇ ، دىن دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى ئورنىدىن مەھرۇم قىلىندى ، كامالىزم مىسىر جەمئىيىتىدە قاتتىق تەسىر پەيدا قىلدى . نەتىجىدە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى ۋە دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى .

## *2 . ئىقتىسادىي جەھەتتە*

بۇ دەۋردە مىسىرنىڭ ئىقتىسادى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چەت ئەل كونتروللۇقىدا ئىدى . يېزا ئىگىلىكىدە يەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى مۇۋاپىق بولماي ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىش ئېغىر ئىدى .

1 ) چەت ئەل مىسىر ئىقتىسادىنى كونترول قىلىۋالدى

20 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىكلەر مىسىرنىڭ كۆپ قىسىم ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىۋالدى . ئۇلارنىڭ سالغان مەبلىغى مىسىردا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 91 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . مىسىرنىڭ ئۆزىنىڭ كاپىتالى ئاران 9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . مىسىرنىڭ دۆلەت مالىيە ھوقۇقى ۋە سودا ھوقۇقىنىمۇ پۈتۈنلەي چەت ئەللىكلەر ئىگىلىۋالدى .

مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇزلۇكسىز ناچارلاشتى ، ئىشسىزلار كۆپەيدى ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى . كاسىپلار ، ئۇششاق سودىگەرلەر قىيىن ئەھۋالدا قالدى . چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچىلار تېخىمۇ پاجىئەلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى .

2 ) يېزا ئىگىلىكىدە يەرلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئادىل

بولماي ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئېغىر بولدى

چەت ئەل كاپىتالى ۋە فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئىزىشى ئارقىسىدا ، دېھقانلار رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىپ ، تۇرمۇشتا ئىنتايىن قىينالدى . 1914 - يىلىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا ، 90.7% دېھقان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر فىددان يەرگە ئىگە بولۇپ ، 12 مىڭ 480 ئۆيلۈك پومېشچىك تېرىلغۇ يەرنىڭ 43.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىۋالغان[1] . يەرسىز قالغان نۇرغۇن دېھقانلار يۇرتىنى تاشلاپ ، شەھەرلەرگە كىرىپ ، ئىشسىزلار قوشۇنىغا قوشۇلغان .

## *3 . ئىجتىمائىي ئىدىيە جەھەتتە*

1 )غەربلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى كۆتۈرۈلدى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى پەيدا بولدى ، بۇ ئېقىمغا مىسىردىكى لۇتفى سەئىد ، تاھا ھۈسەيىن قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىللىك قىلدى . ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىنى تەقلىد قىلىپ ، غەربنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنى قوللىنىپ ، مىسىرنىڭ نامرات ۋە قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى ؛ لىبېرالىزمنى قوبۇل قىلىپ ، ئەنئەنىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ئىدىيىنى دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي ئەنئەنىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ ، ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ھەممە مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ، ئىسپاتلىق ئويلىنىشنى ، دىندىن تاشقىرىلىقنى يولغا قويۇپ ، دىن بىلەن دۆلەتنىڭ سىياسىيسىنى ئايرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى .

غەربلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى غەربنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان زىيالىيلار بولۇپ ، ئۇلار چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت ئۇلارنى

---

[1] گو يىڭدې : «ئەرەب تارىخى تېزىسلىرى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1991 - يىلى ، 1 - نەشرى ، 421 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت ، مائارىپ جەھەتلەردىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغانلىقتىن ، ئالىي مائارىپتا ئۇلارنىڭ تەسىرى چوڭ ئىدى . بۇ ئەھۋالغا قارىتا ھەسەنۇل بەننا : «مىسىرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە غەربنىڭ تۇرمۇش تۇسى تولۇپ كەتتى ، غەرب تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى . شۇ ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەر دىندىن تاشقىرىلاشتۇرۇلۇپ ، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دىنغا ، ئەنئەنىگە قارشى تۇرىدىغان سورۇن قىلىنىۋېتىلمەكچى بولدى»① دەپ ھەسرەتلەندى .

دىندىن تاشقىرى پائالىيەتلەر كۆپىيىپ ، ئىسلام ئىدىيىسى بىلەن تېپىشىدىغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەر نەشر قىلىندى . مەسىلەن ، تۈركىيىدە خەلىپە تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ، مىسىرلىق مۇتەپەككۇر ئەلى ئابدۇرازاق (1888 — 1966) «ئىسلامىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىق مەنبەسى» ناملىق كىتابنى ئېلان قىلىپ ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمنى مەنبە جەھەتتىن ئىنكار قىلدى . نەتىجىدە بۇ ئىش ئىنگلىزلارنىڭ ، ئوردىنىڭ ، كونسېرۋاتىپلارنىڭ ۋە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ ئىسلام ئالىملىرىنىڭ تۆپ مەنپەئىتىگە چېقىلغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە زىلزىلە پەيدا قىلغان چوڭ دېلو بولۇپ قالدى .

مىسىرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەرەبى تاھا ھۈسەيىن (1889 — 1973) 1926 - يىلى «جاھالەت شېئىرلىرى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنى ئېلان قىلدى . مۇئەللىپ كىتابىدا تارىختىكى ھەممە نەرسىنىڭ نىسپىي بولىدىغانلىقى ، ئۇلارنى دەلىللىگەندىن كېيىن ئاندىن ئېتىراپ قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئىپادىلىگەنىدى . بۇ

---

① ئەھرەم سەئىد فەرخۇد : «ئىسلام پىكىر ئېقىمى ۋە مىسىر سىياسىيسىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى» ، قاھىرە ، زاھرا ئەرەب ئاخبارات نەشرىياتى ، 1991 - يىلى ، 1 - نەشرى ، 32 - بەت .

كىتاب ئېلان قىلىنىپ، ئابدۇرازاق دېلوسىدىن كېيىن پارلامېنتتا، ئالىي مەكتەپلەردە ۋە خەلق ئىچىدە يەنە غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر شەيخ بۇ كىتابقا ئىسلام دىنىدىن گۇمانلاندى، «قۇرئان كەرىم»نى ھاقارەتلىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلدى، دېگەندەك جىنايەتلەرنى ئارتىپ ئەرز سۇنۇپ، مۇئەللىپنى قانۇن بويىچە جازالاشنى تەلەپ قىلدى.

غەربلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ياشلار دىنىي تەربىيىدىن ئايرىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە يېڭىدىن قاراپ، يېڭى تۇرمۇش كەيىنگە كىرىشكە باشلىدى. ئاياللار چۈمبەلنى تاشلاپ، كونا تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتتى. ئاياللار ئازادلىقى توغرىسىدىكى سادالار كۈچەيدى.

غەربنىڭ تۇرمۇش شەكلى مىسىر جەمئىيىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مەيخانا، كەچلىك بەزمىخانا، پاھىشىخانىلار پەيدا بولدى. ئەدەبىي ژۇرناللار نەشر قىلىندى، يېڭى ئادەتلەرنى تەرغىب قىلىدىغان گېزىتلەر چىقىرىلدى. دىنغا ئاسىيلىق قىلغان، ئىسلام مەدەنىيىتىگە نۇقسان يەتكۈزگەن بۇ ھادىسىلەر جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يامراپ كەتتى.

2) ئىسلام لاگېرى زەئىپلەشتى

ئەينى ۋاقىتتا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ھەرقايسى تەرەپلەردىكى سىياسىي كۈچلەر سىنىشىپ كۆرىدىغان سورۇن بولدى. ھەرقايسى تەرەپ سىياسىي كۈرەشتە ئەزھەر ئالىملىرىنىڭ ئۆزى تەرەپتە تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. پادىشاھ فۇئاد① ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىملىرىنى يېنىغا تارتىپ، مىللىي

---

① پادىشاھ فۇئاد (1922 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) مىسىردا پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە يۆلەپ تەختكە چىقارغان تۇنجى پادىشاھ، پادىشاھ فارۇخنىڭ دادىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇردى . ئۇ چاغلاردا ئەزھەرنىڭ ئالىملىرى خەلقنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ، ئىلمىي تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھېچقانداق ئۇتۇق قازىنالماي ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى گويا قېتىپ قالغان ئىدىيىۋى ئەقىدىلەرنى تەكرارلاشتىن ئىبارەت بولدى . نەتىجىدە ، كىشىلەرنىڭ ئەزھەرنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپ سادالىرى كۈچەيدى . كىشىلەر ئالدى بىلەن ئەزھەرنىڭ قاتماللىقتىن بۆسۈپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى .

ئەينى چاغلاردىكى مىسىردا سوپىزم كۈچلىرى شەھەر ، يېزىلاردىكى ھەممە يەرگە تارقالغان ، ئەۋلىيالارغا سەجدە قىلىش ، مازار ـ ماشايىخلارنى سەجدە قىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى . نۇرغۇن مۇسۇلمان ئالىملىرى بۇنداق قىلىش ئەنئەنىۋى ئىسلام ئىدىيىسىنى ۋە ئىسلام ئېتىقادىنى يەنە بىر جەھەتتىن بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، مۇسۇلمانلارنى ئىسلامىيەتنىڭ توغرا يولىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ ، دەپ قارىدى .

بۇنىڭدىن باشقا ، رەشىد رىزا باشچىلىقىدىكى ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى — ئىسلام مودېرنىزمچىلىرى مىسىردا كۆتۈرۈلگەن مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رىقابىتى ئالدىدا ئاجىز ـ ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىپادىلەپ ، قەدىمكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىلا تەكىتلەپ ، ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى . ئەينى يىللاردا ، رەشىد رىزانىڭ شاگىرتى بولغان 22 ياشلىق ھەسەنول بەننا بۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ، ۋەز ئېيتىش بىلەن توختاپ قالماستىن ، ھەرىكەت قىلىشنى تەكىتلەش زۆرۈر دەپ قارىدى .

3 ) مىسسىئونېرلارنىڭ رولى

ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ مىسىرغا قاراتقان سىياسىي ، ئىقتىسادىي كونتروللۇقىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ، غەرب مەدەنىيىتىمۇ سىڭىپ كىرىشنى

جىددىيلەشتۈردى . مىسىردا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن غەرب مىسسىئونېرلىرى مىسىرغا تۈركۈملەپ يېتىپ كەلدى . 1906 ـ يىلى قاھىرەدە چاقىرىلغان گوسپېل يىغىنى خرىستىئان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان ئومۇمىيۈزلۈك خىرىسىدىن دېرەك بەردى . يىغىن ئىسلام مەسىلىلىرىنى ۋە ئىسلامىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ، مەسىلەن ، دوختۇرخانا ۋە يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش ، مەكتەپ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلدى . ئەزھەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، خرىستىئان ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇردى . «ئەڭ مۇھىم ۋاستە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ غەربكە تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىش ، ئۇلار دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن گوسپېلنى تارقىتىدىغان ئىدىيىۋى رەھبەرلەر بولۇشى كېرەك .»①

مىسسىئونېرلارنىڭ پائالىيەتلىرى مىسىرلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوغداش ئېڭىنى ئويغاتتى . ئۇلار مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن دىنىنى قوغداشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، گوسپېلغا قارشى تۇرىدىغان ئىسلام دولقۇنىنى قوزغىدى . بۇنىڭغا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ، مۇسۇلمان ياشلىرى ئۇيۇشمىسى ۋە ھەيكىر قاتارلىق بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار ۋەكىللىك قىلدى . بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلام تەشكىلاتلىرى گوسپېلغا قارشى پائالىيەت قىلىدىغان تەشكىلاتلار ئىدى .

## § 2 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

① ئىبراھىم ئەھمەد : «شەرق بىلەن گوسپېل ۋە جاھانگىرلىكنىڭ مۇناسىۋىتى» ، 65 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

## 1 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى ھەسەنۇل بەننا قۇردى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى . ھەسەنۇل بەننا 1906 ـ يىلى مىسىرنىڭ ئىسمائىلىيە شەھىرىدىكى دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ ، كىچىكىدىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان . دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئىسمائىلىيە شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان . ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى بىۋاستە كۆرگەن . مىسىر جەمئىيىتىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ، ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلىغان . 1927 ـ يىلىدىن باشلاپ ، خېرىدارلار بىلەن لىق تولغان قەھۋەخانىلارغا ھەر ھەپتىدە بېرىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى تەشۋىق قىلىپ ، نۇرغۇن مۇسۇلماننىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . ھەسەنۇل بەننا 22 ياشقا كىرگەن يىلى يەنى 1928 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئالتە دوستى بىلەن بىرلىكتە ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش توغرىسىدا قەسەم بېرىپ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نى قۇرغان . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى مىسىر تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دىنىي سىياسىي ھەرىكەتنىڭ باشلانغانلىقىدىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى .

## 2 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرەققىياتى

1 ) سىياسىي پروگراممىسىنى ئاشكارىلىدى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى دەسلەپ دىنىي تەرغىبات — تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دىنىي تەربىيە تەشكىلاتى

سۇپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى قوزغاپ، ئۇلارنى هازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇشنى مەقسەت قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئۆز تەشكىلاتىنىڭ تېز زورىيىشىغا ئەگىشىپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى 1938 ـ يىلىدىكى 5 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا سىياسىي كۈرەش نىشانى ھەققىي ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مىسىرنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقىپ، ھايات ـ ماماتلىق جېڭىنى قانات يايدۇردى.

2 ) ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا جىددىي تەييارلاندى

سىياسىي پروگراممىدا بەلگىلەنگەن كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ تەشكىلىي تەييارلىقلىرىنى جىددىي ئىشلىدى.

(1 ) ئۇيۇشما ئەزالىرىنى ياردەمچى بۇرادەر (كاندىدات ئەزا)، خىزمەتچى بۇرادەر (رەسمىي ئەزا)، جىھادچى بۇرادەر («ھەرىكەتچى بۇرادەر») دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىدى.[①]

(2 ) قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەربىي تەشكىللىرىنى كۈچەيتتى. شۇ چاغدىكى پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ھەربىي كۈچىنى تولۇقلاپ، زاپاس ھەربىي كۈچكە ئىگە بولدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەربىي ئورگىنىنىڭ ئالىي كومىتېتى شۇ چاغدا ھەسەنۇل بەننا باشچىلىقىدىكى يەتتە ئادەمدىن تەركىب تاپتى. ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېر مەخمۇت رابىب باش تەپتىشلىكنى ئۈستىگە ئالدى. ئالىي كومىتېت ھەربىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرسنى

---

① مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئۆز ئەزالىرىنى «بۇرادەر» دەپ ئاتايدۇ، شۇڭا بۇ تەشكىلاتنى بەزىلەر «مۇسۇلمان بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئاۋۋال قاھىرەدە ئېچىپ ، كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيتتى . مۇسۇلمانلار ئىئانە قىلغان پۇلغا قورال ـ ياراق سېتىۋالدى .

(3) مەخپىي تەشكىلات — ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرۈش ئەترىتى قۇرۇپ ، زوراۋانلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەسئۇل قىلدى . ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرۈش ئەترىتىگە ئۈيۈشمىنىڭ باش يېتەكچىسى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى . قېرىنداشلار ئۈيۈشمىسىدىكى «جىھادچى بۆرادەر»لەرلا بۇ ئەترەتكە قاتنىشىش لاياقىتىگە ئىگە بولالىدى . ھەر بىر ئەزا ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى يولىدا ھەممە نېمىسىنى قۇربان قىلىش توغرىسىدا قەسەم ئىچتى . ھەر بىر ھەرىكەت گۇرۇپپىسى بەش ئادەمدىن تەركىب تېپىپ ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا ، دىنىي تەربىيىنىمۇ قوبۇل قىلدى . ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نازارەت ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ، ھەرقانداق ئاسىيلىققا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدى .

بۇ مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئادىمى 1947 ـ يىلي 75 مىڭغا يەتتى .[1]

(4) ئاخبارات سىستېمىسى قۇردى . ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قېرىنداشلار ئۈيۈشمىسىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىشكە ، ئىشچىلار ئۈيۈشمىسى ، ئوقۇغۇچىلار ئۈيۈشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا سىڭىپ كىرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باشقا سىياسىي پارتىيىلەرگە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ، ئارمىيە ۋە ساقچى سىستېمىلىرىغىمۇ سۇقۇنۇپ كىرىپ ، ئۇ يەرلەردە مەخپىي گۇرۇپپىلارنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى .

3 ) تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ تۈزۈلۈشى

---

[1] گېنېرال مايور ھەسەن سادىق : «ئىسلام مەزھەپلىرى» ، قاھىرە ، مەيدېبولى نەشرىياتى ، 1991 ـ يىلى 1 ـ نەشرى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(1) رەھبەرلەر

قىرغىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالىي رەھبىرى باش يېتەكچى بولىدۇ . 1928 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە ھەسەنۇل بەننا ، 1949 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە ئىسمائىل ھۇدەيبى ، 1970 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە ئۆمەر تېلماسانى ، 1986 ـ يىلدىن باشلاپ خەمىد ئەبۇ ناسىر باش يېتەكچى بولدى . خەمىد ئەبۇ ناسىر 1920 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مىسىرنىڭ ئاسيۇت ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان . 1934 ـ يىلى مۇسۇلمان قىرغىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقا ، ئۇيۇشمىدا يەرلىكنىڭ ۋەكىلى ، قىرغىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئاسيۇت ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ، قىرغىنداشلار ئۇيۇشمىسى يۇقىرى مىسىر رايونىنىڭ يېتەكچىسى ۋە يېتەكچىلىك ئىدارىسىنىڭ ھەيئەتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . 1954 ـ يىلى مىسىر سوتى ئۇنى نازارەت ئاستىدا ئۆمۈرلۈك ھاشارغا ھۆكۈم قىلغان . 1970 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلگەن .

(2) تەشكىلىي تۈزۈلمىسى

قىرغىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئاشكارا ۋە مەخپىي ئىككى سىستېمىغا ئايرىلىدۇ .

باش يېتەكچىنىڭ ئاستىدا يېتەكچىلىك ئىدارىسى (ئالىي مەمۇري باشقۇرۇش ئورگىنى) تەسىس قىلىنغان . ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىرغىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىش ، سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ، ھەمدە ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت . باش يېتەكچى ھەر يىلى رايونلاردىكى قىرغىنداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ ، قىرغىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالاقىدار ئىشلىرىنى ئىگىلەيدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ .

قۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلغان . بۇ كومىتېت مەسلىھەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېڭىشىگە باراۋەر بولۇپ، قۇرۇلتايغا ۋەكىللىك قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە.

ئاساسىي قاتلاملاردا «ئائىلە» (گۇرۇپپا) تەسىس قىلىنغان. ھەربىر ئائىلىدە بەشتىن بۇرادەر بولىدۇ. يۇقىرىدىن بىر ئادەمنى ئۇلار بىلەن تاق لىنىيىلىك ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىدۇ. «ئائىلە»نىڭ ئۈستىدە ئەترەت، ئەترەتنىڭ ئۈستىدە پولك بولىدۇ.

پەۋقۇلئاددە ئورگان (مەخپىي سىستېما) خەۋپسىزلىك خىزمىتىگە ۋە ھەربىي ھەرىكەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ، بۇنىڭغا باش يېتەكچى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدۇ.

ھازىرقى باش يېتەكچى 1995 ـ يىلى مۇخبىرلار سورىغاندا مەخپىي سىستېما توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «مەخپىي سىستېما شۇ چاغدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان. ھازىر ئۇ مەۋجۇت ئەمەس.» لېكىن، سىرتتىكىلەر بۇ ئورگاننى ھېلىمۇ مەۋجۇت دەپ گۇمان قىلىدۇ.

(3) تەشكىلىي تەرەققىيات

1928 ـ يىلى قۇرۇلغاندا كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، بىرەر يۈزدەك ئەزاسى بولغان، پائالىيەت دائىرىسىمۇ ئىسمائىلىيە رايونى بىلەن چەكلەنگەن. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى 1933 ـ يىلى قاھىرەدە باش شتاب قۇردى، ھەمدە مەملىكەت بويىچە 50 رايوندا شۆبە ئۇيۇشما قۇردى. 1938 ـ يىلى ھەسەنۇل بەننا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئورگان قۇرغانلىقىنى، 300 شۆبىسى بارلىقىنى جاكارلىدى. 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى مەملىكەت بويىچە 500 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، نەچچە مىڭ شۆبە ئۇيۇشما جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىغا تارقالدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى قۇردى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇنىڭ ھەربىي كۈچى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى 1948 ـ يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئادىمى 700 مىڭغا يەتتى. بۇ چاغدا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ زاۋۇت، شىركەت، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلىرىغىمۇ ئىگە بولدى.

پادىشاھ فارۇخ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ بارغانسېرى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، 1948 ـ يىلى باش ۋەزىر نەقشىراشىنى قەستلەپ ئۆلتۈردى، دېگەن بەتنام بىلەن، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى قاتتىق باستۇردى. ئۇيۇشمىنىڭ باش يېتەكچىسى ھەسەن بەننانى ئىككىنچى يىلى قەستلەپ ئۆلتۈردى.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى 1952 ـ يىلى جامال ئابدۇل ناسىر باشچىلىقىدىكى «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» غا ياردەملىشىپ فېئودال خاندانلىقنى ئاغدۇرۇۋەتتى. لېكىن، قانداق ھاكىمىيەت قۇرۇش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي قارىشى ئوخشاش بولمىدى. بىرلىككە كېلەلمىدى، زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. مىسىردا ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1954 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى تارقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، جامال ئابدۇل ناسىرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزدى. پىلان مەغلۇپ بولۇپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى. مەخپىي ئورگاننىڭ 70 پىرسەنت ئەزاسى قولغا ئېلىندى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئالتە ئادىمى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، ھەممە پائالىيەتلىرى يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچتى. بۇنداق ئەھۋال 1970 ـ يىللارغىچە داۋاملاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1970 ـ يىلى جامال ئابدۇل ناسىر قازا قىلىپ، سادات زۇڭتۇڭ بولدى. سادات ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش، «سولچىلار» ۋە ناسىرچىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۆپ قىسىم رەھبەرلىرىنى ۋە ئەزالىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بەردى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پائالىيىتىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى، تەشكىلىمۇ تەرەققىي قىلىپ، 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە ئەزاسى 200 مىڭ ئادەمگە يەتتى.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن سادات ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى. باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلارمۇ ھۆكۈمەتنى قاتتىق تەنقىد قىلىشقا باشلىدى. 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «سادا» ناملىق ژۇرنىلى پېچەتلىۋېتىلدى. ئۇيۇشمىنىڭ باش يېتەكچىسى تېلمىسانى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن مەشھۇر ئەربابلار قاتارىدا قولغا ئېلىندى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بىر ئەسەبىي تەشكىلاتى — ئىسلام جىھاد تەشكىلاتى 1981 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى زۇڭتۇڭ ئەنۋەر ساداتنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى.

مۇبارەك زۇڭتۇڭ بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە يۇمشاق قوللۇق بىلەن قاتتىق قوللۇقنى قوشۇپ ئىشلىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن، زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى قاتتىق باستۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن «سۆزلەشتى»، بۇ ئۇسۇل مەلۇم ئۈنۈم بەردى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى زوراۋانلىق كۈچى ئىشلىتىش تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچتى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ زوراۋانلىق قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان پائالىيەتلىرىگە ھۆكۈمەت كەڭ قورساق بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

## 3 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە پارچىلىنىشى

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى مۇرەككەپ، ئۇلار ئوخشىمىغان سىنىپ ۋە ئوخشىمىغان تەبىقىلەردىن بولۇپ، ھەر خىل مەقسەت ۋە تەلەپلەردە بولغاچقا، ئىچكى جەھەتتە زىددىيەت ۋە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، تەشكىلىي جەھەتتە پارچىلىنىش پەيدا بولدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى 1970 ـ يىللاردىن باشلاپ تەدرىجىي پارچىلاندى. ئاز ساندىكى ئادەملەر ئايرىم تەشكىلاتلارنى قۇردى، بۇ يېڭى تەشكىلاتلار ئادەتتە بىرقەدەر كەسكىن بولدى. ھازىر مىسىردا پائالىيەت قىلىۋاتقان بۇنداق تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىچە:

«جىھاد تەشكىلاتى»: 1974 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان، قاھىرە، جىزا، ئالېكساندرىيە قاتارلىق جايلاردا بازىلىرى بار، چەت ئەللەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى كەڭ. بۇ تەشكىلاتقا رېئاللىقتىن نارازى ياش ئوقۇغۇچىلار، بەزى ھەربىيلەر قاتناشقان. ئۇلار جىھاد ئارقىلىق، مىسىردا خەلىپە دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئاممىنىڭ قوزغىلىپ «ئىنقىلاب» قىلىشىنى ئالغا سىلجىتمەكچى بولىدۇ. زۇڭتۇڭ ساداتنى مۇشۇ تەشكىلاتتىكىلەر ئۆلتۈرگەنلىكتىن قاتتىق باستۇرۇلۇپ، كۆچى بەك ئاجىزلىتىلدى.[1] يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ تەشكىلات يەنە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ نەچچە يۈز ئەزاسى 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قاھىرەنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدا نامايىش قىلىپ، تەشۋىقات ۋەرىقىلىرى تارقىتىپ، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئەيىبلىدى.

---

[1] گېنېرال مايور ھەسەن سادىق: «ئىسلام مەزھەپلىرى»، قاھىرە، مەيدىبولى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى، 1 ـ نەشرى، 395 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئاسىيلىقنى بېكىتىش ۋە ھىجرەت قىلىش تەشكىلاتى» : بۇ تەشكىلات 1971 ـ يىلى قۇرۇلغان ، ئۇنىڭغا ياشلار ، تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالار ۋە بىر قىسىم زىيالىيلار قاتناشقان . 3 مىڭدىن 5 مىڭغىچە ئەزاسى بار ، ئەڭ كەسكىن ئىسلامىزمچى تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ تەشكىلات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئاۋۋال ھىجرەت قىلىپ (يۆتكىلىپ كېتىپ ) كۈچ توپلاپ ، ئاخىرى قوراللىق جەڭ قىلىپ قايتىپ كېلىپ ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ① . 1970 ـ يىللاردىن باشلاپ ، كۆپ قېتىم قوراللىق ۋەقەلەرگە قاتناشتى . مەسىلەن ، قاھىرە ھەربىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى ، دىنىي مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرى زاھابىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۆلتۈرىۋەتتى ، ئاسيوت ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى . شۇڭا ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باستۇرۇلدى . بۇ تەشكىلات «جىھاد تەشكىلاتى» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ، ھەمدە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ، كۆپ قىسىم ئەزالىرى ھازىر چەت ئەللەردە .

«ئىسلام يېتەكچىلىك جەمئىيىتى» : بۇ تەشكىلات دۆلەتنى ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . باش جەمئىيەت ۋە شۆبە جەمئىيەتلەرنى قۇرغان . ئاساسىي قاتلامدىكى گۇرۇپپىلىرى مەخپىي ھالەتتە ، چەت ئەللەردىن نۇرغۇن ياردەم ئالىدۇ . كىتاب ، سوۋغا ۋە قۇتقۇزۇش بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ياشلارنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەزالىرى كۆپەيدى ، تەسىرى كېڭەيدى . بۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ھاپىز سالام 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مىسىردا شەرىئەتنى دەرھال يولغا

---

① ئەھرام سەئىد فەرخۇد : «ئىسلام پىكىر ئېقىمى ۋە مىسىر سىياسىيىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى» ، قاھىرە ، زاھىرە ئەرەب ئاخبارات نەشرىياتى ، 1991 ـ يىلى ، 1 ـ نەشرى ، 57 ـ بەت .

قويۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن بۇ تەشكىلات زوڭتۇك مەھكىمىسىگە يۇرۇش قىلىش، ئىسلام نامايىشى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پىلانلىدى. بۇ تەشكىلات 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قاھىرەنىڭ ئابدىن مەيدانىدا كۈچ كۆرسىتىش خاراكتېرىدە كەڭ كۆلەملىك روزى ھېيت نامىزى ئوقۇش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى.

## § 3 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزملىق قاراشلىرى

### *1 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نەزەرىيىچىلىرى*

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەشھۇر نەزەرىيىچىسى ھەسەنۇل بەننا يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلدى. بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق نەزەرىيىچىسى سەييىد قۇتۇب 1906 ـ يىلى مىسىرنىڭ ئاسيۇت ئۆلكىسىدىكى يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاھىرە دارىلمۇئەللىمىن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1922 ـ يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، ئىسلامىيەتكە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. سوتسىيالىزمغا دائىر مەسىلىلەرنىمۇ تەتقىق قىلغان. 1949 ـ يىلى «ئىسلامىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئادىللىقى» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن ماقالە ئېلان قىلىپ، «ئادىللىق» ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى ئەتراپلىق ئىسپاتلىغان.

1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئاساسلىقى مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆگەنگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ غەرب دۇنياسىدىكى ماددىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، لېكىن جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىكىنى، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى غەرب يولىنىڭ ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇپ يەتكەن. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن «ئىسلامىيەت بىلەن كاپىتالىزمنىڭ توقۇنۇشى» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلغان. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىكتىن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا بۇرالغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

سەييىد قۇتۇب مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا 1952 ـ يىلى قاتناشقان. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى 1954 ـ يىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە سېلىنغان. 1964 ـ يىلى قويۇپ بېرىلگەن، 1965 ـ يىلى يەنە تۈرمىگە سېلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

سەييىد قۇتۇب تۈرمىدە يېزىقچىلىقىنى داۋاملاشتۇرغان. ھۆكۈمەتنى قوللاشتىن ھۆكۈمەتنى نەپرەتلىنىشكە ئۆزگىرىپ، رېئال جەمئىيەتكە قاتتىق نارازى بولغانلىقتىن، كۆرەشتە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە ياتقانلىقتىن ۋە ھەسەنۇل بەننا، مەۋدۇدىلارنىڭ رادىكال ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تېخىمۇ كەسكىن بولۇپ كەتكەن.

سەييىد قۇتۇب ئىسلامىيەتكە دائىر «مۇشۇ دىن»، «كەلگۈسى ئىسلامىيەتكە مەنسۇپ» دېگەندەك ئىسلامىيەتكە دائىر بىرنەچچە ئەسەرنى يېزىپ پۈتكۈزگەن. 1962 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «يول بەلگىسى» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ رادىكال ئىدىيىسىنى ئەڭ ئوبدان ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمنىڭ كۆز قاراشلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن

سىستېمىلىق شەرھلىگەن . بولۇپمۇ ، مەۋدۇدىنىڭ رادىكال ئىدىيىسىنى چېكىگە يەتكۈزگەن . ئۇنىڭ قاراشلىرى شۇ چاغدىكى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپلا قالماستىن ، كېيىن بەزى ئىسلامىزم ئەسەبىي تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەر ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالدى .

## 2 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قاراشلىرى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم نەزەرىيىسىنىڭ يادروسى «ئىسلامىيەت دېمەك سىياسىي دېمەكتۇر» دېگەن قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ ، دۆلەتنى دىن بىلەن باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دېگەن : «ئىسلامىيەت — ھەم ئېتىقاد ، ھەم ئىبادەت ؛ ھەم دىن ، ھەم دۆلەت ؛ ھەم روھ ، ھەم ھەرىكەت ؛ ھەم ناماز ، ھەم جىھاد ؛ ھەم قۇرئان ، ھەم شەمشەردىن ئىبارەت .»[1] ھەسەنۇل بەننا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلۈكىنى ، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سىستېما ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ھەم بىر خىل ئىدېئولوگىيە ، ھەم بىر خىل سىياسىي تۈزۈم ؛ ھەم بىر خىل مەدەنىيەت شەكلى ، ھەم بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلات شەكلى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇھىم قاراشلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 ) «پەقەت ئىسلامىيەتلا ھەل قىلالايدۇ»

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەپ قارايدۇ : ھازىر دۇنيادا مەيلى

---

① ھەسەنۇل بەننا : «بىزدىكى ئىككىنچى قەدەم» ، 1938 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى تۇنجى سان «يېتەكچى» گېزىتىگە بېسىلغان .

www.uyghurkitap.com

كاپىتالىزم ، مىللەتچىلىك ، ياكى سوتسىيالىزم بولسۇن ، ھەممىسى مەغلۇپ بولدى . زامانىمىز جەمئىيىتىدىكى ھەممە زىددىيەت ۋە ھەممە مەسىلىلەرنى پەقەت ئىسلامىيەتلا ھەل قىلالايدۇ . ئۇ مۇنداق دېگەن : «غەربنىڭ ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىشى ئاخىرىغا بېرىپ قالدى . بۇ غەرب ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىدىن ئەمەس ، شۇنداقلا غەربنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىزلاشقانلىقىدىنمۇ ئەمەس ، بەلكى غەرب تۈزۈمىنىڭ رولىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن بولدى . ئۇنىڭ قىممەت ‹ئامبىرى ›دا داۋاملىق ساتىدىغا ‹زاپاس مال › قالمىدى .»[1] «شەرق جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق .» شۇڭا ، «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىمىز . شەرقنىڭ تۈزۈمى ياكى غەربنىڭ تۈزۈمى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر .» «پەقەت بىر خىل يېڭى رەھبەرلىك ئىنسانىيەتنىڭ غەرب پەن ـ تېخنىكىسى ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئىنسانىيەتنى بىر خىل يېڭى ھەم مۇكەممەل قىممەت قارىشى — ئىنسانىيەت ئىگە بولغان ھەممە بىلىملەرگە سىڭىشتۈرگاندا — ۋە پاك ، ئەجايىپ ، رېئال يول بىلەن تەمىنلەيدۇ» ، «پەقەت ئىسلامىيەتلا مۇشۇنداق قىممەت قارىشىغا ۋە بۇ يولغا ئىگە .»[2]

سەييىد قۇتۇب يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ : زامانىمىزدىكى مىسىر جەمئىيىتى جاھىلىيەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ . بۇنداق جاھىلىيەت ھالىتى تۆۋەندىكى ئىككى مەنبەدىن كەلگەن : بىرى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ۋە تۆت خەلىپىدىن كېيىنكى رەھبەرلەر ئىسلام دىنىغا بەزى نەرسىلەرنى قوشتى ۋە ئىسلام دىنىنى بۇرمىلىۋەتتى ؛ يەنە بىرى ، غەرب مۇستەملىكىچىلىكى ۋە جاھانگىرلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى . شۇڭا ، رېئال سىياسىي ،

---

① سەييىد قۇتۇب : «يول بەلگىسى» ، قاھىرە شەرق نەشرىياتى تەرجىمىدىن نەشر قىلىنغان 1980 ـ يىلىدىكى ئەرەبچە نەشرى ، 6 ـ بەت .

② يۇقىرىقى ئەسەر .

ئىقتىساد ،قانۇن ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىسلام قىممىتىنى كۆچەيتىپ ، جاھىلىيەت ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، دۆلەتنى ئىسلامىيەت بىلەن باشقۇرغاندا ، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقىنى ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلغىلى بولىدۇ . سەييىد قۇتۇب مۇنداق دېگەن : «بۇلاق بۇلغىنىپ» ، «باشقا ھەر خىل مەدەنىيلىك ۋە مەدەنىيەتلەر سىڭدى» ، «ئالدى بىلەن ، چوقۇم پاكىز بۇلاققا قايتىپ» ، دۇنيا قارىشىمىزنى يۇيىشىمىز ، كىشىلىك قارىشىمىزنى ، قىممەت قارىشىمىزنى ، ئېتىكا ـ ئەخلاق قارىشىمىزنى ئالەمنىڭ ھەقىقىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىيىتى بىلەن يۇيۇپ ، سىياسىي ، ئىقتىساد ، قانۇن ـ تۈزۈملىرىمىزنى ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل قائىدىلىرىنى تۈزىتىشىمىز لازىم»[①]

2 ) دىندىن تاشقىرى بولغان ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلدى

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەپ قارىدى : ھازىرقى دۇنيا ، جۈملىدىن ھەممە ئىسلام دۆلەتلىرى ھېلىھەم جاھىلىيەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ . «ئەتراپىمىز پۈتۈنلەي جاھىلىيەت ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ، ئېتىقادى ، ئادىتى ، ئەنئەنىسى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ، ئەدەبىياتى ، سەنئىتى ، قانۇنى ، ھەتتا ئۆتكەندە بىز ئىسلام مەدەنىيىتى ، ئىسلامىيەتنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى ، ئىسلام پەلسەپىسى ، ئىسلام تەپەككۇرى دەپ قارالغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ مەنبەسى جاھىلىيەتتۇر .»[②] جاھىلىيەتچىلىك سىياسىي جەھەتتە ئاللانىڭ دۇنيادىكى ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ ، «ئۇ ئالىي

---

① يۇقىرىقى ئەسەر .
② يۇقىرىقى ئەسەر ، 21 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بىر قىسىم كىشىلەر يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ » ، «ئىنساندا ئىدىيىۋى ئاڭنى ، قىممەت قارىشىنى ، قانۇن - تۈزۈمنى ، سىياسىي تۈزۈلمىنى بەلگىلەيدىغان ھوقۇق بولىدۇ ، دەپ بىلجىرلاپ ، ئاللانىڭ ئىنسانغا بەلگىلەپ بەرگەن تۇرمۇش يولىدىن يىراقلاپ كەتتى . »[①]
بىزنىڭ ۋەزىپىمىز «ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزگەرتىپ ، بۇنداق جاھىلىيەتچىلىك ھالەتلىرىنى يىلتىزى بىلەن يوقىتىشتىن ئىبارەت . بۇ خىل ھالەت ئىسلامىيەتنىڭ ھايات يولى بىلەن ، ئىسلامىيەت دۇنيا قارىشى بىلەن زىنھار چىقىشالمايدۇ . ئۇ زوراۋانلىق بىلەن بىزنى ۋەھىي بويىچە ئىسلامىيەت يولىدا ياشايدىغان ھوقۇقىمىزدىن ۋە ئەركىنلىكىمىزدىن مەھرۇم قىلدى . »[②]

سەييىد قۇتۇب ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ئىنكار قىلىپ ، ئىسلامىيەتنىڭ سىياسىي سەھنىگە قايتىپ كېلىپ ، دىندىن تاشقىرى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ ، ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تېپىپ بېرىشنى ۋە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشنى كۆزلەيدۇ .

3 ) «ھاكىملىق ئاللاغىلا مەنسۇپ»

«ھاكىملىق ئاللاغىلا مەنسۇپ» دېگەن سۆز ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بىر ئاللاغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ پرىنسىپ «كەلىمە شاھادەت» (ئەشھە دۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ ) دېگەن كەلىمىدە تولۇق ئىپادىلىنىدۇر . بۇ قاراشنى مەۋدۇدى ئوتتۇرىغا قويغان ، سەييىد قۇتۇب بۇ قاراشنى قوللاپلا قالماستىن ، بەلكى نەزەرىيە جەھەتتىن يەنىمۇ

① يۇقىرىقى ئەسەر ، 10 ـ بەت .
② يۇقىرىقى ئەسەر ، 22ـ بەت .

ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ، ئۇنى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش ۋە پەيغەمبەرگە ئىشىنىش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىغان، پەيغەمبەرگە ئىشىنىدىغان ئىخلاسمەن مۇسۇلمان «ھاكىملىق» پرىنسىپىغا ئىشىنىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ. شۇڭا، «ھاكىملىق نەزەرىيىسى»مۇ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى بولدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىسلام دىنىنى سىياسىيلاشتۇرۇپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئارزۇ قىلغان ئىلاھىي ھاكىمىيەتتە خەلىپە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك. ھەسەنۇل بەننا خەلىپە ئىسلام بىرلىكىنىڭ سىمۋولى، ئىسلام مىللەتلىرىنى ئالاقىلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈگۈن، شۇڭا خەلىپە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم، دەپ تەكىتلەيدۇ. سەييىد قۇتۇب خەلىپىنى «ئىخلاسمەن سەردار» دەپ ئاتىدى. ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ خىزمەت (ئىسلام ئىنقىلابى)نى ئىخلاسمەن سەردارلار — «قۇرئان كەرىم» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەملەرگە تايىنىپ ئورۇنلاش لازىم. ئۇلار ساھابىلاردەك، ئىمانلىق جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، دىنغا قارشى جەمئىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەڭ ئالدىنقى سەپتە پۇقرالار ئەمەس، سەردارلار تۇرىدۇ، ئىنقىلابىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس، بەلكى داھىيلار، ئۇلگە بولىدىغان ئادەملەردۇر.[1]

«ھاكىملىق ئاللاغىلا مەنسۇپ» دېگەن بۇ قاراشنى تەشەببۇس قىلغاندا، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى مۇقەددەس ئاساس بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. سەييىد

---

① ھەسەن ھەنەپى: «ئەسلىيەتچىلىك»، قاھىرە، مەيدىبولى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 50 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇتۇب مۇنداق دېگەن : «ئىسلامىيەت ئۆز ئېتىقادىنى تەبلىغ شەكلى ئارقىلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالىدىغان نوقۇل ئېتىقاد ئەمەس ، بەلكى تەشكىللىك ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىپ پۈتۈن ئىنساننى ئازاد قىلىدىغان يولدۇر . روشەنكى ، رەڭگارەڭ جاھىلىيەتچىلىك جەمئىيەتلىرى ئۆزلۈكىدىن ئورۇن بەرمەيدۇ ، ئىسلامىيەتنىڭ ئۆز يولى بويىچە ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ . شۇڭا ، ئىسلامىيەت بۇ تۈزۈملەرنى ئىنسانلار ئومۇمىي ئازادلىقىنىڭ پۈتلىكاشىڭى سۈپىتىدە كەسكىن ۋەيران قىلىۋېتىشى لازىم . مانا بۇ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلەي ئاللاغا مەنسۇپ بولۇشىنىڭ مەنىسىدۇر »①

سەييىد قۇتۇب «ھاكىمىلىق ئاللاغىلا مەنسۇپ» دېگەن بۇ قاراشتىن پايدىلىنىپ ئەرەب مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرىدۇ . ئۇ مۇنداق دېگەن : «ئەرەب مىللەتچىلىكى ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاللاغا مەنسۇپ قىلماي ، ئەرەب مىللەتچىلىكىگە مەنسۇپ قىلىدۇ . شۇڭا ئۇ ئىسلام ئېتىقادىدىن يۈز ئۆرۈدى ، ئىسلامىيەتكە تەۋە ئەمەس . »

ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دەپ قارىدى : مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرى ۋە ئۈمىدلىرى ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش نىشانىغا قاراپ ، ئىلگىرىلەيدۇ . چۈنكى ، ئىسلام ھاكىمىيىتى ئىسلاملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ .

شۇڭا ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىسلامىيەت ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ، ئاللانىڭ ئىنسانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى ، ئاللا ئۆزىنىڭ زېمىنىدىكى ۋەكىلى ، يەنى خەلىپە ئارقىلىق دۇنيادىكى

---

① «يول بەلگىسى» ، 89 ـ ، 90 ـ بەتلەر .

كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرغانلىقىنى ، ئىسلام ھاكىمىيىتى ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇشنى يولغا قويىدىغان ۋە قوغدايدىغانلىقىنى ، دىن بىلەن سىياسىيغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىلگەندىلا مۇكەممەل مەنىدىكى ئىسلام دىنى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى .

4 ) ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

سەيىد قۇتۇب مۇنداق دەپ قارىدى : ئىسلام دىنى كەڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ھاسىل قىلىدۇ ، مۇشۇنداق تۈزۈمنى قوللانغان دۆلەت جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سىياسىي باراۋەرلىكىنى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئادىللىقنى كاپالەتلەندۈرەلەيدۇ .

شۇڭا ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سائادەت دەۋرىنى ئۈلگە قىلىپ «ئىجتىمائىي ئادىللىق»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . بۇ تەشەببۇس ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر بايرىقى ۋە ئاساسىي شوئارى بولۇپ قالدى .

5 ) قانۇن - تۈزۈملەرنى ئىسلاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مۇنداق دەپ قارىدى : دىنىي قانۇن - تۈزۈملەر ئورنىغا دىندىن تاشقىرى قانۇن - تۈزۈملەر دەسسىتىلىپ ، ئاللانىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە پەرۋا قىلىنمىغانلىقتىن ، ھازىر دۇنيانىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ھەر خىل مەسىلىلەر پەيدا بولدى . شۇڭا ، كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، تەڭداشسىز بىردىنبىر ئىلاھىي قانۇننى يولغا قويۇش لازىم . ھەسەنۇل بەننا «قۇرئان كەرىم» — بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىزدۇر . ھەممە ئىشقا ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» بويىچە ھۆكۈم قىلىش كېرەك ، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

سەيىد قۇتۇب مۇنداق دەپ قارايدۇ : شەرىئەت — ئىسلام

www.uyghurkitap.com

قانۇننى يولغا قويۇش ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئىسلاملاشتۇرۇشنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر دۆلەت ئەگەر «شەرىئەتنى يولغا قويمىسا، ئىسلامىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ ئىسلام يولى ۋە قانۇنى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلمىغۇچە، ئىسلام دۆلىتى ھېسابلانمايدۇ.»[①] «ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ھەممە ئىشنى ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللانىڭ ئىلكىدىكى شەرىئەت بويىچە ئىدارە قىلىش ئىپادىلەنگەندىلا ئىنسانلار ئارىسىدا ئادەمنى ئادەم قۇل قىلىدىغان جەمئىيەت ئەندىزىسىدىن ھەقىقىي، ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ چىققىلى بولىدۇ.»[②]

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەپ قارايدۇ: «شەرىئەت ئاللا تەرىپىدىن ئىلتىپات قىلىنغان تۈپ قانۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، ھەممە دەۋرگە ماس كېلىدۇ». ئۇ مۇنداق دېگەن: «شەرىئەت — ئاللانىڭ ئىنسان تۇرمۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن قانۇنىدۇر»، «شەرىئەت توغرىسىدىكى چۈشەنچە قانۇن ماددىلىرى بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ھەتتا سىياسىي تۈزۈلمە پرىنسىپلىرى، تۈزۈملىرى ۋە شەكىللىرى بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمايدۇ. تار مەنىدىكى چۈشەنچە ئىسلام دۇنيا قارىشىغا ۋە شەرىئەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ».

ئۇنىڭ قارىشىچە، قانۇننىڭ كونكرېت ماددىلىرىنى ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ تۈزىتىشكە، كۆپەيتىشكە ۋە قىسقارتىشقا بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق قىلغاندا «چوقۇم ئاللا

---

① سەييىد قۇتۇب: «يول بەلگىسى»، قاھىرە، شەرق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئەرەبچە نەشرى، 161 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 118 ـ، 119 ـ بەتلەر.

بەلگىلەپ بەرگەن ئىسلام يولىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىنىشى لازىم .»

6 ) ئىسلام دۇنيا سىستېمىسىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى

ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ئىسلام دىنى پۈتكۈل دۇنياغا ماس كېلىدىغان ئاللاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئىچكى جەھەتتە دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدۇ ھەم مىللەت ۋە دۆلەتتىن ھالقىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ ئۇزۇنغىچە خارابلاشماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇشۇ يەردە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئاللاھىدىلىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ ، ئۇنى خەلقئارالىق سىياسىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلاندۇردى . ھەسەنۇل بەننا دۇنياۋى ئىسلام ئىتتىپاقى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئىسلام — ئېتىقاد ۋە ئىبادەتتۇر ، ۋەتەن ۋە دۆلەت تەۋەلىكىدۇر ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىر ئۈممەتتىن ئىبارەتتۇر ، ئىسلام دۆلىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىدۇر .[1]

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دېگەن : «ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ‹ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان دىن ئىكەنلىكىنى ، ئۇ زېمىندا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇپ ، ئادەمنى ئادەم قۇل قىلىشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ› غانلىقىنى بەلگىلىگەن» ، «مانا بۇ ، ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدۇر .»[2]

7 ) غەربنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا ۋە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇردى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىشىچە ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىندىن ئېزىشى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى . دىندىن تاشقىرىچىلىق ئەۋج ئېلىپ

---

① گېنېرال مايور ھەسەن سادىق : «ئىسلام مەزھەپلىرى» ، قاھىرە ، مەيدىبولى نەشرىياتى ، 1991 ـ يىلى ، 1 ـ نەشرى ، 275 ـ ، 276 ـ بەتلەر .

② «يول بەلگىسى» ، 67 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتتى . ئىسلام ئېتىقادىغا ئېغىر زىيان يەتتى . ئىسلامىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ، ئەخلاق قائىدىسى ۋە قىممەت قارىشى ئۈزلۈكسىز چىرىتىلدى ۋە بۇزۇلدى . بۇنىڭغا غەربلەشتۈرۈش سەۋەب بولدى . شۇڭا ، غەربنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا ۋە سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش ، غەربلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ ، ئۇنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ ، جەمئىيەتنى تازىلاش ، ئېتىقادنى پاكلاشتۇرۇش ، ئىسلام دىنىنى قوغداش لازىم . لېكىن ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى غەربنىڭ هازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ ۋە قوبۇل قىلىپ ، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارشى تۇرمايدۇ .

ئەينى چاغدا ، (XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا) مىسىر جەمئىيىتىدىكى غەربلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دېگەن : بۇ پىكىر ئېقىمى «ئىسلام دىنىغا سادىق كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . ئۇلار بۇ پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ھەقىقىي بىلىدىغان سادىق كىشىلەردىن بىر فرونت ئۇيۇشتۇرۇپ ، جەمئىيەتنىڭ ئەسلىدىكى قىممەت قارىشىنى ۋە ئەنئەنە قارىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ، دەپ قارىدى .»①

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دېگەن : «ئىسلامىيەت زېمىنىدىكى پەن - تېخنىكا كەشپىياتلىرىنى رەت قىلمايدۇ ، بەلكى پەن - تېخنىكا كەشپىياتىنى ئىنساننىڭ ئالىي ۋەزىپىسى دەپ قارايدۇ . چۈنكى ، ئاللا زېمىننى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىنسانلارغا تاپشۇرغان . مۇئەييەن شارائىتتا ، ئىسلام دىنى پەن - تېخنىكا كەشپىياتىنى ئاللاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى ۋە ئىنساننىڭ

① ھەسەنۇل بەننا : «بىز ۋەتەنپەرۋەرلەرمىز» ، 1946 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشر قىلىنغان .

مەۋجۇت بولۇش ئەھمىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى، دەپ قارايدۇ.»[1]

## 4 § . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى

### 1 . *كۈرەش نىشانى*

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى «قۇرئان كەرىم»نى يېتەكچى پرىنسىپ قىلغان ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتىنى قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئىسلام ئىتتىپاقى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەممە مۇسۇلمان بىر ئۇممە، ئىسلام دۆلىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى دەپ قارايدۇ. ئاخىرقى نىشانى ئىسلامىيەتنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

### 2 . *كۈرەش شەكلى*

1 ) ئاساسىي ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى جەمئىيەتتىكى ياشلارنى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئاممىسى قىلىپ، ئۇلارغا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى سىڭدۈردى. ئۇلارغا ئۇيۇشمىنىڭ نەزەرىيىچىسى سەييىد قۇتۇبنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇردى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ «يول بەلگىسى» ناملىق كىتابىنى كىشى بېشىغا بىردىن ئومۇملاشتۇردى.

2 ) كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش

مەسچىتلەرنى بازا قىلىپ دىنىي سىياسىي تەشۋىقات ئېلىپ

---

[1] «يول بەلگىسى»، 7 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باردى؛ خەير - ساخاۋەت ئورگانلىرى ۋە خەير - ساخاۋەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. مەسىلەن، 1992 - يىلى قاھىرەدە يەر تەۋرىگەندە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ھۆكۈمەتتىن بۇرۇن يۈك ئەدىيال قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى؛ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي ئۇيۇشمىلارنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى سايلامغا قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنى سىياسىي تۈسكە ئىگە تەشكىلاتلارغا ئايلاندۇردى؛ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە ئارمىيە ئىچىگە كىرگۈزدى، باشقا سىياسىي پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا سىڭدۈردى.

3) مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى سىياسىي پارتىيىگە ئايلاندۇرۇش

مىسىردىكى ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1952 - يىلى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ يېڭى تەشكىلىي قانۇنىنى ئېلان قىلدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى بۇ ئۇيۇشمىنى سىياسىي تەشكىلاتقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىغا سىياسىي پارتىيە ئىلتىماسىنى رەسمىي تاپشۇرۇپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «ئىسلامىيەت ئىزدىنىدىغان نىشان يولىدا كۈچ چىقىرىدىغان» ئۇنىۋېرسال ئىسلام تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «قۇرئان كەرىم»نى قايتىدىن تەپسىر قىلىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دەۋرلەشتۈرۈش؛ ئوخشىمىغان ئىسلام مەزھەپلىرىنىڭ قاراشلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش؛ مىللىي بايلىقنى قوغداپ، ئازاد قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ۋە ھەر بىر پۇقرانىڭ ئىجتىمائىي كاپالىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ نادانلىق، كېسەللىك، نامراتلىق

ۋە پەسكەشلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، پاكلىققا، ساخاۋەتلىككە ئىلھام بېرىش؛ شەرىئەت يولىغا قويۇلىدىغان دۆلەت قۇرۇش؛ نىل دەرياسى ۋادىسىنى، ئەرەب زېمىنلىرىنى، ئىسلام دۇنياسىنى چەت ئەل ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىش، جايلاردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش، دۇنيانىڭ ھەمكارلىق ئىشلىرىنى قوللاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىلتىماستا ئۇيۇشمىنىڭ يۇقىرىقى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئۇسۇللىرى ئىزاھلاندى: نەشر قىلىش، رادىئو ئاڭلىتىش ۋە چەت ئەللەرگە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئەۋەتىش ئارقىلىق تەشۋىق قىلىدۇ؛ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتە بېجىرىم، مەنىۋى جەھەتتە ئاللاغا سېغىنىدىغان، ھەمدە مول بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ؛ جەمئىيەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ھەرىكەت پروگراممىلىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، دىن ۋە پەن ئورگانلىرىنى قۇرىدۇ، مەسچىت، مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىنى سالىدۇ.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى گۇمانلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىلتىماستا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئارقىلىق بەلگىلەنگەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تىلغا ئېلىنمىدى. بەلكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى يۇقىرىقى ۋاستىلەرگە ۋە باشقا قانۇنلۇق ۋاستىلەرگە تايىنىپ بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ»[①] دېيىلدى.

لېكىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىي پارتىيىگە ئۆزگىرىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى، جامال

---

① گېنېرال مايور ھەسەن سادىق: «ئىسلام مەزھەپلىرى»، قاھىرە، مەيدىبولى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى، تۈنجى نەشرى، 280 ـ، 281 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇل ناسىر باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابى يېتەكچىلىك كومىتېتى ھەممە ئۆكتىچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ، سىياسىي پارتىيىلەرنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا 1953 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پەرمان جاكارلىدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن دىنىي تەشكىلات شەكلىدە شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى .

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى 1984 ـ ۋە 1987 ـ يىلى باشقا پارتىيىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىككى قېتىم پارلامېنت سايلىمىغا قاتنىشىپ ، پارلامېنتتا ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېرىم قانۇنلۇق سىياسىي تەشكىلات بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىدى . ئۇيۇشمىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش يېتەكچىسى خەمىد ئەبۇ ناسىر 1986 ـ يىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە سىياسىي پارتىيە قۇرۇش توغرىسىدا رەسمىي تەلەپ قويىدى ، لېكىن بۇ تەلەپ تەستىقلانمىدى .

4 ) قورallıq كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ھەربىي ئىنستىرۇكتورلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ، ئۇيۇشما ئەزالىرىغا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بەردى . 40 ـ يىللاردا زاپاس ھەربىي كۈچكە ئىگە بولدى .

5 ) «جىهاد» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى «جىهاد» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئاممىنى ئۇيۇشما ئوتتۇرىغا قويغان «ئىسلام غايىسى» ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى . جىهادنىڭ پەرھىزلىكى توغرىسىدا ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دەپ قارىدى : بۈگۈن ئىسلام مىللەتلىرى جىهاد ۋەزىپىسىنى جىددىي ئادا قىلىپ ، ئۆتكەنكى قۇدرىتىنى ۋە شان ـ شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم . ئۇ مۇنداق دېگەن : «جىهاد ھەربىر مۇسۇلمانغا

پەرھىز بولغان ، مەڭگۈلۈك ، باش تارتىپ بولمايدىغان ، گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر »[1] . جىھادنىڭ شەكلى (زوراۋانلىق شەكلى ۋە تىنچلىق شەكلى ) توغرىسىدا ھەسەنۇل بەننا مۇنداق ھۆكۈم قىلغان : «زامانىۋىلاشقان دۆلەتلەر تونۇپ يەتتىكى ، جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىش ئۈمىد قىلغان تىنچلىققا يېتىشنىڭ ئىشەنچلىك يولى ھېسابلىنىدۇ . ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ ، ھەر خىل جەڭ شەكىللىرىدىكى تەلىم ـ تەربىيىلەرگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ، مۇنتىزىم ئۇرۇش ، پارتىزانلىق ئۇرۇش ياكى يالغۇز كىشىلىك ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . »[2]

قوراللىق كۈرەشنى تەكىتلەش بىلەن بىللە ، تىنچلىق ۋاستىلىرىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىشىچە ، تىنچلىق — جىھادنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بىر خىل شەكىل ھېسابلىنىدۇ . تىنچلىقمۇ جىھادقا ئوخشاش ، ئىسلام دىنىنى قوغدايدىغان بىر خىل ۋاستىدىن ئىبارەت . سەييىد قۇتۇب ئىسلام دىنىدا ئىپادىلەنگەن «تىنچلىق — ئاساس ، ئۇرۇش — پەۋقۇلئاددە باشقا ئىش »[3] دېگەن قاراشنى قوللايدۇ . ھەسەنۇل بەننانىڭ قارىشىچە ، ئىسلام دىنى ئىختىلاپلارنى تىنچلىق ۋاستىلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارشى ئالىدۇ . «بۇ ۋاستىلەر ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئېلىپ بارالىسىلا بولىدۇ . »[4] مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات خىزمىتى ۋە

---

① ھەسەنۇل بەننا : «جىھادنىڭ ۋەزىپىسى » ، 34 ـ بەت .
② سەييىد قۇتۇب : «دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىسلام دىنى » ، قاھىرە ، شەرق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىلى نەشرى ، 21 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل .
③ يۇقىرىقى ئەسەر ، 21 ـ بەت .
④ ھەسەنۇل بەننا : «ھەسەنۇل بەننا ئەسەرلىرى » ، 247 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارلامېنت سايلىمىغا قاتنىشىش ئارقىلىق، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى كېرەك.

## 5 § . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە مىسىرنىڭ سىياسىيسى

### *1 . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن فارۇق خانىدانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى*

1928 ـ يىلىدىكى مىسىر ئاتاقتا «مۇستەقىل دۆلەت» بولسىمۇ، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالمىغان، فارۇق باشچىلىقىدىكى ئوردا گۇرۇھى كونا ئەنئەنىۋى تۈزۈمنى چىڭ تۇتۇپ، دىنىي پايدىلىنىپ ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۇلار بىلەن قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەڭگۈلۈك زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولدى. شۇنداقلا، ۋاقىتلىق ھەمكارلىشىشمۇ بولدى.

30 ـ يىللاردا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن پادىشاھ فارۇق ياخشى مۇناسىۋەتتە بولدى. شۇ چاغلاردا بىر مەھەل ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئەل ۋەفىد پارتىيىسى بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. مىللەتچىلەرنىڭ «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە» شوئارىغا پادىشاھ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىمۇ بۇ مەيداننى قوللىدى، ھەمدە پادىشاھ بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق كۈچىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. مەسىلەن، 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پادىشاھ فارۇق قاھىرەگە يېتىپ كەلگەندە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى كاتتا قارشى ئېلىش

بۇنىڭدىن ① ئۇيۇشتۇرۇپ، پادىشاھقا سادىقلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى ۋە ئىدىيىسى بىلەن مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە مىللەتچىلىك زادى چېقىشالمايدۇ. فېئوداللىق تۈزۈمگە ئىنتايىن يېقىن، لېكىن قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرغانلىقتىن، ئەنگلىيەپەرەس فارۇق پادىشاھ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىلاھىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىدىن تاشقىرى ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى.

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى دىنىي قوغداش ھەرىكىتىدىن ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان دىنىي سىياسىي ھەرىكەتكە ئايلاندى. شۇ چاغلاردا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى باشچىلىقىدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىكى كۈچ بولۇپ قالدى.

1938 ـ يىلى ھەسەنۇل بەننا ئۇيۇشمىنىڭ 5 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا يېڭى سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىن بىلەن دۆلەتنى ياكى ئېتىقاد بىلەن سىياسىينى ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. پروگراممىدا ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ ئالغا بېسىش ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەسەنۇل بەننا: «ھازىر ھەرىكەت ۋە كۈرەش قىلىش پەيتى يېتىپ كەلدى، بىز شوئاردىن كونكرېت ھەرىكەتكە ۋە ئەمەلىي كۈرەشكە ئۆتۈشىمىز لازىم. ئىسلامىيەتنىڭ غەلىبىسى

---

① فارۇقنىڭ دادىسى پادىشاھ فۇئاد 1936 ـ يىلى ۋاپات بولدى. شۇ چاغدا، فارۇق ئەنگلىيىنىڭ ۋولۋىچ ھەربىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتاتتى. ھاكىمىيەتنى نائىب كومىتېت تۇتۇپ تۇراتتى. فارۇق 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ يېنىپ كېلىپ ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى.

ئۈچۈن ، بۈرۈنقى شان ـ شۆھرەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى !»[1] دەپ جاكارلىدى . يېڭى پروگراممىا يېڭى قوللىغۇچىلارنى جەلپ قىلدى .

سىياسىي كۆرەشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتى ، قوشۇنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى . 1944 ـ يىلى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى باشقا پارتىيىلەر بىلەن رىقابەتلىشىشكە يېتەرلىك كۈچىمىز بار ، دەپ قارىدى . ھەسەنۇل بەننا ۋە ئۇيۇشمىنىڭ بەش رەھبىرى پارلامېنتنىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتناشتى . نەتىجىدە ، كۈتمىگەن يەردىن ھەممىسى سايلىنالمىدى . ھاكىمىيەتنى تىنچلىق ۋاستىسى بىلەن قولغا ئېلىش ئۈمىدى يوققا چىقتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇيۇشمىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى زوراۋانلىقنى مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىشقا تېخىمۇ مايىل بولدى .

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىغا جىھاد ئىدىيىسىنى زور كۈچ بىلەن سىڭدۈردى . ھەسەنۇل بەننا «جىھادنىڭ ۋەزىپىسى» ناملىق ماقالىدا ، جىھاد ھەربىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى . ھەربىر ئەزادىن كۆرەش ۋە جەڭ قىلىشقا ھەرقاچان تەييار تۇرۇشنى ، جىھاد بايرىقى ئاستىدا ، قورال ـ ياراغنى ئوبدان تەييارلاپ ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، مەخپىي ھەربىي كۈچىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى . 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوراللىق ئادىمى 75 مىڭغا يەتكەن .

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى . بىر

---

① ھەسەنۇل بەننا : «بىزدىكى ئىككىنچى قەدەم» ، «يېتەكچى» ژۇرنىلىنىڭ 1938 ـ يىلى 1 ـ سانىغا بېسىلغان .

تەرەپتىن، ئەنگلىيىنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا شەرقتىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. مىسىردىكى ھەر قاتلام خەلقلىرى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئاتلاندى، ئىسلامىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى چاقىرىقلار كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى «ئىسلام مىللەتچىلىكى» ۋە «ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنىغا قوشۇلدى.

1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پەلەستىننىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى ۋە ئەرەب قېرىنداشلىرىنى قوغداش ھېسسىياتى بىلەن پىدائىيلار سۈپىتىدە جەڭگە قاتناشتى. ئىسرائىلىيە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغانلىقى ۋە ئالدىنقى سەپتىكى ئەرەب قوشۇنلىرى ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب دۆلەتلىرى ھەربىي جەھەتتە مەغلۇپ بولدى، پەلەستىننىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالدى. ئەرەبلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى مىسىر خەلقى ئىچىدە كۈچلۈك غەزەپ قوزغىدى. كىشىلەر پادىشاھ فارۇق بىلەن باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش ئۇرۇشنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، دەپ ئەيىبلىدى. شۇنداقلا، فارۇق خانىدانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە چىرىكلىكىنى ئاشكارىلىدى. شۇڭا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن پادىشاھنىڭ مۇناسىۋىتى لىگشىپ قالدى.

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى جەڭ مەيدانىدا ناھايىتى باتۇرلۇق قىلدى، نەچچە يۈز ئادىمى قۇربان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئۇرۇش ئارقىلىق، ھەربىي كۈچكە ئىگە دىنىي سىياسىي تەشكىلات بولۇپ يېتىلىپ، ئاما ئىچىدىكى تەسىرى كېڭەيدى.

ئوردا ۋە نەقراش ھۆكۈمىتى قىرىندشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داۋاملىق كۈچىيىپ كېتىۋەرسە، ئوردىنىڭ كۈمپەيكۈم قىلىۋېتىلىشىدىن ئەنسىرەپ، باستۇرۇشنى قارار قىلدى. قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھاكىمىيەتكە ئاغدۇرۇمچىلىق قىلىشقا دائىر ئىسپاتلارنىڭ قولغا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، 1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەربىي تەشكىلىنىڭ كۆپ قىسىم رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى. نەقراش ھۆكۈمىتى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى رەسمىي جاكارلاپ، ئەزالىرىنى قولغا ئالدى، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. بۇ قېتىمقى باستۇرۇش قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتتىق زەربە بولدى.

قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن خاندانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئاخىرلاشتى. قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى قىساس ئېلىشنى قارار قىلىپ، باش ۋەزىر نەقراشنى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئىبراھىم ھەيدى قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى قاتتىق باستۇردى، ھەمدە 1949 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى باش يېتەكچى ھەسەنۇل بەننانى مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيىتى يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچتى. مىسىردىكى مىللەتچى كۈچلەرنىڭ كۈرەشلىرى قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا غايەت زور ياردەم قىلدى. مىللەتچى كۈچلەر «جاللات» باش ۋەزىر ئىبراھىم ھەيدىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، پادىشاھنى ئاخىر يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەل ۋەفد پارتىيىسى

قاتناشقان ھۆسەيىن سالى باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەندى . بىرلەشمە ھۆكۈمەت قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ ساندىكى سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بەردى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئەل ۋەفىد پارتىيىسىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى سالىھ ئاشماۋى (مەخپىي ھەربىي تەشكىلاتنىڭ بۇرۇنقى مەسئۇلى)نىڭ يېتەكچىلىكىدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيىتىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى . يېڭى رەھبەرلەرنى سايلىغاندا ئىچكى جەھەتتە غەلۋە چىقتى ، شۇ چاغدىكى رەھبەرلىك قاتلىمى سالىھ ئاشماۋى باشچىلىقىدىكى رادىكاللار ؛ ھەسەنۇل بەننانىڭ ئۇكىسى راخمان بەننا باشچىلىقىدىكى كونسېرۋاتىپلار ۋە ئەھمەد باگۇل باشچىلىقىدىكى مۆتىدىللەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپكە ئايرىلغانىدى . بۇلۇنۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، يېتەكچىلىك قىلىش ئىدارىسىنىڭ سىرتىدىكى ئەزالار ئىچىدىن قانۇن خىزمىتى بىلەن 27 يىل شۇغۇللانغان ئىسمائىل ھودەيبىنى باش يېتەكچى قىلىپ سايلىدى .

### 2 . جامال ئابدۇل ناسىر دىنىنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇردى

ھۇدەيبى ئوتتۇرا يولدا ماڭدى ، نەتىجىدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئەل ۋەفىد پارتىيىسىنىڭ ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پادىشاھ تەرەپكە يېنىپ كەلدى . پادىشاھ بىلەن ئەل ۋەفىد پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى . مۇبادا ئەل ۋەفىد پارتىيىسى بىلەن قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشسە ، ئورنىغا تېخىمۇ چوڭ تەھدىت ئېلىپ كېلەتتى . شۇڭا ، پادىشاھ مۇسۇلمان

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى يېنىغا تارتىپ ، ھۇدەيبىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى . 1951 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھۇدەيبى ئوردىنىڭ مەپىسگە ئولتۇرۇپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى باردى . شۇنىڭدىن كېيىن ھۇدەيبى پادىشاھ بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشتى . ھۇدەيبى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە ئىزچىل قارشى تۇرۇش مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ، پادىشاھ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ھەمكارلىق پىلانىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

«مىسىر پۇقرالىرى» ناملىق ژۇرنالدا (1951 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ) ھۇدەيبى ماقالە ئېلان قىلىپ ، زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئىنگلىزلارنى قوغلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ، تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىقلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى . كەڭ مۇسۇلمانلارنى زېھنىنى دىنغا بېغىشلاشقا چاقىردى . ھۇدەيبى : «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مەنىۋى جەھەتتە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ ، باشقا جەھەتتىكى ئىشلار ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىشى» دېدى .

ھۇدەيبىنىڭ پادىشاھ بىلەن ھەمكارلىشىشى ۋە ئەنگلىيىگە مۇرەسسەچىلىك پوزىتسىيە تۇتۇشى زور كۆپ ساندىكى مىسىرلىقلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى كۆپ قىسىم ئەزالارنىڭ ، بولۇپمۇ مەخپىي ھەربىي سىستېمىدىكى ئەزالارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم رەھبەرلەر جامال ئابدۇل ناسىر باشچىلىقىدىكى «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» بىلەن ھەمكارلىشىپ ، پادىشاھقا ۋە ئەنگلىيىگە قارشى بىرلىكتە كۆرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى . مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان سالىھ جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ ئارمىيىدىن ئوغرىلاپ چىققان قوراللىرىنى يوشۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن «ئەركىن

ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» ئۆزئارا ئىشەنگەنلىكتىن، «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشتىن ئىلگىرى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى پىلاندىن خەۋەردار قىلدى، ھەمدە ئۇيۇشمىنى زاۋۇت، كارخانا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى، قانال ياقىسىدىكى مۇھىم مۇئەسسەسە قاتارلىقلارنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» نىڭ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىشىنى قوللىدى. ئۇلار بۇ ئىش قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا پايدىلىق، بىز كۆزلىگەن «ئىسلام ئىنقىلابى»نى ھەربىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدى.

جامال ئابدۇل ناسىر باشچىلىقىدىكى «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» ئەرەب مىللەتچىلىرى بولۇپ، ئۇلار فېئودال خاندانلىقنى ئاغدۇرۇۋېتكەندىن كېيىن، «دېموكراتىك، ئادىل ۋە باياشات زاماننۇ-لاشقان دۆلەت» قۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. نەتىجىدە، دىندىن تاشقىرى سىياسىي قاراش بىلەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي قارىشى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر زىددىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا بولدى.

سىياسىي ئۆزگىرىش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» يولغا قويغان سىياسىي پروگراممىدا نامرات - قالاق يېزىلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش، «تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولۇش» كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بار ئىدى. شەخسلەر ئىگىلەيدىغان يەرنىڭ چېكى ئۈستىدە ئىككى تەرەپتە تالاش - تارتىش كۆرۈلدى. جامال ئابدۇل ناسىر چوڭ پومېشچىكلارغا زەربە بېرىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، 1952 - يىلىدىكى 1 - قېتىملىق يەر ئىسلاھاتىدا ھەربىر ئائىلە ئىگىلىگەن يەرنىڭ 200 فىدان (بىر فىدان 6.3 موغا تەڭ) بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. سالىھنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئائىلىسىدە جامال ئابدۇل ناسىر ھۆدەيبى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى مىسىرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئىسلاھاتىنى قوللاشقا قايىل قىلماقچى بولدى. لېكىن، ھۆدەيبى رەت قىلدى. ھۆدەيبى جامال ئابدۇل ناسىرغا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولماقچى بولسا، ئىنقىلابىي يېتەكچىلىك كومىتېتى ھەممە ھەرىكەتنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى قارارنى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا ۋە ماقۇللىشىغا تاپشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. جامال ئابدۇل ناسىر بۇ تەلەپنى كەسكىن رەت قىلىپ، بۇنداق قىلىش ئىنقىلابنى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا قويۇپ قويغانلىق بولىدۇ، دەپ قارىدى؛ لېكىن جامال ئابدۇل ناسىر باش فاكچېن ـ سىياسەت جەھەتتە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن كېلىشىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جامال ئابدۇل ناسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا يول قويماقچى بولدى. چۈنكى، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مۇئەييەن قورallıق كۈچكە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، قاھىرە بىلەن سۇۋەيش قانىلى ئوتتۇرىسىدىكى تاشيولنى ۋە قانالنىڭ ياقىسىدىكى بەزى رايونلارنى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ساقلاۋاتاتتى.

يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەندىمۇ ئىككى ئوتتۇرىدا توقۇنۇش بولدى. جامال ئابدۇل ناسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى كونترول قىلىش نىيىتىدە ئۇنى يېڭى كابىنېتقا كىرگۈزدى. لېكىن، ئاران ئۈچ كىشىلىك سان بەردى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئاخىر «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» بىلەن مۇناسىۋەتنى ئاشكارا ئۈزدى.

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي يېتەكچىلىك كومىتېتى 1952 ـ يىلى سىياسىي پارتىيىلەر تەشكىللەش قانۇنىنى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇننىڭ 1 ـ ماددىسىدا: «ساپ ئىلمىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەقسەتتە

قۇرۇلغان جەمئىيەت ياكى تەشكىلاتلار سىياسىي پارتىيە ئەمەس» دەپ بەلگىلەندى .

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى دىنىي تەشكىلات شەكلىدىلا پائالىيەت قىلالايدىغان بولۇپ قالدى .

جامال ئابدۇل ناسىر باشچىلىقىدىكى «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى»نىڭ قولىدىكى ھوقۇقنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بولغان زىددىيىتى ئۇزلۇكسىز كېڭەيدى . ئەمەلىيەتتە بۇ ، ئەرەب مىللەتچىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى . ئالدى بىلەن ، جامال ئابدۇل ناسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخپىي تەشكىلاتلىرىنىڭ قورallıq قىسىم ۋە ساقچى تارماقلىرىغا سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخپىي تەشكىلاتلىرىنى تازىلىدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بولسا ھەربىي كۈچىنى يوشۇرۇن كۈچەيتىپ ، مەخپىي ھەربىي تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ، ھەربىي ، ساقچى تارماقلىرىغا سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈردى . جامال ئابدۇل ناسىر بىر قېتىم قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى بىلەن سۆزلەشكەندە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن مەخپىي تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ تەلەپ رەت قىلىندى . جامال ئابدۇل ناسىرنى تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى ، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى زۇڭتۇڭ گېنېرال مۇھەممەد ناجىب قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ، ئىنقىلابىي يېتەكچىلىك كومىتېتىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى . شۇ چاغدا ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مۇھەممەد ناجىب بىلەن ھەمكارلىشىپ ، جامال ئابدۇل ناسىرنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ پىلانىنى تۈزدى . سەييىد قۇتۇب شۇ چاغدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەندى : قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىشىچە ، ئىنقىلابىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېتەكچىلىك كومىتېتىدىكى «ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى» نىڭ كۆپ سانلىق ئادىمى مۇھەممەد ناجىبنىڭ رەھبەرلىكىنى قوللايدۇ. شۇنداق بولغاندا، «كۆپ سانلىق»تىن پايدىلىنىپ، «ئاز سانلىق»لارنى (جامال ئابدۇل ناسىر قاتارلىق كىشىلەرنى) ھەربىي گازارمىغا قايتىپ كېتىشكە، ھاكىمىيەتنى مۇلكىي خادىملارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىغىلى بولىدۇ. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قوراللىق نامايىش ئۇيۇشتۇرماقچى، ئەگەر ئارمىيە ۋە ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جامال ئابدۇل ناسىرنى يوقىتىۋەتمەكچى بولدى. 1954 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مۇھەممەد ناجىبنىڭ مۇھاپىزەتچىسى مۇھەممەد رىياد قولغا ئېلىنىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانى ئاشكارىلىنىپ قالدى. روشەنكى، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ناسىر ھاكىمىيىتى بىلەن پۈت تېپىشىدىغان كۈچلۈك، خەتەرلىك كۈچ بولۇپ قالغانىدى. جامال ئابدۇل ناسىر ئاۋۋال قول سېلىپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولدى. 1954 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىنقىلابىي يېتەكچىلىك كومىتېتى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا پەرمان جاكارلاپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە سىياسىي پارتىيە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا سىياسىي پارتىيىلەرنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جامال ئابدۇل ناسىر بىلەن مۇھەممەد ناجىب ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ ئاشكارىلىنىپ، مۇھەممەد ناجىب ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر قىلىندى. بىر قىسىم ئوفىتسېرلار مۇھەممەد ناجىبنى قوللىدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىمۇ جامال ئابدۇل ناسىرغا قارشى نامايىشقا قاتناشتى. ئابدىن مەيدانىدىكى يىغىلىشتا ئۇلار: «بىزگە ناجىب كېرەك، ناسىرنى تۈرمىگە سېلىش كېرەك!» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، جامال ئابدۇل ناسىرنى يول قويۇشقا

مەجبۇرلىدى . 1954 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مۇھەممەد ناجىب سىياسىي سەھنىگە يېنىپ كەلدى . بۇھال قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى ، شۇنداقلا ناسىر ھۆكۈمىتىنى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشقا بەل باغلاتقۇزدى .

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ناسىر ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ئىمزالىغان مۇرەسسە خاراكتېرىدىكى ئەسكەر چېكىندۈرۈش كېلىشىمىنى كۆزدە تۇتۇپ ، جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ «ۋەتەن سېتىش قىلمىشى»غا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلدى . بۇ كېلىشىمدە ئوتتۇرا شەرقتە كرىزىس پەيدا بولغاندا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ سۇۋەيش قانىلى رايونىدىكى ھەربىي بازىلاردىن قايتا پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىغا يول قويۇلغانىدى . شۇڭا ، بۇ كېلىشىم ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭمۇ ئومۇميۈزلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قارشى تۇرۇشى ناسىر ھاكىمىيىتىگە ئېغىر زەربە بولدى .

1954 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جامال ئابدۇل ناسىر ئالېكساندرىيەدىكى ئاممىۋى يىغىندا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى جامال ئابدۇل ناسىرغا ئوق ئاتقان ۋەقە پەيدا بولدى . جامال ئابدۇل ناسىر بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋە تايانچ ئادەملىرىنى قولغا ئېلىپ ، مەخپىي ھەربىي تەشكىلاتلىرىنى ۋەيران قىلىپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىۋەتمەكچى بولدى . شۇ يىلى 11 ـ ئايدا جامال ئابدۇل ناسىر مۇھەممەد ناجىبنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ ، ئۆزى زۇڭتۇڭ ، ھۆكۈمەت زۇڭلىسى ۋە ئىنقىلابىي يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى .

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ قىلىندى . تەشكىلات ئەمەلدىن

www.uyghurkitap.com

قالدۇرۇلدى. ئەزالىرى تۈرمىگە سېلىندى، ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى، بىرىنچىدىن، تىنچلىق كۈرەش شەكلى، ئىككىنچىدىن، قوراللىق كۈرەش شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئۇيۇشمىنىڭ شۇ چاغدىكى رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان سەييىد قۇتۇب زوراۋانلىق شەكلىدە چىڭ تۇرىدىغانلارنىڭ ۋەكىلى بولدى. 1965 - يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، زوراۋانلىق پائالىيەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ «پىلان بويىچە دۆلەتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى قاھىرەدىكى ئىككى ئېلېكتر ئىستانسىسى، بىرنەچچە كۆۋرۈك پارتلىتىلىپ، رادىئو ئىستانسىسى ئىشغال قىلىناتتى. مۇھەممەد ئەلى سۇ ئامبىرى بۇزۇۋېتىلەتتى.»[1] . شۇڭا، سەييىد قۇتۇب شۇ يىلى يەنە تۈرمىگە سېلىندى، ھەمدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى جامال ئابدۇل ناسىر ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان كۈرەشتە بىرنەچچە قېتىم ئېلىشىپ يېڭىلدى، جامال ئابدۇل ناسىر تەدرىجىي كۈچىيىپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ھال جامال ئابدۇل ناسىر قوللانغان بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلەرگە پايدىلىق بولدى.

ئالدى بىلەن، جامال ئابدۇل ناسىر قوللانغان ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

1956 - يىلى مىسىر سۈۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. مىسىرنىڭ ئىناۋىتى ۋە

---

① گېنېرال مايور ھەسەن سادىق: «ئىسلام مەزھەپلىرى»، قاھىرە، مەيدىبولى نەشرىياتى، 1991 - يىلى، تۇنجى نەشرى، 309 - بەت.

خەلقئارادىكى ئورنى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1952 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە ئۈچ قېتىم يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، چوڭ پومېشچىكلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىتىلدى، فېئودال كۈچلەر ئېغىر زەربە يېدى. دېھقانلارنىڭ يەر ئەھۋالى ياخشىلاندى. دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدى. 1952 - يىلدىكىگە قارىغاندا 1971 - يىلى پاختا 50 پىرسەنت، بۇغداي 65 پىرسەنت، كۆممىقۇناق 74 پىرسەنت، شال 40 پىرسەنت ئاشتى.

جامال ئابدۇل ناسىر ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىنتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 1958 - يىلى مىسىر بىلەن سۈرىيە بىرلىشىپ، ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. لېكىن، كېيىن بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئەرەب دۇنياسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى چوڭ ئىش بولۇپ قالدى.

جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغان خەلقئارا پائالىيەتلىرى، مەسىلەن، ئىنتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى ھەممىگە ئايان.

جامال ئابدۇل ناسىر شانلىق نەتىجىلىرى بىلەن مىسىر ۋە ئەرەب دۇنياسىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولدى. ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇن ئۇنىڭغا بەرگەن كەڭ ھوقۇقلا ۋە ھەربىي كۈچكە ئىگە بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى جىمىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلات سۈپىتىدە تارقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەزالىرى مەۋجۇت بولدى. شۇڭا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار ئىچىدە ھىلىھەم تەسىرگە ئىگە. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قەيسەر روھى ۋە جەڭگىۋار كۈچى جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ مۆلچەرىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. مىسىردەك ئىسلام دۆلىتىدە ئىسلاملاشتۇرۇش يولىدىكى ئىش ئاما تەرىپىدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىنىدۇ. بۇ يولدىكى مەسىلىلەرنى باستۇرۇش بىلەن ھەرگىز ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قولغا ئېلىنغان ئادەملىرى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ھەمدە كونسېرۋاتىپ ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. لېكىن، جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى چوڭ ئىشلارنى قىلالمىدى.

### 3. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئەنۋەر ساداتنىڭ توقۇنۇشى

جامال ئابدۇل ناسىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەنۋەر سادات زۇڭتۇڭ بولدى. ئۇ جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە «سول قانات» كۈچلەرنىڭ رىقابىتى ئالدىدا ئۇلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچكە موھتاج ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ سوۋېتپەرەس سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، كونسېرۋاتىپ ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن، بولۇپمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە پارس قولتۇقىدىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. شۇڭا، سادات مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلدى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قولغا ئېلىنغان ئەزالىرىنى قويۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ مەلۇم چەك ئىچىدە پائالىيەت قىلىشىغا يول قويدى. لېكىن، ئۇلارغا قارىتىلغان چەكلەش پەرمانىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ

قوللىشىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سادات ئۆزىنى «تەقۋادار زۇڭتۇڭ» دەپ ئاتىدى، ھەمدە «ئېتىقاد ۋە پەن» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1971 - يىلى 5 - ئايدىكى بىر قېتىملىق نۇقتىدا، مىسىرنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، «ئىسلام ئېتىقادى تەبئىي بۇرچىمىز» ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن ئىپادىلەش كېرەك دېدى. شۇ يىلى سادات ھۆكۈمىتى پروگراممىا خاراكتېرلىك سىياسىي ھۆججەت ئېلان قىلدى. بۇنىڭدا «ئىسلام دىنى مىسىرنىڭ دۆلەت دىنى، ئەرەب تىلى مىسىرنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تىلى بولىدۇ»، «شەرىئەت پرىنسىپلىرى قانۇن چىقىرىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولىدۇ» دېيىلدى. مىسىردىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىدە 99.6 پىرسەنت ئادەم بۇ ھۆججەتنى قوللىدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى سادات ئىسلاملاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قوللايدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىدى. شۇنداقلا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولدى.

ساداتنىڭ كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى ئارقىسىدا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سابىق باش يېتەكچىسى ئۆمەر تېلمىسانىي قويۇپ بېرىلدى. چەت ئەللەردە ئۇزۇن يىل سەرگەردان بولغان رەھبەرلەر دۆلىتىگە يېنىپ كەلدى. ئۇلار قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈردى. «سادا» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى قايتىدىن نەشر قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى تەشۋىق قىلىپ، تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، ھەمدە بۇ ژۇرنالنى چەت ئەللەرگىمۇ تارقاتتى؛ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنى سىياسىي تەشكىلاتلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇردى؛ ھۆكۈمەتنىڭ غەربكە يېقىنلىشىش سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلدى، ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشقا قارشى تۇردى.

لېكىن، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغان سادات بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ.

70 ـ يىللاردا دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى زوراۋانلىق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان رادىكال تەشكىلاتلار مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇلارنىڭ كۈرەش شەكلى ۋە كۈرەش ۋاستىسى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈرەش يۆنىلىشى ۋە نىشانى ئوخشاش بولۇپ، ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيىتىنى تەشەببۇس قىلاتتى. سادات ھۆكۈمىتىنىڭ غەربكە يېقىنلىشىدىغان ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىدىغان سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتىمۇ ئۇلار بىر ـ بىرىنى قوللايتتى.

كەڭ جامائەت پىكىرىنىڭ قارىشىچە، 1967 ـ يىلىدىكى «5 ـ ئىيۇن ئۇرۇشى» (3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى) دىكى مەغلۇبىيەت مىسىردا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى جامال ئابدۇل ناسىر ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، جەمئىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلىرىنى ئاشكارىلاپ، مىسىرلىقلارنىڭ روھىغا ئېغىر زەربە بولدى، ئۇلاردا ئىدىيە ـ ئېتىقاد كرىزىسىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار ئەرەب دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان ناسىرىزمنىڭ ئەرەب دۇنياسىنىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇستەقىللىقى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كاپالەتلەندۈرەلىشىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ئىسلام دىنىغا بۇرۇلۇپ، زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى دىندىن ئىزدىدى. ۋەھالەنكى، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن

كېيىن، مىسىرنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى كونتروللىسىز قېلىپ، دىن تەشۋىقاتى ئەۋج ئېلىپ، ئاممىنىڭ دىنىي خاھىشىنى كۈچەيتىۋەتتى.[1]

1973 - يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئۇرۇشى (4 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى) تاماملانغاندىن كېيىن، سادات ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىش يولىغا ماڭدى. ئۇ ئىرۇسالىمغا بېرىپ بېگىن بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغاندا، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، ئۇنى ئەرەبلەرنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ خائىنى دەپ ئەيىبلىدى.

ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مىسىردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى ھۇمەينىنىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى قوللاپ، ساداتنىڭ سەرگەردان پادىشاھ پەھلىۋىنى قوبۇل قىلىشىغا قارشى تۇردى. مەسچىتلەردە ئىماملار ساداتنىڭ ئىسلامىيەتكە قارشى قىلمىشلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. نۇرغۇن ياشلار ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ، بولۇپمۇ رادىكال «جىھاد تەشكىلاتى» قاتارلىقلارنىڭ ئارمىيە ۋە ساقچى قوشۇنىغا سىڭىپ كىرىپ، مەخپىي تەشكىللەرنى قۇرۇشى، مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ساداتقا ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن، سادات ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتىغا قەتئىي زەربە بېرىشنى قارار قىلدى.

1981 - يىلى 9 - ئايدا «ئاسىيلىقنى بېكىتىش ۋە ھىجرەت قىلىش» تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان دىنىي پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلىنىپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ

① ھەسەن ھاپىز: «ئەسلىيەتچىلىك»، قاھىرە، مەيدىبولى نەشرىياتى، 1989 - يىلى، تۇنجى نەشرى، 52 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جاكارلىدى . 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 1500 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى . بۇلارنىڭ 10 پىرسەنتى ھەربىي ، ھەر خىل تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ، جۈملىدىن قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى ئۆمەر تىلمىسانى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى گۇمانلىق زاتلار ئىدى . سادات مۇشۇ قارارى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى تايانغان سىياسىي ئاساستىن ئايرىلىپ قالدى . شۇ چاغدا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىنى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن ، كۆپ ساندىكى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ تىغىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى . لېكىن سادات بۇ تىغدىن قاچمىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساداتنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشى ھەممە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ، ئەرەب دۇنياسىدا سادات مىسلىسىز يېتىم قالدى . 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىسلام جىھاد تەشكىلاتى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۆكتەبىر ئۇرۇشىنىڭ سەككىز يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي پاراتتا ساداتنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ، بۇ پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا ، مەملىكەت بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، مىسىردا ئىسلام ئىنقىلابى قوزغاشنى قارار قىلدى .[①]

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قاھىرەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ناسىر شەھىرىدە ئۆكتەبىر ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي پاراتتا سادات ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . ئۆلتۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن ، ئىسلام جىھاد تەشكىلاتى ئاسيۇت شەھىرىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ساقچى ئىدارىسىنى قورشىۋالدى . مىسىر ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ ، قوزغىلاڭنى ناھايىتى تېز

---

① ليۇ جىڭ تۈزگەن : «ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىگە دائىر ئەسەرلەر توپلىمى»نىڭ 161 ـ ، 162 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .

باستۇرۇۋەتتى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قوزغىلاڭغا قاتناشمىدى ، لېكىن ساداتنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ھېسداشلىق پوزىتسىيىسىدە بولدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ھازىر مىسىردا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ شەرتى پىشمىدى ، سىياسىي پائالىيەت ئارقىلىق ئىنقىلاب مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ ، دەپ قارىدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى زوراۋانلىق پائالىيەتلەرگە ئارىلاشماي ، كېيىنكى سىياسىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىدى .

### 4 . مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭى سىياسىي تەشەببۇسى

سادات ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە يەنە دولقۇن كۆتۈرۈلدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا يېڭىدىن قوشۇلغانلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ، ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەر ، كارخانىچىلار ۋە سىياسىئونلار بار ئىدى . نۇرغۇن ياشلار ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولدى . مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەنلەر مەكتەپكە سىغماي ، ئۆلكىلەردە شۆبە مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا توغرا كەلدى . پۈتۈن مەملىكەتتە ھەر كۈنى يېڭى مەسچىتلەر پۈتكۈزۈلدى . ھەر يىلى مەككىگە ھەج قىلىشقا بارىدىغانلار 100 مىڭ ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى . قاھىرەدىكى نەچچە مىڭ مەسچىت ھەر جۈمە كۈنى ناماز ئوقۇيدىغانلار بىلەن تولدى . ساقال قويغان ئەرلەر ، چۈمبەل تارتقان ئاياللارنىڭ سانى كۆپەيدى . مىسىرنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام كەيپىياتى بارغانسېرى قويۇقلاشتى . 1981 - يىلى چەت ئەللىكلەرنى ھەيران قالدۇرغان بىر ۋەقە بولدى : مىسىر ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ تۆت لېيۇتچىكى شىركەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايروپىلاندا ئىسپىرتلىق ئىچىملىك بىلەن تەمىنلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنداق قىلمىسا ئايروپىلان ھەيدىمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ تەلىپى ئايروپىلاندىكى باشقا خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن قوللاپ، قۇۋۋەتلەندى. قاھىرە ئايرودرومىدىكى خىزمەتچىلەرمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ، ھاراق سېتىشنى رەت قىلدى. مىسىر ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ ۋەقەگە ئاخىرىغىچە پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىمۇ شۇنداق ئىشلار كۆرۈلدى. فىلىم تەكشۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىكا ـ ئەخلاقىغا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، فىلىمدىكى ھاراق ئىچكەن، سۆيۈشكەن كۆرۈنۈشلەرنى يولىيورۇق سورىمايلا قىسقارتىۋەتتى. بىر سوتچى شەرئەت بويىچە ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم قىلدى. مانا بۇ ئەھۋاللار مىسىردىكى دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنىڭ ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ جىددىي خىرىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇبارەك زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن، ساداتنىڭ سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە قوللىنىپ، دۆلەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتنى ئىمكانقەدەر پەسەيتتى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە كەڭ قورساق بولۇش بىلەن پارچىلاشنى بىرلەشتۈرۈش تاكتىكىسىنى قوللاندى.

دىندىن تاشقىرى مىللەتچى مۇبارەك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالماي، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ساداتنى ئۆلتۈرگەن ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلارنىلا باستۇردى، ھەتتا ئۇلارنى سوتلاشنى كېچىكتۈردى، ھەمدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ زوراۋانلىقنى قوللىمايدىغان

ئادەملىرىگە «دوستانە» مۇناسىۋەت قوللاندى . 1982 ـ يىلى تېلمىسانىنى قويۇپ بېرىپ ، ئۇنىڭ مەلۇم دائىرىدە ھەرىكەت قىلىشىغا ، ھەتتا بەزى سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلدى . مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى يەنە تەرەققىي قىلدى .

مۇبارەكنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە تۇتقان ئوتتۇرا لۇشيەنى ئىسلام كونسېرۋاتىپلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قاراتقان تەنقىدىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتتى . ئۇ سادات دەۋرىدىكى ئامېرىكىغا ئېغىپ كېتىشنى ئۆزگەرتىپ ، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەردى . مىسىردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتى — قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزم رادىكال تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ ، داۋاملىق «مۆتىدىل» پوزىتسىيە تۇتتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسلامىزمچى رادىكاللارغا تاقابىل تۇردى .

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ ، پارلامېنتقا قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . تېلمىسانى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭى سىياسىي تەشەببۇسىنى شەرھلىگەندە مۇنداق دېدى : «بىز ھېلىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ھالىتىدە تۇرۇۋېتىمىز . . . مىسىرنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى مەسلىھەتلەرگە قاتنىشىشىمىز لازىم . . . پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ سايلىمىغا قاتنىشىش بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . » بۇ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىشكە تەييارلىنىپ ، سىياسىي جەھەتتە قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەسىرىنى قانۇنلۇق ۋاسىتىلەر بىلەن كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

مۇبارەك ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى، جۇملىدىن «مۆتىدىل» قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە بىۋاستە قاتنىشىشىغا يول قويمىدى. مۇبارەك بۇنداق قىلىشتا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى مەقسەت قىلدى. مەسىلەن، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت سايلىمىدا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قانۇنسىز غەيرىي سىياسىي پارتىيە تەشكىلى ھېسابلىنىپ سايلامغا قاتناشتۇرۇلمىدى. لېكىن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ باشقا سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ نامزاتى نامىدا سايلامغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى رەقىبى يېڭى ئەل ۋەفد پارتىيىسى[1] بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، شۇ پارتىيىنىڭ نامزاتى نامىدا پارلامېنت سايلىمىغا قاتناشتى. يېڭى ئەل ۋەفد پارتىيىسى سايلامدا كۆپرەك ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا ياردەم قىلىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەل ۋەفد پارتىيىسى بايانات ئېلان قىلىپ، دىندىن تاشقىرى بولماسلىقتا ئەمەل قىلىپ، شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سايلامدا ئەل ۋەفد پارتىيىسى كۈتمىگەن يەردىن 57 ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئەڭ چوڭ ئۆكتىچى پارتىيە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىز ئورۇن قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا مەنسۇپ بولدى. بۇ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم

---

[1] يېڭى ئەل ۋەفد پارتىيىسى مىسىردىكى ئاساسلىق ئۆكتىچى پارتىيە بولۇپ، 1978 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قۇرۇلغان. 50 مىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار كونا ئەل ۋەفد پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئەركىن كەسپتىكىلەر، ياش زىيالىيلار، ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ئەسكەرلەردىن ئىبارەت. بۇ پارتىيە شەرىئەتنى قانۇننىڭ ئاساسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان ھەر خىل ئالاھىدە پەرمانلارنى، بولۇپمۇ جىددىي ھالەت قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللايدۇ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشنى، دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى، ئەركىن رىقابەتكە ئىلھام بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەرىكەتكە ۋەكىل بولۇپ تۇنجى قېتىم پارلامېنتقا كىرىشى ئىدى . مۇبارەكنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى پارلامېنتتا ئاشكارا پىكىر بايان قىلىدىغان مۇنبىرى بولغان يېرىم قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە قىلىش ، شۇنداق قىلىپ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا سىياسىي پائالىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۈمىدنى كۈچەيتىپ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ باشقا تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىغا شىنا قېقىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى .

پارلامېنتتا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن كىرگەن پارلامېنت ئەزالىرى پارلامېنت مۇنبىرىدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدىن پۈتۈن مەملىكەتكە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلدى ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلدى . جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ، سىياسىي چىرىكلىكنى ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلەرنى ئەيىبلىدى . بۇ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1928 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان ، مەملىكەتلىك سىياسىي سەھنىدە تۇنجى قېتىم پىكىر بايان قىلىشى بولدى . زامانىمىزدىكى پارلامېنت تۈزۈمىنى قوللايدىغانلىقىنى ، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت بىلەن ھەمكارلىشىپ ، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

80 ـ يىللاردىن بۇيان ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پارلامېنتقا قاتناشقانلىقتىن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى . ۋەھالەنكى ، ئىسلام جىھاد تەشكىلاتلىرى زوراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتتى . نەتىجىدە ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار كېڭىيىپ كەتتى . ئىسلام جىھاد تەشكىلاتلىرى ئالىي مەكتەپلەردە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى ۋە تەشكىلاتلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى . مەسىلەن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سايلام قىلغاندا ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزىم رادىكاللىرى كۆپ ساندىكى ئاۋازغا ئىگە بولدى . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى جىھاد تەشكىلاتلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى . لېكىن بۇ ھال قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى . 1984 ـ يىلى يېڭى پارلامېنت يىغىنى ئېچىلغاندا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پارلامېنتتىكى ئەزالىرى سادات دەۋرىدە ئېلان قىلىنغان ئىسلام ئەنئەنىسىگە زىت كېلىدىغان «شەخسلەر سالاھىيەت قانۇنى»نى يېڭىۋاشتىن تۈزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى . بۇ لايىھە ھاكىمىيەت بېشىدىكى مىللىي دېموكراتىك پارتىيە① تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى . لېكىن ، ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقۇقى توغرىسىدىكى مەسىلە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى بىلەن دىندىن تاشقىرىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولۇپ قالدى . مۇبارەك ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بۇ مەسىلىدە يول قويۇشقا بولمايدۇ ، يول قويۇلسا مىسىر «نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى جەمئىيەتكە چېكىنىپ كېتىدۇ» دەپ قارىدى . كېيىن پارلامېنت «شەخسلەر سالاھىيەت قانۇنى»غا بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى ، ئاساسلىقى ئاياللارنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى تېخىمۇ چىڭىتتى ، لېكىن ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقۇقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئۆزگەرتمىدى .

---

① مىللىي دېموكراتىك پارتىيە 1978 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان . مىسىردا ئىزچىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلدى . ھازىر 2 مىليون 500 مىڭ ئەزاسى بار . پارتىيىنىڭ ئالىي نىشانى مىسىر خەلقىنىڭ گۈللىنىشى ، بەخت ـ سائادىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ، كەڭ ئەركىنلىك ۋە خەۋپسىزلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، ئادىل ، بىردەك ئىتتىپاقلاشقان دېموكراتىك جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت . پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى پرىنسىپى دىنىي قىممەت ، دېموكراتىيە ، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە ئەرەب خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت . بۇ پارتىيىنىڭ ھازىرقى رەئىسى نۆۋەتتىكى مىسىر زۇڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەك .

هازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى مۇبارەكنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسىدىن قورقمىدى، ئۇلار مىسىرنىڭ ئىسلاملىشىشى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلدى. مەسىلەن، دىنىي ساھەدە ئىسلام يېتەكچىلىك كېڭىشىنىڭ باشلىقى ھاپىز ئابدىسالام 1985 - يىلى 5 - ئايدا مىسىر مۇسۇلمانلىرىنى زوڭتۇڭ مەھكىمىسىگە يۈرۈش قىلىشقا چاقىردى، مىسىردا شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەت مەنئى قىلىش بۇيرۇقى چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ھاپىز ئابدىسالام قاھىرەدىكى مەشھۇر نۇر مەسچىتىدە چوڭ كۆلەملىك ناماز ئۇيۇشتۇردى. بۇ نامازغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار كەلدى. ھاپىز ئابدىسالام دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە قارشى قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدە سۆز قىلىپ، ھۆكۈمەتتىن بانكىنىڭ ئۆسۈم تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، ئاياللار ئۈزۈن پەرىجە كىيىش، چومبەل تارتىش قاتارلىق شەرىئەت قائىدىلىرىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. «بىزگە شەرقنىڭ كېرىكى يوق، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق، ئىسلام دىنىدىكى مىسىر كېرەك»، «ياكى ئىسلامىيەتنىڭ ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ياكى قانلىق توقۇنۇش بولىدۇ» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىمقى كۈچ كۆرسىتىش خاراكتېرلىك ناماز ھۆكۈمەتنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مۇبارەك ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا قارىتىلغان قاتتىق تەلەپپۇزدىكى سۆزنى ئېلان قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى (قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى)نى دىن بىلەن سىياسىينىڭ چېگراسىدىن چەتنەپ كەتتى، دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى. دىنىنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىغا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە ھۆكۈمەت قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىسى ھۆكۈمەتنىڭ «ئەلئېھرام»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گېزىتى مۇبارەكنىڭ سۆزىنى خەۋەر قىلدى . «ئاگاھلاندۇرىمەن ، ئاگاھلاندۇرىمەن ، يەنە ئاگاھلاندۇرىمەن !» دېگەن چوڭ سەرلەۋھە بىلەن مۇبارەكنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىغا قاراتقان مەيدانىنى ، جامال ئابدۇل ناسىر ۋە ئەنۋەر ساداتنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۇردى[1] .

ھۆكۈمەت بىلەن ئىسلامىزمچى رادىكاللار قارىمۇ قارشى ھالەتتە تۇردى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى سىياسىي جەھەتتە يەنىلا مۆتىدىل پوزىتسىيىدە بولۇشنى ، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشەببۇس قىلماسلىقنى قارار قىلدى . سىياسىي تەشەببۇسنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئەل ۋەفىد پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ بارغانسېرى كېڭىيىپ ، ئاخىرى ئىككىسى ئايرىلىپ كەتتى . 1987 - يىلى 2 - ئايدىكى يېڭى پارلامېنت سايلىمىدا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىككى كىچىك پارتىيە — سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى ۋە ھۆررىيەتچىلەر پارتىيىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن نامزاتلار يۇقىرىقى ئىككى پارتىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن نامدا سايلام رىقابىتىگە قاتناشتى . ئۇلار «ئىسلامىيەت — ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى . «ئاللا — بىزنىڭ مەقسىتىمىز» ، «پەيغەمبەر — داھىيمىز» ، «‹قۇرئان كەرىم› — بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىز» ، «جىھاد — بىزنىڭ كەسپىمىز» ، «مەقسەت يولىدا ئۆزىمىزنى بېغىشلاش — غايىمىز» دېگەنلەرنى تەشۋىقات شوئارى قىلدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سايلام پروگراممىسىغا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئاۋاز قوشتى ، مۇبارەك ھۆكۈمىتى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا يەنىلا

---

[1] ليۇ جىن تۈزگەن : «ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىگە دائىر ئەسەر توپلىمى» ، 167 - بەت .

ئېتىراپ قىلماسلىق، توسماسلىق فاكچىنىنى قوللاندى. نەتىجىدە، سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى ۋە ھۆرىيەتچىلەر پارتىيىسى 37 ئورۇنغا ئىگە بولدى. ئەل ۋەفىد پارتىيىسى مەغلۇپ بولدى. بۇ ھال قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇدرىتىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سايلامدىكى مۇۋەپپەقىيىتى رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا تىنچلىق شەكلى بىلەن قاتنىشىش ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن يېڭى پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغانلار مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ پىلانىمىز ئىسلام ئىدىيىسى بىلەن خەلقنى تەربىيىلەش ئىدى. ھازىر ھەممە يەردە بۇنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بارغانسېرى كۆپ خانىملار چۈمبەل تارتىدىغان بولدى. يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتىكى ھاراق زىياپەتلىرى ۋە كېچىلىك بەزمىلەر غايىب بولۇشقا باشلىدى، پىنھانلاشتى.»

ئىككى قېتىملىق سايلامدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە مىسىردىكى غايەت زور رولى ئىپادىلىنىپ، دىندىن تاشقىرى ھەر بىر رەھبەر ئالاقىدار سىياسەتلەرنى يولغا قويغاندا ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ پائالىيەتلىرى شەخسىي خاراكتېردە بولۇپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قانۇنلۇق سىياسىي تەشكىلات ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىسىر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى تەسىرى ئىپادىلەندى.

ئىسلامىزمچى رادىكاللارنىڭ زوراۋانلىق — تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە ئاسارئەتىقىلەر مەركەزلەشكەن جەنۇبتىكى ئۆلكىلەردە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىگە 19 قېتىم ھۇجۇم قىلىنىپ، 20 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندۇرۇلدى.

ئۇلارنىڭ چەت ئەللەرنىڭ مىسىردىكى ئورگانلىرىغا ، سودا ئورۇنلىرىغا ، ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىغا تارقاتقان تەشۋىقات بۇيۇملىرىدا ساياھەت كىرىمىنىڭ شەرىئەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ، غەرب ساياھەتچىلىرىنىڭ كۆپلەپ كېلىشى مىسىرغا يامان تەسىر ئېلىپ كەلگەنلىكى ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى زەھەرلىگەنلىكى ، ياش ئەۋلادلارنى چىرىتكەنلىكى ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى بۇزۇپ ، چىرىكلىك - چۇشكۇنلۇك ھادىسىلىرىنى يامىرىتىۋەتكەنلىكى ، بۇلارغا سەۋر - تاقەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ئېيتىلدى .

مىسىرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ، ئۇزۇن تارىخى ھەر يىلى نەچچە مىليون[1] چەت ئەللىك ساياھەتچىنى جەلپ قىلىدى . ساياھەتچىلىك مىسىر مىللىي كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ ، خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ، تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، 10 مىليون ئادەم ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدى .

ھۆكۈمەت بۇ رادىكاللارنىڭ مەقسىتى ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا ، خەلق ئىگىلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت دەپ قاراپ ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى . خەلق پارلامېنتى 1992 - يىلى 7 - ئايدا «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ماقۇللاپ ، ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرىغا ناھايىتى چوڭ ھوقۇق بەردى . مەركىزىي ساقچى قىسىملىرى ، ئاخبارات تارماقلىرى ۋە يەرلىك

---

① ساياھەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەنلىكتىن ، 1992 - يىلى ساياھەتچىلەر 25 % ئازىيىپ كەتتى . ئەسلىي پىلان بويىچە شۇ يىلى ساياھەتچى 3 مىليون 500 مىڭغا يېتەتتى . «ئەلئەھرام» گېزىتىنىڭ 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى سانىغا قاراڭ .

جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق ، باسقۇچلۇق قولغا ئېلىشنى قانات يايدۇرۇپ ، 1780 ئادەمنى قولغا ئالدى[①] ، نۇرغۇن قورال - ياراغ ، ئوق دورىنى ۋە باشقا قاتىللىق قوراللىرىنى قولغا چۇشۇردى .

1992 - يىلى 11 - ئايدا ھۆكۈمەت ئۈچ قېتىملىق تېررورلۇق دېلوسىنى سوراق قىلىپ ، سەككىز جىنايەتچىنى ئۆلۈم جازاسىغا ، 22 جىنايەتچىنى ئۆمۈرلۈك ھاشارغا ھۆكۈم قىلدى .

ئىسلامىزمچى رادىكاللار چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلغاندىن باشقا ، دۆلەت رەھبەرلىرىگىمۇ ھۇجۇم قىلدى . 1993 - يىلى 4 - ئايدا مىسىرنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرى شىرىپ ھۇجۇمغا ئۇچراپ ، يېنىك يارىلاندى . شۇ يىلى 7 - ئايدا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ھەسەن ئالپ ھۇجۇمغا ئۇچراپ ، يېنىك يارىلاندى . مۇخبىرلار ئۇنى زىيارەت قىلغاندا ئۇ : تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش دىنىي ئەقىدىلەرنى دەپسەندە قىلغانلىق بولىدۇ ، تېررورچىلار بىلەن كۈرەش قىلىشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن دېدى .

ھۆكۈمەت خەلقنى تېررورچىلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ ، ئىلھاملاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى . 1993 - يىلى 8 - ئايدا ئەرەب ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، تېررورچىلار بىلەن ئۇرۇشقاندا قۇربان بولغان ھەربىي - ساقچىلارغا دۆلەت ئىنقىلابىي قۇربان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ نەپىقە بېرىدىغان ، بالىلىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىدىغان بولغان ؛ ئارمىيىدىن ياكى پۇقرالاردىن يارىلانغان ئادەم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىي دەرىجىلىك داۋالاشتىن بەھرىمەن بولىدىغان بولغان .

---

① «ئەلئىھرام» گېزىتىنىڭ 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى سانىغا قاراڭ .

هازىرقى زامان ئىسلامىزم تېرروررچىلىرى باستۇرۇشتىن قورقماي، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى. 1995 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مۇبارەك زۇڭتۇڭ مەخسۇس ئايروپىلاندا ئەددىس ئەبەبەدە ئېچىلىدىغان 31 ـ نۆۋەتلىك ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىغا باردى. زۇڭتۇڭ ئولتۇرغان ماشىنا ئايرودرومدىن شەھەرگە مېڭىپ پەلەستىنىنىڭ ئېفىئوپىيىدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئىككى ماشىنا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇيۇقسىز توختاپ، زۇڭتۇڭنىڭ ماشىنىسىنى توسۇۋالدى. تۆت مەرگەن زۇڭتۇڭ ماشىنىسىغا ئوق ئاتتى، زۇڭتۇڭنىڭ يېنىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر قايتۇرما زەربە بەردى. ئىككى مەرگەن نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىم زۇڭتۇڭنىڭ بىر مۇھاپىزەتچىسى، ئېفىئوپىيىلىك ئىككى ساقچى قازا قىلدى. ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ بىرى يارىلىنىپ قولغا چۈشتى. مۇبارەك زۇڭتۇڭ ساق قالدى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مىسىر گېزىتلىرى مىسىر خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئاشكارىلىدى: بۇ قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە مىسىردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتىدىن بىرىنىڭ رەھبىرى مۇستافا ھەمزە باشچىلىق قىلغان. بۇ ئادەم ھازىر سۇدان پايتەختى خارتومنىڭ يېنىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئولتۇرىدۇ، سۇدان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ رەھبىرى ھەسەن تۇرابى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق.

شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مىسىردىكى «ئىسلام تەشكىلاتى» مۇبارەك زۇڭتۇڭنى قەستلەش ۋەقەسىنى مۇشۇ تەشكىلات قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھەمدە ئاللا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي، يەنە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ تەشكىلات ئاخبارات

ساھەسىگە بەرگەن ئوچۇق خېتىدە مۇبارەكمۇ ساداتقا ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلدى، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ساداتنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك، دېدى.

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بۇ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ھەمدە مۆتىدىل پوزىتسىيىنى ساقلاپ، ھۆكۈمەت بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى، بەلگىلەنگەن نىشانغا قانۇنلۇق يول بىلەن يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## §6. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رولى

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ ھەرىكەت XVIII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن ۋەھھابىيلار ۋە XIX ئەسىردە مىسىر قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كەلگەن ئىسلام مودېرنىزمچىلىرى (ئىسلامنى دەۋرلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرى)دىن كېيىن گۈللەنگەن دىنىي سىياسىي ھەرىكەت ئىدى. ئىككىسى تومۇرداش بولسىمۇ، ئالدىنقىسى يېڭىسى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ھەرىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تەشكىلىي قۇرۇلۇش، نەزەرىيىۋى تەرەققىيات ۋە تەسىرنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مىسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرەققىياتى مۇھىم يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، مىسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئۆزىنى ھازىرقى زامان سىياسىي پارتىيىسىنىڭ خاراكتېرىگە ۋە سەۋىيىسىگە ئىگە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، باشقا دۆلەتلەردىكى ھازىرقى

زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىغا ئۈلگە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى نۇرغۇن ئەرەب دۆلەتلىرىدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشقا ياردەم قىلىپ ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردىكى شۆبە تەشكىلاتى قىلدى .

نەزەرىيىۋى تەرەققىيات جەھەتتە ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەشھۇر ئىككى نەزەرىيىچىسىنىڭ بىرى بولغان ھەسەنۇل بەننا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى قۇرغان ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەلىماتىغا ئاساس سالغان ، ھەرىكەتتىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ ، ھەرىكەت توغرىسىدىكى تەلىماتنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى تەييارلىغان . يەنە بىر نەزەرىيىچى سەييىد قۇتۇب ھەرىكەت نەزەرىيىسىنى ئېخمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن . ئۇنىڭ رادىكال (ئاشقۇن) ئىدىيىسى ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارچىلىنىشقا ، بىر تۈركۈم تەشكىلاتلارنىڭ تېرروررلۇق يولىغا بۇرۇلۇپ كېتىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن .

تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى جەھەتتە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى شۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن ، بەلكى ئوتتۇرا شەرقتىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ قايتىدىن بىرلىشىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولغان .

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پەلەستىندە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبە تەشكىلىنى قۇردى . كېيىن ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئەھمەد ھەسەن ياسىن ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى تەشكىلاتى (قىسقارتىلىپ «خاماس» دېيىلىدۇ )نى قۇردى . خاماسنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدا خاماس مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىسى ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەندى . ئىسرائىلىيىگە قارشى

كۆرەشتە خاماس ئىنتايىن جانلىق بولدى. ھەمىشە دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان زوراۋانلىقلارنى قىلدى. ئىسرائىلىيە بىلەن يارىشىشقا قارشى تۇرۇپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە قارشى تۇرىدىغان ئاۋانگارت بولدى. ئۇ ئىسرائىلىيە ئىشغالىيىتى دائىرىسىدىكى 48 پىرسەنت خەلقنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

1944 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىئوردانىيە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مىسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى دوراپ، پائال ھەرىكەت قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى سايلامدا ئاۋام پالاتاسىدىكى 80 ئورۇن (كېڭەش پالاتاسىنى پادىشاھ تەيىنلەيدۇ)دىن 23 ئورۇنغا ئىگە بولدى. 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى سايلامدا يەنە 17 ئورۇنغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، پارلامېنتتىكى كۈچى ئەڭ چوڭ سىياسىي تەشكىلات بولدى. 1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىئوردانىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى قارىشنى قولغا ئېلىپ، ئۇنى قانۇنسىز قوراللىق تەشكىلات قۇردى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ ياردەم قىلىشى بىلەن تېررورلۇق قىلىپ، ئىئوردانىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزگەرتمەكچى ۋە ھازىرقى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى دەپ ئەيىبلىدى.

80 ـ يىللاردىن بۇيان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى سۇرىيە، ئالجىرىيە ۋە سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەردە تېز تەرەققىي قىلدى، ھەمدە دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

سۇرىيىدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى سۇرىيە گۈللەندۈرۈش پارتىيىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى 1982 ـ يىلى سۇرىيىنىڭ مۇھىم شەھىرى خامانى بىرمەھەل كونترول قىلىۋالدى. ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت

ئەسكەر ئەۋەتتى. بىرنەچچە كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپ، بۇ توپىلاڭنى تىنجىتتىۋالدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتتى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ھازىرمۇ چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ھۆكۈمەتكە قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

سۇدان ئىسلام مىللىي فرونتى بولۇنقى سۇدان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىدى. ئۇ مىسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، جانلىق كۆرەش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قانۇنلۇق ئاشكارا پائالىيەتلەر ۋە قانۇنسىز يوشۇرۇن پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ، ئۆزلۈكسىز كۈچ توپلىدى. 1989 ـ يىلى پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇردى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇشنى قولغا كەلتۈردى.

باشقا بەزى ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى مۆتىدىل قېرىنداشلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ ھۆكۈمەتكە زوراۋانلىق كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمىدى، ئادەتتە ئاشكارا قانۇنلۇق شارائىتتىن پايدىلىنىپ ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىدى. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى.

مىسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى مىسىرغا چوڭ تەسىر پەيدا قىلغاندىن تاشقىرى، ئىسلامىزمچى بەزى رادىكال تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولدى. بۇ رادىكال تەشكىلاتلار سەييىد قۇتۇبنىڭ كەسكىن ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، زوراۋانلىق پائالىيەتلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر تەسىر

يەتكۈزدى . ئۇلار چەت ئەللەرنىڭ قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئىگە بولغانلىقتىن ، مىسىر بىلەن ئۇ دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتتى .

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مىسىر ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتىغا ياردەم بەرگىنىگە مىسىر ئىنتايىن نارازى بولدى (1954 - يىلى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى باستۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇيۇشمىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان ) . لېكىن ، مىسىر سىياسىي ، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى نەزەرگە ئېلىپ ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنى ئاشكارا ئەيىبلىمىدى .

مىسىر بىلەن ئىران 1979 - يىلى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەسلىگە كەلتۈرمىدى . مىسىر ئىراننى مىسىردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمنى ياقلايدىغان رادىكال تەشكىلاتلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى قوللىدى دەپ ئەيىبلىدى . خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، سۇدان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش لاگېرى قۇرغان . ئىران ئۇنى راسخوت ، ئوقۇتقۇچى ۋە زۆزۈر بولغان قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلىگەن . مىسىر خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلىنىپتۇ . بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ساقچىلار تۇتماقچى بولغان مىسىرلىقلار ئىكەن .

يېمەن تالاش - تارتىشىدىن باشقا ، سۇداننىڭ مىسىر ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتىنى قوللىشى تۈپەيلىدىن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئىزچىل جىددىي بولۇپ كەلدى . بولۇپمۇ ، 1995 - يىلى مۇبارەك زۇڭتۇڭنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان دەرىجىگە يەتتى . مىسىر ھۆكۈمىتى سۇدان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسلام مىللىي فرونتىنىڭ داھىيسى ھەسەن تۇرابىنى مىسىر ئىسلام تەشكىلاتىنى مۇبارەكنى ئۆلتۈرىدىغان قورال سېتىۋېلىش بىلەن تەمىنلىدى دەپ ئەيىبلىدى . مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە ، ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ، يەنى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مىسىر ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ قوراللىق تۆت ئادىمى قولغا ئېلىنىدى ، ئۇلار ھەربىي سوتتا سۇدان ئىسلام مىللىي فرونتىنىڭ قورال سېتىۋېلىشقا پۇل بېرىپلا قالماستىن ، مىسىرگە قورال توشۇغانلىقىنى ئىقرار قىلدى . مىسىر ساقچىلىرى ئاسۋان ئۆلكىسىنىڭ بىر بازىرىدا قورال يوشۇرۇلغان ئۈچ ئورۇننى تاپتى . مىسىرنىڭ «ئەلئېھرام» گېزىتى مۇبارەكنىڭ : «سۇدان ھۆكۈمىتىنىڭ مىسىرنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە خەۋپسىزلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش يولىدىكى سۇيىقەستلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا تاللىۋېلىشقا بولىدىغان ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ئۈستەلگە قويۇلدى . ھەرقانداق تاللىۋېلىش چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ .» دېدى . ئەنگلىيىنىڭ «كۆزەتكۈچى گېزىتى» 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ماقالە ئېلان قىلىپ : «مىسىرنىڭ خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىدىكى قاتتىق قوللۇقلار مۇبارەكنى سۇدانغا تاقابىل تۇرۇشتا ‹تاللاپ تۇرۇپ ، دادىل › ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشقا دەۋەت قىلدى» دەپ يازدى .

خەلقئارادا زوراۋانلىق ـ تېررورلۇققا بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش خاھىشى كۈنسايىن كۈچەيدى . مەسىلەن ، ئەرەب ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىرى 1995 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا يىغىن ئېچىپ تېررورچى كۈچلەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى مەسلىھەتلەشتى .

قىسقىسى ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىجابىي تەرىپىمۇ ، سەلبىي تەرىپىمۇ بار . ئىجابىي تەرىپى چەت ئەللەرنىڭ

مۇستەملىكىچىلىككە ، ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇرۇشىدا ، ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇرۇشىدا ، جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ فېئودال خانىدانلىقنى ئاغدۇرۇۋېتىشىگە ياردەم قىلىشىدا ، خىيانەتچىلىك ، چىرىكلىك ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇشىدا ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى تەشەببۇس قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ . سەلبىي تەرىپى دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، ھەرىكەتكە بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى ئىسلام ئەسلىيەت روھى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشنى ، ئالدى بىلەن مىسىردا ئىسلام «ئۈممە»سىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئاندىن پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام ئىنقىلابى قوزغاپ ، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، دۆلەتنى ، دۇنيانى دىن ئارقىلىق باشقۇرۇپ ، شەرىئەتنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئىسلاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ .

مىسىر — ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەن جاي ، بۇ ھەرىكەتنىڭ تارىخى 60 يىلدىن ئاشىدۇ ، بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى كەڭ ، كۈچى ئەڭ زور . بۇ ھەرىكەت نېمە ئۈچۈن مىسىردا غەلىبە قىلماي ، خۇمەينى باشچىلىقىدىكى ئىران ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ۋە ھەسەن تۇرابى باشچىلىقىدىكى سۇدان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئاۋۋال غەلىبە قىلىپ ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ، ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرالايدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن مىسىرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ .

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىرنەچچە ئون يىللىق كۈرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ، ھاكىمىيەتنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىشنىڭ پۈرستى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى ، شۇڭا «پارلامېنت يولى»غا مېڭىپ ، ھاكىمىيەتنى تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن تارتىۋېلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ جانلىق تاكتىكىسى ، ئۇزۇنغا داۋاملاشقان جەڭگىۋار كۈچى ۋە ئاما ئىچىدىكى كەڭ تەسىرى ئۇنى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ پايدىلىق شارائىتلىرىغا ئىگە قىلدى . شۇڭا ئۇ مىسىردىكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەتكە ئەڭ زور خەۋپ يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن كۈچ دەپ قارالدى . مىسىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئېلىشىپ ، ھەر خىل ئىستراتېگىيە ، تاكتىكىلارنى قوللاندى .

بىرىنچىدىن ، قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى . جامال ئابدۇل ناسىر دەۋرىدە «سىياسىي پارتىيىلەر قانۇنى »نى ئېلان قىلىپ ، ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى ، كېيىن مۇشۇ قانۇنغا ئاساسەن ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى . سادات دەۋرىدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا قارىتىلغان چەكلىمە بوشاشتۇرۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئورنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى . مۇبارەك دەۋرىدىمۇ ئۇ قانۇنسىز ئورۇندا تۇردى . يەنى مۇئەييەن دائىرىدىكى سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا ، مەسىلەن ، پارلامېنت سايلىمىغا قاتنىشىشىغا يول قويۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامى بىلەن ئۆز ئالدىغا سايلامغا قاتناشماي ، باشقا پارتىيىلەر بىلەن بىرلىشىپ ، باشقا پارتىيىلەرنىڭ نامىدا سايلامغا قاتنىشىدىغان بولدى . 1984 ـ يىلىدىكى پارلامېنت سايلىمىدا سەككىز ئورۇنغا ئىگە بولغان، 1989 ـ يىلىدىكى پارلامېنت سايلىمىدا مەلۇم غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن 1995 ـ يىلىدىكى پارلامېنت سايلىمىدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى . بۇ ھال بىر تەرەپتىن ، سايلىغۇچىلارنىڭ تاللىۋېلىشىنى چۈشەندۈرسە ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ كۈچلۈك كونترول

قىلىش كۆچىنى مەلۇم دەرىجىدە چۆشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1992 ـ يىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئېلان قىلغان «تېرروزلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»دا «تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بالىلىرىنىڭ ھەرقانداق ئىسلامىزمچى رادىكال تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىشىغا يول قويمىدى. رادىكاللارنىڭ زوراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى قاتتىق جازالاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان جامائەت پىكرى مىسىردا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئەلۋەتتە، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى زوراۋانلىقنى تەشەببۇس قىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ قانۇن ئۇنىڭغىمۇ تەھدىت سېلىش رولىغا ئىگە بولدى.

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى، ئىنژېنېرلار جەمئىيىتى، دوختۇرلار جەمئىيىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق كەسپىي جەمئىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ دىنىي سىياسىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغان تەشكىللەر بولۇپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، پارلامېنت 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «كەسپىي جەمئىيەتلەرنىڭ سايلام قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سايلام ئارقىلىق بۇ تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىنى چەكلىدى.

ئىككىنچىدىن، تەشۋىقات ساھەسىنى كونترول قىلدى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ مەسچىتلەردىن پايدىلىنىپ سىياسىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1993 ـ يىلدىن باشلاپ 2 — 3 يىلدا مەملىكەت ئىچىدىكى 170 مىڭ مەسچىتنى (بۇ مەسچىتلەرنىڭ 80 پىرسەنتىنى شەخسلەر باشقۇرىدۇ) پۈتۈنلەي دۆلەت دىن فوند مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، مەسچىتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى دۆلەت بىر تۇتاش تاللاپ تەيىنلەشنى، ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلەشنى پىلانلىدى.

ئۈچىنچىدىن، ھەربىي ھوقۇقنى چىڭ تۇتتى. زۇڭتۇڭ جامال ئابدۇل ناسىردىن تارتىپ، زۇڭتۇڭ مۇبارەككىچە ھەممىسى ئارمىيىنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتتى، ئۆزى قوراللىق قىسىملارنىڭ ئالىي قوماندانى ۋە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى (ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا قارار چىقىرىدىغان ئالىي ئورگان) نىڭ رەئىسى بولدى. ئۇلار كۈچلۈك ئارمىيە قۇرۇپ، مىسىرنى ئوتتۇرا شەرقتىكى كۈچلۈك ھەربىي دۆلەتلەرنىڭ بىرى قىلىش يولىدا تىرىشتى. 1 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى (1948 ـ يىلى 5 ـ ئاي)دىن ئىلگىرى مىسىرنىڭ ھەربىي كۈچى ئاجىز بولۇپ، قورال ـ ياراغلىرى كونا ئىدى. ھازىر مىسىرنىڭ ھەربىي تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرى سەۋىيىسى ناھايىتى زور يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دۆلەت مۇداپىئە سانائەت سىستېمىسى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. 1971 ـ يىلى مىسىرنىڭ ئەسكىرى 310 مىڭغا يېتىپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىدا تۈركىيەدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. لېكىن، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قورال سانى تۈركىيىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. 1988 ـ يىلى مىسىر داۋىد لاگېرى كېلىشىمىسى ئىمزالاپ، ھەربىي تەييارلىقلارنى كېڭەيتىش قەدىمىنى ئاستىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەربىي ئىشلار بويىچە ئوتتۇرا شەرقتىكى 3 ـ چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ھەربىي كۈچىنىڭ زورىيىشى ھاكىمىيەتنى قوغداشتىلا ئەمەس، بەلكى مىسىرنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئامىل بولدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئارمىيىگە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش مىسىرنىڭ سىياسىي كۆرىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. جامال ئابدۇل ناسىر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باش يېتەكچىسى

ھۆدەيبىدىن ئارمىيە ئىچىدە مەخپىي «كالوننا» قۇرماسلىقنى ، ھەمدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخپىي ھەربىي تەشكىلاتلىرىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . ئارمىيە ئىچىدە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم خاھىشى پەيدا بولغاچقا ، سادات كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلدى . ئۇ قولغا ئالغان مىسىردىن ئارتۇق ئادەمنىڭ 10 پىرسەنتى ھەربىي بولۇپ ، ئۇلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلدى . مۇبارەكمۇ قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئارمىيىگە سىڭىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆردى .

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ھەربىيلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇزىگە تارتتى . ماددىي جەھەتتە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ياخشى تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇردى . مەسىلەن ، 7 - ئاي ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، جامال ئابدۇل ناسىر ئارمىيىنىڭ كەڭ دېھقانلار بىلەن چەمبەرچاس ئالاقىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇچ قېتىم يەر ئىنقىلابى قىلىپ كەڭ دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان تەلىپىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرۇپ ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ، ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىنىڭ يېڭى ھاكىمىيەتنى قوغداش يولىدىكى ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى .

## 7 § . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى مىسىرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، دىپلوماتىيە قاتارلىق ئەھۋاللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ لۇشيەن ، فاڭجېن ، ئىستراتېگىيە ،

تاكتىكا قاتارلىق سۇبيېكتىپ ئامىللارغا، رايون ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىپ كۆرىمىز.

### 1. ئىقتىسادىي جەھەتتە

مۇبارەك زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن، سادات دەۋرىدىن قالغان مەبلەغ ۋە قەرز، مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ۋە كەسىپلەر قۇرۇلمىسى، تۈزۈلمە ۋە سىياسەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن، ئىستېمال خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىشنى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىشكە ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە پۇل ئامانىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىمپورت قىلىشنى ئازايتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى، يۇقىرى قاتلامنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشكە بولمايدىغانلىقىنى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ۋە چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىگىلىكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

1991 ـ يىلى مىسىر خۇسۇسىيلاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويدى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات جەريانىدا ناھايىتى زور خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا خېلى نەتىجىلەرگە ئىگە بولدى. پۇل پاخاللىقى 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 21 پىرسەنتتىن 1996 ـ يىلىدىكى 7.1 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى 4 پىرسەنتنىڭ ئۈستىدە بولدى. مىسىر پۇلىنىڭ قىممىتى ئىزچىل مۇقىم بولدى. چەت ئەل پۇلىنىڭ ئامانىتى 1982 ـ يىلىدىكى 4 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 1996 ـ يىلىدىكى 18 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا كۆپەيدى. مەبلەغ ۋە قەرز مەسىلىسىنى ھەل

قىلىشتىمۇ نەتىجە قازاندى . بولۇپمۇ ، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن ، مىسىر ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدە غەرب دۆلەتلىرى ۋە پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە رايون ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا گەۋدىلىك رول ئوينىغانلىقتىن غەرب ۋە پارس قولتۇقىدىكى نېفىت كۆپ چىقىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ۋە قەرزىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىگە ئىگە بولدى . پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىر يىلدا 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قەرزى كەچۈرۈم قىلىۋېتىلدى . بۇ مىسىرنىڭ ھەممە قەرزىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ[1] .

بۇنىڭدىن باشقا ، پارس قولتۇقى رايونىدا ئەمگەك كۈچى بازىرىغا ئىگە بولدى . مەسىلەن ، كۇۋەيتتە نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە قاتناشتى . قايتا قۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئالدى . شۇنىڭ بىلەن ، مىسىر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كۆپەيدى . 1992 - يىلى ئىشسىزلىق نىسبىتى 10 پىرسەنتنىڭ ئاستىغا تۆۋەنلىدى . خام چوتتىكى قىزىل رەقەم ئازايدى . 1991 — 1992 - يىللىق خام چوت قىزىل رەقىمى 7 پىرسەنتنىڭ ئاستىدا بولۇپ ، مىسىرنىڭ ئىقتىسادي پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى .

## 2 . سىياسىي جەھەتتە

دۇنيادىكى دېموكراتىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە مىسىر دېموكراتىيىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى . بۇنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇكى ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى پارتىيىلەرنى چەكلەشنى قويۇپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۆكتىچىلەرنىڭ تەسىرىنى

---

[1] ئامېرىكىدىكى سودىگەرچىلىك جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى دوكتور مەھمۇد ۋاھابنىڭ ئېيتىشىچە ، مىسىرنىڭ سىرتقى قەرزى 1990 - يىلى 42 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، 1991 - يىلى 29 مىليارد 800 مىليون دوللارغا چۈشۈپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىمكانقەدەر ئاجىزلاتتى . شۇڭا ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى مىللىي دېموكراتىك پارتىيىدىن باشقا پارتىيىلەرنىڭ كۈچى ناھايىتى كىچىك بولدى . سىلىشتۇرۇپ كۆرگەندە ، يېرىم قانۇنلۇق ھېسابلىنىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت بۇ دىنىي سىياسىي تەشكىلات مىسىردىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۆكتىچى پارتىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ئۇنى ھۆكۈمەت ھەر تەرەپتىن چەكلەپ تۇرغاچقا ، ئۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلالمىدى . مۇبارەكنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىككى قوللۇق تاكتىكىسى خېلى ياخشى ئۈنۈم بەردى ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى ئاساسەن مۇقىم بولدى .

### 3 . دىپلوماتىيە جەھەتتە

زۇڭتۇڭ مۇبارەك ئوتتۇرا لۇشيەننى قوللىنىپ ، تۆۋەندىكى بىر قاتار نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى : مىسىر بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ؛ ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ باش شتابى قاھىرەگە كۆچۈپ كېلىپ ، مىسىر يېڭىۋاشتىن ئىتتىپاق باشلىقى بولدى ؛ بىرقەدەر مۇتەئەسسىپ ۋە بىرقەدەر كۈچلۈك سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەكشەشكە ئەھمىيەت بەردى ؛ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مىسىردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنى قوللىغانلىقىغا مۇبارەك ئىنتايىن خاپا بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ئاشكارا ئەيىبلىمىدى ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى ؛ ئامېرىكا بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئورناتقان بولسىمۇ ، لېكىن مۇئەييەن ئارىلىق ساقلىدى . ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىدە مۇبارەك ئۆز دۆلىتىنىڭ ئورنىدىن پايدىلىنىپ ، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان كۆۋرۈكلۈك رول ئويىنىدى . ئىسرائىلىيىدە 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نىتانىياخۇ

زۆڭلى بولغاندىن كېيىن، «تىنچلىق مۇساپىسى»دە ئەگرى - توقايلىقلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى تەرەپلەر ئۇنى تۈگىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. 1996 - يىلى 6 - ئايدا مۇبارەك ئىراق 1990 - يىلى كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئەرەب دۆلەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، نىتانىياخۇ ھۆكۈمىتىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ سىياسەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ماسلاشتۇردى. يىغىن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى گەۋدىلەندۈردى.

مۇبارەكنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى مىسىرنىڭ خەلقئارا ئورنىنى ۋە ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى، مىسىرنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچى رادىكال كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش قۇدرىتىنى ئاشۇردى.

### 4. خەلقئارا ۋەزىيەت

ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى 1979 - يىلى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ كۈچلۈك زىلزىلىسى مىسىرغا ھۇجۇم قىلدى. سادات ئۇنىڭ تۇنجى قۇربانلىقى بولدى. مۇبارەك بىرنەچچە قېتىم خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى مۇبارەكتىن كېيىنكى مىسىر ئۈستىدە باش قاتۇردى. ھازىر پۈتكۈل دۇنيا ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، ۋەزىيەت ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە 70 - ، 80 - يىللاردىكىدەك پايدىلىق بولماي قالدى، ئۇنىڭ ھۇجۇمى تەدرىجىي ئاجىزلىدى. ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشتىن دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت بىلەن تىركىشىدىغان ھالەتكە ئۆتتى، قىسمەن جايلاردا ھۇجۇمنى توختاتتى ياكى چېكىندى. ھازىرقى دۇنيادا «3 - گۇرۇھ»، «ئوتتۇرا يول»، «يېڭى

ئەندىزە» ھېسابلىنىدىغان ئىسلام ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلەتلىرى — ئىران، سۇدان ۋە ئافغانىستانلاردا ئۇلار ئارزۇ قىلغان جەمئىيەت تېخىچە ئەمەلگە ئاشمىدى. كىشىلەر ئۇلار تەسۋىرلىگەن ئادىل جەمئىيەت، پاك سىياسىي ۋە گۈزەل تۇرمۇشنى قاچانكۆرەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا بۇ يېڭى ئەندىزىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بۇرۇنقىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ خىل ئەھۋال مىسىرغا تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە قىزغىنلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا شەرقتىكى تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە ئېغىر زەربە بولدى.

## 5. كىشىلەرنىڭ ھىمايە قىلىشى ياكى قارشى تۇرۇشى

مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن كۆزەتكەندە مىسىر غەرب مەدەنىيىتىنى بىرقەدەر بالدۇر ۋە كەڭ قوبۇل قىلغان دۆلەت. XVIII ئەسىردىن بۇيان بۇ دۆلەت ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر قوراللىق ئېلىشىدىغان جاي بولۇپ كەلدى. ئۇزۇن داۋاملاشقان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە مىسىر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى مىسىردىكى فېئوداللىق سىستېمىغا غايەت زور زەربە بەردى: مەدەنىيەت جەھەتتە، نۇرغۇن زىيالىيلار مىللەتنى كۈچلەندۈرۈش يولىنى ئىزدەپ، نەزىرىنى غەربكە بۇراپ، پەننى، ئىدراكنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، مىسىرنى ۋە ئىسلام دۇنياسىنى قايتىدىن قۇرۇشقا ئۇرۇندى. دەل مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە ئىسلام مودېرنىزمى بارلىققا كەلدى، روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن

كېيىن ، سوتسىيالىزم ئىدىيىسىمۇ مىسىردا كەڭ تارقالدى . 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ، مىللەتچىلىك ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مىسىر جەمئىيىتىگە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى .

مىسىردا 1952 - يىلى فارۇق خاندانلىقى ئاغدۇرۇۋېتىلىپ ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى . جامال ئابدۇل ناسىر مىسىرنى جاھانگىرلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇردى . مىسىر خەلقى 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان شادلىققا چۆمدى . جامال ئابدۇل ناسىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا بەزى سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتى . سادات دەۋرىدە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن پەيدا بولغان ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشتىن كىشىلەر نارازى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىمۇ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يولى ، سىناپ بېقىشقا بولىدۇ ، دەپ قارىدى . مۇبارەك دەۋرىدە مىسىرنىڭ ئىچكى ، تاشقى سىياسىتى ئومۇمىي جەھەتتىن نەتىجىگە ئېرىشتى ، دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىۋاتىدۇ .

قىسقىسى ، يۈز يىلدىن بۇيان مىسىر خەلقى دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنىڭ رەھبەرلىكىگە ئادەتلىنىپ قالدى ، ئۇلار ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ بەزى ئىشلىرىغا ئىنتايىن نارازى بولسىمۇ ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەك دەپ قارايدىغان دەرىجىگە يەتمىدى . بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلار ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا مەنسۇپ رادىكال تەشكىلاتلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك قارشى تۇردى . كىشىلەر قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۆتىدىل پوزىتسىيىسىنى قارشى ئالمىسىمۇ ، لېكىن قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «پەقەت ئىسلامىيەت ھەل قىلالايدۇ» دېگەن تەشەببۇسىنى ئېتىراپ

قىلدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى . دېمەك ، ھازىرقى ھاكىمىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرسىلا ، خەلق دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى داۋاملىق قوللايدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئەگەر دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئىشسىزلىقنى ئازايتىش ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ، نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش ، تۆرىچىلىكنى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىكنى تۈگىتىش ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ئىشلارنى قىلالمىسا ، ئۇ ھالدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى ۋە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى تەرەققىي قىلىدىغان شارائىت مەۋجۇت بولىدۇ ، ئىككى خىل ئىجتىمائىي كۈچنىڭ ئېلىشىشى ۋە ئاخىر كىم غەلىبە قىلىش ، كىم مەغلۇپ بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ .

### 6 . چوڭقۇر دىنىي مەدەنىيەت ئاساسى

60 نەچچە يىلدىن بۇيان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ ، ھازىرقىدەك مىسىردىكى ئەڭ كۈچلۈك دىنىي سىياسىي كۈچ بولۇپ تۇرۇشى ئۇنىڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇھال مىسىرنىڭ دۆلەت ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، زامانىمىزدىكى مىسىردا ئىسلام دىنى سىياسىي جەھەتتە ھاكىمىيەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي بولغان ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە . 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئادەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . مانا بۇ ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تارىخىي مەدەنىيەت

ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى غايەت زور بولدۇ ، ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كېتىدۇ ، ئۇنى قورال كۈچى بىلەن باسقىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇۋېرىدۇ .

60 نەچچە يىلدىن بۇيان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن دىندىن تاشقىرى هاكىمىيەت تەكرار ئېلىشىپ باقتى ، بەزىدە بىرى ئۇستۇن كەلسە ، بەزىدە يەنە بىرى ئۇستۇن كەلدى . لېكىن ، ئالدىنقىسى هوقۇقسىز ئورۇندا ، كېيىنكىسى هاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلدى . قارىغاندا ، بۇنداق ئەهۋال هازىر ئۆزگەرمەيدۇ ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۆزگىرىش ئېهتىماللىقى چوڭ ئەمەس . بۇنىڭدىكى سەۋەب ، هازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى دىندىن تاشقىرى هاكىمىيەتكە بىرقەدەر پايدىلىق ، هازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىغا ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا بىرقەدەر پايدىسىز بولغانلىقىدا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى باب

# ئىراندا مولللار ھاكىمىيەتنى قانداق تارتىۋالدى ۋە دۆلەتنى قانداق باشقۇردى

ئىسلامىزمنىڭ ئىراندا گۈللىنىشى دۇنيا تارىخىدىكى گەۋدىلىك ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرگە مەلۇمكى، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈش، ئىلاھىي ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، دۆلەتنى دىن بىلەن باشقۇرۇش قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئەسىردە ئەۋج ئالغان تۈزۈملەر ئىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش، سېكۇلارىزم (بىدئەتلىك) ياكى دىندىن تاشقىرىلىشىش تەدرىجىي ھالدا ئومۇمىيلىققا ئىگە يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. 70 ـ يىللاردا دۇنيادىكى بەزى دۆلەتلەردە ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سانى ئىنتايىن چەكلىك بولدى، بەلكى دىنىي كەيپىيات بارغانسېرى قويۇقلاشماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. ئەمىسە ئىراندا نېمە ئۈچۈن ئىسلامىزم گۈللىنىپ كېتىدۇ، ئىراندا مولللار ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن قوللانغان تەدبىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى قانداق بولدى؟ بۇ تەدبىرلەر تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردىمۇ ياكى كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردىمۇ، چېكىنىش بولدىمۇ، تارىخنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلدىمۇ؟ ئۇنىڭ خەلقئارا تەسىرى قانداق بولدى؟ بۇلار ھەققىدە

دۇنيادىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ گەپ بولدى. كىشىلەر بۇ ئىشلارنى تارىخ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە دىن قاتارلىق نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. چەت ئەللەردە ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر نەشر قىلىندى، دۆلىتىمىزدىمۇ نۇرغۇن ئالىملار بۇ تېما ئۇستىدە ئىزدەندى. بۇنداق تەتقىقاتلار ئەھمىيەتسىز ئەمەس، بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىلەرنىڭ تارىخ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە دىن قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىنى بېيىتىدۇ، ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## § 1 . ئىراندا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ گۈللىنىشىدىكى تارىخىي شارائىت

ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن 1300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بەزى دۆلەتلەردە، جۈملىدىن ئىسلام دىنىغا كىيىنرەك كىرگەن دۆلەتلەردە ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بەزى دۆلەتلەردە ھازىرمۇ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم مەۋجۇت. لېكىن، ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بەزى رايونلاردا ئىسلام دىنى باشتىن ئاخىرغىچە بىر خىل ئورۇندا تۇرمىدى، بەلكى بەزىدە گۈللەنسە، بەزىدە ئاجىزلاشتى. مەلۇم دەۋر ئاجىزلىشىشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەزى ئاجىزلىشىش بولغاندا، گۈللىنىش بولدى. ئۇنىڭ ئاجىزلىشىش ۋە گۈللىنىشىنىڭ كونكرېت سەۋەبى بار.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، نۇرغۇن دۆلەتلەر خېلى ئۇزۇنغىچە دىندىن تاشقىرىلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەزى دۆلەتلەردە نېمە ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى پەيدا بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىن ۋە خەلقئارا شارائىتتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى باشقا دۆلەتتە ئەمەس، بەلكى ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى پارتلاپ غەلىبە قىلدى. ئۇلىما ياكى مۇجتەھىد (شەرىئەت ئەھكامىنى تۈزگۈچى ئالىم) دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي ئەرباپلار (جۈملىدىن ئاياتۇللا ۋە خوجات ئىسلام قاتارلىقلار) ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى. بۇنداق بولۇشنى نۇرغۇن كىشىلەر كۈتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تاسادىپىي پەيدا بولغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى نۇرغۇن ئامىللار ئىلگىرى سۈرگەن.

### 1. شىئە مەزھىپىنىڭ پېرسىيەدە تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى

ئىران ئاھالىسىنىڭ 98.8 پىرسەنتى مۇسۇلمان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىئە مەزھىپىدىكىلەر 91 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىراندىكى كوردلار ۋە تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى سۈننىي مەزھىپىدە. ئاز ساندىكى ئاھالە خىرىستىئان دىنىغا، يەھۇدىي دىنىغا ۋە ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپرەك بولۇپ، ئاھالىنىڭ 0.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرمەن 190 مىڭغا يەتكەن. ئاسسۇرىيلارنىڭ بەزىلىرى نېستورى دىنىغا، بەزىلىرى پروتېستانتىيە دىنىغا، بەزىلىرى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن 68 مىڭ ئادەم بولۇپ، ئاھالە سانىنىڭ 0.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مەملىكەت بويىچە يەھۇدىي دىنىدىكىلەرنىڭ 30 چېركاۋسى بار،

ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار 25 مىڭ ئادەم بولۇپ، ئاھالىنىڭ 0.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەزد ئەتراپىغا جايلاشقان، شىمالدا تېھران، جەنۇبتا كەرمانغىچە تارقالغان.①

ئىراننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساق، ئىسلام دىنىنىڭ خېلى ئۇزۇن دەۋر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئامىل بولغانلىقىنى، جۈملىدىن شىئە مەزھىپىنىڭ رولىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادىيىنىڭ 637 - يىلى ئەرەبلەر پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. 642 - يىلى بۇ قوشۇننى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتتى. 651 - يىلى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى مۇفتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پېرسىيە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. ئەرەبلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئىسلام دىنىمۇ پېرسىيىگە تارقالدى.

ئەرەب خەلىپىلىكىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە خەلىپىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن جىددىي كۈرەشلەر داۋام قىلدى. 4 - خەلىپە ھەزرىتى ئەلى مۇئاۋىيە بىلەن قارشىلىشىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن، پايتەختنى مەدىنىدىن ئىراقتىكى كۇفەگە يۆتكىدى. كۈرەشتە ھەزرىتى ئەلى يېڭىلىپ، 661 - يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىنمۇ 680 - يىلى كەربالادا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلىگە ئەگەشكەن يەنە بىر مەزھەپ — شىئە مەزھىپى ئورتودوكسال سۈننىي مەزھىپى بىلەن قارشىلاشتى، شىئە مەزھىپى 4 - خەلىپە ھەزرىتى ئەلى، ئۇنىڭ

---

① ئىران ئىسلام تەبلىغات ئىدارىسى: «بۈگۈنكى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»، تېھران 1987 - يىلى نەشرى، 47 -، 120 -، 124 - بەتلەرگە قاراڭ.

ئايالى فاتىمە ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى (12 ئىمام) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىرى بولالايدۇ، دەپ قارىدى. 12 ـ ئىمام مۇھەممەد ھەسەن مەھدى بالاغەتكە يەتمەي (873 ـ يىلى) يوقاپ كېتىپ، غايىب بولغان ئىمام، ئۇ تىرىك، لېكىن كىشىلەر ئۇنى كۆرەلمەيدۇ، ئىنساننى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئاخىرقى پەيتتە پەيدا بولىدۇ، دەپ قارالدى. 12 ئىمامنىڭ ئىككىسى يەنى 6 ـ ئىمام بىلەن 8 ـ ئىمام مەدىنىدىن خوراسانغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار پېرسىيىنىڭ بەزى شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلغان، كېيىن ھەزرىتى ئەلى دەپنە قىلىنغان جاي نەجەف، ھۇسەيىن دەپنە قىلىنغان جاي كەربالا (بۇ ئىككى شەھەر ھازىر ئىراق چېگراسى ئىچىدە). 8 ـ ئىمام ئەلى رىزا دەپنە قىلىنغان جاي مەشھەد ۋە رىزانىڭ ھەدىسى فاتىمە دەپنە قىلىنغان جاي قۇم شىئە مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (بۇ ئىككى شەھەر ھازىر ئىران چېگراسى ئىچىدە).

شىئە مەزھىپىمۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىمامنىڭ دىنىي نوپۇزىغا ئىشىنىدۇ. شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار تۇنجى ئىمام ھەزرىتى ئەلىدىن كېيىنكى 3 ـ ئىمام ھۇسەيىننىڭ قۇربان بېرىش روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققا داۋاملىشىدىغان مۇقەددەس ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ.

شىئە مەزھىپىنىڭ پەيدا بولۇشى شەكسىزكى، سۈننىي مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغا خىرىس بولدى. شىئە مەزھىپى پېرسىيىدە ۋە ئىراقنىڭ بەزى جايلىرىدا تېز تەرەققىي قىلدى. پېرسىيىدىمۇ ئۇ ئەرەب ئىشغالىيەتچىلىرىگە خىرىس بولۇپ قالدى. 945 ـ يىلى بۇۋەيھىيەلەر ئاباسىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى باغداتنى تارتىۋالدى. بۇۋەيھىيەلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا (1055 ـ يىلى ئاغدۇرۇۋېتىلگەن) شىئە مەزھىپىنىڭ ھەدىسلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، لېكىن يىغىپ

ئېيتقاندا، شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇش ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولدى.

ساسانىيلار سۇلالىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، XVI ئەسىرگىچە بولغان 900 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە پېرسىيە يات مىللەتلەرنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۇچراپ كەلدى. 661 ـ يىلدىن 750 ـ يىلغىچە ئۇمەييەلەر دۆلىتىنىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىنىۋېلىندى، كېيىن ئابباس خەلىپىلىكىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلدى. IX ئەسىردە پېرسىيە ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، ئەمەلىيەتتىكى مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ شەكىللەندى. لېكىن، XI ئەسىردە تۈركلەر تەرىپىدىن سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. XIII ئەسىردە موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كېلىپ، ئېلخانىلار خانلىقىنى قۇردى. XIV ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىردا پېرسىيە يەنە ئىستېلاچى تېمۇرنىڭ «ئولجىسى» بولدى. چەت مىللەتلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئەھۋال ئاستىدا، شىئە ئەقىدىلىرى چەت ئەل ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنىڭ قورالى بولۇپ قالدى.

XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پېرسىيىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئادەملىرى (ئەزەر، پارس قاتارلىقلار)نىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلىتى، يەنى سەفەۋىلار خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى قۇرۇلدى. سەفەۋى دېگەن سۆز سافىددىن (1254 — 1334) دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. سافىددىن سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمان بولۇپ، ئاددىردا سوپى مەزھىپىدىكى دەرۋىشلەرگە رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىئە مەزھىپىگە ئۆتكەن. سەفەۋىلار خانىدانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى ئىسمائىل (1502 — 1524) 1502 ـ يىلى ئەزەربەيجاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، تەبرىزنى قولغا ئېلىپ، پادىشاھ بولۇۋالغان. شىئە مەزھىپىنىڭ ئامما ئىچىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى مۇستەھكەملەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ ، زېمىننى كېڭەيتىش ئۈچۈن ، شىئە ئەقىدىسىنى دۆلەت ئەقىدىسى قىلغان . سەفەۋىلار جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىگە ۋە ئەنئەنىسىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، XV ئەسىردە سەفەۋىلار جەمەتىنى ھىمايە قىلىدىغانلار ئىچىدە سەفەۋىلار جەمەتى 7 ـ ئىمامنىڭ ئەۋلادى دېگەن رىۋايەت شەكىللەنگەن . شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسى دۆلەت ئەقىدىسى قىلىنغانلىقى جاكارلانغاندىن كېيىن ، ئىسمائىل شىئە مەزھىپىنى سۈننىي مەزھىپىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا كۈشكۈرتكەن . ئاباس I (1587 — 1629) تەختتىكى چاغدا سەفەۋىلار خانىدانلىقى شىئە مەزھىپىنى داۋاملىق قوللاپ ، سۈننىي مەزھىپىگە زىيانكەشلىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان . ئۇ مەشھەدنى شىئە مەزھىپى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان . ئۇ بۇ ئۇسۇلنى تۈركلەر ۋە ئۆزبېكلەر بىلەن قارشىلىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلغان .

1502 ـ يىلى ئىسمائىل پادىشاھ بولۇۋالغاندىن تارتىپ ، 1722 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاخىرقى پادىشاھ شاھلىق تاجىسىنى تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن ئافغانلارغا سوۋغا قىلىپ بەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سەفەۋىلار خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شىئە مەزھىپى پېرسىيىدە ھەقىقىي گۈللىنىشنى باشتىن كەچۈردى . بۇ 220 يىلدىكى شىئە مەزھىپىنىڭ تەرەققىياتى پېرسىيە دۆلىتىنىڭ كېيىنكى 200 يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى .

ئافغانلار ئىشغال قىلىپ يەتتە يىلدىن كېيىن ، يەنى 1730 ـ يىلى پېرسىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى . نادىر شاھ 1736 ـ يىلى تاج كىيىپ ، يېڭى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، فىقھىيە قاتارىغا چۈشۈرۈپ ، سۈننىي مەزھىپىدىكى تۆت فىقھىيەنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان 5 ـ فىقھىيە قىلىپ قويۇپ ، جەئفەرىيە (6 ـ ئىمام

جەئفەرنى مەنىۋى داھىي قىلغانلىقتىن شۇنداق دەپ ئاتالغان ) دەپ ئاتىماقچى بولدى . شىئە مەزھىپىنىڭ سەفەۋىلار خاندانلىقى دەۋرىدە ئىگىلىگەن يەرلىرىنى ۋە باشقا مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلماقچى بولدى . 1736 - يىلى نادىر شاھنىڭ «شىئە مەزھىپىنىڭ بىدئەتلىكى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، جەئفەرىيە فۇرۇش توغرىسىدىكى لايىھىسى 1742 - يىلى چاقىرىلغان ئىران ئۆلىمالىرى يىغىنى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى . نادىر شاھنىڭ مەقسىتى بىرىنچىدىن ، شىئە مەزھىپىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ ، شىئە مەزھىپىگە تايانغان سەفەۋىلار خاندانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە ئۇزۇل - كېسىل زەربە بېرىش ؛ ئىككىنچىدىن ، دۆلەت ئىچىدە سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر بىلەن شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشنى تۈگىتىپ ، تۈركىيە بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە ئاسانلىق يارىتىپ ، تۈركىيىنىڭ ئەھلى جەدىتلەرنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ؛ ئۈچىنچىدىن ، جازا يۈرۈش قىلىپ ، غەربىي ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ دىنىي ئاساسىنى سېلىشتىن ئىبارەت ئىدى . نادىر شاھنىڭ سىياسىتى شىئە مەزھىپىگە ئېغىر زەربە بولدى . لېكىن ، نادىر شاھ تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، 1747 - يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى . بەلكى ئۇزۇن يىللاردىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن شىئە مەزھىپىنىڭ ئورنىنى بىر - ئىككى خاندانلىق بىرنەچچە ئون يىلدا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەلمەيتتى . نادىر شاھ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەنىلا شىئە مەزھىپىنى كۆزدە تۇتاتتى . بەزىدە جەئفەرىيە شىئە مەزھىپى دەپمۇ ئاتالدى .

سەفەۋىلارخاندانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن ، شىئە مەزھىپىدىكى ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراققا قېچىپ بېرىپ ، نەجەف ۋە كەربالادا تىرىكچىلىك قىلدى . ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان موللا بىھبانى (1803 - يىلى ۋاپات بولغان ) مۇجتەھىدلەرنىڭ ئاساسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھكاملانى چۈشەندۈرۈشى كېرەكلىكىنى ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىردىن مۇجتەھىدنى ئۈلگە قىلىشقا تاللىۋېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى . شۇنىڭ بىلەن ، مۇجتەھىدلەر مۇستەقىل سىياسىي قارار چىقىرالايدىغان ئاساسقا ئىگە بولدى . بۇ ئىش پېرسىيىدىكى موللىلارنىڭ كېيىن سىياسىي كۈرەشلەرگە قاتنىشىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى .

شىئە مەزھىپىدىكى قەجەر 1779 ـ يىلى ساندى خاندانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ ، قەجەر خاندانلىقىنى قۇردى . بۇ ئىككى خاندانلىق شىئە مەزھىپىنى قوللايتتى . قەجەر خاندانلىقىنىڭ ئىككىنچى پادشاھى ئەلى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۆلىمالارنىڭ ئورنى كۈچەيتىلدى . ئۇلار نۇرغۇن دىنىي مال ـ مۈلۈكنى باشقۇردى ، باج كىرىم قىلدى ، مۇشۇ مەبلەغلەردىن پايدىلىنىپ تەلىم ـ تەربىيە ، خەير ـ ساخاۋەت ئورگانلىرىنى ۋە مەدرىسىلەرنى سالدى . مەھكىمە شەرئىيلەرنى قۇرۇپ ، شەخسلەر ۋە ئائىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى بىر تەرەپ قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە دىنىي ساقچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ مەھكىمە شەرئىينىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلدۇردى . سىياسىي جەھەتتىمۇ مۇئەييەن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى . مەسىلەن ، 1826 ـ يىلى ئۆلىما پادشاھقا بېسىم ئىشلىتىپ ، ئۇنىڭدىن رۇسىيىگە جىھاد ئېلان قىلىپ ، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى رۇسىيە ـ پېرسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن رۇسىيىگە كېسىپ بېرىلگەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى .

## 2 . XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىئە مەزھىپىدىكى ئۆلىمالار سىياسىي جەھەتتە يېتەكلىگۈچى ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەجەر خاندانلىقى

چىرىكلىشىپ ، جاھانگىرلارنىڭ قوۋل قىلىشىغا تىز پۇككەنلىكتىن ، شۇنداقلا خانىدانلىق دىندىن تاشقىرى ئىسلاھاتنى يولغا قويغانلىقتىن ، خانىدانلىق بىلەن ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش كۈنسايىن چوڭىيىپ كەتتى . 1872 ـ يىلى پادىشاھ 70 يىللىق قەرەل بىلەن پىرسىيىنىڭ تۆمۈريول ، تراللېيبۇس ، تاشيول ، تېلېفون ، سۇغىرىش قۇرۇلۇش ، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن باشقا ھەممە كانلىرىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىر بانكىسىنىڭ ھوقۇقىنى بىر ئىنگلىزنىڭ تاموژنا بېجى يىغىۋېلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئۇنىڭ ئالدىن 40 مىڭ فوند ستېرلىڭ تاپشۇرۇشىغا ، 60 پىرسەنت پايدىسىنىڭ تاموژنا بېجىنى كېمەيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى . ئۆلىمالار بۇ ئىشقا كۈچلۈك قارشى چىقتى ، نەتىجىدە پادىشاھ 1873 ـ يىلى بۇ كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . ۋەھالەنكى ، 1890 ـ يىلى پادىشاھ مەخپىي يول بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىمپېرىيە تاماكا شىركىتىگە پىرسىيىنىڭ 50 يىللىق تاماكا سېتىۋېلىش ـ سېتىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھوقۇقىنى بېرىۋەتتى . پادىشاھ ئۆزى 25 مىڭ فوند ستېرلىڭ قىممىتىدە سوۋغا ئالدى ، شىركەت ھەر يىلى پىرسىيىگە 15 مىڭ فوند ستېرلىڭ تاپشۇرىدىغان ، بۇنىڭدىن باشقا ، 25 پىرسەنت پايدا قوشۇپ بېرىدىغان بولدى . بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتتە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى . پادىشاھ بۇ غۇلغۇلىنى ئىسلام مۇتەپەككۇرى جامالىددىن ئافغانى قۇتراتقان دەپ گۇمان قىلىپ ، ئۇنى ئىراققا قوغلىۋەتتى .

جامالىددىن ئافغانى ئىراقتا شۇ چاغدىكى شىئە مەزھىپىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى شىرازنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى . بۇھال دۆلەت ئىچىدىكى موللىلارنىڭ تېھران ، ئىسپاھان ، مەشھەد ۋە تەبرىز قاتارلىق جايلاردا قوزغىلىپ پادىشاھقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ئىلھام بولدى . 12 ـ ئاينىڭ باشلىرى شىراز تاماكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ ، مۇسۇلمانلاردىن پادىشاھ ئەنگلىيىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيە شىركىتىگە بەرگەن ئىمتىيازىنى بىكار قىلمىغۇچە تاماكا چەكمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. 1892 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بەزىلەر ئوردىغا ھۇجۇم قىلدى. پادىشاھ ئاخىر بۇ ئىمتىيازنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تاماكا ھەرىكىتىدە شىئە مەزھىپىدىكى موللىلارنىڭ پېرسىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

كېيىن جامالىددىن ئافغانى پارىژغا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ ئەرەبچە «ئىتتىپاق گېزىتى» ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى پادىشاھقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1905 ـ يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، پېرسىيىدە پادىشاھقا قارشى ھەرىكەت يېڭىۋاشتىن كۆتۈرۈلدى. 1906 ـ يىلى رامزاندا ئىسپاھاندىكى موللىلار بىر قېتىملىق دىنىي مۇراسىمدا ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەبىتلىكىگە، ئادالەتسىزلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ موللىلارنى قولغا ئالدى. بەزى مۇسۇلمانلار نامايىش قىلىپ ساقچى ئىدارىسىگە باردى. نامايىشچىلاردىن بىر ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەتىسى بۇ ئۆلتۈرۈلگۈچىگە ھازا تۇتقانلاردىن 22 ئادەم كازاك بىرىگادىسىدىكى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تېھراننىڭ مەشھۇر موللىلىرى بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ 2 مىڭدەك مۇسۇلماننى باشلاپ، مۇقەددەس جاي قۇمغا ماڭدى. تېھراندا ئومۇمىي ئىش تاشلاش بولدى. نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر ئەدلىيە مەھكىمىسى ۋە خەلق پارلامېنتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

پادىشاھ قۇمدىكى ئۆلىمالار ۋە تېھراننىڭ سودا ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، يول قويۇشنى قارار قىلىپ، «ۋەكىللەر پارلامېنتى» قۇرۇش

توغرىسىدا 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بۇيرۇق چۈشۈردى .

كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلىمالارنى ۋەكىل قىلغانلىقتىن ، 106 ئورۇنغا ئىگە پارلامېنتتا ئۆلىمالار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى . ئۆلىمالار پارلامېنتنى قولغا ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىيەلمىدى .

ئۆلىمالار ئىچىدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت بولدى : بىر خىل قاراشتىكىلەر ، 12 ئىمام مەھدى كېلىشتىن ئىلگىرى مۇجتەھىدلەردىن تەركىب تاپقان قانۇن تۈزۈش ھۆكۈمىتىنى ھازىرقى ياۋۇزلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك ، دەپ ھېسابلىدى . يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر ، كۆپ سانلىق بولۇپ ، شۇنداق قىلىش كېرەك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن ، دەپ ھېسابلىدى . ئالدىنقىلار رادىكاللار ، كېيىنكىلەر مۆتىدىللەر دەپ ئاتالدى . دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقى مەسىلىسىدە رادىكاللار ئاللا ھوقۇقنى ئىمامغا بېرىدۇ ، ئاندىن كېيىن مۇجتەھىدلەرگە بېرىدۇ . شۇڭا ، خەلققە مەنسۇپ بولمايدۇ ، دەپ قارىدى ؛ لېكىن مۆتىدىللەر باشقىچە قاراشتا بولدى ، نەتىجىدە ئاساسىي قانۇننىڭ 35 ـ ماددىسىدا ئالىي ھوقۇق خەلق پادىشاھقا تاپشۇرغان مەسئۇلىيەتتۇر دەپ يېزىلدى .

پارلامېنتتا ئۆلىمالار يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانلىقتىن ، پارلامېنت ماقۇللىغان ئاساسىي قانۇندىمۇ ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلدى . ئاساسىي قانۇننىڭ 1 ـ ماددىسىدا جەئفەرىيە شىئە مەزھىپى ياكى 12 ئىمامچىلارنىڭ ئەقىدىسى دۆلەت ئەقىدىسى قىلىنىدۇ . پادىشاھ ، ۋەزىرلەر ۋە قازىلار جەئفەرىيە شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى . 1906 ـ يىلى ئاساسىي قانۇنى پادىشاھ تەستىقلاپ ئۆزۈن ئۆتمەي ، پارلامېنت ئاساسىي قانۇننى تولۇقلايدىغان ماددىلارنى ماقۇللىدى : بۇ ماددىلارنىڭ ئىچىدىكى 2 ـ ماددا

پارلامېنت ماقۇللىغان قانۇن لايىھىسىنى بەش مۇجتەھىدتىن تەركىب تاپقان كومىتېت ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىنغان دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ، بۇ بەش كىشىلىك كومىتېتنى پارلامېنت ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا قويغان 20 نامزات ئىچىدىن سايلاپ چىقىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددا ئىجرا قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلىمالارنىڭ ئورنى قانۇن جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىندى. پادىشاھ بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، پادىشاھ ئاساسىي قانۇنغا تولۇقلانغان ماددىلارنى 1907 - يىلى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولدى.

1905 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە بولغان مەزگىل ئۆلىمالار سىياسىي تۇرمۇشقا پائال قاتناشقان، ھەمدە ناھايىتى زور سىياسىي تەسىرگە ئىگە بولغان مەزگىل بولدى. ئۆلىمالار پادىشاھنىڭ كۈچلۈك ئۆكتىچىسى، ھەرقانداق ئادەم سەل قاراشقا بولمايدىغان سىياسىي كۈچ بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۆلىمالار ئۆزى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالمىغانلىقتىن، پارلامېنت ئىسلامىزمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ماددىلارنى ماقۇللىغان بولسىمۇ، بۇ ماددىلار يولغا قويۇلمىدى. دېمەك، ئۆلىمالار ئاساسىي قانۇن ئىسلاھاتىدا كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانچە ئەمەلىي نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

### 3. ئۆلىمالار پەھلىۋى خاندانلىقىنى قۇرۇشقا ياردەم قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىتىلدى

20 - يىللاردا رىزاخان پەھلىۋى دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشنى نىيەت قىلغاندا، ئۆلىمالارنىڭ پوزىتسىيىسىنى نەزەرگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆلىمالارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن نەجەفتىن قوغلانغان مەشھۇر ئۆلىما ئىسپاھانى بىلەن نەئىنىنىڭ پېرسىيىگە كېلىپ

ساياھەت قىلىشقا ۋە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا يول قويدى . نەتىجىدە ، ئۆلىمالارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى . 1925 - يىلى پادىشاھ ياۋروپاغا زىيارەتكە ماڭغاندا ، رىزاخان پەھلىۋى نەجەف ۋە كەربالاغا تاۋاپ قىلىشقا بېرىپ ، نەجەفتە ئىسپاھانى ۋە نەئىنى زىيارەت قىلىپ ، ئۇلارغا ئۆزى ھۆكۈمران بولۇپ قالسا ، ئاساسىي قانۇندىكى ئىسلام دىنىغا دائىر ماددىلارنى ، بولۇپمۇ مۇجتەھىدلەر قانۇن چىقىرىشنى تەكشۈرۈشكە دائىر ھەممە ماددىلارنى يولغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . 10 - ئايدا پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنىڭ ماقۇللىشى بىلەن پادىشاھ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، رىزا پەھلىۋى نائىبلىققا تەيىنلەندى . ئۇ نائىب بولغاندىن كېيىن قىمار ئويناشنى ، ھاراق سېتىشنى دەرھال مەنئى قىلدى . بولكىنىڭ باھاسىنى چۈشۈردى ، ئەخلاق يېتەكچىلىكىنى يولغا قويۇش ، «مۇقەددەس ئىسلامىيەتنىڭ ھەقىقىي قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بەردى . 12 - ئايدا پادىشاھ بولدى .

لېكىن ، رىزاخان پەھلىۋىنىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەندە ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ۋەدىسىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەمەس ، بەلكى رەقىبلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش بولدى . يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە بىلەن ئەنئەنىۋى دىنىي زاتلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى رەقىب ئوتتۇرىسىدا پادىشاھ بۇرژۇئازىيىنى قوللاپ ، دىنىي ساھەدىكىلەرنى چەكلىدى . بۇ ھال 20 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋە 30 - يىللاردا پادىشاھ يولغا قويغان دىندىن تاشقىرى ھەر خىل تەدبىرلەردە ئىپادىلەندى .

پارلامېنت تەركىبىدىكى ئۆلىمالارنىڭ نىسبىتى تەدرىجىي ئازايتىلدى . 1926 - يىلدىن 1928 - يىلىغىچە بولغان پارلامېنتتا ئۆلىمالارنىڭ سانى 40 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى . 1936 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە بولغان 11 - نۆۋەتلىك پارلامېنتتا بىرەر دىنىي مەشھۇر ئەرباب قالمىدى .

دىنىي قانۇننىڭ ھوقۇقىمۇ تەدرىجىي ئاجىزلىتىلدى . 1928 - يىلى يولغا قويۇلغان ھەق تەلەپ قانۇنىدا شەرىئەت دۆلەتكە بويسۇندىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى . 1930 - يىلى ئېلان قىلىنغان مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قائىدىسىدە مەھكىمە شەرئىي بىر تەرەپ قىلىدىغان دېلولارنىڭ نىكاھلىنىش ، نىكاھتىن ئاجرىشىش ، ھامىيلىق قىلىش بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى ، ئۇنىڭ ھوقۇقى گۇناھى بار ياكى يوقلۇقىنى بەلگىلەش بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى . 1932 - يىلى ھۆججەت ۋە مال - مۈلۈكنى ئەنگە ئالدۇرۇش قانۇنى ئېلان قىلىنىپ ، مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . 1936 - يىلى يەنە قانۇن ئېلان قىلىنىپ ، دىنىي خادىملارنىڭ دۆلەتنىڭ سوت ئورۇنلىرىدا سوتچى بولۇشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

مال - مۈلۈك جەھەتتە ، ھۆكۈمەت دىنىي فوند تارماقلىرىغا قاراتقان ھوقۇقىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ ، دىنىي خادىملارنىڭ ھوقۇقىنى كىچىكلەتتى . ۋەخپىلەرنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى سەفەۋىلار خانىدانلىقى دەۋرىدە باشلانغانىدى . بۇ خانىدانلىق يوقالغاندىن كېيىن ، ۋەخپىلەر كۆپ ئازىيىپ كەتتى . XIX ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەلى ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى . 1934 - يىلى پادىشاھ ۋەخپە قانۇنىنى ئېلان قىلىپ ، مائارىپ مىنىستىرلىقى تەۋەسىدىكى ۋەخپە مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتتى . بۇ مەھكىمە ئىگىسىز قالغان ياكى ئىگىسى ئېنىق بولمىغان مال - مۈلۈكلەرنى باشقۇرىدىغان بولدى . ئىگىسى بار مال - مۈلۈكلەرنىمۇ نازارەت قىلىدىغان بولدى .

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مائارىپ ساھەسىنى كونترول قىلىشنى تەدرىجىي كۈچەيتتى . پېرسىيىدىكى دىنىدىن تاشقىرى مەكتەپلەر 1951 - يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلغان . شۇ چاغلاردا ،

ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دىنىي مەكتەپلەر ئىدى. 1929 ـ يىلى پادشاھ دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دائىرىسىنى چەكلەپ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ سانىنى ئازايتىشنى بەلگىلىدى. 1934 ـ يىلى ۋەخپە قانۇنىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، دۆلەت نۇرغۇن دىنىي مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى. دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەشنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن، تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1935 ـ يىلى ئىلمۇل ئىلاھ (تىئولوگىيە ـ ئىلاھىيەت ئىلمى) كافېدراسى تەسىس قىلدى.

ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە كىيىم ـ كېچەك شەكلى جەھەتتىمۇ يېڭى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. 1928 ـ يىلى بىر تۇتاش كىيىم ـ كېچەك قانۇنى ئېلان قىلىندى. ئەرلەرنىڭ كاستۇم كىيىشى، ئۇچلۇق يۇملاق بۆك (كېيىن پەھلىۋى بۆكى دەپ ئاتالدى) كىيىشى بەلگىلەندى. پادشاھ 1934 ـ يىلى تۈركىيىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممە ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى ۋە مەكتەپلەرنى ئاياللارغا ئېچىۋېتىشنى بۇيرۇدى. 1935 ـ يىلى ئاياللارنىڭ چۈمبەل تارتىشى قانۇنسىزلىق دەپ بەلگىلەندى. ئەرلەر ياۋروپاچە شلەپە كىيىدىغان بولدى.

رىزاخان پەھلىۋى قوللانغان بۇ تەدبىرلەرگە دىنىي زاتلار نارازىلىق بىلدۈردى، لېكىن پادشاھ پەرۋا قىلمىدى. ھەتتا زورلاپ يولغا قويدى. 1935 ـ يىلى بەزى مۇسۇلمانلار مەشھەدتىكى 8 ـ ئىمامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغاندا باشتا شلەپە بولسا، پېشانىسى يەرگە تەگكۈزۈپ سەجدە قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن شلەپە كىيىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى. ئەزەربەيجاندىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئەسكەرلەر تاۋاپ قىلغۇچىلارغا ئوق چىقىرىپ، 100 ئادەمنى ئۆلتۈردى، 250 ئادەمنى يارىدار قىلدى. پادشاھ تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ھەمدە بۇ قەبرىستانلىقنىڭ باشلىقىغا ئۆلۈم

جازاسى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن دىندىن تاشقىرىلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئۆزگەرتمىدى. نەتىجىدە ۋاپات بولغاندا پادىشاھ خەلقىنىڭ ماتەم تۇتۇشىنى توسماقچى بولدى. كەربالا پاجىئەسىنى يەنى ئىمام ھۈسەيىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى خاتىرىلىگەندە كىشىلەرنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنى - ئۆزى ئۇرۇشىنى 1939 - يىلى چەكلىدى، كىشىلەرنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشىنى توسىدى. رىزاخان پەھلىۋى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىلدى.

### 4. پادىشاھ پەھلىۋى دىنىي ئۆكتىچىلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ گۇركارلىرىنى يېتىشتۇردى

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا رىزاخان پەھلىۋى گېرمانىيە تەرەپتە تۇرغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ئىراننى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىمۇ تەۋرەپ قالدى. پادىشاھلىق ئورنىنى 1941 - يىلى ئوغلى مۇھەممەد رىزا پەھلىۋىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مۇھەممەد رىزا پەھلىۋى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئورنى مۇستەھكەم بولمىدى. دىنىي زاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېگە بولۇش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ دەسلەپ تەختكە چىققان چاغدا قوللانغان ھۈنىرىنى تەكرارلاپ، دىنىي زاتلارغا ياخشىچاق بولۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. مەسىلەن، ۋەخپىنى سېتىشقا يول قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ 1911 - يىلىدىكى مائارىپ قانۇنىنى ئۆزگەرتىپ، دىنىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى ياخشىلىدى؛ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ ئەمەلدارلارغا رامزان ئېيىدا ئىسلام دىنىنىڭ ھەر خىل پەرھىزلىرىگە ئەمەل قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، دىنىي كەيپىيات بۇرۇنقىدىن

كۆچەيدى . بەزى ئايالّلار يېڭىۋاشتىن چۈمبەل تارتىپ كوچىغا چىقىدىغان بولدى . بەزى ئۆلىمالار 1948 - يىلى پەتىۋا چىقىرىپ ، ئايالّلار كوچىغا چىقسا چۈمبەل تارتىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى . 1945 - يىلى ئەسەبىي تەشكىلات — ئىسلام پىدائىيلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ ، ئاساسىي قانۇن بويىچە شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى ، هاراق - تاماكىنى ، كىنونى ، ئەپيۇننى ، قىمارنى ، هەتتا چەت ئەل كىيىملىرىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى . ئايالّلار كوچىغا چىقسا چۈمبەل تارتىش توغرىسىدىكى يېڭى بەلگىلىمىنى ، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشتەك جازالارنى قوللىدى . ئومۇمىيۈزلۈك يەر ئىسلاھاتى قىلىشنى ، سانائەتنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ۋە هەر خىل پاراۋانلىق تەدبىرلىرىنى ماختىدى . بۇ تەشكىلات قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى كۈرەش ۋاستىسى قىلىپ ، 1946 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە دىندىن تاشقىرى بىر ئادۋوكات هەم يازغۇچىنى ، بىر ۋەزىرنى ، بەهائىيە (سۇفىلار ئىچىدىكى بىر خىل كۆزقاراش ) مەزهىپىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنى ۋە باش ۋەزىر رازمەلانى ئۆلتۈرۈۋەتتى .

يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي زاتلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ چاغلاردا پادىشاھقا قارشى تۇرمىدى . 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتى پارتلاپ ، پادىشاھنىڭ ئورنى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا ، يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي زاتلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ شېرىك بولغان بولسىمۇ ، ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى ئەمەس ئىدى . نۇرغۇن دىنىي زاتلار ئۆزىنى چەتكە ئالدى ياكى پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى قوللىمىدى . ئۇلارنىڭ ھەرىكەت جەريانىدىكى ئورنى ۋە رولى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكىدىن كۆپ پەرقلەندى . بىرىنچىدىن ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاساسىي قانۇنلۇق ئىنقىلاب دەۋرىدە نۇرغۇن دىنىي زاتلار بىرقەدەر كەسكىن ئىدى . نېفىتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتىدە كۆپىنچىسى مۇتەئەسسىپ بولۇۋالدى . ئىككىنچىدىن ، ئاساسىي قانۇنلۇق ئىنقىلاب دەۋرىدە دىنىي زاتلارنىڭ كۈچى شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىچىدە خېلى كۈچلۈك ئىدى . نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتىدە بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىياتنىڭ كۈچى گەۋدىلىكرەك بولۇپ ، دىنىي زاتلاردىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى كۈچ چېتىپ قالدى . بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى ، بىرىنچىدىن ، رىزاخان پەھلىۋى يولغا قويغان دىندىن تاشقىرى سىياسەت دىنىي زاتلارنىڭ كۈچىنى بەك ئاجىزلىتىۋەتكەنىدى ؛ ئىككىنچىدىن ، پادىشاھ مۇھەممەد رىزا پەھلىۋى دىنىي زاتلارغا ياخشىچاق بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ، دىنىي زاتلاردا ياخشى تەسىر پەيدا قىلغانىدى ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئەينى چاغدىكى ئىران دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى دىنىي زاتلار بىۋاستە ھېس قىلىپ يەتمىگەچكە ، ئاممىنى جەلپ قىلالايدىغان ئېنىق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانىدى . شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىت ئۆلىمالارغا بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىپ ، پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، ئۆلىمالار ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرمىغانىدى .

نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتىدىن كېيىن ، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ، ئەنئەنىۋى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى قوللاش ، رادىكال كۈچلەرگە زەربە بېرىش فاڭجېنىنى داۋاملىق يولغا قويدى . پادىشاھ ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى قىلىۋېلىپ ، خانىشنى ئېلىپ قۇم ، مەشھەد ، كەربالا قاتارلىق مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلدى . مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلدى ، ئىراندا تەسىرى بار ئاياتۇللا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى . 1955 - يىلى ئاياتۇللا قوزغىغان بەھائىيە مەزھىپىگە قارشى ھەرىكەتنى پادىشاھ ئۆزىگە پايدىلىق دەپ بىلىپ قوللىدى .

شۇڭا، 1955 ـ يىلى پادىشاھ ئىسلام پىدائىيلار ئەترىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندا، ئۆلىمالار سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. لېكىن، كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى.

دىنىي زاتلار بىلەن پادىشاھ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى «ئاق ئىنقىلاب»تىن باشلاندى. 1959 ـ يىلى ئىران ھۆكۈمىتى 19 ـ نۆۋەتلىك پارلامېنتقا يەر ئىسلاھاتى لايىھىسىنى سۇنغاندىن كېيىن، ئاياتۇللا بۇرۇجىردى بۇنى شەرىئەتكە ۋە ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ دەپ قارىدى. مەسچىت، مەدرىسىلەرنى رېمونت قىلىشقا ۋە باشقۇرۇشقا، رامزاندا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەتلەر ۋەخپە يەرلەردىن كىرىدىغان بولغاچقا، بۇ ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىنىشىدىن ئالاھىدە ئەنسىرىدى. 1960 ـ يىلى ماقۇللانغان يەر ئىسلاھاتى قانۇنىدا ۋەخپە يەرلەر ئىسلاھاتقا كىرگۈزۈلمەيدىغان بولدى. بۇنىڭدىن بۇرۇجىردى رازى بولدى.

دىلىپ شېرونىڭ «ئاياتۇللالار رەھبەرلىكىدىكى ئىران» (ئەنگلىيە، 1987 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدىكى تەھلىلىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئاز ساندىكىسى پادىشاھ تەرەپتە تۇرۇش مەيدانىنى قوللانغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىلغا ئايرىلغان: بىرىنچى خىلدىكىلەر بۇرۇجىردى ۋەكىللىكىدىكى بىرقەدەر مۆتەئەسسىپلەر بولۇپ، ئۇلار دىنىي زاتلار سىياسىيغا ئارىلاشماسلىق كېرەك دەپ قارىغان. لېكىن، چەك ساندىن ئېشىپ كەتكەن يەرلەرنى دۆلەتنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنىمۇ قوللىمىغان. بۇنداق ئۆتكۈزۈۋېلىش شەرىئەتتە ئېتىراپ قىلىنغان خۇسۇسىي مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ دەپ قارالغان؛ ئىككىنچى خىلدىكىلەر ئوتتۇرىدا بولۇپ، سىياسىي بىلەن كارى بولماسلىقنى قوللىمايدۇ، لېكىن ئاساسىي زېھنىنى شىئە مەزھىپىنىڭ مەدرىسلىرىگە ۋە باشقا ئىجتىمائىي

ئورگانلىرىغا قارىتىدۇ ؛ ئۈچىنچى خىلدىكىلەر رادىكاللار بولۇپ ، ئۇلار خەلق پارلامېنتىنىڭ سىياسىي مۇساپىسىگە قاتنىشىپ ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ .

دىنىي زاتلار يەر ئىسلاھاتىغا دەسلەپ قارشى تۇرغاندا ، سىياسىي جەھەتتە كونىلىقنى ساقلايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى . ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىدە (مەسىلەن ، ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچكى قاتارلىقلاردا ) ئەنئەنە بىلەن چەكلەندى . لېكىن ، سىياسىي كۆرەشتە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ لوگىكىسى بار ئىدى . دىنىي زاتلار بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، دىنىي زاتلار پادىشاھقا قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلىپ ، ناھايىتى كۆپ ، ئىنتايىن ئۆتكۈر تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى . مەسىلەن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ چىرىكلىشىشىگە ، پادىشاھنىڭ خاس ھوقۇقىغا ، جاھانگىرلارنىڭ ئىراندا تەسىرىنى كېڭەيتىشىگە ۋە پادىشاھ بىلەن جاھانگىرلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشىگە قارشى تۇردى . بۇ تەشەببۇسلار ئىراننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغاچقا ، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىدى . ۋەھالەنكى ، پادىشاھ بەزى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار (مەسىلەن ، يەر ئىسلاھاتى )نى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ ، جەمئىيەتتىكى بەزى تەبىقىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى . بۇنداق قىلىش قارىماققا ئىلغارلىققا مايىل بولسىمۇ ، لېكىن چىرىكلىك ، مۇستەبىتلىك ، جاھانگىرلارنىڭ قوللىشىغا تايىنىش قاتارلىق ئۆز كۈچى بىلەن تۈزىتىپ كېتەلمەيدىغان ئىللەتلەر مەۋجۇت ئىدى . شۇڭا ، پادىشاھ ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئورنى ئاجىزلاپ كەتكەندى . پادىشاھ دىنىي زاتلاردىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي كۈچنى ئوسال ئەھۋالدا قويغاندا ، ھەم قارشى تەرەپنىڭ چاقىرىق قىلىش ئىقتىدارىنى سەل چاغلىدى ، ھەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تۆۋەن چاغلىدى .

1962 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئارمىيە توقۇنۇشۇپ قالدى . ھۆكۈمەت دائىرىلىرى توققۇز ئادەمنى قولغا ئالدى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالارنىڭ پارلامېنتتىكى باياناتچىسىمۇ بار ئىدى . ھۆكۈمەت بىلەن مەسچىتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىشكە باشلىدى . 11 ـ ئايدىكى يەرلىك پارلامېنت سايلىمىدا ھۆكۈمەت نامزاتلارنىڭ ئەر كىشى بولۇشىنى ، مۇسۇلمان بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرمىدى . «قۇرئان كەرىم»نىمۇ تىلغا ئالمىدى . بۇنىڭدىن ئۆلىمالار نارازى بولدى . ھۆمەينى بروشورا چىقىرىپ بۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى . پادىشاھ ئۆلىمالار ئىنقىلابقا ۋە ئىسلامىيەتنىڭ باراۋەرلىك قارىشىغا قارشى تۇردى دېدى ، ھەمدە ۋەخپە يەرلەرنى 1962 ـ يىلىدىكى يەر ئىسلاھاتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى .

پادىشاھ 1961 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئالتە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئاق ئىنقىلاب» پروگراممىسىنى ئېلان قىلدى . ئاندىن بۇ پروگراممىنى ھۆكۈمەتنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا كۆپلەپ تەشۋىق قىلدى ، ھەمدە دىنىي ئۆكتىچىلەرنى ئەيىبلىدى . دىنىي ئۆكتىچىلەرگە ئەگەشكەن بەزى كىشىلەر دىندىن تاشقىرى تۇرغۇچىلارغا ئەگىشىدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە كوچىلارغا چىقىپ نارازىلىق بىلدۈردى . 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «ئاق ئىنقىلاب» توغرىسىدا پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى . ئاۋاز بېرىدىغان كۈنى دىنىي ئۆكتىچىلەرنىڭ بەزى مۇھىم ئەربابلىرى ۋە دىندىن تاشقىرى ئۆكتىچى تەشكىلات — مىللىي فرونتنىڭ مەركىزىي كومىتېت ھەيئەتلىرى نەزەربەند قىلىندى . پادىشاھ دېھقانلارغا سۆز قىلغاندا : «ھېچكىم ئۆزىنى ئاللاغا ۋە ئىماملارغا مەندەك يېقىن دېيەلمەيدۇ» دېدى . 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (نورۇز بايرىمى كۈنى) ئىران كالېندارى بويىچە يېڭى يىلدا قۇم ، تېھران ، شىراز ، مەشھەد ، تەبرىزدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشاھقا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى . پاراشوتچى ئەسكەرلەر ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسى قۇم بىلەن تەبرىزدىكى مەدرىسلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ، نەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئەتىسى ھۇمەينى قولغا ئېلىنىپ ، دەرھال قويۇپ بېرىلدى . ھۇمەينى پادىشاھنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى . ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تالىپلارنى جازالاش ئۈچۈن ، ئۇلارنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى .

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى (ھىجرىيە 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ) ھۇمەينى پادىشاھنى ئەيىبلەپ سۆز قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئاشۇرا كۈنىدىكى پائالىيەت پادىشاھقا قارشى تۈرىدىغان نامايىش خاراكتېرىگە ئىگە بولدى . 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە ھۇمەينى قولغا ئېلىندى . قۇم ، تېھران ، مەشھەد ، تەبرىز ، ۋەرامىن ، كاشان قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشلار پارتلىدى . پادىشاھ باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى . نەچچە مىڭ ئادەم قولغا ئېلىندى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ، 28 ئاياتۇللا[1] بار ئىدى . ھۆكۈمەت 86 ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ، 150 ئادەمنىڭ ياردار قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى .

بۇ قېتىمقى خەلقنىڭ نامايىش ھەرىكىتى كۈچلەرنىڭ پەرقى تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى . لېكىن ، ھەرىكەت تۇتاشتۇرۇۋەتكەن ئوت ئۆچمىدى . دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەسىرى ئاجىزلىمايلا قالماستىن ، ئەكسىچە بارغانسېرى كۆپ ھېسداشلىققا ئېرىشتى . ئېرفاد ئابراھامىيان مۇنداق دەپ قارىدى : «خۇددى 1891 — 1892 ـ يىللىرىدىكى تاماكا كرىزىسى 1905 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە بولغان ئاساسىي قانۇن ئىنقىلابىنىڭ

---

① ئاياتۇللا — شىئە مەزھىپىدىكى 12 ئىمامچىلارنىڭ بۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي ئەربابلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە پەخرى نامى بولۇپ ، بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى «ئاللانىڭ سىمۋولى» دېگەنلىك بولىدۇ .

گېنېرالنىي رېپېتىسى بولغىنىدەك ، 1963 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى پاراكەندىچىلىكمۇ 1977 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە بولغان ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ گېنېرالنىي رېپېتىسى بولدى .»①

هۆكۈمەت 1967 ـ يىلى ئائىلىنى قوغداش قانۇنىنى جاكارلاپ ، ئايال تەرەپ ئەرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ نىكاھتىن ئاجرىشىش هوقۇقىغا ئىگە ، نىكاھلانغان ئەر 2 ـ خوتۇننى ئالىدىغان چاغدا نىكاھتىكى خوتۇنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك ، ئائىلە مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى شەرىئەت دىنىدىن تاشقىرى سوتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ، دەپ بەلگىلىدى . ئۆلىمالار بۇ ماددىلار شەرىئەتكە خىلاپ دەپ قارىدى .

1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تېهراندا ئاپتوبۇس بېلەتىنىڭ باهاسى ئۆستۈرۈلۈپ ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلىشىغا سەۋەب بولدى . بەش ئادەمنى ساقچىلار ئېتىۋەتتى . مىڭدەك ئادەمنى قولغا ئالدى . 5 ـ ئايدا ئاياتۇللا سەئىدى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چوڭ يىغىندا هۆكۈمەتكە قارشى سۆزلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى ۋە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

1971 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پادىشاھ نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ ، قەدىمكى ئاچامېنىد خاندانلىقى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 559 — 330 ـ يىللار )نىڭ پايتەختى باس پارس (هازىرقى شىرازنىڭ يېنى )دا پېرسىيە ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 2500 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى . مۇشۇ پائالىيەتتىن پايدىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ پېرسىيە تارىخىدىكى ئورنىنى ئاجىزلاتماقچى ، ھەمدە ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنىڭ تارىخقا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ۋە قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولدى . لېكىن بۇ پائالىيەت ئۆلىمالارنىڭ

---

① ئېرفاد ئابراهامىاد : «ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب ئارىلىقىدىكى ئىران» ، ئامېرىكا پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1982 ـ يىلى نەشرى ، 426 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك نارازىلىقنى قوزغىدى . ھۆمەينى بۇ پائالىيەتنى قاتتىق ئەيىبلىدى .

پادىشاھقا قارشى دىنىي كۆچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، پادىشاھ ئۆزى كونترول قىلىدىغان دىنىي ئورگانلارنى تەسىس قىلدى . ۋەخپە ئىدارىسىنىڭ ئاستىدا دىنىي خىزمەتلەر ئەترىتى ۋە دىنىي ئىشلار مەھكىمىسى تەسىس قىلدى . ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دىنىي خىزمەتلەر ئەترىتى بىلەن دىنىي تەشۋىقاتچىلارنى «زامانىۋىلاشقان مولىلار» دەپ ئاتىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، پادىشاھقا قارشى تۇرىدىغان موللىلارنى نازارەت قىلىشنى ۋە ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىشنى كۈچەيتتى . مەسىلەن ، ھۆمەينىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان 40 نەپەر مەشھۇر دىنىي زاتنى 1973 ـ يىلى ئىراننىڭ چەت جايلىرىغا سۈرگۈن قىلدى . تېهراندىكى ئاياتۇللا جاپپار قۇرئاندىن ۋەز ئېيتقاندا ھۆكۈمەتكە قارشى سۆزلەرنى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە سېلىندى ، ھەمدە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . ئادەتتىكى دىنىي پائالىيەتلەرمۇ چەكلەندى .

لېكىن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قوللانغان بۇ تەدبىرلەر كۆتكىنىنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بەردى . كىشىلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتى ۋە دىنىي كەيپىياتى سۇسلاشمايلا قالماستىن ، بەلكى كۈچىيىپ كەتتى . پادىشاھقا قارشى تۇرغان دىنىي زاتلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار كۆنسايىن كۆپەيدى . مەشھەدكە تاۋاپ قىلىپ بارىدىغانلار 1964 ـ يىلى 220 مىڭ ئادەم بولغان بولسا ، 10 يىلدىن كېيىن 3 مىليون 200 مىڭغا يەتتى . دىنىي زاتلار ئىچىدە پادىشاھتىن نارازى بولۇش كەيپىياتى كۈنسايىن ئاشتى . 1976 ـ يىلى پادىشاھ كالېندارىنى ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى . ئىسپاھاندىكى خوجا ئىسلام سامساباد بۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغانلىقتىن نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . يەرلىك بازارلار بازار تاشلاپ نارازىلىق بىلدۈردى . قۇمدىكى مەدرىسىلەرنىڭ تالىپلىرى

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نامايىش قىلىپ، 1963 ـ يىلىدىكى ۋەقەنىڭ 13 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. بۇ يىلقى ئەھۋال 13 يىل بۇرۇنقى ئەھۋالغا ئوخشىمىدى، دىنىي ساھەدىكىلەرنى پادىشاھ يېنىكلىك بىلەن باستۇرالمىدى.

ئىراندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئەۋج ئالدى. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتلار بولمىغاندا ئىدى، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىراندا گۈللىنەلىشى ۋە تەسىرگە ئىگە بولالىشى باشقا ئىش بولغان بولاتتى.

## §2 . ئىسلام ئىنقىلابى پەيدا بولۇشىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئىراندا دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ كۈچى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، دىنىي زاتلار 100 مىڭ ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 15 مىڭ مۇدەررىس ۋە تالىپ بار ئىكەن. تۆۋەن دەرىجىلىك دىنىي زاتلار سەييارە ۋائىزلىق قىلىدۇ. جۈمە نامىزىدا ئىمام بولىدۇ ۋە ۋەز ئېيتىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي زاتلار مۇجتەھىدلەر دېيىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى، ئېخىمۇ مۇھىم شارائىتقا ئىگە بولغاچقا، ئىسلام ئىنقىلابىنى قوزغاپ، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلالىدى. 1977 ـ يىلى ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى پارتلىغاندا دىنىي زاتلار بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپلا قالماستىن، باشقا تەبىقىدىكىلەرنىڭمۇ پادىشاھ بىلەن بولغان زىددىيەتلىرى مىسلىسىز ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنىدى.

بىرىنچىدىن، پادىشاھ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويىدى، نېفىتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتىدىن

كېيىن ، پادىشاھ بىر يۈرۈش كونترول قىلىش ۋە باستۇرۇش ئورگانلىرىنى قۇردى . بۇنىڭ بىرى ، دۆلەت خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسى ؛ يەنە بىرى ، ھەربىي سوت بولۇپ ، 1953 - يىلى 8 - ئايدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش ۋاقتىدا قۇرۇلغان . ئىراندا جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ، گېزىت - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى . پارلامېنت پۈتۈنلەي پادىشاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدىغان قىلىپ قويۇلدى .

دۆلەت خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسىدە «ئىشلەيدىغان» ئادەملەر 60 مىڭغا يەتتى .

ئىككىنچىدىن ، 1973 — 1974 - يىللىرى نېفت باھاسى ئۆسكەندىن كېيىن ، دۆلەتنىڭ نېفت كىرىمى زور ھەجىمدە كۆپىيىپ ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، پادىشاھ دۇنيادا ئامېرىكا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ، ياپونىيە ۋە جۇڭگودىن قالسا 5 - ئورۇندىكى كۈچلۈك دۆلەت ۋە پارس قولتۇقىنىڭ ساقچىسى بولۇش ئۈچۈن ، نۇرغۇن قورال - ياراغ سېتىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان «تۈزىتىلگەن بەشىنچى تەرەققىيات پىلانى»نى يولغا قويدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر ۋە پادىشاھقا سادىق ئەمەلدارلار دۆلەتنىڭ بايلىقىنى تاران - تاراج قىلىپ ، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ ، نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى بىكارغا چېچىۋەتتى . ماددىي نەرسىلەر يېتىشمەي ، مال باھاسى ئۆچقاندەك ئۆسۈپ كەتتى . كۆپەيگەن نېفت كىرىمىدىن خەلق ئەمەلىي نەپكە ئىگە بولالمىدى .

1980 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى «پۇل مۇئامىلە گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا ، 1973 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر يىلى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق ئېكسپورت كىرىمىنىڭ يېرىمى پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن . 1958 - يىلى

پادىشاھ جەمەتىنىڭ يەرلىرىنى ساتقاندىن كېيىن قۇرۇلغان پەھلىۋى فوند جەمئىيىتى ئەسلىي «خەير ـ ساخاۋەت تەشكىلى» قىلىپ قۇرۇلغانىدى. لېكىن، كېيىن بۇ جەمئىيەت مەملىكەت بويىچە 5 ـ چوڭ بانكا — ئۆمران بانكىسىنى كونترول قىلىۋالدى، ھەمدە مۇشۇ بانكا ئارقىلىق، ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئۆي ـ مۈلۈك سودىسى، ساراي، قىمارخانا، سەيلىگاھ قاتارلىق «كەسىپ»لەرنى كونترول قىلدى. بۇ فوند جەمئىيىتىنىڭ مەبلىغى 1978 ـ يىلى 3 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

مەركىزىي بانكىنىڭ خىزمەتچىلىرى 1978 ـ يىلى بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، ۋەزىيەت جىددىي بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن مەبلەغ ئېلىپ كېتىلدى. ئىراندا پۇلى بار 177 ئادەم 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىنى ئېلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ كۆپى ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى ئىدى. باش ۋەزىر ئىمام 31 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى، گېنېرال ئۇۋىس 14 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى، 13 نەپەر ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېر 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەت قىلىش، پارا يېيىشىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلاپ كەتكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ھۆۋەيدا ھۆكۈمىتى ھېسابسىز پايدا ئېلىشقا قارشى تۇرۇش قانۇنىنى يولغا قويۇپ، ئىككى ھەپتىدە 7950 سودىگەرنى قولغا ئالدى، 10 مىڭ سودىگەرگە جەرىمانە قويدى، 600 دۇكاننى پېچەتلىدى. 1975 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كەسىپداشلار ئۇيۇشما سوتى سودىگەرلەرگە 250 مىڭ قېتىم جەرىمانە قويۇپ، 180 مىڭ سودىگەردىن جەرىمانە ئالدى. بازاردىن 23 مىڭ دۇكاندارنى قوغلىۋەتتى. 8 مىڭ سودىگەرنى چەكلىدى. نەتىجىدە، بازاردىكى

سودىگەر تەبىقىسى پادىشاھتىن قاتتىق نارازى بولدى .
ئۇچىنچىدىن ، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنى ئامېرىكىنىڭ قوينىغا ئېتىپ ، ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى رايونىدىكى «ئىستراتېگىيىلىك تۈۋرۈكى» بولدى . بۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتنىڭ ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىشتىن يانمىدى . ئامېرىكىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئىرانغا كىرگۈزۈپ ، غەربنىڭ چىرىك مەدەنىيىتىنى يامرىتىۋەتتى .
خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈنسايىن كۈچەيدى . لېنىن ئۆز ۋاقتىدا «ئىنقىلاب ۋەزىيىتى» دەپ ئاتىغان بەزى ئالامەتلەر 1977 - يىلى ئىراندا كۆرۈلدى . يەنى ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى شۇ پېتى ساقلاپ قالالمايدىغان بولدى ؛ ئېزىلگەن سىنىپلارنىڭ بېشىغا كەلگەن نامراتلىق ۋە ئاپەتلەر ئادەتتىكىدىن تاشقىرى ئېغىرلىشىپ كەتتى ؛ مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى .
كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ، زىيالىيلار ، سودىگەرلەر ، ئىشچىلار ، شەھەرلەردىكى باشقا ئاھالىلەر كەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ ، بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ ، مەلۇم بىرلىك سەپ ھاسىل قىلدى ؛ پادىشاھنىڭ كۈچى ئاجىزلىق قىلىپ ، كۈنسايىن يېتىم قالدى . پادىشاھ جەمەتىنى قوللايدىغان يۇقىرى مائاشلىق ئوفىتسېرلارمۇ جىددىي پەيتكە كەلگەندە تىكىۋەتتى . ئۇلار راھەت - پاراغەتتە پادىشاھ بىلەن بىللە بولۇشنى ئويلاندۇ ، قىيىنچىلىقتا پادىشاھ بىلەن بىللە بولۇشنى نىيەت قىلمىدى .
كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ئۈستىدە گەپ بولغاندا ، مەنىۋى كۈچنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئىراندىكى شىئە مەزھىپى ئۇزاق تارىخىي

ئەنئەنىگە ئىگە، كىشىلەر مۇشۇنداق تارىخىي چۆكمىدىن ئۈزلۈكسىز مەنىۋى قۇۋۋەت ئېلىپ تۇردى. خۇمەينىي ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، رېئال ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ، كىشىلەر تەرىپىدىن خۇمەينىزم دەپ ئاتالغان نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۇردى. خۇمەينىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن سىياسىينى ئايرىۋېتىشكە بولماسلىق توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، ئەزگۈچىلەرگە ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، فەقىھلەر رەھبەرلىكىدىكى ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، ئەزگۈچىلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئىسلام ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى قاتارلىقلاردا ئەمەلىي ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان قاراشلار بولۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

خۇمەينىزمنىڭ تارقىلىشىغا تاقابىل تۇرۇپ، دىنىي ئۆكتىچىلەرنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ۋە ئاممىۋى ئاساسىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، پادىشاھ بىر تەرەپتىن: «ئاللاغا چىن ئېتىقاد قىلىمەن، مەن ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا تاللىۋېلىندىم»، «دۆلىتىمىزنى قۇتقۇزىدىغان ھەر خىل مۆجىزىلەر ئۈستىدە خىيال سۈرمەكتىمەن»، «مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىم دۆلىتىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۆتكەندىمۇ قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئاللا مەن تەرەپتە» دېسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ 2500 يىللىقىنى خاتىرىلەشتىن پايدىلىنىپ، ئىمپېرىيە تۈزۈمىنىڭ ئەنئەنىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ «مەنىۋى داھىيلىق ئورنى»نى تىكلىمەكچى بولدى. لېكىن، پادىشاھ بۇ ئىككى تەرەپتىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى .
مۇشۇنداق سىياسىي — ئىقتىسادىي ۋەزىيەت مەۋجۇت بولغاچقا ، دىنىي زاتلار ئىسلام ئىنقىلابىنى قوزغىيالىدى ۋە ئىلگىرى سۈرەلىدى .

## § 3 . ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشى

شەكسىزكى ، دىنىي ئامىل ئىراننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى مۇھىم ئامىل ، پادىشاھقا قارشى كۈچلەر ئىچىدە دىنىي ساھەدىكىلەر مۇھىم كۈچ ، كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە يېتەكچى كۈچ ، رەھبەرلىك قىلغۇچى كۈچ بولدى . لېكىن بۇ ئىنقىلاب نوقۇل دىنىي ئىنقىلاب ياكى دىنىي كۈچلەر دىندىن تاشقىرى كۈچلەرگە قارشى تۇرغۇزغان ئىنقىلاب ئەمەس ئىدى . ھېچ بولمىدى دېگەندە ئىنقىلابنىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا شۇنداق ئىدى . ئىسلام تۈسى قېنىقلىشىش ۋە قويۇقلىشىش جەريانىنى ، يەنى بەزى ئەسەرلەردە ئېيتىلغاندەك ، «ئىسلاملىشىش» جەريانىنى باشتىن كەچۈردى .

### *1 . پادىشاھقا تەكرار سوئال قويۇلدى*

پادىشاھ پەھلىۋىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان سىياسىي پاراكەندىچىلىك بىلەن ئىنقىلاب 1977 - يىلى 3 - ئايدا باشلاندى . شۇ يىلى 2 - ئايدا پادىشاھ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بېسىم ئاستىدا 357 نەپەر سىياسىي گۇناھكارنى قويۇپ بەردى ، سىياسىي كونتروللۇقنى سەل - پەل بوشاتتى . «دۇنيا گېزىتى»نىڭ تەھرىرى جاۋاد 3 - ئايدا پادىشاھقا ئوچۇق خەت ئېلان قىلغاندىن باشلاپ ، ھەر ساھەدىكى زىيالىيلار ،

سىياسەتچىلەر ، ئادۋوكاتلار ئۈزلۈكسىز ئوچۇق خەت يېزىپ ، دائىرىلەرنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈم ۋە سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلدى . ئوچۇق خەت يېزىش پادىشاھقا ۋە مۇستەبىت تۈزۈمگە قايتا - قايتا سوئال قويۇشنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ قالدى . 40 نەپەر يازغۇچى 6 - ئايدا باش ۋەزىر ھوۋەيداغا خەت يېزىپ ، كىتاب - گېزىتلەرنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . 53 نەپەر ئادۋوكات ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسىغا ئارىلاشقانلىقىنى تەنقىدلەپ ، سوتنى قوغدايدىغان مۇستەقىل كومىتېت قورغانلىقىنى جاكارلىدى ؛ 64 نەپەر ئادۋوكات ھەربىي سوتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . 54 نەپەر سوتچى 9 - ئايدا ئالىي سوتقا خەت يېزىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قانۇنغا ، بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇننىڭ ئەدلىيە مۇستەقىل بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى . 120 نەپەر ئادۋوكات 10 - ئايدا قانۇن ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىرلەشمىسىنى قۇرۇپ ، دۆلەت خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ گۇناھكارلارنى ئۇرغان ئىزلىرىنى پاش قىلدى ، تۈرمىلەرنىڭ شارائىتىنى تەكشۈردى . مىللىي فرونت ، ئەركىنلىك ھەرىكىتى قاتارلىق سىياسىي پارتىيىلەر پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . مىللىي فرونتنىڭ ئۈچ رەھبىرىمۇ ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى . تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 10 - ئايدا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ، ئەركىنلىككە ئىنتىلگەن شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى .

بۇ ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دىندىن تاشقىرى بۇ زىيالىيلار ، ئادۋوكاتلار ۋە سىياسەتچىلەرنىڭ پادىشاھقا ۋە مۇستەبىت تۈزۈمگە قايتا - قويغان سوئاللىرى ئۇزۇندىن بۇيان يۇقىرى بېسىمدا شەكىللەنگەن «دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلەشمەسلىك» دېگەن پەرھىزنى بۇزۇۋەتتى . شۇ چاغلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن

دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ ، كېيىنكىدەك پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىش ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىلىرى ھەققىدە گەپ قىلىنمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئوينىغان رولىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ .

## 2 . دىنىي ساھەدىكىلەر تارىخ سەھنىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە پادىشاھ دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتتىكى قوزغىتىش ئىقتىدارىنى ۋە تەسىرىنى سەل چاغلاپ ، 60 ـ يىللاردىكى ئۇسۇلنى قوللىنىپ ، دىنىي ساھەدىكىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى . پادىشاھنىڭ زىيانكەشلىكى بىر تەرەپتىن ، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىسا ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان زاتلارنى كەڭ دائىرىدىكى ھېسداشلىققا ۋە قوللاشقا ئىگە قىلدى . ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، دىنىي ساھە پادىشاھقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىكى ئەڭ قەتئىي ، ئەڭ باتۇر ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

1977 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى خۇمەينىنىڭ ئوغلى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭغا دۆلەت خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسىدىكىلەر زىيانكەشلىك قىلدى دەپ قاراپ ، تېھراندا ماتەم تۇتۇپ نامايىش قىلدى . 1978 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «خەۋەرلەر گېزىتى» «ئىران بىلەن قارا ۋە قىزىل ئىنقىلاب» دېگەن تېمىدا ئىمزاسىز ماقالە ئېلان قىلىپ خۇمەينىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ھۇجۇم قىلىپ ، كەڭ كۆلەمدە نارازىلىق پەيدا قىلدى . 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قۇمدىكى مەدرىسەلەرنىڭ تالىپلىرى قوزغىلىپ ، مەسچىتلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ

قىلدى . ئۇلار ئامانلىق ساقلاش قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى . ئۇلاردىن بەزىلەر ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

ئەنئەنە بويىچە ، ئۆلۈمنىڭ 3 ـ ، 7 ـ ۋە 40 ـ كۈنلىرى كىشىلەر ماتەم پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى . بۇ پائالىيەتتە ، بولۇپمۇ 40 ـ كۈندىكى پائالىيەتتە يەنە بىر ئادەم ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . بۇنداق ماتەم تۇتۇش — ئۆلتۈرۈش — يەنە ماتەم تۇتۇش — يەنە ئۆلتۈرۈش تەكرارلىنىپ ، قاتناشقان ئامما بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى . ئامىمىنىڭ پادىشاھقا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈنسايىن كۈچەيدى .

قۇم ۋەقەسىدە شېھىت بولغانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ، 40 كۈندىن كېيىنكى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بەزى جايلاردا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى . تەبرىزدە نامايىشچىلاردىن بىر ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . نەتىجىدە ، چوڭ پاراكەندىچىلىك پەيدا بولۇپ ، نامايىشچىلار ساقچى ئىدارىسى ، گۈللەندۈرۈش پارتىيىسىنىڭ باشقارمىسى ، مەيخانا ، كىنوخانا ، بايلارنىڭ بانكىسى قاتارلىق 73 نىشانغا ھۇجۇم قىلدى . پادىشاھ ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى . تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىچە ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى ، 600 دىن ئارتۇق ئادەم يارىدار قىلىندى .

تەبرىز ۋەقەسىدە شېھىت بولغانلارغا ماتەم بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ، ۋەقە بولۇپ 40 كۈندىن كېيىنكى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 55 شەھەرنىڭ مەركىزىدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى . بەش جايدا پاراكەندىچىلىك بولدى . شەھەرلەردە بىرنەچچە ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . بۇ ۋەقە بولۇپ 40 كۈندىن كېيىن يەنى 24 شەھەردە نامايىشچىلار بىلەن ساقچىلار توقۇنۇشۇپ قالدى . 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يېڭىدىن چوڭ نەزىر قىلىدىغان كۈنى يېقىنلاشقاندا پادىشاھ سەل يول قويدى . لېكىن ، مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي بولدى .

نەچچە مىڭ ئىشچى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى نامايىش

قىلىپ ، مەشھەدتە بىر دىنىي زاتنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى (ئۇ ئادەم مەشھەد ۋەقەسىدە ئۆلگەنىدى) . نەتىجىدە ، ساقچىلار بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىپ ، 40 ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . بۇ ۋەقە ئىشچىلارنىڭمۇ پادىشاھقا قارشى ھەرىكىتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى بولغانلىقىنى كۆرسەتتى . ساقچىلارنىڭ قىرغىنچىلىقى مەملىكەت بويىچە يېڭى نارازىلىق دولقۇنلىرىنى قوزغىۋەتتى .

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى باشلانغان رامزان ئېيىدا ئۇزۇلمەي نامايىش بولۇپ تۇردى . 7 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە مەشھەد ، شاھۋېردى ، تەبرىز ، ئەھۋاز ، بېخبېخان ، شىراز قاتارلىق جايلاردا پاراكەندىچىلىك بولدى . 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى نامايىشچىلار ئىسپاھاننى بىر مەھەل كونترول قىلىۋالدى . 100 دىن ئارتۇق ئادەم ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئابادان شەھىرىدىكى لېكس كىنوخانىسىغا ئوت كېتىپ ، ئوتتا 400 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ ، مەملىكەت بويىچە قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى . كىشىلەر بۇ ۋەقەنى خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسى قىلدى دەپ قارىدى . تەبرىزدە يەنە پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى .

1978 ـ يىلى ئەتىياز ۋە يازدىكى كوچا كۈرەشلىرى ئارقىلىق ، ھەر قاتلامدىكىلەرنىڭ پادىشاھقا قارشى تۇرىدىغان بىرلىك سېپى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى . دىنىي ساھەدىكىلەر باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقتىن كەڭ قوللاشقا ئىگە بولدى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، دىنىي ساھەدىكىلەر پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتتىكى قەتئىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىنىڭ ئالدىغا چىقىرىلدى . مەسىلە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتتە ئاما ئېتىراپ قىلغان رەھبەر بولالىشى ياكى بولالماسلىقىدا قالدى . چۈنكى ، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە كۈچ چىقارغانلار (جۈملىدىن قاتتىق كۈچ

چىقارغانلار ) رەھبەر بولالمىغان مىساللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . كېيىنكى پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى ، دىنىي ساھەدىكىلەر رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى . ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئورنىمۇ باشقا ئىجتىمائىي كۈچلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى .

## 3 . ئۆلىمالارنىڭ پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىشى

پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتتە دەسلەپ قايتا ـ قايتا سوئال قويغان بەزى زىيالىيلار ۋە سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى پادىشاھقا ۋە مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر غەربنىڭ «ئەركىنلىك» ، «دېموكراتىيە» قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بەزى قوراللىرىنى ئىشلەتتى . ئىراندا غەربنىڭ بۇ قىممەت قاراشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان تەشەببۇس بىلەن ئەنئەنىۋى شىئە مەزھىپى زىنھار چىقىشالمايتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇلار دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ پادىشاھقا قارشى ئىتتىپاقچىسى بولۇپ ، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە قارشى تۇرمايتتى . پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە پايدىلىق بولسىلا ، ئۆز تەشەببۇسلىرى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەشەببۇسلىرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتسىمۇ رازى ئىدى .

دىنىي ساھەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇلار پادىشاھقا قارشى تۇرۇشنىڭ تەييار دىنىي قورالىغا ئىگە بولۇپ ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرى بويىچە قىلغان تەشۋىقاتلىرى ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىش ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھۆمەينى قاتارلىق دىنىي داھىيلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەھۋالدا ، سىياسىي رېئاللىققا بىرلەشتۈرۈپ ، دىنىي ئەقىدىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئىسلام ئىنقىلابى ۋە ئىسلام ھۆكۈمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار نەزەرىيىلەرنى شەكىللەندۈردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى تەييارلىقى دىندىن تاشقىرى زىيالىيلار ۋە سىياسىي پارتىيىلەر داھىيلىرىنىڭكىدىن تولۇقراق بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھۇمەينى ۋەكىللىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ پادىشاھقا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسى ئىنتايىن قەتئىي، ئۇزۇل - كېسىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەھبەرلىك قىلىش لاياقىتىگە ئىگە بولدى. ھۇمەينى چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەمىشە نۇتۇق سۆزلەپ، كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنىپ، ئىرانغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن مەسچىتلەردە ئاڭلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ تارقىلىپ، ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. دۆلەت ئىچىدە پادىشاھقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ئۆلىمالار رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى دىنىي رەھبەرلەرنىڭ قولىغا چۈشتى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى مەشھەد شېھىتلىرىنىڭ قىرقى نەزىرىنى بېرىدىغان چاغدا، 1978 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مەشھەدتىكى شىرازى ئايەتۇللا 14 نۇقتىلىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان باياناتنى ئېلان قىلدى. بۇ بايانات ئۆلىمالارنىڭ تۆۋەندىكى تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى: ئىسلامىيەتكە قارشى ھەممە قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك؛ ئۆلىما پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ قىمارخانا ۋە كىنوخانا ئېچىشنى مەنئى قىلىش كېرەك؛ تۈرمىگە سېلىنغان ھەممە ئىسلام دىنىي زاتلىرى قويۇپ بېرىلىشى كېرەك؛ ھۇمەينى ۋە باشقا سۈرگۈن قىلىنغانلارنى يېنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىش لازىم؛

نامايىشچىلارنى ئۆلتۈرۈشتە جاۋابكارلىقى بارلارنى جازالاش لازىم ؛ بەھائىيە مەزھىپىدىكىلەرنى ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش لازىم ؛ ئىچكى كابىنېتتا جەئفەرىيە شىئە مەزھىپىدىكى (12 ئىمامچى) كىشىلەرنىلا ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە بولىدۇ ؛ پارلامېنت سايلىمىنى دىنىي زاتلار بىلەن دىنىدىن تاشقىرى زاتلار بىرلىكتە نازارەت قىلىشى كېرەك . بۇ بايانات ئەينى چاغدا ئۆلىمالار پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ھەرىكەت پروگراممىسى ئىدى . شۇ كۈنى مەملىكەت بويىچە 14 شەھەردە پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ ، يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى روزى ھېيت بولدى ، تېھراندا 500 مىڭ ئادەم نامايىش قىلدى . بۇ نامايىشقا نامراتلار ، بايلار ، دىنىي زاتلار ، دىنىدىن تاشقىرى ئەربابلار ، ئەرلەر ، ئاياللارمۇ قاتناشتى . يىغىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن باش ۋەزىر ئىمام ۋەقەدىن ئىلگىرى يول قويىدىغان بەزى تەدبىرلەر (مەسىلەن ، 1975 ـ يىلىدىن كېيىن قولغا ئېلىنغان دىنىي رەھبەرلەرنى قويۇپ بېرىش ، پادىشاھ كالېندارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، پەھلىۋى فوندى جەمئىيىتىگە مەنسۇپ بولغان قىمارخانىنى تاقاش ، كىتاب ـ گېزىتلەرنى تەكشۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، پاراكەندىچىلىك-نى باستۇرۇشقا قاتناشقان يەتتە نەپەر ئوفىتسېرنى مەنسىپىدىن ئېلىۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر)نى قوللانغانلىقتىن ، شۇنداقلا ئايەتۇللا شەرىئەتى مەيدارى مۇراجىئەت قىلغانلىقتىن ، بۇ قېتىمقى نامايىشتا توقۇنۇش بولمىدى . بۇ بىر قېتىملىق «تىنچ» نامايىش بولدى . ھۆمەينى بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى نۇتۇق سۆزلەپ ، پادىشاھقا خام خىيالدا بولماي ، داۋاملىق كۈرەش قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھۆمەينى ئارمىيە بىلەن پادىشاھنى پەرقلەندۈرۈپ ، ئارمىيىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى . ئۇ ئارمىيىنىڭ 9 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامما نامايىش قىلغاندا ئوق چىقارمىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇلارنى سۆيۈملۈك خەلق بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «پەھلىۋى باندىتلىرىنىڭ يامان نىيىتى ئۈچۈن بالىلىرىڭلارنى ۋە قېرىنداشلىرىڭلارنى قىرغىن قىلىشنى رەت قىلىڭلار» دەپ چاقىردى. ھۇمەينى ئىران خەلقىدىن ئارمىيە قېرىنداشىمىز بولغاچقا، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئارمىيىدىكى كەڭ ئەسكەرلەر نامرات ئائىلىلەردىن كەلگەن، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، ھۇمەينىنىڭ پارچىلاش سىياسىتى ئۈنۈم بەردى. 1978 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 500 مىڭ ئادەم يەنە نامايىشقا چىقتى، بۇ قېتىمقى نامايىشچىلار «پادشاھنى ئۆلتۈرۈش كېرەك»، «ھۇمەينى بىزنىڭ داھىيمىز» دېگەن شوئارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پادشاھ «ئۇنۇملۇك تەدبىر» قوللانمىغاندا، ۋەزىيەتنى «كونترول قىلالماي قېلىش»تىن ئەنسىرەپ، ئالتە ئاي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. كۈندۈزى كىشىلەرنىڭ مەيداندا يىغىلىشنى چەكلىدى. لېكىن ھەربىي ھالەت باشلانغاندا، مەيدانغا 15 مىڭ ئادەم يىغىلدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەيداننى تازىلاشقا ئەسكەر ئەۋەتتى. 1600 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. چۈشتە ھەممە ئادەم مەيداندىن قوغلىۋېتىلدى. بۇ كۈن «قارا جۈمە» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىتاب ـ گېزىتلەرنى تەكشۈرۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئاختۇرۇپ تۇتقۇن قىلىش بولدى. پادشاھنىڭ ھەرىكىتى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زىيان يەتمەيدىغان كىچىك مەسىلىلەردە يول قويۇشقا بولىدۇ، لېكىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ـ قالالماسلىقىغا چېتىلىدىغان مەسىلىدە قىلچە يول قويمايدۇ، ھەمدە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان خەلقنى قىرىشتىن يانمايدۇ.

## 4 . ھەل قىلغۇچ جەڭدە قەتئىي تەۋرەنمىدى ، مۇرەسسە قىلمىدى ، شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىناۋەتكە ئىگە بولدى

1978 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى نامايىش ۋە پادىشاھنىڭ باستۇرۇشى پادىشاھ بىلەن پادىشاھقا قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە قىلىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى . ھۇمەينى مۇنداق دېدى : 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى نامايىش خەلقنىڭ بىر قېتىملىق ئاۋاز بېرىشى بولدى . پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىراندا پۈت تىرەپ تۇرىدىغان جايى قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى . لېكىن ، پادىشاھ قولۇمدا نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنۇم بار ، چەت ئەلدە ئامېرىكا مېنى قوللايدۇ دەپ قاراپ ، يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدۇ . بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلغۇچ جەڭ بىلەن ھەل قىلىش لازىم .

ھەل قىلغۇچ جەڭدە مەملىكەت بويىچە ئىش تاشلاش پادىشاھ ھاكىمىيىتىگە قاتتىق زەربە بولدى . ئۇنىڭغا پادىشاھ تاقابىل تۇرالمىدى ، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى — نېفىت سانائىتى تارماقلىرىدا يۈز بەرگەن ئىش تاشلاشنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ بولدى . 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىش تاشلاش تۈپەيلىدىن ياساش سانائىتى ۋە مۇلازىمەت كارخانىلىرىدىن 15 چوڭ كارخانا تاقىلىپ قالدى . ئۇلار مائاشنى ئۆستۈرۈش ، خەۋپسىزلىك ، ئاخبارات ئىدارىسىنى تارقىتىۋېتىش ، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش قانۇنىنى يولغا قويۇشنى توختىتىش ، ھۇمەينىنىڭ يېنىپ كېلىشىگە يول قويۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى قويغانىدى . پادىشاھ ھۇمەينىنىڭ يېنىپ كېلىشىگە يول قويماستىنلا قالماستىن ، ئۇنى ئىراقتىنمۇ كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولدى . 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ھۇمەينى ئىراقتىن فرانسىيىگە ئۇچۇشقا مەجبۇر بولدى . ھۇمەينىنىڭ كەتكۈزۈۋېتىلىشى ئىراندا ئۇچ كۈن داۋاملاشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىش تاشلاش ۋە نامايىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . بۇ ئىش تاشلاش ۋە نامايىشقا سودىگەرلەر ، ئوقۇغۇچىلارلا قاتنىشىپ قالماستىن ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارماقلارنىڭ ئادەملىرىمۇ قاتناشتى . ئىنقىلابقا قاتناشقۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى .

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «قارا جۈمە»نىڭ 40 كۈنلۈك نەزىر ۋاقتى بولدى . 17 ـ ، 18 ـ كۈنلىرىدىكى نامايىشتا قانلىق ۋەقە پەيدا بولدى . ھەممە ئىشچىلار ئىككى كۈن ئىش تاشلىدى . 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ ھەپتىسىدە بازار ، ئالىي مەكتەپ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ، نېفىت تارماقلىرى ، بانكا ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ، پوچتا ئىدارىلىرى ، تۆمۈريول ، گېزىت ، تاموژنا ، دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە ، رادىئو ئىستانسىسى ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دوختۇرخانا ، تاماكا زاۋۇتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىش تاشلىدى . ھۆمەينىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ، نېفىت ئىشچىلىرى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن باشلاپ ، چەكسىز مۇددەتلىك ئىش تاشلىدى . ئەتىسى تېھراندا مىليونلىغان ئادەم كوچىلارغا چىقىپ ، ھۆمەينىنىڭ دۆلەت چېگراسىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنىڭ 14 يىللىقىنى خاتىرىلىدى .

9 ـ ، 10 ـ ئايلاردىكى كۈرەش ئارقىلىق ، ھۆمەينى ۋەكىللىكىدىكى ئۆلىمالارنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان رەھبەرلىك ئورنى تىكلەندى . ھەرقانداق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىش توغرا كەلسە ، ئالدى بىلەن ئۆلىمالارنىڭ ، بولۇپمۇ ھۆمەينىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش زۆرۈر بولدى .

تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پادىشاھنىڭ چوڭ دەرۋازىدىكى ھەيكىلىنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولدى . قالايمىقانچىلىق ئىچىدە بىر ئەسكەر مىلتىقىنى نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى . يەنە بىر ئەسكەر غەزەپلىنىپ بىرنەچچە ئون ئوقۇغۇچىنى ئېتىۋەتتى . ئەتىسىدىن

باشلاپ تېھران بازىرى بىر ھەپتە بازار توختىتىپ ، نارازىلىق بىلدۈردى . 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىمالىي شەھەردىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن جەنۇبىي شەھەردىكى ئىشچىلار 200 مىڭ كىشىلىك نامايىش قوشۇنى بولۇپ بىرلەشتى . بىر قىسىم كىشىلەر مەيخانا ، بانكا ، كىنوخانا ، كاتتا سارايلارغا ، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئىش باشقارمىسىغا ، ئاخبارات مىنىستىرلىقى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىغا ھۇجۇم قىلدى . 65 ئادەم خەۋپسىزلىك قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى .

ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئېغىر ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، پادىشاھ 5 ـ چېسلا ھەربىي ھۆكۈمەت قۇردى . بىر تەرەپتىن ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، باش ۋەزىر قاتارلىق 13 ئەربابنى قولغا ئالدۇردى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، نېفىت رايونى قۇزېستاندا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزدى . ھۇمەينى بولسا پارىژدا مۇسۇلمانلارنى پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇۋېتىلگىچە ئىش تاشلاش ۋە نامايىش قىلىشقا چاقىردى . ئۇ ھەرقانداق ئادەم ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلاشىدىكەن ، ئىسلام دىنىنىڭ خائىنى ھېسابلىنىدۇ ، دەپ ئاگاھلاندۇردى . بەزى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ھۇمەينى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈردى .

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەشھەدتىكى ئەسكەرلەر نامايىشچىلارنى ئەلى رىسا قەبرىستانلىقىغا قوغلىغان ، ھەمدە نامايىشچىلارغا ئوق چىقارغان ۋەقە يۈز بەردى . 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ھۇمەينى خەلقنى ھەربىي ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقا ، ئۇنىڭ باج ئېلىشىنى ئېتىراپ قىلماي ، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى ؛ نېفىت شىركەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئىشچىلىرىنى ئىنتايىن مۇھىم بايلىق — نېفىتنى ئېكسپورت قىلىشنى توسۇشقا ؛ دىنىي ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆلىمالارنى يېزىلارغا ۋە شەھەرلەرگە بېرىپ كىشىلەرگە ئىسلام دۆلىتىنىڭ كاپىتالىستلار ۋە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ ھىمايىچىسى ئەمەسلىكىنى، ئۇلارغا ئىسلامىيەتنىڭ ئاجىزلار، دېھقانلار ۋە نامراتلار تەرىپىدە تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە چاقىردى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى كېيىنكى ماتەم ئېيىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ چەكلىشىگە پەرۋا قىلماسلىققا، ئەگەر چەكلىسە مەيداندا ياكى كوچىلاردا يىغىلىشقا، كىشىلەرگە پادىشاھنىڭ ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن ئىسلامىيەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جەبر ـ زۇلۇم ئىچىدە قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە چاقىردى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتىدە 50 شەھەرنىڭ مەركىزىدە نامايىش پارتلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەشھەدتىكى نامايىشقا بىر مىليون 500 مىڭ ئادەم قاتناشتى. ماتەم ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ كۈنى مىليونلىغان ئادەم كېچىدىكى ھەربىي ھالەتكە قارىماي بەدىنىگە ئاق رەخت يۆگەپ نامايىش قىلدى. نەتىجىدە، ھەرقايسى شەھەرلەردە يەنە 700 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. نېفىت ئىشچىلىرى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ مۇددەتسىز ئىش تاشلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، يەنى ماتەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى تېھراندا ئايەتۇللا تالجانى بىلەن ساجابى باشچىلىقىدا 2 مىليون ئادەم قاتناشقان نامايىش بولدى. ئاندىن كېيىن، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇش؛ خۇمەينىنى داھىيلىققا قوبۇل قىلىش؛ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش؛ مەھرۇم قىلىنغان ئاممىغا ئىجتىمائىي ئادىللىقنى يولغا قويۇش؛ ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدىغانلارنىڭ دىنىنى قوغداش؛ سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۆلەتكە يېنىپ كېلىشىگە يول قويۇشتىن ئىبارەت يەتتە ماددىلىق نىزامنامە ماقۇللاندى.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى باستۇرۇشنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ،

ھېچنېمىگە دال بولالمىدى . 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ئىش تاشلاش بولدى . تەبرىزدە 500 ئەسكەر ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتى . قۇم ۋە مەشھەدتە نۇرغۇن ئەسكەر قېچىپ كەتتى . كەرمەنشاھ ۋە ھەمەداندا بەزى ئەسكەرلەر قورالىنى ئىنقىلابچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى .

1979 ـ يىلى پادىشاھ تەلەيىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، كۆزدە ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ، بولۇپمۇ ئۈچ دانە تاجىنى ئېلىپ (ئەڭ چوڭ تاجىغا 3380 تال گۆھەر ئورنىتىلغانىدى ) ، 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىراندىن ئايرىلدى . پادىشاھ قېيىن ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى ئۆزى تەربىيىلىگەن ئارمىيىگە باغلىغانىدى . لېكىن ، پادىشاھ كەتكەندىن كېيىن ۋە خومەينى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېھرانغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ، بەزى قوشۇنلار قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، پارچىلىنىپ كەتكەن قوشۇننىڭ كۈچى قالمىغانىدى . 26 نەپەر گېنېرال 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «ئالىي ھەربىي كومىتېت» يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن ، «بىتەرەپ»لىك ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

1972 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە ھەربىي خام چوت بىر مىليارد 375 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 9 مىليارد 940 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ ، ئومۇمىي خام چوت چىقىمىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى . دېمەك ، ھەربىي خىراجەت ھەقىقەتەن ئاز بولمىدى . لېكىن ، پادىشاھنى قوغداش يولىدا جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەندە «ئىشنىڭ ھۆددىسى»دىن چىقالمىدى . 1978 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1979 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بولغان 13 ئايدا پادىشاھنىڭ ئارمىيىسى ئادەم قىسقارتىپ ، 300 مىڭغا يېقىن ئادەمنى 100 مىڭدىن كۆپرەككە قىسقارتىۋەتتى .

چەت ئەلدە پادىشاھ ئامېرىكىنىڭ ياردەم قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتتى . ئامېرىكا ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئېلىپ ، بۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشاھنىڭ باستۇرۇش سىياستىنى قوللىغان بولسىمۇ ، لېكىن كېيىن ئامەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، كەلگۈسىدىكى يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ، پادىشاھنى كېتىشكە مەجبۇرلىدى . كېيىن پەھلىۋى ئۆزى ئېيتقاندەك ، ئامېرىكا ئۇنى قېرى چاشقاننى تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋەتتى .

نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى زېرىكمەي ئەسلىگەندە ، مۇشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ كەينىدە مەلۇم تاسادىپىيلىق بىلەن مۇقەررەرلىكنىڭ بىرلىكى مەۋجۇتلۇقىنى ، پادىشاھنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ياكى ئىسلامىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى بولسۇن ، پۈتۈنلەي لوگىكىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلدۇق .

ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ مەنىسى كۆپ تەرەپلىك بولۇپ ، ئۇ كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە . بىرىنچىدىن ، ئۇ پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تىكلەيدىغان ئىنقىلاب ؛ ئىككىنچىدىن ، جاھانگىرلارنىڭ ئارىلىشىشىغا ۋە كونترول قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ ، مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقنى قوغدايدىغان ئىنقىلاب ؛ ئۈچىنچىدىن ، چوڭ زومىگەرلەر ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ شىلىۋېلىشىغا ۋە ئۆكتەملىكىگە قارشى تۇرۇپ ، مۇئەييەن پۇقراپەرۋەرلىك تۈسىنى ئالغان ئىنقىلاب ؛ تۆتىنچىدىن ، ئەيش - ئىشرەت ۋە چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇپ ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى پاكلايدىغان ئىنقىلاب . بۇ ئىنقىلابنىڭ ئىجابىي ئەھمىيىتى ناھايىتى روشەن .

بۇ ئىنقىلابنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي مەزمۇنىنى قويۇپ تۇرۇپ ، دىنىي نۇقتىدىن قارىغاندا ، ئۇ غەيرىي ئىسلامىزمغا قارشى تۇرىدىغان ئىدېئولوگىيە بولۇپ ، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈپ يەكلەيدۇ ، يالغۇز ئىسلامىزمغا ھۆرمەت قىلىدۇ . بۇ قېتىمقى

ئىنقىلاب ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە تەسىرىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى ۋە كېڭەيتتى . مۇشۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا ، ئۇ ھەقىقەتەن ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . لېكىن بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنى ساپ دىنىي ئىنقىلاب دېيىشكە بولمايدۇ .

## 4 § . ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

### *1 . ھۇمەينىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى*

بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن ھۇمەينى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ ، ئىسلام ئىنقىلابى ئارقىلىق ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش توغرىسىدا بىر يۈرۈش نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى . لېكىن ئۇنىڭ قارىشىچە ، دىنىي قانۇننىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ ، ئۇنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىجرا قىلغۇچىلار بولۇشى كېرەك . ئەگەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ دىنىي قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرمىگەندە ، پاراكەندىچىلىك ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ . جەمئىيەت ، ئىدراك ۋە ئەخلاق جەھەتلەردىكى بۇزۇلۇش ھادىسىلىرى پەيدا بولىدۇ . ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قانۇن بولسىلا ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى ، كىشىلەرنىڭ بەختىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ . ھازىر ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ۋە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاجىزلاپ كەتتى . ئىسلام مىللەتلىرى بۆلۈنۈش ۋە ئاجىزلىقنىڭ قۇربانى بولدى . شەرىئەت مۇئەللەققە ئېلىپ قويۇلدى . «بۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇت بولالىدىكى ، بىزدە بىر داھىي ، قوغدىغۇچى ، رەھبەرلىك قىلىش ئورگىنى كەملىك قىلدى . بىز ئادىل ، مۇۋاپىق ھۆكۈمەت ئورگىنىغا موھتاجمىز .» مۇبادا كىمكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېسە، شەرىئەتنى ئىجرا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. شەرىئەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ مەڭگۈ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ۋە 12 ئىمام دەۋرىدە شۇنداق ئىسلام ھۆكۈمىتى مەۋجۇت بولغان. لېكىن، ئۇمەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمەت شەكلى، ئۇلار ئەمەل قىلغان سىياسىي جەھەتتىكى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى سىياسەتلەر ئىسلام دىنىغا قارشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت شەكلى پېرسىيە پادشاھى، رىم ئىمپېراتورى، مىسىر پىرئەۋنىنىڭكىدەك پادشاھلىق تۈزۈمگە ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇزۇلۇپ كەتتى. شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ھەرقانداق غەيرىي ئىمام ھاكىمىيىتى قانۇنسىز بولىدۇ. 12 ـ ئىمامنىڭ غايىب بولغىنىغا 1200 يىلدىن ئاشتى. ئەگەر ئەھۋال ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇۋاپىق بولمىسا، بۇ دەۋر يەنە بىرنەچچە يىللار داۋام قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىسلام ھۆكۈمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى كىم ئۈستىگە ئېلىش كېرەك؟

بۇ مەسىلىنى خومەينى ھەل قىلدى. ئۇ «ئىسلام ھۆكۈمىتى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېدى: 12 ـ ئىمام غايىب بولغان مەزگىلدە فەقىھ (فىقھە ئالىمى) مۇسۇلمانلارنىڭ داھىيسى، مۇسۇلمانلار ئورتاق گەۋدىسىنىڭ باشلىقى ۋە ھۆكۈمرانى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان جايلاردا ئادىل فەقىھ ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنمىگەنلىكتىن، ئىسلام دىنى ئاجىزلاپ كەتتى ۋە مۇئەللەقتىكى راۋاقتا ئېلىپ قويۇلدى»، «ئىسلام دىنىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ مۇئەللەق راۋاقتا ئېلىپ قويۇلۇشىنى توسۇش

ئۇچۇن ، فەقىھ خەلقنىڭ رەھبىرى بولۇشى كېرەك .» شەرتكە توشىدىغان فەقىھ ھۆكۈمەت قۇرغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئورنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭكىگە ۋە 12 ئىمامنىڭكىگە ئوخشىمىسىمۇ ، لېكىن جەمئىيەتنى باشقۇرۇشتا شۇلارغا ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ . ئۇنىڭغا بويسۇنۇش بارلىق خەلقنىڭ مەجبۇرىيىتى بولىدۇ . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئورۇندىغان ھەممە ۋەزىپىلەرنى فەقىھمۇ ئورۇندىشى لازىم . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىماملارنىڭ ئورۇندىشىغا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەردىن فەقىھمۇ باش تارتماسلىقى لازىم . فەقىھ مەمۇرىيەت ۋە قانۇندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى فۇنكسىيىنى ئىجرا قىلىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىشىغا نازارەت قىلىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ . دۆلەتنىڭ ھەممە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ۋە ھەممە پىلانلارنى تۈزۈشنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ . فەقىھدە ھۆكۈمەت قۇرۇش ، قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە ھەر خىل ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولىسىمۇ ، شۇ دەۋردىكى ھەممە فەقىھلەرنىڭ ئۈستىگە چىقمۇالىدىغان ، باشقا فەقىھلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان ياكى ۋەزىپىدىن قالدۇرىدىغان مۇتلەق نوپۇز بولمايدۇ . مەلۇم فەقىھنىڭ دەرىجىدە يەنە بىر فەقىھدىن ئۈستۈن تۇرۇشى مەۋجۇت بولمايدۇ ياكى مەلۇم فەقىھكە باشقا فەقىھلەرنىڭكىدىن چوڭ ھوقۇق بېرىدىغان دەرىجە تۈزۈمى مەۋجۇت بولمايدۇ .

خۇمەينىنىڭ قارىشىچە ، ئىسلام ھۆكۈمىتى ھازىرقى ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەتكە ئوخشىمايدۇ . ئۇ مۇنداق دېگەن : «ئىسلام ھۆكۈمىتى بىلەن ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ پەرق شۇ يەردىكى ، كېيىنكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا خەلق ۋەكىللىرى ياكى پادىشاھ قانۇن چىقىرىدۇ . لېكىن ، ئىسلام دىنىدا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى پەقەت ئاللاغا مەنسۇپ بولىدۇ .» «ئىسلام

هۆكۈمىتى قانۇنىنىڭ ھۆكۈمىتى بولۇپ، شەخسنىڭ خەلققە ھاكىممۇتلەقلىقى، شۇنداقلا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي خەلقنى كونترول قىلىشى ئەمەس.» ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى قانۇن بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە خاھىشىنى ئاساس قىلمايدۇ. ئوتتۇرا گەۋدىدىكى ھەممە ئەزالارغا قانۇن ئالدىدىكى باراۋەر ئەزا سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىمتىيازنى ياكى كەمسىتىشنى رەت قىلىدۇ. ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىنى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ئورۇنغا قويىدۇ. ئۆزىنىڭ ئوغلى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭمۇ قولى كېسىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرى خروئىن ساتسا، ئۇلارمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئىمام ئەلىدەك ئىقتىسادچىل بولىدۇ. ئىسلام ھۆكۈمىتى ئىشنى ئاددىي بېجىرىدۇ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، چاققان بولىدۇ. چۈنكى، زورۇر بولمىغان بيۇروكرات ئاپپاراتلار، ھەر خىل مۇرەككەپ رەسمىيەتلەر ئىسلام دىنى بىلەن چىقىشمايدۇ. ھۆمەينى ئىسلام ھۆكۈمىتىدە يالغۇز پىلان ئورگىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنى بۇرۇنقى ھۆكۈمەتتە ئۆتچىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلغان.

ھۆمەينى تەسۋىرلىگەن دىن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدىغان، رەھبەرلەر پاك ـ دىيانەتلىك بولغان، ئىمتىياز ۋە كەمسىتىش بولمىغان، خەلقنى ھاياتىدىن، مال ـ مۈلكىدىن مەھرۇم قىلمايدىغان، ۋە خەلقنى ئەزمەيدىغان، دۆلەت خەزىنىسىنى ئىگىلىۋالىدىغان، چۈشكۈنلەشكەن ۋە ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان شەيئىلەر مەۋجۇت بولمايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەت شەكسىزكى، مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئېزىش ۋە قۇل قىلىش ئازابىنى تولا تارتقان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى جەلپ قىلىش كۈچكە ئىگە ئىدى.

## 2 . ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئېلىشىش جەريانى بولدى

پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىدىغان بۇ ئىنقىلابقا كەڭ تەبىقىلەر قاتناشتى . پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن ، قانداق ھۆكۈمەت قۇرۇش مەسىلىسىدە تەبىقىلەرنىڭ پىكىرى بىردەك ئەمەس ئىدى . پادىشاھلىق تۈزۈمى ياكى ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى قۇرۇلمايدۇ . چۈنكى ، ئىنقىلاب دولقۇنى پادىشاھلىق تۈزۈمنى ساقلاپ قالىدىغان ھەرقانداق تەشەببۇسنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى . لېكىن ، پادىشاھلىق تۈزۈمدە بولمىغان قانداق ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەك؟ پادىشاھقا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقان ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىچىدە بۇنىڭغا ھەر خىل جاۋابلار بار ئىدى . بەزى سىياسىي كۈچلەر غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئەندىزىسى بويىچە ، يېڭى دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى . مەسىلەن ، مىللىي دېموكراتىك فرونت ۋە رايون خاراكتېرلىك بەزى پارتىيىلەر دېموكراتىك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى . يەنە بەزى سىياسىي كۈچلەر سوتسىيالىزم ئەندىزىسى بويىچە يېڭى دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى . مەسىلەن ، خەلق پىدائىيلار ئەترىتى خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى ھۇمەينى بۇ تەشەببۇسلارنى قوللىماي ، «ساپ ئىسلامىيەت»لىك تۈزۈلمە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى .

بۇ ھەرگىزمۇ نامدىكى ئىختىلاپ بولماستىن ، بەلكى ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر ۋە ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ يېڭى دۆلەتتىكى ئورنى ۋە شۇ ئورۇنغا لايىق كېلىدىغان ئاساسىي سىياسىي تۈزۈلمىگە چېتىلىدىغان ، شۇڭا ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر ئېلىشقاندىلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئىدى .

www.uyghurkitap.com

دىنىي رەھبەرلەر ئىچىدىمۇ قاراش ئوخشاپ كەتمەيتتى . مەسىلەن ، ئايەتۇللا شەرىئەتى مەيدارى ئۆلىمالارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ مۇنداق دېدى : «ئىسلام دىنىدا ئۆلىمالار دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىششى كېرەك ، دەيدىغان بەلگىلىمە يوق» . تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا : بىرى ، پارلامېنت شەرىئەت بىلەن تېپىشىدىغان قانۇننى ماقۇللىماقچى بولغاندا ؛ يەنە بىرى ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى بەرپا قىلالايدىغان رەھبەر بولمىغاندا . «سىياسىيغا ئۆلىمالار ئەمەس ، بەلكى ھۆكۈمەت ئارىلىشىدۇ .» «ھۆكۈمەت ئىسلام دىنىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغاندا قىسقا ، ئېنىق نەسىھەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىشىمىز لازىم . . . ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر ، مەنىۋى داھىي بىۋاستە ئارىلاشماسلىقى لازىم .»①

كېيىن ئاساسىي قانۇننىڭ 110 ـ ماددىسىدا داھىينىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى بەلگىلىنىپ ، ئۇ بۇنىڭغا قارشى پوزىتسىيىدە بولۇپ ، «بىر خىل پادىشاھلىق تۈزۈمدىن يەنە بىر خىل پادىشاھلىق تۈزۈمگە ماڭماقتىمىز» دېدى . خومەينى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۈرەش جەريانىدا بۇ رەقىبنى يەڭدى .

پەھلىۋى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ، ھەر خىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېلىشىشى ئالدى بىلەن يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈشنى دەۋر قىلىپ تەدرىجىي قانات يايدى . خومەينىنىڭ ياردەمچىلىرى بەزى سىياسىي كۈچلەر (بەزى ئۆلىمالار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر پارتىيىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى)نىڭ قارشى پوزىتسىيىدە بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ، پادىشاھقا قارشى كۈچلەرنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئىنقىلابتىن كېيىن بۇ مەسىلىنى دەرھال ئوتتۇرىغا قويمىدى .

---

① دىلىپ فىرو : «ئايەتۇللالار رەھبەرلىكىدىكى ئىران» ، لوندۇن ، 1987 ـ يىلى نەشرى ، 117 ـ بەت .

1979 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي قانۇن لايىھىسىگە ھۆمەينىنىڭ فەقىھ توغرىسىدىكى سىياسىي ئىدىيىسى كىرگۈزۈلمىدى . دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت مۇقىم بولمىغانلىقتىن ، شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2 ـ لايىھىدىمۇ بۇ جەھەتتە بەلگىلىمە بولمىدى . لېكىن بۇ خالىي بولغىلى بولمايدىغان مەسىلە ئىدى . بۇ نۇقتىدا ھۆمەينى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇپ ، كىمكى ئۆلىمالارنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىگە ئىشەنمەيدىكەن ، شۇ ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى دېدى .

سىياسىي پارتىيىلەر مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ، كۆپچىلىك سايلاپ چىققان مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى ئاساسىي قانۇننى مۇھاكىمە قىلىشنى ۋە تۈزۈپ چىقىشنى بەلگىلىدى . 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مۇتەخەسسىسلەر يىغىنىنىڭ ئىسىملىكى توغرىسىدا 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىدىغانلىقى جاكارلاندى . بەزى ئۆكتىچى پارتىيە ـ گۇرۇھلار مۇتەخەسسىسلەر يىغىنىنىڭ ئىسىملىكىدە دىنىي زاتلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېتىپتۇ (73 ئەزانىڭ ئىچىدە 45 نەپەر دىنىي زات بار ئىكەن ؛ دىندىن تاشقىرى مۇتەخەسسىسلەر ئىچىدە 11 ئادەم ئىسلام جۇمھۇرىيىتى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ياكى مۇشۇ پارتىيىگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ئىكەن ) ، سايلام ۋاقتىمۇ بەك قىسقا ئىكەن ، بەلكى ھۆمەينىزمچىلار قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىۋاتىدۇ دەپ قاراپ ، خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قارشى تۇردى . 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ، 73 كىشى (بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كىشى خەلق ئاۋاز بېرىشتىن ئىلگىرى قارشى تۇرۇشقا قاتناشقانلىقتىن ، ئۇنىڭ مۇتەخەسسىسلەر يىغىنىغا قاتنىشىش لاياقىتى ئېلىۋېتىلگەن )دىن تەركىب تاپقان مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى قۇرۇلدى . ئاساسىي قانۇننى تۈزۈش 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاماملاندى ، 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ ۋە 3 ـ كۈنلىرى خەلق ئاۋاز بېرىپ ماقۇللاش ئارقىلىق ، ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رامكىسى قانۇن جەھەتتىن تۇرغۇزۇلدى .

### 3 . ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئىسلاملاشتۇرۇلۇشى

«ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 2 ـ ماددىسىدا تۆۋەندىكى ئېتىقادلارنى ئاساس قىلغان تۈزۈمدە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى :

1 ) ئاللا بەرھەق ئىگىمىزدۇر . ئاللانىڭلا ھۆكۈمرانلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا بويسۇنۇلىدۇ .

2 ) ئاللانىڭ ۋەھىيلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قانۇندا ئاساس بولۇش رولى ئېتىراپ قىلىنىدۇ .

3 ) «قىيامەت قايىم بولۇش» كۆز قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئىنساننىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي رولى ئېتىراپ قىلىنىدۇ .

4 ) ئاللانىڭ ئىنسانىيەتنى يارىتىش ۋە يېتەكلەش جەھەتتىكى ئادىللىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ .

5 ) ئاللانىڭ ئىسلام ئىنقىلابىغا بولغان مەڭگۈلۈك رەھبەرلىكى ۋە ئاساسىي رولى ئېتىراپ قىلىنىدۇ .

6 ) ئىنساننىڭ يۇكسەك قىممىتى ، ئەركىنلىكى بىلەن ئاللا ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېتىراپ قىلىنىدۇ .

4 ـ ماددىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى : «ھەق تەلەپ قانۇنى ، جىنايى ئىشلار قانۇنى ، مالىيە ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، مۇداپىئە ۋە سىياسىي قاتارلىق ھەممە قانۇنلار ۋە قائىدىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسلىنىشى كېرەك . »

12 ـ ماددىدا شىئە مەزھىپىدىكى 12 ئىمامچىلار ئەمەل قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى .

بۇ بەلگىلىمىلەر ئىران يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ دىنىي خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەت خاراكتېرىنى ئاساسىي

قانۇن نۇقتىسىدىن بەلگىلىدى . دۆلەتنى دىن ئارقىلىق ئىدارە قىلىدىغان بۇنداق تۈزۈم دىنىي زاتلارنىڭ ، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي زاتلارنىڭ ھاكىمىيەتتىكى يېتەكچى ئورنىنى بەلگىلىدى . 1980 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خۇمەينى يېڭى يىلنى تەبرىكلەش خېتىدە : «دىنىي رەھبەرلىك دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ ھەقىقىي ئاساسى» دېدى . بەزىلەر بۇ سۆزگە قاراپ ، ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىراندا ئىلاھىي ھاكىمىيەت ، «موللىلار دىكتاتورىسى» يولغا قويۇلدۇ ، دەپ قارىدى .

ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا دىنىي زاتلارنىڭ يېتەكچى ئورنىنىڭ تىكلىنىشى ، بىر تەرەپتىن ، پادىشاھقا قارشى كۈرەشنىڭ سىياسىي نەتىجىسى بولسا ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، پادىشاھ ئاغدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن ، ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ يەنىمۇ كۈچ سىنىشىپ كۆرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دەسلەپ ئىران ئىسلام دۆلىتى ، قانۇننى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلچەملىرىگە ئاساسلىنىپ تۈزىدۇ دېگەندە ، جەمئىيەتتىكى كەڭ تەبىقىلەر قارشى چىقمىدى . ھاكىمىيەتنى پۈتۈنلەي موللىلار ئىگىلىگەندە ، جەمئىيەتتىكى بەزى كۈچلەر باشقىچە قاراشتا بولدى . ئۇلار پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىش جەريانىدىكى تۆھپىمىزنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ . بىزمۇ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىمىز لازىم ، دەپ قارىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، ئىسلام دىنىنى زادى قانداق چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتىمۇ بەزى ئىختىلاپلار مەۋجۇت بولدى . مانا بۇ پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىراندىكى پادىشاھقا قارشى لاگېر ئىچىدە سىياسىي تالاش ـ تارتىش پەيدا بولۇشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ، پادىشاھقا قارشى لاگېر ئىچىدە نۇرغۇن سىياسىي پارتىيىلەر ۋە سىياسىي گۇرۇھلار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەۋجۇت بولدى . ئىراننىڭ سابىق زۇڭلىسى راجائىنىڭ قارىشىچە ، شۇ چاغدىكى سىياسىي پارتىيىلەر تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ ، يەنى مۇسۇلمانلار سىياسىي پارتىيىلىرى (پۈتۈنلەي ھۆمەينىزمغا ئەمەل قىلىدىغان ، ھۆكۈمەتتە يېتەكچى رول ئوينايدىغانلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىسلام جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى بولۇپ ، بۇنىڭدىن باشقا ، جەڭگىۋار موللىلار تەشكىلاتى ، جەڭگىۋار مۇسۇلمانلار ھەرىكىتى ، ئىسلام ئىنقىلابى جىھادچىلىرى ، ئاللا پارتىيىسى ، ئىسلام پىدائىيلار ئەترىتى ) ، ھېسداشلىق قىلىدىغان سىياسىي پارتىيىلەر (ئىسلام ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ، لېكىن ئۆلىمالارنىڭ رەھبەرلىكىنى قوللىمايدىغان ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشىغا يول قويىدىغان ، لېكىن ئەدلىيە ، دۆلەت مۇداپىئەسى ، مائارىپ قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەمتاۋاق بولسا بولمايدىغان پارتىيىلەر ، شۇ چاغدا خەلق پارتىيىسى شۇ خىلدىكى پارتىيە قاتارىغا قويۇلغان ) ، ئۆكتىچى پارتىيىلەر (ئىسلام ئىنقىلابىنى قىزغىن قوللىمايدىغان ، شۇ چاغدا ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش نىيىتىدە بولمىغانلار ) ۋە دۈشمەنلىشىدىغان پارتىيىلەر (يا ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچى بىلەن ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغان ، يا شۇنداق قىلىشنى پىلانلىغانلار ، بۇ پادىشاھلىق تۈزۈم گۇرۇھىنى ، كوردلارنىڭ دېموكراتىك پارتىيىسىنى ، خەلق پىدائىيلىرى ئەترىتىدىكى ئاز سانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى گۇرۇھلار ھۆمەينى ئېيتقان ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرىدۇ ، ئىسلامىيەتنى ياقلىمايدۇ ، بەزىلەر «ئىسلامىيەت دائىرىسىدە سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە قانۇن ـ پەرمانلارغا دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ . لېكىن ، يەنە بەزىلەر ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى قوللايدۇ ، قانداق ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ھەققىدە

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر قوراللىق كۈچكە ئىگە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىن ئۆكتىچى ياكى «قارشى تۇرغۇچى» بولۇپ قالدى .

ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن ، ھۆكۈمەت ئۆكتىچىلەرنىڭ گېزىتلىرىنى پېچەتلەش ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نېفىت شىركەتلىرىنىڭ قاتلىمىدىكى بۇرۇن پادىشاھنى قوللىغانلارنى ۋە غەيرىي ئىسلامىيەتچىلەرنى تازىلاش ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دىنىي زاتلارنى قويۇش ، قوراللىق كۈچلەرنى چىقىرىپ ، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغان قوراللىق كۈچلەرنى باستۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللاندى . ھۇمەينى ئۆكتىچىلەرگە بىر - بىرلەپ زەربە بېرىش ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى تەدرىجىي ئاجىزلىتىش ۋە ئۇلارنى ھوقۇقتىن تەدرىجىي مەھرۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، بۇ رەقىبلىرىنى يەڭدى .

ئۆكتىچىلەردىن باشقا ، يەنە بەزى ئىسلام رادىكاللىرى غەربنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ، پادىشاھقا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان ، پادىشاھنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ، بەزىلىرى ئىنقىلاب جەريانىدا ھۇمەينى بىلەن قويۇق ئالاقە قىلغان . 1979 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىسلام ئىنقىلابى كومىتېتىدىكى 13 ئەزانىڭ ئىچىگە «دىندىن تاشقىرى ئەزا»لاردىن ئالتە ئادەم قوبۇل قىلىندى ، ئۇلار ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا قارشى تۇرمىسىمۇ ، لېكىن بەزىلىرى پۈتۈنلەي موللىلاردىن ھۆكۈمەت قۇرۇشنى قوللىمىدى ، ئەمەلىي ھوقۇق تۇتۇشقا ئارىلىشىشنى ئۈمىد قىلدى ياكى بەزى مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى . دەسلەپ ھۇمەينى ئىككى يۇرۇش ھاكىمىيەت ئورگىنى ، ئىككى يۈرۈش بەنزە تەڭ مەۋجۇت بولىدىغان ئۆتكۈنچى ئۇسۇلنى قوللىنىپ ، ھوقۇقنى مولىلارنىڭ قولىغا تەدرىجىي مەركەزلەشتۈردى .

ھۇمەينىنىڭ بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرى بويىچە ، ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەممە ئىشنى دىنىي زاتلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ھۆمەينىنىڭ قارىشىچە، دىنىي رەھبەرلىكنى يولغا قويۇش دىنىي ئالىملارنىڭ زۇڭتۇڭ، زۇڭلى ۋە كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولغانلار ئىشلەيدىغان مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دىنىي ئالىملارنىڭ بىلىمى شەرىئەت بولۇپ، ئۇلار نازارەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر زۇڭتۇڭ نامۇۋاپىق ئىشلارنى قىلماقچى بولسا، فەقىھلەر ئۇنى چەكلىسە بولىدۇ. 1980 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھۆمەينى دىنىي ساھەدىكىلەرگە سۆز قىلغاندا مۇنداق دېدى: «سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىش دىنىي خىزمەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى»، «ئەگەر سىياسەتچىلەر ئىسلام دىنى بويىچە ئىش قىلىپ، مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكنى قوغدىسا، دۆلەتنى غەربكە ياكى شەرققە يېتەكلىمىسە، ئۇلار مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىسا، بىز چوقۇم ئارىلىشىمىز، ھەمدە ئۇلارنى نازارەت قىلىمىز.» ئۇ ئۆزى ئۈستىگە ئالغان رول توغرىسىدا مۇخبىرلارغا مۇنداق دېگەنىدى: «دىنىي داھىينىڭ ھۆكۈمەتكە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم، يېشىمنى، ئەھۋالىمنى ۋە ئورنۇمنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزۈم بۇنىڭغا قىلچە قىزىقمايمەن، مەن ھەرگىز دۆلەتكە زۇڭتۇڭ بولمايمەن، ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۈستۈمگە ئالمايمەن، بۇرۇنقىغا ئوخشاش، خەلقنىڭ داھىيسى بولۇشقا رازىمەن.» ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، داھىي بولغان فەقىھ ھەقىقەتەن ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق مەمۇرىي ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمىدى. تۇنجى زۇڭتۇڭ، زۇڭلىلىقنى دىنىي زاتلار ئۈستىگە ئالمىدى. 1 ـ نۆۋەتلىك ئىچكى كابىنېتتا دىنىي زاتلاردىن بىر ئادەم قاتناشتى. لېكىن، پارلامېنت باشلىقى (خوجات ئىسلام راپسانجانى)، ئالىي سوتنىڭ باشلىقى (ئىسلام جۇمھۇرىيەت

پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى بېھىشتى ) ۋە باش تەپتىش باشلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي زاتلار ئىدى .

بەنى سادىر زۇڭتۇڭلۇقنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ، زۇڭتۇڭ بىلەن موللىلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئىسلام جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ ، زىددىيەت بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى . 1980 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 1981 - يىلى 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە يەتتە ئاي داۋام قىلغان ھوقۇق كۈرىشىدىن كېيىن ، ھۇمەينى بەنى سادىرنى پارلامېنتقا ۋە باش تەپتىش باشلىقىغا بويسۇنمىدى دەپ ئەيىبلىدى ، ھەمدە ئاخىر ئۇنى زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتى . كېيىن راپسانجانى ، بەنى سادىر بىلەن بولغان كۈرەش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى : ئۇ بىر بۆلەك كۆچلەرگە ۋەكىللىك قىلدى . ئۇلار ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دىنىي رەھبەرلىكنى دىنىي مۇستەبىتلىك دېدى ، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئەكسىيەتچىلىك ، 1400 يىل بۇرۇنقىغا چېكىنىپ كەتكەنلىك دېدى . راپسانجانى بىلەن بېھىشتى بەنى سادىرنىڭ سايلىنىشىنى توسۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە ھۇمەينى ئۇلارغا : «ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك . قاراڭلار ، ھوقۇق پارلامېنتنىڭ قولىدا تۇرمامدۇ؟ سايلامدىن كېيىن ، بىز پارلامېنتنى ، ئالىي سوتنى ۋە باش تەپتىش باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسىنى كونترول قىلىمىز . » دېدى . شۇ چاغدا ، بىر سىياسەتنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى : «بەنى سادىردا زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسى بولىدۇ ، لېكىن ئۇ بىزنىڭ نازارىتىمىز ئاستىدا تۇرىدۇ . » ھۇمەينى : «ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق . ئۇ ئۆزىنى - ئۆزى قالدۇرىدۇ» دېدى . بەنى سادىر زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن ، ھۇمەينى موللىلاردىن پارلامېنتتا بەنى سادىرنى تىزگىنلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى .

بەنى سادىر سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ، راجايى بىر ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زوڭتۇڭ بولۇپ بومبا پارتلىتىلىپ ئۆلتۈرۈلدى . 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خەمەنەئى زوڭتۇڭلۇققا سايلانغاندىن باشلاپ ، زوڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنىمۇ دىنىي ئالىملار ئۈستىگە ئالدى . بەلكى خەمەنەئى ئىسلام جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان موساۋىنى زوڭلىلىققا كۆرسەتتى . شۇنداق قىلىپ زوڭتۇڭ ، پارلامېنت باشلىقى ، ئالىي سوتنىڭ باشلىقى ، زوڭلى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئىسلام جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئۈستىگە ئالدى .

ئەسلىدىكى ئىسلام ئىنقىلابى كومىتېتىغا كىرگەن «دىندىن تاشقىرى ئەزالار» ئىچىدىكى بەنى سادىر تازىلىنىۋېتىلگىنىدىن باشقا ، 1979 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان قات بوزاتمۇ تازىلىنىۋېتىلدى . ئۇنىڭ ھۆكۈمەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئۆلىمالارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ھۆمەينىنى قولغا قايتۇرۇۋېتىپ ، ئۇنىڭ رولىنى دىن دائىرىسىدە قاتتىق چەكلەپ قويۇشنى قەستلىگەنلىكىنى بايقىغانلىقتىن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ دېلوغا ئالاقىدار 170 ئادەمنى قولغا ئالدى (بۇنىڭ ئىچىدە 70 ئوفىتسېر بار ئىدى) ، 1982 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بۇ 70 ئوفىتسېر ئېتىۋېتىلدى . 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قات بوزاتمۇ ئېتىۋېتىلدى .

موساۋى زوڭلى بولغاندىن كېيىن ، مەملىكەت بويىچە ھەممە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىنقىلابىي ئورگانلاردا ئىسلام ئېتىقادى چىڭ بولمىغان كىشىلەر تازىلىنىۋېتىلدى . ئەگەر ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە ئىسلام ئىنقىلابىي مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ باللىرى جىھادچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالسا ، بۇ ئەمەلدارنىڭمۇ ۋەزىپىسى ئېلىنىۋېتىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا خەلق پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە خەلق پىدائىيلىرى

ئەترىتى (كۆپ سانلىقلار)نىڭ ئەزالىرى تازىلىنىۋېتىلدى. خەلق پارتىيىسى ئىنقىلاب جەريانىدا ۋە ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام ئىنقىلابىغا ۋە ھۆمەينىنىڭ رەھبەرلىكىگە قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولغانىدى. لېكىن، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى سەۋەبلەر بىلەن 1983 - يىلى 5 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى پارتىيىلەردىن ئەركىنلىك ھەرىكىتىدىن باشقىلىرى مەۋجۇت بولماي قالدى.

پادىشاھ ئاغدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش جەريانى موللىلارغا نىسبەتەن مۇھىم ئىدى. مەسىلەن، بەنى سادىرنىڭ ئەيىبلىنىشى پەھلىۋى پادىشاھ ئاغدۇرۇلغان، ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىنكى «3 - قېتىملىق ئىنقىلاب» ياكى ئىنقىلابنىڭ 3 - باسقۇچى دەپ ئاتالدى.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن خەلق جىھادچىلىرى تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش خېلى ئېغىر بولدى. خەلق جىھادچىلىرى تەشكىلاتىنىڭ تېھراندا 10 مىڭ ئادىمى بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قوراللىق ئىدى. بۇ تەشكىلات ئىسلام دىنىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكىدەك ئەمەس، بەلكى دەۋرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. كەلگۈسىنى نەزەرگە ئالىدىغان، دېموكراتىك، باراۋەر ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ھازىرقى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىدىن نەچچە مىڭ ئادەمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭمۇ نەچچە مىڭ ئادىمى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. 1982 - يىلى 11 - ئايدا خەلق جىھادچىلىرىنىڭ پارىژدىكى باش شتابى 1981 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇيان، ھۆكۈمەتنىڭ 2 مىڭدىن ئارتۇق سىياسىي ۋە دىنىي رەھبىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭمۇ 3 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى .

چەت ئەللەردە بەزى ئەسەرلەردە بۇ جەريان «ئىسلاملاشتۇرۇش» جەريانى بولۇپ ، دىنىي كۈچلەر دىندىن تاشقىرى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى ، دېيىلدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇنداق دېيىش توغرا بولمايدۇ . بەنى سادىرنى ۋە خەلق پىدائىيلىرىنى پۈتكۈل ئىسلام ئىنقىلابى توغرىسىدىكى چۈشەنچىگە قارشى تۇرىدۇ ، دېگىلى بولمايدۇ . ئۇلار ھۇمەينى تەشەببۇس قىلغان ھەممە ئىشتا موللىلار ھوقۇق تۇتىدىغان ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ ، «دېموكراتىك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان . شۇڭا ، راستىنى ئېيتقاندا ، ياتلارنى تازىلاشنىڭ بۇ جەريانى ئىسلام تۈسىدىكى مەسلەكلەر ئورنىغا ئىسلامىزمنى دەسسىتىش جەريانى ، شۇڭا ئىسلاملاشتۇرۇش جەريانى بولدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمنى يېتەكچى قىلغان ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىر خىل پىكىر ئېقىمى ياكى ھەرىكەت بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە پائالىيىتىدە ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ بولۇپ قالدى .

ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇق قۇرۇلمىسىدا فەقىھ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . ھۇمەينىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ، داھىي بولغان فەقىھنىڭ ئورنىنىڭ چېكى ئېنىق بەلگىلەنگەن . ئاساسىي قانۇننىڭ 5 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى : «12 ـ ئىمام يوق چاغدا ، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە ئادىل ۋە سەمىمىي فەقىھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ . ئۇ ۋەزىيەتنى ئېنىق بىلىشى ، باتۇر ، چېچەن ، باشقۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، زور كۆپ ساندىكى خەلق ئېتىراپ قىلغان ، ھەمدە داھىيلىققا قوبۇل قىلغان بولۇشى كېرەك . » ئەگەر بۇنداق نامزات

بولمىسا، خەلق سايلاپ چىققان مۇتەخەسسىسلەر زۆرۈر رەھبەرلىك لاياقىتى ھازىرلىغان ئۇچتىن بەشكىچە ئادەمنى تەيىنلىشى، ھەمدە ئۇلارنى رەھبەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىشى كېرەك. ئەگەر فەقىھ ياكى رەھبەرلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندا ئىقتىدارسىزلىقنى ئىپادىلىسە ياكى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلمىسە، خەلق سايلىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھۆكۈم قىلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش لازىم (ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەر تۆۋەندىكىچە: (1) دىنىي پەلسەپە جەھەتتىكى ئىقتىدارغا ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇپ، پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى شەرھلەپ بېرەلەيدىغان، باشقىلارغا قىيىن ئىشلارنى يېشىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى؛ (2) داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرلاشقا زۆرۈر بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كۆزىتىش ئىقتىدارىغا، جاسارەتكە، پاراسەتكە ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك).

داھىي بولغان فەقىھ تۆۋەندىكى ھوقۇقلارغا ئىگە بولىدۇ: ۋەسىيلىك قىلىش كومىتېتىدىكى ئالتە نەپەر دىنىي زاتنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ (قالغان ئالتە ئەزانى پارلامېنت ئالىي ئەدلىيە كومىتېتى كۆرسەتكەن شەرىئەت ئالىملىرىدىن سايلاپ بارلىققا كەلتۈردى.)، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؛ باش شتاب باشلىقىنى، ئىسلام ئىنقىلابىي قوغداش ئەترىتىنىڭ باش قوماندانىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى ماقۇللايدۇ، ئالىي دۆلەت كومىتېتىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئالىي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئۈچ ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى تەستىقلايدۇ، ئالىي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلان قىلىش، ئۇرۇش توختىتىشنى ئېلان قىلىش ۋە ئارمىيىنى سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن قوراللىق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىدۇ؛ زۇڭتۇڭ سايلاپ چىقىلغاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش خېتىگە ئىمزا قويىدۇ. ئالىي سوتنىڭ باشلىقى زۇڭتۇڭنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىشلىرىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ. خەلق پارلامېنتى زۇڭتۇڭ سىياسىي جەھەتتە ئىقتىدارسىز دەپ قارىغاندا زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىدۇ؛ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، گۇناھكارلارنى كەچۈرۈم قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىشنى ئېلان قىلىدۇ.

بۇ بەلگىلىمىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، داھىي بولغان فەقىھ ئەمەلىيەتتە دۆلەت باشلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىياسىيشۇناسلار كۆپ ھاللاردا بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي ئورگىنىدىكى ئالىي ھوقۇقنىڭ كىملەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قاراپ سىياسىي تۈزۈمنىڭ تۈرلىرىنى ئايرىيدۇ. مۇشۇنداق تۈرلەر بويىچە ئايرىلغانلارنىڭ ئىچىدە پادىشاھلىق تۈزۈم (بۇنىڭ ئىچىدە پادىشاھلىق مۇستەبىتلىك تۈزۈم ۋە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمگە ئايرىلىدۇ) ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى (بۇنىڭ ئىچىدە پارلامېنتلىق تۈزۈم ۋە زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمگە ئايرىلىدۇ) قاتارلىقلار بولىدۇ. ئىراننىڭ ئىنقىلابتىن كېيىنكى سىياسىي تۈزۈلمىسىدىن قارىغاندا، فەقىھ ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ۋە خېلى چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ. ئىراننىڭ سىياسىي تۈزۈمى پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئوخشىمايدۇ، ئادەتتىكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. مۇشۇ قاراش بويىچە، ئۇنى فەقىھ تۈزۈمى قاتارىغا قويۇش كېرەك.

فەقىھ — دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنىي داھىيلىق رولىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدا جۇمە

نامىزىنىڭ ئىمامىنى تەيىنلەش ياكى قالدۇرۇۋېتىش هوقۇقى بولىدۇ. دىنغا دائىر بەزى ئىشلار توغرىسىدا قەرەللىك هۆكۈم چىقىرىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، هۇمەينىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جايلارنىڭ جۇمە نامىزى ساپ دىنىي پائالىيەت بولماستىن، قۇتبىدە كۈچلۈك سىياسىي خاراكتېر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پاراۋانلىقىغىمۇ ناهايىتى ئەهمىيەت بېرىلىدۇ. هۇمەينى 1983 ـ يىلى هەج قىلىش كومىتېتىغا مەككە ۋە مەدىنىگە بېرىپ هەج تاۋاپ قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان نامرات مۇسۇلمانلارغا پۇل بېرىش هەققىدە يوليورۇق بەردى.

هۇمەينى هايات ۋاقتىدا مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى تەسىس قىلىپ، فەقىهنىڭ نامزاتىنى ئويلاندى. ئىز باسارلىققا سايلانغان مۇنتەزەرى 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، بەش نەپەر ئاياتۇللا ياكى ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىمىغانلىقتىن، قالدۇرۇپ قويۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇننى مۇهاكىمە قىلىپ، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزىدىغان 25 كىشىلىك بەنزە قۇرۇلدى (بۇلارنىڭ ئىچىدە 20 ئادەمنى هۇمەينى تەيىنلىگەن، بەش ئادەمنى پارلامېنت سايلىغان، 25 ئادەمنىڭ ئىچىدە 22 موللا بار.). هۇمەينى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى خەمىنەئىنى فەقىه قىلىشنى قارار قىلدى.

ئىنقىلاب جەريانىدا ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن مەسچىتلەر مۇهىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇلار ئاممىغا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، ئاممىغا تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئاممىنى ئۇيۇشتۇردى. دىنىي پائالىيەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ سىياسىي تەشۋىقات ۋە كونكرېت تەشكىللەش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش مەزگىلىدە مەسچىتلەرگە ئىگە بولۇش دىنىي كۈچلەرنىڭ هوقۇقدارلاردىن، شۇنداقلا باشقا سىياسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆكتىچىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇھىم تەرىپى بولدى. ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ھوقۇق تۇتقانلار مەسچىتلەرگە تايانغانلىقتىن، ھەر خىل سىياسىي ئۆكتىچىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملىيەلىدى. 1981 ـ يىلى مەسچىتلەرنىڭ سانى 22 مىڭغا يەتتى. جۇملىدىن شەھەرلەردىكى مەسچىتلەر ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى 5600 دىن بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ھەر ھەپتىدىكى جۇمە نامىزىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. جۇمە نامىزىنىڭ ئىماملىرىنى ھۆمەينى تەيىنلىدى. ئۇلار ھۆمەينىگە دوكلات قىلىپ تۇردى.

مەسچىتلەرنىڭ رولىمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى. مەسىلەن، تېھراننىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى بىر مەسچىتتە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىنىپ، ۋەز ئېيتىلىپلا قالماستىن، يېقىلغۇ ۋە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى، ئىستېمالچىلارنىڭ ھەمكارلىق ئامبىرى قۇرۇلغان، «قۇرئان كەرىم» ۋە ئەرەب تىلى دەرسلىكى تەسىس قىلىنىغان. يوقسۇللارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىلگەن، سايلامدا ئۇ مەسچىت پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىش پونكىتى بولغان.

مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن 100 مىڭ موللا بولغاندىن باشقا، يېزىلاردا سانى ئېنىق بولمىغان خەلپىلەر، ئىماملار، دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە دىنىي مۇراسىم تەشكىللىگۈچىلەر بار. دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش ناھايىتى كۈچەيتىلدى. تېھران، مەشھەد، تەبرىز، ئىسپاھان، شىراز، يەزدتىكى دىنىي ئىنستىتۇتلاردىن باشقا، 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تېھراندا سادىق ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىنقىلابتىن ئىلگىرى 10 مىڭ ئادەم ئىدى. ئىنقىلابتىن كېيىن 30 مىڭغا يەتتى. دىنىي

زاتلارنىڭ سانى ۋە پائالىيەتلىرى كۆپەيگەنلىكتىن ، جەمئىيەت تۇرمۇشىدا دىنىي كەيپىيات كۈچەيدى . شەھەر ـ بازارلاردا ھەر خىل دىنىي بايراملار ، ھەر خىل خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ .

## 5 § . شەرىئەتنى يولغا قويۇش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلامىيەت بويىچە ئۆزگەرتىش

ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇپ ، دىنىي زاتلارنىڭ يېتەكچى ئورنىنىڭ تىكلىنىشى شەرىئەتنى يېڭىۋاشتىن ئىزچىللاشتۇرۇش ، جەمئىيەتنى پۈتۈنلەي ئىسلامىيەت بويىچە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنى يارىتىپ بەردى . لېكىن ، بۇنداق ئۆزگەرتىش كونكرېت شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ . چۈنكى ئۆزگەرتىش مەلۇم دەرىجىگە يېتىپ ، ئوبيېكتىپ شارائىتتىن ھالقىپ كەتكەندە ئاخىر مەۋجۇت بولغان شەرت ـ شارائىتقا قاراپ زۆرۈر تەڭشەشلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

شەرىئەت «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شەرىئەت VII ئەسىردە بارلىققا كەلدى . ھازىرقى زامان جەمئىيىتى ئۇ چاغدىكى جەمئىيەتتىن ناھايىتى كۆپ پەرقلەنگەنلىكتىن ، يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن يېڭى قانۇن تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ . ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە شەرىئەتنى ئىجرا قىلىش يېڭى قانۇن تۈزۈشنى چەتكە قاقمايدۇ ، ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ . مەسىلە شۇكى ، ئىسلامىزمنىڭ قارىشىچە ، يېڭى تۈزۈلگەن ھەرقانداق قانۇن شەرىئەت بىلەن تېپىشىپ قالماسلىقى لازىم .

ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، بەزى قانۇنلار تۈزۈلدى . لېكىن بۇ قانۇنلار تۈزۈلگەندە ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرىئەتكە مۇۋاپىق كېلىشى تەكىتلەندى . ئىجرا قىلىش جەريانىدا ، ئەمەل قىلىدىغان تەييار قانۇن بولمىسا ، شەرىئەتكە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ . ھازىرقى قانۇندا بۇ ماددا يوق ، نۇقسان بار ياكى ئۆزئارا زىت كېلىدۇ دېگەندەك باھانىلار بىلەن ھۆكۈمنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ . 1982 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىچكى كابىنېت بىر ئۇنىۋېرسال پىلاننى ماقۇللاپ ، شەرىئەتنى جىنايى ئىشلار قانۇنى ، ھەق تەلەپ قانۇنى ، سودا قانۇنى ، ھۆججەتلەر ۋە يەرلەرنى ئەنگە ئالدۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەرگە كىرگۈزدى . 8 - ئايدا ھۆكۈمەت دىندىن تاشقىرى ھەممە قانۇنلارنىڭ ئىناۋەتسىز قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى .

قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋاسىتىلىرى توغرىسىدا ئاساسىي قانۇندا بەزى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى . مەسىلەن ، جىسمانىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش مەنئى قىلىندى . شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئۇسۇللار جازالاش ۋاسىتىسى قىلىنىدىغان بولدى . مەسىلەن ، ئىسلام دۆلىتىگە قوراللىق قارشى تۇرغان ، جەمئىيەتتە چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى يامرىتىۋەتكەن جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان بولدى .

ئىنقىلابتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى سەل قالايمىقان بولۇپ ، ئىسلام ئىنقىلابىي سوتى ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولدى . ئۇ ئىنقىلابقا قارشى دېلو ۋە جاسۇسلۇق ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش قاتارلىق ئېغىر جىنايى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئەخلاققا دائىر دېلولارنى ۋە ئىسلام دىنىغا خىلاپلىق قىلغان مۇناپىقلىق تۈرىدىكى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، مال باھاسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ، دۆلەت بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ باھاسىنى بەلگىلەپ بەردى . دۆلەتنىڭ باھا بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان سودىگەرلەر قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلدى .

بۇنداق ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ھۆمەينى 1982 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «ئەدلىيىنى ئىسلاملاشتۇرۇش»نىڭ سەككىز ماددىلىق پەرمانىنى جاكارلىدى. پەرمانىنىڭ 1 ـ ماددىسىدا شەرىئەتنى ئاساس قىلغان قانۇن چىقىرىش، تەستىقلاش ۋە يەتكۈزۈش ئۆز ۋاقتىدا، توغرا بولۇشى كېرەك دېيىلگەن. 2 ـ ماددىسىدا قازى، تەپتىش باشلىقى ۋە سوتنىڭ ھوقۇقىنى ئېنىق بىلىپ، خەلقنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھازىرقى ئىپادىسىگە قاراش، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا سادىر قىلغان بەزى خاتالىقلىرىغا كەڭ قورساقلىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 3 ـ ماددىدا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى تەۋەلىكىدىكى بولسۇن، ياكى ئىنقىلابىي سوتتىكى ئەمەلدارلار بولسۇن، مۇستەقىل قارار چىقىرىشى، ئەمەلدارلارنىڭ پىكىرىنى ئويلانماسلىقى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىسلامغا يات ئۇسۇللار بىلەن خەلققە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. 4 ـ ماددىدا قازىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغان ئەھۋالدا ھەرقانداق ئادەمنى قولغا ئېلىشقا، چاقىرتىپ كېلىشكە بولمايدىغانلىقى، زوراۋانلىق بىلەن قولغا ئېلىش ۋە چاقىرتىپ كېلىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. 5 ـ ماددىدا شەرىئەت قازىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىسا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنىڭ قانۇنسىز بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. 6 ـ ماددىدا ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاۋامنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىگە، دۇكانلىرىغا ۋە تىجارەت قىلىدىغان سورۇنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىشكە؛ قانۇنسىز قىلمىشلارنى ياكى جىنايەتلەرنى پاش قىلىش باھانىسى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى قولغا ئېلىشقا، پايلاشقا ۋە تۇتقۇن قىلىشقا؛ كىشىلەرنى خورلاشقا ياكى ئىسلامغا يات، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشقا؛ قانۇنغا خىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتلەرنى ، جىنايەت مەركەزلىرىنى ياكى جىنايەت سادىر قىلىنغان نەق مەيدانىنى پاش قىلىش باھانىسى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېلېفوندا سۆزلەشكەنلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا ياكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئاڭلاشقا ؛ باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى تەكشۈرۈشكە ياكى غۇلغۇلا قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ جىنايەتلىرىنى مەخپىي ۋاستىلەر بىلەن تەكشۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن . لېكىن ، 7 ـ ماددىدا بۇ چەكلەشلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتىگە قارشى سۈيىقەست ۋە كىچىك گۇرۇھلارنىڭ دېلولىرىغا ماس كەلمەيدىغانلىقى بەلگىلەنگەن .

جەمئىيەتنى پاكلاشتۇرۇپ ، ھەرخىل چىرىك ھادىسىلەرنى تازىلاپ ، جەمئىيەتنى ئىسلاملاشتۇرۇش ياكى تېخىمۇ توغرىراقىنى ئېيتقاندا ، ئىسلامىزم پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ ، جەمئىيەتنى ئىسلامىيەت بويىچە ئۆزگەرتىش ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قوللىنىلغان ئاساسىي تەدبىرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتە ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى قىلىپ ، ئىسلام تەرتىپىنى ئورناتتى . ئىنقىلاب جەريانىدا قۇرۇلغان ساۋاب ئىشلارنى قوللاپ ، يامان ئىشلارغا زەربە بېرىش بويىچە تەشۋىقات باشقارمىسى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنى ياخشىلاش جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى . ھۆكۈمەت ھاراق ئىچىشنى ، قىمار ئويناشنى ، بەيگە قىلىشنى ، كەچلىك بەزمىخانىلارنى ، ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىللە سۇ ئۈزۈشنى مەنئى قىلدى . بۇرۇنقى جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولغان ئاياللار ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىش ، يالىڭاچ بولۇۋېلىشتەك تۇرمۇش شەكىللىرىگە ، چاكىنا ۋە ئىپلاس تىياتىر ، كىنولارغا ، قىمار ، زەھەرلىك چېكىملىك ، خىيانەتچىلىك ، ئوغرىلىق قاتارلىق رەزىل قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇردى . 1980 ـ يىلى

5 - ئايدا تېھراندىكى «قىزىل چىراغ رايونى»نى ۋەيران قىلىپ، مىڭدەك پاھىشە ئايالغا باشقا تىرىكچىلىك يولى تېپىپ بەردى.

پەھلىۋى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە 500 مىڭدىن 800 مىڭغىچە ئادەم زەھەرلىك چېكىملىك چېكەتتى. زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان ھادىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1980 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدىغان 200 ئادەمنى ئېتىۋەتتى. 1983 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان 7618 ئادەمنى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدىغان 21527 ئادەمنى قولغا ئالدى.

ئىنقىلابتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە كۆپلىگەن مۇزىكا، شاھمات، قارت قاتارلىقلارمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە يات دەپ قارىلىپ مەنئى قىلىندى. 1979 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھۇمەينى: «مۇزىكا بىلەن ئەپيۇننىڭ پەرقى يوق»، «ئەگەر مۇستەقىل دۆلەتكە ئىگە بولماقچى بولىدىكەنمىز، بىزنىڭ رادىئو، تېلېۋىزورلىرىمىز تەربىيە خاراكتېرىدە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇزىكا يوق قىلىنىشى كېرەك» دېدى. ئەتىسى رادىئو ۋە تېلېۋىزورنىڭ باش دىرېكتورى ئىمامنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، مۇزىكا قويۇشنىڭ توختىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ھۆكۈمەت قىزلارنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى ئىزچىل چەكلىدى. 1988 - يىلى 10 - ئايدا ھۇمەينى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى سېتىۋېلىشقا، شاھمات، قارت ئويناشقا رۇخسەت قىلدى.

ئامىۋى سورۇنلاردا ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچىكى، يۈرۈش - تۇرۇشى، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ۋە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ بىللە بولۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئىسلام ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى. 1979 - يىلى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى ھارپىسىدا ھۇمەينى بۇيرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشۈرۈپ ، بۇرۇنقى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان ئائىلىلەرنى قوغداش قانۇننى ئىجرا قىلىشنى توختاتتى ، ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇشىنى مەنئى قىلدى . «بۇزۇقچىلىق مەركىزى» دەپ ئاتالغان مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلدى . ھۆمەينى ئاياللار ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا خىزمەت قىلسا بولىدۇ ، لېكىن چۈمبەل تارتىشى ، چېچىنى چىقىرىپ قويماسلىقى ، «ئىسلام ئۆلچىمى بويىچە كىيىنىشى كېرەك» دېدى . ھۆكۈمەت دائىرىلىرى زىنا قىلىشنى قاتتىق چەكلىدى . ئەنئەنىگە ئاساسەن ، زىنا قىلغانلىقى مەلۇم بولسا ، نىكاھلانمىغانلار 100 دەررە ئۇرۇلدى ، نىكاھلانغانلار چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى . قىزلارنىڭ نىكاھلىنىدىغان ئەڭ تۆۋەن يېشى 16 ياشتىن 13 ياشقا تۆۋەنلىتىلدى . ئادەتتىكى ئەھۋالدا ، ئەر كىشى رازى بولغاندا خوتۇن كىشى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلالىدى . سەھىيە مىنىستىرى ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە بالا چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ قانۇنسىزلىق بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى .1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرى ئىسلام ئەنئەنىسىگە ئاساسەن ، ئاياللارنىڭ قازى بولۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ، بۇ جەھەتتە تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ باشقا خىزمەتكە قويۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . 90 ـ يىللاردا ئاياللارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋېلىسىپىت مىنىشىگە روخسەت قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش بولدى . خەمىنەئى : «ئاياللار يات كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن يىراق بولۇشى كېرەك . ئاياللار ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋېلىسىپىت مىنسە جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ ، شۇڭا مەنئى قىلىش كېرەك» دەپ قارىدى .

بۇ بەلگىلىمىلەر ئىچىدە كىيىم ـ كېچەك مەسىلىسى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ . ئەنئەنە بويىچە ، توققۇز ياشتىن يۇقىرى قىزلار سىرتقا چىققاندا چۈمبەل تارتىشى ، ھەممە بەدىنىنى

يېپىپ تۇرىدىغان، بەدەن شەكلى بىلىنمەيدىغان ئازادە كىيىملەرنى كىيىشى، ئەڭ ياخشىسى قارا رىدا كىيىشى لازىم. چۈمبەل تارتماسلىق ساغلام ئائىلە تۇرمۇشىنى بۇزۇشنىڭ سەۋەبى دەپ قارىلىدۇ. 1980 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى هۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، هۆكۈمەت ۋە جامائەت ئىشخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ پۈتۈنلەي چۈمبەل تارتىشىنى ۋە قارا رىدا كىيىشىنى، سۇ ئۈزگەندىمۇ ئىچ كىيىم كىيىپ، سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيمەسلىكنى ئۇقتۇردى. بىر يىلدىن كېيىن پارلامېنت ئىسلام كىيىم - كېچەك قانۇنىنى ماقۇللاپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى بىر يىل قامايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بەزى شەهەرلەردىكى ماگىزىنلار چۈمبەل تارتمىغان ئاياللارغا مال سېتىپ بەرمىدى.

كېيىن بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1981 - يىلى 1 - ئايدا هۆمەينى كىنولاردا چۈمبەلسىز ئاياللار ئوبرازىنىڭ چىقىشىنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بەزى ئاياللار سىرتقا چىققاندا چۈمبەل تارتىسىمۇ، لېكىن رىدانىڭ بېلىنى باغلىۋالدى ياكى رىدانىڭ ئۈستىگە كىيىم كىيىۋالدى. هەممەيلەن قارا چۈمبەل تارتماي، بەزىلەر يېشىل، بەزىلەر سۆسۈن چۈمبەللەرنى تارتتى. شۇنداق بولسىمۇ هۆكۈمەت غەربچە كىيىم - كېچەككە قارشى تۇرۇش هەرىكىتىنى دائىم قانات يايدۇرۇپ تۇردى. ئاياللار ئەگەر كالتە ئىشتان ياكى نېپىز نىلون پايپاق كىيسە قولغا ئېلىندى.

ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىشىغىمۇ چەك قويۇلدى. ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاياللارنىڭ لەۋسۇرۇخ، سۈرمە سۈرۈشىگە يول قويۇلمىدى. 1991 - يىلى هۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەكتەپلەردە قىزلارنىڭ ئۇزۇن تىرناق قويۇشىنى، گىرىم بۇيۇملىرى ئىشلىتىشىنى، نېپىز، قىسقا پايپاق كىيىشىنى مەنئى قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ جەهەتتىكى چەكلىمە ئانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتتىق بولمىدى . مەسىلەن ، بەزى قىزلار لەۋسۇرۇخ سۇرۇپ ، تىرنىقىنى مايلاپ يۈردى .

رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ ئىچىدىمۇ پىكىر تامامەن بىردەك ئەمەس . مەسىلەن ، زۇڭتۇڭ راپسانجانىنىڭ قارىشىچە ، «گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە ياسىنىپ يۈرۈش ھەممە ئادەمدە بولىدىغان چىن تۇيغۇ ، بۇنداق تۇيغۇغا قارشى تۇرۇش ئاللانىڭ ئارزۇسى ئەمەس . » لېكىن بۇ قاراش مولللار ئىچىدە كەسكىن مۇنازىرە قوزغىۋەتتى .

ئەرلەرمۇ كالتە كۆڭلەك ، چەت ئەل كىيىملىرىنى كىيىشكە ۋە بەدىنىنىڭ بەزى جايلىرىنى قەستەن ئوچۇق قويۇشقا بولمايدۇ .

ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىلاش يىغىلىشقا بولمايدۇ . 1979 - يىلى جاكارلانغان پەرمانغا ئاساسەن ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ چېچىنى ئېلىشقا بولمايدۇ . ئەرلەرمۇ ئاياللارنىڭ چېچىنى ياساشقا بولمايدۇ . ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوغۇل ۋە قىز ئوقۇغۇچىلىرى بىر مەكتەپتە ئوقۇشقا بولمايدۇ . ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىلاش ئۆتكۈزىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . نىكاھلانمىغان ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ قول تۇتۇشۇشىغا ، كوچىلاردا بىللە يۈرۈشىگە بولمايدۇ . ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۆڭكۈرلىرىدىمۇ ئەرلەر ۋە ئاياللار پەردە بىلەن ئايرىۋېتىلىشى كېرەك . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئاممىۋى سورۇنلاردا قول تۇتۇشۇپ يۈرۈشنى چەكلەش بۇرۇنقىدەك چىڭ بولمىدى . راپسانجانى 1990 - يىلى 11 - ئايدا مۇنداق دېدى : «جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ، ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى بۇزۇۋېتىشىمىز لازىم» ، «ئەرلەر ۋە ئاياللار نىكاھلانمىغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىش ئورنىدا تىزىملاتمىغان ئەھۋال ئاستىدا ، بىر - بىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ» ، «ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتسە بولىدۇ . بويتاق ئايال ئەر كىشىگە 1 — 2 ئاي ئىچىدە توي قىلىش

توغرىسىدا تېلېفون بەرسە بولىدۇ. بۇنىڭغا يازما توختام ئىمزالاشنىڭ ھاجىتى يوق.»[1]

دىنىي ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 1984 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئالاھىدە چارلاش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، دىنىي ئەھكام بويىچە يامان ھەرىكەتتە بولدى ۋە چۈشكۈنلەشتى دەپ قارالغانلار قولغا ئېلىندى، ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغان قوراللىق ئەرلەر بىر ماشىنىغا، قوراللىق ئاياللار يەنە بىر ماشىنىغا چۈشۈپ كوچىلارغا چىقىپ، قىلمىشى چاتاق ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇردى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قولغا ئالدى.

مەدەنىيەت ـ تەربىيە ساھەسىدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن ئۆزگىرىش قانات يايدۇرۇلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت ئىنقىلابى كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت يەتتە نەپەر موللا ۋە دىندىن تاشقىرى ئالىمدىن تەركىب تاپتى. بۇ كومىتېت شەرقنىڭ ۋە غەربنىڭ «مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى»گە قارشى تۇرۇش يولىدا كۈچ چىقاردى.

ئىنقىلابتىن كېيىنكى ئالىي مەكتەپلەردە ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە پائالىيەتلەر ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. لېكىن، موللىلارنىڭ ئورنى تىكلىنىپ كېتەلمىدى. بەزى موللىلار بۇ مەكتەپلەر ئىسلامغا قارشى، چىرىك مەكتەپلەردۇر دەپ قارىدى. شۇڭا، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم مەقسەتلەرنىڭ بىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئىسلام دىنىنىڭ قىممەت قارىشىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە موللىلارنىڭ يېتەكچى ئورنىنى تىكلەشتىن ئىبارەت بولدى.

1980 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان مەدەنىيەت ئىنقىلابى باش شتابى

---

[1] فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى، تېھران 1990 ـ يىلى، 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى.

تەسىس قىلدى . ھۆكۈمەت مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىرىنى يېڭىدىن بەلگىلىدى ، يېڭى دەرسلىكلەرنى تۈزدى ياكى كونا دەرسلىكلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى بويىچە تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى . ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ مەزمۇنلارنى چىقىرىۋەتتى . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ ، ئوقۇتۇشتا ئىسلام ئۇقۇملىرىنى غەرب ئۇقۇملىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشىگە ياردەم قىلدى . ھۆكۈمەت ئالىي مەكتەپلەر بىلەن مەدرىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى . ھۆمەينى تېھران ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن قۇمدىكى مەدرىسە ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا چاقىردى . ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ، ئالىي مەكتەپلەردە 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يېڭىۋاشتىن ئوقۇش باشلاندى .

ھۆكۈمەت مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئالىي كومىتېتى قۇرۇپ ، ئالىي مائارىپنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى .

غەرب مەدەنىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى . مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، چەت ئەللەرنىڭ 250 مىڭ سىنئالغۇ فىلىمى ئىرانغا كىرگەن . 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پارلامېنت قارار چىقىرىپ ، چەت ئەللەرنىڭ سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كىرگۈزۈشنى ، سېتىشنى ۋە كۆرۈشنى مەنئى قىلدى ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا 1 مىليوندىن 3 مىليونغىچە ئىران رىيالى جەرىمانە قويدى .

## 6 § . ئىسلام ئىقتىسادىي سىياسىتىنى يولغا قويدى

### *1 . بايلارنى تىزگىنلەپ ، يوقسۇللارغا مەدەت بەردى*

ھۆمەينى 1978 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى

باياناتىدا «ئىسلام دۆلىتى كاپىتالىستلارنىڭ ۋە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ قوغدىغۇچىسى ئەمەس» ، «ئىسلامىيەت ئاجىزلار ، دېھقانلار ۋە ئىشچىلار تەرىپىدە تۇرىدۇ» دېدى . بۇ ، يېڭى ھاكىمىيەت ئىقتىسادىي سىياسەت تۈزگەندە نەزەرگە ئالىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولدى .

يوقسۇللارغا يار ـ يۆلەك بولىدىغان بۇنداق سىياسەت نامرات خەلق تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىسلام ئىنقىلابىغا قاتنىشىش ۋە ئىسلام ئىنقىلابىنى قوغداش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى . شۇنىڭ بىلەن ، يېڭى ھاكىمىيەت كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە قىلىندى . ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، يېڭى ھاكىمىيەت نۇرغۇن جىددىي خىرىسلارغا دۇچ كەلدى . جۈملىدىن ئىراق بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش قىلدى . لېكىن ، ئۇ بايلارنى تىزگىنلەپ ، يوقسۇللارغا مەدەت بېرىش سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن ، بۇ خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ ، ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلىدى .

ئەلۋەتتە ، بۇ سىياسەتنى قوللىنىش ئارقىلىق ، ئىران جەمئىيىتىدىكى نامراتلار بىلەن بايلار قاتتىق پەرقلىنىدىغان ھالەتنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولمايدۇ . ئىراندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم تۆۋەن ئەمەس . 1991 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كىشى بېشىغا 2170 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كەلدى . راپسانجانى «ئىران نامرات دۆلەت ئەمەس ، شۇڭا ئىراننى 3 ـ دۇنيا دۆلەتلىرى قاتارىغا ئايرىپ قويماسلىق لازىم» دەپ قارىدى .① لېكىن ، ئاھالە ئىچىدە بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ پەرقى چوڭ . مۆلچەرلىنىشىچە ، 1993 ـ يىلى ئايلىق كىرىمى 250 مىڭ رىيال (158 ئامېرىكا دوللىرى )دىن تۆۋەن ، يەنى نامراتلىق سىزىقى

---

① راپسانجانىنىڭ 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېھران يېنىدىكى تەبىئىي گاز تەقسىم قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشلاش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاستىدىكى ئاھالە مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن . 2 مىليون ئائىلىنىڭ ئايلىق كىرىمى 120 مىڭ ئىران رىيالىغا يەتمەيدىكەن . مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كىرىمنىڭ 1.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن . ۋەھالەنكى ، مەملىكەت بويىچە نوپۇسىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان باي ئاھالە مەملىكەت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولىدىكەن .①

### 2 . ئىقتىسادچىل ـ تېجەشلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى ، ئىسراپخورلۇق قىلىپ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىشكە ۋە ئىستېمالچىلىققا قارشى تۇردى

ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى قىممىتى بىلەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىراندىكى دىنىي رەھبەرلەر ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە ھېسابلىنىدۇ . خۇمەينى ئىسلام تۇرمۇشتىكى ماددىي سەۋەبنىڭ قانچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئەمەس ، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى تارقىتىپ دۇنيادىكى مىليونلىغان ئېزىلگۈچىلەرنى جاھانگىرلار ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىك ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم چۈشەندۈردى .

ئاساسىي قانۇندا ئىستېمال قىلىش ، مەبلەغ سېلىش ، ئىشلەپچىقىرىش ، تەقسىم قىلىش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قاتارلىق ئىقتىسادىي ساھەلەردە ئىسراپچىلىقنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى . ئىقتىسادچىل ـ تېجەشلىك بولۇش

① جاھانگىر ئامزاقال : «ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادى» ، لوندۇن 1993 ـ يىلى نەشرى ، 291 ـ بەت .

جەھەتتە ئالدى بىلەن ھۆمەينى ئۈلگە كۆرسەتتى . 1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھۆكۈمەت جەمئىيەتتىكى ئىستېمال ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ ، ئىقتىسادچىل بولغان ئىسلام ئىستېمال مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ، «ئىسلام ئىستېمال قانۇنى» نى جاكارلىدى . بۇ قانۇننى ئىمپورت سىياستىدە ئىپادىلەپ ، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ئىمپورت قىلىشنى ئىزچىل چەكلىدى .

ۋەھالەنكى ، ئەھۋالنىڭ تەرەققىي قىلىشغا ئەگىشىپ ، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ ئورنىمۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . «ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادى» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەپ قارىدى : ئىران رەھبەرلىرى باشتا «ئىجتىمائىي ئادىللىق بىرىنچى ئورۇندا ، گۈللەندۈرۈش ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئەمەل قىلدى . لېكىن ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ، ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىشى ، مال باھاسىنىڭ ئېشىشى ، شەخسلەر سالغان مەبلەغنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ، ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىسلىقى ، ئاممىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە نارازى بولۇشىدەك ئەھۋاللار ئالدىدا ، «ئىجتىمائىي ئادىللىق» ئەمەلىيەتتە «ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى»غا ئورۇن بەردى .

### 3 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارماقلارنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇردى ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى تارماق- لارنىڭمۇ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى

1979 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋە 25 ـ كۈنى ئىنقىلابىي كومىتېت خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى 27 بانكا (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 13 بانكىغا چەت ئەل شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان ) ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى 15 سۇغۇرتا شىركىتىنى

دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى . شۇ يىلى يازدا ھۆكۈمەتنىڭ 36 بانكىسىنى 10 بانكا قىلىپ ئۆزگەرتتى .

1979 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىگىسى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن ، تاقىلىپ قالغان ، داۋاملىق تىجارەت قىلالماي ھۆكۈمەتتىن ياردەم تەلەپ قىلغان سودا سارايلىرىغا بىر ياكى بىردىن ئارتۇق دىرېكتور ئەۋەتتى . 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىنقىلابىي كومىتېت «ئىران سانائىتىنى قوغداش ۋە كېڭەيتىش قانۇنى»نى تەستىقلاپ ، سانائەت كارخانىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە بۆلدى : (1) ئاساس بولىدىغان ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە سانائەت . بۇ سانائەت نېفىت ، تەبىئىي گاز ، خىمىيە ، تۆمۈريول ، بېلىقچىلىق ، ئېلېكتر قۇۋۋىتى ، ئاپتوموبىل ياساش ، ئايروپىلان ياساش ۋە ئاساسىي مېتاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇلار دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ ، بۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىگىلىرىگە ھەق بېرىلىدۇ ؛ (2) شەخسلەر ئىگىلىگەن بۇرۇنقى ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ئىگە بولغان ياكى كېڭەيتىۋالغان كانچىلىق ۋە سانائەت ئورۇنلىرى 200 گە يېتىپ ، 53 شەخسكە ۋە ئائىلىگە چېتىلىدۇ . بۇلار مۇسادىرە قىلىنىپ ، ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىندى ؛ (3) مۈلكى قەرزگە چىقىش قىلمايدىغان ياكى قەرزنى قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولسىمۇ ، لېكىن ھۆكۈمەتكە قەرزدار بولۇپ قالغان زاۋۇت ، كارخانىلارمۇ 200 گە يېتىدۇ . ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بانكىلارنىڭ ھاۋالە بىلەن باشقۇرۇشىغا ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ . ئۇلار ھەقدار نامىدا باشقۇرىدۇ . قەرز تۆلەيدۇ ؛ (4) باشقا كارخانىلار قانۇنلۇق خۇسۇسىيلار كارخانىلىرى ھېسابلىنىپ ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ .

ھۆكۈمەت خۇسۇسىيلارنىڭ 580 سانائەت ، كان شىركىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى . بۇلاردىن 450 شىركەتنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى

سانائەت شىركەتلىرى ۋاھالە بىلەن باشقۇرىدىغان بولدى . بانكا ، سۇغۇرتا ۋە بەزى ھالقىلىق سانائەتلەر دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى . شۇنداق قىلىپ ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۈچلۈك ئىقتىسادىي تارماقلار قۇرۇلدى . 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بىلەن خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ نىسبىتى 1 : 4 بولدى .

خۇسۇسىي كارخانىلارنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە دۆلەت ئارىلىشىش مەسىلىسىدە دىنىي زاتلار ئىچىدە ئىختىلاپلار مەۋجۇت بولدى . مەسىلەن ، 1981 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلىغىچە زۇڭلى بولغان موساۋى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشنى ۋە دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى . لېكىن ، ھامىيلىق قىلىش كومىتېتىدىكى بەزى ئەزالار خۇسۇسىيلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى تارماقلارنىڭ رولىنى تەكىتلىدى . 1981 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھۆكۈمەت پارلامېنتقا تاشقى سودىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا قانۇن لايىھىسى تاپشۇردى . ئۇنى ئالتە ئايدىن كېيىن ھۆمەينى تەستىقلىدى . 1982 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پارلامېنتمۇ ماقۇللاپ ، ھامىيلىق قىلىش كومىتېتىغا تاپشۇردى . لېكىن ، ھامىيلىق قىلىش كومىتېتىدىكى ئۆلىمالار بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا يات ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ ، دىنىي ئەقىدىگە ماس كەلمەيدۇ دەپ قارىدى .

ئىران بەزى كارخانىلارنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى تارماقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەي ، بايلىقنىڭ توپلىنىش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىشنى ئويلايتتى . چۈنكى بۇ ئىش ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىيلار مال ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۈلكىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە چېتىلاتتى . خومەينى 1984 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يېڭى كابىنېتتا : «ھاۋالىنى قوبۇل قىلىپ دۆلەتكە ئەجىر سىڭدۈرۈشنى خالايدىغان سودىگەرلەر دۆلەتكە ئەجىر سىڭدۈرۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە . ھەممىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالماسلىق لازىم» دېدى .

ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى پىلانلىق تۈزۈم ، دۆلەت ئىگىلىكى ، ھەمكارلىق ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەركىب ئاساسىغا قۇرۇلغان تۈزۈم .

ئىران يولغا قويغان ئىسلام ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمى زادى قانداق بولدى ؟ بۇ ھەقتە ئىراندا گەپ ـ سۆزلەر تولا . بەزىلەر ئىراننىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى پەھلىۋى دەۋرىدىكىگە يەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ . بەزى جەھەتلەردىن قارىغاندا ، ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق ، لېكىن مۇنداق ئۈچ تەرەپتىكى ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە ئىراندىكى ئىسلام ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ ئۇمۇمىي نەتىجىسىگە مۇۋاپىق باھا بەرگىلى بولىدۇ . بىرىنچىدىن ، بادشاھ پەھلىۋى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى بىرنەچچە يىلدا 1973 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە نېفىتنىڭ باھاسى ئۆسكەنلىكتىن ، خەلق ئىگىلىكىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان نېفىت كىرىمى خېلى زور ھەجىمدە ئاشتى . ئىككىنچىدىن ، 1980 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە سەككىز يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى . بۇنداق تەسىر ئىراندىلا بولۇپ قالماستىن ، يۇقىرىقىدەك ئىسلام ئىقتىسادىي سىياسىتىنى يولغا قويمىغان ئىراقتىمۇ پەيدا بولدى . ئۈچىنچىدىن ، 1985 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە دۇنيا بازىرىدا نېفىتنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى . نېفىت باھاسى 1991 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە يەنە ئۇدا تۆت

يىل تۆۋەنلەپ ، ئىراننىڭ ئىقتىسادىغا ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى . ئىران ھۆكۈمىتى نېفىتتىن باشقا مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ نېفىت باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ئىلھاملاندۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئىگە بولالمىدى . ئىرانغا ئوخشاش ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويمىغان نېفىت دۆلەتلىرىدىمۇ نېفىت باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان قىيىنچىلىقلار ناھايىتى روشەن بولدى .

## 7 § . ئىران ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلار

ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ غەلىبە قىلىشى ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇ يولغا قويغان سىياسەتلەر روشەن دىنىي تۈسكە ئىگە . بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالدۇق ، بۇ يەردە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز . بۇ يەردە شۇنى دېمەكچىمىزكى ، موللىلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەريانىدا ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرىنى قانداق تەتبىق قىلدى : ئەسلىيەتچىلىكنى تەتبىق قىلدىمۇ ياكى غەيرىي ئەسلىيەتچىلىكنى تەتبىق قىلدىمۇ ؟

ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئىسلام مودېرنىزمىغا ماس كېلىدىغان چۈشەنچە . ئىراندىكى دىنىي ھەرىكەت ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنامدۇ - يوق ؟ بۇ ناھايىتى كۆپ تەھلىل قىلىنغاندا ھەل قىلىنغىلى بولىدىغان مەسىلە بولۇپ ، ئۇنى بىرەر نامنى قويۇش بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ .

ئەسلىيەتچىلىكنىڭ ھەر خىل شەكىل ۋە مەزمۇنلىرى بولىدۇ . ئوخشىمىغان دىن ۋە بىر دىندىكى ئوخشىمىغان مەزھەپلەردە ئەسلىيەتچىلىكنىڭ ئوخشىمىغان شەكىل ۋە

www.uyghurkitap.com

مەزمۇنلىرى بولىدىغانلىقىنى دېمەي تۇرايلى، بىر دىن، بىر مەزھەپتىكى ئەسلىيەتچىلىكمۇ ئوخشىمىغان دەۋردە پەرقلىنىدۇ. ئەسلىيەتچىلىك دېگەندە مەلۇم ئەقىدىنىڭ نەزەرىيە، ئەخلاق، قانۇن جەھەتلەردىكى ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى ئەسلىگە قايتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن، ئەھۋال ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئاساسي ئەقىدىلەرنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە ماسلىشىدىغان قىلىش ئۈچۈن يېڭى چۈشەنچىلەرنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زاماندىكى ئەسلىيەتچىلىك بىلەن بۇرۇنقى ئەسلىيەتچىلىك پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا «مودېرنىزم» تەركىبلىرى ياكى ئامىللىرىنىڭ بولۇشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. ئاساسي ئەقىدىگە ئاسىيلىق قىلىشنى تۈگىتىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەسلىيەتچىلىكنى يولغا قويۇش بىر خىل ئەسلىگە قايتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئوخشىمىغان دەۋردىكى ھاياتلىق شارائىتىدا پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ كەتمەيدۇ. كىشىلەرنىڭمۇ بۇرۇنقى جەمئىيەت تۇرمۇشىغا قايتىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھەم ئەسلىگە قايتىش، ھەم يېڭىلىق يارىتىش بولىدۇ.

ئىراننىڭ بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىدا، شەكسىزكى، ئاساسي ئەقىدىگە قايتىش تەرىپى بار. لېكىن بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنى پۈتۈنلەي ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇشمۇ بولمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە پەيدا بولدى. شۇڭا بۇ ھەرىكەت تارىختىكى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە پەيدا بولغان ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە پەيدا بولغان ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكىتى ھەم ئاساسي ئەقىدىدىن چەتنەپ كەتكەن ھەر خىل چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىگە قارشى تۇرىدۇ، ھەم دىندا ئەنئەنىدىن چەتنەپ كەتكەن ھەر خىل يېڭىلاشلارغا

قارشى تۇردۇ . ۋەھالەنكى ، ئىراندا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ نۇرغۇنلىغان ، ئىنتايىن كەسكىن تەشەببۇسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . دىنىي نۇقتىدىن قارىغاندا ، ھۆمەينى شەرىئەتكە ۋە پەيغەمبەرنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىشنى تەكىتلىسىمۇ ، لېكىن ھازىرقى زاماندىكى ھەر خىل رېئاللىقلارنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلمىدى . پەقەت شەرىئەتتىن ۋە پەيغەمبەرنىڭ ۋەسىيىتىدىن چەتنەپ كەتكەن تەرەپلەرگىلا قارشى تۇردى . شۇڭا ئۇنىڭ دىنىي ئىدىيىسى بېكىنمە ھالەتتىكى مۇتەئەسسىپ خۇداشۇناسلىق سىستېما ئەمەس ، سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى تېخىمۇ كەسكىن بولۇپ ، پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە قىلچە مۇرەسسە قىلمىدى . پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ساقلانغان ھەر خىل چىرىك ھادىسىلەرنى قەتئىي تازىلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى . مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ كۆزلىگىنى بىلەن «دىندىن تاشقىرى» ئىسلاھاتچىلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت بولسىمۇ ، ئۇ ئۈزۈل - كېسىل ئىنقىلابچى ھېسابلىنىدۇ .

ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى دىنىي رەھبەر كەلگۈسىدىكى جەمئىيەت ھەققىدە نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلارنى قىلغان . بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى پەھلىۋى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەمئىيەتتىكى قارشى نەرسە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان . ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، دىنىي رەھبەرلەر كىشىلەرنى بۇ تەسەۋۋۇرلارنى قەدەممۇ قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى . لېكىن ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ پائالىيىتى ، جۈملىدىن دىنىي رەھبەرلەرنىڭ پائالىيىتى رېئاللىقتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ . رېئاللىققا قارشى يول تۇتقاندا ، كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ . شۇڭا ، دىنىي رەھبەرلەر دۆلەتنى ئىدارە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشقا باشلىغان 1 ـ كۈندىن تارتىپ ، ئىسلام چۈشەنچىسىنى بۈگۈنكى رېئاللىققا قانداق تەتبىقلاش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى .

شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئىراندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . لېكىن ، ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن قانۇن مەسىلىلىرى ئىسلام يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن چاغدىكى ئۇممە يولغا قويغان شەرىئەتتە يوق ئىدى ياكى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغانىدى . شۇڭا ، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا ماس كېلىدىغان بەزى قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىش زۆرۈر ئىدى . بۇنى ئىراندىكى موللىلارمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ . لېكىن بۇ قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ شەرىئەت بىلەن زىت بولماسلىقىنى ۋە شەرىئەتنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلەيدۇ .

شەرىئەتتە بىر خىل دىنىي ئەھكام مەۋجۇت بولۇپ ، جىددىي ئەھۋال ئاستىدا ياكى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا ، بەزى بەلگىلىمىلەرنى ۋاقىتلىق ئىجرا قىلمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ . پارلامېنت بىلەن ھامىيلىق قىلىش كومىتېتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئىختىلاپ تۇپەيلىدىن شەكىللەنگەن قاتمال ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، خۇمەينى 1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پارلامېنت «جىددىي ئېھتىياجلىق» ئەھكامى بويىچە ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ دەپ قارالسىمۇ ، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ بەزى پرىنسىپلىرى بىلەن تېپىشىپ قالىدىغان تەدبىرلەرنى تەستىقلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى . 1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خۇمەينى بۇنداق تەدبىرلەرنى پارلامېنت ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئاۋاز بىلەن ماقۇللاشنى بەلگىلىدى . 1986 ـ يىلى پارلامېنت دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى توغرىسىدىكى قارار ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ئاۋاز بىلەن

ماقۇللانغان .

ئىراندىكى موللىلارنى ھەممە ئىشتا كونا قانۇنلارغا ئېسىلىۋېلىپ ، ھەرقانداق يېڭى قانۇننى تۈزۈشكە قارشى تۇرىدىغان مۇتەئەسسىپلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ . بۇ نۇقتىنى باشتىلار ئاساسىي قانۇن تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئاساسىي قانۇنىدا قانۇن چىقىرىش توغرىسىدا چىقارغان بەلگىلىمىلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . خۇمەينى «ئىسلام ھۆكۈمىتى» ناملىق كىتابىدا ئىسلام ھۆكۈمىتى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ـ تۈزمەسلىك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان . خۇمەينىنىڭ قارىشىچە ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ئاللاغا مەنسۇپ ، لېكىن ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن خۇمەينى 1980 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىراننىڭ يېڭى يىلنى تەبرىكلەش خېتىدە پۈتۈن ئىراندىكى ئىنقىلابىي سوتلار ئاللانىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئىنقىلابتىن كېيىن تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇندا خەلق پارلامېنتى قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بولىدىغانلىقى ، خەلق پارلامېنتى ئاساسىي قانۇننىڭ دائىرىسى ئىچىدە قانۇن تۈزسە بولىدىغانلىقى ، ھەمدە قانۇننى چۈشەندۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى ، يېڭى تۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ بولسىمۇ ، بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان نەرسە ئەمەسلىكى بەلگىلەندى . ئاساسىي قانۇندا سوتچىنىڭ ئىمكانقەدەر مەۋجۇت بولغان قانۇن ماددىلىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىش مەسئۇلىيىتى بولىدىغانلىقى ، ئەگەر ئەمەل قىلىدىغان تەييار قانۇن بولمىغاندا ، ئىسلام ئەقىدىسى ۋە شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى . ئىپتىدائىي دىنىي ئەھكاملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇلار ئەلۋەتتە «ئەسلىگە قايتىش» ئەمەس ، بەلكى يېڭىلىق يارىتىشتۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە، ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بەزى تەرەپلەردە ھەقىقەتەن ئەسلىدىكىگە قايتقان. مەسىلەن، ھاكىمىيەت يېڭىۋاشتىن مۇجتەھىدلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى، شەرىئەت يېڭىۋاشتىن يولغا قويۇلۇپ، ئوغرىلىق قىلغانلارغا قولىنى كېسىش جازاسى بېرىلىدىغان بولدى؛ زاكات ئېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ ئاياللار سىرتقا چىقسا مەجبۇرىي چۈمبەل تارتقۇزۇش يېڭىۋاشتىن بەلگىلەندى؛ دىنىي بايراملاردىكى ھەر خىل پائالىيەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ ئىسلام دىنىدىكى ھەر خىل پەرھىزلەر قاتتىق ئىجرا قىلىندى. لېكىن، بەزى تەرەپلەر ئەنئەنىدىن پەرقلەندى، نىكاھ ۋە ئائىلە قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەردىكى ئۆزگىرىش ئىنتايىن روشەن بولدى. ئەنئەنە بويىچە ئەرلەر نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولسا سەۋەب كۆرسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، ئاياللاردا بۇنداق ھوقۇق بولمايتتى. لېكىن، 1984 ـ يىلى ئالىي ئەدلىيە كومىتېتى ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقۇقى توغرىسىدا يېزىپ چىققان قانۇن لايىھىسىدە، ئەمەلىي ئەھۋال نەزەرگە ئېلىنىپ ئەر كىشى ئايالىنى ئائىلە تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلىمىسە، ئېغىر كېسەل بولغان بولسا، ساراڭ بولۇپ قالسا، قانۇنسىز ئىشلارنى قىلغان بولسا، زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن ياكى يوقاپ كەتكەن بولسا، ئايالىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن باشقا، خوتۇنى تەلەپ قىلمىغان نىكاھتىن ئاجرىشىشتا، ئەر كىشى نىكاھ توختامى مەزگىلىدىكى كىرىمىنىڭ يېرىمىنى ئايالىغا بېرىشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى.

ئىران رەھبىرى ئوتتۇرىغا قويغان «شەرقنىڭ كېرىكى يوق، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دېگەن شوئار ھەم سىرتقا قارىتىلغان سىياسەت، ھەم يېڭى ھاكىمىيەت ئەمەل قىلىدىغان سىياسىي ئەندىزە، ئىقتىسادىي ئەندىزە ۋە قىممەت قارىشى بولۇپ، ئۇلار

يېڭى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھەم غەربنىڭ كاپىتالىزمىچە بولمايدۇ ، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزمىچە بولمايدۇ ، پۈتۈنلەي ئىسلامىيەتچە بولۇشى كېرەك دەپ قارىدى . لېكىن ، ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا ، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ غەربنىڭ ۋە شەرقنىڭ ئەندىزىسىدىكى بەزى ئامىللارنى قوبۇل قىلماي ، پۈتۈنلەي بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ ئەندىزىسى بىلەن ئىش قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەندىزىلەردىمۇ شۇنداق بولدى .

ھۇمەينى پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشنى ناھايىتى بۇرۇن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، كەلگۈسىدىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ جۇمھۇرىيەت بولۇشى كېرەكلىكىنى باشتا ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى . ئۇ ئىسلام دۆلىتى ھەم پادىشاھلىق تۈزۈمدە بولمايدۇ ، ھەم جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدە بولمايدۇ دەپ قارىغانىدى . ئىنقىلاب جەريانىدا ھۇمەينى بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇردى . 1978 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پارىژدا بايانات ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى : ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس نىشانى «ياۋۇز پەھلىۋى خاندانلىقىغا خاتىمە بېرىش ، رەزىل پادىشاھلىق تۈزۈمنى ۋەيران قىلىش ، ئىسلامىيەتنىڭ تەرەققىيپەرۋەر مۇددىئاسى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلىدىن ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ۋە ئاساسىي قانۇندا ئاللانىڭ خەلققە بەرگەن خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىرىگە ئىگە بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىدىن ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ، مەمۇرىي ھوقۇق ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىدىن ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى خەلق پارلامېنتى ئىشلىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىدىن كىشىلەر مۇنتىسكيۇنىڭ «قانۇن چىقىرىش ، ئەدلىيە ، مەمۇرىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش»نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزى سايلىرىنى كۆرەلەيدۇ .

80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى تەڭشەشتە كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىلدى .

مولللار ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ تەشەببۇسلار بىلەن كەسكىن تەشەببۇسلار تەڭ مەۋجۇت بولدى . راپسانجانى مۇنداق دېگەنىدى : «ئىراندىمۇ باشقا دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش ، ئىختىلاپلار مەۋجۇت ، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدە ھۆكۈمەتنى قانداق باشقۇرۇش ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارماقلار بىلەن شەخسلەر ئىگىلىكىدىكى تارماقلارنىڭ رولى مەسىلىسىدە بىرقەدەر كۈچلۈك ئىككى كۈچ مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ . بۇ كۈچ پارلامېنتتا مەۋجۇت ، ئىچكى كابىنېتتىمۇ مەۋجۇت ، مولللار ئىچىدە مەۋجۇت ، ھەتتا ئىسلام جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىمۇ مەۋجۇت ، ئىچكى كابىنېتنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ، مىنىستىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە ۋە باشقا ھوقۇقلۇق ئورگانلاردا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل پوزىتسىيە ۋە ئىككى گورۇھ مەۋجۇت »[1]

ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلەر ۋە رادىكاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بەزى مولللارنىڭ كونىلىقنى ساقلىشى كۆپرەك بولدى ، بەزى مولللارنىڭ ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىشى كۆپرەك بولدى . ئالىي ھۆكۈم چىقارغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئالدىنقىلارغا مايىل بولۇش كۆپرەك بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىدە مۇرەسسە تۇسى قويۇق بولدى .

ئەسلىگە قايتىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا ، خۇمەينى ھايات ۋاقتىدىكى ئەھۋال بىلەن ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك . خۇمەينى ھايات ۋاقتىدا ئاتالمىش «ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى»غا قەتئىي قارشى تۇردى . ئۇ 1989 ـ يىلى 2 ـ ئايدا : «تىرىك

---

① «بىدئەتلىكنىڭ مۆجىزىلىرى» ، 257 ـ بەت .

بولىدىكەنمەن، بۇ دۆلەتنى ھەرگىز ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويمايمەن» دېدى. شۇ چاغلاردا سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇئامىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مەلۇم قىيىنچىلىقلار بار ئىدى. لېكىن، ھۆمەينى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، موللىلار ئىچىدىكى تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۆزگىرىش داغدۇغىسىز داۋام قىلدۇرۇلدى. ئامېرىكىنىڭ «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى 1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مۇنداق دەپ يازدى: «ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ مەبۇدى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىنقىلابنىڭ قىلىچى ئاخىر گاللاشتى. ئۆزگىرىشنىڭ ئىزلىرىنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ.» ئەنگلىيىدە نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىقتىسادىغا دائىر ماقالىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى سانىدا مۇنداق دەپ قارالدى: «ئىران جەمئىيىتى كۈنسايىن دىندىن تاشقىرىلاپ كېتىۋاتىدۇ. دىن بىلەن سىياسىي ئوتتۇرىسىدىكى چەك كۈندىن كۈنگە روشەن بولۇۋاتىدۇ.» بۇرۇن فەقىھ ئىزباسارلىقىغا بەلگىلەنگەن مۇنتەزەرى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى ۋە ئۆكتىچىلەرنى باستۇرۇشنى بوشىتىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، ئاخىر ئىزباسار بولالمىدى دېيىلسە، راپسانجانى ئىچكى، تاشقى جەھەتتە جانلىقراق سىياسەتنى يولغا قويغاندا، ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن مەھرۇم قىلىنىش خەۋپى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئاز بولدى.

دىنىي داھىي (فەقىھ) خەمىنەئى 1993 - يىلى ئەتىيازدا بۇ مەسىلە توغرىسىدا قارىشىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ دىن ئىبارەت ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلىگەندە، بىز ئەسلىيەتچىلەرمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىگە قايتىشنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، بىز ئەسلىيەتچى ئەمەسمىز.» شۇڭا، ئىراندىكى موللىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تومتاق ھالدا «ئەسلىيەتچىلىك» دەپ ئاتاش قىيىن . ئەگەر ھۇمەينىزىم چوقۇم «ئەسلىيەتچىلىك» دېيىلىدىغان بولسا، بۇنى ئازراق «مودېرنىزىم» تۈسىگە ئىگە «ھازىرقى زامان ئەسلىيەتچىلىكى» دەپ، ئۇنى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى ئەسلىيەتچىلىكتىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنداق «ھازىرقى زامان ئەسلىيەتچىلىكى» ئىران ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «ئەسلىيەتچىلىك» بولغاچقا، «ئىران ھازىرقى زامان ئەسلىيەتچىلىكى» بولۇپ، باشقا دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان ئەسلىيەتچىلىكىدىن پەرقلىنىدۇ .

ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شەكسىزكى، بۇ ئىنقىلاب دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . مەسىلەن، پادىشاھنىڭ مۇستەبىت خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئىران تارىخىدىكى مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە ئاخىرى خاتىمە بەردى؛ يېڭى ھاكىمىيەت دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ يېڭى ھاكىمىيەت بايلارنى كونترول قىلىپ، يوقسۇللارنى يۆلەپ، سىنىپىي زىددىيەتلەرنى تەڭشىدى؛ يېڭى ھاكىمىيەت يېڭى مۇستەملىكىچىلىك ۋە زومىگەرلىكنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى . مانا شۇلار ۋە ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتەك جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكتىن، ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇڭا، ئىراندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي ئەھكام، دىنىي قائىدىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت

بېشغا چىقىشى تارىخىنىڭ چېكىنىشى ۋە كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولىدۇ ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ .

ئەلۋەتتە ، بۇ ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ . ئىراننىڭ بەزى ئەمەلدارلىرىمۇ بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ . يېقىندىن قۇرۇلغان ھەرقانداق ھاكىمىيەتكە ئوخشاش ، ئىران يېڭى ھاكىمىيىتىمۇ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىش ياكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ماسلىشىش جەريانىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ . نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش ، ھاكىمىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى قانداق كېڭەيتىش جەھەتلەردە بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ، ھەم ئىقتىسادچىل - تېجەشلىك بولۇش ، ھەم ئىستېمالنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ھەمىشە تالاش - تارتىش پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ .

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئىراننىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت بۇ ئۈستىقۇرۇلمىسى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئىقتىسادىي بازىسىغا ماس كېلىدۇ . شۇڭا ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ باش كۆتۈ- رۈشى ، مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

لىۋان ئاللا پارتىيىسى (ئەرەبچە ھىزبۇللاھ دېيىلىدۇ )نىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ئوتتۇرا شەرقتىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ پارتىيە لىۋاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئىسرائىلىيە ئىشغالىيىتىگە قارشى كۈرەش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ ، خېلى جانلىق سىياسىي كۈچ بولۇپ كەلدى . لېكىن ، لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى كىشىلەر ئانچە بىلمەيدۇ . شۇڭا ئۇنىڭ باش كۆتۈرۈشى ، مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ

## 1 § . لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى

لىۋان ئاللا پارتىيىسى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ، ئىران ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ كونكرېت ياردىمى بىلەن تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان .

70 - يىللاردىن بۇيان ، ئىران بەزى دۆلەتلەردە ، بولۇپمۇ

شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار خېلى سانىنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولدى. ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابى ۋە جەمئىيەتنى ئىسلامىيەت بويىچە ئۆزگەرتكەن ئەندىزىسى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارغا كەڭ تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلدى. ئىنقىلابتىن كېيىن ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشنى يولغا قويۇپ، ئالاقىدار دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە مەنىۋى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ماددىي ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن، تەسىرگە ئىگە ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلاندى. لىۋان مانا شۇنداق دۆلەتلەرنىڭ بىرى.

لىۋاننىڭ ئاھالىسى خرىستىئان مۇخلىسلىرى، شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە دىرۇزىلار قاتارلىق گۇرۇھلارغا ئايرىلىدۇ. 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى لىۋاندا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ ئۈچ چوڭ گۇرۇھ پۈت تېپىشىپ، لىۋاننى پارچىلانغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. لېكىن دەسلەپكى مەزگىلدە ئاللا پارتىيىسىدەك تەشكىلاتلار يوق ئىدى. 80 ـ يىللاردا خرىستىئان ئۆزىنى مىلتىقلىقلار پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن «لىۋان كۈچلىرى»دىن باشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى تەشكىلاتى — شىئە مەزھىپىدىكى ئەمەل (ئۈمىد) ھەرىكىتى بىلەن ئىجىمائىي تەرەققىيات پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان دىرۇز خەلق ئەسكەرلىرى خېلى مۇھىم ئىجتىمائىي كۈچلەر ھېسابلىناتتى.

ئاللا پارتىيىسى 1982 ـ يىلى قۇرۇلدى. قۇرۇلۇپ 1 — 2 يىلدىن كېيىن، شىئە مەزھىپىدىكى بەزى رادىكال تەشكىلاتلار ئاللا پارتىيىسى بىلەن بىرلەشتى. كېيىنكى ئاللا پارتىيىسى بۇرۇنقى ئاللا پارتىيىسى ۋە ئىسلام ئەمەل ھەرىكىتى، لىۋان مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقى، ئابدۇللا موساۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىكىدىكى ئىمام ھۇسەيىن پىدائىيلار ئەترىتى، لىۋان دەۋا پارتىيىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن قۇرۇلغان، شىئە رادىكاللىرىدىن تەركىب تاپقان تەشكىلدىن ئىبارەت.

ئىسلام ئەمەل ھەرىكىتى ئاللا پارتىيىسىگە قاتناشقان گۇرۇھلارنىڭ چوڭراقى بولۇپ، نەبىھ بېرى رەھبەرلىك قىلغان لىۋان شىئە مەزھىپىدىكى ئەمەل ھەرىكىتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئېكستىرىمىزملىق تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبىرى ھۇسەيىن موساۋى ئىدى. بەزى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئۇنى 1984 ـ يىلى ئاللا پارتىيىسىگە قوشۇلغان دەيدۇ. كېيىن مۇستافا دىلانى رەھبەرلىك قىلغان «مۆمىنلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى» ئەمەل ھەرىكىتىدىن چېكىنىپ چىقىپ ئاللا پارتىيىسىگە قاتناشتى. بۇنىڭدىن باشقا، «ئىسلام غازاتچىلىرى» نامىلىق تەشكىلاتمۇ ئىران، سۇرىيە، لىۋىيىدىكى شۆبىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، ئاللا پارتىيىسىگە قوشۇلدى. 1984 ـ يىلى ئىراقتىكى سادا پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ ئاللا پارتىيىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى. خەۋەر قىلىنىشىچە، لىۋان ئاللا پارتىيىسىگە 20 تەشكىلات قاتناشقان. ئاللا پارتىيىسى دەسلەپ قۇرۇلغاندا مەخپىي تۇستە بولدى، 1985 ـ يىلى مەخپىي ھالەتتىن قۇتۇلدى، ئاللا پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئىران بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى. بەزى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئاللا پارتىيىسىنى ئىران لىۋانغا ئەۋەتكەن موللىلار قۇرغان دېدى. ئىسرائىلىيە 1982 ـ يىلى لىۋانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىران ھۆكۈمىتى 1000 ئەسكەرنى لىۋاننىڭ بىقا جىلغىسىدىكى بائالبېققا ئەۋەتتى. ئەينى چاغدا بۇ رايون سۇرىيىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. سۇرىيە ئىسرائىلىيىگە قارشى كۇرەشنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىران قوشۇنلىرىنىڭ كىرىشىگە يول قويدى. فرانسىيىدە چىقىدىغان «ئازادلىق گېزىتى»نىڭ 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئىراننىڭ

مىڭ ئەسكىرى بىقا جىلغىسىغا كىرىشنى 1982 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى زۇڭتۇڭ ئاساد زىيارەتكە كەلگەن ئىران ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغان چاغدىكى سۆھبەتتە مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن .

ئىران ئەسكەرلىرى بىقا جىلغىسىغا كىرگەندىن كېيىن ، شەيخ ئابباس مۇساۋى ئۇلارنى مەھدى ئىمام مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇردى ، ھەمدە ئۇلار تالىپلارغا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە دەرسى ئۆتتى . دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق تالىپلارنىڭ دىلى يورۇپ ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان بولدى . خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، ئىران ئەسكەرلىرى 1991 ـ يىلى 3 مىڭغا كۆپەيتىلگەن .

ئىران ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاللا پارتىيىسىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلدى . مۆلچەرلىنىشچە ، ئىران بىر يىلدا لىۋان ئاللا پارتىيىسىگە 60 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلغان . سۈرىيە ـ ئىران مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم كرىستان مارشالنىڭ قارىشىچە ، ئىران بىر يىلدا 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە سەرپ قىلغان .

ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ لىۋان ئاللا پارتىيىسىنى قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . لىۋان ئاللا پارتىيىسىمۇ ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئىراندا باشلانغان ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدۇ . لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەنىۋى داھىيسى مۇھەممەد ھۈسەيىن فەزلۇللاھ 1985 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاللا پارتىيىسىنى تەبرىكلەپ سىياسىي بايانات ئېلان قىلىش مۇراسىمىدا ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى مەدھىيىلەپ «يول باشلىغۇچى» ، «ئۇ ئەياتۇللا رۇھۇللا خۇمەينىنىڭ چېۋەر رەھبەرلىكىدىكى پان ئىسلام دۆلىتىگە ئاساس سالدى» دېدى . لىۋان ئاللا پارتىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆمەينىنى ئۆزىنىڭ «ۋەلى ، فىقھەشۇناسى» دەپ قارىدى . شۇڭا ، ھۆمەينى ئىدىيىسىگە ئەمەل قىلىپ ، ئۇنىڭ قاراشلىرى ئاللانىڭ مەقسىتىنى ئىپادىلەپ بەردى دەپ بىلدى . لىۋان ئاللا پارتىيىسى 1985 ـ يىلى 2 ـ ئايدا رەسمىي نەشر قىلغان «ئاللا پارتىيىسىنىڭ لىۋاندىكى ۋە دۇنيادىكى مەھرۇم قىلىنغۇچىلارغا ئوچۇق خېتى» ناملىق سىياسىي پروگراممىسىدا مۇنداق دېيىلگەن : «بىز ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئوغلانلىرىمىز ، ئاللا ئۇنىڭ يولباشچىسىنى ئىراندا غەلىبىگە ئېرىشتۈردى ، دۇنيادا مەركىزىي ئىسلام دۆلىتىنىڭ يادروسىنى قۇردى ، ئۇلۇغ فەقىھ شەرھلىگەن بىردىنبىر چېۋەر ھەم ئادىل دىنىي يارلىققا بويسۇنىمىز ، بۇ فەقىھ زامانىمىزغا مۇناسىپ ، ھازىرقى زاماننىڭ ئىمامى ۋە يېتەكچىسى ئۇلۇغ روھۇللا موساۋى ھۆمەينىدە ئىپادىلەندى . لىۋان ئاللا پارتىيىسى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ۋە ھۆمەينىنىڭ سۈرىتىنى خەلقئارا ئىسلام ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ ۋە كەلگۈسىدە دۇنيادىكى پان ئىسلام دۆلىتىنىڭ سىمۋولى قىلىدۇ . فەزلۇللاھ لىۋان بىلەن ئىران بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان ، لىۋان ئىراننىڭ نەپەسلىنىدىغان ئۆپكىسى» دەپ قارىدى .

لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي ، ھەتتا تەشكىلىي جەھەتلەردىكى ئىران بىلەن ئوخشاشلىقلارنى ۋە ئۆزئارا مەۋجۇت بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى ئاللا پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىدىن ، مەقسىتى ۋە تەشكىلىي ئورگانلىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . ئاللا پارتىيىسى ئۆزىنىڭ پروگراممىسى ۋە خاراكتېرىنى شەرھلىگەندە ئىسلاملاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ خەلقئارالىقلىقىنى ۋە دۇنياۋىلىقىنى تەكرار تەكىتلىدى . ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى «لىۋاندا مۇستەملىكىچىلىكنى يوقىتىش ، ئىسرائىلىيىنى قوغلىۋېتىش ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش» ، ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرقتە ئىسلام دۆلىتى

قۇرۇپ ، ئىسلام دىنىنى دۇنياغا ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ، بېيرۇتتا ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېرتيوژى چۈشۈرۈلگەن پوچتا ماركىسى تارقىتىلدى . ئاللا پارتىيىسى ئۆزىنى ئادەتتىكى مەنىدىكى سىياسىي پارتىيە ئەمەس دەپ قارايدۇ . ئۇنىڭ باياناتچىسى ئىبراھىم ئەمىن مۇنداق دېگەنىدى : «بىز تەشكىللىك ۋە تار دائىرىلىك پارتىيە ئەمەس ، بىز بىر مىللەت بولۇپ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بىلەن پۇختا دىنىي مۇناسىۋەتكە ئىگىمىز ، ھۆمەينىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىمىز . ئارىمىزدىكى ھەر بىر ئادەم جەڭچى . »①

ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنى ئۆز تەۋەلىكىدە ئۈچ رايونلۇق كومىتېت تەسىس قىلىپ ، بېيرۇت ، بىقا جىلغىسى ۋە لىۋاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى پائالىيەتلەرگە مەسئۇل قىلغان . كېڭەش كومىتېتى ئومۇمىي تەدبىر بەلگىلەيدىغان ئورگان بولۇپ ، 12 ئەزاسى بار ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مولل‍ىلار (بەزى ۋاستىلار ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئالىي كومىتېتى 13 نەپەر دىنىي ئەربابتىن تەركىب تاپقان دەيدۇ ) . ئاللا پارتىيىسى بەزىدە دىنىي داھىيلار تەشكىلاتى دەپ قارىلىدۇ . خەۋەر قىلىنىشىچە ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر دىنىي داھىي ئىراندىكى ھەرقايسى ئەياتۇللالار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرىدىكەن . ئاللا پارتىيىسىدە يەتتە تارماق تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئىدىيىگە ، مالىيىگە ، سىياسەتكە ، ئاخباراتقا ، ھەربىي ئىشلارغا ، جەمئىيەتكە ۋە قانۇنغا مەسئۇل قىلىنغان . ئاللا پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىش خەۋپى ئىچىدە ياشاپ كەلدى . 1983 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە ئاللا پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاز دېگەندە بەش قېتىملىق قەستلەشنى باشتىن كەچۈردى . ئاخىرقى بىر

① فرانسىيەدە چىقىدىغان «سەھەرلىك گېزىت» ، 1987 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى .

قېتىمدا 80 ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ، 250 نەچچە ئادەم يارىدار قىلىندى. ئاللا پارتىيىسى بۇنى ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ سۈيىقەستى دەپ ئەيىبلىدى.

لىۋان ئاللا پارتىيىسى ۋەكىللىكىدىكى لىۋان هازىرقى زامان ئىسلامىزىم هەرىكىتى بىلەن ئىران هازىرقى زامان ئىسلامىزىم هەرىكىتى ھەقىقەتەن بەزى ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ھەم زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىككىسى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، دۆلەت ئىچى، ئۆز رايونى ۋە دۇنيادىكى ئىشلارغا بىرقەدەر رادىكال مەيداندا بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئىسرائىلىيىگە قارشى كۆرەشتىكى مەيدانى تامامەن ئوخشاش. لېكىن، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەرمۇ مەۋجۇت، بۇنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنى لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەنىۋى داھىيسى فەزلۇللاھنىڭ ئىدىيە ۋە پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شەيخ فەزلۇللاھ 1983 - يىلى ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەنىۋى داھىيسى بولدى. ئۇ 1935 - يىلى تۇغۇلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن. شىئە مەزھىپىنىڭ ئىراقتىكى مۇقەددەس جايى — نەجەفتە ئىسلام دىنى بويىچە مۇتىزىم تەربىيە ئالغان. ئۇ ئۆلىما، شائىر ۋە ئالىم. ئۇنىڭ «ئىسلام ۋە زوراۋانلىق لوگىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

فەزلۇللاھنىڭ قارىشىچە، غەرب يېتىشتۈرگەن ئەرەب مىللەتچىلىكى ۋە چەتتىن كەلگەن باشقا ئىدېئولوگىيىلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قېپقالغان بوشلۇقنى پەقەت ئىسلام دىنى تولدۇرالايدۇ. يالغۇز شەرىئەتنى يولغا قويغاندا (سەئۇدى ئەرەبىستانىدەك) ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىغا ۋە خۇمەينىنىڭ رەھبەرلىكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. لېكىن، بۇنداق قىلىش ئۆزىنىڭ قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسى

بولماسلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : ئىران ئىنقىلابىدىن بۇرۇن بولسۇن ، ياكى كېيىن بولسۇن ، ئۆزىنىڭ ئىسلام ئىنىدىۋىدۇئاللىقىنى بولۇشى ، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قوللانغان ياكى ئۇلار تەشەببۇس قىلغان ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنى قوللىنىشنى ئۇمىد قىلماسلىق لازىم . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ھۇمەينى ئېغىر شارائىتتا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى . ئەگەر ئىران ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئىنقىلاب قىلماي قۇرغان بولسا ، تېخىمۇ ياخشىراق بولاتتى . «ئۆزگىرىشنىڭ ئىنقىلاب ئارقىلىق پەيدا بولۇشى ناتايىن . خەلققە دېموكراتىك تۇزۇمنى سىڭدۇرۇش ۋە ئىسلام ئىدىيىسىنى تارقىتىش يولىنى قوللىنىپ ئۆزگىرىش قىلغىلى بولىدۇ .» ئىران لىۋان ئاللا پارتىيىسىدىن لىۋاندا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلغان . لېكىن ، ئەينى چاغدا فەزلۇللاھ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان . شۇڭا ، ھۇمەينى ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىل كۆرۈشمىگەن . فەزلۇللاھنىڭ قارىشىچە ، لىۋان ئاللا پارتىيىسى لىۋاندىكى دىنىدىن تاشقىرى گۇرۇھلاردىن تەركىب تاپقان ھاكىمىيەتكە قاتنىششى كېرەك . لېكىن ، ھازىر لىۋاننى ئىسلام دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش ئەمەلگە ئاشمايدۇ ، ئۇنداق قىلىش ئۇنۇم بەرمەيدۇ . بۇنداق بولۇشنى لىۋاندا مەزھەپ - گۇرۇھلار كۆپ بولغان ئەمەلىي ئەھۋال ، سىياسىي تۈزۈم ئەنئەنىسى ۋە سۇرىيە ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن قوشنا بولۇشتەك شارائىت بەلگىلىگەن . ئۇ سىياسىي مەسىلىلەرنى كەيپىياتسىزلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ؛ ئىسلام ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قۇرۇق تەلىماتنىڭ ئۇنۇمى بولمايدۇ دەپ قارىدى ؛ مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى غەرب دۇنياسىدىكى پۇقرالار ئەمەس ، بەلكى غەرب دۇنياسىدىكى ھۆكۈمەتلەر دەپ ئوتتۇرىغا قويدى . فەزلۇللاھنىڭ بەزى قاراشلىرى لىۋاننىڭ ئەمەلىي

ئەھۋالىنى ۋە ئۆزىنىڭ لىۋاندىكى ئەمەلىي چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەپ بەردى .
ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى ، لىۋان ئاللا پارتىيىسى باشتىلا ئىراننىڭ تەسىرىگە ، قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ ، سۇرىيىنىڭ قوللىشى ، ياردىمى ۋە سۈكۈت قىلىشىمۇ ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم شەرت بولدى . سۇرىيە لىۋانغا ئۆزگىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ . سۇرىيە ئىرانغا ئوخشىمايدۇ ، ئۇنىڭ يولغا قويغىنى دىندىن تاشقىرى سىياسەت بولۇپ ، شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى قوللىمايدۇ . ئاللا پارتىيىسى بىلەن سۇرىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتەك قويۇق ئەمەس . لېكىن ، سۇرىيە ئىسرائىلىيىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ، لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئادەتتە قوللاش ۋە ياردەم قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى ، ھېچبولمىسا سۈكۈت قىلدى . شۇڭا ، لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى سىرتقى شەرتلەرنى كۆزەتكەندە ئىراننىڭ تەسىرىنى ، قوللىشىنى ۋە ياردىمىنىلا كۆرۈپ ، لىۋانغا ئەزەلدىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سۇرىيىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ .

## 2 § . ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلدى

مەلۇم مەزگىل ئىچىدە لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ كۈچى ۋە تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىغان ، لىۋاننىڭ شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى رولى ئەمەل (بىرخىل سىياسىي گۇرۇھ ) ھەرىكىتىگە يەتمەيتتى . ئۇنىڭ كۈچى ۋە تەسىرى ئىچكى

ئۇرۇش داۋامىدا ئۇزلۇكسىز زورايدى .
ئاللا پارتىيىسى بىلەن شىئە مەزھىپىدىكى يەنە بىر تەشكىلات — ئەمەل ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا باشتىلا زىددىيەت مەۋجۇت بولدى . ئىككى تەرەپ شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولسىمۇ ، لېكىن سىياسىي قاراشلىرى پەرقلەندى . ئاللا پارتىيىسىنى ئەمەل مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەبىي تەشكىلاتى ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ، تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق تېرروررلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى دەپ ئەيىبلىدى . ئاللا پارتىيىسى بولسا ئەمەل ھەرىكىتىنى ئىسرائىلىيە بىلەن بىرلىشىپ پەلەستىن ئىنقىلابىنى باستۇردى ، ئىسرائىلىيىگە قارىتىلغان ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىش ھېسابىغا ئىسرائىلىيىنىڭ چېگرا رايونلاردىكى «بىخەتەر رايون» لاردىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشىنى قولغا كەلتۈردى دەپ ئەيىبلىدى . ئاللا پارتىيىسى ئاساسىي قانۇننىڭ زۇڭتۇڭلۇقنى كاتولىك دىنىنىڭ مارون مەزھىپىدىكى ئەرباب ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . زۇڭتۇڭلۇقنى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمان ئۈستىگە ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئەمەل ھەرىكىتى بولسا بۇرۇنقى بەلگىلىمىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى . ئاللا پارتىيىسى ھازىرقى سىياسىي تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، لىۋاندا ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا تىرىشتى ، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 420 ـ نومۇرلۇق قارارىنى ئېتىراپ قىلمىدى . ئەمەل ھەرىكىتى بولسا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 420 ـ نومۇرلۇق قاراردا چىڭ تۇرۇپ ، لىۋاننىڭ جەنۇبىدا خەلقئارا تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنى تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى . ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرنى رەت قىلدى .
ئىككى تەرەپ 1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن ئېتىبارەن لىۋاندىكى بىر مىليون 200 مىڭ شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلماننى كونترول قىلىشنى تالىشىشقا باشلىدى .

www.uyghurkitap.com

1988 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئىككى تەرەپ قورال كۈچى ئىشلىتىپ ، لىۋاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا قانلىق توقۇنۇش پەيدا قىلدى . ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ئاللا پارتىيىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى لىۋاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى . 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پايتەخت بېيرۇت غەربىي رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى 600 مىڭ مۇسۇلماننى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللا پارتىيىسى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى ، لىۋاندا تۇرۇۋاتقان ئىران قوشۇنلىرىمۇ ئاللا پارتىيىسىگە ياردەم قىلدى . 10 نەچچە كۈنلۈك جەڭدە ئىككى تەرەپتىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يارىدار قىلىندى . ئاللا پارتىيىسى جەنۇبتىكى 80 پىرسەنت بازىنى تارتىۋالدى ، ئەمەل ھەرىكىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى . 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سۈرىيە زۇڭتۇڭى ئاساد بىلەن ئىران زۇڭتۇڭى تېلېفوندا سۆزلىشىپ ، سۈرىيە ، ئىران ۋە لىۋاندا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپتىن ئىبارەت تۆت تەرەپ ئالاقىلىشىش كومىتېتى تەشكىللەپ سۆھبەتلىشىشكە كېلىشتى . ئاللا پارتىيىسى بېيرۇتنىڭ جەنۇبىي رايونى مەسىلىسى ۋە بىقا مەسىلىسىنى بىر يولدا ھەل قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . سۈرىيە ئارمىيىسى بېيرۇتنىڭ جەنۇبىي رايونىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇرۇش توختىدى .

ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ قوماندانى داۋۇد ۋە يەنە ئىككى رەھبەر 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۆزالىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى تاشيولدا بۆكتۈرمە ھۇجۇمغا ئۇچراپ قازا قىلدى . ئەمەل ھەرىكىتى بۇ ئىشنى ئاللا پارتىيىسىنىڭ قاتىللىرى قىلدى دەپ قارىدى .

1989 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇفەيخ رايونىدا قوراللىق توقۇنۇشۇپ ، ئىككى تەرەپتىن 150 نەچچە ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى ، 200 دىن ئارتۇق

ئادەم ياربدار بولدى . 20 مىڭدىن ئارتۇق پۇقرا يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلدى . ئىران بىلەن سۇرىيە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېڭەشتى ۋە مۇرەسسە قىلدى . ئەمەل ھەرىكىتى ئاللا پارتىيىسىدىن 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ ئۈچ رەھبىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ، ھەمدە لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى ئامانلىقنى ساقلاشقا ئەمەل ھەرىكىتى ئۆزى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى . تەكرار سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ، ئىككى تەرەپ 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سۇرىيە ۋە ئىران ئوتتۇرىغا قويغان تۆۋەندىكى لايىھەگە قوشۇلدى : 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جاكارلانغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى قەتئىي ئىجرا قىلىنىدۇ ، ئىككى تەرەپ تەشۋىقات ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ ؛ ئىككى تەرەپ ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش پرىنسىپى ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىدۇ ؛ لىۋاننىڭ جەنۇبىدا بىرلەشمە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇپ ، ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان ھەممە زېمىننى ئازاد قىلغانغا قەدەر ، ئىسرائىلىيىگە ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىغا قارشى كۈرەشنى ماسلاشتۇرىدۇ ، كۈچەيتىدۇ ؛ لىۋاندىكى قانۇنلۇق ھۆكۈمەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئامانلىق ساقلىشىنى كونترول قىلىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ، لىۋاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئامانلىقنى ساقلاشقا ئەمەل ھەرىكىتى مەسئۇل بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھەر ئىككى تەرەپ سىياسىي ، ئاخبارات ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە . ئىككى تەرەپ 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دەمەشقتە كېلىشىم ئىمزالىدى . ۋەھالەنكى ، 1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ بېيرۇتنىڭ غەربىي رايونىدا ۋە بىقادا قاتتىق توقۇنۇشۇپ ، 15 ئادەم ھاياتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايرىلدى، 305 ئادەم ياردار قىلىندى. 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەتتە سائەت ئۇرۇش توختاتقاندىن كېيىن، 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە ئىككى تەرەپ يەنە قاتتىق جەڭ قىلدى.

1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سەھەردە ئەمەل ھەرىكىتى خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە رايونىنىڭ قوماندانى ئەلى ئەبۇ ھەسەن بېيرۇتنىڭ غەربىي رايونىدا تېز كېتىپ بارغان پىكاپتىكى مەرگەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئېغىر ياردار قىلىنىپ، ئۆلتۈرۈلدى. ئەمەل ھەرىكىتى بۇنى ئاللا پارتىيىسىنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈشى دەپ ئەيىبلىدى. ئاللا پارتىيىسى بولسا كەسكىن رەت قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە ئىككى تەرەپ بېيرۇتنىڭ جەنۇبىي رايونىدا توقۇنۇشۇپ، تۆت ئادەم ياردار بولدى. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يېڭى توقۇنۇش پارتلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تۇفەيخ رايونىدىكى ئېگىزلىكنى تالىشىپ قاتتىق جەڭ قىلدى. يېڭى توقۇنۇشتا ئاز دېگەندە 126 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى، 372 ئادەم ياردار بولدى. 8 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ يەنە توقۇنۇشۇپ قالدى. لىۋاننىڭ شىئە مەزھىپىدىكى ھەممە مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان لىۋان شىئە ئىسلام ئالىي كومىتېتى باياناتى ئېلان قىلىپ ھەممە قوراللىق كۈچلەرنىڭ تۇفەيخ رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۇ يەرگە ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ كىرىشىگە يول قويۇشىنى مۇراجىئەت قىلدى. لېكىن، 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا لىۋان ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئۇئىن ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، سىياسىي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، شىئە مەزھىپىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى پەسىيىشكە يۈزلەندى. لىۋان ھۆكۈمىتى «چوڭ بېيرۇت پىلانى»نى يولغا قويۇپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالدى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى كابىنېتقا قوبۇل قىلدى. سۈرىيە ۋە ئىران

ئۆزلىرى قوللاۋاتقان ئەمەل ھەرىكىتى بىلەن ئاللا پارتىيىسىنى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى تەشكىلات 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يارىشىش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى ، ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى بىرمەھەل توختىدى .

1987 ـ يىلدىن ھېسابلىغاندا ، بۇ توقۇنۇش ئۈچ يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتى . نەتىجىدە ، ھېچقايسى تەرەپ رەقىبىنى يېڭەلمىدى . بۇنداق بولۇشىدا ھەم سىرتقى ئامىل بار ئىدى (ئىككى تەرەپ سۈرىيە ۋە ئىراننىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان ، سۈرىيە بىلەن ئىران ھەم رىقابەتلىشىدىغان رەقىب ، ھەم ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە ئىدى ) ، ھەم ئىچكى ئامىل بار ئىدى (شىئە مەزھىپى لىۋاندىكى ئۈچ مەزھەپنىڭ بىرى بولۇپ ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەت ئۈچ مەزھەپ مۇناسىۋىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايتتى . ۋەھالەنكى ، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىدى ) . لېكىن ، لىۋان ئاللا پارتىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئېلىشىشنىڭ تامامەن نەتىجىسى بولمايمۇ قالمىدى . ھېچبولمىسا ئۇ لىۋاندا پۇت تىرەپ تۇرىدىغان يەنىگە ئىگە بولۇۋالدى .

ئەگەر لىۋاننىڭ ئەھۋالى بىلەن ئىراننىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرساق شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى ، ئىككى تەرەپنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سەل مۆتىدىل گۇرۇھلارنىڭكىدەك ئېغىر كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈردى . بۇ ئۇلارغا ئورتاق . لېكىن ، ئوخشىماسلىقمۇ مەۋجۇت . ئىراندا شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلارنىڭ ئىختىلاپ ۋە كۈرەشلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن پەيدا بولدى . ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئورتاق رەقىبى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەھلىۋى بولغاچقا، ئۇلار بىرلىشىپ تۇرالىدى. ھۆمەينىي ۋەكىللىكىدىكى دىنىي زاتلار پادىشاھقا قارشى كۈرەشتە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولدا تۇتۇپ تۇرغانلىقتىن، كېيىن شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان كۈرەشتە ئۈستۈنلۈكتە تۇردى. ئۇلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، شىئە مەزھىپى بىلەن باشقا مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھوقۇق تۇتقانلار بىلەن ئۆكتىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولدى. ۋەھالەنكى، لىۋاندا دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىزچىل تۇردە ئۈچ مەزھەپ بىرلىشىپ ھاكىمىيەت تۇتتى. شىئە مەزھىپى ھاكىمىيەتكە قاتناشقان ئۈچ مەزھەپنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىمىدى. لىۋاندىكى ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا رەقىبلەر كۆپ بولدى. شىئە مەزھىپى ئىچىدە ئەمەل ھەرىكىتى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىدى، شۇڭا ئاللا پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش يولىدىكى توسقۇنلۇقى كۆپ ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئاللا پارتىيىسى ئۆكتىچى پارتىيە بولۇش سۈپىتىدە ئالدى بىلەن ئەمەل ھەرىكىتىگە رىقابەت ئېلان قىلدى. دېمەك، ئىككى دۆلەتنىڭ شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە گۇرۇھ كۈرىشى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋال كۆپ پەرقلىنەتتى.

## 3 § . ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈرەش داۋامىدا زورايدى

ئاللا پارتىيىسىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالىشى ۋە لىۋاندا سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشىدە ئىراننىڭ تەسىرى ۋە ياردىمى مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، لېكىن بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. ئاللا پارتىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئىراننىڭ ياردىمىدىن باشقا ئامىللارمۇ مەۋجۇت. تېگى

- تەكتىدىن ئېيتقاندا، لىۋاننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە ئۇنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كونكرېت شارائىتلار مەۋجۇت بولدى.

ئەرەب دۇنياسى بىلەن ئىسرائىلىيە ئۇزۇن مۇددەت قارىمۇ قارشى بولۇپ كەلدى. ئىسرائىلىيە 1982 - يىلى لىۋانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، لىۋان بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش كۈچىيىپ كەتتى. كىمكى ئىسرائىلىيىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلالىسا، شۇ پۇقرانىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. لىۋان ئاللا پارتىيىسى ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان قوراللىق كۈچ بولدى. ئۇ قۇرۇلغان چاغدا ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇسكە ئىگە ئىدى. ئاللا پارتىيىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بېيرۇتتا 1983 - يىلى 10 - ئايدا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسملىرى گازارمىسى پارتلىتىۋېتىلگەن ۋەقە پەيدا بولدى. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە 241 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، 38 ئادەم يارىدار قىلىندى. بۇ ۋەقە ئامېرىكىنى لىۋاندىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇڭا، ئامېرىكا بۇ ۋەقەگە ئاللا پارتىيىسى ئارىلاشتى دەپ قارىدى.

ئىسرائىلىيە 1985 - يىلى 5 - ئايدا لىۋاندىن «چېكىنىپ چىققان» بولسىمۇ، نوپۇسى 200 مىڭغا، كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدىغان «خەۋپسىزلىك رايونى» قۇردى. ئىسرائىلىيە تەربىيىلىگەن، قوراللاندۇرغان ۋە تەمىنات بېرىدىغان ئىسرائىلىيەپەرەس لىۋان خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنى (3 مىڭ ئادەم ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ 1500 ئادىمى) ئارقىلىق ئۆزىنىڭ لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىدى. لىۋاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى ئىسرائىلىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىگىلىۋېلىشى بۇ رايون ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقسىز بولۇشىنىڭ مەنبەسى بولدى. ئىسرائىلىيىنىڭ لىۋاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى

ئىشغال قىلىۋېلىشقا قارشى كۈرەش داۋامىدا، ئاللا پارتىيىسى ھەقىقىي مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، لىۋاننىڭ جەنۇبىدا ئازاد پەلەستىن خەلق فرونتى قاتارلىق قارشىلىق كۈچلىرىمۇ بار. لېكىن، ئاللا پارتىيىسى باشقىلاردىن كۈچلۈك. مۆلچەرلىنىشىچە، ئۇ 6 مىڭدىن 15 مىڭغىچە جەڭچىنى سەپەرۋەر قىلالايدىكەن. ئۇنىڭ جەڭ قىلالايدىغان ئادىمى كەم دېگەندە 3500 — 4500 گە يېتىدىكەن. شۇڭا، ئىسرائىلىيە ئۇنى ئېغىر تەھدىت ۋە زەربە بېرىدىغان مۇھىم ئوبيېكت دەپ قارايدۇ. ئاللا پارتىيىسىمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ بەدەل تۆلىدى.

ئاللا پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرنەچچەيلەن ئىسرائىلىيىنىڭ ھاۋادىن قىلغان ھۇجۇمىدا قازا قىلدى ياكى ئىسرائىلىيە زەربىدار ئەترىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ كەتتى. 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئاپتوموبىل كالونناسىنى ھاۋادىن بومباردىمان قىلىپ، ئاللا پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، باش شۇجىسى شەيخ ئاباس موساۋى ۋە ئۇنىڭ ئايالى، ئوغلى، تۆت مۇھاپىزەتچىسى چۈشكەن ئاپتوموبىلنى پارتلىتىۋەتتى. موساۋى قازا قىلدى. موساۋىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى لىۋاندا ئىسرائىلىيىگە قارشى غەزەپ يالقۇنىنى ئۇلغايتىۋەتتى. 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاللا پارتىيىسىنىڭ يەنە بىر رەھبىرى رىدا يۈسۈپ ياسىن چۈشكەن پىكاپ سۇر رايونىدىكى تاشيولدا كېتىپ بارغاندا ئىسرائىلىيە ئايروپىلانىدىن ئېتىلغان بومبىدا قازا قىلدى. شۇ يىلى ئىسرائىلىيە ئاللا پارتىيىسىنىڭ بازىسىغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھۇجۇمدا ئاللا پارتىيىسىنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن ئۈچ ئادەم قازا قىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەييىد ھەرب ئىسىملىك مەسئۇل ئادەم «ئاپتوموبىل بومبىسى» بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاللا پارتىيىسىنىڭ 4 ـ نومۇرلۇق ئەربابى دەپ قارالغان ئوبىد 1989

10 ـ يىلى ئىسرائىلىيىنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلانىدىن چۈشكەن نەچچە ئادىمى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ كەتتى. ئاللا پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى، «مۇسۇلمانلار قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى»نىڭ سابىق رەھبىرى مۇستافا دىلانىمۇ 1994 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە زەربىدار ئەترىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىپ كېتىلدى. رەھبەرلەرنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىش ۋە تۇتقۇن قىلىنىشى ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قەلبىدە ئىسرائىلىيە بىلەن زىنھار چىقىشالمايدىغان چۈشەنچىنى پەيدا قىلدى.

90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئاللا پارتىيىسى ئىسرائىلىيىگە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش داۋامىدا تەدرىجىي كېڭەيدى. 1991 ـ يىلى ھەربىي جەھەتتە 19 قېتىم زەربە بەرگەندى، 1992 ـ يىلى 52 قېتىم، 1993 ـ يىلى 158 قېتىم، 1994 ـ يىل 187 قېتىم زەربە بەردى. ئىسرائىلىيىنىڭ لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى نىشانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىغا «كاتيۇشا» شەكىلدىكى راكېتا ئاتقاندىن باشقا، ئۆزىنى «ئادەمبومبا» پارتلىتىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىسرائىلىيىگە ئەلەم قىلدى.

ئاللا پارتىيىسىنىڭ لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئىسرائىلىيە ئۆزىنىڭ شىمالىي رايون خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر تەھدىت دەپ قاراپ، ئۇنى كۇچىنىڭ يېتىشىچە چەكلىدى. 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە لىۋانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئاللا پارتىيىسى كونتروللۇقىدىكى مەركىزىي رايونلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئاللا پارتىيىسى بولسا ئىراندىن ئېلىپ كەلگەن «كاتيۇشا» شەكىللىك راكېتا بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىدىكى مەھەللىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆچ ئالدى. لېكىن، ئىسرائىلىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هاۋادىن ھۇجۇم قىلىشنى توختاتمىدى . 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە ئىسرائىلىيە لىۋان چېگراسى ئىچىدىكى نىشانغا 36 قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، 37 ئادەمنى ئۆلتۈردى ، 97 ئادەمنى يارىدار قىلدى . 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە ئۆچ ئېلىش باھانىسى بىلەن لىۋاننىڭ جەنۇبىغا كەڭ كۆلەمدە ئۇدا يەتتە كۈن ھۇجۇم قىلىپ ، 130 ئادەمنى ئۆلتۈردى ، 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى يارىدار قىلدى ، 1500 دىن ئارتۇق ئۆينى ۋەيران قىلىۋەتتى ، 15 مىڭ كورپۇس بىنانى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى ، 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىۋەتتى . ئاللا پارتىيىسى بولسا ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا راكېتا بىلەن ھۇجۇم قىلدى . ئاللا پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى ھەسەن نەسرۇللا ئەگەر ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى ھۇجۇمنى توختاتسا ، ئاللا پارتىيىسىمۇ «كاتيۇشا» شەكىللىك راكېتا بىلەن بومباردىمان قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى . ئىككى تەرەپ «چۈشىنىش كېلىشىمى» ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي توقۇنۇش يەنە باشلاندى . 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسرائىلىيىنىڭ قورالللىق تىك ئۇچار ئايروپىلانلىرى ئاللا پارتىيىسىنىڭ بىقا جىلغىسىدىكى ھەربىي بازىسىغا ھاۋادىن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ ، 45 ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، 80 نەچچە ئادەمنى يارىدار قىلدى .

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىسرائىلىيە لىيبورىستلار پارتىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى سايلام ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئاللا پارتىيىسىنىڭ راكېتا ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش نامى بىلەن ، لىۋانغا «غەزەپلەنگەن ئۈزۈم» نامىدىكى كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ ، ئاللا پارتىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىق ئىقتىدارىنى بىراقلا ۋەيران قىلىۋەتمەكچى ، ھەمدە لىۋان ھۆكۈمىتى ۋە پۇقرالىرىنى ئاللا پارتىيىسىگە

غەزەپلەندۈرگەن قىلىپ، ئاللا پارتىيىسىنى مىسلىسىز يېتىم ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقچى، ھېچبولمىغاندا لىۋان، سۈرىيە ھۆكۈمەتلىرىنى ئاللا پارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان قىلىپ قويماقچى بولدى. بۇ «ھەرىكەت» داۋامىدا ئىسرائىلىيە ھاۋادىن، دېڭىزدىن، قۇرۇقلۇقتىن ئاللا پارتىيىسىنىڭ بازىلىرىغا ۋە يۇقىرا نىشانلىرىغا 4 مىڭغا يېقىن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپ، لىۋاندا 200 دىن ئارتۇق پۇقرانى ئۆلتۈردى ۋە مىڭغا يېقىن ئادەمنى يارىدار قىلدى. لىۋاننىڭ جەنۇبىدا 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان بولدى. لېكىن، نەتىجە كۈتكەننىڭ ئەكسىچە بولدى. ئاللا پارتىيىسىدىن ئاران 13 ئادەم جەڭدە قازا قىلدى. لىۋاننىڭ جەنۇبىنى ئىسرائىلىيە داۋاملىق ئىشغال قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئىشغال قىلىشقا قارشى تۇرۇۋاتقان ئاللا پارتىيىسىنى يېتىم قالدۇرۇش ناھايىتى تەس ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لىۋان بىلەن ئىسرائىلىيە ھاسىل قىلغان كېلىشىمدە ئىسرائىلىيە لىۋان، سۈرىيىنىڭ لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئىسرائىلىيە پۇقرالىرىغا ھۇجۇم قىلماسلىقى توغرىسىدىكى يازما كاپالىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېلىشىمدە لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ لىۋاننىڭ جەنۇبىدا ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەنمىدى. ئىسرائىلىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق، ئۇنىڭ سىياسىي رولىغا سۈكۈت قىلغانلىق بولدى. شۇڭا، ئاللا پارتىيىسى بۇنى چوڭ غەلىبە دەپ قارىدى. ئۇ ئىسرائىلىيىنىڭ مىڭ ئەسكىرىنى لىۋاننىڭ جەنۇبىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، جىھادنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«غەزەپلەنگەن ئۈزۈم» ھەرىكىتىنى پېرېس زۈكۈلىلىقنى ئۆتەۋاتقان چاغدا قوللانغان. لىكود گۇرۇھى قوللايدىغانلىقىنى

بىلدۈرگەن، ھەمدە ئۇرۇشنى «ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلغان. ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، نېتانىياخۇ ھۆكۈمەتنى «ئاللا پارتىيىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى تارقىتىۋېتىش ۋە سۈرىيە ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى يەنە قوراللىق پائالىيەت قىلىشىنى توسۇشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى» دەپ ئەيىبلىدى. ۋەھالەنكى، لىۋان بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش خەلقئارالىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا نېتانىياخۇ ئېيتقان «ئاچقۇچلۇق نىشانلار»نى ئىسرائىلىيىنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىسرائىلىيە لىۋاننىڭ جەنۇبىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقمىسا، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ قوللىشىنى توگەتكىلى بولمايدۇ.

مەيلى لىۋان ھۆكۈمىتى بولسۇن، ياكى سۈرىيە ھۆكۈمىتى بولسۇن، لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىسرائىلىيىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالغا ئىلگىرىلىشىنى توسايدىغان توساق دەپ قارايدۇ. ئىران باشتىلا ئاللا پارتىيىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، ئۇنى ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى ۋە كۆۋرۈك بېشىدىكى ئىستىھكامى دەپ قارىدى. مانا بۇ لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ لىۋاننىڭ جەنۇبىدا ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى، ھەمدە لىۋاندا مىللىي يارىشىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق قوراللىق كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرالىشىدىكى مۇھىم سەۋەب.

ئاللا پارتىيىسى 90 ـ يىللاردا لىۋاندا قوراللىق كۈچكە ئىگە چەكلىك سىياسىي كۈچلەرنىڭ بىرى ئىدى. 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، يەنى لىۋان ھۆكۈمىتى قورال تاپشۇرۇشنى بەلگىلىگەن ئاخىرقى بىر كۈندىن ئىلگىرى ئىران زۆتتۈگى

دەمەشقنى زىيارەت قىلغاندا ، ئاللا پارتىيىسىگە قوراللارنى لىۋان ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىللىرىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان . لېكىن ، ئاللا پارتىيىسى قوراللارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالىمىغانىدى . لىۋان ھۆكۈمىتى لىۋاننىڭ جەنۇبىدا ئىسرائىلىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئاللا پارتىيىسى ۋە ئىسرائىلىيىگە قارشى باشقا كۈچلەرنىڭ قوراللىرىنى مەجبۇري يىغىۋالمىدى . ئامېرىكا گوۋۇيۇەنى ۋە ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى لىۋان ھۆكۈمىتىدىن ئاللا پارتىيىسىنى قورالسىزلاندۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ ، ئالاقىدار تەرەپلەرنى مەسىلىنى ئەكس تەرەپتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى . سۇرىيە ۋە ئىران لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئامېرىكا ، ئىسرائىلىيىنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلدى . سۇرىيە ئاللا پارتىيىسى ئىراندىن راكېتا قاتارلىق قوراللارنى لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي بازىلارغا يۆتكەپ كېلىدىغان ئارىلىقتىكى پونكىت بولدى .

لىۋان ھۆكۈمىتى ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلىشنى قوللىمىسىمۇ ، لېكىن جەنۇبتىكى ئىشغال قىلىنغان زېمىندىكى ھەممە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى قوللىدى . ئىسرائىلىيە لىۋاننىڭ جەنۇبىنى بېسىپ يېتىۋالغان ئەھۋالدا ، ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلىشىغا لىۋان ھۆكۈمىتى ئارىلاشمىدى . 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لىۋان زۇڭلىسى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى : ئاللا پارتىيىسى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي رەقىبى ، لېكىن «ھازىر ئىلاجىسىزمىز» ، ئەگەر ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئىسرائىلىيىگە ھۇجۇم قىلىشىنى چەكلىسەك ، «خەلق بىزنى ۋەتەن ساتقۇچ دەپ قارايدۇ .» ئۇ ، ئەگەر ئىسرائىلىيە لىۋاننىڭ جەنۇبىدىن شەرتسىز ئەسكەر چېكىندۇرۇپ كەتسە ، لىۋان ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسى لىۋان ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسرائىلىيە چېگراسىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى . لېكىن ، ئىسرائىلىيە ئالدى بىلەن ئاللا پارتىيىسىنى قورالسىزلاندۇرغاندا ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ خەۋپسىزلىكى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ ، شۇ چاغدىلا لىۋاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشنى ئويلىنىشقا بولىدۇ دەپ قارىدى . ئاۋۋال لىۋاندىن ئەسكەر چېكىندۈرگەندە لىۋان ـ ئىسرائىلىيە چېگراسىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولامدۇ ياكى ئاللا پارتىيىسىنى قورالسىزلاندۇرغاندا چېگرا خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولامدۇ ؟ قىسقىسى لىۋاننىڭ جەنۇبىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشنى ئويلىنىش لىۋان بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ باشقا چىقمىغان ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش قىيىن بولغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ .

## § 4 . لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئورنى

يۇقىرىقى ئاشۇ كونكرېت شەرتلەر بىلەن لىۋان ئاللا پارتىيىسى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە ھاكىمىيىتى يوق ، لېكىن قوراللىق كۈچى بار تەشكىلات بولۇپ قالدى . ئۇ ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق گۇرۇھ سۈپىتى بىلەن ئەمەس ، لىۋاننىڭ جەنۇبىدا ئىسرائىلىيىگە قوراللىق قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولدى ۋە تەرەققىي قىلدى . بۇھال ھەم ئىراندا ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالغا ئوخشىمايدۇ (ئۇ چاغدا ئىراندىكى دىنىي داھىي قوراللىق كۈچكە ئىگە بولمىغان ) ، ھەم باشقا دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ (ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق پائالىيەتلىرى ئاساسلىقى ھۆكۈمەتكە قارىتىلغان ) .

لىۋان ئاللا پارتىيىسى ئۇرغۇن قوراللىق كۈرەش بىلەن

شۇغۇللاندى . لېكىن ئۇ نوقۇل قورال‍لىق گۇرۇھ ئەمەس ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىسرائىلىيىگە قارشى بازىلاردا ئىراننىڭ ئىسلام ئەندىزىسى بويىچە نامراتلارنى قۇتقۇزىدىغان ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇردى . ئىراننىڭ مەبلەغ ياردىمى بولغاچقا ، ئاللا پارتىيىسى لىۋاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ، بولۇپمۇ شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردا ، مەسىلەن ، بېيرۇتنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى ، لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردە پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىغا دوختۇرخانا ، ئەرزان باھالىق يېمەك مال‍لا دۇكانلىرى ، مەكتەپ - مەدرىسە سېلىپ بەردى ، ئۇلارنى قەرز پۇل ئېلىش ، تۆۋەن باھالىق دورا ، باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى . ئاللا پارتىيىسى شېھىتلەر فوندى تەسىس قىلغان . مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، 1993 - يىلى 1797 ئائىلىگە 1 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تارقاتقان . ئاللا پارتىيىسى «ئېزىلگۈچىلەر ساداسى» ۋە «نۇر» رادىئو ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ ، «يەكشەنبە» ناملىق ھەپتىلىك گېزىت چىقىرىپ ، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قەلب ساداسىنى ئىپادىلىدى ، ئاللا پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى .

ئاللا پارتىيىسى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى لىۋاننىڭ سىياسىي ھاياتىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان كۈچ بولۇپ قالدى . 1992 - يىلى 8 - ئايدا پارلامېنتنىڭ 108 ئەزاسى سايلاش جەريانىدا ئاللا پارتىيىسىنىڭ سەككىز نامزاتى بىقا جىلغىسى ، تاغلىق رايونى ۋە بېيرۇت قاتارلىق جايلاردا پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاندى . مانا بۇ ئاللا پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتقا تۇنجى قېتىم كىرىشى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ.[①] لېكىن 1996 ـ يىلىدىكى يېڭى پارلامېنت سايلىمىدا ئاللا پارتىيىسى بېيرۇت ۋە تاغلىق رايوندا ئىككى ئورۇندىن ئايرىلىپ قالدى.

لېكىن، بۇنىڭدىن باشقا بەزى شەرتلەر ئۇنى ئىرانغا ئوخشاش غەلىبە قىلدۇرمىدى. خەلقئارا ئامىللار (مەسىلەن، سۇرىيىنىڭ ئەمەل ھەرىكىتىنى قوللىشى قاتارلىقلار)دىن باشقا، لىۋاننىڭ ئىچىدە ئەمەل ھەرىكىتى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىزچىل يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىغا كەڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئاللا پارتىيىسى تېخى يېتەكچى رول ئوينىيالايدىغان كۈچكە ئايلىنالمىدى. لىۋاندا ئىران ئەندىزىسىدىكى ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇشتا ئۆتكىلى بولمايدىغان بەزى توسالغۇلار مەۋجۇت.

لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ، تەرەققىي قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقى نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق. بىرىنچىدىن، لىۋان بىلەن ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەدرىجىي پەسىيىش ياكى پەسەيمەسلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ پەسىيىش ياكى پەسەيمەسلىكى سۇرىيە بىلەن ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق بولىدۇ. ئاللا پارتىيىسىنى قورالسىزلاندۇرۇشنى ئىسرائىلىيە لىۋاننىڭ جەنۇبىدىن ئەسكەر چېكىندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. لىۋان ھۆكۈمىتى لىۋان بىلەن ئىسرائىلىيە يارىشىپ قالسا، جەنۇبىي رايوندا غەيرىي ھۆكۈمەت قوراللىق كۈچلىرى ۋە چەت ئەل قوراللىق كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇڭا، سۇرىيە بىلەن ئىسرائىلىيە، لىۋان بىلەن ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى ياخشىلانسا،

---

① بەزى خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، ئاللا پارتىيىسى پارلامېنتتا 12 ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، پارلامېنتتىكى ئىسلام مۇخلىسلىرى ئىگە بولىدىغان ئومۇمىي سان (64 ئورۇن) ئىچىدە 18.8 پىرسەنتنى، شىئە مەزھىپىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى ئومۇمىي سانى (30 نەپەر)نىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئورنى ۋە رولى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىراننىڭ لىۋان ئاللا پارتىيىسىگە داۋاملىق پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىش ـ بەرمەسلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بۇمۇ سۈرىيە بىلەن ئىسرائىلىيە، لىۋان بىلەن ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن، سۈرىيە ۋە ئىراننىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى ئىتتىپاقنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ـ قالماسلىقىغا ۋە سۈرىيىنىڭ ئىراننىڭ لىۋاندا مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئاللا پارتىيىسىنىڭ سىياسەت ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ماس كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ داۋاملىق ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالتىنچى باب

# پەلەستىندىكى خاماس ھەرىكىتى

1987 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە گازا رايونىدىكى پەلەستىنلىكلەر ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى تاش ئېتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى . پەلەستىن ياشلىرىنىڭ قولىدىكى تاشلار ئىسرائىلىيىلىكلەرنى زەخىملەندۈرۈپ ۋە ئۆلتۈرۈپ ، ئىسرائىلىيىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى . ئىسرائىلىيىنىڭ ھازىرقى ھالەتنى ساقلاش ئۇسۇلى ۋە خەۋپسىزلىكنى كۈچەيتىش يولىدىكى خىياللىرى ئەسقاتمايدىغان بولۇپ قالدى . ئىسرائىلىيىگە قارشى كۆرەش داۋامىدا «خاماس» ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقتى . خاماس رەھبەرلىك قىلغان كۆرەش بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى (خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىچكى جايلارغا يۆتكىدى ) رەھبەرلىك قىلغان كۆرەش ئىدېئولوگىيە ، كۆرەش شەكلى ۋە كۆرەش نىشانى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن چوڭ پەرقلەندى . پەلەستىندىكى خاماس ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى پۈتكۈل پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى .

## §1 . خاماسنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە پائالىيەت ئەھۋالى

پەلەستىن نوپۇسىدا مۇسۇلمانلار 89 پىرسەنتىنى ،

خرىستىئانلار 10 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ . ئىسلام دىنى جەمئىيەتتە ئىنچىل كۆچلۈك تەسىرگە ۋە چەتتىن كەلگەن كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە . XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىلا پەلەستىندىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقى ئاستىدا ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە ۋە يەھۇدىي زىئونىزمىغا قارشى كۈرەشلەرنى قىلغاندى . 1920 - يىلى 4 - ئايدا ئېرۇسالىمدا ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پارتلىدى . 1921 - يىلى 11 - ئايدا «بالفۇر خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنىپ تۆت يىل بولغاندا ، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار يەنە توقۇنۇشۇپ قالدى .

1935 - يىلى يافا مۇسۇلمان ياشلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى شەيخ ئىزدىن قەسسەم خەلقنى ئىنگلىزلارغا ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى «جىھاد» قىلىشقا چاقىردى . 1935 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەسسەم سەپداشلىرى بىلەن جىنىن يېنىدىكى ئەھراش بازىرىغا كېتىپ بارغاندا ، مۆكۈپ ياتقان ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ، ھەممىسى قازا قىلدى . مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ماڭدى . ئامما غەزەپلەنگەن ، مېيىت ئۇزاتقۇچىلار بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇققا سوزۇلغاندى . 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ، يەنى جۈمە كۈنى پەلەستىندىكى كۆپ قىسىم مەسچىتلەردە قەسسەمگە دۇئا تىلاۋەت قىلىندى . قەسسەم جىھادنىڭ سىمۋولى ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ بايرىقى بولۇپ قالدى .

1936 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پەلەستىندىكى بەزى سىياسىي پارتىيىلەر ئومۇمىي ئىش تاشلاشنى جاكارلاپ ، يەھۇدىيلارنىڭ قورالغا ئىگە بولغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى . مىسىر ، سۈرىيە ، لىۋان ۋە ئىراقنىڭ مۇجاھىرلىرى پەلەستىنگە كېلىپ ، ئىش تاشلاشقا مەدەت بەردى . ئەنگلىيىنىڭ مانداتلىق دائىرىلىرى ئۆز ئەسكەرلىرى ۋە يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىكتە ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشلاشنى باستۇرماقچى بولدى . لېكىن ، مەغلۇپ بولدى . ئەپسۇسكى ، ئەرەب ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكىدەك ئاخبارات ئېلان قىلدى : «پەلەستىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئىنتايىن ئازابلىنىمىز ، قېرىنداشلىرىمىز — ئەرەب پادىشاھلىرى ۋە شاھزادە ئابدۇللا سىلەرگە شۇنى مۇراجىئەت قىلىدۇكى ، سوغۇق قان بولۇپ ، قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش كېرەك . دوستىمىز — ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياخشى نىيىتىگە ئىشىنىمىز .» ئەرەب ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدامچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا ، يېرىم يىل داۋاملاشقان ئومۇمىي ئىش تاشلاش ئاخىرلاشتى .

1946 ـ يىلى مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى سەييىد رامزان پەلەستىنگە كېلىپ ، بەزى شەھەر ـ يېزىلاردا ئۇيۇشمىنىڭ شۆبىلىرىنى قۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ ، 20 نەچچە شۆبە ئۇيۇشما قۇردى . ئۇيۇشما ئەزالىرى نەچچە ئون مىڭ ئادەمگە يەتتى ، ھەمدە زاپاس ھەربىي كۈچ قۇردى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر 1948 ـ يىلى ئەرەبلەرنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىغا قاتناشتى .

1948 ـ يىلىدىن 1967 ـ يىلىغىچە ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە گازا رايونى[1] ئىئوردانىيە ۋە مىسىرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى . بۇ مەزگىلدە ئىئوردانىيە ھۆكۈمىتى

---

① 1947 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ب د ت ئۇچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن 181 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، پەلەستىننى ئىككى دۆلەت قىلىپ ئايرىشنى ، يەھۇدىيلار دۆلىتىنىڭ كۆلىمى 149 مىڭ 420 كۋادرات كىلومېتىر بولۇشنى ، ئەرەب دۆلىتىنىڭ كۆلىمي 112 مىڭ 3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇشنى بەلگىلىدى . شۇ چاغدا ، يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇسي 600 مىڭ ، ئەرەبلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 200 مىڭ ئىدى . 1948 ـ يىلىدىكى 1 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئەرەب دۆلىتىگە بۆلۈپ بېرىلگەن 5 مىڭ 731 كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى يەھۇدىيلار ئىشغال قىلىۋالدى . گازا رايونىدىكى 354 كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى مىسىر ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى 5 مىڭ 295 كۋادرات كىلومېتىر زېمىن (جۈملىدىن شەرقىي ئېرۇسالىم شەھىرى )نى ئىئوردانىيە كونترول قىلىۋالدى . ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان ۋە مىسىر بىلەن ئىئوردانىيە كونترول قىلىۋالغان زېمىنلار ئەرەب دۆلىتىگە تەۋە زېمىنلار ئىدى .

سىياسىي جەھەتتىكى ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. ئېرۇسالىم ئىسلام دىنى فوند ئىدارىسىگە ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىغا مالىيە جەھەتتىن ياردەم بەردى. گازا ۋە شىمالىي قىرغاقتىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئوردا ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان رادىكال مىللەتچى كۈچلەرنىڭ قارشىلىشىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ۋەھالەنكى، مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى جامال ئابدۇل ناسىر ھۆكۈمىتىگە قارشى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقتىن باستۇرۇلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، گازا رايونىدىكى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ ئاشكارا پائالىيەت قىلالماي كەلدى. 1967 ـ يىلى ئىسرائىلىيە ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى ۋە گازا رايونىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك چەكلىدى. لېكىن، ئىسلام دىنىغا كەڭ قورساقلىق قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، سىياسىي خاراكتېرى بولمىغان ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيە ھۆكۈمرانلىقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، مەۋجۇت بولۇشىغا ۋە پائالىيەت قىلىشىغا يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى «سىياسىي خاراكتېرىدە بولمىغان» تەشكىلاتلارغا كىردى، لېكىن مەخپىي ئالاقىلىشىپ تۇردى.

60 ـ، 70 ـ يىللاردا پەلەستىن خەلقى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەتچىلىك بايرىقى ئاستىدا، ئىسرائىلىيىگە قارشى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. كۈرەش داۋامىدا ئىسلام دىنىنىڭ رولى گەۋدىلىك بولمىدى.

1967 ـ يىلدىكى 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسرائىلىيە پۇتكۈل پەلەستىننى ئىشغال قىلىۋالدى. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىئوردانىيەدە ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىگە داۋاملىق زەربە بەردى. لېكىن، 1970 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ئىئوردانىيە ئارمىيىسى قوراللىق توقۇنۇشۇپ قېلىپ، لىۋانغا يۆتكىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى لىۋانغا تاجاۋۇز قىلىپ، لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى پەلەستىننىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ۋەيران قىلدى. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ 12 مىڭ 500 جەڭچىسى بېيرۇتتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، سۈرىيە، ئىئوردانىيە، سۇدان، ئىراق ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقىلىپ كەتتى. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ باش شتابى ئالدىنقى سەپتىن يىراق بولغان تۇنىسقا كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئۇنۇملۇك جەڭ قىلىدىغان بازىسىدىن ۋە كەڭ كۆلەمدە قوراللىق كۈرەش قىلىدىغان شارائىتتىن ئايرىلىپ قالدى. شۇڭا، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى پەلەستىننىڭ ئىچكى رايونلىرىغا يۆتكىدى.

پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى دىنىدىن تاشقىرى مىللەتچى تەشكىلات بولۇپ، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان كۈرەشتە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۈمىدسىزلەندى، ئۆزلىرىنىڭ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلالايدىغان بىرەر كۈچلۈك تەشكىلاتنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلام دىنىي تەشكىلاتلىرىغا بۇرالدى.

## §2. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسى ۋە تەرەققىياتى

1975 ـ يىلى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ گازا رايونىدىكى

يوشۇرۇن پائالىيەتلىرى جانلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئىشقا شەيخ ئەھمەد ياسىن يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ 1935 ـ يىلى تۇغۇلغان، مېيىپ بولسىمۇ، باشقىلاردىن ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇپ، پەلەستىندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلغان. 1978 ـ يىلى شەيخ ئەھمەد ياسىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى پايدا ئالمايدىغان تەشكىلات سۈپىتىدە ئىسرائىلىيە ھەربىي دائىرىلىرىگە «مۇجەممەئۇل ئىسلام» (ئىسلام تەشكىلاتى) دەپ تىزىمغا ئالدۇردى.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى، مىسىردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ زوڭتۇڭ ساداتنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ۋە لىۋاندىكى مۇسۇلمان قوراللىق كۈچلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن غەربىي قىرغاق ۋە گازا رايونىدىكى ئىسلام كۈچلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۈللىنىشكە باشلىدى. ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان ئادەملەر شىددەتلىك كۆپەيدى.

«مۇجەممەئۇل» ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋالغان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى باشتا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى، گازا رايونى ۋە خان يۇنۇس قاتارلىق جايلاردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلاردا قوشۇن تەشكىللىدى. ئاساسلىقى دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا قوبۇل قىلدى. مەكتەپ، مەسچىتلەردە تەسىرىنى كېڭەيتتى.

ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى پەلەستىندىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، «گازادىكى ئەزھەر» دېگەن نامغا ئىگە، پەلەستىن بويىچە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى 1979 ـ يىلدىن باشلاپ تەدرىجىي سىڭىپ كىرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ھەمدە ئىئوردانىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن ئىسلامىزمچى ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، 1982 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ بولدى .
گازا ۋە غەربىي قىرغاقتىكى 87 پىرسەنت مەسچىتنى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى كونترول قىلىپ ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلەيدىغان ۋە ئۇيۇشتۇرىدىغان مۇھىم بازا قىلدى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىي زېھنىنى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ، ئوقۇتقۇچىلارغا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشكە قاراتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، نامرات پۇقرالار ئارىسىدا خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويدى . مەسىلەن ، كىرىمى يوق نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم قىلدى . يەسلى ، زاۋۇت ، دوختۇرخانا ، دورىخانا ، ھەقسىز ئامبۇلاتورىيە قاتارلىقلارنى قۇردى . قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئالاقىدار ئادەملىرىنى چەت ئەللەردە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ ، يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى كارخانا ، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا كىرگۈزۈۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى جەلپ قىلىپ ، قوشۇنىنى زورايتىپ ، تەسىرىنى كېڭەيتتى .
70 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرى — ئاتالمىش «سولچىلارغا ۋە كاپىرلارغا قارشى كۈچلەر» بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە قاتارلىق سولچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش توختاپ قالمىدى . 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا گازا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرى بىلەن سولچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا نەچچە قېتىم توقۇنۇش يۈز بەردى . باشقا جايلاردا قانلىق ۋەقەلەرمۇ كۆرۈلدى .
قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئېزىقتۇرۇش ، تەھدىت سېلىش ، سايلام قاتارلىق يوللار بىلەن سول قانات ئەربابلار باشقۇرۇشىدىكى

ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىنى (ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە ئوخشاش خەير - ساخاۋەت ئورگىنى.) كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

شۇ چاغلاردا گازا ۋە غەربىي قىرغاقتا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن سولچى كۈچلەردىن ئىبارەت ئىككى سىياسىي كۈچ بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۇزۇن مۇددەت ئېلىشىش جەريانىدا، تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەب تۈپەيلى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى يەڭدى:

1. گازا رايونىدا ئىرق ۋە قەبىلە تۈسى قويۇقراق بولغان مەدەنىيەت ئىدىيىسى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. كۆپ ساندىكى بەدەۋىلەر گازانىڭ جەنۇبىي رايونىغا مەركەزلەشكەن. ئۇلار ئىسلام مەدەنىيىتى ئىدىيىسىنى ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇنداق مەدەنىيەت مۇھىتى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ماس كېلىدۇ.

2. 1 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىن پىدائىي بولغانلار جەڭگە قاتناشتى. ئۇلاردىن نەچچە يۈز ئادەم باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. بۇھال پەلەستىن خەلقىدە ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. گازا بىلەن مىسىر تۇتىشىپ تۇرىدۇ. 1967 - يىلى گازا مىسىرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. مىسىردىكى كوممۇنىستلار ۋەكىللىكىدىكى سولچى كۈچلەرنى چەكلەش ئۈچۈن، گازادىكى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن ئاسانلىقلارغا ئېرىشتى.

1986 - يىلى پەلەستىن مۇستەقىل بولغاندا قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ قانداق بولۇشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، غەربىي قىرغاق ۋە گازانىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى قۇرامىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەتكەن مىلك ئادەمدىن تەكشۈرگەندە 26.5 پىرسەنت ئادەم شەرىئەت تۈزۈلمىسىدىكى دۆلەت بولۇشنى تاللىۋالغان؛ 29.6 پىرسەنت ئادەم ئەرەب ئىسلام دۆلىتى بولۇشنى، 10.4 پىرسەنت ئادەم دىندىن تاشقىرى دېموكراتىك دۆلەت بولۇشنى قوللىغان، 12.2 پىرسەنت ئادەم دېموكراتىك دۆلەت بولۇشنى ئۈمىد قىلغان، قالغانلار پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەن.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 150 ئوقۇغۇچىسىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 54 پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىدىكى ھەممەيلەن ناماز ئوقۇپ، ئىسلامچە كىيىم ـ كېچەك كىيىدىكەن؛ 28 پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىدىكى چوڭلار ئىسلام ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلىدىكەن؛ 14 پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى دىني پەرھىزلەرنى ئادا قىلىدىكەن؛ 4 پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىدە ناماز ئوقۇمايدىكەن.

تەكشۈرۈشتىن يەنە مەلۇم بولۇشىچە، 54 پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە باشلىقى ئىشچى؛ 30 پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە باشلىقى دېھقان؛ 16پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە باشلىقى مۇلازىمەت ئىشچىسى ئىكەن. تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، پەلەستىن جەمئىيىتى كۈچلۈك ئىسلام خاھىشىدىكى جەمئىيەتتىن ئىبارەت.

بۇ مەزگىلدە گازا، ئېرۇسالىم ۋە ھېبروندا ئۈچ مەدرىسە سېلىندى، «ئىسلام غازىتى»، «ئىسلام ئازادلىق پارتىيىسى» قاتارلىق نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك مەخپىي سىياسىي تەشكىلاتلار ۋە زاپاس ھەربىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «مۇجەممەئۇل»سى سولچى كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، پائالىيىتىنى دىني تەشۋىقاتتىن ئىسرائىلىيە ئىشغالىيەتچىلىرى بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىشقا قاراتتى. «مۇجەممەئۇل» 1988 ـ يىلى نامىنى «ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى»گە ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىشغال

قىلىنغان زېمىندا 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئىسرائىلىيىگە قارشى ئىككى كۆچ شەكىللەندى. بۇنىڭ بىرى، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى — فاتاخ؛ يەنە بىرى، قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا مەنسۇپ بولغان «ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى» بولۇپ، قىسقارتىلىپ «خاماس» دەپ ئاتالدى.

## § 3. خاماسنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ نىزامنامىسى

شەيخ ئەھمەد ياسىن بىلەن شەيخ سالاھ (ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)، ئىسا (ئىنژېنېر)، ئىبراھىم (دوختۇر)، دوكتور ئابدۇ روتىشى، فاتىخ دۇھان (ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى) قاتارلىق كىشىلەر يىغىن ئېچىپ، گازا رايونىدا «ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى» قۇرۇشنى قارار قىلدى.

1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جەمىل ھەممام شەيخ ئەھمەد ياسىن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، غەربىي قىرغاق رايونىدىمۇ خاماس تەشكىلاتىنى قۇرۇشنى مەسلىھەتلەشتى. مەيلى گازا رايونىدىكى خاماس بولسۇن، ياكى غەربىي قىرغاقتىكى خاماس بولسۇن، ھەممىسى ئىسرائىلىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتىگە قارشى كۆرەش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىشغالىيەتچى دائىرىلەرنىڭ ئامانلىق ساقلىشىغا پاراكەندىچىلىك سالدى، تاش ئېتىپ ئۇرۇش قىلدى، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقاتتى.

نەزەرىيە جەھەتتە، خاماس قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى سەييىد قۇتۇب ۋە ئىراننىڭ مەنىۋى داھىيسى خۇمەينىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۆۋەتتە قىلىدىغان جىددىي ئىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەتتىن كەلگەن بارلىق تەسىرلەرنى تازىلاپ، ھەقىقىي ئىسلام جەمئىيىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت دەپ قارىدى. شۇ يەردىكى ئىسلامىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى كۆرەشتە ئۇستىلەپ يېڭىلىپ كېتىشىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللانىڭ يولىدىن چەتلەپ كېتىشى، دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك، كوممۇنىزم قاتارلىق چەتتىن كەلگەن ھەر خىل ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى سەۋەب بولدى. شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن يېڭىۋاشتىن ئۆزگىرىپ، ھەق يولغا قايتىشنى، ئېتىقادنى پاكلاشتۇرۇشنى، پۈتۈنلەي دىننىڭ قائىدىلىرى بويىچە ياشاشنى، جەمئىيەتنى شەرىئەت ۋە دىنىي ئەقىدە بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ۋە كۈچىنى كۈچەيتىشنى، ھەمدە «جىھاد» ئارقىلىق ئاخىر يەھۇدىي زىئونىزمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پۈتكۈل پەلەستىننى ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق قاراش ياشلار ئىچىدە بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مانا بۇمۇ خاماسنىڭ نەچچە يىلدا تېز تەرەققىي قىلىپ كېتەلىشىدىكى ئىدىيىۋى ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسرائىلىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 1994 ـ يىلىغا كەلگەندە خاماسنىڭ ئەزاسى 30 مىڭ ئادەمگە يەتكەن، ھەمدە نۇرغۇن قوللىغۇچىلار ۋە ھېسداشلىق قىلغۇچىلارغا ئىگە بولغان. گازا رايونىدا خاماسنىڭ تەسىرى ئالاھىدە زور بولۇپ، 48 پىرسەنت يەرلىك كىشىلەر خاماسنى قوللايدىكەن، ئۇنىڭ كۈچى ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكىدىن سەل ئاجىز ئىكەن. خاماس ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھەر كەسىپتىكى ياشلار بولۇپ، كۆپىنچىسى زىيالىيلار ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. خاماسنىڭ ئەڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى «ئائىلە» بولۇپ، ھەر بىر «ئائىلە»دە بىردىن «ئائىلە باشلىقى» ۋە بىرنەچچىدىن ئون

نەچچىگىچە «ئائىلە ئەزاسى» بولىدىكەن .

خاماسنىڭ پائالىيەت راسخوتى مۇنداق ئىككى مەنبەدىن كېلىدۇ : بىرى ، پەلەستىندىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىئانىسى ۋە ئەزالىرىنىڭ تاپشۇرغان بەدەل پۇلى ؛ يەنە بىرى ، چەت ئەللەرنىڭ ياردىمى ، جۈملىدىن ئىران ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ، كۇۋەيت قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى بەرگەن ياردەم ۋە چەت ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسىي ئىئانىسى .

چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى خاماسنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئاساسىي مالىيە مەنبەسى بولۇپ ، بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە ھەر يىلى 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدىكەن .

خاماسنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە مەنىۋى داھىيسى شەيخ ئەھمەد ياسىن 1982 - يىلى ئىسرائىلىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، قورال يوشۇرۇش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان . لېكىن ، 1985 - يىلى ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى بىلەن خەلق فرونتىنىڭ باش شتابى ئەسىرگە چۈشكەن (گۆرۈگە ئېلىنغان) لەرنى ئالماشتۇرغاندا ، شەيخ ئەھمەد ياسىن قويۇپ بېرىلگەن .

1989 - يىلى ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى خاماسنى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، شەيخ ئەھمەد ياسىننى يەنە قولغا ئېلىپ ، ئۆمۈرلۈك نەزەربەند قىلىشقا ھۆكۈم قىلغان . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ھازىر پالەچ بولۇپ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ .

خاماسنىڭ يەنە بىر رەھبىرى دوكتور روتىشى 1992 - يىلى 12 - ئايدا ئىسرائىلىيە چەت ئەلگە قوغلاپ چىقىرىۋېتىدىغان 415 ئادەمنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىكەن .

خاماس 1988 - يىلى غەربىي قىرغاقتا ۋە گازا رايونىدا «خاماسنىڭ نىزامنامىسى»نى تارقاتتى . بۇ 5 باب ، 36 ماددىلىق

نىزامنامە پۈتۈنلەي دىنىي مەزمۇندا يېزىلغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇناسىۋەتلىك سۈرە ـ ئايەتلەرنى كۆپلەپ نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كۈرەش پروگراممىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. نىزامنامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) خاماسنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى مۇقەددەس ئىسلام دىنىدۇر. خاماس — مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىسى، شۇنداقلا دۇنيا ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇ دىنىدىن تاشقىرى مىللەتچىلىككە، كوممۇنىزمغا ۋە كاپىتالىزمغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شوئارى: «ئاللا بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز، پەيغەمبەر بىزنىڭ ئۈلگىمىز، ‹قۇرئان كەرىم› بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىز، جىھاد بىزنىڭ يولىمىز، ئاللا يولىدا شېھىت بولۇش بىزنىڭ ئالىي غايىمىز»دىن ئىبارەت.

(2) خاماسنىڭ كۈرەش نىشانى — ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئىئوردان دەرياسىغىچە بولغان پەلەستىن زېمىنىدا ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت. پەلەستىن زېمىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىيامەت قايىم بولغۇچە ۋەخپىسىدۇر[①].

ھەرقانداق ئەرەب دۆلىتى ياكى بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى، ھەرقانداق پادىشاھ ياكى زۇڭتۇڭ ياكى ھەممە پادىشاھ، زۇڭتۇڭلارنىڭ ئۇنىڭدىن قالايمىقان پايدىلىنىش، ئۇنى بۆلۈۋېتىش، سېتىش ياكى ئوغرىلاش ھوقۇقى يوق! پەلەستىن زېمىنىنىڭ ھەرقانداق قىسمىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەملەر ئىسلام دىنىغا بويسۇنۇش

① ۋەخپە دېگەن سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بار. بىرى، دىنىي ئىشلارغا تەقدىم قىلىنىۋېتىلگەن يەر قاتارلىق مۇقىم مۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، مۇشۇنداق تەقدىم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماددىدىكى «پەلەستىن زېمىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىيامەت قايىم بولغۇچە ۋەخپىسىدۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئەكسىچە يەھۇدىيلار ئۆزىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ «پەلەستىن خۇدا تەرىپىدىن ئاللىقاچان يەھۇدىيلارنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانلىشىشىغا ئىجازەت قىلىنغان زېمىن» دەپ قارايدۇ. — تەرجىماندىن.

شەرتى ئاستىدا پەلەستىندە تۇرالايدۇ .
(3) خاماس يەھۇدىي زىئونىزمىنى ۋە ئىسرائىلىيىنى يوقىتىش يولىدا كۈچ چىقىرىدۇ . «جىھاد» ئارقىلىق پەلەستىننى ئازاد قىلىدۇ ، «جىھاد» ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر . پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنى پەلەستىننى ئازاد قىلىدىغان «جىھاد»قا قاتنىشىشقا چاقىرىدۇ . ھەممە ئىسلام دۆلەتلىرىدىن پەلەستىننى ئازاد قىلىدىغان «جىھاد»قا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ .
(4) پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدىكى ھەرقانداق تەكلىپ ، لايىھە ، خەلقئارا يىغىن خاماسنىڭ ئېتىقادى بىلەن تېپىشىپ قالسا ، پەلەستىننىڭ بىر قىسىم زېمىنىدىن ۋاز كەچسە ، دىننىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدۇ . پەلەستىننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئاللاغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇ ھەقتە سۆھبەتلىشىشكە بولمايدۇ ، ئۇنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ . پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جىھادتىن باشقا يولى يوق .
(5) پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى خاماسقا ئەڭ يېقىن تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ تەشكىلاتتا دادىلىرىمىز ، ئاكىلىرىمىز ۋە ئەل - ئاغىنە — يېقىن دوستلىرىمىز بار . ۋەتىنىمىز ، تەقدىرىمىز ۋە دۈشمىنىمىز ئورتاق . خاماس ئۆزىنى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن كۈرەش نىشانى يېقىن دەپ قارايدۇ . لېكىن ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىندە دىندىن تاشقىرى دۆلەت قۇرۇش پىلانىغا قارشى تۇرىدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە ، دىندىن تاشقىرىلىق بىلەن ئىسلام ئىدىيىسى چىقىشالمايدۇ ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىدىن دىندىن تاشقىرى بولغان ئىدېئولوگىيىسىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ . «پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىسلام يولىنى تۇتسا ، ئاندىن بىز ئۇنىڭ جەڭچىسى بولالايمىز .»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4 § . خاماسنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى پائالىيەتلىرى

خاماسنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىپىسى دىنىنى تەشۋىق قىلىش، تەسىرىنى كېڭەيتىش، ئەزا قوبۇل قىلىش، تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەمدە بەزى دىنىي پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالدۇق. 1978 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە بولغان جەرياندا سىياسىي جەھەتتە ئىسرائىلىيە ھەربىي دائىرىلىرى بىلەن بىۋاسىتە قارشىلاشماسلىقتا، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەنمۇ توقۇنۇشۇپ قالماسلىقتا دىققەت قىلىپ، تىغ ئۇچىنى پەلەستىن كوممۇنىستىك پارتىيىسى قاتارلىق سولچى كۈچلەرگىلا قاراتتى. شۇڭا، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىمۇ سۈكۈت قىلدى.

1987 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىشغال قىلىنغان زېمىندا تاش ئېتىش قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندىن بۇيان، پەلەستىندىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ئىسرائىلىيىگە قارشى بايراقنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقتى. مەسىلەن، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ ئىشغال قىلىنغان زېمىندىكى رەھبەرلىك ئورگىنى — «مەملىكەت بويىچە بىرلەشمە قوزغىلاڭغا قوماندانلىق قىلىش شتابى»نى ئاشكارىلىدى. «مۇجەممەئۇل» نامىنى «ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى»گە ئۆزگەرتتى، ھەمدە ئىسرائىلىيىگە قارشى قوراللىق كۈرەش يولىغا ماڭدى. پەلەستىندە بۇرۇن «ئىسلام جىھاد» تەشكىلاتى نامىلىق كۈچ بولۇپ، 1989 ـ يىلى ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلۇپ، بەزى رەھبەرلىرى قوغلىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ

نۇرغۇن ئادەمنى خاماسقا ئۆتتۈپ ، خاماسنىڭ كۈچىنى كۈچەيتتى .
ئىسلام جىھاد تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ھەنى ئابىد 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىسرائىلىيە پىلانلىغان دەپ قارالغان ئاپتوموبىل پارتلاش ۋەقەسىدە قازا قىلدى . گازا شەھەر ئاھالىسى مېيىت نامىزىغا قاتناشتى . ئۇلار ھەنى ئابىدنىڭ سۈرىتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئىسرائىلىيىگە قارشى شوئارلارنى توۋلىدى . ھەتتا ئەراپاتنى «ۋەتەن خائىنى» دەپ توۋلىدى . ئەراپات شەھەردىكى بىر مەسچىتكە بېرىپ ، ھەنى ئابىدقا تەزىيە بىلدۈرگەندە غەزەپلەنگەن رادىكاللار ئۇنى مەسچىتتىن قوغلاپ چىقىرىپ ، بېشىدىكى چاقماق ياغلىقنى تاشلىۋەتتى ، ھەمدە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى .
خاماسنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى پائالىيەتلىرى ئىككى خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلدى . بىرى ، ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىندىكى پەلەستىنلىكلەرنى ئىسرائىلىيىگە قارشى نامايىشقا (قازا قىلغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ ، ئۇلارنى شېھىت دەپ ئېتىراپ قىلدى . بۇ مۇراسىملار كۆپ ھاللاردا داۋاملىق نامايىش قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى . ) ۋە ئىش تاشلاشقا ئۇيۇشتۇردى . بۇ شەكىلدىكى پائالىيەتلەر كۆپ ھاللاردا ئىسرائىلىيە ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇشقا تەرەققىي قىلىپ ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە مەدەت بېرىشىگە ئىگە بولدى ؛ يەنە بىرى ، قوراللىق كۈرەش ۋە تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى . مەسىلەن ، ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي ئاپتوموبىللىرىغا ھۇجۇم قىلدى ، پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى . زەربىدار گۇرۇپپىلارنى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى . ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي ، ساقچى ۋە پۇقرالىرىنى تۇتقۇن قىلدى . ئۇلارنى قوللايدىغانلار كۆپ بولغاچقا ، ئىشنى تۈگىتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن يوشۇرۇنۇۋالدى ، ئىسرائىلىيە ساقچىلىرى ئۇلارنى تاپالمىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 21 نەپەر پەلەستىنلىك ئىسرائىلىيە ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن «مۇقەددەس قەسىرلىك تاغ پاجىئەسى» پەيدا بولدى. خاماس «بىزنىڭ كۈرىشىمىز ئىسلام دىنى بىلەن يەھۇدىي دىنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇپ قالدى» دەپ جاكارلاپ، ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرنى «ئىسرائىلىيىنىڭ ھەر بىر ئەسكىرىنى ۋە يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈش»كە چاقىردى. بۇ تەشكىلاتنىڭ باياناتچىسى 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «ھەممە ئىسرائىلىيىلىك جىھاد قىلغۇچىلار ھۇجۇم قىلىدىغان قانۇنلۇق نىشان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسرائىلىيىدە ھەممە ئادەم ئەسكەر بولغان، ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن، قورال تۇتقان، قورال كىنىشكىسىنى قولغا ئالغان» دېدى، ھەمدە «بىز پەلەستىنلىكلەر ئۆزىمىزنىڭ زېمىنىدا ھەر خىل قانۇنلۇق ۋە مۇمكىن بولىدىغان ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئىشغالىيەتكە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم» دەپ تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن قوراللىق كۈرەش كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى، ھۇجۇم قىلىش نىشانىمۇ ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان زېمىندىكى ئىسرائىلىيە ھەربىي، ساقچى ۋە پۇقرالىرىدىن ئىسرائىلىيە دۆلىتى ئىچىدىكى يەھۇدىيلارغا تەرەققىي قىلدى. خاماسنىڭ ئەزالىرى 1994 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئاپتوموبىللارغا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرىدە (ئادەمبومبا) ھۇجۇم باشلاپ، بىگۇناھ نۇرغۇن يەھۇدىي پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

خاماس ئىسرائىلىيە بىلەن ھەمكارلاشقان پەلەستىنلىكلەرگە زەربە بېرىشنى قانات يايدۇردى. «ئىسرائىلىيە بىلەن ھەمكارلاشقان ھەرقانداق ئادەم مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداقلار ئاللانىڭ قانۇنى بويىچە ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئۇنداقلارنىڭ جەسىتىنى سازايى قىلىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى. «ساتقۇن»لارنى يوقىتىدىغان بۇنداق پائالىيەت

بارغانسېرى كۆچىيىپ كەتتى، ئىسرائىلىيىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، پەلەستىنلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن «ھەمكارلاشقۇچىلار» 1988 ـ يىلىدىكى 16 ئادەمدىن 1991 ـ يىلى 240 ئادەمگە كۆپەيگەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خاماس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. خاماس مۇسۇلمانلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ياشاشنى، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشنى، ئاياللار چۈمبەل تارتىشنى تەلەپ قىلغان.

خاماسنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە پائالىيەتلىرى ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر تەھدىت بولدى. ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى خاماسنى «تېررورچى تەشكىلات» دېدى. خاماسنىڭ تەھدىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئىسرائىلىيە قوغلاش، قولغا ئېلىش، پارچىلاشتەك بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1991 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ ھەرىكەتتە ئىسرائىلىيە خاماسنىڭ 300 نەچچە ئادىمىنى قولغا ئالدى، تۆت رەھبىرىنى لىۋاننىڭ جەنۇبىغا سۈرگۈن قىلدى. 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يەنە قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، خاماسنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ۋە قوللىغۇچىسىنى لىۋاننىڭ جەنۇبىغا سۈرگۈن قىلىپ، 1500 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئېلىپ، خاماسنىڭ كۆپ ساندىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى «ۋەيران» قىلىندى دېدى.

## § 5. خاماس بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋىتى

خاماس بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ يۆنىلىشتە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىدېئولوگىيە، كۈرەش نىشانى ۋە شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەردە چوڭ ئىختىلاپ مەۋجۇت. پەلەستىن

ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى پەلەستىن مىللەتچىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ نىشانى ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان زېمىندا دىندىن تاشقىرى پەلەستىن مىللىي دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت؛ خاماسنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاساسى هازىرقى زامان ئىسلامىزمى بولۇپ، ئۇنىڭ نىشانى پەلەستىندە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى، شۇنداقلا ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى قوراللىق كۆرەشكە تايىنىش فاڭجېنىدىن ۋاز كېچىپ، پەلەستىن مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق هەل قىلىشقا قوشۇلدى؛ خاماس بولسا هەرقانداق شەكىلدىكى تىنچ سۆھبەتكە قارشى تۇرۇپ، ئىسرائىلىيىنى قورال كۈچ بىلەن يوقىتىپ، پەلەستىننى ئازاد قىلىشتا چىڭ تۇردى.

خاماس بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى سىياسىي ئىختىلاپلارمۇ مەۋجۇت:

1. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 242 ـ نومۇرلۇق قارارىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ قارارنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى يېقىنقى توقۇنۇشتا (1967 ـ يىلىدىكى 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق توقۇنۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بېسىۋالغان زېمىندىن چېكىنىپ چىقىشى كېرەك؛ (2) هەممە ئۇرۇش هالەتلىرىنى توختىتىپ، بۇ رايوندىكى هەر بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىغا، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە، سىياسىي مۇستەقىللىقىغا ۋە ئۇنىڭ بىخەتەر ۋە جامائەت ئېتىراپ قىلغان چېگرا ئىچىدە تىنچ ياشاش، قوراللىق تەهدىتكە ئۇچرىماسلىق هوقۇقىغا هۆرمەت قىلىش ۋە بۇلارنى ئېتىراپ قىلىش لازىم.

2. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پەلەستىن دۆلىتىنىڭ «مۇستەقىللىق

خىتابنامىسى» ۋە «سىياسىي باياناتى»نى ئېلان قىلىپ، 242 ـ نومۇرلۇق قارارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى. ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق خەلقئارا يىغىنىنىڭ پەلەستىن خەلقىنىڭ مىللىي ھوقۇقىنى، بولۇپمۇ پەلەستىن خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئاساس قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، ھەرقانداق شەكىلدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى قايتا تەكىتلىدى. ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئېرۇسالېمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەب زېمىنىدىن چېكىنىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

خاماس پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ماددىنى ئېتىراپ قىلىشى كۆرەشتىن ۋاز كەچكەنلىك ۋە يەھۇدىي زىئونىزم گەۋدىسى — ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق دەپ قارىدى.

خاماس پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ گازا ـ جېرىكودا ئاپتونومىيىنى ئاۋۋال يولغا قويۇش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى «پەيدىنپەي چېكىنىپ»، مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەتكە يۈزلىنىپ قالدى! دەپ قارىدى. ئۇلار: «بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى سادات ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەتنى ئوتتۇرىغا قويغاندا رەت قىلغانىدۇق. بۈگۈن ئۇنى قانداق قوبۇل قىلالايمىز.» دېدى.

پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنى قوللايدىغان بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىسرائىلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا چوڭ بولغان ياشلار ھەم ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي ئىشغالىيىتىگە ئۆچ بولدى، ھەم پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىدىن ۋە چېكىنىشىدىن ئۈمىدسىزلەندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا شەرق رايونىدا

ئىسلام دىنىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ۋە ئىسلام دىنى ئىپادىلىگەن غايەت زور كۈچنى كۆردى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇلار خاماسنىڭ رادىكال مەيدانى ۋە جەڭگىۋار روھى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىپ ، خاماسقا ئۆتۈپ كەتتى . بەزىلەرنىڭ خاماسنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ كېتىشىنى «ئىسلامىيەتكە قايتىش» دېگەندىن كۆرە ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا بولغان ئۈمىدسىزلىك ۋە نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ ، يېڭى بىر خىل كۈرەش شەكلىنى تېپىشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت دېگەن تۈزۈك .

خاماس بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ 1991 - يىلىدىن بۇيان تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى . قوللىغۇچىلارنى كۆپەيتىش ۋە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ، ئىككى تەرەپ ھەمىشە بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلدى . ئىككى تەشكىلاتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزۇن مۇددەت جىددىي بولدى ، بىر - بىرىدىن گۇمانلاندى . پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى خاماسنى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ ، پەلەستىننىڭ ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كەتمەن چاپماقچى بولدى دەپ ئەيىبلىدى . خاماس بولسا تەشۋىقات ھۇجۇمى قوزغاپ ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنى پەلەستىن خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ساتتى ، ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلدى دەپ ئەيىبلىدى . ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە تىل تەگكۈزۈشتىن بىر - بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشكە بېرىپ يەتتى . پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق كۈچى «فاتاخ» بىلەن خاماسنىڭ قوللىغۇچىلىرى 1991 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گازا ۋە نابۇلۇستا كۆپ قېتىم توقۇنۇشۇپ قالدى . 1992 - يىلى 3 - ئايدا ئىككى تەرەپ گازا رايونىدا توقۇنۇشۇپ قېلىپ ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى . خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، خاماس تەرىپىدىن «ئىسرائىلىيىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى» دېگەن گۇناھ بىلەن مەخپىي

ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن كىشىلەر ئىچىدىكى بەزىلەر فاتاخنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىكەن .

1994 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا گازادا كۆپ قېتىم زوراۋانلىق ۋەقەسى بولدى ، ئىسرائىلىيە ئەسكىرى ۋېكسىمان تۇتقۇن قىلىندى ، تېل ئاۋىۋنىڭ شەھەر مەركىزىدە ئاپتوموبىل پارتلىتىلغان ۋەقە بولدى .

ئىسرائىلىيە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا بېسىم ئىشلىتىپ ، ئاپتونومىيە دائىرىلىرىنى قاتتىق تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇرلىدى . ئەراپات گازادا ئىسرائىلىيىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بىلەن كۆرۈشكەندە خاماس بىلەن كۆرەش قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ، لېكىن ئاپتونوم رايوندا خاماسنىڭ «تېررورلۇق ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشى»نى توسايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئەراپات خاماسنى تېررورلۇق بىلەن ئاشكارا چېتىپ قويدى ، ھەمدە خاماسنىڭ پائالىيەت قىلىۋاتقان ئادەملىرىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

خاماسنىڭ بىر رەھبىرى : «يەنە قانلىق توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئەراپاتتىن قولغا ئېلىنغان ھەممە ئادەمنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز . ئەراپاتنى ئىسرائىلىيىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىمىز » دېدى .

خاماس تەشۋىقات ۋەرەقلىرى تارقىتىپ ، پەلەستىن ئاپتونومىيە دائىرىلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىگە ياردەملىشىپ ۋېكسىمان يوشۇرۇنغان جاينى ئىزدىگەنلىكىنى ئەيىبلىدى . نەچچە مىڭ پەلەستىنلىك گازانىڭ كوچىلىرىدا نامايىش قىلىپ ئەراپاتنىڭ مەيدانىغا نارازىلىق بىلدۈردى . بەزى ئوقۇغۇچىلار پەلەستىن ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى 30 نەچچە يىل كۆرەش

قىلغانلىقتىن ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ۋە گازا رايونىدا پۈختا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، خەلقئارادىمۇ ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە ئىدى . شۇڭا ، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە خاماس بىر تەرەپتىن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ كۈچلىرىگە زەربە بەرسە ۋە ئۇنى چەتكە قاقسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ۋە تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلدى . خاماس كۆپ قېتىم ئىپادە بىلدۈرۈپ ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىششنى خالايدىغانلىقىنى ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى رەھبەرلىك قىلغان مەملىكەتلىك كومىتېتنىڭ خاماسنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ ، مەملىكەتلىك كومىتېتتا 40 — 50 پىرسەنت ئورۇن بېرىشنى ئۈمىد قىلدى . لېكىن بۇ تەلەپ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى تەرىپىدىن رەت قىلىندى .

## 6 § . خاماس بىلەن پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر ۋە ئىراننىڭ مۇناسىۋىتى

70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەر پەلەستىندىكى ئىسلام كۈچلىرىگە زور كۈچ بىلەن مەبلەغ ياردەم قىلدى . ئۇلار پەلەستىننىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش مەيدانىنى ئاساس قىلىپ ، پەلەستىنگە مەردانىلىك بىلەن ياردەم بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار پۇلنى پەلەستىندىكى ئىسلام كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆپرەك سەرپ قىلىشنى خالىدى . سەئۇدى ئەرەبىستانى 1976 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ ، ئېرۇسالىمدىكى ئەقسا مەسچىتىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا ياردەم قىلدى . 1981 ـ يىلى غەربىي قىرغاق ۋە گازا رايونىدا ئىسلام مائارىپ ئىشلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يەنە نۇرغۇن مەبلەغ بەردى.
پەلەستىندە ئىسرائىلىيىگە قارشى تاش ئېتىش قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر بۇرۇن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا بېرىۋاتقان ياردەمنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ۋە گازا رايونىغا بىۋاستە سەرپ قىلدى. بۇمۇ شۇ جايلاردىكى ئىسلام كۈچلىرىنىڭ كۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. چۈنكى، ئىشغال قىلىنغان زېمىندىكى ئىسلام پائالىيەتلىرى بۇنىڭ بىلەن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا تايانمايدىغان بولدى. 1990 - يىلى كۇۋەيت ئۆتكەن بىر يىلدا، يەنى 1989 - يىلى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا 27 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئىشغال قىلىنغان زېمىنغا 60 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خاماس ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە پارس قولتۇقىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرىگە تايىنىدىغان مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. بۇنداق تايىنىش مۇناسىۋىتى پارس قولتۇقىدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەندى. ئۇرۇش جەريانىدا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى پۈتۈنلەي ئىراق تەرەپتە تۇرۇپ، ئىراقنىڭ پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلىشىشىنى قوللىدى. ئىراق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى سىياسىي جەھەتتە زەربىگە ئۇچراپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالدى. خاماسنىڭ پوزىتسىيىسى باشقىچە بولدى. خاماس بەزى مەسىلىلەردە، مەسىلەن، ئىراقنىڭ ئىسرائىلىيىگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپ ھۇجۇم قىلىشى، پارس قولتۇقى مەسىلىسى بىلەن پەلەستىن مەسىلىسىنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىراقنى قوللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىراقنىڭ كۇۋەيتنى بېسىۋېلىشىنى

قوللىمىدى ، بۇ مەسىلىنى ئەرەب دۆلەتلىرى ئىچىدە ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ ، پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مالىيە ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالمىدى .

خاماستا ئىسلام تۈسى كۈچلۈك بولغاچقا ، باشتىلا ئىراننىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى . خاماس سۈننىي مەزھىپىگە ، ئىران شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولسىمۇ ، لېكىن ئىككى تەرەپ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ، جەمئىيەتنى ئىسلاملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە پەلەستىن مەسىلىسىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە پۈتۈنلەي بىردەك قاراشتا ئىكەن ئىدى . سىياسىي جەھەتتىكى ئورتاق تونۇش ئىككى مەزھەپنىڭ ئىختىلاپىدىن ھالقىپ كەتتى . ئەمەلىيەتتە ، خاماس ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن باش كۆتۈرگەن ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ خۇمەينىي ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى . «پەلەستىننى ئازاد قىلىش»نى ئىران ئىزچىل تۇردە تاشقى سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ كەلدى . خاماس بىلەن ئىران مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويمىدى . تېھراندا 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىشغال قىلىنغان زېمىندىكى قوزغىلاڭنىڭ ئۈچ يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بىر قېتىم خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزۈلدى . ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى خاماسنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى . بۇ قېتىمقى يىغىن خاماسنىڭ كۆرىشىنى «پەلەستىندىكى ئىسلام قوزغىلىڭى» دەپ ئاتىدى .

1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن كېيىن ، ئىران بىلەن خاماسنىڭ مۇناسىۋىتى ھۆكۈمەتلەرئارا مۇناسىۋەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولدى . دوكتور موسا ئەبۇ مارزۇق باشچىلىقىدىكى تۆت كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى تېھراننى زىيارەت قىلدى . بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى

ئىراننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆزلەشتى.

ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئوخشاش پىكىرگە كەلدى:

1. ئۆزئارا چۈشىنىش ئاساسىدا، ئەرەب — پەلەستىن — ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. . . . بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىش ماسلىشىشنى ساقلاپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلام بويىچە ھەمكارلىشىدۇ ۋە ئۆزئارا قوللايدۇ.

2. ئىران خاماسنىڭ تېھراندىكى ئىش بېجىرىش ئورنى ئارقىلىق تېھراندا سىياسي ۋە ئاخبارات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلىدۇ. خاماس نامىدا رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇشقا ياردەم قىلىدۇ[1].

ئىرانلىق مەسئۇل ئەربابلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ھەمدە ئىراننىڭ بەزى مەسئۇللىرى قاتناشقان ئەھۋال ئاستىدا، خاماس ۋەكىللەر ئۆمىكى شۇ چاغدا ئىراندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان باش شۇجى ھەسەن نەسرۇللا ئەپەندى باشچىلىقىدىكى لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن تېھراندا سۆھبەتلەشتى. ئىككى تەرەپ لىۋاندا، بولۇپمۇ لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ھەمكارلىشىشقا قوشۇلدى. خاماس ئەزالىرىنى ئاللا پارتىيىسىنىڭ تەربىيىلەش مەركىزىدىكى خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنداق بولغاندا، خاماس ۋە ئاللا پارتىيىسى لىۋاندىن يۈرۈش قىلىپ، ئىسرائىلىيىگە بىرلىشىپ زەربە بېرەلەيدۇ.

خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىران خاماسقا غايەت زور مالىيە ياردىمى بېرىشكە ۋەدە بېرىپلا قالماستىن، ئىران ۋە لىۋاندىكى تەربىيىلەش لاگېرلىرىدا خاماسنىڭ ئادەملىرىنى تەربىيىلەپ

---

① «ئەرەب ۋەتىنى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 826 ـ سانىغا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرمەكچى بولغان. پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىدىكى ئۈزۈن قولاق ئەرەبلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تېھران خاماسقا ھەر يىلى 3 مىڭ ئادەم تەربىيىلەپ بېرىشكە ماقۇل بولغان.

يۇقىرىقىلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، خاماس ئىران بىلەن رەسمىي ئىتتىپاق تۈزدى. ئىران خاماسقا مالىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان بولدى، ھەمدە خاماسنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىگە ۋە رادىئو ئىستانسىسى سېلىشىغا ياردەم قىلىدىغان بولدى. ئىراننىڭ ئارىلىشىشى بىلەن خاماس لىۋاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاللا پارتىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى. كىشىلەر خاماس تېخىمۇ رادىكاللىشىپ كەتتى ۋە تېخىمۇ جەڭگىۋارلىقتا ئىگە بولدى دەپ قاراشتى.

## § 7 . خاماس ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى

ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش پەلەستىن مەسىلىسى تۈپەيلىدىن قوزغالغان.

1947 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ب د ت نىڭ 2 - نۆۋەتلىك يىغىنى ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن 181 - نومۇرلۇق قارار — پەلەستىننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، پەلەستىن رايونىدا ئەرەب دۆلىتى ۋە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشنى، مۇقەددەس شەھەر — ئېرۇسالىم (176 كۋادرات كىلومېتىر زېمىن)نى خەلقئارا ئورتاق باشقۇرىدىغان شەھەر قىلىشنى بەلگىلىدى. شۇ چاغدا، ئەرەبلەر زېمىن تەقسىم قىلىنغاندا يەھۇدىيلارغا يان بېسىلدى دەپ قارىدى. چۈنكى، نوپۇسنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدىغان 1 مىليون 200 مىڭ ئەرەب زېمىننىڭ

43 پىرسەنتتىگە ئىگە بولدى . بۇ يەرنىڭ كۆپ قىسمى ئېدىرلىق ، ئاجىز يەرلەر ؛ 600 مىڭ نوپۇسى بار يەھۇدىيلار زېمىنىنىڭ 57 پىرسەنتتىگە ئىگە بولدى ، بۇ يەرنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىز ياقىسىدىكى مۇنبەت يەرلەر دەپ قارىدى . يەھۇدىيلار بۆلۈپ ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى قوبۇل قىلدى ، ئەرەبلەر بولسا بۇ قارارنى رەت قىلدى . بۆلۈپ ئىدارە قىلىش قارارى ئادىل بولمىسىمۇ ، لېكىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى . چۈنكى ئۇ پەلەستىنلىكلەر ۋە يەھۇدىيلار دۆلەت قۇرۇشنىڭ قانۇني ئاساسى بولدى .

1948 ـ يىلى 1 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئەرەبلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىندىن 5731 كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئىسرائىلىيە ئىگىلىگەن زېمىن 20 مىڭ 673 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى . گازا رايونىدا مىسىر 354 كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا (شەرقىي ئېرۇسالىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئىئوردانىيە 5295 كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى كونترول قىلىۋالدى . ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان مىسىر ، ئىئوردانىيىلىكلەر كونترول قىلىۋالغان زېمىنىنىڭ ھەممىسى ئەرەب دۆلىتىگە مەنسۇپ زېمىن ئىدى .

1967 ـ يىلىدىكى 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئىسرائىلىيە غەربىي قىرغاقنى ۋە گازانى تارتىۋالدى ، ھەمدە سىنا يېرىم ئارىلىنى ۋە گىلان ئېگىزلىكىنى ئىشغال قىلىۋالدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ب د ت 1967 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئادىل ۋە ئۇزاقۇا داۋاملىشىدىغان تىنچلىق توغرىسىدا قارار» ، يەنى 242 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ، ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى قىلىپ ، ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشنى ، ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغال قىلىۋالغان زېمىندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چېكىنىپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى . 1995 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن كېيىن ئىسرائىلىيە ئەمەلىي كونترول قىلمىغان زېمىن 27 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەنىدى .

سەلبىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، قارار پەلەستىن خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا سەل قاراپ ، پەلەستىن خەلقىنى مۇساپىرلار سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلدى . ئىجابىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، غەربىي قىرغاق ۋە گازانىڭ پەلەستىن خەلقىنىڭ قانۇنلۇق زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى . لېكىن ، پەلەستىنلىكلەردىن چېكىدىن ئاشقان ئىدىيىلەردىن ۋاز كېچىپ ، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ قارار ئىسرائىلىيە 1948 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا تارتىۋالغان 5731 كىلومېتىر زېمىننى ئۇن ـ تىنسىز ئېتىراپ قىلدى ، 1949 ـ يىلىدىكى ئۇرۇش توختىتىش سىزىقىنىڭ ئەمەلىي كونترول سىزىقى بولۇشىنى ئەمەلىيەتتە ئېتىراپ قىلدى .

پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بۇ قارارغا ئېنىق قارشى تۇرغانىدى . 22 يىل كۈرەش قىلىپ ، 1988 ـ يىلى پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغاندا بۇ قارارنى رەسمىي قوبۇل قىلدى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ، مىسىر ، ئىئوردانىيە ، سۈرىيىلەرمۇ بۇ قارارنى قوبۇل قىلغان ، ئەرەب دۆلەتلىرى باشلىقلىرىنىڭ 1982 ـ يىلىدىكى يىغىنىنىڭ «ۋىس خىتابنامىسى»مۇ بۇ قارارنى قوبۇل قىلغانىدى .

بۇنداق بولۇشىغا ئىسرائىلىيىنىڭ كۈچلۈك ئارمىيىگە ھەم ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىنى قوللايدىغانلىقى ، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقىنىڭ چوڭلۇقى ، ئەرەبلەرنىڭ ھەر قېتىملىق جەڭدە يېڭىلىپ قېلىۋاتقانلىقى سەۋەب بولدى . پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىمۇ ئۇزۇن مۇددەت قوراللىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ، ئۆز كۈچىنىڭ

ئىسرائىلىيىنىڭ كۆچمە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ھەمدە ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانىنى ۋە كۆرەش ئۇسۇلىنى تەدرىجىي تەڭشەپ، خاماستەك ئىسرائىلىيىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل پەلەستىندە دۆلەت قۇرماقچى بولۇش ھەم ئاقىلانىلىك ئەمەس، ھەم مۇمكىن ئەمەس، ب د ت نىڭ بۆلۈپ ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى 181 ـ نومۇرلۇق قارارىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئۆتۈپ كەتتى، پۇرسەت قايتا كەلمەيدۇ، ئەگەر 242 ـ نومۇرلۇق قارارنى يەنە قوبۇل قىلمىغاندا، خەلقئارا جەمئىيەت يارتىپ بەرگەن بىر قېتىملىق پۇرسەت يەنە قولدىن كېتىپ قالىدۇ دەپ قارىدى.

سىنىپىي جەمئىيەت بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، خەلقئارا ئىشلاردا مۇتلەق ئادىللىق ۋە ھەققانىيەت مەۋجۇت بولغان ئەمەس. زوراۋانلىق سىياسىيسى ۋە كۈچ سىياسىتى باشتىن ـ ئاياغ مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بۇ ھال يۇرتلىرىدىن، زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالغان، دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان پەلەستىن خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسرائىلىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، غەربىي قىرغاق ۋە گازادىكى تەخمىنەن 5 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك زېمىندا مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇش ئىنتايىن ئېلاجىسىزلىقنىڭ تولىمۇ ئازابلىق، شۇنداقلا بىردىنبىر ئاقىلانە تاللىۋېلىشى ئىدى.

خاماس بولسا، تىنچلىق مۇساپىسىغا قارشى ئىكەنلىكىنى، ئىسرائىلىيىنىڭ يۇرىكى بولغان رايونلاردا جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارا، تەكرار جاكارلىدى. شۇڭا، «ئىئوردانىيە خەلق گېزىتى» مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «خاماس تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئىسرائىلىيە بىلەن ھېچقانداق بىرلىككە كەلمەكچى ئەمەس، ئىسرائىلىيىنى يوقىتىش نىيىتىدە يۈرىدۇ. تىنچلىق مۇساپىسىدە ھەر بىر ئىلگىرىلەش بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسرائىلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئورنى يەنىمۇ كۈچەيگەندە ، خاماسنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى ھۇجۇمىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . »①

ئىسرائىلىيە كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئەرەب دۆلەتلىرىنى يېڭەلمىدى ، نەچچە مىليون پەلەستىنلىكنىمۇ بويسۇندۇرالمىدى . پەلەستىنلىكلەر باش ئەگمەي ، ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلدى . ئىسرائىلىيە ھەم تىنچلىققا ئىگە بولالمىدى ، ھەم خاتىرجەملىك تۇيغۇسىدا بولالمىدى .

1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مادرىدتا ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق يىغىنى ئېچىلدى ، پەلەستىن ۋە ئىسرائىلىيە ئوسلو مەخپىي سۆھبىتى ئارقىلىق 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «ۋاقىتلىق ئاپتونومىيىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپلىرى خىتابنامىسى»نى ئىمزالىدى ؛ 1994 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىجرا قىلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىپ ، پەلەستىن خەلقى گازا ۋە جېرىكو رايونىدا ئاپتونومىيىنى يولغا قويدى ؛ 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن غەربىي قىرغاق ۋە گازا توغرىسىدا ئۆتكۈنچى كېلىشىم» ئىمزالىدى ؛ 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پەلەستىن تارىختا تۇنجى قېتىملىق سايلام ئۆتكۈزدى ، 89 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان قانۇن چىقىرىش ئورگىنى — «پەلەستىن كومىتېتى» بارلىققا كەلدى . ئەراپات مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاۋاز بىلەن ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى . يۇقىرىقى بىر قاتار ھۆججەتلەرنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە سايلام ئارقىلىق پەلەستىن ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدەك بۇ ئومۇمىي يۈزلىنىشنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ . پەلەستىنىنىڭ ئاپتونومىيىلىك

① ئەرەبچە «ئىئوردانىيە خەلق گېزىتى»نىڭ 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ .

ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئومۇملۇقنى كۆزلەپ مادارا قىلىپ تۇرۇشقا، يول قويۇشقا ۋە مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن، يول قويۇش بەك جىق بولۇپ كەتسە، نۇرغۇن زېمىننى بېرىۋېتىش ھېسابىغا «مۇستەقىللىق»قا ئىگە بولسا، بۇنى پەلەستىنلىكلەر قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك ھەقىقىي تۈردە ھەل بولمايدۇ، ھەمدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ. ئۇنداق بولغاندا بۇ ئىككى مىللەتكە مەڭگۈ خاتىرجەملىك بولمايدۇ. ئوتتۇرا شەرقمۇ مەڭگۈ تىنچ بولمايدۇ.

## § 8 . خاماسنىڭ ئىستىقبالى

1 . 1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رابىن بىلەن ئەراپات ئىمزالىغان «ئۆتكۈنچى كېلىشىم»گە ئاساسەن، ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەريانىدا، پەلەستىن ئاپتونومىيە دائىرىلىرى ئەگەر ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ ئاپتونوم رايوندىن ئىسرائىلىيە نىشانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىنى «چەكلىمىسە» ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشنى توختىتىدۇ. كېلىشىمدە بەلگىلىنىشىچە، ئىككى تەرەپ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ھەمكارلىشىدۇ، ئاخبارات ئالماشتۇرىدۇ ۋە زوراۋانلىق - تېررورلۇققا تاقابىل تۇرىدىغان بىرلەشمە ئىنكاس قايتۇرۇش قوشۇنى تەشكىللەيدۇ». «ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپقان بىرلەشمە ھەربىي كومىتېت ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرى بىلەن پەلەستىن ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ». ئىسرائىلىيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى ۋە ئىسرائىلىيىلىكلەر غەربىي قىرغاق ۋە گازانىڭ يوللىرىدا «ئەركىن ماڭسا» بولىدۇ، ئىسرائىلىيىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى «ئىسرائىلىيە - پەلەستىن چارلىغۇچى ئەترىتى» ھىمايە قىلىدۇ، ھەمدە پەلەستىن ساقچىلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىلىكلەرنى قولغا ئېلىش ھوقۇقى يوق دەپ بەلگىلەندى.

ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىگە ۋە خەۋپسىزلىك قىسىملىرىغا تايىنىپ رادىكاللارنى باستۇردى، بەزىدە ئاپتونومىيە دائىرىلىرىغا بېسىم ئىشلەتتى، بەزىدە پەلەستىن ساقچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ «تېررورچىلار»غا تاقابىل تۇردى. ئاپتونومىيە دائىرىلىرى رايون ئىچىدىكى خەۋپسىزلىكنى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، بەزى مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خاماس ۋەكىللىكىدىكى رادىكاللار بىلەن بولغان زىددىيەت توقۇنۇشىنى كۆچەيتىۋەتتى.

رابىن خاماس ۋەكىللىكىدىكى «ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرى» تىنچلىقنىڭ دۈشمىنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىدىغان پەلەستىن خەلقىنىڭمۇ دۈشمىنى دەپ قارىدى.

پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ باياناتچىسى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: خاماس ھەرىكىتى پەلەستىن خەلقى ئىچىدە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق تەشكىلات ئەمەس. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، گازا ۋە غەربىي قىرغاقتا 30 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئەگەر ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى چىش چاققانىنىڭ چىشىنى چېقىش، كۆز ئويغانىنىڭ كۆزىنى ئويۇش پوزىتسىيىسىنى قوللانسا، ياكى ھەربىي ھەرىكەت قوللانسا ياكى خاماس ئەزالىرىنىڭ ماكانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، بېشىدا ياڭاق چاقسا، زوراۋانلىق ئىجرا قىلغۇچىلارنى شۇ ئارقىلىق جازالىسا، ئۇ ناھايىتى چوڭ خاتالاشقان بولىدۇ.

ئەراپات مۇنداق دېدى : «ئىسرائىلىيە خاماسنى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رىقابەت رەقىبى قىلىپ قويدى . ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ خاماسنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلەش لازىم .»

ئامېرىكىنىڭ باش كاتىپى كرىستوف خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خاماسقا تېخمۇ قاتتىق پوزىتسىيە قوللىنىشىنى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ مالىيە مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . كرىستوف مۇنداق دېدى : «ئاشكارا ۋە مەخپىي تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى ھەممە مالىيە مەنبەسىنى بىرلىشىپ ئۈزۈۋېتىشىمىز لازىم . چەت ئەللەردە تەسىس قىلىنغان ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن چېتىشلىقى بولغان ئالدىنقى سەپ تەشكىلاتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىمىز لازىم . تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنى ۋە ئىجرا قىلغۇچىلارنى جازالىشىمىز لازىم .» كرىستوف يەنە مۇنداق دېدى : «ئەراپات ئۆزى كونترول قىلىۋاتقان رايوندا تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى توساش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم» ، «ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە نىسبەتەن ئامېرىكا ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتنى تەۋرەنمەيدۇ . ئىسرائىلىيىنى سۈپەت جەھەتتىكى ھەربىي ئۈستۈنلۈككە ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپ تۇرىمىز .»

1994 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كلىنتون مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى : تىنچلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا ئەراپاتنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چەكلىشىگە تايىنىش كېرەك . شۇنى پەرەز قىلىمىزكى ، ئەراپات ئۇنداق قىلالمايمەن دېسە ، تېررورلۇق داۋاملىشىۋېرىدۇ . كلىنتون ئەراپاتنىڭ ۋەدىسىنى ئادا قىلىپ ، خاماس ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇپ ، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان تىنچلىقنى قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

كلىنتون يەنە مۇنداق دېدى : مېنىڭچە ، ئەراپات خاماسنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ . چۈنكى ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى تىنچلىق ھەمراھى بولۇپ ، تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى .

1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پەلەستىن ساقچىلىرى بىلەن خاماسنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلارنى قوللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا گازادا چوڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ ، 13 ئادەم ئۆلۈپ ، 250 ئادەم يارىدار بولۇپ ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى . 1995 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ، ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى 4 مىڭ نەپەر ئىسلام رادىكاللىرى (ئاساسلىقى خاماسنىڭ ئەزالىرى )نى قولغا ئالدى . ئاپتونومىيە دائىرىلىرىمۇ 1500 ئادەمنى تۇتۇپ كەتتى . مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، خاماس ئىسرائىلىيىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچراپلا قالماستىن ، ئاپتونومىيە دائىرىلىرى بولغان «قېرىنداشلىرى»نىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ . خەلقئارا جەمئىيەت ۋە پەلەستىندىكى زور كۆپ سانلىق كىشىلەر خاماسنىڭ زوراۋانلىق ۋاستىسى — ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرىدە بومبا پارتلىتىپ (ئادەمبومبا ) بىگۇناھ يەھۇدىي پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە خاماسنىڭ رەھبەرلىرى ئىچىدىمۇ زىددىيەت ۋە ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ ، ئىسرائىلىيە ھەربىي دائىرىلىرى ۋە ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەتنىڭ قوشلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا خاماس تەشكىلاتى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ ، كەلگۈسى تېخىمۇ چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۈچ كېلىشى مۇمكىن .

2 . لىكود گۇرۇھى 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئازراق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى . زۇڭلى نېتانىياخۇ ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىننىڭ تىنچلىق سۆھبىتى

سىياسىتىنى زور ھەجىمدە تەرتىپكە سالدى. ئۇ ئىسرائىلىيە - پەلەستىن كېلىشىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە يوق يەردىن پۇتاق چىقارغىلى تۇردى، مەسىلەن، ھېبرۇندىن قوشۇن چېكىندۈرۈش پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئېرۇسالىم شەھىرىدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنى تاقىۋەتتى، سىنا يېرىم ئارىلىدا يەھۇدىيلار مەھەللىلىرىنى كېڭەيتتى.

ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتە قامال قىلىشى پەلەستىن ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىيسىغا ۋە ئىقتىسادىغا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ - تاشتى. 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئەراپات نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم پەلەستىن خەلقىنى كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلاشقا ۋە نارازىلىق خاراكتېرىدە دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا چاقىردى. ئەگەر ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى تىنچلىقنى رەت قىلسا، پەلەستىنلىكلەر قوزغىلاڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى قەدىمكى تونىلنىڭ يېڭى چىقىش ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، پەلەستىنلىكلەرنىڭ نەچچە يىلدىن يىغىلىپ قالغان غەزىپى پارتلاپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان كەڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش پەيدا بولدى. توقۇنۇش داۋامىدا پەلەستىن قوراللىق ساقچىلىرى نامايىشچى ئاممىنىڭ تەنتەنە ساداسى ئىچىدە ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىگە ئوق ئاتتى.

پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە سەزگۈرلىشىپ كەتتى. ئەراپات: «تىنچلىق سۆھبىدە چوڭ ئىلگىرىلەش بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە توقۇنۇش پەيدا بولۇشى مۇمكىن.» دېدى.

مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى نېتانىياخۇ ھۆكۈمىتىنىڭ «زېمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېسابىغا تىنچلىققا ئىگە بولۇش» پرىنسىپىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىدا ئىدى. نېتانىياخۇ ۋاشىنگتوننىڭ، خەلقئارانىڭ ۋە ئەرەبلەرنىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا، شۇنداقلا ئىسرائىلىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلۈك بېسىمغا ئۇچراپ، مەلۇم دەرىجىدە مۇرەسسە قىلىشقا ۋە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئاپتونومىيىنىڭ باش كاتىپى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «پەلەستىنلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زېمىن — ھايات دېمەكتۇر، ئۇلار زېمىننى ھاياتنى قوغدىغاندەك قوغدايدۇ.» ھازىر ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ۋەزىيەت خاماس ۋەكىللىكىدىكى رادىكال كۈچلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. پەلەستىن ئاپتونومىيە دائىرىلىرى يول قويۇپ چېكىگە يەتتى. چېكىنىش يولى قالمىدى، ھەتتا ئاپتونومىيە دائىرىلىرىنىڭ مىنىستىرلىرىمۇ ئىسرائىلىيىگە قارشى نامايىشلارغا قاتناشتى. چۈنكى، ئاپتونومىيە دائىرىلىرى كۈرەشتە كۈچلۈك بولمىسا ياكى خاتا يېتەكچىلىك قىلسا، ئۇنىڭدىن رادىكال كۈچلەر پايدىلىنىپ كېتەتتى، ھەتتا خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقاتتى. لېكىن، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئورنىنى خاماسنىڭ پۈتۈنلەي ئىگىلەپ كېتەلىشى ھازىر تېخى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1994-يىلى 11-ئاينىڭ 23-كۈنى ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قوللاش نىسبىتى 44 پىرسەنت، خاماسنى قوللاش نىسبىتى 48 پىرسەنت بولغان. لېكىن، خاماسنى قوللاش نىسبىتى كېيىن ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كەتكەن. گازا ئاپتونومىيە بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە خاماسنى قوللاش نىسبىتى 20 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالغان، 1995-يىلى 10-ئايدىكى تەكشۈرۈشتە 10.7 پىرسەنتكە تۆۋەنلەپ كەتكەن. خاماسنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى زوراۋانلىق پائالىيەتلىرى، ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىنىڭ قامال قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ئۈچ ئېلىشى غەربىي قىرغاق ۋە

گازانىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەلەستىنلىكلەر زوراۋانلىققا نارازى بولدى. تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، 73 پىرسەنت پەلەستىنلىك ئىسرائىلىيىلىك يۇقىرالارغا ھۇجۇم قىلىشقا قارشى تۇرىدىكەن.

پەلەستىن ئاپتونومىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن خاماس كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ، ئىچكى جەھەتتە زوراۋانلىق توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش، تۇتقۇن قىلىش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پائالىيەتلىرىنى توختىتىش، دۈشمەنلىشىش خاراكتېرىدىكى ھۇجۇمنى توختىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر يۈرۈش كېلىشىملەرنى ھاسىل قىلدى. 1995 - يىلى 12 - ئايدا پەلەستىن ئاپتونومىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى خاماس بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ، قاھىرەدە يارىشىش سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ بىلەن زوراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى توختىتىش، پەلەستىن سايلىمىغا قاتنىشىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈردى. خاماس سايلام جەريانىدا توسقۇنلۇق پەيدا قىلماسلىققا رازى بولدى.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە خاماسنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئۇنىڭ بەزى رەھبەرلىرى خاماسنى سىياسىي پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ، زوراۋانلىق كۈرەشنى توختىتىپ، سايلامغا قاتنىشىشنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلدى؛ لېكىن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇنداق قىلىشقا قارشى تۇردى.

70.6 پىرسەنت ئادەم ئىسرائىلىيە بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىشنى قوللىسىمۇ، لېكىن 19.1 پىرسەنت ئادەم ئىسرائىلىيە بىلەن تىنچلىقتا ئۇزۇن بىللە بولغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. 59 پىرسەنت ئادەم ئىسرائىلىيە بىلەن تىنچلىقتا ئۇزۇن بىللە بولغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ھال تىنچلىق مۇساپىسىنى قوللايدىغان پەلەستىنلىكلەرنىڭ ھېلىھەم چەكلىك

www.uyghurkitap.com

ئىككىلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خاماس ھەرىكىتىنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىگە قارشى كۈرىشى ھەققانىي كۈرەش بولغانلىقتىن، كۆپ ساندىكى پەلەستىن خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. لېكىن، خاماس ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي ـ ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغان نىشانىنى ئادەتتىكى پۇقرالارغا كېڭەيتىۋەتكەنلىكتىن، خەلقئارادىكى ھېسداشلىق ۋە قوللاشتىن ئايرىلىپ قالدى. كۆپ ساندىكى پەلەستىنلىكلەرنىڭمۇ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

بەزى تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەگەر خاماس ۋەزىيەتنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا قاراپ، ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، جانلىق ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا قوللانسا، بولۇپمۇ ئادەتتىكى پۇقراغا ھۇجۇم قىلىشتەك كىشى دىتىغا ياقمايدىغان تېررورچىلىق ئۇسۇللىرىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، كەڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ، يېتىم قېلىپ مەغلۇپ بولىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمايتتى. چۈنكى، پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ يارىشىشى ھازىرغىچە (1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە) تولۇق ئادىللىق، باراۋەرلىك ئاساسىغا تىكلىنەلمىدى. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئاۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن زىددىيىتى ۋە ئۆچمەنلىكىمۇ بۇنداق «يارىشىش» تۈپەيلىدىن ھەقىقىي تۈردە ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پەلەستىننىڭ ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى سۆھبەتلەردە ئادىل، باراۋەر ئاساستىكى يارىشىشقا ئىگە بولۇش ـ بولالماسلىقى ۋە پەلەستىن دۆلىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، يېڭى جەمئىيەتنى ياخشى گۈللەندۈرۈشنى، پاك ـ دىيانەتلىك، ئادىل، دېموكراتىك، باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىقى تېخى نامەلۇم سان. بۇھال

ئوبيېكىپ جەھەتتە خاماسنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا بوشلۇق ۋە ئامىۋى ئاساس قالدۇرۇپ قويىدۇ. خاماسنىڭ ئۆزىنى ياخشى باشقۇرۇش ياكى باشقۇرالماسلىقى ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا، گۈللىنىش ياكى ھالاك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب

# ئالجىرىيەدىكى ئېلىشىش

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن ھازىرقى زامان دىندىن تاشقىرىچىلىقىنىڭ ئالجىرىيەدىكى ئېلىشىشى XX ئەسىردىكى كەسكىن ئېلىشىش بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ئېلىشىشتا قايسى تەرەپ غەلىبە قىلمىسۇن، كەڭ تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

بۇ ئېلىشىش 1988 ـ يىلى باشلىنىپ، 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە 8 يىل داۋاملاشتى. ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئىسلام فرونتى دېيىلىدۇ) ئالجىرىيەدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ مۇھىم قورغىنى ۋە لاگېرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالجىرىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلگەن مىللىي ئازادلىق فرونتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ مىللىي فرونت دېيىلىدۇ) ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ كەلگەندى. كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئارمىيە ۋە ئارمىيە قوللىغان ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بىۋاستە رەقىبى بولۇپ قالدى. مەيلى مىللىي فرونت، ياكى ئارمىيە بولسۇن ھاكىمىيەتنى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى قوللىمايدۇ. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن دىندىن تاشقىرىچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئالدى بىلەن سىياسىي كۈرەش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەزى «دىنىي ئادەت» تۈسىگىمۇ ئىگە.

## 1 § . ئالجىرىيىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت - لەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ۋە ئىسلام فرونتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئالجىرىيىدىكى بۇ سىياسىي كۈرەش 1988 - يىلى باشلاندى . 1988 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى نەچچە مىڭ ياش ئالجىردا نامايىش قىلىپ ، تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈردى . ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ بەزى تارماقلىرىغا ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئالجىرىيىدىكى ئورگانلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، ماگىزىن ، بانكىلارنى بۇلاپ ، ئاپتوموبىللارنى كۆيدۈرۈپ ، ئەينەكلەرنى چېقىپ ، قاتناشنى توسۇپ ، قالايمىقانچىلىق ۋە جىددىيلىك پەيدا قىلدى . 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پاراكەندىچىلىك ئوللان ، مۇستاگانېم ، ئاننابا ، سەدەف ، پاتنا قاتارلىق شەھەرلەرگە يامرىدى . مەملىكەت بويىچە 20 نەچچە ئۆلكىدە پاراكەندىچىلىك بولدى . چەت ئەللەرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، پاراكەندىچىلىكتە 500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى . 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى .

پاراكەندىچىلىك بولغاندىن كېيىن ، زۇڭتۇڭ سادىرى 1989 - يىلى 2 - ئايدا سىياسىي ئىسلاھات لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بىر پارتىيىلىك تۈزۈمنىڭ ئورنىغا كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى دەسسەتتى . 4 - ئايدا خەلق ئۈچ قېتىم ئاۋاز بەردى ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى ، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى . 1989 - يىلى 2 - ئايدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندىن «ئالجىرىيە سوتسىيالىستىك دۆلەت» ، مىللىي فرونت — مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر سىياسىي پارتىيە دېگەندەك مەزمۇنلار چىقىرىۋېتىلدى ، پارتىيىلەر چەكلەنمەيدىغان بولدى . 1989 - يىلى 7 - ئايدا

سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ يېڭى قانۇنى چىقىرىلىپ ، كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم يولغا قويۇلىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى . زىڭتۇڭ زىڭتۇڭىنىڭ شەھەر ـ بازار ، پارلامېنت ۋە زىڭتۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلام بويىچە سايلىنىشىغا يول قويۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى .

يېڭى ئاساسىي قانۇن جاكارلىنىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 18 پارتىيە قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى . 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى يەرلىك سايلام ۋاقتىدا قانۇنلۇق سىياسىي پارتىيە 25 كە يەتتى . 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمىغا قاتنىشىشقا تىزىملاتقان پارتىيە 36 غا يەتتى . 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 40 نەچچە يېڭى پارتىيە قۇرۇلدى . 1992 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قانۇنلۇق پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار 59 غا يەتتى .

شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھۆكۈمەتسىزلىكمۇ يامراپ كەتتى . 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن كېيىن ، بەزى جايلاردا ھەدېسىلا ئىش تاشلىدى . پايتەخت ئايرودرومىدىكى خىزمەتچىلەر ، نېفىت چەكلەش زاۋۇتى ۋە ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدىكى ئىشچىلار كەينى ـ كەينىدىن ئىش تاشلىدى ، تازىلىق ئىشچىلىرى تۆت كۈن ئىش تاشلىدى .

1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى پاراكەندىچىلىك ئالجىرىيە مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئەڭ ئېغىر پاراكەندىچىلىك بولدى . ئالجىرىيىدە كونا يادرو كۈچ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى ، يېڭى يادرو كۈچ شەكىللىنەلمىدى . مانا بۇ ئەھۋاللار ئىسلام فرونتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تېز تەرەققىي قىلىشىنىڭ زېمىنى ۋە شارائىتى بولدى .

ئالجىرىيىدىكى ئىسلام دىنى فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش داۋامىدا تەرەققىي قىلغان ، 1931 ـ يىلى ئىبنى بەدىس ئىسلام ئالىملىرى ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ ، ئەرەب مىللىي مەدەنىيىتىنى قوغداشنى ، ساپ ئىسلام دىنىنى

گۆللەندۈرۈشنى ، فرانسىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى . مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تەسىرىنى تازىلاش جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بەردى . 1975 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مەسچىت 3200 دىن ئارتۇقتا ، كەسپىي ئىمام 1500 دىن ئارتۇقتا ، ھەر يىلى ھەجگە بارىدىغانلار 15 مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە يەتتى . 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ، بولۇپمۇ ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرىكىتى كۈندىن ـ كۈنگە جانلىنىپ كەتتى . بۇمەيدىن رەھبەرلىك قىلغان «ئىنقىلاب»قا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتتى .قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئاياللارنىڭ دېڭىز بويلىرىدا ياكى سۇ ئۈزۈش كۆللىرىدە سۇ ئۈزۈشنى چەكلىدى ، ئاياللاردىن سىرتقا چىققاندا چۈمبەل تارتىشنى تەلەپ قىلدى . غەربنىڭ كىنولىرىنى چەكلىدى ، ھاراقنى چەكلەشنى ، پاھىشىلەرنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ كۈچى تەدرىجىي زورايدى . ئالجىرىيە ھۆكۈمىتى 1982 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا كەڭ قورساق بولۇشتىن باستۇرۇشقا ئۆزگەردى . شۇنىڭ بىلەن ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش يولىدىكى زوراۋانلىق ۋە غەيرىي زوراۋانلىق پائالىيەتلىرى كۆپىيىپ كەتتى . ئۇلار دىندىن تاشقىرى ئاساسىي قانۇننى بىكار قىلىشنى ، بىر پارتىيە دىكتاتورىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ، ئىرانچە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ، بەزىلەر چارلىغۇچى ژاندارمىلارغا ئوق ئاتتى . ھۆكۈمەت باستۇرۇپ ، 2 مىڭ ئادەمنى قولغا ئالدى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە رەھبەرلەردىن ئۈچ ئادەم بار . چېكىدىن ئاشقان بەزى كىشىلەر 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ قورالىرىنى بۇلاپ ، تاغقا چىقىۋالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نەتىجىدە، ھۆكۈمەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، بىرنەچچە ئون ئادەم تۇتۇپ كېتىلدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئالجىرىيىدە سىياسىي داۋالغۇش پەيدا بولغاندىن كېيىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىرقەدەر زور كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ، ئالجىرىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقتى. بۇ سىياسىي داۋالغۇشتا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرى بىلەن غەيرىي ئىسلامىزم كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمەتنى قوللايدىغان كۈچلەر بىلەن ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرى ئىچىدىمۇ ئەسەبىيلەر بىلەن غەيرىي ئەسەبىيلەرنىڭ پەرقى مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، سىياسىي ۋەزىيەت پەرق ئەتكۈسىز قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. ئىسلام فرونتى مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىقتا تەرەققىي قىلىپ زورايدى.

ئالجىرىيىدە كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىنغان ئاساسىي قانۇن ماقۇللانغاندىن كېيىنكى نەچچە كۈندە، يەنى 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بەزى ئىسلام ئالىملىرى، مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرى يىغىن ئېچىپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتى — ئالجىرىيە ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. قۇرۇلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولمىسىمۇ، تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن يەرلىك سايلامدىن ئىلگىرى بەزى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى بۇ قېتىمقى سايلامدا ئىشنى غەلىبىلىك باشلىدى.

ئالجىرىيىدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، مەملىكەت بويىچە 10 مىڭ مەسچىتنى كونترول قىلىش ۋە سىياسىي ئىقتىسادىي زېمىنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن كۆچلۈك ھەرىكەت قىلدى. مەسچىت ۋە ناماز سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەز ئېيتىش، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تارقىتىش، يىغىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىق قىلدى. ھەمدە مەكتەپ، زاۋۇت، ئاممىۋى سورۇنلاردا ھەرىكەت قىلدى؛ نامراتلارغا يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك، ئوقۇغۇچىلارغا ئەرزان باھالىق كىتاب ۋە ئوقۇش خىراجىتىنى بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاممىا ئىچىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى؛ جۈمە كۈنلىرى ۋە رامزان ئېيىدا «تازىلاش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنىي قائىدىلەرگە خىلاپ ھادىسىلەرگە زەربە بەردى؛ ھەممە يەردىن كۈچ توپلاپ، ھەتتا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە — مىللىي ئازادلىق فرونتىنىڭ ئەزالىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوشۇن بىرنەچچە ئايدا ناھايىتى زورايدى. ئاھالىلەر رايونلىرىدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بىكارچى ياشلار، ئىشسىزلار ۋە ئوقۇشسىز قالغانلاردىن ئەزا قوبۇل قىلدى. ئالجىرىيىدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى 1990 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۆزىنىڭ 3 مىليون ئەزاسى بارلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 3 مىڭ ئادەمنىڭ تايانچىلار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى كۆپ ساندىكى سودىگەر ۋە ئاز قىسىم زىيالىيلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى.

ئىسلام فرونتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئالجىرىيىنىڭ مۇستەقىل بولغاندىن بۇيانقى سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى بولدى. ئىسلام فرونتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تەرەققىياتىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە مەھسۇلىدۇر. ئۇ تاسادىپىي پەيدا بولغان ئەمەس، ئۇنى چوڭقۇر قاتلاملىق كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىل ئامىللار پەيدا قىلغان .

1 . ئالجىرىيە ھۆكۈمىتى ئۇزۇن مۇددەت ئېغىر سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىش ، يېنىك سانائەتكە ۋە يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراش سىياسىتىنى يولغا قويدى . بۇ تەرەققىياتتىن خەلق ھېچقانچە مەنپەئەتكە ئىگە بولالمىدى . 1983 ـ يىلى ، بولۇپمۇ 1986 ـ يىلى نېفىت باھاسى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن ، نېفىت ئېكسپورتىغا تايىنىدىغان ئىگىلىك ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى . 1985 ـ يىلىدىكى ئېكسپورت كىرىمى 13 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئىدى . 1987 ـ يىلى 8 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا تۆۋەنلەپ كەتتى . 1988 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا ئازىيىپ ، بىر يېرىم ئايلىق ئىمپورتقا يېتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى . تاشقى قەرز 1988 ـ يىلى 17 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، نۇرغۇن قەرزنى قايتۇرۇش ۋاقتى توشۇپ ، قەرز قايتۇرۇلغان پۇل ئېكسپورت كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ كەتتى . مالىيىدىكى قىزىل رەقەم دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . ھۆكۈمەت مالىيىنى چىڭىتىپ ، قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى ئازايتتى . شۇنىڭ بىلەن ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى . بىرنەچچە ئايدا مال باھاسى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى . روشەنكى ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كونا ئىستراتېگىيىسى ۋە كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى شارائىتقا ماس كەلمەي قالدى . 90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ، ئىقتىسادىي سىياسەتنى تەڭشەشكە تۇتۇش قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن 1991 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە نېفىت باھاسى ئۇدا تۆت يىل تۆۋەنلەپ كېتىپ ، ئىگىلىكنى تەڭشەشنىڭ قىيىنلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى .

2 . نوپۇس بەك تېز كۆپىيىپ كەتتى . ئالجىرىيىدە

نوپۇسنىڭ يىللىق كۆپىيىش نىسبىتى 3.2پىرسەنت بولۇپ ، 850 مىڭ ئادەم كۆپەيدى . 1962 ـ يىلى مەملىكەت نوپۇسى 9 مىليون ئىدى . 1990 ـ يىلى 23 مىليونغا يەتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە 25 ياشنىڭ ئاستىدىكىلەر 75 پىرسەنتنى ئىگىلىدى . 1993 ـ يىلى نوپۇس 26 مىليونغا يېقىنلاشتى . 1988 ـ يىلى كىرىمنىڭ 40 پىرسەنتىنى مائارىپقا سەرپ قىلىشقا توغرا كەلدى . 1988 ـ يىلى بەزى چوڭ شەھەرلەردە ئىشسىزلىق 40 پىرسەنتكە يەتتى . ئىشلەۋاتقانلارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئىشسىز قالدى . ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 40 پىرسەنتى تۆۋەن كىرىملىكلەر قاتارىغا كىرىپ قالدى . 4 مىليون 300 مىڭ ئادەم كىرىمسىز قالدى .

غەرب گېزىتلىرى «نېفىت باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە ياشلار سانىنىڭ پارتلاش خاراكتېرىدە كۆپىيىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئەھۋال گىرەلىشىپ كەتسە ، ئاخىرى كەسكىن نارازىلىق ھەرىكىتى پارتلايدۇ»① دەپ باھا بەردى .

لېكىن ، نېفىت باھاسى تۆۋەنلىگەندىن كېيىن ، نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان باشقا دۆلەتلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى . نوپۇسنىڭ بەك تېز كۆپىيىپ كېتىشى ئەرەب دۇنياسىدىكى ئومۇمىي ھادىسە بولدى . بۇ دۆلەتلەردە چوڭ كۆلەملىك پاراكەندىچىلىك يۈز بەرمىدى . ئالجىرىيىدە تۆۋەندىكى ئامىللار پاراكەندىچىلىككە سەۋەبچى بولاتتى :

1 ) ئالجىرىيىنىڭ كونا سىياسىي تۈزۈلمىسىدە نازارەت قىلىش كەم بولغانلىقتىن ، يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇش ، خىيانەتچىلىك ـ چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئېغىرلىشىپ كەتتى . بەزى خەۋەرلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار خىيانەت قىلغان پۇل 2 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەنلىكى ئېيتىلدى . شۇڭا ، غەرب تەرغىب قىلغان «كۆپ پارتىيىلىك

---

① «خەلق گېزىتى»نىڭ 1988 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇزۇم» ، «دېموكراتىيىلەشتۇرۇش» ناھايىتى ئاسان تەسىر كۆرسىتىپ ، دولقۇن شەكىللەندۇردى .

2 ) شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى توقۇنۇشۇپ قالغاندا ، بەزى ئادەملەر گاڭگىراپ قالدى . ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ئاجىزلىشىشى ، شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە پارس قولتۇقى كرىزىسى قاتارلىقلار ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى كۈچەيتىۋەتتى .

3 ) يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ قۇترىتىشىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى . «ئالجىرىيىنى گۇللەندۇرۇش ھەرىكىتى» بايانات ئېلان قىلىپ ، ھۆكۈمەتكە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ ، ئاممىنى ھۆكۈمەتكە قارشى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە قۇتراتتى . ھۆكۈمەت ھەربىي ھالەت ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، ساقال قويۇپ ، ئاق تون كىيىۋالغان ئىسلامىزمچىلار ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىغا قارىماي ، ئاممىنى توپلاپ كوچىلارغا «دېموكراتىيە بولسۇن ، ئەركىنلىك بولسۇن ، بولكا بولسۇن» دېگەن شوئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى ، ھەتتا شەرىئەتنى ئاساسىي قانۇننىڭ ئورنىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى .

مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، بەزى ئادەملەر ، بولۇپمۇ ياشلار ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىدىن چىقىش يولى ئىزدەشكە كىرىشتى . قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولغانلارمۇ ئۇلار سىناپ كۆرسۇن دەپ قارىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئىسلامىزم دولقۇنى پەيدا بولۇشقا باشلىدى . ئىسلام فرونتى مانا شۇ دولقۇندا بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى .

## § 2 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرى

## 1 . ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى

ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى ئالجىرىيىدىكى ئەڭ چوڭ هازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتى بولۇپ هېسابلىنىدۇ . مەركەزدە كوللېكتىپ رەهبەرلىك قىلىدىغان ئورگان — كېڭەش كومىتېتى تەسىس قىلغان . ئىجرائىيە بيۇروسى 15 ئادەمدىن تەركىب تاپقان ، ئۇنىڭ ئاستىدا مەخسۇس كومىتېتلار تەسىس قىلغان . رەئىسى ۋە باياناتچىسى ئابباس مەيدانى 1954 - يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە سېلىنغان . ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئەلى بەلىهاجى هۆكۈمەتكە قارشى پائالىيەتكە قاتناشقانلىقتىن 1983 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە نەزەربەند قىلىنغان . 1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئېتىبارەن بۇ ئىككى ئادەم ئىسلام فرونتىنىڭ باشقا سەككىز رەهبىرى بىلەن بىرلىكتە قامالغان . ئابدۇل قادىر بۇهامىهام 1992 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن ، ئىسلام فرونتىنىڭ بۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى ئادىمى 1994 - يىلى 2 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەن . ئابباس مەيدانى ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئەلى بەلىهاجى 1994 - يىلى 9 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەن . لېكىن زوڭتۇڭ ئۇلارنى داۋاملىق قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئەيىبلەپ ، نەزەربەند ئاستىغا قويغان . ئىسلام فرونتىنىڭ تۈرمىگە سېلىنغان بۇ رەهبەرلىرى «مۆتىدىللەر» دەپ قارالغان .

تەشكىلاتنىڭ بەزى رەهبەرلىرى چەت ئەللەردە يۈردى . مەسىلەن ، پارىژدا سۈيىقەستكە ئۇچرىغان ئابدۇللا باقى سەهراۋمۇ «مۆتىدىللەر» دىن ئىدى . ئىسلام فرونتى قۇرۇلغاندا ئۇ مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولغان . 1989 - يىلدىن باشلاپ پارىژنىڭ 18 - رايونىدىكى بىر مەسچىتكە ئىمام بولغان . بىرنەچچە قېتىم فرانسۇزلارنى تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرۈپ قويغان . 1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىسلام قوراللىق تەشكىلاتى ئۇنىڭغا ۋە ئالجىرىيە هۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىششنى ئىلگىرى سۈرۈش

نىيىتىدە بولغانلارغا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پارىژدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئاببباس مەيدانى بىلەن ئەلى بەلھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇللا ھەسەن رەھبەر بولغان. ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىسىنىڭ ئەۋلادى، ئالجىرىيە پېشقەدەم جەڭچىلەر مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئىبراھىم ھەسەننىڭ ئوغلى ئىدى.

ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبەرلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسنى كۆپ يىل تەتقىق قىلغان دىنىي ئەربابلار ئەمەس. بۇ رەھبەرلەرنىڭ دىنىي چۈشەنچە جەھەتتە قانچىلىك تەشۋىق قىلغانلىقى، مۇنازىرىلەشكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئۇلار كۆپ ھاللاردا «يالىڭاچ» سىياسىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا ئۇلاردىكى دىنىي تۈستىن سىياسىي تۈس كۈچلۈك. بۇ نۇقتىدا ئۇلاردىكى ئەھۋال ئىراننىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. فرانسىيىدە چىقىدىغان «فىگارو» گېزىتىنىڭ 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى ماقالىسىدە ئاببباس مەيدانى سەئۇدى ئەرەبىستانچە ئىسلام دىنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەلى بەلھاجى ئىرانچە ئىسلام دىنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېيىلگەن.

ئاببباس مەيدانى دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى ياكى ئىسلام ئىجتىمائىي تۈزۈمى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھۆكۈمەتتىكى تۆرىچىلىك، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئادىللىق پرىنسىپىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىدۇ. ئەلى بەلھاجى جىھاد قىلىپ ئاسىيلارغا قارشى تۇرۇپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى ياكى ئىسلام ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى قۇرۇپ، ئاخىر خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

يوقىرىقى رەھبەرلەر تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى كۈرەش ۋاستىسى قىلىشنى قوللىمىغانلىقتىن ، «مۆتىدىللەر» دەپ قارالغان . راست ، بۇ ئادەملەر تېررورلۇق قىلىشنى قوللىمايدۇ . لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئاشكارا ئەيىبلەشنى خالىمايدۇ . ئەلى بەلھاجى 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ژۇڭتوڭغا يازغان خېتىدە بىر تەرەپتىن : «ئالجىرىيىدە يۈز بەرگەن ئىشلار تېررورلۇق ئەمەس ، بەلكى خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ئوغرىلىۋالغانلارغا كۆرسەتكەن قارشىلىق» دەپ قارىسا ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلىشىشنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى : (1) توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تېپىش داۋامىدا ، قانۇنغا ئۇيغۇن كېلىدىغان پەرمانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك ؛ (2) ئىسلام فرونتىنىڭ قاماپ قويۇلغان رەھبەرلىرى ۋە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن رەھبەرلىرىنىڭ ئەركىن ئۇچرىشىشىغا يول قويۇش كېرەك ؛ (3) جامائەت ۋە ئاخبارات ساھەسى ئالدىدا كرىزىسنى پۈتۈنلەي ئاشكارا ۋە ئەركىن بولۇش روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ ، خەلقنى تېررورچىلار بىلەن سادىق جەڭچىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان قىلىش لازىم . ئۇ شۇنداق سۆزلەر ئارقىلىق باشقىلارنى تېررورچىلاردىن پەرقلەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئەگىتىپ ئىپادىلىگەن .

لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ، ئىسلام فرونتىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئىككى رەھبىرى — راباق كېبىر بىلەن ئەنۋەر سادام ئالجىرىيىدە چەت ئەللىكلەرنى ئۆلتۈرگەن قىلمىشنى ئاشكارا ئەيىبلىدى . 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فرانسىيىلىك يەتتە نەپەر مۇناخ ئالجىرىيىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ، گېرمانىيىدە تۇرۇۋاتقان راباق كېبىر مۇنداق دېگەن : «بۇنداق جىنايى قىلمىشنى قەتئىي ئەيىبلەيمەن ، مېنىڭچە ، بۇنداق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا پۈتۈنلەي خىلاپ .» ئىسلام فرونتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق «پارلامېنت ئەزالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى»نىڭ باشلىقى ئەنۋەر ئەزەم ئامېرىكىدا ئامېرىكا رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي ھەرىكەت بىلەن قوراللىق گۇرۇھنى ئايرىۋېتىدىغان «ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان پوزىتسىيىسى»نى ماختىغان.

ۋەھالەنكى، بۇنداق بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا بولۇپ، ھەمىشە ئېنىق بولمايدىغان پوزىتسىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى گۇمانلاندۇرۇپ قويىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەشتە ئۇلار تېررورچىلارنى دۈشمەن ھېسابلىماي، بەلكى ئىتتىپاقچى دەپ ھېسابلىشى ئېنىق ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ چوڭ نىشانى — ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ئوخشاش بولۇپ، پەقەت كۈرەش شەكلى پەرقلىنەتتى. مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىمۇ ئەسەبىي تەرەپدارلىرىغا شۇنداق ئېنىق بولمىغان پوزىتسىيىدە بولغانىدى.

ئالجىرىيىدىكى ئىسلام فرونتى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە مىللىي سودىدا مونوپول قىلىشنى، ئۆسۈم ئېلىشنى ۋە دەللاللىق قىلىشنى يوقىتىشنى، زاكات ئېلىپ، باجنى يوقىتىشنى، ئىسلام بانكا سىستېمىسىنى قۇرۇشنى، مائارىپتا شەرىئەت مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى، مەمۇرىي ئورگانلاردا، قاتناش ۋە مەكتەپلەردە ئوغۇللار بىلەن قىزلار ئايرىلىشىپ يۈرۈيدىغان تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ئاياللارنىڭ تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەشنى، ئاياللار ئۆي ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتناشماسلىقىنى، تۇل خوتۇنلار ۋە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ، بۇزۇقچىلىق قىلىش، ئىپپەت - نومۇسنى

سېتىشتەك چىرىكقىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى . بەزى جايلاردا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ھەرىكەت قوللىنىپ شەرىئەتنى يولغا قويىدى ، ئاياللارنى چۈمبەل تارتىشقا مەجبۇرلىدى ، ئوغۇللارنىڭ قىزلار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇشىنى ، گېزىت ، تاماكا ۋە ئۇنئالغۇ سېتىشنى چەكلىدى .

ئىسلام فرونتىنىڭ ئەزالىرى بىر پارتىيە دىكتاتورىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆكتىچى گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئىنزدىدى .

ئىسلام فرونتىنىڭ ئىچىدە ھەم «مۆتىدىللەر» ، ھەم «ئەسەبىيلەر» مەۋجۇت بولدى . ئامېرىكىدا چىقىدىغان «كۆزىتىش» ژۇرنىلى 1994 - يىلى 2 - ئايدا ماقالە ئېلان قىلىپ «ھۆكۈمەت ئىسلام فرونتىدىكى ھەممە مۆتىدىل كىشىلەرنى قولغا ئالسا ، ئەمەلىيەتتە ھوقۇقنى ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىك بولىدۇ» دەپ قارىدى .

## 2 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ باشقا سىياسىي تەشكىلاتلىرى

ئالجىرىيەدىكى ئىسلام فرونتى ئەڭ چوڭ تەشكىلات بولسىمۇ ، يەنە باشقا تەشكىلاتلارمۇ بار ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىسلام ئىجتىمائىي ھەرىكىتى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتى ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ئۇ مۆتىدىل تەرەپدارلىققا مەنسۇپ . ئۇنىڭ رەھبىرى ھاپىز ھاكىمىيەتنى تەدرىجىي ئىلگىرىلەش شەكلى بىلەن تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ، زوراۋانلىقنى ئىنكار قىلىدۇ ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن قارشىلىشىشتىن خالىي بولماقچى بولىدۇ . ئۇنىڭ ئىدىيىسى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭكىگە يېقىنلىشىپ كېتىدۇ . بۇ تەشكىلات ساغلام ئىسلامىزم تەشكىلاتى دەپ قارىلىدۇ .

ئىسلام گۇللىنىش ھەرىكىتى . ئۇنىڭ رەھبىرى ئابدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەبرە بولۇپ ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يەنە بىر گۇرۇھىغا مەنسۇپ . لېكىن ، ئىسلام ئىجتىمائىي ھەرىكىتىگە قارىغاندا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تېخىمۇ كەسكىن قارشى تۇرىدۇ . ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى ، مەسىلەن ، ئابدۇللا قادىر ھەسەن ، راباق كېبىر ، ئوسمان رىسانى قاتارلىق كىشىلەر ئىسلام فرونتىغا ئۆتتى ، ھەمدە رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى .

ئالجىرىيە ئىسلام ئىتتىپاقلىق جەمئىيىتى . 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىسلام فرونتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان . ئۇ ئىسلام دەۋا ئىتتىپاقى ، ئۇممە ھەرىكىتى ۋە ھازىرقى زامان ئالجىرىيە مۇسۇلمانلىرى پارتىيىسىنىڭ بىرلىشىشىدىن قۇرۇلغان . بۇ تەشكىلات ھازىرقى زامان سىياسىي تۈزۈمى ئورنىغا «قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈم»نى دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلدى .

بۇلاردىن باشقا ، مەھبۇز نەينامە رەھبەرلىك قىلغان ئىسلام «يېتەكچىلىك ۋە ئىسلاھات ئىشخانىسى» قاتارلىقلار بار .

### 3 . ئىسلام قورallىق تەشكىلاتلىرى

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچى رادىكاللار ئىسلام قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى بىلەن ئىسلام قورالLIق گۇرۇھىدىن ئىبارەت ئىككى تەشكىلات ئوتتۇرىسىغا توپلاشقان .

(1) ئىسلام قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى 1993 ـ يىلى «ئىسلام قوراللىق ھەرىكىتى» ، «ئافغانىستانچىلار تەشكىلاتى» ، «ئالجىرىيىلىكلەر» قاتارلىق تەشكىلاتلاردىن تەركىب تاپقان . ئىسلام قوراللىق ھەرىكىتى 1982 ـ يىلى قۇرۇلغان . سادىرى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا بۇ ھەرىكەتنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى پائالىيەتلىرىنى قاتتىق باستۇرغان . ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبىرى ئابباس مەيدانى ، ئەلى بەلھاجى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى بولغان . «ئافغانىستانچىلار تەشكىلاتى» ئافغانىستان ئۇرۇشىغا

قاتناشقان ئالجىرىيىلىك 3 مىڭ پىدائىيدىن تەركىب تاپقان.

ئىسلام قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى شەرق ۋە غەربتىكى رايونلاردا پارتىزانلىق قىلدى. تۇرمىگە سېلىنغان ئىسلام فرونتى رەھبەرلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. 1995 ـ يىلى بۇ تەشكىلات 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىدىغان رامزان ئېيىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرىدە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، «دىنىنىڭ دۇشمەنلىرىگە تېررورلۇق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىدىغان»لىقىنى ئېيتقان. بۇ تەشكىلاتنىڭ يوشۇرۇن ئاخباراتىدا: «يۈزلىگەن ياشلار ئاللا يولىدا ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا تەييارلاندى» دېيىلگەن.

(2) ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى ئەسەبىي تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ. بۇ گۇرۇھقا ئەسەبىي تەشكىلاتلاردىن «ئاسىيلارنى تىنجىتىش ۋە ھىجرەت قىلىش» قاتارلىقلار قاتناشقان. كېيىنكىسى ئالجىرىيىدە خېلى بۇرۇن قۇرۇلغان تەشكىلات بولۇپ، 1974 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، بۇمەيددىن ھاكىمىيىتىنى قوراللىق ئاغدۇرۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغان. 1989 ـ يىلى سادىرى ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. كېيىن ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى «ئافغانىستانچىلار تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى.

ئىسلام قوراللىق گۇرۇھىغا ھازىر مۇئاد ئەدىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇ گۇرۇھ ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبەرلىرىنى «دىندىن يۈز ئۆرىگۈچىلەر» دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئىسلام قوراللىق گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە بەزىلەر ئافغانىستاندا جەڭ قىلغان، بەزىلىرى لىۋاندىكى ئاللا پارتىيىسىدە ئەسكەر بولغان. بۇ گۇرۇھ پارلامېنتنى، زوڭتۇڭ سايلىمىنى ۋە دېموكراتىيىنى رەت قىلىدۇ، سىياسىي خاراكتېردىكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

25 ـ كۈنى خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ تەشكىلاتنىڭ 2500 ئادىمى بار ئىكەن. بۇ تەشكىلات بۇرۇنقى رەھبەرلەرنى ۋە نۇرغۇن زىيالىيلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى ئۆزى كونترول قىلىپ تۇرغان مەسچىتلەرنى پائالىيەت بازىسى قىلغان. ئالجىرىيە ئامانلىق ساقلاش دائىرىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇنداق مەسچىتلەر 5000 دىن ئاشىدۇ. ئۇلار مەسچىتلەردە ئىئانە توپلاپ، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا تارقىتىپ بېرىدۇ؛ مەسچىتلەردىن ئادەم قوبۇل قىلىپ، زوراۋانلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ مەسچىتلەردە تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقىتىدۇ؛ ياشلار گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، ھەمدە ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ.

ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «ھۆكۈمەت» قۇرغانلىقىنى، «ئىچكى كابىنېت» 11 كىشىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى جاكارلىدى.

ھازىرقى ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ ئورگانلىرى ھەم ھازىرقى ھاكىمىيەت بىلەن ھەمكارلاشقان سىياسىي كۈچلەر ئەسەبىيلەر ھۇجۇم قىلىدىغان ئاساسىي نىشان بولدى.

ئۆز دۆلىتىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە، تىغ ئۇچىنى ئۆز دۆلىتىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان چەت ئەللىكلەرگە ۋە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىگە قارىتىپ، ئۇنى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەشنىڭ يەنە بىر فرونتى قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدا چەت ئەللىكلەرنى چېقىپ كېتىشكە ۋە ئالجىرىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، ئالجىرىيە ھۆكۈمىتىنى يېتىم قالدۇرۇشنى، ئاجىزلىتىشنى، تەۋرىتىشنى، ھەتتا ئاغدۇرۇۋېتىشنى مەقسەت قىلدى. بۇ گۇرۇھ 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن ئالجىرىيىدىكى ھەممە چەت ئەللىكلەرنى

ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بېرن شەھىرىدە 1995 ـ يىلىنىڭ باشلىرى شۋېيتسارىيىنىڭ ئەدلىيە ۋە ساقچى مىنىستىرلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، فرانسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، كانادا ۋە يوگوسلاۋىيىنىڭ شۋېيتسارىيىدىكى ئەلچىخانىلىرى ئالجىرىيە ئىسلام قوراللىق گۇرۇھىنىڭ تەھدىت خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان. بۇ گۇرۇھ ئۇلاردىن 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى ئالجىرىيىدىكى ئەلچىخانىلىرىنى تاقاشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنداق قىلمىسا «دىنىنى كۆزگە ئىلمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىدۇ»غانلىقىنى، ئالجىرىيىدە قازا قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى فرانسىيىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىنى بۇلىغان زەربىدارلارنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئىسلام قوراللىق گۇرۇھىنىڭ رەھبىرى ئەبۇ ئابدۇللا ئەھمەد فرانسىيىنىڭ «ئالجىرىيە ھۆكۈمىتىنى سىياسىي جەھەتتە، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتە شەرتسىز قوللىغان»لىقىنى ئالاھىدە ئەيىبلەپ، فرانسۇزلارنىڭ ئالجىرىيىدىن كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 40 فرانسۇز ئالجىرىيىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ تەشكىلات تېررورلۇقنى فرانسىيىگىچە كېڭەيتتى. 1995 ـ يىلى كۈزدە پارىژدا ئۇدا بومبا پارتلاش ۋەقەسى بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پارىژدىكى يەر ئاستى تۆمۈريولىنىڭ بىر بېكىتىدە بومبا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، يەتتە ئادەم ئۆلدى، 84 ئادەم يارىلاندى. 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىسلام قوراللىق تەشكىلاتى رەھبىرى جامال جىتونى (تەخەللۇسى ئەبۇ ئابدۇ راخمان) ئىمزا قويغان ئاخباراتنى ئېلان قىلىپ، فرانسىيىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پائالىيىتىنى قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ تەشكىلات فرانسىيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالجىرىيىدىكى ئەلچىخانىسىغا مەخپىي خەت يېزىپ، فرانسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى بۇيرۇدى. ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، فرانسىيىدىكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى توختىتىش توغرىسىدا فرانسىيىگە تۆۋەندىكى تۆت تەلەپنى قويدى: ئالجىرىيە ـ فرانسىيە زۇڭتۇڭلىرىنىڭ نيۇ ـ يوركتا ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئۇچرىشىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك (كېيىن ئالجىرىيە زۇڭتۇڭى بۇ ئۇچرىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى)؛ ئالجىرىيىگە ياردەم بېرىشنى توختىتىش كېرەك؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان «قانۇنلۇق ھۆكۈمەت»تىن بۇرۇن ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش كېرەك؛ 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئالجىرىيىنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىنى ئەيىبلەش كېرەك. روشەنكى، بۇ گۇرۇھ تېررورلۇق قىلىش ياكى تېررورلۇقنى توختىتىشنى شەرت قىلىپ فرانسىيىنى باش ئېگىپ، ھاكىمىيەتنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئاغدۇرۇۋېتىشكە ماسلىشىشقا قىستىغان.

شۇڭا بۇ قوراللىق تەشكىلاتنىڭ چەت ئەللەرگە چېتىلىدىغان تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

يەنە بىر جەھەتتە، ئۇلار چەت ئەللەردىن ئادەم، قورال ۋە مەبلەغ ياردەم ئالدى. ئالجىرىيە ئىسلام قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ رەھبىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسلام قوراللىق گۇرۇھىنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك نۇرغۇن ئادەملەر بار ئىكەن. «ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىغا تايىنىپ ياشايدىكەن.» خەۋپسىزلىك قوشۇنلىرىمۇ ئىسلام قوراللىق گۇرۇھىنىڭ پارتىزانلىرىنى تازىلىغاندا ئافغانىستان، سۇدان، ئىران، ماراكەش، ئېفىئوپىيە ۋە لىۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئادەملەرنى بايقىغان. فرانسىيىدىكى «ياش

ئافرىقا»نىڭ 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا ، ئالجىرىيە خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، 1988 ـ يىلىدىن كېيىن ، 800 ئالجىرىيىلىك ئافغانىستانغا بېرىپ تەربىيىلەنگەن .

بۇ ئىككى تەشكىلاتتىن باشقا ، «ئېرۇسالىم بىرىگادىسى» ، «قەسەمگە سادىقلار» قاتارلىق يوشۇرۇن قوراللىق تەشكىلاتلار بار .

1995 ـ يىلىدىكى سايلامدىن كېيىن ، يېڭى زۇڭتۇڭ مەملىكەت بويىچە يارىشىشنى ئىلگىرى سۈردى . ھۆكۈمەت يولغا قويغان كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە بىر يىلدا 2 مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق ئادەم تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىدىن يېنىپ چىقتى .

ئىسلام قوراللىق گۇرۇھىنىڭ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ زەربە بېرىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، ئارمىيە ، مەمۇرىيەت خادىملىرىغا زەربە بېرىپلا قالماستىن ، مۇخبىرلارغا ، غەرب تەربىيىسى ئالغان زىيالىيلارغا ، ھەتتا ئادەتتىكى ئىشچىلارغىمۇ زەربە بېرىدۇ . فرانسىيىگە نۇقتىلىق قارشى تۇرغاندىن باشقا ، ئالجىرىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ساقلاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرىگىمۇ زەربە بېرىدۇ . نىشانىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بۇنداق سىياسەتنى يولغا قويغاندا ، ئۆزىنى ـ ئۆزى يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ .

## § 3 . ئالجىرىيىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ھوقۇقدارلار بىلەن ئېلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش شەكىللىرى

ئالجىرىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئىسلام فرونتى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىللىي فرونتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى «فرونت» ئىچىدە ئىسلام فرونتى يېڭى قۇرۇلغاندا گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. سىياسىينىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىگە ۋە كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مىللىي فرونتتا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولدى. مىللىي ئازادلىق فرونتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدىن كېيىن، سادىرى 1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى فرونتنىڭ رەئىسلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. ئەسلىي 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆتكۈزۈش بېكىتىلگەن 2 - قېتىملىق سايلامغا بەش كۈن قالغاندا ئارمىيىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن سادىرى زۇڭتۇڭلۇقتىن ئىستېپا بەردى. سادىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق ئىستېپا بېرىشنى نامايەندە قىلىپ، مىللىي فرونت شەكىل جەھەتتە يېتەكچى ئورۇندىكى سىياسىي پارتىيە ۋە يادرو كۈچ بولماي، نۇرغۇن پارتىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ بەزىدە ھۆكۈمەتنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆكتىچى پارتىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالجىرىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى باشقا پارتىيىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلدى. ئارمىيە ۋە ئارمىيە قوللىغان ھۆكۈمەت مۇھىم ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ قالدى. مىللىي فرونت ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ھاكىمىيەت، يەنى ئارمىيىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان ھۆكۈمەت ئىسلام فرونتى كۈچ سىنىشىدىغان ئاساسىي ئوبيېكت بولۇپ قالدى.

ئالجىرىيىدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتى ئۆزىنىڭ سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارىنى كۆپ قېتىم نامايان قىلدى. لېكىن، ئارمىيە ۋە ئارمىيە قوللىغان ھۆكۈمەت دۆلەت ماشىنىسىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامىزمنى قوللىمايدىغان ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، ئىككى

تەرەپنىڭ ئىركىشىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى .

ئالجىرىيىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كۆرىشى 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قوزغالغاندىن تارتىپ 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە داۋام قىلغان قانۇنلۇق كۆرەش باسقۇچى ، 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىسلام فرونتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن يوشۇرۇن كۆرەش قىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى .

## 1 . قانۇنلۇق كۆرەش

ئىسلام فرونتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، يەنى 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى زوڭتۇڭ مەھكىمىسىگە يۈرۈش قىلىش نامايىشى ئۇيۇشتۇرۇپ ، مەملىكەتلىك خەلق پارلامېنتىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى .

1990 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەرلىك پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ، 11 پارتىيە سايلام مۇسابىقىسىگە قاتناشتى . نەتىجىدە ، ئىسلام فرونتى 42 .55 پىرسەنت ئاۋازغا ئىگە بولۇپ ، مەملىكەت بويىچە 1541 شەھەر ـ بازاردىن 853 شەھەر ـ بازاردا كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشتى . ھاكىمىيەت بېشىدىكى مىللىي فرونت 64 .31 پىرسەنت ئاۋازغا ئىگە بولۇپ ، 487 شەھەر ـ بازاردا كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشتى . 48 ئۆلكىدىكى پارلامېنت سايلىمىدا ئىسلام فرونتى 32 ئۆلكىدە كۆپ ئاۋازغا ئىگە بولدى . مىللىي فرونت 14 ئۆلكىدە كۆپ ئاۋازغا ئىگە بولدى . بۇ نەتىجە ئىسلام فرونتىغا نىسبەتەن چوڭ غەلىبە ئىدى . ۋەھالەنكى ، تۆۋەندىكى ئىككى ئامىل بۇ غەلىبىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى . بىرى ، نۇرغۇن سايلىغۇچىلار ، جۈملىدىن ھۇسەيىن ئەھمەد رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك كۈچلەر فرونتى ۋە بىن بىللا رەھبەرلىكىدىكى ئالجىرىيە دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئامما بۇ قېتىمقى

سايلامغا قارشى تۇردى . سايلامغا تىزىملاتقان سايلىغۇچىلارنىڭ 60 پىرسەنتى سايلامغا قاتناشقان . يەنە بىرى ، بەزى سايلىغۇچىلار مىللىي فرونتقا قارشى تۇرۇش ياكى ئۇنى قوللىماسلىق تۈپەيلىدىن ئىسلام فرونتىغا ئاۋاز بەرگەن . لېكىن ، ئىسلام فرونتىنىمۇ تولۇق قوللىمىغان .

ئىسلام فرونتىنىڭ غەلىبىسى شۇ يەردە توختاپ قالمىدى . ئۇ ئىسلام فرونتىنىڭ تېخىمۇ چوڭ غەلىبىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان «مانېۋىرى» بولدى . 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى يەرلىك سايلامدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، بۇرۇن يېتەكچى كۈچ ھېسابلانغان مىللىي فرونت ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى . تەشكىلنى تەرتىپكە سالدى . سىياسىي بىيۇرونى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى . قوشۇننى تازىلىدى . ئىسلاھات ۋە دېموكراتىيىنى داۋاملىق يولغا قويدى . ئىسلام فرونتى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھوقۇقدارلارغا پۇرسەت بەرمەي ، بىرلا كۈچەپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش نىيىتىدە بولدى . ھۆكۈمەت 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پارلامېنتتا يېڭى سايلام قانۇنى لايىھىسىنى قويۇپ ، خەلق پارلامېنتىدىكى ئورۇننى 295 تىن 542 گە كۆپەيتتى . يېڭىدىن ئورنى كۆپەيتىلگەن سايلام رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەلق فرونتى ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان جەنۇبتىكى كىچىك شەھەرلەردىن ئىبارەت بولدى . 4 ـ ئايدا پارلامېنت بۇ تۈزىتىلگەن لايىھىنى ماقۇللىدى ، ھەمدە بىر قېتىملىق سايلامنى ئىككى قېتىملىق سايلامغا ئۆزگەرتتى . ھۆكۈمەتنى يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئىككى سايلام قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋە زۇڭتۇڭ سايلىمىنى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈشكە قىستاش ئۈچۈن ، 1991 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىسلام فرونتى مۇددەتسىز ئومۇمىي ئىش تاشلاش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن ، نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى سەپەرۋەر

قىلىپ ئالجىر شەھىرىنىڭ مەركىزىدە نامايىش قىلدى . ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن ئىسلام فرونتىغا پايدىسىز بولغان «سايلام قانۇنى» ۋە «سايلام رايونلىرىنى ئايرىش قانۇنى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ، زۆڭتۇڭ سايلىمىنى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈشنى ، بىر پارتىيە ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىپ ، «كۆپ پارتىيىلىك ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت» قۇرۇپ ، ئاخىر ئالجىرىيىدە «شەرىئەتنى يولغا قويۇپ» ، «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، 6 - ئايدىكى پاراكەندىچىلىك پارتلىدى .

1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كەچتە ساقچىلار ئالجىردىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار مەيدانىغا ۋە «1 - ماي» مەيدانىغا كىرىپ ، مەيدانلارنى 11 كۈن ئىگىلىۋېلىپ ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىسلام فرونتىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى قوغلىدى . 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى توقۇنۇش يۈز بېرىپ ، 7000 گە يېقىن ئادەم كۆزدىن ياش ئاققۇزىدىغان گازنى سۈمۈرۈۋالغانلىقتىن ، دوختۇرخانىلاردا قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ بېرىلدى .

1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىسلام فرونتى ئومۇمىي ئىش تاشلاشقا چاقىردى ۋە ئالجىردا نامايىش قىلدى . نەتىجىدە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى بىلەن ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى (ساقچى ۋە ژاندارما قىسىملىرى) ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بۇز بېرىپ ، 20 ئادەم ئۆلدى ، 200 ئادەم يارىلاندى .

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئارمىيە مەسچىتلەر يېنىدا ، بولۇپمۇ كۇبە مەسچىتى يېنىدا پاراشوتچى ئەسكەرلەر ۋە برونېۋىكلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ، ئاباس مەيدانى ئارمىيىنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېتىشىنى ۋە مەسچىتنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى . 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەربىي ھالەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىسا، جىھاد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە پايتەختتە ۋە باشقا جايلاردا يەنە پاراكەندىچىلىك بولدى. ھۆكۈمەت زۇڭلىسى 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى كەچتە 13 ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە 68 ئادەمنىڭ ياردار قىلىنغانلىقىنى، 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشقان توقۇنۇشتا 55 ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، 326 ئادەمنىڭ ياردار قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ جەرياندا 3 مىڭ ئادەم سوراققا تارتىلدى. «خەۋپسىزلىك مەركىزى»دە تۇتۇپ تۇرۇلغان 329 نەپەر ئىسلامىزمچى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قويۇپ بېرىلدى.

ئەگەر 1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى پاراكەندىچىلىكتە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرى كۆپ خىل كۈچلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل كۈچ، تەشكىللىنىش سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن دېيىلسە، 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى پاراكەندىچىلىكتە ئەھۋال باشقىچە بولدى. ئاساسىي رولنى ئىسلام فرونتى ئوينىدى، كۈرەشنىمۇ تەشكىللىك داۋاملاشتۇردى.

ئالجىرىيە مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۇنجى قېتىملىق كۆپ پارتىيىلىك پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. 40 نەچچە پارتىيە كۈچ سىنىششقا چۈشتى. ئىسلام فرونتى ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، 188 ئورۇنغا ئىگە بولدى. مىللىي فرونت 15 ئورۇنغا، سوتسىيالىستىك كۈچلەر فرونتى 25 ئورۇنغا ئىگە بولدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى سايلامدا ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلەر ناھايىتى چوڭ نىسبەت — 40 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. شۇڭا، 199 ئورۇن بىر ياقلىق بولمىدى. بۇ ئۈچ پارتىيە 1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان 2 ـ قېتىملىق سايلامغا قاتنىشىش لاياقىتىگە ئىگە ئىدى. ئىسلام فرونتى يەنە 28 ئاۋازغا ئىگە بولسىلا پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىيەلەيتتى. سايلامنىڭ

بۇ نەتىجىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى . 145 سايلام رايونى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن كومىتېتىغا 341 پارچە شىكايەت خېتى تاپشۇرۇپ ، ئىسلام فرونتىنى سايلامدا «ساختىپەزلىك قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى ، سايلام نەتىجىسىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلاشنى تەلەپ قىلدى . 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىشچىلار باش بىرلەشمىسى ۋە ئاياللار تەشكىلاتى ئاياللار ، زىيالىيلار ، دوختۇرلار ، كادىرلار ، خىزمەتچىلەرنى نامايىش قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ ، هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئالجىرىيىدە هوقۇق تارتىۋېلىشىغا قارشى تۇردى . ئارمىيە ئارىلىششقا تەييارلاندى .

41 پىرسەنت ئادەم هوقۇقىدىن ۋاز كەچلەنلىكتىن ، بۇ قېتىمقى ئاۋاز بېرىشتە كۆپ قىسىم ئادەم ئىسلام فرونتىنى هىمايە قىلدۇ دېگەن يەكۈننى چىقارغىلى بولمىدى .

ئىسلام فرونتىدىن باشقا ، سوتسىيالىستىك كۈچلەر فرونتى (قىسقارتىلىپ سوتسىيالىستىك فرونت دېيىلىدۇ) مۇهىم ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ قالدى . لېكىن ئۇ ئىسلام فرونتىغا قارشى تۇردى . 1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سوتسىيالىستىك فرونت ئالجىردا «دېموكراتىيىنى قوغداش» نامايىشى ئۆتكۈزدى ، نامايىشقا 300 مىڭ ئادەم قاتناشتى . ئۇلارنىڭ مەقسىتى «ئالجىرىيىدە دېموكراتىيىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش» ، «ئىسلام فرونتىنىڭ ئالجىرىيىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشىنى توسۇش»تىن ئىبارەت ئىدى .

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئىسلام فرونتى بۇ قېتىمقى سايلام ئارقىلىق پارلامېنتتا كۆپ سانلىقتا ئىگە بولالايمىز ، شۇڭا هاكىمىيەت بېشىغا چىقىش لاياقىتىگە ئىگىمىز دەپ قارىدى . بۇ نەتىجىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ، بولۇپمۇ ئارمىيىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر قوبۇل قىلمىغانلىقتىن ، 2 ـ قېتىملىق سايلام ئۆتكۈزۈلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئىسلام فرونتى ئىنتايىن نارازى

www.uyghurkitap.com

بولدى ، بەزىلەر قورال كۆچى ئىشلىتىشكە بۆرالدى . زىددىيەت مىسلىسىز جىددىيلىشىپ كەتتى .

1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سادىرى ئىستىپا بەردى . ھۆكۈمەت 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈش بەلگىلەنگەن 2 ـ قېتىملىق سايلامنى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى . ئالىي دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىسلام فرونتى مەملىكەت بويىچە نەچچە ئون شەھەردە نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى ، ھەمدە ساقچىلار بىلەن قانلىق توقۇنۇشتى . ئىسلام فرونتى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئالجىردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 3 مىڭ ئادەمنى نامايىشقا ئۇيۇشتۇردى ، ئۇلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش شوئارلىرىنى توۋلىدى ، ھەمدە ئاپتوموبىل ۋە ياغاچلارنى كۆيدۈردى . ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى نامايىشنى توسۇپ ئوق چىقاردى ، بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ئۆلدى . ئىسلام فرونتى «سادىرىنىڭ ئىستىپا بېرىشى ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇن ئەمەس»لىكىنى ، «ئالىي دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ» ئىكەنلىكىنى ئەيىبلەپ ، بىرىنچى قېتىملىق ئاۋاز بېرىشتە پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان 231 ئادەمدىن پارلامېنت تەشكىللەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . خەلق فرونتى ، ئىسلام فرونتى ۋە سوتسىيالىستىك فرونتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇچرىشىپ ، ئالىي دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىغا بىردەك قارشى تۇردى .

ئىسلام فرونتى 1992 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «ئىسلام ئازادلىق ئۇرۇشى» ناملىق ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ ، ھاكىمىيەتنى ھۇجۇم ئوبيېكتى قىلدى ، چەت رايونلارنى ئازاد رايون قىلىپ ، پارلامېنت سايلىمى قىلغان جايلارنى «ئۇرۇش رايونى» قىلىپ ، ئالجىرىيىدە «2 ـ قېتىملىق ئازادلىق ئۇرۇشى» قىلىدىغان بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپىيىپ

كەتتى . بەزى ئەسەبىيلەر قوراللىق ھۇجۇم قىلىش ، ئاپتوموبىلغا بومبا قاچىلاپ پارتلىتىش ، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلارنى مۇھىم ۋاستە قىلدى .

## 2 . يوشۇرۇن كۈرەش

ھۆكۈمەت پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھەربىي ھالەتتە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ، ھەمدە ئىسلام فرونتىنى شىكايەت قىلدى . 1992 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سوت ئىسلام فرونتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئىسلام فرونتىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش يولىدىكى كۈرىشى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتى .

بەزى ئەسەبىيلەر تېررورلۇق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۈچەيتتى . ئىسلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغدىشى بىلەن ئىسلام فرونتىنىڭ بەزى تايانچلىرى مەخپىي پائالىيەت گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھەر خىل قوراللىق تەشكىلاتلار تەشكىللەندى .

ئىسلامىزمچىلار ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە رەھبەرلىرى ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ، ھەربىي ۋە ساقچى ، زىيالىي ، مۇخبىر ۋە چەت ئەللىك قاتارلىق ئادەملەرنى ھۇجۇم قىلىش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش نىشانى قىلدى . 1992 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئالىي دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى .

(1) قوراللىق ھۇجۇم

1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىسلام قوراللىق گۇرۇپپىسى گۇيمار چېگرا قاراۋۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۈچ ھەربىينى ئېتىۋەتتى . 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئارمىيە بۇ گۇرۇپپا بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى . ئامانلىق ساقلاش

قوشۇنلىرى ئۆلارنىڭ 25 ئادىمىنى ئېتىۋەتتى .
1993 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بەش قوراللىق ئادەم ماشىنىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، تۆت ساقچىنى ئېتىۋەتتى .
1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قوراللىق كىشىلەر بۇرۇۋرى گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ دىجورنىلىق قىلىۋاتقان ئوفىتسېرلار ۋە زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق 20 نەچچە ئادەمنى ئېتىۋەتتى .
1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قوراللىق كىشىلەر ئالجىرنىڭ يېنىدىكى بىر مەھەللىگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ ، 24 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى .
1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىر پويىز تلېمسىن ئۆلكىسىدە قوراللىق كىشىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ، 12 ئادەم ئۆلدى ، 20 ئادەم يارىدار بولدى .
(2) قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە تۇتقۇن قىلىش
1992 ـ يىلى زۆڭتۇڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى بىر كاپىتان (ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ دىنىي ئېتىقاد بويىچە ھەرىكەت قىلىپ) زۆڭتۇڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن باشقا ، 1993 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خالىد نىزال ئاپتوموبىلدىكى بومبا پارتلاشتا جېنىدىن ئايرىلغىلى قىل قالدى . 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سابىق ئالىي مائارىپ مىنىستىرى ئۆيىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . 1993 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سابىق زۆڭلى ، ئارمىيە خەۋپسىزلىكىنىڭ مەسئۇلى ، ئادالەت ۋە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى قەسدى مىلبا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دېڭىز مۇداپىئە قوماندانى ئۆيىنىڭ يېنىدا كەينىدىن ماراپ كەلگەن بىرنەچچە قاتىل تەرىپىدىن

ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . ئۆتكۈنچى كومىتېتىنىڭ بىرنەچچە ئەزاسى 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت داھىيلىرىمۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى . 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سوتسىيالىستىك فرونتىنىڭ مەملىكەتلىك شۆجىسى ئالجىردىكى ئۆيىنىڭ سىرتىدا ماشىنىغا كىرىدىغان چاغدا ئۆلتۈرۈلدى . مىللىي فرونت مەركىزىنىڭ ھەيئىتى ئەھمەد قاسىم 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تۇتقۇن قىلىنىپ ، ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . 1995 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتناشماقچى بولغان بىن ھەدىد (بۇ كىشى ياشلار تەنتەربىيىسىنى ، مەدەنىيىتىنى ۋە خەلقئارا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىدى ) 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈچ نەپەر تېررورچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

1992 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە 149 نەپەر ئەدلىيە خادىمى ، جۇملىدىن 30 نەپەر سوتچى ۋە سوتنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىش باشلىقى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

فرانسىيىدە تەربىيە ئالغان ياكى فرانسۇزچە سۆزلەيدىغان يازغۇچىلار ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا كەسپىي خادىملارمۇ تېررورچىلار ھۇجۇم قىلىدىغان نىشان بولۇپ قالدى . مەشھۇر دوختۇر پىرىس 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دوختۇرخانىسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . مەشھۇر سوتسىئولوگ موھەممەد بۇھابزانىڭ ئۆيىگە تۆت تېررورچى باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . بۇ ئۈچ ئايدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن 6 ـ مەشھۇر زىيالىي ئىدى . ئالجىر ئالىي گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى ئەھمەد ئەسىر مەكتەپتە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى .

قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى مۇخبىرلار بولدى . 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

56 مۇخبىر ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى بۇ گۇرۇھقا «قەلەم بىلەن» قارشى تۇرىدىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى . 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گەپ تارقىتىپ ، دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ئەگەر خىزمىتىنى دەرھال توختاتمىسا ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ تەھدىت تارقىتىلغاندىن كېيىن 200 مۇخبىر ئالجىرىيەدىن كەتتى .

1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە 70 نەپەر چەت ئەللىك ، جۈملىدىن ئالجىرىيەدە ئىشلەۋاتقان چەت ئەللىك ئىنژېنېرلار ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر ، جۈملىدىن دىپلوماتلار ، كارخانىچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئالجىرىيەدىن كېتىپ قالدى .

فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئەمەلىيەتتە ئالجىرىيە ھۆكۈمىتىنى قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولغاچقا ، تېررورچىلارنىڭ نۇقتىلىق ھۇجۇم نىشانى بولدى . ئىسلام فرونتى جەڭنى فرانسىيەگە يۆتكەپ ، بىرقاتار پارتلىتىش پائالىيەتلىرىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدا فرانسىيەنىڭ زەربىدارلار ئەترىتى فرانسىيە ئايروپىلانىنى بۇلىغان ئالجىرىيە مۇسۇلمان پارتىزانلىرىنى ئېتىۋېتىپ بىر كۈن بولماي تۇرۇپ ، ئۈچ نەپەر فرانسىيىلىك پوپ ۋە بىر نەپەر بىلگىيىلىك پوپ ئالجىرىيەدىكى ئۆيىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى ئالجىرىيەدە يەتتە نەپەر فرانسىيىلىك مۇناخنى تۇتقۇن قىلدى . فرانسىيە سۆھبەتلىشىشنى رەت قىلغاندىن كېيىن ، بۇ تەشكىلات 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . فرانسىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2 ـ كۈنىگىچە ئالجىرىيىنى زىيارەت قىلىپ ، ئالجىردىن كېتىشى بىلەن فرانسىيىلىك بىر پوپ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى .

(3) بومبا پارتلىتىش

تېررورچىلار ئاپتوموبىلغا ياكى باشقا جايلارغا بومبا ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى بىلەن بۇزغۇنچىلىق ياكى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى قىلدى. بۇ خىل پارتلىتىشتا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى، ساقچى ئىدارىسى، دۆلەت بانكىسى، گېزىتخانا، قەھۋەخانا قاتارلىقلار نىشان قىلىنىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەر ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئالجىر ئايرودرومىدا ۋە ئاۋئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى باشقارمىسىدا ئىككى بومبا پارتلاپ، 10 ئادەم ئۆلدى، 60 نەچچە ئادەم يارىدار بولدى.

1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئالجىر ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا ئاپتوموبىلدا بومبا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 42 ئادەم ئۆلدى، 286 ئادەم يارىدار بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دۆلەت بانكىسىنىڭ ئىشخانىسىدا بومبا پارتلاپ، بىرنەچچە ئادەم يارىدار بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى رۇۋىبادىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ يېنىدا ئاپتوموبىلدىكى بومبا پارتلاپ سەككىز ئادەم ئۆلدى، 80 نەچچە ئادەم يارىدار بولدى، ساقچى ئىدارىسى ۋەيران بولدى. 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئالجىردىكى بىر قەھۋەخانىنىڭ يېنىدا ئاپتوموبىلدىكى بومبا پارتلاپ 11 ئادەم ئۆلدى، 30 نەچچە ئادەم يارىدار بولدى.

1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئالجىر ئەتراپىدا ئىككى قېتىم پارتلاش بولۇپ، 14 ئادەم ئۆلدى، 30 نەچچە ئادەم يارىدار بولدى. بىر بومپا مەسچىتنىڭ گۈمبىزىدە، يەنە بىر بومبا ئاپتوموبىلدا پارتلىدى. 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئالجىرنىڭ شەھەر مەركىزىدە ئىككى قېتىم ئاپتوموبىلدىكى بومبا پارتلاپ 17 ئادەم ئۆلدى، 93 ئادەم يارىدار بولدى. «ئالجىر كەچلىك گېزىتى» بىناسى ۋەيران بولدى، ئالجىر شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەدىيەدە ئاپتوموبىلدىكى بومبا پارتلاپ ، ئىككى ئادەم ئۆلدى ، 10 ئادەم ياردار بولدى . 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تىزى ئۇۋزۇ ئۆلكىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرى ئىشلەيدىغان جايدا ئاپتوموبىلدىكى بومبا پارتلاپ ، ئالتە ئادەم ئۆلدى ، 21 ئادەم ياردار بولدى . ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا ، 1996 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئېيىدا 20 ئاپتوموبىلدا بومبا پارتلاپ ، 80 نەچچە ئادەم ئۆلگەن ، 300 دىن ئارتۇق ئادەم ياردار بولغان . 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ ، 30 ـ كۈنلىرى ئىككى قەھۋەخانىدا بومبا پارتلاپ ، ئىككى ئادەم ئۆلدى ، 20 نەچچە ئادەم ياردار بولدى . 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوراندىكى فرانسىيىلىك ئېپىسكوپ 7 ـ ئايدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يەتتە نەپەر فرانسىيىلىك دىنىي خىزمەتچىنىڭ تەزىيىسىگە قاتنىشىپ ، ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ھويلىسىغا يېنىپ كەلگەندە بومبا پارتلاپ ئۆلدى . 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدا بومبا پارتلاپ ، 11 ئادەم ئۆلدى ، 25 ئادەم ياردار بولدى . 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى رېلىسقا ئورنىتىلغان بومبا پارتلاپ ، بىر پويىز رېلىستىن چىقىپ كېتىپ ، 12 ئادەم ياردار بولدى .

(4) ئايروپىلان بۇلاش

1994 ـ يىلى دۆلەت ئىچىدە قاتنايدىغان ئىككى يولۇچىلار ئايروپىلانى ئىسپانىيىگە بۇلاپ كېتىلدى . 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆزىنى «ئالجىرىيە تىنچ پۇقرالار ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزاسى دەۋالغان ئۈچ ئادەم ئالجىردىن جەنۇبىتىكى ئوگراغا ئۇچقان ئايروپىلاننى بۇلاپ ، ئىسپانىيىدىكى مارۇكا ئارىلىغا ئېلىپ كەتتى . ئايروپىلان بۇلىغۇچىلار ھەممە سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى ، 1991 ـ يىلى توختىتىۋېتىلگەن سايلامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى .

1995 ـ يىلى مىلاد بايرىمى ھارپىسىدا ، فرانسىيىنىڭ بىر

ئايروپىلانى ئالجىر ئايرودرومىدىن ئۇچۇش ئالدىدا تۆت بۇلاڭچى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلدى.

(5) بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەيران قىلىش، ئوت قويۇش ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى تۈرمە، تۆمۈريول، باجخانا، مەكتەپ، گېزىتخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە ئوت قويدى. 1994 ـ يىلى بۇنداق ۋەقە 2725 قېتىم يۈز بېرىپ نۇرغۇن زىيان سالدى. شۇ يىلى 2874 دانە ھەر خىل ئاپتوموبىل ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى، 915 باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپكە، 999 مەمۇرىيەت ئورگىنىغا، توققۇز كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزىگە، 3 ئالىي مەكتەپ ۋە بىرنەچچە كورپۇس ئاھالىلەر بىناسىغا ئوت قويۇپ بېرىلدى. 2204 تېلېفون لىنىيىسىگە، بىر قىسىم يۇقىرى بېسىملىق توك مۇنارلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىندى.

ئىسلام ئەسەبىيلىرىنىڭ زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق پائالىيەتلىرى پىسخىك تەسىر پەيدا قىلىپ، كىشلەرنى قاتتىق دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭغا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، بۇنداق قىلىش كىشلەرنىڭ نارازىلىقىغا ۋە بىزارلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

## § 4 . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تەقدىرى

### *1 . ھۆكۈمەتنىڭ قارشى تەدبىرلىرى*

ھۆكۈمەت ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا باستۇرۇش بىلەن سۆزلىشىشنى بىرلەشتۈرۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئىسلامىزم كۈچلىرىنى پارچىلىدى. ئاساسىي تەدبىرلىرى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتكە بۆلۈنىدۇ:

(1) جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈپ ۋە كېچىدە مېڭىشنى مەنئى قىلىشنى يولغا قويۇپ، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كونترول قىلدى.
1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پاراكەندىچىلىك بولغاندا ھۆكۈمەت ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، كېچىدە مېڭىشنى مەنئى قىلىشنى دەرھال يولغا قويدى.
1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى زۆڭتۈڭ مەملىكەت بويىچە تۆت ئاي جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پايتەختنىڭ مەركىزىدىكى تۆت كوچىلارغا توختىتىپ قويۇلغان برونېۋىكلار 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئېلىپ كېتىلدى. ھەربىي ھالەت 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارلامېنت خەلق ئىشلىرى دائىرىلىرىنىڭ ئارمىيەدىن جامائەت تەرتىپىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىشىغا يول قويۇش توغرىسىدىكى قانۇننى ماقۇللىدى.
ئالىي دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈش قانۇنىنى ماقۇللىدى. ئاندىن يەنە 12 ئايلىق جىددىي ھالەتنى يولغا قويدى. كېيىن ئالىي دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى جىددىي ھالەت قانۇنىنى چەكسىز ئۇزارتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.
1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئالجىردا، ئوتتۇرا، شىمالىي رايونلاردىكى ئالتە ئۆلكىدە كېچىدە مېڭىشنى مەنئى قىلىشنى ھەر كۈنى ئالتە يېرىم سائەت يولغا قويۇشنى جاكارلىدى. بۇ 1988 ـ يىلىدىن بۇيان، كېچىدە مېڭىشنى 3 ـ قېتىم چەكلەش بولدى. كېچىدە مېڭىش چەكلىنىدىغان رايون 1993 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئالجىر ئەتراپىدىكى توققۇز ئۆلكىگە كېڭەيتىلدى.
جامائەت پىكرىنىڭ يېتەكلىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، 1989 ـ يىلى ئاخبارات قانۇنى ئېلان قىلىندى، لېكىن يولغا قويۇلمىدى. 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تەشۋىقات مىنىستىرى بەزى گېزىتلەرنىڭ «جىنايەتچىلەر ۋە قاتىللار

ئۈچۈن» تەشۋىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاخبارات قانۇنىنى «يولغا قويىدۇ»غانلىقىنى ئېيتتى. 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ھەرىكەت قوللىنىپ، ئىسلام ھەرىكىتىگە يېقىنلاشقان فرانسۇز تىلىدا چىقىدىغان «مىللەت گېزىتى» ۋە ئەرەبچە چىقىدىغان «يۈزلىنىش» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنالنى بىر ئاي پېچەتلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئالجىرىيىدىكى ئەرەبچە ئەڭ چوڭ گېزىت «خەۋەرلەر گېزىتى»نى پېچەتلىدى. بۇرۇنقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ـ خەلق فرونتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «سۆزلىشىش گېزىتى»نى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پېچەتلىدى. ئالجىرىيىدە فرانسۇزچە چىقىدىغان ئەڭ چوڭ گېزىت — «ۋەتەن گېزىتى»گە ئىككى ھەپتە توختىتىش بۇيرۇقى بېرىلدى.

(2) ئىسلام فرونتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى قولغا ئېلىندى

1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېۋىزىيە بىناسىنىڭ ئالدىدا ئەلى بەلھاجى قولغا ئېلىندى. شۇ كۈنى ژاندارمىلار ئىسلام فرونتىنىڭ باش شتابىنى قورشىۋېلىپ ئابباس مەيدانىنى قولغا ئالدى. ئۇلار: «دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قوراللىق قوزغىلاڭنى پىلانلىدى، ئۇيۇشتۇردى، قوزغىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى» ۋە «ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولدى» دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بۇ فرونتىنىڭ باياناتچىسى مۇھەممەد سەئىدنى قولغا ئالدى. 9 ـ ئايدا خاسانىمۇ قولغا ئېلىندى. ئىسلام فرونتىنىڭ نەزەربەند قىلىنغان سەككىز رەھبىرى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاچلىق ئېلان قىلدى، ئىسلام فرونتىنىڭ بۇ رەھبەرلىرى ھەربىي سوتنىڭ بىزگە دائىر دېلولارنى سوراق قىلىش ھوقۇقى يوق، دەپ قاراپ، سوتنىڭ سورىقىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

ھەربىي سوت ئابباس مەيدانى بىلەن ئەلى بەلھاجىنىڭ ئۈچ خىل جىنايەت، يەنى «دۆلەتنىڭ ھوقۇقىغا قارشى تۆرۈشقا ئۈرۈندى ۋە سۇيىقەست قىلدى»، «خەلق ئىگىلىكىنىڭ نورمال ھەرىكەتلىنىشىگە زىيان يەتكۈزدى» ۋە «تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە، دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقاتتى» دېگەن جىنايەتنى جاكارلاپ، ھەر بىرىگە 12 يىللىقتىن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ئىسلام فرونتىنىڭ بۇلاردىن باشقا بەش رەھبىرىگە تۆت يىللىقتىن ئالتە يىللىققىچە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

خەۋەرلەردىن قارىغاندا، 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جىددىي ھالەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە غوللۇق ئادەملىرىنىڭ كۆپىنچىسى قولغا ئېلىندى. ئۈچ ئايدا 7 مىڭ ئادەم جەنۇبتىكى تۆتتۆپ تۆرۈش مەركىزىگە قامالدى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، جىددىي ھالەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە 9 مىڭ ئادەم تۆرمىگە سېلىنغان، بەزىلەر قاتتىق ئۇرۇپ سوراق قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىسلام فرونتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ئىكەن. 300 ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. قولغا ئېلىشمۇ، قويۇپ بېرىشمۇ بولۇپ تۇرغان. قولغا ئېلىش بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بەزى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن.

1992 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى سىياسىي پارتىيىلەر توغرىسىدا چىقىرىلغان قانۇنلارغا ئاساسەن تەدبىر قوللىنىپ، ئىسلام فرونتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى توختاتقان، ھەمدە ئىسلام فرونتىنى ئاخىر ئەمەلدىن قالدۇرغان.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ئىسلام فرونتى كونترول قىلىۋالغان 14 ئۆلكىدىكى خەلق پارلامېنتىنى

ۋە 397 شەھەر ـ بازاردىكى خەلق پارلامېنتىنى تارقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى . بۇنىڭدىن باشقا ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى «ئىسلام ھەرىكىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» ، خەير ـ ساخاۋەت ئورگىنى قاتارلىق ئىسلام فرونتى بىلەن ئالاقىسى بولغان تەشكىلاتلارنى ۋە ئىسلام فرونتىغا خىزمەت قىلىدىغان سودا شىركەتلىرىنى تارقىتىۋەتتى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى قوزغىغان زوراۋانلىق دولقۇنىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى «كىيىم ـ كېچەك ، سىرتقى ئالامەت ياكى قوراللىنىش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ قايسى ئىدىيىگە ، سىياسىيغا ۋە دىنىي مەزھەپكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان» قىلمىشلارنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

(3) ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنى ۋە قوراللىق ئۇنسۇرلارنى قاتتىق باستۇردى

1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھەربىي سوت رادىكاللاردىن 13 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بەردى . 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش توغرىسىدا پەرمان جاكارلىدى . ئىككى ئاي ئىچىدە ، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى قوراللىق ئۇنسۇرلارنىڭ قورال تاپشۇرۇپ ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولۇشىنى بەلگىلىدى . 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۆت ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىدى .

بەزى قوراللىق كىشىلەرگە ھۆكۈمەت قوراللىق باستۇرۇش فاڭجېنىنى قوللاندى . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ھۆكۈمەت تەدبىر قوللىنىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم پارتىزانلىرى بىلەن جەڭ قىلىدىغان ئارمىيە ۋە ساقچى كۈچىنى كۈچەيتتى . فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خەۋەر قىلىشىچە ، ئامانلىق قىسىملىرى بەش كۈندە ئىسلام قوراللىق تەشكىلاتىنىڭ 112 ئادىمىنى ئېتىۋەتكەن . 11 ـ ئايدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

421 قورالىق ئادەمنى ئېتىۋەتكەن . بىر يىلدا ئېتىۋېتىلگەنلەر 2 مىڭغا يەتكەن .

1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى خىللانغان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ ، ئالجىرنىڭ غەربىدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەين دېفلا تاغلىق رايونىدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم پارتىزانلىرىغا 30 ئاپتوموبىلدىن تەركىب تاپقان كالوننا بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ، نەچچە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن . 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئورمانلىقتىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان .

ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ، سەككىز رايوندا تېررورلۇققا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ ، 30 تېررورچىنى ئېتىۋەتتى . 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىر گۇرۇپپا قورallıق كىشىلەر ئالجىردىكى يۇقرالار بىناسىغا كىرىپ ، بىنادىكى ئادەمنى گۆرۈگە ئېلىپ ، ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى بىلەن تىركەشتى . ئىككى كۈندىن كېيىن ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى ھۇجۇم قوزغاپ ، تېررورچىلاردىن 16 ئادەمنى ئېتىۋەتتى .

(4) ئۆكتىچى پارتىيىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ، ئىسلام فرونتىنى يېتىم قالدۇردى

ئەلى كافى دۆلەت رەئىسلىكىنى ئۇستىگە ئالغاندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر بىلەن سۆزلىشىپ ، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي كىرىزىستىن قۇتۇلدۇغانلىقىنى جاكارلىدى . لېكىن ، ئىسلام فرونتىنى سادىرىدىن كېيىنكى سىياسىي رەھبەرلەر خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك ؛ سىياسىي گۇناھكارلارنى ، بولۇپمۇ ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبەرلىرىنى قويۇپ بېرىشى كېرەك ؛ ئىسلام فرونتىغا قارىتىلغان ھەر خىل قارار ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلدىن

قالدۇرۇشى كېرەك؛ خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر خىل توسالغۇلارنى تازىلاپ، خەلقنى دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىگە بولغان تاللىۋېلىشنى ئەركىن ئىپادىلىيەلەيدىغان قىلىشى، جۇملىدىن چوڭ سايلامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك، دەپ چىڭ تۇردى.

1994 - يىلى 1 - ئايدا زۇلال «ئۆتكۈنچى دەۋر»دىكى زۇڭتۇڭلۇققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتە سۆزلىشىپ، «زوراۋانلىقتىن ۋاز كەچكەن ھەممە سىياسىي پارتىيىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش» فاڭجېننى قوللاندى. تۈرمىگە بېرىپ ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئىسلام فرونتىنىڭ زوراۋانلىقتىن ۋاز كېچىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئىسلام فرونتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى رەھبىرىنى 2 - ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بەردى. ئىسلام فرونتىغا قاتتىق سىياسەت قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان زۇڭلى مالىك 4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. سىپى يېڭى زۇڭلىلىققا تەيىنلەندى. ئارمىيە 6 - ئايدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، قاتتىق قوللۇق تەرەپدارلىرى يۆتكىۋېتىلدى. زۇلال ئۆكتىچى پارتىيىلەرنى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبەرلىرىنى سۆزلىشىشنى قوبۇل قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. «ئۇلارنى تۈرمىگە بېرىپ ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە، ئىلھاملاندۇرۇدى.» ئۆكتىچى پارتىيىلەرنى ھۆكۈمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆتكۈنچى ئورگانلارغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى. 1994 - يىلى 8 - ئايدا زۇلال بۇرۇنقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە — مىللىي فرونت، سابىق زۇڭتۇڭ بىن بىللا رەھبەرلىك قىلغان ئالجىرىيە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى، ئالجىرىيىنى گۈللەندۈرۈش پارتىيىسى ۋە ئىسلام فرونتىدىكى ئىككى رادىكال گۇرۇھ: ئىسلام ئىجتىمائىي ھەرىكىتى، ئىسلامىيەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گوللەندۇرۇش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بەش سىياسىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. سوتسىيالىستىك فرونت، مەدەنىيەت ۋە دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، بىرلەشمە ھەرىكەت (بۇرۇنقى سوتسىيالىستىك ئاۋانگارتلار پارتىيىسى)دىن ئىبارەت ئۈچ پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. زۆلال بۇ قېتىمقى سۆزلىشىشنىڭ «ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار روھى ۋە زورراۋانلىقتىن ۋاز كېچىش روھى بويىچە بولىدۇ»غانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ ئۆكتىچى پارتىيىلەرنى سىياسىي «ئۆتكۈنچى ئورگانلىرى» (جۇملىدىن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى)غا قاتنىشىشقا مۇراجىئەت قىلدى. «ئەگەر سايلام ئۆتكۈزۈشنىڭ شەرتى پىشىپ يېتىلسە»، زۆڭتۇڭ ئۆتكۈنچى دەۋرنى قىسقارتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

زۆلال 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ، پارتىيىلەرنىڭ داھىيلىرى، ئۆكتىچىلەرنىڭ رەھبەرلىرىدىن 80 نەچچە ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئاڭلىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سۆزلىشىشى ئىجابىي ئۈنۈم بەردى. 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە يارىشىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 38 سىياسىي پارتىيە ۋە تەشكىلات «مەملىكەت بويىچە يارىشىش پروگراممىسى»نى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىملاشتى.

زۆلال بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئۆكتىچىلەرنى پارچىلاپ، «زورراۋان ئۆكتىچىلەر» بىلەن غەيرىي زورراۋان ئۆكتىچىلەرنى پەرقلەندۈردى.

### 2. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى

غەرب دۆلەتلىرى ئالجىرىيىنىڭ «دېموكراتىيە مۇساپىسىنى تېزلىتىپ»، «كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلىشى»نى ئۈمىد قىلىسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى (بولۇپمۇ

ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسەبىي تەرەپ)نىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇلار 1979 ـ يىلدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئالجىرىيىدە تەكرارلىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. ئامېرىكا تەھلىلچىلىرى ئەگەر ئالجىرىيىدە ئىسلام ھۆكۈمىتى پەيدا بولسا، پۈتكۈل شىمالىي ئافرىقا رايونىدا كۈچلۈك پىسخىك داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، مىسىر، تۇنىس ھەتتا ماراكەشتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتكە ئىلھام بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىسلام فرونتىنىڭ چەت ئەللەردىكى پائالىيەتلىرىگە بەزى چەكلەرنى قويدى. گېرمانىيە ئىسلام فرونتىنىڭ سىياسىي پائالىيەتچىلىرى پاناھلىنىدىغان ئەڭ چوڭ بازا ئىدى. لېكىن، 1993 ـ يىلدىن كېيىن كونترول قىلىندى. 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئىسلام فرونتىنىڭ رەئىسى ئابباس مەيدانىنىڭ ئوغلى ئۇسۇما مەيدانىنى قولغا ئالدى. چەت ئەللەردە ئىسلام فرونتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم ئەرباب راباق كەبىرمۇ 6 ـ ئايدا قولغا ئېلىندى. 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئىسلام فرونتىنىڭ ئورگان گېزىتىنىڭ فرانسىيىدە تارقىتىلىشىنى چەكلىدى.

ئالجىرىيە ئارمىيىسى قوللىغان ھۆكۈمەتنى غەرب دۆلەتلىرى قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولدى. لېكىن، ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولدى. ئامېرىكىدا چىقىدىغان «لوس ـ ئانژېلىس گېزىتى»نىڭ 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى ماقالىسىدە ئالجىرىيە «ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ كەمكۈتىسىز ساختىپەز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى»، «ئالجىرىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭدا ئالجىرىيە 1962 ـ يىلى فرانسىيىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى 30 يىلدا ئەمەل قىلىپ كەلگەن بىر پارتىيە سايلىمىدىن ئىبارەت ساختا قانۇنىيلىقمۇ قالمىدى»، «ئەسەبىيلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىدىن ساقلىنىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىردىنبىر ئۇسۇلى ئالجىرىيىدە دېموكراتىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ ھېسابلىدى. فرانسىيە بولسا، ئىسلام فرونتى غەربكە قارشى تۇرىدىغان ئېكستىرېمىزملىق تەشكىلات، ئەگەر بۇ تەشكىلات ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، «مۆلچەرلىگۈسىز ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ قارىدى. فرانسىيە ئالجىرىيىدىكى تەسىرىنى ساقلاپ قېلىشنى، ئالجىرىيىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئۈمىد قىلىپ، ئالجىرىيە ھۆكۈمىتىنى بىر مەھەل قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولدى. فرانسىيىدە چىقىدىغان «فىگارو گېزىتى» 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا بىر خىل «بىتەرەپ مەيدان» قوللاندى دېدى. لېكىن، ئالجىرىيىدىكى «ئىچكى ئۇرۇش» پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئىسلام فرونتى ھۇجۇم قىلىدىغان مۇھىم نىشان بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى ئايروپىلان بۇلاش ۋەقەسىدىن كېيىن، فرانسىيىمۇ ئاشۇ «مەيدان»غا يۈزلەندى. فرانسىيە زۇڭلىسى فرانسىيىنىڭ ئالجىرىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، ئالجىرىيە ھاكىمىيىتىنىمۇ، ئىسلام فرونتىنىمۇ قوللىمايدىغانلىقىنى، دېموكراتىيە تەرەپدارلىرىنى، يەنى بىتەرەپ لۇشيەنگە ئەمەل قىلىدىغان 3 ـ كۈچلەرنىلا قوللايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

### 3. كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى ئۆزگىرىش

ئىسلام فرونتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ھوقۇقدارلارغا ئېغىر تەھدىت بولدى. 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى يەرلىك پارلامېنت سايلىمىدا، 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى پاراكەندىچىلىك ۋە 1991 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى پارلامېنت سايلىمىدا ئىسلام فرونتى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، شۇ چاغدىكى ئالجىرىيە ۋەزىيىتىدە «كرىزىس» پەيدا بولغانىدى. لېكىن،

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن ، ئىسلام فرونتى ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى . ئارمىيە ۋە ئارمىيە قوللىغان ھۆكۈمەت ئۈنىڭغا ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان توساق بولدى . قانۇنلۇق كۈرەش توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى . بەزى ئەسەبىيلەر شۇغۇللانغان تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمىدى . سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇشى ، بولۇپمۇ تېررورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . ھۆكۈمەتنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، 1992 - يىلى 2 - ئايدىن 1993 - يىلى 12 - ئايغىچە ئالجىرىيىدە 10 مىڭ ئادەم ئۆلدى ، 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى زىيان بولدى . 1996 - يىلى 7 - ئايدا ئۆلگەنلەر 50 مىڭغا يەتتى . كىشىلەر خەۋپسىزلىك ۋە مۇقىملىقنى ئارزۇ قىلدى . بۇھال 1988 - ، 1990 - ۋە 1991 - يىللاردىكى ئەھۋالدىن پەرقلەندى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ھۆكۈمەت ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش ۋە سىياسىي جەھەتتە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ، ئورنىنى ياخشىلىدى . شۇڭا ، كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ھۆكۈمەتكە پايدىلىق ئۆزگىرىشلەر بولدى . بۇنى 1995 - يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . شۇ قېتىمقى سايلامدا 12 مىليون ئادەم ئاۋاز بېرىپ ، سايلىغۇچىلارنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى .

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ، ئۆكتىچى پارتىيىلەرمۇ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى . ئالجىرىيىدىكى سەككىز ئۆكتىچى پارتىيە 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە رىمدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، 1995 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي فرونت ، سوتسىيالىستىك فرونت ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىسلام فرونتى قاتارلىق ئۆكتىچى پارتىيىلەر رىم كاتولىك دىنى ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ،

رىمدا 2 ـ نۆۋەتلىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى . 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىسلام فرونتى بىلەن باشقا ئۆكتىچىلەر «ئالجىرىيەدىكى كرىزىسنى تىنچ سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي ھۆججەتلىرى»نى ئىمزالىدى . بۇ ھۆججەت زوراۋانلىقنى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋە ھاكىمىيەتنى قوغداشنىڭ قورالى قىلىشقا قارشى تۇرۇش ، كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىش ۋە سايلام ئارقىلىق سىياسىينى ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش ؛ شەخسلەر ۋە كوللېكتىپنىڭ ئاساسىي ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ؛ ئىرق ، جىنس ، ئېتىقاد ۋە تىل ئايرىماسلىق ؛ ئىسلام فرونتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋە بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش ؛ ھۆكۈمەت ۋە ئۆكتىچىلەردىن تەركىب تاپقان ئۆتكۈنچى ئورگان قۇرۇشقا تەكلىپ بېرىش ، ئەركىن سايلام قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى . يىغىنغا قاتناشقانلار ئادەتتىكى پۇقرالارغا ۋە چەت ئەللىكلەرگە جىسمانىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنى توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى . فرانسىيە بۇ تەسەۋۋۇرلارنى ئالجىرىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ ، دەپ قارىدى . لېكىن ، ئالجىرىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭدا مەسىلىنى خەلقئارالاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ، بۇ ئالجىرىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق دەپ ھېسابلىدى . فرانسىيە زۇڭتۇڭى 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئالجىرىيەدىكى ھەرقايسى تەرەپلەر قاتناشقان يىغىن ئۇيۇشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى . ئالجىرىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ ، بۇ ئالجىرىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق دەپ قارىدى ، ھەمدە فرانسىيەدىكى باش ئەلچىسىنى ياندۇرۇپ كەلدى . بۇ ھەرىكەتلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى .

ئالجىرىيىدىكى ھازىرقى .زامان ئىسلامىزمىنىڭ كېيىنكى گۈللىنىشى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يارىشىشنىڭ تەرەققىياتىغا ، جۈملىدىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئىسلام فرونتى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا قوللانغان سىياستى ، غەرب دۆلەتلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتىنىڭ ئۆزى قوللانغان ئۇسۇلى قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ . ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر سىياسىي جەھەتتە داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى ئىمكانقەدەر تېز ئاخىرلاشتۇرۇپ ، خەۋپسىز ، مۇقىم مۇھىتتا ياشاشنى ئۈمىد قىلىدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى مەملىكەت ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە پاكلىق جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە باغلىق بولىدۇ . ئالجىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىكنى تەڭشەش دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم بەردى ، ئىقتىسادىي ئەھۋال تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا باشلىدى . 1995 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە نېفىت باھاسىنىڭ ئۆرلىشىمۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يېڭى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى . 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئالجىرىيە زۇڭتۇڭلىسى تىلىمسېندىكى كادىرلار يىغىنىدا ھۆكۈمەت «خىيانەتچىلىككە ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىپ ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى .» دېدى . بۇ كۈرەش ئەگەر غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلسا ، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغىمۇ پايدىلىق بولىدۇ . ئەلۋەتتە ، تەرەققىياتتا ئەگرى ـ توقايلىقنىڭ پەيدا بولۇشىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ .

چوڭ يۈزلىنىشتىن قارىغاندا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرى غەربىي ئاسىيا ، شىمالىي ئافرىقىدا ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ . ئالجىرىيىدە دىندىن تاشقىرىلىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بەزى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولالىشى مۇمكىن بولسىمۇ ، لېكىن ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ ، شەرىئەتنى يولغا قويالىشىغا توسالغۇ ناھايىتى كۆپ ، ئۇ توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ كېتەلىشى ناھايىتى قىيىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

سەككىزىنچى باب

# ۋەھھابىزىم ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزىم

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن ۋەھھابىزىم بىر خىل ئەنئەنىۋى ئىسلامىزىم بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزىمدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن، XX ئەسىرگە قەدەم باسقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلغان «نېفىت گۈللىنىشى»نى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، ۋەھھابىزىمغا ئەمەل قىلىدىغان ھوقۇقدارلار كۆز قاراش ۋە ئۇسۇلدا بۇرۇنقىدىن پەرقلىنىدىغان بولدى. لېكىن، بۇنداق روشەن «ھازىرقى زامان» تۈسىگە ئىگە ئىسلامىزىم بىلەن كىتابىمىزدا تەھلىل قىلىنغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇ ئەنئەنىۋى ئىسلامىزىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان، ھازىرقى زاماننىڭ بەزى تۈسلىرىنى ئالغان ئىسلامىزمدۇر.

ۋەھھابىزىم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب (1703 — 1787) بولۇپ، ئۇ 1745 ـ يىلى نەجد رايونىدىكى خەلىپە مۇھەممەد سەئۇدى (1765 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بىلەن ھاكىمىيەت ۋە دىن ئىتتىپاقى تۈزۈپ ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ تەقدىرىنى بىرگە تۇتاشتۇردى. ئەرەب يېرىم

ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، پادىشاھلىق قۇرۇشنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ ، ئىككى قېتىملىق گۈللىنىش ۋە خارابلىششنى باستىن كەچۈرۈپ ، 1932 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنى قۇردى ، ۋەھھابىزم بۇ پادىشاھلىقنىڭ ھۆرمەتلىنىدىغان مەزھىپى بولۇپ قالدى . ۋەھھابىزم ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە ساقلىنىپ قالغان بىر تارماق بولغاچقا ، «ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم» دەپ ئاتالغان (ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى باب 2 ـ پاراگرافتىن ئوقۇڭ ) . زامانىمىزدىكى ئىسلام دۇنياسىدا ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، 30 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان .

XX ئەسىرنىڭ 40 ـ ، 60 ـ يىللىرىدا دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى ، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى قىيىن ئەھۋالدا قالدى ، ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم ھەرىكىتى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى . بىر مەزگىل ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئارقىلىق ، بولۇپمۇ نېفىتنى ئېچىپ كىرىمنى كۆپەيتكەندىن كېيىن ، دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەسلىگە كەلدى . 60 ـ يىللاردا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈچىيىپ ، خەلقئارادىكى ئورنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . بۇ قېتىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، دۆلەت كۈچەيگەنلىكتىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەككە ـ مەدىنە جايلاشقان دۆلەت بولۇشتەك دىنىي شۆھرەت ۋە تارىخىي ئورۇندىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولغانلىقتىن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى دۇنيادىكى ئىسلامىزمنىڭ يېتەكچىسى بولدى . ۋەھھابىزم دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت كۈچىگە ۋە ئىقتىسادىي قۇدرىتىگە تايىنىپ ، خەلق ئارىسىدىكى پان ئىسلامىزم نامى بىلەن پۈتۈن دۇنيادا دىنىي تەبلىغات پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ

www.uyghurkitap.com

قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارادا قويۇق ئىسلام كەيپىياتىنى شەكىللەندۇردى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى قايتا باش كۆتۈردى، ھەمدە ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەپ كەلدى. لېكىن، ۋەھھابىزىم بىلەن داڭق چىقارغان ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە نېفىت ئىگىلىكىنىڭ كۈچىگە ھەم ئىسلام دىنىدىكى ئالاھىدە تارىخىي ئورنىغا تايىنىپ، چوڭ رول ئويناپ كەلدى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ئاجىزلىشىپ، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت بىلەن تىركىشىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ئىسلام دۇنياسىدا كۈندىن ـ كۈنگە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمەل قىلغان «ۋەھھابىزىم» ۋە «سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەندىزىسى»گە دۇنيادىكى دۆلەتلەر يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان بولدى.

شۇڭا بۇ بابتا بۇگۈنكى ۋەھھابىزم ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھازىرقى ئىسلامىزمنى مەركەزلىك تەتقىق قىلىمىز.

## §1 . دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ يېڭى مۇناسىۋىتى

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن سەئۇدى جەمەتى بىلەن ۋەھھابىزمنىڭ مۇناسىۋىتىدە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىش بۇگۈنكى ۋەھھابىزمنى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم.

### *1. ھاكىمىيەت بىلەن دىننىڭ ئىتتىپاقى يېڭى ئاساسقا ئىگە بولدى*

XVIII ئەسىردە ۋەھھابىزم بىلەن سەئۇدى جەمەتى تۈزگەن

ئىتتىپاقىنىڭ دىنىي ئاساسى قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتىش ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈشتىن ، سىياسىي ئاساسى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى . 1932 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندا بۇ تارىخىي ۋەزىپە ئورۇندالدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ۋەھھابىزىم بىلەن سەئۇدى جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى . ئىتتىپاقنىڭ ئاساسى يەنىلا دىن ۋە سىياسىيدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى ، دىنىي جەھەتتە ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ دىندىكى قانۇنىيلىقىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى يېتەكچى ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ ، ئىسلام كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بۇرالغانلىقىدا ئىپادىلەندى ؛ سىياسىي جەھەتتە ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ياردەملىشىشتىن ئوردا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى كېلىشتۈرۈشكە ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى يېڭىلاشنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىشقا بۇرالدى .

ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئاھالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە كۆپ ساندىكى كىشىلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ، ئاز ساندىكى كىشىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى . بۇ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ، يېرىم چارۋىچىلىق ، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىنتايىن بېكىنمە جەمئىيەت بولۇپ ، كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن قەبىلە باشلىقى تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان قەبىلە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى كەيپىياتى ئىچىدە ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. لېكىن، 60 ـ يىللاردىن بۇيان پادىشاھلىق زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلاشقا تەييارلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ۋە تەشكىلىي ئورگانلىرىنى چوڭ ئىسلاھ قىلىپ، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقانلىقتىن ۋە قۇرۇلۇشتا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى جەمئىيىتى جىددىي ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىردى. «قەدىمكى پادىشاھلىق»نىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپ، مۇئەييەن «زامانىۋىلاشقان سەۋىيە»گە ئىگە، «نېفىت پادىشاھلىقى»، «پۇل مۇئامىلە پادىشاھلىقى» ۋە «يۇقىرى پاراۋانلىق پادىشاھلىقى» نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان دۆلەتكە ئۆزگەردى. پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھاياتتا ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە چوڭ ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ. پادىشاھلىق تۈزۈمدە ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ فونكسىيىسىدە ۋە تەشكىلىي ئورگانلىرىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلار بولدى. مەسىلەن، 1932 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندا، ھۆكۈمەتتە يالغۇز تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەسىس قىلىنغانىدى. 1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭى پادىشاھ خالىد ۋەزىرلەر يىغىنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەندىن كېيىن، 20 مىنىستىرلىق ۋە كومىتېت تەسىس قىلىندى. ئوردىنىڭ بەش ئەزاسى مىنىستىرلىق ۋە كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، قالغان مىنىستىرلىق، كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىكىنى يېڭى ئادەملەر ئۈستىگە ئالدى. يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن 28 ۋەزىرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 55 ياشنىڭ ئاستىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ

كۆپىنچىسى غەربتە تەربىيىلەنگەن ، 22 ئادەم دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان .

سەئۇدى ئەرەبىستانى دۆلىتىدە شۇنچە چوڭ تەرەققىياتلار بولغان بولسىمۇ ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئىتتىپاق تۈزگەن ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكى ئاساسىي پرىنسىپلارغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدى : (1) پادىشاھ ۋەھھابىي مەزھىپىنىڭ ئىماملىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالىي دىنىي داھىيسى بولىدۇ ؛ (2) دىن پەقەت دىنىي ئىدارە قىلىدۇ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ ؛ (3) ھاكىمىيەت ۋەھھابىي مەزھىپىگە ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ ؛ (4) دىن ئوردىغا سادىق بولۇپ ، سەمىمىيلىك بىلەن ياردەملىشىدۇ . ھاكىمىيەت بىلەن دىن تەقدىرداش بولىدۇ . ئوردا ھۆكۈمىتى ۋەھھابىزمدىن ئايرىلىپ كەتسە ، ئۆز دۆلىتىدە ۋە ئىسلام دۇنياسىدا ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قانۇنىيلىقلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ ، پۈتۈن مەملىكەت مۇسۇلمانلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنمايدۇ ؛ ۋەھھابىزم ئەگەر ئوردا ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ كەتسە ، شۇنداق سادىق قوللىغۇچى ۋە كۈچلۈك ئارقا تىرەكنى تاپالمايدۇ . شۇڭا ، ئىككىسى ئۇزۇن مۇددەت بىردەك ماسلىشىپ ، زىچ ھەمكارلىشىپ ، دۆلەتنى ئورتاق ئىدارە قىلىپ كەلدى .

## 2 . يېڭى ئاساستا پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ ئىتتىپاقتىكى رەھبەرلىك ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلدى

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىدا پادىشاھ دۆلەت باشلىقى بولۇپ ، دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ . سىرتقا قارىتا دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەم دۆلەت قوراللىق قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى ، قوشۇمچە ۋەزىرلەر يىغىنىنىڭ رەئىسى (ئىچكى كابىنېتنىڭ باش ۋەزىرى ) بولۇپ ، ئالىي مەمۇرىي ھوقۇق ۋە

www.uyghurkitap.com

ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ۋەزىرلەرنى، ئۆلكە باشلىقلىرىنى، چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەرنى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى پادىشاھ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ.

لېكىن، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا كىشىگە ئالاھىدە تۇيۇلىدىغىنى شۇكى، پادىشاھنىڭ دۆلەت باشلىقى سۈپىتىدە ئارمىيە، ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقى ئەمەس، بەلكى پادىشاھلىقنى ساقلاپ تۇرغان ئىسلام ئالاھىدىلىكى بولۇپ، پۈتكۈل دۆلەت كۈچلۈك ئىسلام كەيپىياتىدا بولۇش بىلەن بىللە، پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىتتىپاقتىكى رەھبەرلىك ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇھال تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) پادىشاھ «مەككە ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى مۇقەددەس جاينىڭ چاكىرى» بولۇپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ دىني جەھەتتىكى قانۇنىيلىقلىقى ۋە نەسەبچىلىكلىكىنى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ئىپادىلەيدۇ؛ (2) پادىشاھ مەملىكەت بويىچە ئالىي دىني داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت مۇپتىسىنى تەيىنلەش، دۆلەتنىڭ ئالىي دىني ئورگىنى — «يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار يىغىنى» ۋە «يۇقىرى دەرىجىلىك قازىلار يىغىنى» قۇرۇشنى قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ ئىلاھ بەرگەن خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. پادىشاھ «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغان «ئىش ئۈستىدىكىلەر»دىن بولۇپ، بارلىق مۇسۇلمان ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك؛ (3) شەرىئەتنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش پادىشاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە تۆت خەلىپىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى، زېمىننى ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ (4) ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئىسرائىلىيىنىڭ ئېرۇسالىمنى ئىشغال

قىلمۇبلىشىغا قارشى تۇرۇپ ، پادىشاھنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان قەتئىيلىكىنى ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . چۈنكى ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچىنچى مۇقەددەس جايى — ئەقسا مەسچىتى بار . «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەنى ئىسرائىل سۈرىسىدە ئاللا بىر كېچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «مەسجىدۇل ھەرەمدىن مەسجىدۇل ئەقساغا يەتكۈزدى .»[1] دېيىلگەن .

## 3 . يېڭى ئاساس دىنىي ھوقۇقنىڭ ئىتتىپاقلىكى يارەملىشىش ئورنىنى بەلگىلىدى

بۇ ئەنئەنىۋى ئىسلامىزىم بىلەن ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ تۈپ ئىختىلاپلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئەنئەنىۋى ئىسلامىزىم سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ، ئاندىن پۈتۈن دۇنيادا پاك دىنىي ئېتىقادنى ، ئىبادەتكە ئەمەل قىلىشنى ، شەرىئەتنى يولغا قويۇشنى ۋە دىنىي ئەخلاقتا بويسۇنۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ ؛ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئاۋۋال ئۆز دۆلىتىدە ، ئاندىن پۈتۈن دۇنيادا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى تىكلەپ ، دۇنياغا ئىسلام دىنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت .

دىنىنىڭ كونىلىقنى ساقلايدىغان تەرىپى بولىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىيسىغا خىزمەت قىلىدىغان تەرىپىمۇ ، دۇنيادىكى دۆلەتلەردە ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلدى . غەرب

---

① بۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسە بولۇپ ، مىلادىيە 621 يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچىدە جىبرىئىل پەرىشتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ ، بۇراقتا مىنىپ مەككىدىن ئېرۇسالىمغا كېلىپ ، ئۇ يەردە بىر تاشنىڭ ئۈستىدىن ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ يەتتە قات ئاسمانغا چىقىپ ، ئۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالام ، يەھيا ئەلەيھىسسالام ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قاتارلىق كىشىلەرنى كۆرۈپ ، تاڭ ئاتقاندا مەككىگە يېنىپ كەلگەن . ئاشۇ تاش مەشھۇر «بۇراق تاش تام» بولۇپ ، ھازىرقى سەخرە مەسچىتىنىڭ ئىچىدە ، بۇ مەسچىت 686 ـ يىلى سېلىنغان ئەقسا مەسچىتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇنياسى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، لېكىن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. لېكىن بۇ ئىش ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللەنگەن، دىندىن تاشقىرىلىق دىنىنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، دىن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئورۇندىن دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتكە بويسۇنۇپ، دۆلەت سىياسىيسىغا خىزمەت قىلىدىغان ئورۇنغا چۈشكەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى. ۋەھھابىزىم سەئۇدى ئەرەبىستانىدا پادىشاھقا ياردەملىشىدىغان ئورۇندا تۇردى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنىۋى قۇدرىتى ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ، كۆچلۈك ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، پادىشاھلىقنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، دىنىي ئېتىقادنى قوغداش، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھات سىياسىتىنى يولغا قويۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم كاپالىتى بولدى. ئەگەر خەلق كۆچلۈك ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە مەنىۋى قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان بولسا، ئەگەر ھاكىمىيەت مۇستەھكەملەنمىگەن، دىنىي ئېتىقاد ساقلىنىپ قالمىغان، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىم بولمىغان، ئىسلاھات سىياسىتىنىڭ قانۇنىيلىقلىقى ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنمىغان بولسا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى.

ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش جەريانىدا ۋەھھابىزىمچى ئۆلىمالار باشتىن - ئاخىرىغىچە «ئۆز بۇرچى»غا — ياردەمچى بولۇش رولىغا ئەمەل قىلدى، يەنى ئۆزىنىڭ «ئەنئەنىۋى تەۋەلىكى» تەسىرىگە ئۇچراپ، كىچىكلەپ كەتسىمۇ، پادىشاھ قارار قىلسا، ئۇلار قارارنى قوبۇل قىلدى. مەسىلەن، ئۆلىمالار سەئۇدى جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە

ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلسىمۇ ، لېكىن ئوردىدىكى زىددىيەتلەرگە ، ھوقۇق تەقسىماتى ياكى تالاش - تارتىشقا ئەزەلدىن ئارىلاشماي ، بىتەرەپلىكنى ساقلاپ ، قايسى تەرەپ غەلىبە قىلسا ، شۇ تەرەپنى ھىمايە قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۆزىنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن چەتكە ئالغاندىن باشقا ، ئۆزىنى كۈچلۈكلەرنى قوللايدىغان پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە قىلدى . چۈنكى ، غەلىبە قىلغۇچى كۈچلۈك بولىدۇ . 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ئوردىدا «دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان پادىشاھ سەئۇدى ھاكىمىيەتنى داۋاملىق ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى ھوقۇقنى قابىلىيەتلىك ۋەلىئەھد فايسالغا تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە ئېغىر كرىزىس پەيدا بولغاندا ، ئۆلىمالار ئىزچىل بىتەرەپ پوزىتسىيە قوللاندى . يېڭىش - يېڭىلىش ئايدىڭلاشقاندا ، 12 ئۆلىما ئىككى نۇقتىلىق بايانات ئېلان قىلدى : (1) پادىشاھ سەئۇدى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى ، ھۆرمەتلىنىشى كېرەك ؛ (2) ۋەلىئەھد ، ۋەزىرلەر يىغىنىنىڭ رەئىسى فايسال ئىچكى تاشقى ئىشلارغا رىياسەتلىك قىلىدۇ . پادىشاھ ئورنىدا بولسۇن - بولمىسۇن ، بۇ ھوقۇقلار پادىشاھنىڭ قولىغا قايتمايدۇ . 1964 - يىلى فايسال پادىشاھ بولۇپ ، ئالتە يىل داۋاملاشقان تالاش - تارتىش ئاخىرلاشتى . يەنە ئالايلى ، دىنىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئورنى كۈندىن - كۈنگە كىچىكلىتىلدى ، دىندىن تاشقىرى مائارىپ ساھەسى تېز كېڭەيتىلدى . ئۆلىمالار دۆلەت قۇرۇشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى قوللىدى . ۋەھھابىزم بىلەن زادى چىقىشالمايدىغان قىزلار مەكتىپى قۇرۇشنىمۇ ئۇلار تەدرىجىي قوبۇل قىلدى . دەسلەپ قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى . نەچچە يىلدىن كېيىن قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇرۇلدى . يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن قىزلار ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇلدى . بۈگۈنكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مۇنداق يېڭى تەرەققىياتلار ئاز ئەمەس . بەزى ئۇبزۇرچىلار بۇنى ۋەھھابىزمنىڭ مەغلۇبىيىتى دەيدۇ . لېكىن ، كۆپ ساندىكى ئوبزورچىلار بۇ ۋەھھابىزمدىكى ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىنىش ، بۇنداق ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىنىش جىمجىت ، ئاستا داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يېڭى دەۋردىمۇ هاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىغانلىقىنىڭ سىرى مانا شۇ يەردە ، دەپ قارىدى .

## § 2 . ۋەھھابىزمنىڭ يېڭى رولى

دۆلەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە هاكىمىيەت بىلەن دىن ئىتتىپاقىنىڭ مەزمۇنىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ، ۋەھھابىزم يېڭى ۋەزىپىلەرنى كۆتۈۋالدى . شۇنداقلا ، دەۋرنىڭ جىددىي رىقابىتىگە دۇچ كەلدى . يېڭى رولى بولمىسا ، مەۋجۇت بولالمايدۇ ، جانلىقلىق ۋە يېڭى تەرەققىيات بولمىسا ، يېڭى رىقابەتنى كۆتۈۋالالمايدۇ . ۋەھھابىزم دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ۋە تەلىپىنى ئانچە ـ مۇنچە چۈشىنىپ ، دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، يېڭى ۋەزىيەتتە يېڭى رول ئوينىيالىدى . شۇڭا ، بۈگۈنكى ۋەھھابىزمغا ئەسىردىكى كونا نەزەر بىلەن قاراشقا بولمايدۇ . ئۇنىڭ يېڭى XVIII رولى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ :

### *1 . سەئۇدى ئەرەبىستانى هاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قانۇنىيلىقىنى كاپالەتلەندۈردى*

سەئۇدى ئەرەبىستانى هاكىمىيىتىنىڭ ئىشلىرىنى ، بولۇپمۇ چوڭ تەدبىرلىرىنى پۈقرا ئېتىراپ قىلىش ۋە قوللاش بىلەن

بىللە ، ۋەھھابىزىم ئۆلىمالىرىمۇ مەسلىھەت بېرىشى ۋە قوللىشى ، ھەمدە ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى دىنىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشى ، ھەتتا پەتىۋا چىقىرىپ ۋە كلاسسىك ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك .

ۋەھھابىزمنىڭ رولى ئۇنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ . بەلكى ئۇنىڭ بىر يۈرۈش دىنىي ئورگانلىرى ۋە تەشكىللىرى ئارقىلىق بۇ تەشەببۇسلارنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كەڭ ئومۇملاشتۇرىدۇ . بەزى ئورگانلارنىڭ دىنىي ۋە مەمۇرىي رولى بولىدۇ . بۇ دىنىي ئورگانلار ۋە تەشكىللەرنىڭ مەركەز دەرىجىلىكلىرىدىكى دىنىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان مۆپتىلىرى كېيىن «يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار يىغىنى»غا ئۆزگەرتىلدى . ئەدلىيە جەھەتتە «يۇقىرى دەرىجىلىك قازىلار يىغىنى» ، دىنىي نەزەرىيىۋى سىياسەتلەرنى تەتقىق - تەشۋىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە «تەشۋىقات ۋە يېتەكچىلىك ئىدارىسى» قۇرۇلدى . مەركەزدىن يەرلىككىچە ئەدلىيە جەھەتتە ئۈچ دەرىجىلىك مەھكىمە شەرئى قۇرۇلدى ، دىنىي ئەخلاقنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە «ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ ، يامانلىقتىن توساش جەمئىيىتى» قۇرۇلدى ، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ۋە شەرىئەتكە بويسۇنۇشنى نازارەت قىلىشنى مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى مەسچىتلەر ئۈستىگە ئالدى . دېمەك ، دۆلەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ۋەھھابىزمنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى . بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە مىسال بىلەن چۈشەندۈرىمىز : بىرىنچى مىسال شۇكى ، 70 - يىللاردىن ئىلگىرى دۆلەت ئۆزۈن مۇددەت بېكىنمە ھالەتتە تۇرغانلىقتىن ، نۇرغۇن كىشىلەر غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈشنى چۈشەنمەيتتى ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىناتتى . مەسىلەن ، رادىئو ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىشكە قارشى تۇراتتى . «تۆمۈرنىڭ سۆز قىلالىشى زامان ئاخىرىنىڭ بېشارىتى» دېگەن

باھانىنى كۆرستەتتى . ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن ئۆلىمالارغا خىزمەت ئىشلىدى ، بولۇپمۇ ئۇلارنى بۇ «غەلىتە نەرسە»نى كۆرۈپ بېقىشقا ، بۇ «غەلىتە نەرسە»دىن چىققان «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلغان ياڭراق ئاۋازنى ئاڭلاپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى . ئۇلار بۇ نەرسىنىڭ ئاللانىڭ سۆزىنى تارقىتالايدىغان ئاجايىپ رولىنى كۆردى . ئۇلار رادىئونى قوبۇل قىلدى . ئاندىن كۆپچىلىككە ئەجنەبىيلەرنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىسلام روھىغا خىلاپ ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى . بۇنى كۆپچىلىكمۇ ناھايىتى تېز قوبۇل قىلدى . پەن ـ تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈشتىكى ئىدىيىۋى توسالغۇلار شۇنىڭ بىلەن تۈگىتىلدى . 2 ـ مىسال شۇكى ، 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بىر تۈركۈم قوراللىق كىشىلەر مەسجىدۇل ھەرەمگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى ۋە مەسچىتنى ئىشغال قىلىۋالدى . ئۇلار يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلار ئارقىلىق كىشىلەرنى سەئۇدى جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە چاقىردى . ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە مەسچىتتە زوراۋانلىق قىلىشقا ۋە قان تۆكۈشكە بولمايتتى . مەسجىدۇل ھەرەمدە ئۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايتتى . ۋەھالەنكى ، قوراللىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى پادىشاھلىقنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالدى . پادىشاھ خالىد بىننى سەئۇد دەرھال ئۆلىمالارنى يىغىپ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى . مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۆلىمالار ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرۇشقا ماقۇل بولدى . ئۆلىمالار قوللىغانلىقتىن ، ئارمىيىنىڭ ھەرىكىتى پادىشاھنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن ، شەرىئەتكىمۇ ئۇيغۇن بولدى . نەتىجىدە ، 115 ئادەم ئېتىۋېتىلدى ، 170 ئادەم تىرىك تۇتۇلدى . بىر ئايدىن كېيىن مەملىكەتلىك باش ئۆلىما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 67 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى .

3 ـ مىسال شۇكى ، پارس قولتۇقى كرىزىسىدا ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشى مەزگىلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنى نەزەرگە ئېلىپ ، كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كىرىشىگە قوشۇلدى . ئۇلار ئاساسلىقى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بولۇپ ، ئادەم سانى 500 مىڭغا يېتەتتى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايال ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى . يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار يىغىنى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى قەتئىي قوللاپ ، كۆپ دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ كىرىشىگە يول قويۇش توغرىسىدا ئالاھىدە پەتىۋا چاكارلىدى . قارشى تۇرغۇچىلارنى «دىنغا چىڭ بولۇش ، سىياسىيدىن يىراق تۇرۇش» ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى . ھۆكۈمەت بۇيرۇقى بىلەن دىنىي بۇيرۇق تەڭ چۈشۈۋىدى ، پۈتۈن مەملىكەت بويسۇندى ، ئەسكەر كىرىش مەسىلىسىمۇ «ھەل» بولدى .

## 2 . ئىسلامىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش گۈتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يارىشتۇرۇلدى

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى» ئەمەلىيەتتە ئىسلامىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ئىككى قىسىم مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ھەم ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورتاقلىققا ئىگە ، ھەم ئىدېئولوگىيە ۋە ئېتىقادتىكى پەرقلەرگە ئىگە . سەئۇدى ئەرەبىستانىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ھەل قىلىدىغان مەسىلە جەمئىيەتنى ۋە ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئىدېئولوگىيە ۋە ئېتىقادتا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەبىلىلەر ئىدېئولوگىيىسى بىلەن چەكلىنىدۇ . دېمەك ، دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتىشكە بولمىغاننى ھېسابقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالمىغاندا ، باشقا ھەممە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى — ئاساسلىقى ماددىي مەدەنىيلىكنى ۋە ماددىي مەدەنىيلىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىدىيىۋى ئاڭنى ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ . بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېرىشىپ تېزلىتىپ ، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىش كېرەك . شۇڭا ، سەئۇدى ئەرەبىستانى زامانىۋاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان بۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى ئىسلاھ قىلدى . ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان بۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەر ئۇزۇن مۇددەت بېكىنمىلىك ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان . ئىسلاھات ھەر خىل توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىسىمۇ ، لېكىن ئۇنى تۈگىتىش ئاسانراق بولىدۇ . شۇڭا ، ھۆكۈمەت تەشۋىق قىلىش ، چۈشەندۈرۈش ، ئۈلگە كۆرسىتىش ، تەدرىجىي ئىلگىرىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە ، ئىشكنى چوڭراق ئېچىۋېتىپ ئىشلىدى ، قەدەمنى تېزرەك باسقىلى بولسا ، تېزرەك باستى ، كۆچنى چوڭراق سەرپ قىلغىلى بولسا ، چوڭراق سەرپ قىلدى .

شۇڭا ، زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئېتىقادىنىڭ مۇناسىۋىتىگە مەركەزلىشىپ قالدى . سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ۋەھھابى مەزھىپىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ، ئىسلام دىنىنى پادىشاھلىق دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىي قىلغان ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ . شۇڭا ، ئىسلام ئېتىقادىنى قىلچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ ، ئاجىزلاشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ . لېكىن ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسەت ـ ئەقىدىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە ئېنىق بەلگىلەنگەن ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس بولسا مىلادىيە VII ئەسىردە بارلىققا كەلگەن . شۇڭا ، XX ئەسىردىكى نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەر توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق بەلگىلىمە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

شەرىئەتنىڭ مەزمۇنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . بۇنىڭ بىر قىسمى ، قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق بەلگىلەنگەن ئەقىدە ـ تەلىماتلار مۇسۇلمانلار ئورتاق ئېتىراپ قىلغان مەڭگۈلۈك ئەقىدىلەر بولۇپ ، ھېچقانداق ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ ؛ يەنە بىر قىسمى ، كېيىنكى فەقىھلەر ياكى خەلىپىلەر ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن يېڭىدىن تۈزۈپ چىققان قائىدىلەر بولۇپ ، بۇ قائىدىلەر «مەڭگۈلۈك ئەقىدىلەر»گە مەنسۇپ بولمايدۇ . شۇڭا ، كېيىنكىلەر تولۇقلىسا ، ئۆزگەرتسە ، تەرەققىي قىلدۇرسا ياكى ئىسلام دىنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن ئىجتىھاتتىن پايدىلىنىپ يېڭىۋاشتىن تەكشۈرسە ، شەرھلىسە ، تۈزەتسە ، ئەمەلدىن قالدۇرسا ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، ھەر خىل يېڭى قانۇن ۋە قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ . ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلمىسا ، شۇنداق قىلىشقا يول قويۇلىدۇ . سەئۇدى ئەرەبىستانى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يولغا قويماقچى بولدى . بۇ XX ئەسىردىكى يېڭى شەيئى بولۇپ ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە يوق ئىدى . شۇڭا ، «ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلماسلىق»تىن ئىبارەت مۇشۇ پرىنسىپنى ئىگىلىسىلا بولىدۇ . كىم «ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا خىلاپلىق ئەمەس» دېيەلەيدۇ ؟ بىرى ، دۆلەت باشلىقى ، قوشۇمچە ۋەھھابىي مەزھىپىنىڭ ئالىي داھىيسى بولغان پادىشاھ ؛ يەنە بىرى ، شۇنداقلا تېخىمۇ مۇھىمى ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان دۆلەت مۇپتىسى شۇنداق دېيەلەيدۇ . مۇپتىلىق ۋەزىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ، بۇ ئورۇننى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار يىغىنى ئىگىلىدى . شۇڭا ، پادىشاھ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى سەئۇدى (1902 — 1953) يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دېدى : ھەرقانداق شەيئى ئىسلام دىنىغا زىت كەلمىسىلا ، «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ ، قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ .

ئۇ شەرئەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ . پادىشاھنىڭ بۇ يولىيورۇقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى دەستۇر بولۇپ ، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يول ئاچقان يېشىل چىراغ بولدى . نۇرغۇن يېڭى فاڭجېن - سىياسەتلەر ، قانۇن - تۈزۈملەر مۇپتىنىڭ ، كېيىنكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقىغا ئىگە بولسا ياكى پەتىۋا چىقىرىپ ئېتىراپ قىلىنسا ، دىنىي جەھەتتىكى قانۇنىيلىقلىققا ئىگە بولۇپ ، مەملىكەت بويىچە توسالغۇسىز يولغا قويۇلدى . بۇنىڭدىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دەۋرىدە ۋەھھابىزمنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ياراشتۇرۇشتىكى غايەت چوڭ رولىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشىغا ۋەھھابىزمنىڭ تامغىسى بېسىلغان .

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشى ئىسلام ئېتىقادىنى كۈچەيتىش ، يېڭى ماددىي مەدەنىيلىك ئاساسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيە بىلەن ئېلىپ بېرىلدى . بۇنداق قىلىش شەكسىزكى ، دۆلەت ئەھۋالىغا ، خەلق ئەھۋالىغا ۋە دىن ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىدى . پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشنى ۋە كۈچەيتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ ، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىنى جىددىي ئۈمىد قىلىدۇ . شۇڭا ، ھۆكۈمەت نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىسلام ئېتىقادىنى قوغدىدى . بىر تەرەپتىن ، دىنىي تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ ، ئۆلىمالار بىلەن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى كۈچەيتسە ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتلەرنى ، بولۇپمۇ غەرب مەدەنىيىتىنى ئايرىۋېتىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى . مەسىلەن ، چەت ئەللىك ئەمگەكچىلەر ، تېخنىكلار ۋە ئايرىپورتتىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئولتۇرغان

رايونلارنى ۋە پائالىيەت دائىرىسىنى بەلگىلەپ ، غەربنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ، مۇزىكا ۋە سېرىق كىتابلىرىنى ئېلىپ كىرىشنى چەكلەپ ، ھەم دۆلەتتە قويۇق دىنىي كەيپىياتنى ساقلاپ قالدى . ھەم زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ باردى .

نۇرغۇن غەربلىكلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر «زامانىۋىلاشماقچى بولىدىكەن ، ئالدى بىلەن غەربلىشىشى كېرەك» دەپ قارايدۇ . بۇنداق ئىدىيە بىر بولسا ، غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى نەزەرىيىسىدىن كەلگەن . بىر بولسا ، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىق ئىدىيىسىدىن كەلگەن . ۋەھالەنكى ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىدە چىڭ تۇرۇپ ، چەت ئەللەردىكى ئىلغار شەيئىلەرنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ ، ئۆز دۆلىتىنىڭ نېفىت بايلىقى ۋە نېفىت سانائىتى ئاساسىدىكى ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، ئۆزىگە خاس زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىپ ، ھېلىقى غەربلىكلەرنىڭ خاتا قاراشتا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى .

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك تونۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ، پادىشاھ فايسالنىڭ «ئون نۇقتىلىق ئىسلاھات پىلانى»نىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز .

سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەسلىي ئىنتايىن نامرات دۆلەت بولۇپ ، نۇرغۇن ، قاتمال ھالەتتە قالغانىدى . 1938 ـ يىلى نېفىتنى سودا خاراكتېرىدە ئېچىش باشلانغاندىن كېيىن ، دۆلەت يېڭى مالىيە مەنبەسىگە ئىگە بولدى . 50 ـ يىللاردىن كېيىن ، نېفىت كىرىمى كۆپەيگەنلىكتىن ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۆپ ياخشىلاندى . شۇنىڭغا ئەگىشىپ ، بەزى بىلىملىك زاتلاردا

www.uyghurkitap.com

زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېڭى ئويغاندى ھەم بۇ ئاڭ ئۇزلۇكسىز كۈچەيدى. پادىشاھ فايسال ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بولدى. 1962 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پادىشاھ ئۇنى ۋەزىرلەر يىغىنىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەندە ئۇ ھاكىمىيەت تۇتۇش پروگراممىسىدا «ئون نۇقتىلىق ئىسلاھات پىلانى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلان كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ھەقىقىي باشلىغان» ئىسلاھات پىلانى دەپ ئاتالدى.

فايسالنىڭ ئىسلاھات پىلانى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا نىسبەتەن مىسلىسىز سەكرەش پىلانى بولۇپ، بۇ پىلان پادىشاھلىقنى نامراتلىقنى تۇپتىن ئۆزگەرتىپ، زامانىۋىلىشىشقا مېڭىشنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ پىلان دىن، جەمئىيەت، سىياسىي، ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە، مائارىپ، ئەدلىيە، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى تۈزۈم ۋە ئورگانلارغا چېتىشلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە قەبىلە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپ، قاتلاملارنىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرىغا ۋە جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلدى. شۇڭا بۇ پىلان بىلەن باشلانغان ئۆزگىرىشنىڭ كەڭ دائىرىدىكى ئىدىيە ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تېخنىكا ئۆزگىرىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولدى.

ئون نۇقتىلىق پىلاندىكى بەش نۇقتا ئىسلام دىنىغا بىۋاستە چېتىلدى. بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىنىڭ پىلاندىكى مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھات پىلاندىكى بىرىنچى نۇقتا ھازىرقى زامان ئەھمىيىتىگە ئىگە «تۈپ قانۇن» تۈزۈشتىن ئىبارەت. نۇرغۇن تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ «تۈپ قانۇن» ئىسلام ئاساسىي

قانۇنى تۈزۈشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن . بۇ يېڭى قانۇن « ‹قۇرئان كەرىم › ، ھەدىس ۋە ئەنئەنىۋى خەلىپىلىكلەرنىڭ مەزمۇنىنى قوبۇل قىلغان »دىن باشقا ، ھازىرقى زامان مەزمۇنلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ . مەسىلەن ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەرھلەيدۇ ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل ھوقۇقلىرىنىڭ چېكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدۇ . پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىنى بەلگىلەيدۇ . بۇنداق توپ قانۇنى تۈزۈش سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ زامانىۋىلىشىش يولىغا مېڭىشىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دىنىي نۇقتىدىن قارىغاندا ، ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ماس كېلىش ـ كەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت . چۈنكى ، يېڭى قانۇندىمۇ پادىشاھلىق قانۇنلۇق ئورنىنى ھەدىس ۋە شەرىئەتتىكىدەك قولغا كەلتۈرۈش توغرا كەلسە ، يۇقىرى قاتلامدىكى بەزى دىنىي زاتلار ۋەھھابىزم ئەقىدىسىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ، دەپ قارىشى مۇمكىن . بۇ ئىنتايىن چوڭ سىياسىي ۋە دىنىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى بولۇپ ، شۇ چاغدا پۈرسەت پىشمىغانىدى . پادىشاھمۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئۆلىمالارغا تېڭىپ ، دەرھال ھەل قىلىش كېرەك دەپ تۇرۇۋالمىدى . بەلكى بىر تەرەپتىن ، توپ قانۇن تۈزۈش مەسىلىسىنى ۋاقتىنچە «بىر چەتكە » ئېلىپ قويۇپ ، كېيىن شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ھەل قىلىشنى كۈتتى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلىمالارغا سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەش بىلەن بىللە ، ئەگىپ ماڭىدىغان يېتەكچى فاڭجېننى قوللاندى . سۆز بىلەن قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەشتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆلىمالارغا رادىئو ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى چۈشەندۈرگەندەك ئۇسۇلنى قوللاندى . ئەگىپ مېڭىشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېننى ئاساسىي توسالغۇدىن ئەگىپ ئۆتۈش ، ئەنئەنە

www.uyghurkitap.com

بىلەن هازىرقى زاماننىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىنى تېپىش، ئىسلاھات دەرىجىسىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىش، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش، مۇۋاپىق بولۇشقا دىققەت قىلىش دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مۇسۇلمانلار ئاڭلىق ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئەنئەنە كۈچلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشىغا بولمايدۇ. شۇڭا، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى يېڭىلاشقا دائىر ھەرقانداق تەشەببۇس ۋە ئىسلاھاتقا دائىر ھەر خىل فاڭجېن - سىياسەتلەرنىڭ دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ روھىغىمۇ خىلاپ ئەمەس ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمانلارنى يېتەرلىك ئاساس بىلەن قايىل قىلمىغاندا، ئۇلار يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراشلارنى قوبۇل قىلمايدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ قارشى ئالمايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئۈنجى پادىشاھ سەئۇدى ئوتتۇرىغا قويغان «ھەرقانداق يېڭى شەيئى ئىسلام دىنىغا زىت كەلمىسىلا، ‹قۇرئان كەرىم› دە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ» دېگەن يېتەكچى پرىنسىپقا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى ئېچىۋېتىشتىكى يېشىل چىراغ دەپ بىلدى. چۈنكى، ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە تۇنۇگۈن توغرىسىدىكى ئېنىق بەلگىلىمىلەر بولۇپ، بۈگۈنكى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. دىنىنىڭ چەكلەش كۈچىمۇ بۇنىڭغا چېتىلمايدۇ. بۇ يەردە بىر يوچۇق مەۋجۇت. يېشىل چىراغنى ياندۇرۇپ يوچۇقنى يورۇتقاندا، ئۇ تۇنۇگۈن بىلەن بۈگۈن ۋە ئەتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. شەرت شۇكى، «تۇنۇگۈن»گە خىلاپلىق قىلماسلىق لازىم. «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنمىگەن، لېكىن ئىسلام روھىغا زىت كەلمەيدىغان «ھەرقانداق يېڭى شەيئى»نىمۇ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىشتىن

دېرەك بېرىدۇ . مۇشۇ يوچۇق بولسا ، ئۇنىڭغا ئۆلىمالارنىڭ ياردىمى قوشۇلسا — ئۆلىمالار مۇسۇلمانلارغا پەتىۋا چىقىرىپ ، ئۇنىڭ ئىسلام روھىغا زىت ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلسا ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا دىنىي جەھەتتىكى قانۇنىيلىق بېرىلسە ، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى نۇرغۇن شەيئىلەرگە ئوخۇشلۇق يارىتىلىدۇ . يوچۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئۇچرىشىشىدا نۇرغۇن زىددىيەتلەر پەيدا بولۇشى ، ھەتتا زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ كېتىش مەسىلىسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن . سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىغا ئاستا ، مۇۋاپىق ، مۇقىم بولۇش فاڭجېنىنى قوللىنىپ ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىمكانقەدەر ياراشتۇردى ، ھەمدە ئىككىسىنى تەدرىجىي يېقىنلاشتۇردى ۋە ماسلاشتۇردى . بۇ ئىش نەتىجىلىك بولۇپ ، «سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەندىزىسى»نىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى . پادىشاھنىڭ بۇ يېتەكچى پرىنسىپى ، ماھىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىھات پرىنسىپىدىن تولۇق پايدىلىنىش بولۇپ ، يېڭى دەۋر ۋە يېڭى ۋەزىيەتتە ھۆكۈمەتنى جانلىق بىر تەرەپ قىلىدىغان ئۇنۇملۈك مېخانىزمغا ئىگە قىلىپ ، دۆلەت ۋە دىندىكى يېڭىلاش بىلەن تەرەققىياتقا خېلى چوڭ بوشلۇق قالدۇردى . ئىجتىھاتتىن تولۇق پايدىلىنىش ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم بىلەن ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزمغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . چۈنكى ئىجتىھاتقا تايانغاندىلا ئۇلار بۈگۈنكى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ . لېكىن ، ۋەھابىزم ئەنئەنىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ چوڭ بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

«ئىسلاھات پىلانى»نىڭ بەشىنچى تۈقتىسى ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىلارغا ، يەنى كەڭ مۇسۇلمانلارغا ئىسلام ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا ۋەدە بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئىش شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم نۇقتا قىلىنغانكى ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىرقاتار مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى دىن بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ ، ئۇنداق ياكى بۇنداق زىددىيەتلەر پەيدا بولۇپ ، دىندا بەزى ئىسلاھاتلارنى قىلىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن . بۇنداق ئەھۋال مۇسۇلمانلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ ، ھەتتا كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام خۇسۇسىيىتىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ . بۇنداق گۇمان ئۆز ۋاقتىدا تۈگىتىلمىسە ، ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدا نىزا ھەتتا ئېغىر قارشىلىق پەيدا بولۇپ ، دۆلەتنى پارچىلىنىپ كەتكەن قالايمىقان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن . بۇ يەردىمۇ شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ھۆكۈمەت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ، ھەممىدىن ئاۋۋال ھاكىمىيەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇشى لازىم .

«ئىسلاھات پىلانى»نىڭ تۆتىنچى نۇقتىسىدىكى شەرىئەتنى شەرھلەش كومىتېتى قۇرۇش ، ئالتىنچى نۇقتىسىدىكى «ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ، يامانلىقتىن توسۇش جەمئىيىتى»نى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قاراشلار ھۆكۈمەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى بىرقاتار كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىسلاھاتتا كىشىلەردىكى كونا ئىدىيە ، كونا كۆز قاراشلارنىڭ كۈچلۈك زەربىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ، كونا ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ۋە كونا قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ چىقىرىۋېتىلىدىغان ياكى ئىسلاھ قىلىنىدىغانلىقىنى ، ماددىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپ ، تەبىقىلەردە چوڭ بۆلۈنۈش ، چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . شۇڭا ھۆكۈمەت ۋەھھابىزىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ، ئۇنى

ھۆكۈمەتكە ماسلاشتۇرۇپ ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ ، دىنىي نۇقتىدىن زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىشقا ، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپ ، دىن ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ، ھەرقانداق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك .

### 3 . سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەردى ۋە مۇستەھكەملەپ بەردى

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى . سەئۇدى جەمەتى بىلەن ۋەھھابىزمنىڭ ئاساسچىسى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاب 1745 - يىلى ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئىتتىپاقىنى قۇرغاندىن كېيىن ، جاپالىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، 1811 - يىلى سەئۇدى دۆلىتىنى قۇردى . لېكىن بۇ سەئۇدى دۆلىتى 1818 - يىلى يوقىتىلدى . كېيىن مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن سەئۇدى دۆلىتىنى 1824 - يىلى قايتا قۇردى . ۋەھالەنكى ، ئىككىنچى سەئۇدى دۆلىتىمۇ 1892 - يىلى يەنە يوقىتىلدى . كېيىن ئۇلار قايتىدىن ئاتلىنىپ ، نەجدنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە رايونلارنى كونترول قىلدى . 1926 - يىلى ھىجازنى تارتىۋالدى . 24 ياشلىق ئابدۇل ئەزىز بىن سەئۇدى ئۆزىنى ھىجازنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلىدى . ياندۇرقى يىلى نەجدنىڭ پادىشاھى بولدى . شۇنداق قىلىپ ، ئىككى رايون بىر پادىشاھلىققا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى . دۆلەت نامى «ھىجاز ، نەجد ۋە ئۇنىڭغا تەۋە رايونلار پادىشاھلىقى» قىلىپ بېكىتىلدى . 1932 - يىلى «سەئۇدى ئەرەبىستانى»غا ئۆزگەرتىلدى . ئابدۇل ئەزىز

ئىبنى سەئۇدى پادىشاھ بولدى. ۋەھھابىزم دۆلەتنىڭ دىنىي مەزھىپى قىلىپ بەلگىلەندى، ھەمدە پادىشاھ ۋەھھابى مەزھىپىنىڭ ئىمامى بولدى. دۆلەت قۇرۇش داۋامىدىكى ئۇرۇشلار داۋامىدا ۋەھھابىزمنىڭ ئىلمىي تەۋھىد تەشەببۇسى تۇپەيلىدىن بىرنەچچە ۋەقە يۈز بېرىپ، كېيىنكى ئىسلامىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. 1801 - يىلى ۋەھھابىيلارنىڭ قوشۇنى شىئە مەزھىپىنىڭ ئىراقتىكى مۇقەددەس شەھىرى ھېسابلىنىدىغان كەربالانى ئىشغال قىلىپ، ھۈسەيىننىڭ قەبرىسىنى چېقىۋەتتى (ۋاھھابىيلار بۇ ئورۇننى شىئەلەر ئىبادەتخانىغا ئايلاندۇرۇۋالدى، دەپ قارىغان.) 1803 - يىلى 4 - ئايدىكى ھەج قىلىش مەزگىلىدە مۇقەددەس شەھەر مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ، «بۇتپەرەسلەر»نى قىردى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئابدۇل ئەزىز ئىبنى سەئۇدى دارىيا مەسچىتىدە شىئە مەزھىپىدىكى بىر مۇسۇلمان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. 1804 - يىلى ۋەھھابىيلار قوشۇنى مۇقەددەس شەھەر مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇۋەتتى. (بۇنى ۋەھھابىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قەبرە زېمىن بىلەن تەڭ بولۇش كېرەك» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلغانلىق، دەپ قارايدۇ.) XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەككىدىكى شېرىپ ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى (1852 — 1931، مۇھەممەد پەيغەمبەر مەنسۇپ بولغان ھاشىم جەمەتىنىڭ ئەۋلادى) جەمەتى بىلەن نەجدتىكى سەئۇدى جەمەتىدىن ئىبارەت ئىككى رەقىب جەمەت مەۋجۇت ئىدى. شېرىپ ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئەرەبلەرنىڭ خەلىپىسى بولۇش ئارزۇسىدا 1916 - يىلى «ئەرەب پادىشاھلىقى»نى قۇرۇپ، 1924 - يىلى ئۆزىنى «خەلىپە» دەپ ئاتىدى. لېكىن ھەرقايسى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى ئەلى كېيىن ھىجازغا پادىشاھ بولدى،

ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇ 1923 ـ يىلى تاشقى ئىئوردانىيە (هازىرقى ئىئوردانىيە)نىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقتى. ئۈچىنچى ئوغلى فايسال 1921 ـ يىلى ئىراقتا پادىشاھ بولدى. مەككە ۋە پۈتكۈل ھىجازنى ۋەھھابىينىڭ قوشۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شېرىپ ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ۋەھھابىيلارنىڭ مۇقەددەس جاينى قوغداش ـ قوغدىيالماسلىقىدىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرقايسى مەزھەپ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇقەددەس جايغا ئەركىن بېرىپ ھەج قىلىش ـ قىلالماسلىقىدىن قاتتىق گۇمانلىنىپ، ۋەھھابىيلارنىڭ بۇ ئىككى مۇقەددەس جاينى قوغداش سالاھىيىتىنى ۋە قانۇنىيلىقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلمىدى. شۇڭا، ئۆزىنى ھىجازنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلىغان ئابدۇل ئەزىز ئىبنى سەئۇدى 1924 ـ يىلى تۈركىيىنىڭ خەلىپە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقتىن، سۈننىي مەزھىپى مەركىزىنى يوقىتىپ قويۇپ 1926 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى قاھىرە دۇنيا ئىسلام يىغىنىدا خەلىپە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ نەتىجىگە ئىگە بولمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا مەككىدە يەنە بىر قېتىملىق دۇنيا ئىسلام يىغىنى ئېچىپ، خەلىپە مەسىلىسىنى داۋاملىق مەسلىھەتلىشىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلدى. بۇ يىغىندىمۇ خەلىپە مەسىلىسى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. لېكىن، ساھىبخانىنىڭ جانلىق دىپلوماتىيىسى ئارقىلىق، باشقا جايلاردىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەھھابىيلارغا بولغان گۇمانى تۈگىتىلدى. مۇقەددەس جاينى قوغداش، ھەرقايسى مەزھەپلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە ئەركىن كېلىپ ھەج قىلىشىغا يول قويۇش، ھەمدە ھەج قىلغۇچىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ھەققىدە سەئۇدى پادىشاھ ۋەدە

www.uyghurkitap.com

بەرگەندىن كېيىن، يىغىن ئۇنى «مۇقەددەس جاينىڭ قوغدىغۇچىسى» دەپ جاكارلىدى. ۋەھالەنكى، مەسىلە ھەل بولۇپ كەتمىدى. بىرىنچىدىن، ئەينى چاغدا يىغىنغا بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ 60 ۋەكىلى قاتناشقانىدى؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئىران ۋەكىللىكىدىكى ئىسلامىزمچى بەزى تەشكىلاتلار سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ «مەككە ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى مۇقەددەس جاينىڭ چاكىرى» بولۇشتەك ئورنىنىڭ قانۇنلۇق بولۇشىنى ئېتىراپ قىلماي، ئىسلام خەلقئارالىق ئورگىنى قۇرۇپ، ئىككى مۇقەددەس جاينى قوغداش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. پادىشاھنىڭ دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارالىق ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر تەرەپنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئىككى مۇقەددەس جاينىڭ چاكىرى بولۇش ئورنىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، يەنى پادىشاھنىڭ «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى» بولۇش ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ۋەھھابىيلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كەلدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەھھابىيلار دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، خەلقئارادا ئەل ئىچىدىكى پان ئىسلامىزمنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىسلام ئىشلىرىنى قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەممە خەلقئارا پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى.

1926 ـ يىلى سەئۇدى پادىشاھىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مەككىدە «دۇنيا ئىسلام يىغىنى» («دۇنيا مۇسۇلمانلىرى يىغىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، يىغىندا «دۇنيا ئىسلام يىغىنى» تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. مەئمۇن دەۋارىبى (سەئۇدى ئەرەبىستانلىق) يىغىن رەئىسى بولدى. ئىنئامۇللاخان (پاكىستانلىق) باش كاتىپ بولدى. 1989 ـ يىلى 41 دۆلەت

ئەزا بولدى . توققۇز قېتىم قۇرۇلتاي ئاچتى . بۇ تەشكىلات تەتقىقات مەركىزى ، ئىسلام ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسى قۇردى . «مۇسۇلمانلار دۇنياسى» ، «دۇنيادىكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالى» ، «ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلدى .

50 ـ يىللاردىن كېيىن نېفىت كىرىمى كۆپەيگەنلىكتىن ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى . ۋەھھابىيلارنىڭ سىرتقا قاراتقان پائالىيەتلىرى تېز كېڭەيدى . ئۇنىڭ نىشانى سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ مۇقەددەس ئىككى شەھەردىكى چاكارلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىگەندىن باشقا ، پان ئىسلامىزملىق پىكىر ئېقىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، تارقىتىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ئورنىنى تىكلەشتىن ئىبارەت بولدى . كىشىلەر ئۇ كونترول قىلىپ تۇرغان «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» ۋە «دۇنيا مۇسۇلمان ياشلىرى يىغىنى» قاتارلىق ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەقسىتى ۋە پائالىيەت مەزمۇنىغا نەزەر سېلىپ باقسا ، بۈگۈنكى ۋەھھابىزمنىڭ غايەت زور خەلقئارا تەسىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنتىلگەن نىشانىنى ئېنىق بىلىۋالالايدۇ . ۋەھھابىزم خەلقئارادىكى ئىسلام كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ھەمدە دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ، «پان ئىسلامىزم»نى چەت ئەللەرگە چىقاردى .

ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى زامانىمىزدىكى ئەڭ چوڭ «ھۆكۈمەتكە قارىمايدىغان» ، پان ئىسلامىزملىق خەلقئارا تەشكىلات بولۇپ ، ئۇنىڭغا 60 نەچچە دۆلەتتىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە ۋەكىللىرى قاتناشقان . ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . ب د ت دا غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرىدىكى مەسلىھەت سوراش ئورنىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . 1962 ـ يىلى ھەج قىلىش مەزگىلىدە سەئۇدى

ئەرەبىستانى ئىككىنچى پادىشاھى ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن مەككىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەشھۇر مۇسۇلمان زاتلار قاتناشقان ئىسلام يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن ئىسلام ئىتتىپاقى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ كاتىبات باشقارمىسى مەككىدە تەسىس قىلىنىدى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ۋەكىلى باش كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ خىراجىتىنى سەئۇدى ئەرەبىستانى يەتكۈزۈپ بەردى. ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى: «پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە پرىنسىپلىرىنى شەرھلەپ، ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان ھەر خىل بۇرمىلاشلارغا رەددىيە بېرىش؛ مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىن، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقىنى قوغداش ۋە كۆپەيتىش؛ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشۋىقى تەربىيە پائالىيەتلىرىگە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش؛ ئادىللىق، باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان خەلقئارا تىنچلىق، ئىناقلىق ۋە ھەمكارلىقنى قوللاش»تىن ئىبارەت. ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى «قۇرۇش كومىتېتى» بولۇپ، ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مەقسەت، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تۈزۈشكە مەسئۇل. ھازىرقى باش كاتىپ سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئەلى بولۇپ، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان باش كاتىبات باشقارمىسى ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئورگان ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشقا، ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل. باش باشقارمىنىڭ تەۋەلىكىدە تەشكىلىي كومىتېت ۋە يىغىن بۆلۈمى، ئىسلام مەدەنىيەت بۆلۈمى، مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىرى

بۆلۈمى، ئىسلام رەسەتخانا بۆلۈمى، كىتاب ۋە ئەسەرلەرنى تارقىتىش بۆلۈمى، شەرىئەت بۆلۈمى، ئىمام ۋە تەبلىغات ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئىش بېجىرىش ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان. ئىسلام ئىتتىپاقى ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىدە، ب د ت دا ۋە ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى تەسىس قىلدى ياكى ۋەكىل تۇرغۇزدى. 1973 ـ يىلىدىن بۇيان، ئىسلام ئىتتىپاقى دۇنيادىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ باش قوشۇش يىغىنى ۋە ئاسىيا، ئافرىقا، تىنچ ئوكيان، جەنۇبىي ـ شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق قىتئەلەردە ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىشقا رىيەسەتچىلىك قىلدى؛ دۇنيا ئىسلام دىنى تەشكىلاتىنىڭ ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنى قۇردى، ھەمدە ئاسىيا، ئافرىقا، ئوكيانىيە، ياۋروپالاردىكى ئىسلام دىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتلىرىنى قۇردى؛ ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ يىللىق يىغىنىنى، خەلقئارا مەسچىت ئىشلىرى ئالىي كومىتېتىنى، ئىسلام ئاخبارات ماتېرىياللىرى ئالىي كومىتېتىنى ۋە شەرىئەت كېڭىشىنى قۇردى. ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەت شەكلى مۇنداق: يىلدا بىر قېتىملىق ھەج قىلىش پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل يىغىنلارنى ئېچىپ، ئەھۋال ئالماشتۇرىدۇ، ئىسلام دىنى دۇچ كەلگەن چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىدۇ؛ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا دىنىي تەرغىباتچىلارنى ئەۋەتىدۇ، «قۇرئان كەرىم» ھەدىيە قىلىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى تەكىتلەيدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرىنى شەرىئەتكە ۋە ئىسلام تۇرمۇش شەكلىگە ئەمەل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە

www.uyghurkitap.com

ھەمكارلىقنى قوغداپ، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە پەلەستىنىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىدۇ؛ ھەرقايسى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەسچىت سېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ، «قۇرئان كەرىم»نى ھەر خىل نۇسخىدا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشنى، مەدرىسە ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى سېلىشنى مۇكاپاتلايدۇ؛ ھەرقايسى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشىغا مەبلەغ ياردەم قىلىدۇ؛ «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى»، «ئىسلام ئىتتىپاقلىقى»، «ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەۋەرلەر ھەپتىلىك ژۇرنىلى»، «مەسچىتنىڭ ۋەزىپىسى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام ئىتتىپاقى دىنىي تەشكىلات سالاھىيىتى بىلەن ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ ئىسلام تەشكىلاتلىرى چاقىرغان يىغىنلارغا قاتناشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

دۇنيا مۇسۇلمان ياشلار يىغىنى مۇسۇلمان ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەلقئارالىق تەشكىلات بولۇپ، 1972 ـ يىلى قۇرۇلغان، باش شتابى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىيادا، يىغىن خىراجىتىگە ئىسلام ئىتتىپاقى ياردەم بېرىدۇ. بۇ يىغىننىڭ نىزامنامىسى: «دىنىي پائالىيەت پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىش، تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش، مۇسۇلمان ياشلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش؛ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ياشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇنبەر بىلەن تەمىنلەش، ھەمدە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش»تىن ئىبارەت. بۇ يىغىننىڭ ئاساسىي پائالىيەتلىرى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئۇچرىشىش دائىرىسىنى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن كېڭەيتىش؛ خەلقئارا ئىسلام ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ۋە مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىشىش؛ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى زۆرۈر شەرتلەر

بىلەن تەمىنلەش ؛ ياشلارنىڭ ئادەتتىكى پائالىيەتلىرىنى ۋە بەزى ئالاھىدە ، كونكرېت دىنىي پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ، تەتقىق قىلىش ، مۇسۇلمان ياشلارنىڭ پائالىيەت مەزمۇنىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىشتىن ئىبارەت . بۇ يىغىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 10 نەچچە قېتىم يىغىن ۋە كۆپ قېتىم ياشلار لاگېرى پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى . دۇنيا مۇسۇلمان ياشلىرى ئىچىدە بۇ يىغىننىڭ تەسىرى چوڭ .

يۇقىرىقى خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەقسىتى ۋە پائالىيەتلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، ۋەھھابىيلار بىر قولىدا دۇنيادىكى مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ تەشكىلاتلىرىنى تۇتۇپ ، ئۇلارنى ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ يولىغا ئېلىپ كىرىشكە ، ۋەھھابىزمنىڭ پرىنسىپى ۋە روھى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ ؛ يەنە بىر قولىدا دۇنيادىكى مۇسۇلمان ياشلىرىنى تۇتۇپ ، بۇ ئۇسۇۋاتقان ياشلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ، شەرىئەتنى ۋە ئىسلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى سىڭدۈرۈپ ، ۋەھھابىزمنى قوللايدىغان تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشتى .

ئىككىنچىدىن ، مانا بۇلار ۋەھھابىيلارنىڭ خەلقئارا پائالىيەتلىرى نوقۇل دىنىي پائالىيەت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . چۈنكى بۇ ئىككى ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى سىياسىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

ۋەھھابىزمنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دىنىي سىياسىي پائالىيەتلىرى ھازىرمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە . دەل شۇنداق بولغاچقا ، ۋەھھابىيلار ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ كەينىدە قېلىشنى راۋا كۆرمەي ، بەلكى ئۇلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 3§ . شەرىئەت جەھەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ۋەھھابىزىمغا ئەمەل قىلىشتىكى مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى شەرىئەتنى كەمكۈتسىز ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت . بۇ نۇقتىدا باشقا ئىسلامىزىم گۇرۇھىنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن ئورتاقلىقى ئىگە .

ۋەھھابىزىم كۆپ خۇدالىق دىنغا قارشى تۇرغان ئەھۋالدا بارلىققا كەلدى . ئەينى چاغلاردا ، نەجىدتە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى باشقا جايلاردا ھەر خىل ئىلاھلارغا ئىشىنىدىغان ۋە دەل ـ دەرەخلەرگە ، تاشلارغا ، قەبرىلەرگە ۋە قەبرە ئىمارەتلىرىگە چوقۇنىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىدى . مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاب بىر خۇدالىق ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ ، ئاللانىڭ بىرلىكىنى يېڭىۋاشتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى . ھەرقانداق مەخلۇق ئالدىدا قەسەم بېرىشكە قارشى تۇردى . خەلىپىلەرنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز قاتۇرۇشنى ، مەسچىت سېلىشنى چەكلىدى . باشقىلار ئۇلارنى ۋەھھابىيلار دەپ ئاتىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇۋەھھىدلار (بىر ئىلاھلىق دىن مۇخلىسلىرى ) ، مۇھەممەدىيلەر دەپ ئاتىدى . مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاب قەدىمكى ، يەنى سائادەت دەۋرىدىكى ئىسلام ئەقىدىسىگە قايتىشنى ، سائادەت دەۋرىدىكى پاكلىقنى ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ ، ھەشەمەتخورلۇققا قارشى تۇردى . شۇڭا ئۇ شەرىئەتنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى .

شەرىئەتنىڭ مەنبەسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىن باشقا ، ئىجمائ ۋە قىياسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بەزى مەسىلىلەرگە ھەدىستىن جاۋاب ئىزدىگەندە ، ئوخشىمىغان ئىزاھات ۋە يەكۈن چىقسا ، ئۇ مەسىلە دىنىي دائىرىلەرگە تاپشۇرۇلىدۇ . بۇ

مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئۆلىمالار بىردەك پىكىرگە كەلسە ، شۇ پىكىر ئىجرا قىلىنىدۇ . بۇنداق پىكىر ئىجمائ دېيىلىدۇ . ۋەھھابىيلارنىڭ ئەنئەنىسى شۇكى ، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئەسىردە بىرلىككە كەلگەن پىكىرلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ ، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارىلاشقان ئىشلارنى ، ساھابىيلارنىڭ ئىجمائىسى بىلەن چەكلىنىدۇ . كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرقانداق كېلىشىمنى ئېتىراپ قىلمايدۇ . قىياسقا كەلسەك ۋەھھاب ئەمەل قىلغان قىياسنى ھەنبەلىيلەر ئېتىراپ قىلمايدۇ . دېمەك ، ۋەھھابىيلار مەزھىپىدىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى شەرىئەتنىڭ تۆت مەنبەسى ئىچىدىكى قۇرئان ۋە ھەدىسنىلا شەرىئەت مەنبەسى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ . بۇ نۇقتا 1926 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ھىجاز پادشاھلىقىنىڭ قانۇنى»دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇ قانۇنىنىڭ 6 ـ ماددىسىدا : «ھىجاز پادشاھلىقىنىڭ ھۆكمى ‹قۇرئان كەرىم› گە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن .

شۇڭا ، شەرىئەت مەنبەسى مەسىلىسىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن باشقا مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت . لېكىن چوڭ جەھەتتە ، يەنى قۇرئان بىلەن ھەدىسنى شەرىئەتنىڭ مەنبەسى دەپ بىلىشتە ۋەھھابىيلار بىلەن باشقا مەزھەپلەر بىردەكلىككە ئىگە . شۇڭا ، ئوخشىمىغان مەزھەپلەرنىڭ شەرىئەت مەنبەسى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، ۋەھھابىزمغا ئەمەل قىلىدىغان سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شەرىئەتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسىمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە .

دەسلەپكى مەزگىللەردە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ ، شەرىئەت بىرقەدەر ئۆلۈك ئىجرا قىلىندى . كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رەھبەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، شەرىئەتنى ئىجرا قىلغاندا، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىشقا ئەھمىيەت بەردى. بۇنداق قىلىش ۋەلىئەھد فايسالنىڭ 1962 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان 12 نۇقتىلىق پروگراممىسىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئۇ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: «‹قۇرئان كەرىم› ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنى مۇقىم بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىۋاتقانلىقتىن، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى شەرىئەت ۋە مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسلىنىپ ئويلىنىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇڭا، مەشھۇر 20 فەقىھ ۋە ئالىمدىن تەركىب تاپقان شەرىئەتنى شەرھلەش كومىتېتى قۇرۇش قارار قىلىندى. ئۇنىڭ رولى دۆلەت ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىغا قويغان ھەر خىل مەسىلىلەرگە پىكىر بېرىشتىن ئىبارەت.» بۇ ئۇزۇن مۇددەت ۋەھھابىزمغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا نىسبەتەن، ئىنتايىن مۇھىم تەدبىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قانۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەرىئەتتىن باشقا، ئوردا ئەمەلىي ئېھتىياجغا، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بەزى قانۇن ـ پەرمانلارنى جاكارلىدى. ئەڭ دەسلەپ قاتناش قائىدىسىنى ئېلان قىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، باج، شىركەت تەشكىللىرى، ئەمگەكچىلەر، كانچىلىق، چەت ئەللەر مەبلەغ سېلىش، پورت، بانكا، ۋەكالەت ئورگانلىرى قاتارلىقلارغا دائىر پەرمانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن جاكارلىدى. 1947 ـ يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ھەربىي ئىشلار قانۇنىنى جاكارلاپ، ئېغىر گۇناھ، يېنىك گۇناھ ۋە بويسۇنماسلىق گۇناھى سادىر قىلغانلارنى جازالىدى. ئەلۋەتتە، بۇ قانۇنلار شەرىئەتكە زىت كېلىپ قالسا بولمايتتى. لېكىن، ھازىر دىندىن تاشقىرى جەمئىيەتكە دائىر شۇنچە كۆپ قانۇنلار ئېلان قىلىندى. بۇ نۇقتا ئەينى ۋاقىتتىكى، يەنى مۇھەممەد

ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاب ھايات چاغدىكى ئەھۋالدىن ناھايىتى كۆپ پەرقلىنىدۇ . ئۇردىنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىنى جاكارلاش بىلەن بىللە ، بۇ قانۇن - پەرمانلارنى ئىجرا قىلىدىغان ئورگانلارمۇ قۇرۇلدى . نەتىجىدە ، ئەدلىيىنى شەرىئەت بىلەن ئوردا ئايرىم - ئايرىم ئىجرا قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى . شەرىئەتكە چېتىلىدىغان دېلولارغا مەھكىمە شەرئى ھۆكۈم كەستى ، ئوردا قانۇنلىرىنى يەرلىك ئەمرلەر ئىجرا قىلدى . بەزى ئىقتىسادىي تالاش - تارتىشلارنى 1955 - يىلىدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان ۋەزىرلەر يىغىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى . جىددە ، رىياد ، ئەددەممامىلاردا 1965 - يىلى سودا مىنىستىرلىقى تەۋەسىدە سودا ماجىرالىرىغا ھۆكۈم كېسىش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى . ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار مىنىستىرلىقى 1969 - يىلى ئەمگەك ماجىرالىرىغا ھۆكۈم كېسىش كومىتېتى قۇردى . مانا بۇلار ۋەھھابىزمنىڭ يېڭى تەرەققىياتى بولدى ياكى يېڭى ئۆزگىرىش دەپ ئاتالدى .

مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ ، شەرىئەت يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە ئادەتتە شەرىئەتنىڭ بۇرۇنقى قائىدىسى بويىچە ھۆكۈم كېسىلىدۇ . ئاپتوموبىل ۋەقەسىدە پەيدا بولغان ياردار بولۇش ، ئۆلۈم دېلولىرىدا ۋەقە پەيدا قىلغان شوپۇر ھەم شەرىئەتنىڭ جازاسىغا تارتىلىپ ، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ تۆلەم ئېلىش ھەقوقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ، ھەم قاتناش قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن جازاغا ئۇچرايدۇ . قاتناش قائىدىسىدە ئادەتتىكى سەۋەنلىك بىلەن جىنايى سەۋەنلىك پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ ، ئادەتتە ھەممىسىگە قاماق جازاسى بېرىلىدۇ . ئىككى قېتىم ئوغرىلىق قىلغانلار قاماپ قويۇلىدۇ ، 3 - قېتىم ئوغرىلىق قىلسا ، ئوڭ قولى كېسىۋېتىلىدۇ . ئوڭ قولى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن كۆپكە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن كېسىۋېتىلگەن قول بوينىغا ئېسىپ

قويۇلىدۇ . ئوغرىلىق قىلىپ ئادەتلىنىپ كەتكەنلەرنىڭ سول پۇتى كېسىۋېتىلىدۇ ، يەنە ئوغلانمىسا ، ئۆمۈرلۈك قاماققا سېلىنىدۇ . خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، 1952 ـ يىلى خۇفۇفتا كىشىلەر كېسىۋېتىلگەن قول ، پۇتلارنىڭ مەسچىت ئالدىدىكى تۈۋرۈكلەرگە مىخلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرگەن . يولدا بۇلاڭچىلىق قىلىش جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدىغان جىنايەت دەپ قارىلىپ ، خېلى قاتتىق جازالىنىدۇ . ئەگەر پۇل ـ مالنى بۇلىغان بولسا ، جىنايەتچىنىڭ سول قولى بىلەن ئوڭ پۇتى ياكى ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتى كېسىۋېتىلىدۇ ياكى سۈرگۈن قىلىۋېتىلىدۇ ؛ ئەگەر بۇلاڭچىلىق قىلغاندا ئادەم ئۆلتۈرگەن ياكى ياردار قىلغان بولسا ، جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ . بۇنداق جىنايەتنى سادىر قىلغانلار تووا قىلسا جازانى يېنىكلىتىشكە بولىدۇ .

نىكاھلانماي تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ياكى نىكاھلىنىپ تۇرۇپ پاھىشۋازلىق قىلىش جىنايەت ھېسابلىنىدۇ . شۇنداق قىلغانلىق ئىسپاتلانسا (تۆت گۇۋاھچى ئىشەنچلىك گۇۋاھلىق بېرىشى ياكى ئالاقىدار كىشىلەر ئۈچ قېتىم ئىقرار قىلىشى كېرەك ) ، ئالاقىدار كىشىلەر قاتتىق جازالىنىدۇ . نىكاھلانغان تۇرۇپ بۇزۇقچىلىق قىلغان ئىككى تەرەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ، جازانى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ، بۇزۇقچىلىق قىلغانلارنىڭ بېشى چۈمكۈلۈپ ، ئاغزى ئېتىلىپ ، يەرگە تىزلاندۇرۇپ قويۇلۇپ ، ئاۋۋال 50 دەررە ئۇرۇلىدۇ ، ئاندىن ئەر ئاپتوموبىلدا كەلتۈرۈلگەن تاش ۋە خىش پارچىلىرىنى ئەر كىشىلەر بۇزۇقچىلىق قىلغانلارغا ئاتىدۇ . بۇنداق تاش بوران قىلىش بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ جېنى چىققۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ . نىكاھلانماي تۇرۇپ بۇزۇقچىلىق قىلغانلار جامائەت ئالدىدا 100 دەررە ئۇرۇلىدۇ . ئەگەر گۇۋاھچىنىڭ شىكايىتى پۇت تىرەپ تۇرالمىسا ، گۇۋاھچى 80 دەررە ئۇرۇلىدۇ .

ھاراق ئىچىش ، ھاراق ئىشلەش ، قىمار ئويناش ، ئوغرىلىق

(ئۆزى بىلەن ئوخشاش جىنسلىق ئادەملەرگە جىنسىي ھەۋەس پەيدا بولۇش )غا بېرىلىش ، ناماز ئوقۇشقا ، روزا تۇتۇشقا ۋە باشقا دىنىي مەجبۇرىيەتلەرگە سەل قاراش ، سودىدا توغرا بولمىغان تارازىنى ئىشلىتىش ، جازانە بېرىشمۇ گۇناھ ياكى ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىپ ، قازى ئۇنداقلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ، جامائەت ئالدىدا دەررە بىلەن ئۇرۇش ، قاماپ قويۇش ياكى جەرىمانە قويۇش قاتارلىق جازالارغا ھۆكۈم قىلىدۇ . چەت ئەللىكلەر ھاراق ئىچسە ، ھاراق ساتسا ، چەت ئەللىك ئاياللار دېڭىز بويىدا يالىڭاچلىنىپ ئاپتاپقا قاقلانسىمۇ دەررە بىلەن ئۇرۇلىدۇ ياكى قاماپ قويۇلىدۇ . گۇناھكار ياكى «پاسىقلىقنى تارقاتقۇچى» دەپ ئېلان قىلىنغۇچى تەربىيە بېرىلسىمۇ تۈزەتمىگەن بولسا كاللىسى ئېلىنىدۇ . ھاراق ئىشلەپ ساتقان بىر يەمەنلىك سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئالتە قېتىم قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ ، تەكرار تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرتمىگەنلىكتىن 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كاللىسى ئېلىندى . 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۆلىمالار زەھەر ئەتكەسچىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بەلگىلىدى .

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قىز ـ ئاياللارغا نۇرغۇن پەرھىزلەر بۇيرۇلغان . مەسىلەن ، ئۇلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەنئەنىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشىگە ، سۇ ئۈزگەندە بەك كىچىك كالتە ئىشتان كىيىشىگە ، ماشىنا ھەيدىشىگە ، ۋېلسىپىت مىنىشىگە ، ئاشكارا سورۇنلاردا ئەرلەرگە يېقىنلىشىشىغا بولمايدۇ . ئېرى بىلەن كوچىغا چىقسا تەكشۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن توي خېتىنى ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك . ئۇلارنىڭ يالغۇز ساياھەت قىلىشىغا بولمايدۇ . 46 ئايال 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى رىياد كوچىسىدا بىرنەچچە مىنۇت ماشىنا ھەيدىگەنلىكى ئۈچۈن ، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۇچرىغان . خىزمەت ئورۇنلىرىدا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېھمانخانا ، ماگىزىن ، مەكتەپ قاتارلىق جايلاردىمۇ ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئايرىم بولۇشى ، ئاپتوبۇسلاردا ئايرىم ئولتۇرۇشى كېرەك . ئاپتوبۇسلاردا ئەرلەرنىڭ ئورنى ئالدى تەرەپتە ، ئاياللارنىڭ ئورنى ئارقا تەرەپتە بولىدۇ . ئەرلەر ئالدى ئىشىكنى ، ئاياللار ئارقا ئىشىكنى ئىشلىتىدۇ . باغچىلارمۇ «ئەرلەر كۈنى» ، «ئاياللار كۈنى»گە ياكى «ئەرلەر رايونى» ، «ئاياللار رايونى» غا ئايرىلىدۇ . ئەرلەرمۇ كالتە ئىشتان كىيىپ يۈرسە بولمايدۇ . ئوقۇغۇچىلار ئەنئەنىۋى ئۇزۇن ئاق پەرىجە كىيىشى كېرەك ، كاستۇم كىيىشكە بولمايدۇ . ئەرلەر ئاياللارنى خالىغىنىچە سۈرەتكە تارتسا بولمايدۇ . ئەرلەر مېھماندارچىلىقتا بارغاندا ساھىبخانا ئايالىغا ئايرىم سوۋغا بەرسە بولمايدۇ . سۆزلەشكەندىمۇ ئاياللارنى خالىغىنىچە تىلغا ئالسا بولمايدۇ .

غەرب دۆلەتلىرىدە ئەۋج ئالغان تىياتىرخانا ، قاۋاقخانا ، كەچلىك بەزمەخانا ، يالىڭاچ ئاياللارنىڭ سۈرىتى ۋە ئادەم ھەيكىلى قاتارلىقلار بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس ، روژدېستۋو (مىلاد) بايرىمى پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ . لېكىن ، پارس قولتۇقى كرىزىسى پارتلىغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى (ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايال ئەسكەرلەرمۇ ئاز ئەمەس) دالان ھەربىي بازىسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ، ئادەم كۆپ بولغاچقا ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى ئىجرا قىلىش ناھايىتى تەس بولدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ساھەلەردە جىمجىت ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى . 1981 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆلىمالار يىگىت بىلەن قىزغا چاي ئىچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلۇشتىن ئىلگىرى يىگىت بىلەن قىز كۆرۈشكەندە ، قىز چۈمبەل تارتمىسىمۇ بولىدۇ ، دەپ بەلگىلىدى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى يىگىت بىلەن قىز كۆرۈشكەندە قىز چۈمبەل تارتىشى كېرەك ئىدى . سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەم كىنو قويۇلمايدىغان ، ھەم كىنو ئىشلەنمەيدىغان دۆلەت ئىدى . 90 ـ

يىللارنىڭ باشلىرىدا «كىچىك تەۋەككۇلچى» ناملىق بالىلار ھېكايە فىلىمى تۇنجى قېتىم سۇرەتكە ئېلىندى، بۇ فىلىمدە بالىلار رول ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1974 ـ يىلى سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تېلېۋىزور فىلىملىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، داۋراڭ سالماي ئازراق قويۇپ بەرگەن ۋە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھازىرمۇ شەرىئەت خېلى چىڭ ئىجرا قىلىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەم شەرىئەتنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەم يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىپ يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. قانۇن جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

شەرىئەتنى ئىجرا قىلىش — ئۆلىمالارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن 10 مىڭ ئۆلىما بار. ئەڭ يۇقىرىدا 18 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۆلىمالار ئالىي كومىتېتى بار. بۇ كومىتېت مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئەزالىرىنى پادىشاھ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. دەسلەپ سوراق قىلىش ـ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆلىمالار بىلەن ئەمىرلەر بىللە يۈرگۈزگەنلىكتىن، ئۆلار دېلو بېجىرىشنىڭ خېلى كۆپ ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالغانىدى. لېكىن، يېڭى قانۇنلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى بىلەن بۇنداق دېگىلى بولمايدىغان بولدى. چۈنكى، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان يېڭى ئادەملەر ۋە يېڭى ئورگانلار بارلىققا كەلدى.

سەئۇدى جەمەتى نەجىدكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شەرىئەت بار بولۇپ، باشقا ئەدلىيە ئورگانلىرى يوق ئىدى.

شەرىئەتمۇ بىرقەدەر ئاددىي بولۇپ ، دەۋانى بىر قازى سوراق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتەتتى . ھەر بىر رايوندىكى ئەمىر ۋە ھەر بىر قەبىلىدىكى خەلىپىنىڭ ئاستىدا پادىشاھ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن قازى بولۇپ ، پادىشاھ ياكى ئەمىر بىجىرىشكە تاپشۇرغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل ئىدى .

ئارمىيەدە ھەربىي سوت تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ھەربىي قانۇندا كۆرسىتىلگەن ھەر خىل «گۇناھى كەبىر» ۋە «گۇناھى سەغىر» سادىر قىلغانلار ھەربىي سوتنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ .

1963 ـ يىلىدىن كېيىن ، بولۇپمۇ 1970 ـ يىلى ئەدلىيە مىنىستىرلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئەدلىيە سىستېمىسى تېز كېڭەيدى . 1970 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە بولغان 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سوت 207 دىن 241 غا كۆپەيتىلدى ، سوتچى 321 ئادەمدىن 464 ئادەمگە يەتكۈزۈلدى .

سوتتىن باشقا ، مەمۇرىي قائىدىلەرگە خىلاپ دېلولارنى ئالاقىدار مەمۇرىي تارماقلار بىر تەرەپ قىلدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلارمۇ بىر قىسىم ئەدلىيە ھوقۇقىنى ئىجرا قىلدى .

ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەققىدە توختالغاندا ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ـ يامانلىقتىن توسۇش جەمئىيىتىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ جەمئىيەت 20 ـ يىللاردا قۇرۇلغاندىن بۇيان يېرىم ئەدلىيە ئورگىنى بولۇپ كەلدى . ئۇنى ۋەھھاب جەمەتىنىڭ ئەزالىرى باشقۇردى . مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ 2 مىڭدىن ئارتۇق شۆبىسى قۇرۇلدى . ھەر بىر شۆبە جەمئىيەتنىڭ ئادەم سانى ئوخشاش بولماستىن ، بەزىلىرىدە بەش ئادەم ، بەزىلىرىدە 30 ئادەم ئىشلەيتتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ، دىنىي ئالىملار ، مەشھۇر زاتلار ، شۇنداقلار ئىخلاسمەن ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار بار ئىدى . ئۇ ھەم يەرلىك ساقچىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى ، ھەم يەرلىك

ساقچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن دىنىي قائىدە ـ قانۇنلارنى ئىجرا قىلاتتى .

ياخشىلىقتا دەۋەت قىلىش ـ يامانلىقتىن توسۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ھەم دىنىي ئادەتلەر ئۇستازى ، ھەم دائىرىلەرنىڭ دىن ۋە دىندىن تاشقىرى ئىشلىرىنى ئىجرا قىلغۇچىلار بولدى . ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر خىل پەرھىزلەرنى ئادا قىلىشىغا ۋە دىنىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلدى . بەزىدە ئۇلار توقماق ياكى قورال تۇتۇپ نەچچىسى بىر بولۇپ ، شەھەرلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا كۆزەتچىلىك قىلدى . ناماز ۋاقتىدا دۇكان ، سارايلارنى تاقاپ نازارەت قىلدى . ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردە دىنىي قائىدىلەرگە خىلاپ قىلمىشلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈردى .

لېكىن ، بەزى جەھەتلەردە چەكلەش تەدرىجىي كەڭ قويۇپ بېرىلدى . مەسىلەن ، ئەينى يىللاردا مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار قىزلار مەكتەپلىرىنى ئېچىش ، ئاياللارنى ياللاپ ئىشلىتىش ، كىنو ـ تېلېۋىزورلارنى كىرگۈزۈش قاتارلىقلارغا قارشى تۇرغانىدى . كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلدى . 1960 ـ يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۇنجى قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى ، 1965 ـ يىلى تۇنجى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى ، 1970 ـ يىلى تۇنجى قىزلار ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى . 1980 — 1981 ـ يىللىق ئوقۇش يىلىدا مەملىكەت بويىچە قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 569 مىڭ 887 گە يېتىپ . ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . بەزى ئاياللار ئىشقا ئورۇنلاشتى . 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاياللار تىجارەت قىلىدىغان ئاياللار بانكىلىرى پەيدا بولدى ، ئاياللار تىجارەت قىلىدىغان كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنلىرى ، كىيىم ـ تىكىمچىلىك ، چاچ ياساش ، ئاشخانا قاتارلىق دۇكانلارمۇ بارلىققا كەلدى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# § 4 . ۋەھھابىزم ۋە پادىشاھلىقنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ئىتتىپاق تۈزمەسلىك سىياسىتىگە ئەمەل قىلىدۇ . دۆلەتلەر ئارا ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش ، دوستانە ئۆتۈش ، بىر - بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ ، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى . پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن ، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تىرىشىپ ياخشىلىدى . پەلەستىن مەسىلىسىنى ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ يادروسى دەپ قارىدى ، پەلەستىن دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلدى . ئوتتۇرا شەرق ۋە پەلەستىن مەسىلىسىنى ب د ت نىڭ ئالاقىدار قارارلىرى ئاساسىدا ، ئادىل ، مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى . بەزى تەھلىلچىلەر سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پرىنسىپى بىلەن پادىشاھلىق ئەمەل قىلىدىغان ۋەھھابىزمنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى مۇھاكىمە قىلغاندا نۇرغۇن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى . جۈملىدىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىسلام ئالاھىدىلىكى ، ئەرەب مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە نېفىتتىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ ئاساسقا قۇرۇلغان دېگەن سۆزگە ھەر خىل قاراشلاردا بولدى . چۈنكى بۇ ئۈچ نۇقتا پادىشاھلىقنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى ۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپلا قالماستىن ، بۈگۈنكى ۋەھھابىزمنىڭمۇ

يېڭى دەۋردىكى ئاساسىي تەشەببۇسى ۋە جېنىنى جان ئېتىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا بۇ مەسىلىنى بىرنەچچە قاتلام بويىچە مۇھاكىمە قىلماقچىمىز .

### 1 . ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ، يېقىن ـ يىراقلىقىدىكى مۇرەككەپ ، ئۆزگىرىشچان ھەر خىل ھادىسىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، كىشىلەر «ئەرەب مىللىي ئالاھىدىلىكى»دىن ئىبارەت بۇ مۇناسىۋەتنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە سىڭگەنلىكىنى بايقايدۇ . شۇڭا ، ئەرەبلەرنىڭ گۈللىنىشىگە ياكى خاراب بولۇشىغا ۋە شۆھرەت ـ نومۇسىغا چېتىلىدىغان چوڭ ئىشلار بولغاندا سەئۇدى ئەرەبىستانى كۆڭۈل بۆلدى ، پۇل ۋە كۈچ چىقىرىپ ، ئۆزىنىڭ «مىللىي كۆڭلى»نى ئىپادىلىدى . ئەلۋەتتە ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ھەربىي ئىشلار ، ئىدېئولوگىيە ۋە دىنىي ئامىللار تۈپەيلىدىن ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى كۆپ ھاللاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراپ ، باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى مۇرەككەپلىكنى پەيدا قىلدى .

ۋەھھابىيلار ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ . چۈنكى ، ئەرەب مىللىتى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن . بۇ مىللەتتىن دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابى — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىپ ، ئىسلام دىنىنى تارقاتتى ، ھەمدە ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ئىسلام دىنىغا تۇنجى بولۇپ ئېتىقاد قىلغان مىللەتكە ئايلاندۇردى . مۇشۇ مىللەتكە تايىنىپ ، ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلىپ ، دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ دىنغا ئايلاندۇرۇلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەرەب مىللىتى ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ، ئاسىيا ، ئافرىقا ، ياۋروپا قىتئەلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن چوڭ ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ ، شانلىق ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى يارىتىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۇلۇغ تۆھپە قوشتى . بۇ مىللەت بۈگۈن بىپايان غەربىي ياۋروپا ، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق رايونلاردا ياشاپ ، خەلقئارا ئىشلاردا كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم روللارنى ئويناۋاتىدۇ . سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلار بۇلاردىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىدۇ . پادىشاھ فايسال : «ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى يۇرتلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، لېكىن ھەممىسى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى ۋە ھېسسىياتى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تەلپۈنىدۇ» دېگەنىدى . شۇڭا ، سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئەرەب مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلايدۇ . ئەرەب مىللىتىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ، ئەرەب مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ . لېكىن ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ بۇنداق ئەرەب مىللەتچىلىكى بىلەن مىسىر زۇڭتۇڭى جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىكى ئوخشاپ كەتمەيدۇ . سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ . مىسىر شۇنداق قىلغاندىن باشقا ، دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، ئاخىر ھەممە ئەرەب دۆلەتلىرىنى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىك رەھبەرلىك قىلغان ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئەرەب ۋەتىنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان سەئۇدى ئەرەبىستانى نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . مەسىلەن ، 1945 ـ يىلى

قوْرۇلغان ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئاساس سالغان يەتتە دۆلەتنىڭ بىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى بولدى. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە قوْراشتۇرۇلغان ھەربىي ئىتتىپاق — باغدات شەرتنامىسى باغداتتا ئىمزالاندى. باشتا سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىراننى ئەيىبلىدى، ھەمدە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى. ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىگە ناھايىتى چوڭ زەربە بولدى. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ باغدات شەرتنامىسىگە قارشى تۇرۇشىنى ۋە ئىراققا قارىتىلغان سىياسىي جەھەتتىكى قارشى تۇرۇشنى بۇزۇۋەتتى. 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جامال ئابدۇل ناسىر سۇۋەيش قانىلى شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت بىرلىشىپ مىسىرغا ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى. مىسىر خەلقى جامال ئابدۇل ناسىرنىڭ رەھبەرلىكىدە قەھرىمانە جەڭ قىلدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەممە ئەرەبلەرنى ئۈچ دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەرتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى نېفىت بىلەن تەمىنلەشنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىسىرغا 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلدى. 1975 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لىۋاندىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىلەن پەلەستىن پارتىزان ئەترەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش گىرەلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. 1976 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سۇرىيىنىڭ ئارىلىشى بىلەن لىۋان ۋەزىيىتى يامانلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇرىيە بىلەن مىسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتمۇ كۆچىيىپ كەتتى . ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى مۇرەسسە قىلىشقا ئىلاجىسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئوتتۇرىغا چىقىپ سالاھ قىلدى . 1979 - يىلى 10 - ئايدا رىيادتا سۈرىيە ، لىۋان ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ، مىسىر ، كۇۋەيت ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتناشقان دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلىپ لىۋاننىڭ ئىچكى ئۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى . يىغىندىن ئىلگىرى تەييارلىق قىلىنغانلىقى ، يىغىندا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى ، ھەمدە لىۋانغا ئەرەب تىنچلىقنى ساقلاش قىسىملىرىنى ئەۋەتىش بەلگىلەندى ، سەئۇدى ئەرەبىستانى بۇ قىسىمدىكى 30 مىڭ ئادەمنىڭ خىراجىتىنى بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى . لېكىن ، كېلىشىم ئەمەلگە ئاشمىدى . ئىچكى ئۇرۇش 1989 - يىلى 5 - ئايدا كاسابلانكىدا ئەرەب دۆلەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلىپ ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ، ئالجىرىيە ۋە ماراكەشتىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىدىن كومىتېت تەشكىللەپ لىۋان كىرىزىسىنى مۇرەسسە قىلىشقا مەسئۇل قىلغىچە داۋاملاشتى . 1989 - يىلى 9 - ئايدا ئۈچ دۆلەت كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە لىۋاندىكى ھەرقايسى تەرەپ پارلامېنت ئەزالىرىدىن 62 كىشى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تائىف شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ ، چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ ، «مەملىكەت بويىچە يارىشىش ھۆججىتى» (تائىف كېلىشىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ )نى ماقۇللىدى . بۇ قېتىمقى كېلىشىمنىڭ تەدرىجىي ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن 15 يىل داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىشنىڭ يولى تەييارلاندى . بۇ ئىشتا سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىسىر بىلەن سۈرىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توغرىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى كۇۋەيت بىلەن بىرلىكتە كۆپ

قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ مۇرەسسە قىلدى ، 1976 - يىلى 6 - ئايدا رىيادتا مىسىر ، سۇرىيە ، سەئۇدى ئەرەبىستانى كۇۋەيتنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ ، مىسىر بىلەن سۇرىيىنىڭ يارىشىپ قېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى . ئىككى دۆلەت شۇ يىلى 10 - ئايدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى . 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرى سۇرىيە ئىئوردانىيىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساد هۆكۈمىتىگە قارشى چىقىشىنى قوللىدى دەپ ئەيىبلىدى . ئىككى دۆلەت چېگراسىدا جىددىي ۋەزىيەت پەيدا بولدى . سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن سۇرىيە ، ئىئوردانىيە ئۇرۇشنى تىنچلىقتا ئايلاندۇردى . 1981 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىسرائىلىيە هاۋادىن هۇجۇم قىلىپ ئىراقنىڭ ئاتوم قازىنىنى ۋەيران قىلىۋەتتى . سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىراقنى ئاتوم قازىنى قۇرۇشقا سەرپ قىلىنىدىغان هەممە خىراجەت بىلەن تەمىنلەشنى قارار قىلدى . ئىراق - ئىران ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەرەب مەيدانىدا تۇرۇپ ئىراقنى قوللىدى . 1981 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن ئىراق ئىككى دۆلەت چېگرا كېلىشىمى ئىمزالىدى . ئىمزا قويۇش مۇراسىمىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى نائىف مۇخبىرلارغا : «سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىراقنىڭ ئىران بىلەن بولغان ئۇرۇشتىكى مەيدانىنى تامامەن قوللايدۇ» دېدى . 1981 - يىلى 5 - ئايدا ئىراق - ئىران ئۇرۇشى پارس قولتۇقى رايونىنىڭ مۇقىملىقى ۋە خەۋپسىزلىكىگە تەهدىت سالغان ئارقا كۆرۈنۈشتە ، پارس قولتۇقىدىكى جەمئىيەت ئەهۋالى ، سىياسىي تۈزۈمى ، نېفىت ئىقتىسادى قاتارلىق جەهەتلەر بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ، ئومان ، بەهرەيىن ، قاتار ، كۇۋەيت ، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت «پارس قولتۇقىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ هەمكارلىق كومىتېتى»نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇردى . ئەزا دۆلەتلەر ئۆلارنىڭ ئارىسىدا «ھەممە ساھەلەردىكى ماسلىشىش ، بىرگەۋدىلىشىش ۋە مۇناسىۋەتلىشىش»نى كۈچەيتىشكە ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ھەربىي ئىشلاردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى ، بۇ كومىتېتتا سەئۇدى ئەرەبىستانى چوڭ رول ئوينىدى .

## 2 . ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ۋەھھابىيلار ئىسلام دىنىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلگەنىدى . لېكىن ، ئەرەب يېرىم ئارىلى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشنى دۇنياۋى ۋەزىپە قىلدى . پادىشاھ فايسالنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ۋەھھابىزمنىڭ پان ئىسلامىزملىق روھىنى ئىپادىلەپ بەردى . ئۇ مۇنداق دېدى : «سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەرەب رايونىدا ئۆز ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئىسلام دۇنياسىدىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە . چۈنكى ئۇ ئەرەب مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن جاي ، دۇنياغا مەدەنىيلىك ۋە تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن ئاللانىڭ ۋەھىيسى نازىل بولغان ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان جاي ، بۇ جاي ئىسلام مىراسلىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى . دۇنيادىكى مىليونلىغان مۇسۇلمان بۇ جايغا ئىنتىلىدۇ ، ھەر كۈنى شۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ ، ھەمدە شۇ يەردە دىني مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىدىغان ئىسلام مۇقەددەس جايىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىدۇ .»

ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، ۋەھھابىزىم دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ، دۇنيا مۇسۇلمان ياشلىرى يىغىنى قاتارلىق پان ئىسلامىزملىق غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغاندىن باشقا ، «ھۆكۈمەت يوللىرى»

ئارقىلىقمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى . مەسىلەن ، پادىشاھ فايسالنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى» رەسمىي قۇرۇلۇپ ، باش شتابى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە تەسىس قىلىندى . بۇ تەشكىلاتقا 52 دۆلەت ئەزا بولدى (1994 ـ يىلى ) . 1980 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى قاتناشقان مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئېچىلدى . سەئۇدى ئەرەبىستانى يىغىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى ، ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تولۇق ئەسكەر چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى . يىغىن سەئۇدى ئەرەبىستانى ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن ، بىرلىككە كەلگەن پىكىرنى شەكىللەندۈرۈپ قارار ماقۇللىدى . 1972 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جىددىدە چاقىرىلغان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن ، ئىسرائىلىيىگە قارشى جىھاد فوندى قۇرۇشنى بىردەك ماقۇللىدى . 1974 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋە ئافرىقىغا ياردەم بېرىش بانكىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى . شۇ يىلى مالايسىيانىڭ كۇئالالۇمپۇر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى ئىسلام ئىتتىپاق فوندى قۇرۇشنى قارار قىلدى (بۇ فوندنىڭ مەبلىغى 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئافرىقىدا ئىككى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى سېلىشقا ۋە فىلىپپىندىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ ) . سەئۇدى ئەرەبىستانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ فوند ۋە تەشكىلاتلارغا مەبلەغ بەرگەن ئاساسىي دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولدى .

هازىرقى زامان ئىسلامىزم دۆلىتى بولغان ئىران ۋە سۇدانىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىرقەدەر جىددىي . كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات جەريانىدا ، ئىككى تەرەپنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئامىللىرى كۈچىيىشى ، ئىسلام ئامىللىرى ئاستا ، جىمجىت هالەتتە سۇسلىشى مۇمكىن . مانا بۇ ئۇلاردىكى ئورتاقلىق هېسابلىنىدۇ . دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىگە كەلگەندە ، سەئۇدى ئەرەبىستانى دۆلىتىنىڭ يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئىتىنى ۋە خەۋپسىزلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئىنىناق قوشنىدارچىلىقنى مۇهىم بىلىدۇ . شۇڭا ، دىنىي ۋە سىياسىي جەهەتتىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىش تەس بولسىمۇ ، ئىمكان بولسىلا سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش يولىدا پائال تىرىشىدۇ .

### 3 . ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىسلام ئالاهىدىلىكى ۋە ئەرەب مىللىي ئالاهىدىلىكىگە چېتىلىدۇ . شۇڭا ، ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ياكى چىڭ تۇرماسلىق ۋەهابىزم ۋە پادىشاھلىقنىڭ ئەرەب دۇنياسى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئورنىغا ۋە ئىناۋىتىگە ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئىگە بولۇش ياكى ئىگە بولالماسلىق مەسىلىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ . پۈتكۈل تارىختىن قارىغاندا ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسرائىلىيىگە قارشى مەيدانىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ ، پەلەستىن خەلقىنىڭ كۈرىشىنى قوللاپ كەلدى . ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى هازىرغىچە ئېتىراپ قىلمىدى .

بۇ تارىخنى ئەسلەپ ئۆتۈش پايدىلىق بولۇپ، شۇنداق قىلغاندا مەسىلىنى تارىخي يوسۇندا ئەتراپلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

پادىشاھ ئابدۇ ئەزىز پەلەستىن ئەرەب دۆلىتى، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىننىڭ ھېچقانداق يېرىگە تەلەپ قويۇش ھەققى يوق دەپ قارىدى. پادىشاھ فايسال ئىسرائىلىيىنى يوقىتىشقا چاقىرىق قىلدى، ھەمدە ھاياتىدا مۇقەددەس شەھەر ئېرۇسالىمغا بېرىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا قەسەم ئىچتى. كېيىنكى پادىشاھلارمۇ ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىدە چىڭ تۇردى. كېيىن بەزى ئەرەب دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، سىياسەتتە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى قىلىپ، ئىسرائىلىيىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشتىن ئىسرائىلىيىنىڭ 1967 - يىلى ئىشغال قىلىۋالغان ئەرەب زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقىشىنى ۋە پەلەستىن خەلقىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا ئۆزگەردى. تۆت قېتىملىق ئەرەب - ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرغان ئەرەب دۆلەتلىرىنى قوللىدى. 1948 - يىلى 1 - قېتىملىق ئەرەب - ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا سەئۇدى ئەرەبىستانى سىمۋول خاراكتېرلىك قوشۇن ئەۋەتىپ مىسىر قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلدى. 1956 - يىلى 7 - ئايدا مىسىر سۇۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغاندا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى، يەنى 2 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى قوزغىدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى مىسىر تەرەپتە تۇردى ھەم ئۇنىڭغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياردەم بەردى. 1967 - يىلى 3 - قېتىملىق ئەرەب - ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى، يەنى «5 - ئىيۇن» ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىغاندا سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىئوردانىيىگە قوشۇن ئەۋەتتى. ئىراق تەشەببۇس قىلغان

ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىگە قارىتىلغان نېفىت ئېمبارگوسىغا قاتناشتى. 1967 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پادىشاھ فايسال خارتۇم يىغىنىدا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ئىسرائىلىيە بىلەن سۈلھى قىلماسلىق، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشمەسلىك ۋە پەلەستىن خەلقىنىڭ ھوقۇقىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق مەيدانىنى قوللىدى. پادىشاھ سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت ۋە لىۋىيەدىن ئىبارەت نېفىت چىقىدىغان ئۈچ دۆلەتنىڭ مىسىر، سۈرىيە، ئىئوردانىيىگە ۋە پەلەستىن پارتىزانلىرىغا مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۈچ دۆلەت ھەر يىلى بۇ دۆلەتلەرگە 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن ياردەم بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانى 140 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئۈستىگە ئالدى. 1969 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئېرۇسالىمدىكى ئەقسا مەسچىتىگە ئوت قويۇۋېتىش ۋەقەسى پەيدا بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ فايسال جىھاد قىلىپ ئېرۇسالىمنى ئازاد قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا فايسالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن راباتتا 1 ـ قېتىملىق ئىسلام دۆلەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن ئىسرائىلىيىدىن 1967 ـ يىلدىكى ئۇرۇشتا ئىشغال قىلىۋالغان ئەرەب زېمىنىدىن چېقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئىسلام دۆلەتلىرى ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ھەمكارلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1973 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 4 ـ قېتىملىق ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى، يەنى «ئۆكتەبىر ئۇرۇشى» پارتلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كىسسىنگىر فايسالغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭدىن مىسىر، سۈرىيىگە ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. فايسال جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاپ، سۈرىيە ۋە مىسىرنىڭ

ھەرىكىتىنى تامامەن قوللايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئامېرىكىدىن ئىلاجى قىلىپ ئىسرائىلىيىنى ئىشغال قىلىنۋالغان زېمىنلاردىن چېقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى . 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى رىياد رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلىتىش بېرىپ ، ھاردۇق ئېلىۋاتقان ھەممە ئادەمنى يېنىپ كېلىپ ، ئۇرۇشقا تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇشقا چاقىردى . 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانى سىمۋول خاراكتېرلىك قوشۇن ئەۋەتىپ سۈرىيىگە ياردەم قىلدى . 1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا راباتتا ئەرەب ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەرەب ئالدىنقى سېپىدىكى دۆلەتلەرگە ھەر يىلى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى . مىسىر زۇڭتۇڭى سادات بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ سۆھبەتلىشىپ سۈلھى قىلىشىغا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى باشتا قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولدى ياكى ئۆز پىكرىدە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . 1978 ـ يىلى داۋىد لاگېرى كېلىشىمى ئىمزالانغاندا ، كېلىشىمدە ئىسرائىلىيىنىڭ 1967 ـ يىلى ئىشغال قىلىنۋالغان ھەممە زېمىندىن چېكىنىپ كېتىشىگە ئېنىق ۋەدە بېرىلمىگەنلىكى ، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىمۇ ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى داۋىد لاگېرى كېلىشىمىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى . 1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مىسىر ، ئىسرائىلىيە ۋە ئىئوردانىيە كېلىشىمگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ساداتنى ئەيىبلىدى . 2 ـ قېتىملىق باغدات يىغىنىدا ، مىسىر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ، مىسىرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاش ۋە ئەرەب ئىتتىپاقىنىڭ باش شتابىنى قاھىرەدىن تۇنىسقا كۆچۈرۈپ كېتىش قاتارلىق تەدبىرلەرگە قوشۇلۇپ ، 1979 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مىسىر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى . 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ۋەلىئەھد فاھد مۇخبىرلارنى قوبۇل قىلغاندا ، ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىنى

ھەل قىلىشنىڭ سەككىز ماددىلىق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇنىڭ 1 ـ نۇقتىسى ئىسرائىلىيە 1967 ـ يىلىدىكى ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا بېسىۋالغان ھەممە ئەرەب زېمىنىدىن ، جۈملىدىن ئېرۇسالىمدىكى ئەرەب زېمىنىدىن چېقىپ كېتىشى كېرەك ؛ 3 ـ نۇقتىسى بۇ رايوندىكى مۇقەددەس جايلار (جۈملىدىن ئېرۇسالىم )دىكى ھەممە دىنلار (خرىستىئان دىنى ، ئىسلام دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى )غا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم ؛ 6 ـ نۇقتىسى ئېرۇسالىم (مۇشۇ شەھەرنىڭ ئەرەبلەر رايونىدا ) پايتەخت قىلىنغان مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇش لازىم دېگەندىن ئىبارەت بولدى . پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا ۋە ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرىدىغان بەزى ئىسلام تەشكىلاتلىرىغا سەئۇدى ئەرەبىستانى ياردەم بېرىپ تۇردى . پارس قولتۇقىدىكى كرىزىس ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەراپات ئىراقنى قوللىغانلىقتىن پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇناسىۋىتى بىرمەھەل يامانلىشىپ قالدى . ئۇرۇشتىن كېيىن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلدى . پارس قولتۇقىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ، سەئۇدى ئەرەبىستانى تىنچلىق مۇساپىسىنى قوللاپ ئوتتۇرا شەرق ۋە پەلەستىن مەسىلىسىنى ب د ت نىڭ ئالاقىدار قارارلىرى ئاساسىدا ، ئادىل ، مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى .

### 4 . شەرق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئۆتكەندە سەئۇدى ئەرەبىستانى دىن ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم تۈپەيلىدىن شەرقتىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرمىدى . بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بولغان بولسىمۇ ، 1938 ـ يىلى مۇناسىۋەتنى ئۈزگەندىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرمىدى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىسىر زۇڭتۇڭى جامال ئابدۇل ناسىر 1970 - يىلى قازا قىلغاندىن كېيىن، مىسىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى 1972 - يىلى ئامېرىكا نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، زۇڭتۇڭ ساداتقا رۇسىيىلىكلەرنى قوغلىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. مىسىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ فايسال 1973 - يىلى 5 - ئايدا قاھىرەنى زىيارەت قىلىپ، ساداتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوللانغان مەيدانىنى قوللاپ، مىسىرنىڭ قورال - ياراغلارنى يېڭىلىۋېلىشى ئۈچۈن 250 مىليون فوند ستېرلىڭ قەرز بەردى. 1973 - يىلى 10 - ئايدىكى ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدىن كېيىن، سۈرىيە، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىراقلىشىش خاھىشىنى ئىلگىرى سۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئېنىق قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسى قوللاندى. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى 1981 - يىلى 7 - ئايدا سۆز قىلىپ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاننى ئىشغال قىلىشى بەزى دۆلەتلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ھېچقانداق مۇكەممەل سىگنال بىلەن تەمىنلىمىدى. چۈنكى ئۇ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق، مۇستەقىل دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي پەرۋا قىلمىدى» دېدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەئۇدى ئەرەبىستانى كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە فاڭجېنىنى يولغا قويدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قارشى ئالدى، ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئورناتتى . رۇسىيە زۇڭلىسى چېرنومىلكىن 1994 ـ يىلى 12 ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستاننى زىيارەت قىلىپ ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە رايون ۋەزىيىتى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى . 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق ، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى پۈختا قەدەملەر بىلەن تەرەققىي قىلدى .

## 5 . غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشىدا نېفىت ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى . شۇڭا ، سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىلگىرى ، نېفىتنىڭ بۇ مۇناسىۋەتتىكى مۇھىملىقىغا قاراپ باقايلى .

سەئۇدى ئەرەبىستانى زامانىمىزدىكى «نېفىت پادىشاھلىقى» ۋە «پۇل مۇئامىلە پادىشاھلىقى» دېگەنناملار بىلەن دۇنياغا مەشھۇر . ئۇنىڭدىكى نېفىت دۇنيا ئومۇمىي نېفىت زاپىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ . ھەر يىلى 400 مىليون توننىدىن 500 مىليون توننىغىچە نېفىت ئىشلەپچىقىرىدۇ . 70 ـ يىللاردىن بۇيان سەئۇدى ئەرەبىستانى نېفىت كىرىمىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى ، ھازىر زامانىۋىلاشقان نېفىت سانائەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى ، ھەمدە خەلق ئىگىلىكىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدى . دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 80 ـ يىللاردا كىشى بېشىغا 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى . دۇنيادا نېفىت باھاسى چۈشۈپ كېتىش ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، كىشى بېشىغا 7000 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىدىغان بولدى .

نېفىت كىرىمى بولغاچقا، سەئۇدى ئەرەبىستانى نۇرغۇن مەبلەغ توپلىدى، ھەمدە بۇ مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمىنى غەرب ئەللىرىگە سېلىپ، نەچچە يۈز مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى مەبلەغ ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، «پۇل مۇئامىلە پادىشاھلىقى» دېگەن نامنى ئېلىپ، غەربتىكى يەتتە چوڭ دۆلەتتىن باشقا، خەلقئارادا پۇل فوند تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىدا ۋەكىلى بار بىردىنبىر دۆلەت بولۇپ قالدى.

نېفىت، پۇل مۇئامىلە، ھەربىي ئىشلار ۋە سودا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىق ئاساسىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن ئامېرىكا ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئورناتتى. سەئۇدى ئەرەبىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئامېرىكا نېفىت شىركىتىنىڭ (كېيىن «ئەرەب ـ ئامېرىكا نېفىت شىركىتى» دەپ ئاتالدى) XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى قىدىرىش ۋە ئېچىش تارتىۋېلىش خاراكتېرىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە بولدى. ئەمەلىيەتتە، شۇ چاغدىكى ئىنتايىن نامرات دۆلەتكە يېڭى بايلىق يولىنى ئېچىپ بەردى. 1973 ـ يىلى پادىشاھلىق ئەرەب ـ ئامېرىكا نېفىت شىركىتىنىڭ رۇخسەت قىلىش ھوقۇقى، ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ 25 پىرسەنتىنى كونترول قىلالايتتى. 1974 ـ يىلى 60 پىرسەنتكە كۆپەيتىلدى. 1977 ـ يىلىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، پادىشاھلىق 1980 ـ يىلى 100 پىرسەنت ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، ھەمدە 1983 ـ يىلى ھەممىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. لېكىن، ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئۈسكۈنە ۋە باشقۇرۇشقا يەنىلا ئامېرىكىغا تايىنىشقا توغرا كەلدى. ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىتنىمۇ غەرب دۆلەتلىرىگە سېتىپ بەردى. ئامېرىكىغا سېتىپ بېرىلگەن نېفىت ئامېرىكا ئىمپورت قىلغان ئومۇمىي نېفىتنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى نېفىت

www.uyghurkitap.com

كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىغا سالدى. 1951 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن ئامېرىكا «ئورتاق مۇداپىئە كېلىشىمى» ۋە «دالان ئايروپورتى كېلىشىمى» ئىمزالىدى. (1943 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن ئامېرىكا دالان ئايروپورتى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. ئايروپورت 1944 ـ يىلى پۈتۈپ، ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلدىكى ئەڭ چوڭ، ئۈسكۈنىلىرى ئەڭ ئىلغار ھاۋا ئامىيە بازىسى بولدى. 1951 ـ يىلدىكى كېلىشىمدە ئامېرىكىنىڭ دالان ئايروپورتىدىن يەنە بەش يىل پايدىلىنىشى بەلگىلەندى) ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇنىڭ مول نېفتى ئامېرىكىنىڭ جەڭ ۋاقتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك پىلانىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم دېدى. ئامېرىكا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نېفتىنى كونترول قىلسا ئوتتۇرا شەرقنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك بايلىقىنى كونترول قىلىۋالغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن غايەت زور پايدا ئالىدۇ، ھەمدە ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، سودا ھەمكارلىقى ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانىنى كونترول قىلىپ، ئۇنى ئوتتۇرا شەرقتە ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم بازىسى، نېفت بىلەن ئىشەنچلىك تەمىنلەيدىغان پونكىتى، ئامېرىكا تاۋارلىرىنىڭ چوڭ بازىرى قىلالايدۇ. بۇنداق «ئورتاق مەنپەئەت» ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنىمۇ كۈچەيدى.

ئىككى دۆلەتنىڭ بۇنداق ئالاھىدە مۇناسىۋىتى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىسلام ئالاھىدىلىكى ۋە ئەرەب مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا نۇرغۇن تەسىر كۆرسەتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىسلام ئالاھىدىلىكى ۋە ئەرەب مىللىي ئالاھىدىلىكىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى شەرت قىلدۇ. ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆپ

ھاللاردا ھەربىي گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسى، ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسى، ئەرەب ــ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى، پەلەستىن مەسىلىسىگە ئوخشاش چوڭ مەسىلىلەردە پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلۇپ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ۋەلىئەھد فاھىد 1981 ـ يىلى سۆھبەت بايان قىلىپ، رىگان ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ: «ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدە قوللانغان مەيدانىدىن ئانچە رازى ئەمەسمىز» دېدى.

## §5. سەئۇدى ئەرەبىستانى چېگراسى ئىچىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى

سەئۇدى ئەرەبىستانى ئەمەل قىلىدىغان ۋەھھابىزممۇ بىر خىل ئىسلامىزم بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، لېكىن دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، بەزى جانلىق ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقتىن، بەزى زامانىۋى تۈسلەرنىمۇ ئىپادىلىدى. ھازىر XVIII ئەسىردىكى ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرغاندا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار بارلىققا كەلدى. ۋەھالەنكى، ئۆز دۆلىتىدە ۋە باشقا دۆلەتلەردە مەۋجۇت بولغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شەرىئەتنى ئىجرا قىلىشتەك مەسىلىلەردە ئوخشاشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ھاكىمىيەتنى ئۆلىمالار بىۋاسىتە تۇتۇشنى، پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار سەئۇدى پادىشاھ جەمەتى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى چىرىپ كەتتى، شەرىئەتكە تولۇق ئەمەل قىلمىدى

دەپ ھۇجۇم قىلدى، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى غەرب بىلەن، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشقا قارشى تۇرىدۇ. ھەتتا تەرەققىي قىلمىساق قىلمايلىكى، بۇ يات دىندىكىلەرنى چېگرادىن كىرگۈزمەسلىكىمىز لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار سەئۇدى پادشاھ جەمەتىنىڭ ئويلىغانلىرى، مەنپەئەتى ۋە سىياسەتلىرى بىلەن تېپىشىدۇ. سەئۇدى پادشاھ جەمەتى غەرب مەدەنىيىتىگە، قىممەت قارىشىغا ۋە يات دىندىكىلەرنىڭ ئېتىقادى قاتارلىق «تاجاۋۇزى»غا، غەرب نېفىت مونوپول كاپىتالىنىڭ نېفىت بايلىقىنى كونترول ۋە تالان ـ تاراج قىلىشىغا قارشى تۇرسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار جەھەتلەردە غەرب بىلەن ھەمكارلىشىشقا قارشى تۇرمايدۇ. پارس قولتۇقىدىكى كرىزىستىن كېيىن «خەۋپسىزلىك» ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، 100 مىڭ ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ پادشاھلىقنىڭ شەرقىي رايونىغا ئورۇنلىشىشىغا روخسەت قىلدى. مانا بۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەمەل قىلىۋاتقىنى پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى ئىسلامىزم ئەمەس، ئۆلىمالار بىۋاستە ھاكىمىيەت تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزگىچە خاس ئىسلامىزم، پادشاھ جەمەتىنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشىنى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، بىر قەدەر مۆتىدىل ئىسلامىزم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ خەلقئارالىق پىكىر ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشىمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى دائىرىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، سەئۇدى جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ئىككى قېتىم ھازىرقى زامان ئىسلامىزم دولقۇنى پەيدا

بولدى . بۇ دۆلەتتە هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ پىكىر ئېقىمى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى هازىرقى زامان ئىسلامىزم «هەرىكىتى» ۋە مەخپىي تەشكىلاتلىرى پەيدا بولدى . هازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى بەزىدە قوراللىق هۇجۇم قىلىش ، مۇئەسسەسەلەرنى بۇزۇش قاتارلىق زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى قوللاندى ، بەزىدە يۇقىرىدىكىلەرگە خەت يېزىش شەكلىنى قوللاندى . بەزىدە ئازراق ئۆزگىرىشمۇ پەيدا قىلدى . بۇهال دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى .

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى بەزى دىنىي ئەسەبىيلەر ۋەھھابىزمنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئەقىدىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، دەۋر تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان زۆرۈر ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇردى . ئۇلار ئوردىدا بېكىتىلگەن ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە قارشى چىقىپ ، بۇ ئۆزگىرىشلەر ۋەھھابىزمدىن يۈز ئۆرىدى ، ئېكستىرىمىزملىق ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتى قۇرۇپ ، ئۇنى سەئۇدى جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك ، دەپ قارىدى .

1979 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پارتلىغان مەككىدىكى مەسچىتكە هۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان هازىرقى زامان ئىسلامىزم ئېكستىرىمىزمچىلىرى پەيدا قىلغان گەۋدىلىك ۋەقە بولۇپ هېسابلىنىدۇ . هۇجۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى سەلەفىيلەر (كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىلەر ) دەپ ، ئۇزۇندىن ھىجاز رايونىدا پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . ئۇنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان جۇھمان قاسىم رايونىدا تۇغۇلغان ، خەلق قوغداش ئەترىتىدە 15 يىل ئەسكەر بولغان ، مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ شەرىئەت ئوقۇغان . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئابدۇ ئەزىز ئىبنى سەئۇدى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن ، كىشىلەر نادانلىشىپ كەتتى . . . جىھادتىن ۋاز كەچتى . خرىستىئانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى . ماددىي نەرسىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كېيىنگە كىرىپ كەتتى. مۇنداق ھۆكۈمرانلىق داۋاملىشىۋەرسە، ئاللانىڭ دىنىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

سەلەفىيلەر ھەرىكىتى پادىشاھ خالىدنىڭ 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەككىدىكى مەسچىتتە نامازغا ئىمام بولۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ XV ئەسىرى باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پادىشاھ خالىدنى ۋە ئوردىدىكى شاھزادىلەرنى مەسچىتكە قامىۋېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنى «خەلىپىلىك دۆلەت»كە ئۆزگەرتىشنى، ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى جەئتانى ئۆزىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكىرى» دەپ جاكارلاشنى پىلانلىدى. قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى جۇھمان جەئتانى «مەھدى» زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقتىن مەسچىتتە پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى دېدى. پادىشاھ خالىد ئۆلىمالارنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئېچىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مەسلىھەتلەشتى. ئۆلىمالارنىڭ ماقۇللىشى بىلەن پادىشاھ 10 مىڭ ئەسكەر يۆتكەپ مەسچىتنى قورشىۋالدى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۇلار بىلەن 14 كۈن جەڭ قىلدى. جەئتانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 115 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، 170 ئادەم تىرىك تۇتۇلدى. بىر ئايدىن كېيىن جۇھماننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 67 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئادەملىرىدىن باشقا، مىسىر، يەمەن، سۇدان، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرىمۇ بار ئىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى كۆپ سانلىق ئاھالە سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا يەنى 200 — 300 مىڭ شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمان بار. 1979 ـ يىلىدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا شىئە مەزھىپىدىكى 500 مۇسۇلمان كاتىپتا

غوۋغا چىقىرىپ ، بىر بانكىنى ۋەيران قىلىۋەتتى ، بىر ساقچىخانىنى ئىشغال قىلىۋالدى ، ھەمدە ئەسكەرلەر بىلەن توقۇنۇشتى . ئۇلار ھۇمەينىنىڭ سۈرىتىنى ۋە پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىپ ، ئاپتونومىيە تەلەپ قىلدى .

شۇنىڭ بىلەن ، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى يېرىم ئارالنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە ھۆكۈمەتكە قارشى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى پەيدا بولدى . ھۆكۈمەت قەتئىي باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ، بۇ ئىككى قېتىملىق دولقۇننى باستۇرۇۋەتتى .

90 ـ يىللارنىڭ باشلىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا يەنە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم دولقۇنى كۆتۈرۈلدى . بەزى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئارمىيە ، نەشرىيات ساھەسى ، باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە مائارىپ سىستېمىسى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىسلاملاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى . ئۇلار «ئىسلام كونسېرۋاتىپلىرى» دەپ قارالدى . ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا ، ئۇلارنىڭ تەلىپى تۈزۈم ۋە ھوقۇق مەسىلىلىرىگە تاقالدى : ئۇلار ئەدلىيە مىنىستىرلىقىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە كومىتېتى قۇرۇش ئۆلىمالارنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىغا تۈزۈم جەھەتتىن قىلىنغان رىقابەت دەپ قاراپ ، ئەدلىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى ، شەرىئەتنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئالىي ئەدلىيە كومىتېتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىدىن 52 ئادەم 1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پادىشاھقا سۇنغان خېتىدە تۆۋەندىكى 12 ماددىلىق «زۆرۈر ئىسلاھات»نى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى : (1) دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىنى مۇستەقىل بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئەمەلىي ھوقۇقلۇق مەسلىھەتلىشىش كومىتېتى قۇرۇش كېرەك ؛ (2 ) شەرىئەت بىلەن تېپىشىدىغان

www.uyghurkitap.com

ھەممە سىياسىي ، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي قائىدىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك ؛ (3) دۆلەت ئىچىدە ۋە چەت ئەللەردە تۇرىدىغان ھەممە ئەمەلدارلار ۋە ۋەكىللەر مەخسۇس بىلىملەرگە ئىگە بولغاندىن باشقا ، توغرىلىقى ، سەمىمىيلىكى ۋە سادىقلىقىنى ئىپادىلىشى كېرەك ؛ (4) جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە ئىگە بولۇش جەھەتتە ھەممىيلەن ئادىل ۋە باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك ؛ (5) ھەممە ئەمەلدارلارنى ، بولۇپمۇ تەسىرى بار ئورۇندىكى ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىش ۋە قاتتىق تەكشۈرۈش ، چىرىپ كەتكەنلەرنى دۆلەت ئورگانلىرىدىن تازىلىۋېتىش لازىم ؛ (6) دۆلەت بايلىقىنى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلار ئارىسىدا ئادىل تەقسىم قىلىش ، ھەر خىل باجلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، خىراجەت يىغىشنى ئازايتىش ، دۆلەتنىڭ بايلىقىنى قوغداپ ، ئىسراپ قىلىش ۋە ئېچىشتىن ساقلىنىش ، نۆۋەتتىكى ئېھتىياجغا ئالدىن ئەھمىيەت بېرىش ، ھەممە شەكىلدىكى مونوپولىيە قىلىۋېلىشنى ۋە بايلىققا قانۇنسىز ئىگە بولىۋېلىشنى بىكار قىلىش ، ئىسلام بانكىلىرىغا قويۇلغان چەكلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىدا ئۆسۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم ؛ (7) ھەر خىل مەنبەلەردىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان كۈچلۈك ئارمىيە قۇرۇش ، ئۆز دۆلىتىمىزدە قورال ياساش ۋە قوراللارنى ياخشىلاش لازىم ؛ (8) پادىشاھلىقنىڭ سىياسىتى بويىچە ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم ؛ (9) ئۆلىمالارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان تاشقى سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىدىغان ئىتتىپاق

بولۇۋېلىشتىن ساقلىنىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىش، باش ئەلچىخانىلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىسلام خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم؛ (10) دىنىي ئورگانلارنى ۋە دىنىي تەبلىغات ئورگانلىرىنى ياخشىلاپ، ئۇلارغا ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىنى ئەتراپلىق ئورۇنلىشىغا توسقۇن بولىدىغان ئامىللارنى تۈگىتىش لازىم؛ (11) ئەدلىيە ئورگانلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۇلارغا تولۇق ۋە ئەمەلىي مۇستەقىللىق بېرىش، سوتنىڭ ھوقۇقىنى پۈتكۈل جەمئىيەتكە كېڭەيتىش، ئەدلىيە قارارلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا نازارەت قىلىدىغان مۇستەقىل ئورگان قۇرۇش لازىم؛ (12) شەخسلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، شەخسنىڭ ئىرادىسىنى ۋە ھوقۇقىنى قىينايدىغان ھەممە ئىزلارنى تۈگىتىپ، ئادەمنىڭ شەرىئەت ئىچىدىكى ئىززەت - ھۆرمىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. ①

رادىكال ياكى ئەسەبىي ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 12 ماددا «مۆتىدىل» تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ شەيخ ئىبنى باز رەھبەرلىكىدىكى تەشۋىقات ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئىدارىسى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىپ، ئۇلار پادىشاھىغا ھۆرمەت قىلمىدى دېيىلدى. خەلىل دىكمەكان «سەئۇدى ئەرەبىستاندا سىياسىي ئىسلامىزمنىڭ تىرىلىشى» ناملىق ئەسەردە: «بۇ خەت ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئورگانلىرى بىلەن ياش ئىسلامىزمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ كېتىپ بارغان بۆلۈنۈشتىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى.

«12 ماددا»نىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ماددا مەسلىھەتلىشىش

---

① خەلىل دىكمەكان: «سەئۇدى ئەرەبىستاندا سىياسىي ئىسلامىزمنىڭ تىرىلىشى»، «ئوتتۇرا شەرق ژۇرنىلى»، 1994 - يىلى، 4 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كومىتېتىغا ئىچكى - تاشقى سىياسەتلەرنى مۇستەقىل بەلگىلەيدىغان ئەمەلىي ھوقۇق بېرىشتىن ئىبارەت . ئەگەر بۇ ماددا ئەمەلىيلەشسە ، سەئۇدى جەمەتىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىمۇ «بىر چەتتە قالىدۇ» . شۇڭا بۇ ماددىلار شەيخ ئىبنى باز تەرىپىدىن ئەيىبلەندى .

لېكىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىدىن 107 ئادەم 1992 - يىلى 2 - ئايدا شەيخ ئىبنى بازغا «تەكلىپ خېتى» يېزىپ ، دۆلەتنىڭ ئىچكى ، تاشقى سىياسەتلىرىنى تەنقىدلىدى . ئۇ خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە : (1) ھۆكۈمەت ئىسلام دىنى خىزمەتچىلىرى ، دىنىي ئالىملار ۋە دىنىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلىش ، نەشر قىلدۇرۇش ۋە ۋەز ئېيتىشىغا قارىتىلغان چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك ؛ (2) ئۆلىمالارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ، ھەرقايسى تارماقلار ۋە چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانىلارنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ئارىلىشىشىغا يول قويۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم ؛ (3) ئالىي شەرىئەت ئاساسىي قانۇن سوتى قۇرۇپ ، ھەر خىل قانۇن - قائىدە ۋە شەرتنامىلارنى تەكشۈرۈپ ، تۈزىتىپ ۋە پاكلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن كېلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم ؛ (4) ئالىي مەكتەپ ۋە بەزى مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ دەرسلىرىنى تۈزىتىپ ، دەرسلەرنى شەرىئەتكە يىغىنچاقلاش ، غەرب قانۇنىنى سۆزلەشنى چەكلەش (ئىلاھىيەت ئىلمى ئاسپىرانتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ، شۇنداق شەكىلدىن پايدىلىنىپ يات دىندىكىلەرنىڭ چىرىك ئىدېئولوگىيىسىنى ئىپادىلەشتىن ساقلىنىش لازىم ؛ (5) ساقچىنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇش ، ئەرز قىلىنغۇچىغا ئادۋوكات بېرىش ، ئادەم ئۇرۇش ۋە كىتاب - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈشنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلاش لازىم ؛ (6) ۋەزىر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك

ئەمەلدارلارنى تاللىغاندا يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇشقا ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئارىلاشتۇرۇشقا، يۇرت، ئىرق ۋە جەمەتنى كۆزدە تۇتۇشقا بولمايدۇ؛ (7) ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئارقىلىق مەمۇرىي ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ ئەمەلدارلار ئەگەر ئىلگىۋالسا ۋە پارە ئالسا، مەنسىپى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ جازالىنىشى كېرەك؛ (8) چەت ئەللەرنىڭ ھەر خىل ماتېرىياللىرىنى، ژۇرنال ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى تەكشۈرۈش، يات دىندىكىلەرنىڭ دىندىن خالىي ئىدىيىسى ۋە يالىڭاچ بەدەن رەسىملىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم؛ (9) مەسلىھەتلىشىش كومىتېتىغا مەسئۇل بولىدىغان ئورگانلار ھۆكۈمەتنىڭ چىقىمىنى كونترول ۋە نازارەت قىلىشى كېرەك؛ (10) تەنتەربىيە مەيدانى، كۆزگەرمە ۋە ئوردىغا مۇناسىۋەتلىك چىقىملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مالىيە ياردىمىنى ئالجىرىيە، مىسىر، ئىراق، ئىئوردانىيە، ماراكەش، رۇسىيە، سۇرىيە، تۇنىس قاتارلىق «غەيرىي ئىسلام» ھاكىمىيەتلىرىگە بەرمەستىن، ئېھتىياجلىق مۇسۇلمانلارغا بېرىش لازىم؛ (11) 500 مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك ئامىيە قۇرۇپ، ئۇلارنى جىھاد قىلىش ۋە قۇربان بېرىش روھى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، مۇقەددەس دۆلىتىمىزنى قوغدىشىمىز، يەھۇدىيلار بىلەن جەڭ قىلىشىمىز، ھەممە مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم. روشەنكى، بۇ 11 ماددا تەلەپنىڭ قاتتىقلىقى جەھەتتە يۇقىرىقى 12 ماددىدىن بىر قەدەم ئالغا باسقان. شەيخ ئىبنى باز رەھبەرلىكىدىكى تەشۋىقات ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئىدارىسى ئۇنى دەرھال ئەيىبلىدى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىدىن ئۈچ ئادەم شەيخ ئىبنى بازغا ئوچۇق خەت يېزىپ زەربە بەردى. تەشۋىقات ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئىدارىسىدىكى 17 ئۆلىمادىن يەتتە ئۆلىما «11 ماددا»نى ئەيىبلەيدىغان ئېلانغا ئىمزا قويۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەت قىلدى . نەتىجىدە بۇ يەتتە ئۆلىمانى پادىشاھ ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋەتتى . 1992 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پادىشاھ يېڭى ئەدلىيە ۋەزىرى شەيخ ئابدۇللا بىن مۇھەممەد ئاسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى ئەزالارنى تەيىنلىدى . شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پادىشاھ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالارنى قوبۇل قىلىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنى مەسچىتلەردە ۋەز ئېيتىش ، بىروشورا ، قاپلىق لېنتا تارقىتىش ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقاتنى توختىتىشقا ئاگاھلاندۇردى . يۇقىرىقى ئىككى پارچە خەت سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ بەزى ئاساسىي تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى . ئۇلار ئۇنى كۈرەش پروگراممىسى قىلماقچى بولدى .

1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پادىشاھ ئىسلام ئىشلىرى بويىچە ئالىي كومىتېت قۇرۇشنى تەستىقلىدى . 2 ـ باش ۋەزىر قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ۋەزىرى سۇلتان ئىبنى ئابدۇللا ئەزىز بۇ كومىتېتنىڭ رەئىسى بولدى . بۇ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ تەسىرىنى چەكلەشنىڭ بىر خىل تەدبىرى دەپ قارالدى .

پارس قولتۇقى ئۇرۇشى مەزگىلىدە ، ھۆكۈمەت نۇرغۇن ئامېرىكا قوشۇنىنى كىرگۈزدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ قارىشىچە ، ئۇلار يات دىندىكىلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەر ئەسكەرلەر ۋە ئايال ئەسكەرلەر ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە بويسۇنمايدۇ ، ئۇلارنىڭ كىرىشى ئىسلام تۇپرىقىنى بۇلغىغانلىق بولىدۇ . ئۇلار ھۆكۈمەتتىن ئامېرىكا بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . شەيخ ئىبنى باز باشچىلىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار پەتىۋا چىقىرىپ ، غەيرىي مۇسۇلمان ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىدا تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى شەرىئەت جەھەتتىن تەستىقلىغاندىن كېيىن ،

سەئفەر ھەۋاري قاتارلىقلار ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى .
ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مەۋجۇت بولۇشىغا كۈچلۈك قارشى تۇردى . بەزىلەر ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئاپتوموبىللىرىغا ئوق ئېتىپ ، ھەتتا پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلىپ ئامېرىكىنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىن كېتىشكە قىستىدى . 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جىددىدىكى قوراللىق كىشىلەر ئامېرىكا ئاپتوموبىللىرىغا يېقىن ئارىلىقتا ئوق ئېتىپ ، ئامېرىكىنىڭ ئىككى ئەسكىرىنى ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بىر قوغدىغۇچىسىنى ياردار قىلدى . رىيادنىڭ يېنىدىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قوغداش ئەترىتى تەربىيىلەش لاگېرىدا 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتوموبىلدىكى بومبا پارتلىتىلىپ ، ئامېرىكىنىڭ ئۈچ ئەسكىرى ، ئىككى پۇقراسى ۋە بىر ھىندىستانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە ئادەم ئۆلتۈرۈلدى . بۇنىڭدىن باشقا ، 30 ئامېرىكىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 60 نەچچە ئادەم ياردار قىلىندى . ۋەقەدىن كېيىن گۇمانلىق تۆت ئادەم قولغا ئېلىنىپ ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى . ئۆزىنى «پارس قولتۇقى يولۋىسى» دەپ ئاتىغان تەشكىلات بىلەن ئۆزىنى «ئىسلام ئىسلاھات ھەرىكىتى» دەپ ئاتىغان تەشكىلات بۇ قېتىمقى پارتلىتىش ۋەقەسىگە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . خوبەردىكى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى بازىسىدىكى سەككىز قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا 1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتوموبىلدىكى بومبا پارتلىتىلىپ ، ئامېرىكىلىق 19 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى . 109 ئامېرىكىلىق ، 147 سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ، 118 بېنگاللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 400 ئادەم ياردار قىلىندى . ئۆزىنى «شېھىت ئابدۇللا خۇزاب گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى» دەپ ئاتىغان تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بۇ ۋەقەگە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى (ئابدۇللا خۇزاب 1995 ـ يىلى ساقچى ئەمەلدارلىرىنى

ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىدى ) . بۇنىڭدىن باشقا ، «پارس قولتۇقىدىكى ئاللا پارتىيىسى» ناملىق تەشكىلاتمۇ بۇ ۋەقەگە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . 10 ـ ئايدا كۇۋەيتلىك ئىككى ئادەم سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئۈچ ئادەم ۋە لىۋانلىق بىر ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە ئادەم قولغا ئېلىندى . ئۇلار تەشكىللىك بىر گۇرۇھقا مەنسۇپ بولۇپ ، بۇ گۇرۇھ ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئافغانىستان ئۇرۇشىغا قاتناشقان .

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دىنىي ئەسەبىيلەرنى ، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدە پادىشاھلىق تۈزۈمگە ، سەئۇدى جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە غەربكە قارشى تۇرىدىغان رادىكال ، ئەسەبىي ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنى باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى . ئەسەبىيلەرنىڭ «يولسىز ھەرىكەتلىرى»نى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە باستۇردى . 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پادىشاھ نۇتۇق سۆزلەپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنى ئەيىبلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇلارنى دىنىي مۇنبەردىن پايدىلىنىپ قوتراتقۇلۇق قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇردى .

1994 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ھۆكۈمەتتىن قاھىرەدە ئېچىلغان ب د ت نىڭ نوپۇس ۋە تەرەققىيات يىغىنىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى يەنە جانلىنىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش ئۈچۈن ، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ 110 ئادىمىنى قولغا ئالدى . 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ھۆكۈمەت 9 ـ ئايدا جەمئىي 157 ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ، ئۇلاردىن 130 ئادەمنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەئەر ھەۋالىي ، سالمان ئەۋدا قاتارلىق مەشھۇر زاتلار بولۇپ ، ئۇلار شەرىئەتنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ، بەزىلەر بۇرەيدەھدا نامايىش قىلىپ ،

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ قولغا ئېلىنغان رەھبەرلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . بەزىلەر رىيادقا ماڭغان ئاپتوموبىل ئەترىتىگە قاتنىشىپ ، بەزىلەر بۇرەيدەھ ئۆلكىسى باشلىقىنىڭ سارىيىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ ، 13 ـ چېسلا قولغا ئېلىنغان سالمان ئەۋدانى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرىدىن ۋە فەقىھلەردىن ئالتە ئادەمنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن قانۇن ھوقۇقىنى قوغداش كومىتېتى قۇرۇلدى . بۇ ئالتە ئادەمنىڭ ئىچىدە شەيخ ئابدۇللا جىبدىنمۇ بولۇپ ، بۇلاردىن بەش ئادەم 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى «تەكلىپ خېتى»گە ئىمزا قويغانلاردىن ئىدى . بۇ تەشكىلات شەرئەت پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مۆتىدىل ۋە تىنچ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى . لېكىن بۇ تەشكىلات قۇرۇلۇپ ئىككى ھەپتە بولماي تۇرۇپ ، يەنى 5 ـ ئايدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى . باشچىلىق قىلغان ئالتە ئادەم خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى . بۇ تەشكىلاتنىڭ باياناتچىسى مۇھەممەد ماسارى قولغا ئېلىندى ، 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەخپىي يول بىلەن ئەنگلىيىگە كەتتى . بۇ تەشكىلاتنىڭ باش شتابىمۇ ئەنگلىيىگە كۆچۈرۈلدى .

قىسقىسى ، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ كۈچى ھازىر ناھايىتى ئاجىز بولۇپ ، بەزى دولقۇنلارنى قوزغىسىمۇ ، لېكىن سىياسىي ۋەزىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى چەكلىك بولدى ، ھەمدە ھۆكۈمەتكە ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرەلمىدى . بۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ قەتئىي باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغانلىقى سەۋەب بولۇپلا قالماستىن ، ۋەھھابىزمنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ، بەلكى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ، ھازىرقى زامان تۇسىگە ئىگە

بولغانلىقى ؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ ، خەلقنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقى ، جەمئىيەتتە گۈللىنىش ، مۇقىملىق بولغانلىقى ؛ ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ زىچ ھەمكارلاشقانلىقى ، ھەمدە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغانلىقى سەۋەب بولدى .

توققۇزىنچى باب

# پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ۋە هازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى

ئىراق 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قوشنىسى كۇۋەيت دۆلىتىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، كۇۋەيت شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا كۇۋەيت بىلەن «ئۇزۇل ـ كېسىل ۋە ئۆزگەرمەس» قوشۇلۇپ كېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۇۋەيتنى ئىراقنىڭ 19 ـ ئۆلكىسى قىلىۋالدى.

ئىراقنىڭ خەلقئارا قانۇننىڭ ئۆلچەملىرىگە خىلاپ تاجاۋۇزچىلىقى دەرھال خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ۋە قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. ئىراق تاجاۋۇز قىلغان كۈنى ب د ت نىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشى جىددىي يىغىن ئېچىپ، 660 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئىراقتىن دەرھال كۇۋەيتتىن شەرتسىز چىقىپ كېتىشنى، كۇۋەيتنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ قېتىمقى پارس قولتۇقى كرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا خەلقئارا جەمئىيەت ئىككى خىل پوزىتسىيىدە بولدى: بىر خىلى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى خۇددا بەرگەن ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولغاندەك، باشتىلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، زىددىيەتنى يەنىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، خەلقئارا كرىزىسقا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئۇرۇش قىلىپ، قورال

كۆچى بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئىراق تاجاۋۇز قىلغان 5 ـ كۈنى «قۇملۇق قالقىنى» ناملىق ھەرىكەتنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ ، تېزلىك بىلەن ئەسكەر يۆتكەپ ، پارس قولتۇقى رايونىدا نەچچە 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ ، ئىراققا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى . يەنە بىر خىلى ، جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور كۆپ سانلىق دۆلەتلەر ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىشىغا ۋە كۇۋەيتنى بېسىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە ، كرىزىسنى سۆھبەت ئارقىلىق ، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى .

ئامېرىكا قەستەن قورال ئىشلەتكەنلىكتىن ، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى ئاساس قىلغان ، ئامېرىكىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدىغان كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرى 1 مىليوندىن ئېشىپ ، ھەربىي ئىركىشىش يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە سادام تاجاۋۇزچىلىق مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكى ئۈچۈن ، پارس قولتۇقىدىكى كرىزىس بەش ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن ، ئاخىر پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىدى .

خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئامېرىكىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 678 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ ، «ئىراق 1991 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى يۇقىرىقى ئالاقىدار قارارلارنى تولۇق ئىجرا قىلغۇچە» ، خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەر بىلەن كۇۋەيت ھۆكۈمىتى ھەمكارلىشىپ ، «ھەممە زۆرۈر ۋاستىلەرنى قوللىنىپ» خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 660 ـ نومۇرلۇق قارارى قاتارلىق

ئىراققا قارىتىلغان قارارلىرىنى قوغداپ ۋە ئىجرا قىلىپ، خەلقئارا تىنچلىقنى ۋە رايون خەۋپسىزلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش هوقۇقىنى بەردى. بۇ قارار ئەمەلىيەتتە ئىراققا كۇۋەيتتىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەردى. ئەگەر ۋاقىت توشقاندىمۇ چىقىپ كەتمىسە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرى ئىراققا هەربىي جەھەتتىن زەربە بەرسە بولاتتى. شۇڭا، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇش 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇرۇش بۇيرۇقى ئىمزالاپ، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ «قۇملۇق بورىنى» ناملىق ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتىنى يولغا قويدى. بۇ چوڭ كۆلەملىك زامانىۋى ئۇرۇش بولدى. كېيىن زۇڭتۇڭ بۇش: «كۇۋەيت ئازاد بولدى»، ئىراققا قارىتىلغان ئۇرۇش قىلىشنىڭ «هەربىي نىشانى ئەمەلگە ئاشتى» دەپ ئېلان قىلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى هۇجۇمنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇرۇش 42 كۈن بەش سائەت داۋاملاشتى. نەتىجىدە، ئىراق پاجىئەلىك مەغلۇپ بولدى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرى غەلىبە قىلدى. ئىراق خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى توختىتىش توغرىسىدا 687 ـ نومۇرلۇق قارارىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇرۇش توختىتىش 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى.

خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئۇرۇش توختىتىشتىن ئىلگىرى هەربىي ئەهۋالدا، كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان. شۇڭا، يەر ئۈستىدە ئۇرۇش قىلىش توختاشتىن ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىدىكى قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال شۋاسكوف شىمالغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىپ، ئىراقنىڭ خىللانغان قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، باغداتنى ئىشغال قىلىپ، ئىراق هاكىمىيىتىنى گۇمران قىلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغان. زۇڭتۇڭ بۇش سىياسىي جەھەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويلىنىشنى ئاساس قىلىپ ، ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقىدا چىڭ تۇرغان .

پۇتكۇل كرىزىس ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇھىم سىياسىي كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن كرىزىس ۋە ئۇرۇشتا قانداق ئىنكاستا بولدى؟ قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلدى؟ ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟ بۇ مەسىلىلەرگە كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدۇ . بۇ بابتا مۇشۇ مەسىلىلەرنى دەۋر قىلىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز .

## §1 . سادامغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە مۇھەببەت

ئىراق قوشۇنلىرى كۇۋەيتقا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ھەرقايسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىنكاسى ئاساسەن ئوخشاش بولدى . ئۇلار ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىشى شەرئەت ۋە ئىسلام دىنىغا زىت جىنايى ھەرىكەت ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم مەيدانى بىلەنمۇ چىقىشالمايدىغان ئەخلاقسىزلىق قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ قاتتىق ئەيىبلىنىش كېرەك دەپ قارىدى . ئۇلار ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىشىشى ، بىرلىككە كېلىشى ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىيارلىقى ، بىردەك رازىلىقى بىلەن بولۇشى كېرەككى ، بىر تەرەپ ئۆز ئىرادىسىنى يەنە بىر تەرەپكە تېڭىپ ئۇنى يۇتۇۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈردى . كۇۋەيت خەلقى باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش ، ئەرەب مىللىتى ئىچىدىكى قېرىنداش ، ئىسلام ئۈممىسىنىڭ ئەزاسى . ئىراقنىڭ ئۇلارغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشىغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ . ئۆز قېرىنداشلىرىغا بۇنداق ياۋۇزلۇق قىلىش نومۇس دەپ

قارىدى .

ئىراقتىكى ئىسلام چاقىرىق پارتىيىسى ، ئىسلام ئىنقىلابى ئالىي كومىتېتى ۋە ئىسلام ھەرىكەت پارتىيىسى قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى سادام ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆكتىچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە قارشى يۈرۈش قىلىپ ، قاتتىق ئەيىبلىدى . بۇ تەشكىلاتلارنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئىراق قوشۇنلىرىنىڭ كۇۋەيتتىكى زوراۋانلىقلىرىنى كۆپلەپ پاش قىلىپ ، ئىراق خەلقىنى «گۇللەندۈرۈش پارتىيىسىنىڭ جىنايەتچى ھۆكۈمرانى»نى ئاغدۇرۇۋېتىشكە چاقىردى . بەزىلەر خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ سادامنى ئەيىبلىشىنى مۇراجىئەت قىلدى ، ھەتتا غەربنىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى توغرىسىدا بېشارەت بەردى .

ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىراقنىڭ كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىۋېلىشى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى ئىشى ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچىدىكى ئىش دەپ قارىدى . شۇڭا ئۇلار تالاش - تارتىشنى ئەرەب دۆلەتلىرى ياكى ئىسلام دۇنياسى ئىچىدە مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلىشنى ، پارس قولتۇقىدىكى كرىزىسنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ ، سىرتقى كۈچلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ رايونغا كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن غەربنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇردى . شۇڭا ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ جامائەت پىكرى ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ، كرىزىسنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ، ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا سالاچىلىق قىلدى . مىسىر ، سۇدان ، تۇنىس ، ئالجىرىيە ، ماراكەش ، ئىئوردانىيە ، تۈركىيە ، پاكىستان ۋە مالايسىيا قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى پارس قولتۇقىدىكى كرىزىسنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ ۋەز ئېيتتى . ئۇلار ئىراق زۇڭتۇڭى سادام ، ئىئوردانىيە پادىشاھى ھۇسەيىن ، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى فاھىد ، كۇۋەيت ئەمىرى ساباھ ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇلاردىن ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ رايوندا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا يول قويماسلىقىنى ئۆتۈندى . مەسىلىنى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزى ھەل قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلدى . ئۇلار ھەتتا سادامدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈپ ، غەربنىڭ ئوتتۇرا شەرققە يۈرۈش قىلىشىنىڭ باھانىسىنى تۈگىتىشىنى ئۆتۈندى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ساداتنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە ئەزەلدىن ناھايىتى بىزار ۋە ئۆچ ئىدى . ئۇلار سادام ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنى ئالدىدا نۇرغۇن گۇناھلارنى سادىر قىلدى . ئىسلام دىنىغا دۈشمەن بولدى . چۈنكى شەرىئەتنى يولغا قويۇش جەھەتتە كۈچلۈك بولمىدى ، جامائەت ئىچىدە ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشنى چەكلىمىدى ، جىنسىي تۇرمۇشتىكى چىرىكلىك - چۈشكۈنلۈكنى تەدبىر قوللىنىپ توسمىدى . بەلكى مىليونلىغان ئىخلاسمەن مۇسۇلماننى قىرىپ ، ئۆكتىچىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇردى . سادام ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس ، بەلكى خۇداسىز ئادەم . شۇڭا ئۇ كاپىر ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن جىھاد قىلىشقا بولىدۇ ، دەپ كېسىپ ئېيتتى . سادام رەھبەرلىك قىلغان گۈللەندۈرۈش پارتىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئۇلار ئەمەل قىلىدىغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزم روھىمۇ بىر - بىرىگە زىت بولۇپ ، مۇرەسسەگە كەلمەيدۇ . مۇشۇنداق قاراشلار بولغاچقا ، غەربنىڭ سادامنى «باغدات زومىگەرى» ، «ئىراقنىڭ ئىستىبداتى» ، «ئوتتۇرا

شەرقتىكى گىتلېر » ، «زالىم پادىشاھ » ، «ئەسەبىي خام خىيالچى ۋە ئۆزىنى چاغلىمايدىغان تەلۋە » دەپ ھۇجۇم قىلىشلىرىنى ئۇلار ئاڭلاپ خۇش بولدى .

سادامنىڭ بۇ قېتىم ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربكە ۋە ئىسرائىلىيىگە تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىشىنى ، كۈچلۈك غەرب قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ، ئىسرائىلىيىگە «شاتىر » بەلگىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىشقا جۈرئەت قىلالىشىنى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى قوللاپ چىقتى . ئۇلار بۇ سادامنىڭ قوللانغان ھىيلىسى بولۇپ ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرىنىڭ ئىراققا قارشى ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ ، باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ، ھەتتا پۈتكۈل ئەرەب جەمئىيىتى ۋە پۈتكۈل ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن غەربنىڭ قارشىلىشىشىنى قوزغاپ ، ۋەزىيەتنى ئىراققا پايدىلىق تەرەپكە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلىسىمۇ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى يەنىلا سادامنى قوللىدى . بۇھال بۇرۇن ئۇنى تەنقىدلەشتىن پەرقلىنىدۇ .

1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سادام ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى كۇۋەيتتىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغال قىلىۋالغان ھەممە ئەرەب زېمىنىدىن چىقىپ كېتىشىنى بىرلەشتۈرۈپ ، نېمە ئۈچۈن ئىراقنىڭ قوشۇنى كۇۋەيتتىن چىقىپ كېتىشى ، لېكىن ئىسرائىلىيىنىڭ قوشۇنلىرى ئەرەب زېمىنىنى بېسىپ يېتىشى كېرەكلىكىنى سورىغاندا ، كەڭ ئەرەب خەلقىدە ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدا ئورتاق سادا كۆتۈرۈلدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يەھۇدىيلار دۈشمەن ، تاجاۋۇزچى ؛ ئىسرائىلىيە تاجاۋۇزچى دۆلەت ، ئامېرىكا ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى ؛ ئىسرائىلىيە پەلەستىندە سانسىز ئەرەبنى قىردى . ئىسرائىلىيە ئەرەبلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى . ئىسرائىلىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلغا ئېلىنسا ئەرەبلەر پەلەستىندىكى ئەرەب قېرىنداشلىرى قىرغىن قىلىنغان، يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، غەزەپ يالقۇنى لاۋۇلدايدۇ. سادام بولسا «بۇنداق كەيپىياتنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇشنى بىلدى.» سادام ئىسرائىلىيىنى يوقىتىپ، پەلەستىننى ئازاد قىلىشقا ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن، كەڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئەرەب خەلقىگە سادام ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى پەلەستىننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقاندەك، ئەرەب مىللىتىنىڭ مۇقەددەس ئىشلىرى ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب قوشۇنلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كىرىپ تۇرۇشنى ئەيىبلەش بىلەن بىللە، سادامغا مەدەت بەردى. ئۇنى قەدىمكى دەۋردە ئەھلىسەلىپ ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا باتۇرلۇق بىلەن زەربە بەرگەن مىللىي قەھرىمان — سالاھىددىنغا ئوخشىتىپ، ئۇنى «ھازىرقى زاماندىكى سالاھىددىن» دەپ تەرىپلىدى. ئۇلار سادامنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارشى تۇرۇشتىن ساداتنىڭ ئامېرىكىغا، ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇش روھىنى قوللاشقا بۇرالدي. ئامېرىكىدىن ئىسرائىلىيە ۋە ئىراقنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئىككى ياقىلىمىلىق ئۆلچەمدىن ۋاز كېچىپ، ئىسرائىلىيىنى بېسىۋالغان ھەممە ئەرەب زېمىنىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاشنى تەلەپ قىلدى. ئالجىرىيە، ماراكەش، تۇنىس، مىسىر، ئىئوردانىيە، سۇرىيە، پاكىستان، ھىندىستان، بېنگال، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مۇسۇلمانلار كوچىلارغا چىقىپ ئوخشىمىغان كۆلەمدە نامايىش قىلىپ، سادامنى قوللىدى، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىگە نارازىلىق بىلدۈردى.

پەلەستىندىكى ئېرۇسالىم شەھىرىنى ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ

پەلەستىن مەسىلىسىدىكى ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇش مەيدانى ئەزەلدىن قەتئىي بولۇپ كەلدى. ئىسلام دىنىدا ئېرۇسالىم ئاللاھىدە خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە جاي بولۇپ، بۇ جاي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قېتىملىق ئاللاھىدە سەپىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادىيە 621 - يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇراققا مىنىپ مەككىدىن ئېرۇسالىمغا كەلگەن. بۇ قېتىمقى سەپەر توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئاللا (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ئاللا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (17 - سۈرىنىڭ 1 - ئايىتى).

شۇڭا ئەقسا مەسچىتى[1] «شانلىق (رەۋۋە تۇل)جاي» دەپ ئاتالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇراقتىن چۈشۈپ، چوڭ تاشقا دەسسەپتۇ. پەرىشتە جىبرىئىل ئۇنى ئەرشكە باشلاپ چىقىپتۇ. ئالتە قات ئاسماندىن ئۆتۈپ، بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن ئەڭ يۇقىرى قەۋەتكە — يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۈستىدىكى ئاللانىڭ ئەرشى ئالدىغا كېلىپتۇ. تاڭ يورۇغىچە مەككىگە يېنىپ كەپتۇ. ئەقسا مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى ئالتۇن گۈمبەزلىك مەسچىتتە ھېلىمۇ بىر چوڭ تاش بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرشكە چىققىچە مۇشۇ تاشنى دەسسىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ تاش شۇ قېتىمقى ئاللاھىدە سەپەرنىڭ

---

① يەھۇدىيلار بۇ جاينى «مۇقەددەس قەسىر تېغى» دەپ ئاتايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جاي مىلادىيىدىن ئىلگىرى X ئەسىردە قەدىمكى ئىبرانىيلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئوردىسىنىڭ ئورنىمىش.

شاھىدى ۋە خاتىرىسى بولۇپ قالغان . ئېرۇسالىم جايلاشقان پەلەستىن رايونى شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە دىنىي ئەھمىيەتكە، مۇقەددەسلىككە ئىگە بولغان .

ئەرەب مۇسۇلمانلىرى بىلەن يەھۇدىي زىئونىزمى ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلدى . ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدىكى قەتئىيلىكىدە تارىخ مەسىلىسى مۇھىم سەۋەب بولدى . سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى نوپۇزلۇق دىنىي ئالىم ، مەملىكەتنىڭ باش ئۆلىماسى شەيخ ئىبنى باز مۇخبىرلارغا : «پەلەستىن مەسىلىسى ئىسلامىيەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا ئاخىرقى مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» ، مۇسۇلمانلار «يەنە بىر قېتىم جىھاد قوزغاپ ، بۇ زېمىننى ئۆز ئىگىسى قايتۇرۇۋالغىچە يەھۇدىيلار بىلەن جەڭ قىلىشى لازىم» دېگەنىدى . ئۇنىڭ سۆزى زور كۆپ ساندىكى ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمنىڭ قاراشلىرى بىلەنمۇ ماس كېلىدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى يەھۇدىي زىئونىزمىغا قارشى كۈرەشكە ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئاكتىپ قاتناشتى ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىسرائىلىيىگە قارشى جىھاد قىلىشقا چاقىردى . شۇڭا ، سادام ئىسرائىلىيىگە قارشى ھەرىكەت قوللانغاندا ، سادامغا قارشى پوزىتسىيىدە بولۇشقا قارىماي ، ئۇنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى ھەرىكىتىنى مۇئەييەنلەشتۇردى ۋە ماختىدى . كىشىلەر ناخشىچىلار بىلەن ناخشىلارغا پەرقلىق باھا بېرىپ : «ئۇ ناخشىچىنى ياقتۇرمىساممۇ ، لېكىن ناخشىسىنى ياقتۇرىمەن» دېگەندەك ، سادامغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلدى .

## § 2 . ئىسرائىلىيىگە ، ئامېرىكىغا ۋە غەربكە قارشى ئۇرۇش

ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ غەربكە ئۆچمەنلىكى XI ئەسىردە ياۋروپانىڭ ئەرەب زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن باشلانغان . ئۇلار ياۋروپا ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىپ ئەرەب خەلقىغە كەلتۈرۈلگەن 170 نەچچە يىللىق ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ھەمىشە ئەسلەپ تۇرىدۇ ؛ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەرەب خەلقىنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان جاراھەت ئىزلىرىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ . كىشىلەرنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىگە سىڭىپ كەتكەن بۇ ئۆچمەنلىك يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كەتكىنى يوق . ئەكسىچە ، يېڭى ۋەقەلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ داۋاملىق چوڭقۇرلاپ باردى ، ھەمدە ئەۋلادلارغا تەسىر كۆرسەتتى . ئەرەب دۆلەتلىرى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلەر داۋامىدا غەرب ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى رەھىمسىزلارچە باستۇردى . 40 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى يەھۇدىي زىئونىزمىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ ، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنىدە ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇشىغا ياردەم قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا ئىسرائىلىيىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنى قوللاپ ، ئەرەب خەلقىنى خورلۇققا ئۇچراتتى . ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بۇ كونا - يېڭى ئۆچمەنلىكلەر پۇرسەت بولسىلا پارتلاپ چىقتى .

پارس قولتۇقى كرىزىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن ، زور كۆپ ساندىكى ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولۇپ، ئىسرائىلىيىنىڭ كۆۋەيتنى بېسىۋېلىشىنى ئەيىبلىدى. ئۇنىڭدىن ئەسكەر چېكىندۇرۇپ، كۆۋەيتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. مەسىلە ھەل بولمىغاندا ئۇلار ئەرەب دۆلەتلىرى پاكى ئىسلام دۇنياسى ئىچىدە مۇرەسسە قىلىش ۋە سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق تالاش - تارتىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىپ، سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىپ زىددىيەتنى ئۇلغايتىپ، تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى بۇ تېپىلمايدىغان ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن قىستاپ كىردى، ئۆزىنى «دۇنيا ساقچىسى»، «ئوتتۇرا شەرقنىڭ خوجايىنى» ئورنىغا قويۇپ، زىددىيەتنى پەسەيتىپ، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا كۈچ چىقارماي، بەلكى زىددىيەتنى تۈرلۈك يوللار بىلەن كەسكىنلەشتۈردى ۋە خەلقئارالاشتۇردى. ھەربىي جەھەتتىن زەربە بېرىشنى تەكىتلەپ، پارس قولتۇقى رايونىغا تېز ئەسكەر يۆتكەپ، ھۇجۇمغا تەييارلاندى. ئەرەب خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى نەزەرگە ئىلمايدىغان ۋە ئەرەب خەلقىنىڭ مىللىي تۇيغۇسىنى ئازابلايدىغان بۇنداق قىلمىش كەڭ ئەرەب خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىراق بىلەن كۆۋەيت ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئەرەب مىللىتى ئىچىدىكى قېرىنداشلار ئارا زىددىيەت، ئۇنى مىللەتنىڭ ئىچىدە تامامەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. لېكىن، ئەمدى ئىسرائىلىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئامېرىكا بېسىپ كىرىپ، بىزدىكى «قېرىنداشلار تالاش - تارتىش»نى «خەلقئارا تالاش - تارتىش»قا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئامېرىكا «ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ»، «تاجاۋۇزچىنى قاتتىق جازالايدىغان» بولۇۋالدى. لېكىن، ئېنىق پاكىت شۇكى، ئەزەلدىن ئادالەت مەيدانىدا تۇرماي،

ئىسرائىلىيىنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشىنى قوللاپ كەلگەن دۆلەت قانداق قىلىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئەرەب دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئادالەتچى «خەلقئارا قازى» بولۇپ قالىدۇ ؟ ! ئۇنىڭ ئارىلىشىشى ئالدى بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . شۇنداقلا ، زۇڭتۇڭ بۇش «قۇملۇق قالقىنى» ناملىق ھەربىي ھەرىكەتنى يولغا قويغاندا جاكارلىغان ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى كرىزىسىنى ھەل قىلىشتىكى تۆت ئاساسىي نىشانى ( (1) ئىراق كۈۋەيتتىن دەھال شەرتسىز ئەسكەر چېكىندۈرۈشى كېرەك ؛ (2) ئەمىر ساباھ باشچىلىقىدىكى كۈۋەيت قانۇنلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك ؛ (3) سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە پۈتكۈل پارس قولتۇقى رايونىنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك ؛ (4) ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلىرىنىڭ ھايات بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك . ) پەقەت ئاشكارا نىشان بولۇپ ، ئۇنىڭ كەينىگە ئىپلاس مەقسەت يوشۇرۇلغان . ئۇ بولسىمۇ پارس قولتۇقى كرىزىسىنىڭ قول تىقىپ ، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقىمىزنى يەنە بىر قېتىم پارچىلاپ ، ئەرەبلەرنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈچىگە زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى ئاجىزلىتىپ ، ئەرەب دۇنياسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كونترول قىلىشتىن ئىبارەت . شۇڭا ، ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى كرىزىسىغا قول تىقىشى ھەرگىز ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس . دەل مۇشۇنداق تارىخىي ۋە رېئال ئاداۋەتلەر بولغاچقا ، سادام ئىراقنىڭ كۈۋەيتتىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭمۇ ئىشغال قىلىۋالغان ئەرەب زېمىنلىرىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىرلەشتۈرگەندە كەڭ ئەرەب خەلقى ئازابلاندى . ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ھەقىقەتەن ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياقلىمىلىق ئۆلچەمنى ئويناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلارنىڭ قەلبىدە تۇگۇلگەن ئامېرىكىغا ، ئىسرائىلىيىگە بولغان مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ غەزەپ يالقۇنى شىددەت بىلەن يېلىنجاپ ، پەلەستىنىنىڭ ئىشغال قىلىنغان زېمىنلىرىنى ئازاد قىلىش ساداسى يەنە ياڭرىدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۇلغايتتى . كىشىلەر كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ ، ئامېرىكىغا ، ئىسرائىلىيىگە قارشى شوئارلارنى توۋلىدى . سادامنى ئامېرىكىغا ، ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرىدىغان «مىللىي قەھرىمان» قىلىۋالدى . ئۆزىنى پارس قولتۇقى كرىزىسىنى ھەل قىلىدىغان «خەلقئارا قازى» قىلىۋالغان ئامېرىكا ھەممە ئادەم تىللايدىغان گۇناھكارغا ئايلىنىپ قالدى .

پارس قولتۇقى كرىزىسى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۆز دۆلىتىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ، كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كىرىشىنى تەلەپ قىلغانىدى ، نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئاساسلىقى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بولۇپ ، كۆپىنچىسى خرىستىئانلار ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايال ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى . چەت ئەل ئايروپىلانلىرى مۇقەددەس جاينىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدى ، چەت ئەل تانكىلىرى مۇقەددەس جاينىڭ تۇپرىقىنى يانچىدى . دۇنيادىكى كەڭ مۇسۇلمانلار بۇلارنى كۆرۈپ ، قەلبىدىكى غەزەپ يالقۇنىنى باسالماي قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، مىسىردىن تارتىپ ماراكەشكىچە ، ئىراندىن تارتىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغىچە ، ئەرەب دۇنياسىدىن تارتىپ ئاسىيا ، ئافرىقىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگىچە ، ھەتتا ئەنگلىيە ، جەنۇبىي ئافرىقىغىچە بولغان جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن كوچىلارغا تاشقىن سۇدەك چىقىپ كەتتى .

ھەر خىل بايراقلار ، پىلاكاتلار لەپىلدىدى . غەزەپلەنگەن ئاممىنىڭ غەرب ئەسكەرلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىن دەرھال كېتىشىنى تەلەپ قىلغان سادالىرى كۆكتە ياڭرىدى . بۇھال ئامېرىكىغا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتى ، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزىمىنىڭ غايەت زور كۈچى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى كونترول قىلىشىدىكى يەنە بىر چوڭ توسالغۇ ئىكەنلىكىنى تونۇتتى .

## § 3 . قىيىن تاللىۋېلىش

پارس قولتۇقى كرىزىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن ، ئەرەب دۇنياسىدا يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىش بولدى . 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەرەب ئىتتىپاقىنىڭ مىنىستىرلار كېڭىشى قاھىرەدە جىددىي يىغىن ئېچىپ ، قارار ماقۇللاپ ، ئىراقنى ئەيىبلىدى . ئۇنىڭدىن كۇۋەيتتىن ئەسكەر چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى . يەمەن ، ئىئوردانىيە ، پەلەستىن ، سۇدان ۋە ماۋرىتانىيە قاتارلىق بەش دۆلەت ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى . لىۋىيە يىغىنغا كەلمىدى . 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەرەب ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى جىددىي يىغىن ئاچتى ، يىغىندا 12 قوشۇلغان كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن قارار ماقۇللاپ ، ئىراقنى ئەيىبلىدى ، خەۋپسىزلىك كېڭىشى 660 - ۋە 661 - نومۇرلۇق قارارلىرىنى قوللىدى . ئىراقنى جازالاشنى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەسكەر ئەۋەتىشنى قوللىدى . لىۋىيە ، پەلەستىن ۋە ئىراق قارشى تۇردى ، ئالجىرىيە ، يەمەن ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى ، ماۋرىتانىيە ، ئىئوردانىيە ۋە سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆز پىكرىدە قالدى ، تۇنىس يىغىنغا قاتناشمىدى . كېيىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ پارچىلىنىشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر شۇنى سورىماي تۇرالمايدۇكى، ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىشى خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ بولۇپ، ئۇنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش ئورۇنلۇق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئەقەللىي تەلەپتىمۇ ئەرەب دۆلەتلىرى ئىچىدە ئىختىلاپ بولىدۇ؟

كىمكى خەلقئارا قانۇن ئۆلچەملىرىگە خىلاپلىق قىلسا، شۇ ئەيىبلىنىشى كېرەك. بۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپى، ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىمۇ نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. مەسىلەن، ئىراق بىلەن كۇۋەيت مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىراق بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقى، بەزىلەرنىڭ تارىختا ئىراق بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى، بەزىلەرنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن مۇناسىۋىتىگە بولغان قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، بەزىلەرنىڭ غەربكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ زىت بولۇشى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، بۆلۈنۈشكە ئېلىپ باردى. بۇنى تۆۋەندە بىرنەچچە مىسال ئارقىلىق تەھلىل قىلىمىز.

ئىئوردانىيە بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدا تارىختا مۇنداق مۇناسىۋەت بولغان: مەككىدىكى شېرىف ھۇسەيىن① ھىجاز رايونىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغان. چوڭ ئوغلى ئەلى دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئوتتۇرانچى ئوغلى ئابدۇللا ئىئوردانىيىگە پادىشاھ بولغان (بۈگۈنكى ئىئوردانىيە پادىشاھى ھۇسەيىننىڭ بوۋىسى)، 3 ـ ئوغلى خايسال ئىراقتا پادىشاھ بولغان (1958 ـ يىلى قاسىم تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان)، 1924 ـ يىلى مەككە ۋەھھابىيلار

① «شېرىف» — مەككە جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئاقساقالىنىڭ ھۆرمەت نامى، «ھۇسەيىن» ـ پەيغەمبەر جەمەتىنىڭ ئەۋلادى.

تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ، ياندۇرقى يىلى ھىجاز قولدىن كېتىدۇ. شېرىف ھۈمەيىن بىلەن ئەلى چەت ئەلگە قېچىپ كېتىدۇ. سىياسىي ئىقتىساد جەھەتتە ئىئوردانىيە بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا ئىئوردانىيە بىلەن ئىراقنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولدى، بولۇپمۇ ئىئوردانىيە ئىراقنىڭ نېفىت بىلەن تەمىنلىشىگە تاياندى. يېقىنقى ئەھۋالدىن ئىئوردانىيىنىڭ پارس قولتۇقى كرىزىسى ۋە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىراق تەرەپتە تۇرۇشىدىكى بىر قىسىم سەۋەبنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پەلەستىنىدە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈرەشتە ئىراق ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئىراق ئامېرىكا، ئىسرائىلىيىگە قەتئىي قارشى تۇردى. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا پەلەستىن بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى؛ سەئۇدى ئەرەبىستان ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرسىمۇ، لېكىن ئىسرائىلىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئامېرىكا بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بىرقەدەر ياخشى ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىدە بولدى. ئامېرىكىغا، ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇش (ئەينى چاغدا ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغاندىن) مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش ـ چىڭ تۇرماسلىق پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئامىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ياكى بولالماسلىقىغا ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاخىر ئىراقنى قوللاشنى تاللىۋالدى.

مىسىر ئەرەب دۇنياسىدىكى مۇھىم دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ۋە تەسىرى ئەرەب دۇنياسىدا چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئىراقنىڭكىگە ئوخشاش دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى يوق. لېكىن، ئىراق بۇ چاغدا تاجاۋۇزچى

www.uyghurkitap.com

بولغاچقا ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئەيىبلەندى . تېخىمۇ مۇھىمى مىسىر 1979 - يىلى ئىسرائىلىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا سۈلھى قىلدى ، ھەمدە باش ئەلچى دەرىجىلىك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى . زۇڭتۇڭ سادات 70 - يىللاردا ئامېرىكىغا يېقىن بولغاندىن بۇيان ، مىسىر بىلەن ئامېرىكا ئىزچىل ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى . ئىسرائىلىيىدىن قالسىلا مىسىر ھەر يىلى ئامېرىكىدىن 2 مىلياردتىن ئارتۇق ئامېرىكا دوللىرى ياردىمى ئېلىپ تۇردى . بۇ قېتىمقى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى باشلانغاندا مىسىرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، ئامېرىكا مىسىرنىڭ گەردىنىدىكى 7 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق ھەربىي ئىشلار قەرزىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى . مىسىر بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇناسىۋىتى 70 - يىللاردىن كېيىن ئومۇمەن ياخشى بولدى . سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە كۇۋەيتتە مىسىرنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بولۇپ ، مەبلەغ ياردىمىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە كۇۋەيتكە ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ ، ئېغىر ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى پەسەيتىپ ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ كەلدى . شۇڭا ، زۇڭتۇڭ مۇبارەك سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن كۇۋەيتنىڭ ئىراققا قوللانغان مەيدانىنى قوللاش ۋە ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقى كرىزىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ۋە ھەرىكىتىنى قوللاش سىياسىتىنى چىقاردى .

ئىراق كۇۋەيتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، سەئۇدى ئەرەبىستان ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىغا ئەسكەر چىقىرىشىنى قوللىدى . غەرب قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىگە كىرىشىگە يول قويدى . چۈنكى ئۇ ئۆز خەۋپسىزلىكىنىڭ ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . بۇ ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ئىش ئىدى . لېكىن ئۇ ئىسلام دىنى بارلىققا

كەلگەن جاي ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا يۇرتى ، مەككە ، مەدىنە شۇ دۆلەتتە ، ھەر يىلى 2 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ھەج قىلغىلى كېلىدۇ . شۇڭا مەككە ، مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى شەھەرلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل سەئۇدى ئەرەبىستان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس زېمىنى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئىسلام دىنىنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، غەربنىڭ نەچچە يۈز مىڭ ئەسكىرىنىڭ بۇ زېمىنغا كىرىشىگە يول قويۇش ، بەلكى نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ خرىستىئان بولۇشى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايال ئەسكەرلىرىنىڭمۇ بولۇشى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئۆزگىچە چوڭ ئىش بولۇپ ، كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىشى مۇقەررەر ئىدى . بۇ نۇقتا سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىگە ناھايىتى ئېنىق ئىدى . لېكىن ئۇلار پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، ۋەھھابىي ئۆلىمالىرىنىڭ قوللىشى بىلەن غايەت زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ غەرب ئەسكەرلىرىنىڭ كىرىشىگە يول قويدى . بۇنىڭ ئۈچۈن شەيخ ئىبنى باز «تاجاۋۇزغا تاقابىل تۇرۇش ۋە دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا باشقىلارنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ» دېگەن پەتىۋانى چىقىرىپ ، ئۆز دۆلىتىدىكى ۋە دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈردى .

ئىران بىر تەرەپتىن ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ ، ب د ت نىڭ ئىراقنى جازالاش توغرىسىدىكى قارارىنى قوللىسا ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پارس قولتۇقىغا ئەسكەر چىقىرىشىغا ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى زېمىنىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا ئېنىق قارشى تۇردى .

سۇدان بىلەن ئىراننىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر ياخشى

بولۇپ، بۇ چاغدا پارس قولتۇقى كرىزىسى بىلەن ئامېرىكىغا، ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇشنى بىرلەشتۇرگەندە مۇناسىۋىتى يېڭىدىن ياخشىلانغان، ھەمدە 200 مىلىيون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلغان سەئۇدى ئەرەبىستانىنى رەنجىتىپ قويۇپ، سۇدان بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋىتىنى يەنە يامانلاشتۇرۇپ قويۇش ۋە ئامېرىكىنىڭ سۇداننى جازالىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى ھەم سۇداننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى ئارمىيىنى قوللاشنى كۈچەيتىۋېتىشكە ئېلىپ بېرىش مۇمكىنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سۇدان يەنىلا ئۆزىنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇردى.

ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى، مەسىلەن، ئىئوردانىيە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى، پەلەستىندىكى خاماس قاتارلىقلار بۇرۇن سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە كۇۋەيتتىن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك، ئاشكارا ياكى مەخپىي يوللار بىلەن نۇرغۇن ئىقتىسادىي ياردەم ئېلىپ، نۇرغۇن مەبلەغقە ئىگە بولۇپ، خەير - ساخاۋەت پائالىيەتلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا، بولۇپمۇ نامرات مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغانىدى. ئەگەر ھازىر ئامېرىكىغا، ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە كۇۋەيتنى رەنجىتىپ قويسا، بۇ غايەت زور مالىيە مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالاتتى - دە، پۈتكۈل تەشكىلاتلار ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بەزى تەشكىلاتلار ئىراننىڭ ئۇسۇلىنى دوراپ، ئۆزىمۇ جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ، ب د ت نىڭ ئىراقنى جازالاش توغرىسىدىكى قارارىنى قوللىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىراقنىڭ ئىسرائىلىيىگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىشىنى

قوللاپ، ئامېرىكىنىڭ ئەرەب - ئىسرائىلىيە مەسىلىسىدە ئىككى ياقىلىمىلىق ئۆلچەم قوللانغانلىقىغا قارشى تۇردى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە كۇۋەيتنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىشتىن ئىمكانقەدەر خالىي بولدى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، داۋاملىق ياردەمگە ئىگە بولۇپ تۇردى. بەزى تەشكىلاتلار سۇدانىنىڭ ئۇسۇلىنى دورىغاندى، ئۇلار بايلىق مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

## § 4. پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ باشلىنىشى

ئامېرىكا پارس قولتۇقى كرىزىسىغا قول تىققاندا تۆت نىشانى بارلىقىنى جاكارلىغانىدى. بۇ نىشانلارنى يۇقىرىدا تونۇشتۇردۇق. بۇ ئۇلار ئاشكارا سۆزلىگەن نىشان بولۇپ، ھەقىقىي نىشانىنى ئېلان قىلمىغانىدى. ئامېرىكىدىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئوبزورچىلارنىڭ تەھلىللىرىگە ئاساسەن، ئۇنى تۆۋەندىكى ئالتە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئامېرىكا ئۆزىنى «دۇنيادىكى بىردىنبىر چوڭ دۆلەت»، «دۇنيا ساقچىسى» ۋە «دۇنيانىڭ يېتەكچىسى» ئورنىغا قويۇپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەربىي كۈچىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى» خەلقئارالىق ئورنىنى ئىپادىلىمەكچى ۋە كۈچەيتمەكچى بولدى؛

2. ئىراققا زەربە بېرىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئامېرىكىغا ۋە ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولدى؛

3. بىرنى ئەدەپلەپ باشقىلارنى قورقۇتماقچى، ئىرانغا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا شەرقتىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم دۆلەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى بولدى؛

4. ئوتتۇرا شەرقنىڭ نېفتىنى كونترول قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈپ، نېفتنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئىراق ۋە ئىراننىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلانماقچى بولدى؛

5. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئاتالمىش «رايون تەڭپۇڭلۇقى»نى كونترول قىلىشنى ساقلاپ قالماقچى بولدى؛

6. ئىراقنى ئامېرىكىنىڭ يېڭى قوراللىرىنى سىناپ كۆرىدىغان مەيدانى قىلماقچى بولدى.

يۇقىرى نىشانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكىنىڭ نەزىرىدە ئىراق ۋە ئىران ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى داۋاملىق كونترول قىلىشىدىكى مۇھىم خەۋپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي، ئالدى بىلەن ئىراققا قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. «يوقىتىۋەتمەي» بەلكى «قاتتىق زەربە» بېرىپ قويۇش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، «رايون تەڭپۇڭلۇقى»دىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. زۇڭتۇڭ بۇش ئەينى چاغدا باش قوماندان گېنېرال شۋاسكوفنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، سادام ھاكىمىيىتىنى گۇمران قىلىۋېتىش توغرىسىدىكى ھەربىي پىلانىنى قىلمىغان چاغدىكى «سىياسىي جەھەتتىن ئويلىنىشى»دا يۇقىرىقى ئالتە نۇقتا كۆزدە تۇتۇلغان.

پارس قولتۇقى كرىزىسى ۋە ئۇرۇشى داۋامىدا بىر تەرەپتە، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر ئىراققا قورال كۈچى ئىشلىتىمىز دەپ تەھدىت سالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى قوزغىلىپ، ئەرەب مىللىتىنىڭ غەزەپ يالقۇنىنىڭ ئۈستىگە ياغ چېچىپ، داغداۇغىلىق

نامايىشلارنى ئۆيۈشتۇرۇپ ، ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە ، «يېڭى ئەھلىسەلىپ قوشۇنى»غا قارشى تۇردى ، ئىسرائىلىيىنى ئەيىبلىدى . بۇھال تەبىئىيكى ئامېرىكىغا ۋە غەربكە زەربە بولدى . ئامېرىكىغىمۇ شۇنى ھېس قىلدۇردىكى ، كرىزىس ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ، بەزى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىغا ئەسكەر چىقىرىش ، ئىراق ھەربىي كۈچ بىلەن زەربە بېرىش ، ئىراقنى جازالاشتەك قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىدىغان پوزىتسىيىدە بولۇشىنى ، ھەتتا ئۇنى قوللايدىغان ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىدىغان قىلىشنى ، ئىراققا قارشى ئىتتىپاققا كىرىشنى ۋە ئەسكەر چىقىرىپ كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرىغا قاتنىششنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك . لېكىن ، ئامېرىكىغا ۋە ئىسرائىلىيىگە تەۋرەنمەي قارشى تۇرىدىغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزم دۆلەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىغا ئامېرىكا ھېچ ئىلاج قىلالمىدى . ئۇلارنىڭ ئەرەب خەلقىنىڭ ئىسرائىلىيە مەسىلىسىدىكى غەزىپىدىن ۋە غەرب ئەسكەرلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كىرىشىدىن مۇسۇلمانلاردا پەيدا بولغان غەزەپ يالقۇنىدىن پايدىلىنىپ ، ئوتتۇرا شەرقتىن باشقا جايلاردا ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىنى ئەيىبلەيدىغان «ھەققانىي ئۇرۇش» قوزغىغۇچىدىغانلىقىنى كۆردى . ئامېرىكىنىڭ قارىشىچە ، بۇ قورقۇنچلۇق ئىدى . بۇھال تەرەققىي قىلىپ كېتىۋەرسە ، ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ بۇ قېتىمقى كرىزىس ۋە ئۇرۇشتىكى «ئۇلۇغ غەلىبىسى» يوققا چىقىپلا قالماستىن ، بەلكى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئورنىمۇ بىۋاستە تەھدىتكە ئۇچرايتتى .

مۇشۇنداق ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ ، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەشكە كىرىشىپ ، بىر قولىدا ، ئىراق ،

ئىرانغا قارىتىلغان «ئىككى ياقلىمىلىق جازالاش»نى يولغا قويسا؛ يەنە بىر قولىدا، «ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى»نى يولغا قويدى. ئىستراتېگىيىلىك ۋاستە تەڭشەلگەن بىلەن ئىستراتېگىيىلىك مەقسەت بۇرۇنقىدەك بولۇپ، ئامېرىكىغا، ئىسرائىلىيىگە قارشى كۈچلەرگە، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ، ئوتتۇرا شەرقنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بولدى.

## 1. «ئىككى ياقلىمىلىق جازالاش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى

ئامېرىكا ئىراق بىلەن ئىراننى جازالاشتا ئۇلارنى تۈنجۇقتۇرۇۋېتىشنى ئەمەس، بەلكى «ئاجىزلىتىپ» قارشى تۇرالمايدىغان، گېپىگە كىرىدىغان، ئامېرىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدىغان قىلىپ قويۇشنى مەقسەت قىلدى.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىراقنى جازالاشتا ئۇنىڭ قاتتىق ئەدىپىنى بېرىپ، ئۇنى قەيسەر يولۋاستىن ئورۇق تۆگىگە ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرالمايدىغان قىلىپ قويۇشنى، لېكىن ئۇ يوغان ئورۇق ئىسكىلىتىدىن پايدىلىنىپ، شەرقتە ئىراننى، شىمالدا رۇسىيىنى، غەربتە ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرىدىغان يەنە بىر دۆلەت — سۈرىيىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جەنۇبتا سەئۇدى ئەرەبىستان، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەرگە تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسىگە تېخىمۇ تايىنىدىغان قىلىپ قويۇشنى مەقسەت قىلدى. شۇڭا، ئىراقنى جازالاشتىكى ھەقىقىي مەقستى سادامنى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى پات ئارىدا «تۈنجۇقتۇرۇۋېتىش» بولمىدى. چۈنكى، ئىراقتىكى ئۆكتىچىلەر ئاساسلىقى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى بولۇپ، ئۇلار سۈننىي مەزھىپى ۋە شىئە مەزھىپىگە بۆلۈنگەن، ئۇلاردا

ھازىرغىچە يۇقىرى ئىناۋەتلىك ، مەملىكەتكە رەھبەرلىك قىلالايدىغان ، ھەمدە ئامېرىكا بىلەن زىچ ھەمكارلىشىشنى بىلىدىغان داھىي يوق . مۇشۇنداق ئەھۋالدا سادام يوقىتىۋېتىلىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى ھوقۇق تۇتسا ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۆزىنىڭ «نىيىتى»دىن ۋاز كەچمىسە ، ئامېرىكىغا قارشى مەيداننى ئۆزگەرتمىسە ، ئۇ ھالدا بىر يېڭى دۈشمەننى تىكلەپ قويغانلىق بولىدۇ . ئەگەر ھوقۇق تۇتقۇچى شىئە مەزھىپىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتى بولسا ، ئىران بىلەن بىرلىشىۋېلىشى مۇمكىن . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ، غەربىي ئاسىيا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ دۇنياسى بولۇپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ . شۇنداق بولۇپ قالسا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئورنى ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىكى قانچىلىك تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق . ئەگەر ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتى ھوقۇق تۇتمىسا پۈتۈن مەملىكەت قالايمىقانلىشىپ ، بۆلۈنۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ . ئامېرىكا ئۇرۇق تۆكىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرىقى ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايلا قالماستىن ، ئوتتۇرا شەرقتە ، بولۇپمۇ غەربىي ئاسىيادا ئېغىر قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن . غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن . ئۇ چاغدا قولدىن كەتكىنى يالغۇز ئىراق بولۇپلا قالماستىن ، بىرنەچچە دۆلەت بولۇشى مۇمكىن .

ئامېرىكا ئىراننى جازالاشنى داۋاملىق كۈچەيتتى . ئىران دۇنيادىكى «تېررورچىلىق باشلانغان ئەڭ مۇھىم دۆلەت» ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ ۋە يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ ، دېگەننى باھانە قىلىپ ، 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇنىڭغا ئومۇميۈزلۈك سودىدا جازالاشنى

يۇرگۇزۇشنى جاكارلىدى. لېكىن، ئامېرىكا يالغۇز ئىش قىلسا ھېچنېمىگە كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ياۋروپادىكى شېرىكلىرىدىن ئۆزى بىلەن بىللە ئەمبارگو يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن جاۋاب ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، غەزەپلەنگەن ئامېرىكا ئىراننى جازالاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شېرىكلىرىنى جازالاش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. زۇڭتۇڭ كلىنتون 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىران ۋە لىۋىيىنى جازالايدىغان ئاتالمىش «داماتو لايىھىسى»نى ئىمزالىدى. بۇنىڭدا ئىراندىكى نېفىت، تەبىئىي گاز كەسپلىرىگە 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ جازالىنىدىغانلىقى ئالاھىدە بەلگىلەندى. ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى شېرىكلىرى دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئامېرىكىنى «بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى»نى خەلقئارا جەمئىيەتكە تاڭدى دەپ تەنقىدلىدى، ھەمدە بۇنداق قىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «داماتو لايىھىسى»نى يولغا قويۇش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدۇ؟ چاتاق مانا مۇشۇ يەردە. رۇشەنكى، بۇ ئىش ئامېرىكىنىڭ «دۇنيا ساقچىسى» بولغان نوقۇل زومىگەر روھىي ھالىتىنىڭ ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى پارس قولتۇقى كرىزىسى ۋە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا دۈچ كەلگەن كۈچلۈك رەقىب ۋە ئۇنى ئىلاجىسىز قىلىپ قويغۇچى سادام ئەمەس، بەلكى ئىران ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرى بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولدى. شۇڭا، ئامېرىكا ئىراننى ئېغىر جازالىغاندا بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ھەربىي كۈچىنى، بولۇپمۇ ئاتوم ھەربىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىگە خەلقئارالىق تەھدىت ھالىتىنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ دەپ

قارىدى . بۇلار ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسى ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى بويىچە تەرەققىي قىلمىدى .

## 2 . ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ باشلىنىشى

ئامېرىكا «پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى» دېگەن كاتتا نامنى ئالغاندىن كېيىن ، بىرمەھەل تېرىسىگە پاتماي ، «ئوتتۇرا شەرقتە تىنچلىق ياراتقۇچى» دېگەن تاجنى ئېلىشقا بەل باغلىدى . ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا شەرق خەلقىنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى چۈشىنىدىغان ھالەتتە كۆرۈنۈپ ، ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىپ ، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش يولىدىكى ئىرادىسىنى بىلدۈردى . دەرۋەقە ، ئۇنىڭ ھەپىلىشىشى بىلەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى . نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئامېرىكىغا بولغان كۆز قارىشى بىرمەھەل ئۆزگەردى ، ھەم ئىشەندى ، ھەم گۇمانلاندى ياكى ئۈمىد باغلىدى . لېكىن ، تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ ئەگرى - توقاي بولۇشىغا بۇ مۇساپىدا خېيىمخەتەرنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشىغا ، ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىنى قانات ئاستىغا ئېلىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ ئىككى ياقلىملىق ئۆلچەمدە چىڭ تۇرىدىغان ھەقىقىي قىياپىتى كۆنسايىن ئاشكارىلاندى ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تونۇشمۇ بارغانسېرى ئايدىڭلاشتى . ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنى قوزغاشتىكى تۈپ مۇددىئاسى ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەمەس ، بەلكى ئۇنى بىر خىل تاكتىكىلىق ۋاستە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ ، ھەقىقىي مەقسىتى ئەرەبلەرنىڭ پارس قولتۇقى كرىزىسى ۋە ئۇرۇشىدا پارتلىغان كۈچلۈك غەزىپىنى پەسەيتىۋېلىپ ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئۇنىڭدىن يەنىمۇ پايدىلىنىپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسرائىلىيىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى خوجايىنلىق ئورنىغا خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش، شۇنداقلا دۇنيا ۋەزىيىتىدە ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەش ئىدى. چۈنكى، دۇنيادىكى ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە كۆپ قۇتۇپلىشىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يۈزلىنىشى پەيدا بولدى. مىللەتچىلىك سىياسىي پىكىر ئېقىمى بىلەن هازىرقى زامان ئىسلامىزمىلىق دىنىي سىياسىي پىكىر ئېقىمى دۇنياۋى ئىككى چوڭ پىكىر ئېقىمى بولۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيادا پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىپ، ئۇرۇش ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرۇۋەتتى. ئوتتۇرا شەرق رايونىدا هازىرقى زامان ئىسلامىزم هەرىكىتى شىددەتلىك تەرەققىي قىلدى. ئىران، سۇدان، ئافغانىستانلاردا ئىسلام هاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۈچ تەرەپ (ئەرەب دىنىدىن تاشقىرى مىللەتچى هاكىمىيەتلىرى، يەھۇدىيلار هاكىمىيىتى ۋە هازىرقى زامان ئىسلامىزم هاكىمىيىتى) تەڭ تۇرىدىغان كۈچلۈك بىر تەرەپ بولۇپ، قالغان ئىككى تەرەپكە ئېغىر تەهدىت پەيدا قىلدى. ۋەهالەنكى، ئوتتۇرا شەرقتىكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچى دۆلەت بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىدە جامال ئابدۇل ناسىر زۇڭتۇڭلۇق قىلغان دەۋر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ناهايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئامېرىكا 40 ـ يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا شەرققە قېقىپ قويغان قوزۇقى — ئىسرائىلىيىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئوتتۇرا شەرقتىكى مىللىي ئازادلىق هەرىكەتلىرى ۋە مىللىي هاكىمىيەت دۆلەتلىرىگە قارشى تۇرۇشنىڭ كۆۋرۈك بېشى

ئىستىھكامى قىلىپ، ئوتتۇرا شەرقنى كونترول قىلىپ كەلدى. بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىدى. شۇڭا، ئامېرىكا ئەمدى دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھاكىمىيەت بىلەن ئىسرائىلىيىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم كۈچلىرىگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرغۇزۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى كونترول قىلىشىغا پايدىلىق بولغان ئاتالمىش «رايون تەڭپۇڭلۇق»نى پەيدا قىلماقچى بولدى. دېمەك، ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ جىننىڭ قەستى «تىنچلىق» شاپتۇلىدا ئەمەس، بەلكى «رايون تەڭپۇڭلۇقى»دىن ئىبارەت ئەمەلىي «نەپ»تە ئىدى.

لېكىن، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى ئىسرائىلىيە خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەرنى ۋە سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەلەيدىغان پارتىيىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلدى. ئۇلار ئۇرۇش خەۋپىنى تۈگىتىپ، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈپ، خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى. شۇڭا ئۇلار تىنچلىق مۇساپىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىدى. لېكىن، كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئىسرائىلىيە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇپ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئەرەبلەر ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى، ھازىر ئۇ ئاتوم قورالىغا ئىگە. شۇڭا ئۇ ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. شۇڭا لىكود گورۇھىدەك ئوڭ قانات پارتىيىلەر مۇشۇنداق سىياسىي كۈچكە تايىنىپ، تارتىۋالغان زېمىننى، بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلاردا قىممەتكە ئىگە دەپ قارالغان جايلارنى ۋە «تەۋرات»تا يەھۇدىيلارغا ئىجازەت قىلىنغان جاينى باشقىلارغا «بىكاردىن ـ بىكار ياندۇرۇپ بېرىش»نى خالىمايدۇ. ئۇلارغا مەلۇمكى، ئامېرىكا مەلۇم ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۇلارغا «نەسىھەت قىلىدۇ» ياكى «بېسىم ئىشلىتىدۇ.» لېكىن ئۇلار قۇلاق سالسىمۇ، قۇلاق سالمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ھەرنېمە بولسا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلار گۇرۇھى ئۇلارغا ئارقا تېرەك . ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى جىق بىرنېمە قىلالمايدۇ . ۋەھالەنكى ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىپ كەتمەيدۇ . ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى خوجايىنلىق ئورنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى ئېغىر خىرىسقا ئۇچرىغان چاغدا ، ئىسرائىلىيىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ، ئىككى ياقلىملىق ئۆلچەم قوللىنىشىنى ئۆزگەرتىدۇ . ئەرەبلەردىكى ئالاقىدار تەرەپلەر : پەلەستىن ، ئىئوردانىيە ، لىۋان ۋە سۈرىيىلەر ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان زىددىيەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ ، بىرلىشىپ كۈرەش قىلىدۇ . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يا ئۇنداق ، يا بۇنداق زىددىيەتلەر بولۇپ ، ھەرقايسىسى ئۆز مەنپەئەتى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالغاندا ، كۈچلۈك بىرلەشكەن كۈچنى شەكىللەندۈرۈپ ، ئۈنۈملۈك كۈرەش قىلالمايدۇ . ئىسرائىلىيە بولسا زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ، بىر - بىرلەپ تارمار قىلىدۇ . شۇڭا ، سۆھبەتتە ئېغىر شەرتلەرنى قويىدۇ . مەسىلىنى «ئادىل» ، ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىشقا پەرۋا قىلمايدۇ . پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەرافات تىنچلىق مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، پەلەستىن خەلقىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، تىنماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . چېكىنىشكە بولمايدىغان دەرىجىدە چېكىنىپ بەردى . ھەتتا 32 يىل داۋاملاشتۇرۇلغان قوراللىق كۈرەش بايرىقىنىمۇ تاشلاپ قويدى . ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن سۆھبەت بۇزۇلۇپ ، بۇ بايراقنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولسا ، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلار بۇرۇنقىدەك كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن . تىنچلىق مۇساپىسىدە ئۇنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى قىيىن ، كېلىشىپ قېلىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى تىنچلىق مۇساپىسىنى ئۆزگە قارىتىلغان دەپ قارايدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭغا

كۈچىنىڭ بارچە قارشى تۇرىدۇ، توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق
قىلىدۇ. شۇڭا، تىنچلىق مۇساپىسىنى كەينىگە ياندۇرغىلى
بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن،
ئىلگىرىلەش قىيىن بولغان مۇساپە بولۇپ، تەكرار بۇزۇلۇپ
تۇرۇشى، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ
ئىش ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە
مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى، ئوتتۇرا شەرق ۋە دۇنيانىڭ
تىنچلىقىغا، تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن،
ھامان بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇنى ئىلگىرى
سۈرىدۇ، قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن
داۋاملىق كۈرەش قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئونىنچى باب

# ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن غەرب ۋە شەرق

## 1 § . دۇنياغا بولغان قاراش

ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ دۇنياغا قارىشى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمىنىڭ دۇنياغا قارىشى روشەن پەرقلىنىدۇ . 20 ـ يىللاردىكى ئىسلامىزم بىلەن 90 ـ يىللاردىكى ئىسلامىزمۇ ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ . بۇ بابتا 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ دۇنياغا بولغان قاراشلىرى ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز .

ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ئافغانىستان ، سۇدان ، ئالجىرىيە ، مىسىر ، تاجىكىستان ، پەلەستىن ، ئىئوردانىيە ، پاكىستان ، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى تەرەققىي قىلدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى خەلقئارادىكى بىر خىل پىكىر ئېقىمى ۋە ھەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقئارالىق بەزى مەسىلىلەرگە ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان تەشەببۇسلاردا بولدى ، ھەمدە بىرلىككە كەلگەن بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى . ئالاقىدار دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان

ئىسلامىزمىنىڭ سىرتقى دۇنياغا بولغان قاراشلىرى ئۈستىدە كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك باب ـ پاراگرافلىرىدا تەھلىل قىلىندى. بۇ بابتا ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى يىغىنچاقلىنىدۇ ۋە تەھلىل قىلىنىدۇ.

هازىرقى زامان ئىسلامىزمى دۇنيانى مۇسۇلمانلار دۇنياسى ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ئايرىدۇ. غەيرىي مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئورنىنى مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئېلىپ، ئاللانىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان ھۆكۈمرانلىقى تىكلىنىدۇ، يەر شارى ئىسلامىيەتنىڭ ۋەتىنى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ھەم شۇنداق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاللانىڭ ۋە شەرىئەتنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن، جىهاد ئارقىلىق دۇنيا دائىرىسىدىكى (مۇسۇلمان ياكى غەيرىي مۇسۇلمان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ھۆكۈمرانلارنىڭ نوپۇزىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. جىهاد قىلىش مۇداپىئە كۆرۈش، هازىرقى ئىسلام دۇنياسىنى پاكلاشتۇرۇش ۋە قوغداش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش يولىدىكى توسالغۇلارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. بۇ توسالغۇلار دۆلەتنى، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ۋە ئەنئەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىهاد قىلغۇچىلار زوراۋانلىقنى، يەنى قوراللىق كۈرەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇميۈزلۈك جىهادنى داۋاملاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى توسالغۇلارنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى جەمئىيەت» دەپ ئاتالغان جەمئىيەت ئۆزگەرتىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.[1] بۇنى هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ دۇنياغا بولغان ئاساسىي قارىشى ۋە ئاساسىي تەشەببۇسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ

---

① [ئامېرىكا] خېرل دىكمېجاي: «ئىنقىلاب ئىچىدىكى ئىسلامىيەت: ئەرەب دۇنياسىدىكى ئەسلىيەتچىلەر»، سىراكۇس ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىلى نەشرى، 45 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاساسي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسي پروگراممىسى دېيىشكە بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى مەيدانى ۋە سىياسىتى مۇشۇ قاراش، تەشەببۇس، نەزەرىيە ۋە پروگراممىلاردىن بارلىققا كەلگەن.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى غەربنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، مەدەنىيىتىگە، قىممەت قارىشىغا ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتايىن قارشى تۇرىدۇ. جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك، زومىگەرلىك زور كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنى ئېزىۋاتقان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان دەۋردە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بارلىققا كەلدى. شۇڭا ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان قارىشىغىمۇ دەۋر تامغىسى بېسىلغان. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ غەربكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە ئېزىلگەن خەلقئەر بىلەن جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك ۋە زومىگەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر ھەم چوڭقۇر زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئامېرىكا ئۆزۈندىن بۇيان زومىگەرلىكنى يولغا قويۇپ، ئىسرائىلىيىنى قوللاش سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئامېرىكىغا تېخىمۇ ئۆچ بولدى. ئامېرىكىنى «چوڭ شەيتان»، ئىسلامىيەتنىڭ «1 ـ نومۇرلۇق دۈشمىنى»، «ئىسلام دۇنياسى ئۇچرىغان ھەممە بالا ـ قازانىڭ مەنبەسى» دەپ بىلدى. مانا شۇنداق بولغاچقا، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى بەزى دۆلەتلەر ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى ئۆزىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر تەھدىت دەپ قارىدى. ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «مۇستەقىللىق گېزىتى»نىڭ 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەۋەر قىلىشىچە، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى كىرس: ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىدىن كېلىدىغان تەھدىت — سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن غەرب دۇچ كەلگەن چوڭ خىرىسلارنىڭ بىرى دېدى.

غەربكە ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرۇش ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئورتاقلىقى ھېسابلىنىدۇ . جىن يىجۈي تۈزگەن : «زامانىمىزدىكى ئىسلام دىنى» ناملىق ئەسەردە بۇ نۇقتا مۇنداق دەپ يىغىنچاقلانغان : «گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىدە نۇرغۇن مەركەزلەر مەۋجۇت بولۇپ ، ھەر خىل شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن غەربكە ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرۇش ئورتاقلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەيلى تىنچ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان ئېتىقادنى گۈللەندۈرۈش ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش بولسۇن ، ياكى تەدرىجىي ئىلگىرىلەش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات بولسۇن ، ۋەياكى زوراۋانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ئىنقىلاب بولسۇن ، ھەممىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى غەربنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىگە ، قىممەت قارىشىغا ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇپ ، غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تەسىرىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، «گۈللەندۈرۈش» دېگەن بۇ ئۇقۇم غەربكە قارىتىلغان (شۇ كىتابنىڭ 221 ـ بېتىگە قاراڭ ) . زامانىمىزدىكى ئىسلامىزم ، يەنى ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىدىكى رادىكاللار غەربكە قارشى ۋە غەربنىڭ تەسىرىنى يوقىتىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلدى . بەزى دۆلەتلەردە ئامېرىكا ھەربىي كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇنىڭغا بولغان نەپرەتلىنىشنى ۋە ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىۋەتتى . مەسىلەن ، ئىسلامىزم شۇغۇللانغان قورallıق ھۇجۇمىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى غەربكە ، بولۇپمۇ ئامېرىكىغا قارىتىلغان . 1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېچىسى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بازىسىدىكى پارتلىتىش ۋەقەسى بۇنىڭ يېڭى پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . 2250 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى قاچىلانغان ئاپتوموبىل بۇ بازىدىكى سەككىز قەۋەتلىك بىنانىڭ يېنىغا ھەيدەپ كېلىنىپ پارتلىتىلدى . پارتلىتىشتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىلىق 19 ئادەم ئۆلدى، 259 ئادەم يارىدار بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 60 ئادەم ئېغىر يارىدار بولدى. بۇ ئىش 1983 - يىلى 10 - ئايدا بېيرۇتتىكى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقتا جەڭ قىلىش ئەترىتى گازارمىسىنىڭ پارتلىتىلىش ۋەقەسىنى ئەسلىتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ غەربكە، بولۇپمۇ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش مەيدانى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇنى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك باش نىشانى بەلگىلىگەن. لېكىن، بەزى ھاللاردا تاكتىكا جەھەتتىن تەڭشەشنى چەتكە قاقمايدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ جازالىشىنى بىتچىت قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ يېتىم قالدۇرۇشى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ھەم ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىتىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بەزى جانلىق ئۇسۇللارنىمۇ قوللىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئىسرائىلىيىنىڭ ئەرەب زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا قاتتىق قارشى تۇردى، ئىسرائىلىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. بىرقەدەر ئەسەبىي قاراشتىكىلەر ئىسرائىلىيىنىڭ پەلەستىن رايونىدا مەۋجۇت بولۇشىغا قارشى تۇرۇپ كەلدى. 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خارتومدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەرەب ۋە مۇسۇلمان خەلقلەر يىغىنى ئېلان قىلغان ئاخبارات بۇنداق قاراشنى ئىپادىلىگەن بىر مىسال. ئاخباراتتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «يىغىن ئوسلو كېلىشىمىگە ۋە يەھۇدىي زىئونىزمچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەممە پىلانغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. يىغىن يەھۇدىيلار سۇبىستانسىيىسىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ياكى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق شەكىلدە ئېتىراپ قىلىشقا قارشى تۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. » پەلەستىندىكى «يەھۇدىي زىئونىزمچىلىرى»غا قارشى جىھاد

قىلىش ۋە پەلەستىنىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش پەلەستىن رايونىدىكى ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى (خاماس)نىڭ نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلگەن. لېكىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بۇ جەھەتتىكى ھەرقانداق مۇرەسسەگە قارشى تۇرىدۇ دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، خاماسنىڭ رەھبىرى مەھمۇد جاھار 1994 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ ئىنچىلىق لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھەدە ئىسرائىلىيىنىڭ غەربىي قىرغاقتىن ۋە ئېرۇسالىمدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ كېتىشى، خەلق قوبۇل قىلىدىغان بىتەرەپ دۆلەتنىڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇشى، چەتتىن كەلگەن ئارىلىشىش بولمىغان ئەھۋالدا سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، پەلەستىنگە ئالاقىدار ھەممە مەسىلىلەر قارار قىلىنىشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى دىنىي جەھەتتە ئاتېئىزمنى «بىدئەتلىك» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئاتېئىزم كۆز قارىشىدا بولغان دۆلەتلەردىن ئېھتىيات قىلىدۇ، ھەمدە ھەر خىل پۈرسەتلەردىن پايدىلىنىپ دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسى قوللاندى. بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارشى تۇردى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتا ئۇنىڭ ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلغانلىقىنى ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ زومىگەرلىكىنى كۆزدە تۇتتى.

مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشتا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى مۇسۇلمانلارنى قوللاش ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. ئافغانىستاندىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنى قوللىغاندىن باشقا، بوسنىيە ـ گېرتسوۋگىنا ئىچكى ئۇرۇشىدىمۇ

مۇسۇلمانلارنىڭ سىرىبلارغا قارشى تۇرۇشنى قوللىشىمۇ بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالى بولالايدۇ .

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا مىسىرنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا سۈلھى قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەرەب ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىنىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىقى ، ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلىكنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىدىن ۋە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى .

تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى دىني ئەقىدىنى ، دىني قائىدىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئۇممە (ئويۇشما) ئەندىزىسىنى ئاساس قىلىپ ، ھازىرقى ھەممە غەيري ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنى ، ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا مەنسۇپ بولمىغان داھىيلار رەھبەرلىك قىلغان ھۆكۈمەتلەرنى «ئەزگۈچىلەر ھۆكۈمىتى» ، شۇڭا ئۇلار قانۇنسىز ھۆكۈمەت ھېسابلىنىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلار رەھبەرلىك قىلىپ ، شەرىئەتنى يولغا قويغان ئىسلام ھۆكۈمىتىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . لېكىن ، بۇنداق ئورنىغا دەسسىتىشنى قانداق يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار پەرقلىنىدۇ . «دىپلوماتىيە» ناملىق قوش ئايلىق ژۇرنالنىڭ 1994 ـ يىلى 11 ـ ، 12 ـ ئايلىق ساندا بېسىلغان ماقالىدە ئېيتىلىشىچە ، لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ مەنىۋى داھىيسى فادرالا 1994 ـ يىلى مۇنداق دېگەن : «10 يىل ئىلگىرى بىر ئەسىرىمدە ئۆزگىرىشنى ئىنقىلاب ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ قالماستىن ، بەلكى دېموكراتىك ئورگانلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم .»

لېكىن ، ھارىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ خەلقئارا

مەسىلىلەرگە بولغان ئوخشاشلىقىنىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتە شۇنداق بولىدۇ دەپ ئېيتالايمىز. خەلقئارا مۇھىت ۋە كونكرېت شارائىت ئوخشاش بولمىغاچقا، مەلۇم دۆلەتتىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ بەزى خەلقئارا مەسىلىلەرگە، جۈملىدىن ئامېرىكىغا ۋە غەربتىكى باشقا دۆلەتلەرگە، ئىسرائىلىيىگە ۋە پەلەستىن مەسىلىسىگە بولغان قارىشىمۇ باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئىسلام دۆلەتلىرىگە ۋە 3 ـ دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەر خىل، تەشەببۇسلىرىدىمۇ ئوخشىمايدىغان جايلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان دۆلەت (مەسىلەن، ئىران) بىلەن ھاكىمىيەتنى تېخى قولغا ئالمىغان دۆلەت (مەسىلەن، ئالجىرىيە)دىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ سىرتقى دۇنياغا بولغان كۆز قارىشىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت. ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ياكى مەلۇم يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىغا ئىگە بولغان دۆلەتتىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى سىرتقا قارىتىلغان فاڭجېننى بەلگىلەشتە، ئالدى بىلەن قانداق قىلغاندا قولغا كەلتۈرگەن ھاكىمىيەتنى ياكى ئىگە بولغان يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. بۇنداق ئورۇنغا ئىگە بولمىغان دۆلەتتىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى بولسا، ئالدى بىلەن قانداق قىلغاندا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى، چەت دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمەتنى قوللاش دەرىجىسىنى بۇراشنى ئويلايدۇ. مەسىلەن، ئالجىرىدە فرانسىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتى كۆپ. شۇڭا ئۇ ئالجىرىنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەيدۇ. ئامېرىكا بولسا ئالجىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇقنى قوللىمايدىغان ئۆكتىچىلەر بىلەن سۆزلىشىشنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەمكارلىششىنى تەشەببۇس قىلىدۇ . شۇڭا ، ئالجىرىيىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتى تىغ ئۇچىنى فرانسىيىگە قارىتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، غەربكە تۇتقان پوزىتسىيىدە ئىران ئامېرىكىغا قارشى تۇرىدىغان ، ئالجىرىيىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى فرانسىيىگە قارشى تۇرىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى . مىسىردا بولسا بەزى ئەسەبىيلەر چەت ئەل ساياھەتچىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى . ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئالدى بىلەن ساياھەتچىلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلدى . شۇڭا ، ھۇجۇم قىلىدىغان چەت ئەللىكلەرنى تاللاپ ئولتۇرمىدى . ئەلۋەتتە ، «بىدئەت» مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇشمۇ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ . ئافغانىستان ۋە تاجىكىستاندا سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا رۇس شوۋىنىزمى يۈرگۈزگەن سەۋەبلىك ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى خەلقئارا كۈرىشىنىڭ تىغىنى ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە پارچىلانغاندىن كېيىنكى رۇسىيىگە قاراتتى .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن دۆلەتلەرنىڭ سىرتقا قارىتىلغان سىياسىتىدىمۇ ئوخشاشماسلىق مەۋجۇت بولىدۇ . مەسىلەن ، سۇداننى كىشىلەر ھازىرقى زامان ئىسلامىزم دۆلىتى دەپ قارايدۇ . لېكىن ، سۇدان رەھبەرلىرىنىڭ سىرتقا قاراتقان سىياسىتى ئىراننىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ . سۇدان ئەزەلدىن «شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويمىغان .

بەلكى تۆۋەندە تەھلىل قىلىدىغىنىمىزدەك ، بىر دۆلەت (مەسىلەن ، ئىران)نىڭ ئوخشىمىغان دەۋردىكى سىرتقا قارىتىلغان سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۆتىدىللەر بىلەن ئېكىسترىمىزمچىلار ، ئەسەبىيلەرنىڭ سىرتقا

قارىتىلغان پوزىتسىيىسىدىمۇ روشەن پەرق مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن، ئالجىرىيە هازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا مەنسۇپ ئېكىستىرىمىزمچىلار تەشكىلاتى — ئىسلام قوراللىق گۇرۇھى ئۆز دۆلىتىنىڭ هۆكۈمىتىنى يىتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، تەهدىت خېتى يېزىپ، فرانسىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئالجىرىيىدىكى باش ئەلچىخانىلىرىنى تاقاشنى تەلەپ قىلدى. ئاخبارات ئېلان قىلىپ فرانسۇزلارنىڭ ئالجىرىيىدىن كېتىشىنى، فرانسىيىدىن ئالجىرىيە هۆكۈمىتىگە بېرىلىدىغان ھەممە ياردەمنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە جەڭنى فرانسىيىگە يۆتكەپ، بىر قاتار پارتلىتىش پائالىيەتلىرىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەهدىت سالدى. 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن ئالجىرىيىدىكى ھەممە چەت ئەللىكلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سېلىپ، چەت ئەللىكلەرنى كېتىشكە مەجبۇرلىدى. ئىسلام قۇتقۇزۇش فرونتىنىڭ مۆتىدىل مەيداندا تۇرغان رەهبەرلىرىنى «دىنغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار» دېدى. باشقا دۆلەتلەردە ئالجىرىيىدىكى باشقا گۇرۇھلار ئىچىدىكى پارلامېنت سايلىمى ئارقىلىق تىنچ ۋە قانۇنلۇق يوللار بىلەن هاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان هازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى چەت ئەللەرگە بىرقەدەر مۆتىدىل پوزىتسىيە قوللاندى. ئۇلار «مۆتىدىللەر» دەپ قارالدى.

بۇنىڭدىن باشقا، هازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى هاكىمىيەتنى قولغا ئالغان دۆلەتلەر ئىچىدە ئىران ۋە ئىراننى قوللايدىغان هازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنى قوللايدىغان هازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ خەلقئارا مەسىلىلەرگە قاراشتا ۋە ئۇنى بىرتەرەپ قىلىشتا نۇرغۇن پەرق مەۋجۇت. سەئۇدى جەمەتى بىلەن ۋەھهابىيلار ئىتتىپاق تۈزۈپ، سەئۇدىلار دۆلىتىنى قۇرغاندىن بۇيان، ئەمەلىيەتتە ئىسلامىزمغا ئەمەل قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدى . لېكىن ، كۆپ يىللىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئۆلارنىڭ سىرتقا قارىتىلغان سىياسىتىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى . ئىككى دۆلەتنىڭ ئامېرىكىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە سىياسىتىدىمۇ روشەن پەرقلەر مەۋجۇت بولدى . بۇ بابتا بايان قىلىنىدىغان هازىرقى زامان ئىسلامىزمى دېگەندە ئاساسلىقى ئىراندىكى هۇمەينىزم ۋەكىللىكىدىكى هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تەشەببۇسلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋەكىللىكىدىكى ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمنىڭ تەشەببۇسلىرى ئۇستىدىكى تەھلىلنى كىتابىمىزنىڭ 9 ـ بابىدىن ئوقۇڭ .

## 2 § . ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىرتقا قارىتىلغان سىياسىتى ئۇستىدە نۇقتىلىق تەھلىل

هازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىر خىل هەرىكەت بولۇشى سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدىمۇ سىرتقا قارىتىلغان سىياسەتنى قانداق تۈزۈش ۋە قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت . لېكىن ، بۇنىڭ كۆپىنچىسى بىر خىل پروگراما ۋە تەشەببۇس بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . ۋەهالەنكى ، هازىرقى زامان ئىسلامىزمى هاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ . چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى هەرقايسى دۆلەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت پرىنسىپال ۋە كونكرېت مەسىلىلەرگە ، يەنى سىرتقا قارىتىلغان ئاساسىي فاڭجېن ، سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە مەسىلىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ۋە ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ئىسلام دىپلوماتىيىسىنى يولغا قويۇش جەھەتتە ئىزدىنىپ كۆردى . ئىران هاكىمىيىتىنىڭ سىرتقا قارىتىلغان سىياسەت ئەمەلىيىتى

ئۇستىدە تەھلىل قىلىپ كۆرۈش ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پۈتكۈل چۈشەنچىنى ئىگىلىشىمىزگە پايدىلىق بولىدۇ.

## 1. ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى «شەرقنىڭ كېرىكى يوق، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دېگەن تاشقى سىياسەت

ئىران ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يېڭى ھاكىمىيەت دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي ھېسسىياتنى ئاساس قىلىپ، «شەرقنىڭ كېرىكى يوق، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دەيدىغان تاشقى سىياسەتنى يولغا قويدى. بۇ ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىران تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى قائىدىسى بولدى.

ئۇزاقتىن پەھلىۋى خاندانلىقىنى قوللىغان ئامېرىكىنى ۋە «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۇنيا»نى ھەم ئىسرائىلىيىنى ئىران «ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى» دەپ قارىدى. خۇمەينى 1980 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھەج قىلغۇچىلارغا ئەۋەتكەن خېتىدە «ئامېرىكا دۇنيا خەلقىنى تالان - تاراج قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغان 1 - نومۇرلۇق دۈشمەن»، ئىسرائىلىيە «ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ئېتىراپ قىلغان دۈشمىنى، ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن كۆپ يىل ئۇرۇشتى. رەزىل (سابىق) ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئىراننىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىي جەھەتلەردىكى ھەممە ئىشلىرىغا سىڭىپ كىردى» دېدى. ئىراننىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى ئامېرىكىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش قائىدىسىنى يولغا قويدى. بۇنىڭدا دىنىي جەھەتتىكى سەۋەبلەردىن باشقا، ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسى 1953 - يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانلاپ، نېفىتنى

www.uyghurkitap.com

دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان موساتاي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشى ، ئامېرىكىنىڭ پەھلىۋى خاندانلىقىنى قوللىشى ، كونترول قىلىشى ، جۇملىدىن پادىشاھ ئىراندىن كەتكەندىن كېيىن ، ئامېرىكىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ يېڭى ھاكىمىيەتكە دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىمۇ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولدى . ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئامېرىكا بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى دەرھال ئۈزدى . ئىران ئوقۇغۇچىلىرى 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئىراندىكى باش ئەلچىخانىسىنى ئىشغال قىلىپ ، ئەلچىخانىنىڭ 52 ئادىمىنى گۆرۈگە ئېلىپ ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە پەھلىۋىنى ئىرانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كات گۆرۈگە تۇتۇلغانلار قويۇپ بېرىلمىسە ، ئىران بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئىران بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى ، ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىدىكى بايلىقىنى توڭلىتىۋەتكەنلىكىنى جاكارلىدى (1986 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى خەۋەردىن قارىغاندا ، ئىراننىڭ ئامېرىكىدا 3 مىليارد 667 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 485 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئامېرىكا بانكىسىغا ئامانەت قويۇلغانىكەن . ) . ئامېرىكا 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىران بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى ھەمدە ئىراننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن رەسمىي جازالىدى . ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىران بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولۇپ تۇردى ، ھەتتا توقۇنۇش يۈز بەردى . 1987 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان ماي پاراخوتىغا ئىران ھۇجۇم قىلدى . ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رىگان 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بۇيرۇق ئىمزالاپ ، ئىراننىڭ ھەرقانداق مەھسۇلاتىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھەربىي

مەقسەتتە ئىشلىتىشكە بولىدىغان 14 چوڭ تۈردىكى مەھسۇلاتىنى ئىرانغا ئېكسپورت قىلىشنى توختاتتى.

ئىران بىلەن غەربتىكى باشقا دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدىمۇ تۈگۈن ساقلاندى. 1987 ـ يىلى فرانسىيە ئىران ئەلچىخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى تېررورلۇق پائالىيىتىگە قاتناشتى دەپ ئەيىبلىدى، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا «ئەلچىخانىلار ئۇرۇشى» بولۇپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. 1989 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىران ئەنگلىيە يازغۇچىسى سالمان راشىد «شەيتان داستانى»نى ئېلان قىلىپ، ئاللاغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، «قۇرئان كەرىم»نى ھاقارەتلىدى، دەپ تونۇپ، بۇ كىتابنى نەشر قىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نەشرىيات سودىگەرلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ھۇمەينى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا يازغان خېتىدە «پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلاردىن بۇ ئاپتورنى ۋە نەشرىيات سودىگىرىنى تېزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىمەن» دېدى. سالمان راشىدنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە ئىران 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭغا ئۇلاپ ئەنگلىيە بىلەن ئىران دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى باشقا دۆلەتلەر ئىراندىكى ئەلچىلىرىنى ياندۇرۇپ كېلىۋالدى. ئىران بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزئارا زىيارىتىنى توختاتتى. ھۇمەينى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ئەيىبلەپ تۇردى. ئۇ: «دەرىجىدىن تاشقىرى ھەممە دۆلەتلەر خەلقىمىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بارلىقىنى كۆرەلمىدىم. مېنىڭچە، ئەنگلىيە مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ» دېدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بۇ ئۈچ دۆلەت ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئىرانغا بەختسىزلىك كەلتۈرۈپ بەردى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئىران يېڭى ھاكىمىيىتى سوۋېت

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقىغىمۇ قارشى تۇردى . بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك سەۋەب تارىختا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان بەزى ماجىرالار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى بولدى . ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسى 1983 - يىلى ئەنگلىيىدىن ئىگە بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشپىيونلىرىنىڭ ئىراندىكى جاسۇسلۇقى توغرىسىدىكى ئاخباراتنى ئىرانغا مەخپىي تاپشۇرۇپ بەردى . نەتىجىدە ، ئىراندا 200 گە يېقىن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئىران خەلق پارتىيىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . سوۋېت بىلەن ئىران مۇناسىۋىتى يەنىمۇ يامانلاشتى . خۇمەينى سوۋېت ئىتتىپاقىنى «شەرقتىكى جاھانگىر» دەپ قارايدۇ .

يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئىراق بىلەن ئۇرۇشتى . ئىراق يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالدى . بۇ ئۇرۇشتا ئىراقنى ئاسترىتتىن قوللىغان ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ دۈشمەن لاگېرىنىڭ ئەزاسى دەپ قارالدى . سەئۇدى ئەرەبىستانى ئامېرىكا بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقتىن ، ئىران بۇنىڭغا نارازى بولدى . 1987 - يىلى ئىران ھەج قىلىشقا ئەۋەتكەن ئادەملەر ئىسلام ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىپ سەئۇدى ئەرەبىستان ھەربىي - ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا ، ئىرانلىق 400 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى . مىسىرنىڭ 1979 - يىلى ئىسرائىلىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا سۈلھى قىلىشى ئىران يېڭى ھاكىمىيىتى بىلەن مىسىر مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق بولماسلىقىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى .

«شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دېگەن بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بەزى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى . بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى يېڭى ھاكىمىيەت يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئىقتىسادىي

جەھەتتىمۇ بەزى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى . بولۇپمۇ ، ئىراق بىلەن ئۇزۇنغىچە ئۇرۇشۇش جەريانىدا ، ئارمىيىنىڭ سىرتتىن ئالىدىغان تەمىنات مەسىلىسى كۇنسايىن گەۋدىلىك بولدى . ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ، قايتا قۇرۇش مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى . بۇرۇنقى ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىش ، ھېچبولمىسا قىسمەن ئۆزگەرتىش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدى . سىرتقى مۇھىتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىران ھۆكۈمىتى «شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دېگەن سىياسەتنى ئەمەلىيەتتە تەدرىجىي تەڭشىدى .

## 2 . ئىراننىڭ تاشقى سىياسەتنى تەڭشىشى

ئىنقىلابتىن كېيىن دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلقئارا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ، سىياسىي جەھەتتىكى ئويلىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئويلىنىشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويدى . مەسىلەن ، نېفىت ئېكسپورت قىلىش مەسىلىسىدە نېفىت ئېكسپورتى ئارقىلىق قانداق قىلىپ ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىشنى ئويلىماي ، دۆلەتنىڭ نېفىت بايلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي «مۇستەقىللىق» نى قوغداش ۋە جاھانگىرلارنىڭ نېفىت بىلەن تەمىنلىشىگە زەربە بېرىش كويىدا بولدى . شۇڭا ، نېفىت مەھسۇلاتىنى بەلگىلىگەندە بىر مەھەل دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى نەزەرگە ئالدى . نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەر تەشكىلاتى نېفىت باھاسىنى مۇزاكىرىلەشكەندە يۇقىرى باھا سىياستىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ ، بۇنىڭ نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرگە كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرىنى نەزەرگە ئالمىدى . لېكىن ، كېيىنرەك ئىران مەيدانىنى تۈزەتتى . مەسىلەن ، 1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىسپاخاندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا نېفىت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش يىغىنىدا ئىراننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۆز قىلىپ ، يەر شارىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئويلىنىش بۇرۇنقى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئېشىپ كېتىدىغان بۇ يېڭى تەرتىپ كونا تەرتىپنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلىدى دېدى. نېفىت مىنىستىرى نېفىت باھاسىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇشى ئىشلەپ چىقارغۇچىلارغىمۇ، ئىستېمالچىلارغىمۇ پايدىسىز دېدى.

كېيىن ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان بەزى كىشىلەر سىرتقا بولغان قارىشىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتتى. ھەتتا ئىران دۈشمەن دەپ قارىغان دۆلەتلەر بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىشنى چەتكە قاقمىدى. زۇڭتۇڭ راپسانجانى: «ھازىرقى بۇ دەۋر خەلقئارا تەشكىلات قۇرىدىغان ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان دەۋر. ئەگەر بۇنداق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويساق، ياشاشقا ئىلاجسىز قالىمىز. سەۋەبسىز دۈشمەن تىكلىۋالماسلىقىمىز لازىم» دېدى. ئامېرىكا ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ مۇددىئاسىنى بۇزۇۋېتىپ، سىرتقى پائالىيەت بوشلۇقىنى كېڭەيتىش ئىران ھۆكۈمىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلە بولدى. مۇئەييەن شارائىتتا ئامېرىكا بىلەنمۇ مۇرەسسە قىلىش ئىمكانىيىتىنى چەتكە قاقمىدى. رەھبەرلەردىكى قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىگە قويۇلغان چەكمۇ سەل كەڭ قويۇپ بېرىلدى. ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئىراننىڭ ساياھەت تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل ئەمەلدارى مۇنداق دېدى: «ساياھەت بىلەن سىياسىينى ئىمكانقەدەر ئايرىۋېتىشىمىز، ئىرانغا ساياھەت قىلىشقا كېلىشنى خالايدىغان ھەر بىر ئادەمنى، جۈملىدىن ئامېرىكىلىقنى قارشى ئالىمىز. لېكىن، ئىسرائىلىيىلىكلەر بولماسلىقى لازىم. ئۇلاردىن باشقا ھەممە ئادەمنى ئېغىر ئالمايمىز.»

ئىراننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋىلايەتى 1996 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مۇنداق دېدى : ئىراننىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سىياسەتتە ئالدىن نەزەرگە ئالىدىغان نىشانى ئامېرىكىنىڭ ئىراننى يېتىم قالدۇرۇش مۇددىئاسىنى بۇزۇۋېتىشتىن ئىبارەت . ئىراننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ، ئۇنىڭدىن قالسا ، سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت . ئىران ياۋروپا دۆلەتلىرى ، رۇسىيە ، جۇڭگو ، ياپونىيە ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ، جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . زۇڭتۇڭ راپسانجانى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مۇنداق دېدى : ئىراننىڭ چەت ئەللەرگە قاراتقان سىياستى دۇنيادىكى ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىدىن باشقا ھەممە دۆلەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت . بۇ سىياسەت جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سۆزلەنگەن «شەرقنىڭ كېرىكى يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دېگەن سۆز بىلەن كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

يۇقىرى دەرىجىلىك مولللار ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قاراشلار ئوخشاش بولمىدى . خامىنىي ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا ۋە ساقچى بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇردى ، ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارشى چىقىپ ، ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمىنىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى تەكىتلىدى . ئىراننىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى مۇھاجىران 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ماقالە ئېلان قىلىپ ، ئامېرىكا بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى . خامىنىي 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باياتات ئېلان قىلىپ ، ئامېرىكا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇردى . شۇ يىلى 7 ـ ئايدا خامىنىي ئىران

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىپلوماتلىرىغا سۆز قىلغاندا «چوڭ شەيتان» بىلەن قىلغان ھەرقانداق مۇرەسسە تەسلىم بولغانغا باراۋەر بولىدۇ، دېدى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىدا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشى تۇرىدىغان جىھاد قىلىشقا چاقىردى. 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىراندىكى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى تەنقىدلەپ، ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىرانغا ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيدۇ، دېدى. ۋەھالەنكى، زۇڭتۇڭ راپسانجانى ئامېرىكا بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى چەكلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. ئۇ 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى سۆزىدە: «بىز ئامېرىكا شىركەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، سانائىتىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسىغا تايىنىدۇ. لېكىن، ئېھتىياتچان بولۇپ، تايىنىشنى ئازايتىشىمىز لازىم» دېدى. ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ياكى ياخشىلىماسلىق رەھبەرلىك قاتلىمىدا ھەمىشە تالاش ـ تارتىش قىلىنىدىغان مەسىلە بولدى.

ئىران بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا بەزى «ۋەقە»لەر پات ـ پات پەيدا بولۇپ تۇردى. «ئىران دەرۋازىسى ۋەقەسى»دىن كېيىن، ئامېرىكا ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چەكلەپلا قالماستىن، بەلكى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىنمۇ ئىراننى يېتىم قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. كرىستوف 1993 ـ يىلى: «ئامېرىكا ئىراننى باشتىن ـ ئاياغ قانۇنسىز دۆلەت دەپ قارايدۇ» دېدى. ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن «كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ ئىراننىڭ ئىككى خىل ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىغا ئىگە بولۇۋېلىشىنى چەكلەش» نى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇق نېفىت شىركىتىنىڭ

ئىران بىلەن ئىمزالىغان قىممىتى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرلىق توختامنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ توختامنىڭ مەزمۇنى نېفىتلىكنى ئېچىش ۋە بۇ نېفىتلىكتىن دۇبەيگىچە تۇتاشتۇرۇلىدىغان گاز تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئامېرىكا ئىراننى «دۆلەت تېررورچىلىقى» بىلەن شۇغۇللاندى، دۇنيادىكى «تېررورچىلىقنى باشلىغان دۆلەت»، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى، يادرو قورالىرىغا ئىگە بولماقچى بولدى، دېگەن باھانە بىلەن ئىرانغا ئومۇمىيۈزلۈك سودا جازاسى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى داۋاملىق يامانلاشتى. 1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇيرۇق ئىمزالاپ، ئامېرىكىلىقلار ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ئىران بىلەن مال، تېخنىكا ۋە مۇلازىمەت جەھەتلەردىكى ھەممە مۇئامىلىسىنى ۋە مۇشۇ سودىلارغا مەبلەغ بېرىشنى چەكلىدى. 12 - ئايدا ئامېرىكا قانۇن لايىھىسى ماقۇللاپ، ئىراندىن نېفىت ۋە تەبىئىي گاز سېتىۋالغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شىركەتلەرنى جازالاشنى قارار قىلدى. 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى داماتو قانۇن لايىھىسىنى ئىمزالاپ، ئىراننىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز كەسىپلىرىگە 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان چەت ئەل شىركەتلىرىنى جازالايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا پارلامېنتى 1996 - يىلى 1 - ئايدا ئىرانغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەت پىلانىنى تەستىقلىدى ھەمدە بۇ ئىشقا 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىم قىلدى. ئىران خەلقئارا قانۇنغا ۋە 1981 - يىلى ئىككى دۆلەت ئىمزالىغان ئالجىر خىتابنامىسىغا ئاساسەن، ئامېرىكىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. ئىران پارلامېنتىمۇ 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 20 مىليون

ئامېرىكا دوللىرىلىق خام چوتنى ئەستىقلاپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سۈيىقەستى ۋە ئىراننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى پاش قىلىش ۋە مەغلۇپ قىلىشقا ئىشلەتتى.

لېكىن، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەرب دۇنياسىنىڭ ئىرانغا قاراتقان سىياسىتىدىكى پەرق كۈندىن - كۈنگە ئېنىق بولدى. ياۋروپا ۋە ياپونىيە ئىرانغا ئومۇمىيۈزلۈك سودا جازاسى يۈرگۈزۈشنى قوللىمىدى. ياپونىيە 1993 - يىلى ئىرانغا ئېلېكتر ئىستانسىسى سېلىش ئۈچۈن 460 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىپ، يەتتە دۆلەت گۇرۇھىدىكى ئىرانغا قەرز پۇل بەرگەن بىردىنبىر دۆلەت بولدى. ئىرانمۇ بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلدى. 1990 - يىلى 9 - ئايدا ئەنگلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئىراننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فرانسىيىنى زىيارەت قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىشكە تىرىشتى. ئامېرىكىنىڭ 1995 - يىلى 4 - ئايدا ئېلان قىلغان ئىراننى خەلقئارالىق جازالىشىغا ياۋروپا دۆلەتلىرى جاۋاب بەرمىدى. داماتو قانۇن لايىھىسىنى ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئەيىبلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئىراننىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى ئىچىدە پىكىر بىرلىككە كەلمىگەن. مەسىلەن، چەت ئەللەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا، خومەينىنىڭ سالمان راشدىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى راپسانجانى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، دەپ قارىغان. لېكىن، خامىنىي قەتئىي قارشى تۇرغان. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئىپادىسى بىر خىل بولمىغان. ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ 1995 - يىلى 5 - ئايدا خەۋەر قىلىشىچە، ئىران تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئەمەلدارى ئىران سالمان راشدىنى

ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتمەيدۇ ، دېگەن . 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا راپسانجانى سالمان راشدىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق ئەزەلدىن ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ باقمىدى ، دېگەن . لېكىن ، ئىران زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى سالمان راشدىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش بۇيرۇقى تېخى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى . بۇ بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىشكە پەقەت خامىنىي هوقۇقلۇق ، دېدى .

پەلەستىن مەسىلىسى ۋە پارس قولتۇقى مەسىلىسىگە قارىتىلغان مەيدان مەسىلىسىدە ئىران مادرىدتا ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق يىغىنى ئېچىشقا ۋە ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوننىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىشىغا قارشى تۇردى . پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە 1993 ـ يىلى ئىمزالىغان يارىشىش كېلىشىمىگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى . خامىنىي هۇجۇم قىلىپ : «پەلەستىن مەسىلىسى بۇرۇنقىغا ئوخشاش مەۋجۇت . ئەزگۈچى بىلەن مۇرەسسە كېلىشىمى ئىمزالاپ سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئادەم مەڭگۈ پەلەستىننىڭ مىللىي قەھرىمانى دەپ قارالمايدۇ» دېدى . پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم توغرىسىدا راپسانجانى مۇنداق دېدى : «بىزنىڭچە ، بۇ تىنچلىق كېلىشىمى ئەمەس . چۈنكى ئۇنىڭدا پەلەستىن خەلقىنىڭ هوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان ،» لېكىن «قاراشلىرىمىزنى ئېلان قىلغان» دىن باشقا ، «ئەمەلىي ئارىلىشىپ ، هەرىكەت قوللانمايمىز ياكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كونكرېت توسقۇنلۇق قىلمايمىز .»
ئامېرىكىدا چىقىدىغان «خرىستىئان ئىلمى رىسالىسى گېزىتى» 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانىدا كېيىنكى گەپلەر ئىران تاشقى سىياسىتىنىڭ چوڭ تەڭشىلىشى هېسابلىنىدۇ ، دەپ قارىدى . سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىدىغان «ئۇكاز» گېزىتىنىڭ 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا ، ئىراننىڭ تۇركىيىدىكى باش ئەلچىسى 5 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايدا ، تېل ئاۋىۋنى زىيارەت قىلىپ ، ئىسرائىلىيەدىكى بەزى مەسئۇل كىشىلەر بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشكەن . ئىسرائىلىيە ئىراننى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن تەمىنلەپ ، ئىراننىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنى قوراللاندۇرۇشقا ماقۇل بولغان .

ئىران ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىدا تۇرۇشىغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ ، بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىغا قىلىنغان تەھدىت دەپ قارىدى .

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە روسىيىگە قارىتىلغان سىياسەتتىمۇ ئۆزگىرىش بولدى . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1200 نەپەر ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملىرى 1987 - يىلى ئىرانغا قايتىپ كەلدى . سوۋېت ئىتتىپاقى ئىراننى يىراق مۇساپىلىق 200 دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن تەمىنلەشكە قوشۇلدى . 1989 - يىلى 1 - ئايدا خومەينى گورباچېۋقا خەت يېزىپ ، ئىراننىڭ سىياستى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى . شۇ يىلى 6 - ئايدا خومەينى قازا قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، يېڭى رەھبەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا تەدبىر قوللاندى . 1989 - يىلى 6 - ئايدا ئىراننىڭ پارلامېنت باشلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلدى ، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى - ئىران مۇناسىۋىتىنىڭ پرىنسىپلىرى توغرىسىدا خىتابنامە ئىمزالىدى . ئىككى تەرەپ ئىراننىڭ مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ھەمكارلىششقا قوشۇلدى . ئىقتىسادىي سودا ، تېخنىكا ، سانائەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشكە قوشۇلدى . زىيارەت جەريانىدا ئىككى دۆلەت 2000 - يىلىغىچە ئۇزۇن مۇددەت ھەمكارلىشىش كېلىشىمى ئىمزالىدى . بۇ كېلىشىمگە چېتىلىدىغان سومما 6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولدى . بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى - ئىران مۇناسىۋىتىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش بولدى .

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ، ئىران ئوخشاشلا روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەردى .

ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىش ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرسىمۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە دۈشمەننى خالىغانچە كۆپەيتىۋالمىدى . مەسىلەن ، ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشىدا سۇرىيە ئىراننى قوللاش مەيدانىدا تۇردى . شۇڭا ، ئىران سۇرىيە بىلەن ئىزچىل دوستانە «ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەت»نى ساقلاپ كەلدى .

ئىران بىلەن پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى 80 ـ يىللاردا بىرقەدەر جىددىي بولدى ، بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار ئىدى . بىرىنچىدىن ، ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ئىران ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەسىرىنى كېڭەيتىش ، ئىسلام ئىنقىلابىنى ئېكسپورت قىلىش كويىدا بولدى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشى بولدى ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئىران بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئوتتۇرىسىدا ئۈچ ئارال تالاش ـ تارتىشى مەۋجۇت ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، مىللەت ، تارىخ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاداۋەتلەر بار ئىدى . ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشى ، بولۇپمۇ پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، پارس قولتۇقى رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ۋە كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى . ئىران بىلەن پارس قولتۇقىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ئارزۇ قىلدى . ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشى توختاشتىن ئىلگىرى ئىران پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش يولىدا تەدبىر قوللاندى . پارس قولتۇقى كرىزىسى ۋە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا ۋە سىرتقى كۈچلەرنىڭ پارس قولتۇقى رايونىغا كىرىشىگە قارشى تۇرۇپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بەزى ئەرەب دۆلەتلىرىدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى . ئىران مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ، بولۇپمۇ پارس قولتۇقىدىكى ئەرەپ دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى .

1987 ـ يىلى ئىران باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپ كۇۋەيتكە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن ، كۇۋەيت ئىراننىڭ دىپلوماتىيە خادىملىرىدىن بەش ئادەمنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى . 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىراننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كۇۋەيتنى زىيارەت قىلدى . شۇ يىلى ئىككى دۆلەت ئۆزئارا باش ئەلچى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى .

1987 ـ يىلى ئىراندىن ھەج قىلىشقا بارغانلار مەككىدە سىياسىي نامايىش قىلىپ ، سەئۇدى ئەرەبىستان ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ ، نەچچە يۈز ئادەم ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . سەئۇدى ئەرەبىستانى 1988 ـ يىلى ئىران بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى . بۇنىڭ سەۋەبى ئىران سەئۇدى ئەرەبىستانىغا دۈشمەنلىشىش مەيدانىنى قوللاندى ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلدى ، سەئۇدى ئەرەبىستانى پورتىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان پاراخوتلارنىڭ خەۋپسىزلىكىگە ۋە پارس قولتۇقىدىكى قاتناش ئەركىنلىكىگە تەھدىت سالدى دېگەندىن ئىبارەت بولدى . ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى دەز خېلى چوڭقۇر بولسىمۇ ، لېكىن يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا مۇناسىۋەت خېلى ياخشىلاندى . ئىران بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى .

ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشىدا ئىئوردانىيە ئىراقنى قوللىغانلىقتىن ، 1980 ـ يىلى ئىران ئىئوردانىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنىدى . 1991 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . ئىران مىسىرنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا

يارىشىۋالغانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، 1987 ـ يىلى مىسىر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. مىسىر 1987 ـ يىلى ئىراننىڭ ئىككى دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ پائالىيىتى نورمال دىپلوماتىيە پائالىيىتىگە يول قويۇلغان دائىرىدىن چىقىپ كەتتى، دېگەن سەۋەب بىلەن ئىراننىڭ قاھىرەدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنى پېچەتلىدى، 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قايتا ئېچىلدى. لېكىن ئىران بىلەن تۇنىس ۋە ئالجىرىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلمىدى. 1987 ـ يىلى تۇنىس ئىراننى تۇنىستىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتىنى قوللىدى دەپ ئەيىبلەپ، ئىران بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىغانىدى. 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىران ئالجىرىيىنى ئەسلىي 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈش بېكىتىلگەن پارلامېنت سايلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكىنى تەنقىدلەپ، ئىراننىڭ باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كېلىۋالغان، ئالجىرىيە بولسا ئىراننىڭ ئامېرىكىدىكى مەنپەئىتىدىن ئەمدى خەۋەر ئالمايدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىراننىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دىپلوماتىيە سىياسىتىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇنداق پەرق ئىراندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشمۇ ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك موللىلاردىكى بۇ مەسىلە توغرىسىدا يۈز بەرگەن ئىسلامىزملىق ۋە غەيرىي ئىسلامىزملىق بۆلۈنۈشمۇ؟ بۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى خىل ئەھۋال تەڭ مەۋجۇت. مەسىلەن، ھۇمەينى ھايات ۋاقتىدا ئامېرىكا بىلەن ئۇچرىشىشقا قارشى تۇرۇشتىن ئامېرىكا بىلەن ئۇچرىشىشقا قارشى تۇرمايدىغان بولۇش، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دەسلەپكى مەزگىللەردە «شەرقنىڭ كېرىكى

يوق ، غەربنىڭمۇ كېرىكى يوق» دېگەننى تەشەببۇس قىلىشتىن ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىدىن باشقا ھەممە دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىراندىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىدا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ئۆزگىرىش بولۇپ ، بۇ ھال يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇللىلارغا كۆز قارىشىدىكى ئۆزگىرىشنى ۋە تاكتىكا جەھەتتىكى جانلىقلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى قاتمال ھالەتتە قالغان «كونىلىقنى تىرىلدۈرۈش تەرەپدارلىرى» ئەمەس ، بەلكى خېلى ھاياتي كۈچكە ئىگە بولغان «ھازىرقى زامان تەرەپدارلىرى»دۇر . ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكمۇ - يوق دېگەن مەسىلىدە ھازىرمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت . بۇ ھال يۇقىرى قاتلامدىكى تەدبىر بەلگىلەيدىغان مۇللىلار بىلەن غەيرى مۇللىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . ئىران پارلامېنتى تاشقى كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى ، ب د ت دىكى سابىق ئەلچىسى سەئىد راجائى خوراسانى 1993 - يىلى خامىنىيىگە خەت يېزىپ ، دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى بەرپا قىلىشتا ئىران رولىنى جارى قىلدۇرماقچى بولىدىكەن ، ئامېرىكا بىلەن يارىشىشى كېرەك . ئەگەر ئامېرىكا بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتسا ، ئىراق ۋە ئافغانىستاننىڭ ئىستىقبالى ۋە پارس قولتۇقىنىڭ خەۋپسىزلىكى قاتارلىق رايون مەسىلىلىرىدە ئىران تېخىمۇ چوڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ . شۇنداق بولغاندا ، ئىراننى غەربتىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ مەسلىھەتلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . 1979 - يىلىدىن كېيىن ، ئامېرىكا تەرىپىدىن توڭلىتىپ قويۇلغان بايلىقنى ياندۇرۇۋېلىشقىمۇ پايدىلىق بولىدۇ ، دەپ قارىدى . بۇ قاراش ناھايىتى قايىل قىلارلىق بولسىمۇ ، كەڭ قوبۇل قىلىنمىدى ،

يېتەكچى ئورۇننىمۇ ئىگىلىيەلمىدى .

## § 3 . ئىسلام ئىنقىلابىنى خەلقئاراغا چىقىرىش توغرىسىدا

ئىسلام رادىكاللىرىنىڭ قارىشىچە ، ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق ، ئىسلام ئىنقىلابىمۇ خەلقئارا ئىنقىلاب ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشنى ياكى چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ، باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدە ھەقىقەتەن ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكەتلىرى پەيدا بولدى ، ھەمدە ئىسلامىزىم تەشكىلاتلىرى يېڭىدىن قۇرۇلدى ، غەربنىڭ بەزى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا بۇ خىل ھادىسە پۈتۈنلەي ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى قىلىپ قويۇلدى . ۋەھالەنكى ، بۇنداق قاراش مۇرەككەپ مەسىلىنى بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ .

ئالدى بىلەن ، ئۇ ئىسلام ئىنقىلابىدىن پەيدا بولغان غايەت زور تەسىرنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەن .

ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى ، دۇنيادىكى ئىسلامىزمچىلارمۇ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە غايىسىدىكى ئىسلامىيەت دۆلىتىنىڭ سخېمىسىنى تەسۋىرلەپ باققانىدى . لېكىن ، كونكرېت ئەمەس ئىدى . ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئەنئەنىۋى ئىسلامىزمدا چىڭ تۇرىدىغان سەئۇدى ئەرەبىستانىدەك دۆلەتلەر مەۋجۇت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ XVIII ئەسىردىكى ۋەھھابىزم ھەرىكىتىدە بارلىققا كەلگەن ۋە داۋاملىشىپ كەلگەن دۆلەت ئىدى . كۆپ يىللاردىن بۇيانقى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن ، ھازىرقى زامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسلامىزمى ھاكىمىيەتنى زادى قانداق تارتىۋېلىش ۋە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ پايدىلانغۇدەك ئۈلگىسى يوق ئىدى. ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى مۇشۇنداق ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى.

ئىراندا ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يولغا قويغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەر، مەسىلەن، يوقسۇللارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، ھەشەمەتچىلىككە، بېسىمدارلىققا، ئەتكەسچىلىككە، بىراقلا كۆپ پايدا ئېلىشقا قارشى تۇرۇشنى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش، خىيانەتچىلىك ـ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە سېتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئېپپەت ـ نومۇسنى ساتىدىغان سورۇنلارنى تازىلاش قاتارلىقلار ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلدى. ئۇلار ئىراننىڭ ئۇسۇللىرىنى ھازىرقى زامان شارائىتىدا «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇشنىڭ بىر خىل ئەندىزىسى دەپ قارىدى. شۇڭا، ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابىدىن كەڭ خەلقئارا تەسىرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئەجەبلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئىران خەلقئارادا زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش مەيداندا تۇردى. بۇ نۇقتىدا جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك ۋە زومىگەرلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن تەبىئىي پەخىرلەندى ۋە ئىپتىخارلاندى. مانا بۇمۇ ئىران ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ خەلقئارا تەسىر پەيدا قىلالىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن، بۇنداق تەسىرنى مۇبالىغە قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئىراندا ئەمەلگە ئاشقان نەرسە باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئالاھىدە شەرتلەرنىڭ مەھسۇلى. بۇ شەرتلەر تەييارلانمىغان ياكى تولۇق تەييارلانمىغان بولسا، ھازىرقى زامان ئىسلام پىكىر ئېقىمى، ھەتتا ھەرىكىتى پەيدا بولغان تەقدىردىمۇ، ھازىرقى

زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ناتايىن ئىدى ، چوڭ كىلىمات بولۇپ شەكىللىنەلمەيتتى . ۋەھالەنكى ، ئىراننىڭ چەت ئەللەردىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە بۇرۇن كەڭ تەسىرگە ئىگە بولغان بەزى ئىشلىرى ھېلىھەم ئۆزگىرىش داۋامىدا تۇرۇپتۇ . باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان نەرسىلەر ئازايدى . باشقا دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن ئوخشايدىغان نەرسىلەر كۆپەيدى . بۇلارنى مۇۋاپىق مۆلچەرلىمىسە بولمايدۇ .

شەكسىزكى ، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، ئىران ئىنقىلابىنى ھەقىقەتەن چەت ئەللەرگە چىقاردى . غەلىبە قىلغان ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشنى ھۇمەينى ئوچۇق ئېيتقانىدى . بەلكى ، بۇ ھۇمەينىنىڭ ئىسلام ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى . ئۇ 1980 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مۇنداق دېگەنىدى : «پۈتۈن دۇنياغا ئىنقىلابىمىزنى چىقىرىش ئۈچۈن تىرىششىمىز لازىم ، بۇنداق قىلمايدىغان ھەممە خىياللاردىن ۋاز كېچىشىمىز لازىم . چۈنكى ، ئىسلام دىنى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەر قانداق پەرقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن ، ئۇنىمۇ ھەممە ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ يولباشچىسى دەپ قارايدۇ . » ئۇ كۆپ قېتىم مۇنداق دېگەن : «بۇ قېتىمقى خەلق ئىنقىلابى ، بۇ قېتىمقى ئىسلام قوزغىلىڭى ، بۇ قېتىمقى مۇقەددەس ھەرىكەت مۇشۇ زېمىندىلا چەكلىنىپ قالماسلىقى لازىم . ئىنقىلابنى پۈتۈن دۇنياغا چىقىرىش كېرەك . » ئۇ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق خادىملارغىمۇ بۇ ئىشنى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرغان . تېھران رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەۋەر قىلىشىچە ، شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھۇمەينى ئىراننىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىنى ، ۋاكالەتچىلىرىنى ۋە چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ : «سىلەرنىڭ ئىشلىشىڭلار ئۈمىد قىلىنىدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئىنقىلابنى ئۆزۈڭلەر تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرگە چىقىرىشتىن ئىبارەت» دېگەن . ئىراننىڭ چەت ئەللەردىكى بەزى ئەلچىخانىلىرىدا زۇرۇر ئىسلام ئىنقىلابى روھىنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىنى تەنقىد قىلغان .

ھۇمەينىنىڭ ئىنقىلابنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش ئىدىيىسى ئۆزۈندىن بۇيان مەۋجۇت . ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، ھۇمەينى دۇنيادىكى ھەممە ھۆكۈمەتلەر ئەزگۈچى ، قانۇنسىز ھۆكۈمەت ھېسابلىنىدۇ دەپ قارىغان . مۇشۇ قاراشنى ئاساس قىلىپ ، ئۈنىڭچە ، ساختىپەز ، چىرىك ، ئەزگۈچى ، گۇناھكار ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇۋېتىش ھەر بىر مۇسۇلمان دۆلىتىدىكى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئادا قىلىدىغان بۇرچى ھېسابلىنىدۇ . ئىراندا ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىران ، دۇنيا ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ بازىسى بولۇپ قېلىشى كېرەك . ئىنقىلابتىن كېيىن ئىران ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى مۇشۇ خىيال بويىچە تۈزۈپ چىقتى .

ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ئىراندا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت . 1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىران ئىنقىلابچىلىرى پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىدىكى شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ، مەسىلەن ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ھەشائ ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلغانلىقتىن ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى . 1983 ـ يىلى كۇۋەيتتىمۇ شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۇۋەيتتىكى ئورگانلىرىغا بومبا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان ۋەقەلەر پەيدا بولدى . 1980 ـ يىلىدىن كېيىن ئىراندىن ھەج

قىلىشقا بارغانلار مەككىدە نامايىش قىلىپ ، «ئامېرىكىنى دارغا ئاسايلى» ، «سوۋېت ئىتتىپاقىنى دارغا ئاسايلى» ، «ئىسرائىلىيىنى دارغا ئاسايلى» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ ، تەشۋىقات ۋەرەقلىرى تارقىتىپ ، ھۆمەينىنىڭ سۈرەتلىرىنى چاپلىدى . مۇشۇ تۈپەيلىدىن 1987 - يىلى كىشىلەر سەئۇدى ئەرەبىستانى ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى . نەتىجىدە بۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا 400 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى . ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدىكى ئىرانلىقلار 275 ئادەم بولدى . ئىران ھەج قىلىش ئۆمىكى ئەۋەتىشنى 1991 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈردى . ئىران ھەج قىلىش جەريانىدا ئامېرىكىغا ۋە غەرب دۆلەتلىرىگە ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەشنى داۋاملاشتۇردى . لېكىن ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج قىلىش جەريانىدا دىنىي ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ ، سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىق كېرەك ، دەپ قارىدى . شۇڭا ماجىرا بولۇپ تۇردى .

ئەلۋەتتە ، ئىراننىڭ پائالىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە تەشۋىقات بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى . ئىران بەزى دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ، ھەتتا ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ياردەم بەردى . شۇنىڭ بىلەن ، بەزى دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم تەشكىلاتلىرىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى . خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئىسلام ئازادلىق ھەرىكىتى» ناملىق تەشكىلات بولۇپ ، بۇنىڭغا ئەياتۇللا مۇنتەزىرىنىڭ كۈيئوغلى مەھدى ھامىش رەھبەرلىك قىلىدىكەن . لىۋاندىكى ئاللا پارتىيىسىنى ئىران لىۋانغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر ۋە موللىلار قۇرغان . لىۋان ئاللا پارتىيىسى ھۆمەينىنى ئۆزىنىڭ داھىيسى دەپ بىلدى . باش شۇجى نەسرۇللا 1992 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى لىۋان ئاللا پارتىيىسى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ ئېلان قىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەۋەرلەردىن قارىغاندا، پەلەستىن ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى (خاماس)نىڭ رەھبىرى 1992 ـ يىل 10 ـ ئايدا تېھراندا ئىراننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن. ئىران پەلەستىن ئۇرۇشىنى مەبلەغ ۋە سىياسىي جەھەتتىن قوللاشقا ۋەدە بەرگەن. ئىككى تەرەپ «ئەگەر ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان زېمىندا ئىسلام دىنى كەيپىياتى قوزغىتىلمىسا، پەلەستىننى ئازاد قىلالمايمىز» دەپ قارىغان. خاماسنىڭ نىشانى ئىسرائىلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل پەلەستىن رايونىدا ئىسلام ھۆكۈمىتى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ لىۋان ئاللا پارتىيىسىنى ۋە پەلەستىن ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى قوللىشى ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلغان. بۇ ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش، يەنى باشقا دۆلەتلەردىكى ئىسلامىزمچىلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىپ، ئىسلام ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشىنى قوللاش بىلەن بىر قاتاردىكى ئىش ئەمەس.

ئىران ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشتا ئىسلام دۆلەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئەرەب دۆلەتلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. 1987 ـ يىلى مەككە ۋەقەسى پەيدا بولغاندىن كېيىن، راپسانجانى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، ئىران «بۇ رايوندا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن يۇلۇۋېتىش لازىم. ئۇلار بۇ مۇقەددەس زېمىننى بۇلغىدى»، «ھەقىقىي ئۆچ ئېلىش — ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كۆمۈلۈپ ئىسلام دۇنياسىغا مەنسۇپ بولغان غايەت زور قىممەتلىك بايلىقنى... جىنايەتچىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن تارتىۋېلىش كېرەك» دېدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەككە ۋەقەسى پەيدا بولغاندىن كېيىن سۆزلەنگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭدا خاپىلىق ئامىللىرى مەۋجۇت.

ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى»نىڭ

1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خەۋەر قىلىشچە ، 1992 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىراننىڭ دىنىي ساھەسىدىكى ئەربابلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى چەت ئەللەردىكى ھازىرقــى زامان ئىسلامىزىم تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇلارغا مۇبارەكنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇۋېتىش — ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ . «ئەگەر مىسىر ئاغدۇرۇلسا ، ئۇ ھالدا پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ . ئالدى بىلەن لىۋىيە ، ئاندىن كېيىن ئالجىرىيە ۋە تۇنىس ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدان ، يەمەن ، ئىئوردانىيە ۋە پارس قولتۇقىدىكــى باشقا دۆلەتلەر ئاغدۇرۇلىدۇ . سۇدان بىز بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ . بۇ بىزنىڭ ئۇ يەردىكى تەسىرىمىزنىــى ئىمكانقەدەر ساقلىغانلىقىمىزدىن بولدى . چۈنكى ئۇ مىسىرغا ئۆتىدىغان مۇھىم دەرۋازا» دېدى . بۇ گەپ ئەگەر راست بولسا ، ئىران رەھبەرلىرىنىڭ مەقسىتىنى خېلى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن ، ئىران ئافغانىستاندىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى پائال قوللىدى . سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىران ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كۈچلەرنى قوللايدىغان مۇھىم تاشقى كۈچلەرنىڭ بىرى بولدى . ئافغانىستاننىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدا ئىران شىئە مەزھىپىدىكى پارتىزانلارنى قوللىدى . لېكىن ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقە قىلدى . ئافغانىستاننىڭ ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىران مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئېلىپ ، قاتتىق قول ، كۈچلۈك ئىسلامىزىم تۈسىدىكى ھېكمەتيار تەرەپدارلىرىنى ۋە تالىبانلارنى قوللىماي ، بىر قەدەر مۆتىدىل بولغان رابانى تەرەپدارلىرىنى قوللىدى . ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تاشقى كاۋكازدىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، ئىران بۇ رايونلاردىكى تەسىرىنى كېڭەيتىپ ، ئىدېئولوگــىيە

ساھەسىدىكى «بوشلۇق»نى ئېگىلىمەكچى بولدى.

لېكىن، باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدە پەيدا بولغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسىنى ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولمايدۇ. باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدە بىرىنچىدىن ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە ئەۋج ئېلىشىغا زۇرۇر بولغان شەرتلەر ۋە ئامىللار ھازىرلانغانلىقتىن، ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتى پەيدا بولدى يەنى ئىچكى ئامىل مەۋجۇت بولدى. ئىككىنچىدىن، نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتى ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى پەيدا بولغان، بەزىلىرىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان. ئۈچىنچىدىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى ئىراننىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋالدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى. ئىنقىلابنى چىقارمىغاندىمۇ تەسىرى بولىدۇ.

ئىراننىڭ ئىسلام ئىنقىلابىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىش سىياسىتى، شەكسىزكى، ئالاقىدار دۆلەتلەردىكى ھوقۇقدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىران ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداشنىڭ سىرتقى مۇھىت مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ بىر زىددىيەت ئىدى. سىرتتا قانداقلا قىلغان بىلەن ئىنقىلاب غەلىبىسىنى تېز قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. شۇڭا بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پايدا ـ زىياننى قانداق مۆلچەرلەپ، مۇۋاپىق تەڭشەش ئىران ھوقۇقدارلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەسىلە بولۇپ كەلدى. زۇڭتۇڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى قويۇق بىر ئىران ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىراندىكى ھەممە رەھبەرلەرنىڭ قارىشىچە، ئىراننىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ئىنقىلابنى چەت

ئەللەرگە چىقىرىشنى ئاساس قىلىش كېرەك . لېكىن ، «بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىدا بىزنىڭ خىياللىرىمىز ئوخشىمايدۇ » ، «ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشىچە ، پۈتۈن دۇنيادىكى ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام ئۆكتىچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش بىزنىڭ بۇرچىمىز ؛ يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قارىشىچە ، ئەڭ ياخشىسى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ ، بۇ يەردە پەيدا بولغان ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغ ھەرىكەتنىڭ ئۇچۇرىنى تارقىتىپ چىقىرىشىمىز لازىم .»

## 4 § . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئېكستىرىمىزمچىلىرى (ئەسەبىيلىرى)غا ئالاقىدار خەلقئارا تېررورلۇق پائالىيەتلەر

ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېررورلۇق پائالىيەتلەرنىڭ ئېنىق خەلقئارالىق نىشانى بولىدۇ ، يەنە بىر قىسىم تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمىتىگە قارىتىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بەزىلىرى چەت ئەللىكلەرگىمۇ چېتىلىدۇ ، بەزىلىرى چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭدىمۇ مۇئەييەن خەلقئارالىق خۇسۇسىيەت بولۇپ ، بىر خىل خەلقئارا ھادىسە ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تېررورلۇق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ . 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شامشەيختە خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلدى (يىغىن نامى كېيىن تىنچلىق ئورناتقۇچىلارنىڭ خەلقئارا ھۆكۈمەت باشلىقلىرى

www.uyghurkitap.com

يىغىنىغا ئۆزگەرتىلىپ ، ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى تەكىتلەندى ) .

بەزى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى كۆپ ھاللاردا زوراۋانلىق بىلەن ، بولۇپمۇ تېررورلۇق بىلەن چېتىپ قويۇلىدۇ . بەزى دۆلەتلەردىكى ئەسەبىي ئىسلامىزمچىلار ھەقىقەتەن زوراۋانلىق ، ھەتتا تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى . يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ، تېررورلۇق پائالىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق دولقۇنى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولدى . 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى پارتلىدى . بۇنىڭغا بەزى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىمۇ يانداشتى . 1979 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستاندا مەسجىدۇل ھەرەمگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى پەيدا بولدى . بىر قىسىم ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى پادىشاھنى ۋە ئوردىدىكى باشقا ئادەملەرنى مەسچىتكە قامىۋېلىپ ، سەئۇدى ئەرەبىستاننى «خەلىپە دۆلىتى» گە ئۆزگەرتمەكچى بولدى . 1981 ـ يىلى مىسىرنىڭ زۇڭتۇڭى ساداتنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەقەسى بولدى . 1983 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىككى نەپەر ئىسلامىزمچى پارتلىتىش دورىسى قاچىلانغان ئاپتوموبىلنى ئامېرىكىنىڭ لىۋاندىكى ئەلچىخانىسىغا ھەيدەپ بېرىپ ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرىدە پارتلىتىۋەتتى . بۇنىڭدا ئامېرىكا ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىرنەچچە ئەمەلدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 69 ئادەم ئۆلدى . شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىش ئەترىتى ۋە فرانسىيە پاراشوتچى قىسىملىرى بېيرۇتتا ئىسلام جىھاد تەشكىلاتىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرىدىكى ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 241 ئادەم ، فرانسىيە ئەسكەرلىرىدىن 58 ئادەم ئۆلدى . شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئامېرىكا ۋە

فرانسىيىنىڭ كوۋەيتتىكى ئەلچىخانىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئالتە ئادەمنى ئۆلتۈردى ، 70 ئادەمنى يارىدار قىلدى .

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرى پەيدا بولغان تېررورلۇق ۋەقەلىرىدىن كېيىن ، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرى يەنە بىر قاتار تېررورلۇق ۋەقەلىرى پەيدا بولدى . مەسىلەن ، 1993 ـ يىلى نيۇيوركتىكى مانخاتتون دۇنيا سودا مەركىزىنىڭ بىناسى پارتلىتىۋېتىلدى ، بوئىنۇس ئايرىستىكى يەھۇدىي مۇھاجىرلار مەركىزى پارتلىتىۋېتىلدى . 1992 ـ يىلدىن كېيىن ئالجىرىيىدە نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . 1992 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلىغىچە مىسىرغا بارغان ساياھەتچىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى . 1993 ـ يىلى مىسىرنىڭ پاكىستاندىكى باش ئەلچىخانىسى ئاپتوموبىلغا قاچىلانغان بومبا بىلەن پارتلىتىۋېتىلدى . بۇلار ھەققەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ . 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مىسىر خەلق پارلامېنتىنىڭ باشلىقى مەھقۇپ ، 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاسيۇت ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارە باشلىقىنىڭ ياردەمچى گېنېرال مايور مۇھەممەد ھىمىل ، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مىسىر دۆلەتلىك خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گېنېرال خەللات قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . زۇڭتۇڭ مۇبارەك 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەددىس ئەبەبەدە قەستكە ئۇچراپ ، ماشىنىسىغا 12 تال ئوق تېگىپ قازا قىلغىلى تاس قالدى .

90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىگىلى بولمىدى . ئىسرائىلىيىنىڭ چوڭ سايلىمىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن تۆت قېتىملىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرىدىكى پارتلىتىش ۋەقەسى قاتارلىق ۋەقەلەر ئۇزۇلمىدى . لېكىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى تېررورچىلار دېيىلىدىغان بولسا ، بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇنداق تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۇلارنىڭ

يۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدىكى ئەسەبىيلەردۇر . مىسىردا «ئىسلام تەشكىلاتى» ، «جىھاد تەشكىلاتى» قاتارلىق ئېكستىرىمىزمچى تەشكىلاتلار تېررورلۇق قىلىدۇ . بەزى دۆلەتلەردە زوراۋانلىقنى تەشەببۇس قىلمايدىغانلار ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئىچىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، تېررورلۇقنىڭ تەبىرى توغرىسىدىمۇ ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر مەۋجۇت . مەسىلەن ، لىۋان زۇڭتۇڭى تېررورلۇققا قارشى خەلقئارا دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتناشمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىزاھات بەرگەندە تەكىتلەپ : «تېررورلۇق بىلەن قانۇنلۇق قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ مەنىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ .» دېدى .

خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، ياۋروپا ، ئامېرىكىدىكى بەزى دۆلەتلەر ، مەسىلەن ، دانىيە ، شۋېتسارىيە ، ئەنگلىيە ، گېرمانىيە ، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان بازىسى ، پاناھلىنىدىغان ماكانلىرى بار ئىكەن .

تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئەۋج ئېلىشىغا نۇرغۇن ئامىللار سەۋەبچى بولىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك ، نامراتلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشى ، مۇستەبىتلىكى قاتارلىق سىياسىي سەۋەبلەر ، باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرىغا قول تىقىشى ، بولۇپمۇ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا 500 مىڭ ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ، ئىسلام دىنىنىڭ كىندىك رايوندا تۇرغۇزۇشىنىڭ پەيدا قىلغان پسىخىك تەسىرى ، دۇنيادىكى ئىسلام ئىشلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا ئامېرىكىنىڭ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئىككى ياقلىمىلىق ئۆلچەم قوللىنىشى ، ھوقۇقدارلارنىڭ «ئامېرىكىغا يېقىن بولۇش» سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ۋە رەقىبلەر

ئوتتۇرىسىدا داۋاملاشقان ئۆچ ئىلىش ۋە ئۆچ ئىلىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىقلارنى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ تەسىرى، قوزغىشى، كونترول قىلىشى ۋە پىلانلىشىغا يىغىپ قويغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇقنى قوللىشى مۇھىم ئەمەس، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

هازىر كىشىلەر سۆزلەۋاتقان «تېررورلۇق» پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى مۇرەككەپ، خاراكتېرى پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي رەقىبلەرنى يوقىتىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، جامائەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىككە پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرۇش، خاتا كۆرەش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلار بولىدۇ. بەزىلەر ھەتتا زۆرۈر بولغان ھەققانىي كۆرەشلەرنىمۇ «تېررورلۇق پائالىيەتلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. سىياسىي مەيدان ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ «تېررورلۇق پائالىيەتلىرى»گە بېرىدىغان تەبىرىدىمۇ ھەمىشە تالاش - تارتىش پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئىسرائىلىيىنىڭ زەربىدار ئەترەتلەرنى ئەۋەتىپ پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى، خاماس ياكى لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈش ياكى تۇتقۇن قىلىشى، لىۋان ئاللا پارتىيىسىنىڭ ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان «خەۋپسىز رايون»لاردا ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرىدە ھۇجۇم قىلىشى قاتارلىقلار تېررورلۇق پائالىيىتى ھېسابلىنامدۇ - يوق دېگەن مەسىلە تالاش - تارتىش ئۈستىدە بولۇپ، پىكىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەس بولۇۋاتىدۇ. 1996 - يىلى 7 - ئايدا 16 ئەرەب دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىن ئېچىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ تاكتىكىلىق لايىھىسىنى تۈزدى، ئەرەب دۆلەتلىرىگە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، رەڭگارەڭ تېررورلۇقلار بىلەن

كۆرەش قىلىشنى، تېرروروچىلارنىڭ ئەرەب زېمىنىدا بازا قۇرۇشنى ياكى تېرروررلۇق پائالىيەتلىرىنى پىلانلىشى، ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە يولغا قويۇشنى رەت قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. يىغىن تېرروررلۇق بىلەن غەيرىي تېرروررلۇقنىڭ چېگراسىنى ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. تېرروررلۇق دېگەن تەشكىللىك زوراۋانلىق ھەرىكىتى بولۇپ، «ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان زېمىندىكى خەلقنىڭ ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان زېمىنىنى ئازاد قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان قوراللىق كۆرىشى» بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، دەپ قارىدى.

## ئون بىرىنچى باب

# ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى

كىشىلەر ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھەرىكىتىنىڭ ئىستىقبالىغا، يەنى بىر خىل «ئىدېئولوگىيە»، بىر خىل «ئىجتىمائىي ئىنقىلاب»، بىر خىل «ئىجتىمائىي ئەندىزە»، بىر خىل «ئىجتىمائىي تۈزۈم» سۈپىتىدە ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازانماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

«مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش» دېگەندە، دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىتىنى تىكلەش كۆزدە تۇتۇلسا، شۇنداق دېيىش كېرەككى، ھازىرقى زامان ئىسلامىزىمى ئىران، سۇدان، ئافغانىستاندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتتە «مۇۋەپپەقىيەت» قازاندى.

«مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش» دېگەندە، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كۆزدە تۇتۇلسا، شۇنداق دېيىش كېرەككى، ھازىرقى زامان ئىسلامىزىمى ئىران، سۇدان، ئافغانىستاندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتتە تېخى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىدى. بۇ يەردىكى مۇھاكىمىزدە كېيىنكى مەنىدىكى مۇۋەپپەقىيەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇشى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلىلىرىنى «مۇۋەپپەقىيەتلىك» ھەل قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ بەزى دۆلەتلەردە غەلىبە قىلالىشى ئۇ قارشى تۇرغان ۋە ئاغدۇرۇۋەتكەن ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى، ئىقتىدارسىزلىقى، لەنەتكە قېلىشى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ ئىسلامىزمغا مايىل بولغانلىقى، ئۇمىد باغلىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ پاك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىش قىلىدىغان، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان، دېموكراتىك – ئادىل، گۈللەنگەن كۈچلۈك، خەلق ئالقىشلايدىغان ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىش – چىقالماسلىقى باشقا گەپ. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىمۇ شۇنداق شەكىلنى ئۆزگەرتىپ، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمەيدىغان «ئىنقىلاب» بولۇپ ئالامدۇ ياكى ھەقىقىي دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلاب بولامدۇ؟ بۇنى ئەلۋەتتە ۋاقىت ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلىشى كېرەك.

ئىسلام دىنىنى چاقىرىق قىلىپ، خەلق بىزار بولغان دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ نىشانى ئېنىق بولدى، كىشىلەر ئۇنى چۈشىنەلىدى. ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىش، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، قوشۇن تەشكىللەش ۋە قوماندانلىق قىلىش رولىنى ئوينىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆردى. لېكىن، ئىسلام دىنىنى چاقىرىق قىلىپ، خەلق ئارزۇ قىلغان دېموكراتىك – ئادىل ۋە گۈللەنگەن – كۈچلۈك، زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى قۇرۇش نىشانى بىر خىل غايە بولۇپ، كىشىلەرگە ئېنىق ئەمەس، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئۆزىدىمۇ دەۋر خۇسۇسىيىتى ۋە ئالدىن كۆرەرلىك كەم. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شانلىق ئۈلگە ۋە يۇكسەك ئەقىدە ئارقىلىق كەلگۈسىنىڭ نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

شۇڭا ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى «ئىسلامىشتۇرۇش مۇساپىسى»نى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى «غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى»نى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئەندىزىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن .

## § 1 . ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى

«ئىسلاملاشتۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى غەيرىي مۇسۇلمان دۆلىتىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ ، ئۇنى مۇسۇلمان دۆلىتى ياكى ئىسلام دۆلىتىگە ئۆزگەرتىش دېگەنلىكتۇر . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى سۆزلەۋاتقان «ئىسلاملاشتۇرۇش»قا يەنە بىر مەنە مۇسۇلمان ، يەنى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ياكى دىندىن تاشقىرى مىللەتچىلەر ھاكىمىيەت تۇتۇۋاتقان دۆلەتلەردە ئىسلام ئىنقىلابى قىلىپ ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇپ ، شەرىئەتنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم ، دېگەن مەنە قوشۇلغان .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى «ئىسلاملاشتۇرۇش» نى ئاساسى تەشەببۇس قىلىدۇ . ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتىن ئىلگىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتىنى قوللىشىنى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، «ئىسلاملاشتۇرۇش»نى تەكىتلەيدۇ ؛ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرغاندا ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن «ئىسلاملاشتۇرۇش»نى تەكىتلەيدۇ ؛ ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە «دۆلەتنى دىن بىلەن ئىدارە قىلىش» يولىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . بىز ئىراندا كۆرگەن «ئىسلاملاشتۇرۇش» تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئىزچىللاشتۇرۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان ۋە يولغا قويۇلغان .

## 1 . دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزملىق خاراكتېرىنى كاپالەتلەندۈرۈش

ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ : (1) ئىراننىڭ شىئە مەزھىپىدە فەقىھلەر دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ ، ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ، «ھاكىملىق ئاللاغىلا مەنسۇپ» دېگەن ئەقىدىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ . ئەڭ چوڭ فەقىھ ئاللا تەيىنلىگەن خەلىپە ھېسابلىنىپ ، پەقەت شۇ كىشى ئاللاغا ۋاكالىتەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان ، خەلقنى باشقۇرىدىغان ، دۆلەتنىڭ مەنىۋى داھىيسى بولالايدۇ . (2) ۋەزىپىدە ۋە ھوقۇقتا فەقىھ دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان بولۇشى كېرەك . ئىراننىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتى پارلامېنت ۋە زۇڭتۇڭ تەسىس قىلغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قانۇن چىقىرىدىغان ئالىي ئورگان ئەمەس ، زۇڭتۇڭمۇ ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئالىي ھوقۇقىنىڭ ئىجرا قىلغۇچىسى ۋە ۋەكىلى ئەمەس . چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىدە فەقىھلەردىن تەركىب تاپقان ھامىيلىق قىلىش كومىتېتى ۋە مەنىۋى داھىي بولىدۇ . پارلامېنت ماقۇللىغان قانۇن لايىھىلىرى زۇڭتۇڭ تەستىقلىغاندىن كېيىن ھامىيلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇلۇشى كېرەك . ھامىيلىق قىلىش كومىتېتى ئەگەر يېڭى قانۇن لايىھىسىنى ئىسلام روھىغا زىت كېلىدۇ دەپ قارىسا ، ئۇنى ماقۇللىماي ، قايتىدىن مۇھاكىمە قىلىشقا تاپشۇرۇۋېتىدۇ . ئەگەر چاتاق يوق دەپ قارىسا ، مەنىۋى داھىينىڭ ئاخىرقى تەستىقلىشىغا يوللاپ بېرىدۇ . (3) ھاكىمىيەتنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزملىق خاراكتېرىنى كاپالەتلەندۈرۈش

ئۈچۈن ، سىياسىي تۈزۈلمىدە بىر پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ياكى ھەممە سىياسىي پارتىيىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك .

ئىراننىڭ موللىلىرى قانداق ئادەملەر ؟ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا قاتلام جەمئىيەتتە ياكى موللىلار جەمئىيىتىدە دۇنياغا كەلگەن . كىچىكىدىن ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ، خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ، يۇقىرى دەرىجىلىك موللىلار ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى توغرىسىدا مول بىلىمگە ئىگە . بۇ جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ، كىتابلار يازغان ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ، كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدىغان داھىيلار ھېسابلىنىدۇ . ئېتىقاد مۇناسىۋەتى تۈپەيلىدىن ، موللىلار مەسىلىلەرگە قاراشتا ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۈچلۈك دىنىي تۈسكە ۋە دىنىي چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇلار ئىدىيىدە مۇتەئەسسىپ ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئېڭى ئاجىز ، ئۇلار دىكتاتورا يۈرگۈزسە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ .

### 2 . مۇناسىپ ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە مۇئەييەن ئىجتىمائىي سىنىپلارغا تايىنىش

دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزملىق خاراكتېرىنى ساقلاش ئۈچۈن ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىقتىسادىي تۈزۈمنى دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىش ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي سىنىپلارنى دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تايانچىسى قىلىش لازىم . ئۇ بولسىمۇ ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ئېتىراپ قىلغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە ئاشۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغدايدىغان

www.uyghurkitap.com

پومېشچىكلار سىنىپى ۋە بۇرژۇئازىيە سىنىپىدىن ئىبارەت. يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە پومېشچىك ـ بۇرژۇئازىيە سىنىپلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتماسلىق شەرتى ئاستىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىساد ۋە يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. پادىشاھ جەمەتىنىڭ ۋە پادىشاھ جەمەتى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، چوڭ كاپىتالىستلار كارخانىلىرى ۋە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرى دۆلەت تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى. چوڭ كاپىتالىستلار ۋە چوڭ پومېشچىكلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مال ـ مۈلۈككە زىيان بولماستىن، بەلكى مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى قوغداپ قېلىندى. لېكىن بۇ تەدبىرلەر يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ۋە كەڭ دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇپ، ھەمدە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرىدىن تالىشىدىغان بۇرژۇئازىيە سىنىپى (ئۇنىڭ ۋەكىلى شۇ چاغدىكى دىندىن خالى مىللەتچىلەر ئىدى) نى تىزگىنلەپ، يېڭى ھاكىمىيەت تايىنىدىغان پومېشچىكلار سىنىپىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ۋە ئۇ تايىنىدىغان كۈچلۈك ئىجتىمائىي سىنىپلارنىڭ بولۇشىنى كاپالەتلەندۈردى.

### *3. شەرىئەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش*

دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزملىق خاراكتېرىنى قوغداش ئۈچۈن، يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شەرىئەت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىران تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلدى: (1) ئىسلام ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ، دۆلەتنىڭ هازىرقى زامان ئىسلامىزملىق خاراكتېرىنى ۋە هۆكۈمەتنىڭ هاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدە قىلىنغان شەكلىنى قانۇن جەهەتتىن بەلگىلەپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىي ئىگىلىك تۈزۈمى بولىدىغانلىقىنى بېكىتتى؛ (2) شەرىئەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى هازىرقى زامان ئىسلامىزم يولىغا سالدى؛ (3) ئىسلام ئاساسىي قانۇنىغا ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئەسلىدىكى روهىغا ئاساسەن، بىر تۈركۈم يېڭى قانۇن - قائىدە، نىزامنامە ۋە تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، ئۇلارنى شەرىئەتنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى قىلىپ، يېڭى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەهەتلەردىكى ئەمەلىي ئېهتىياجىغا ماسلاشتۇردى.

يىغىپ ئېيتقاندا، دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە هەممە تەرەپ «ئىسلاملاشتۇرۇش»نى تەكىتلىدى. پۈتۈن مەملىكەتنى «دىن بىلەن ئىدارە قىلىش» كەيپىياتى قاپلاپ كەتتى. ئاممىنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ بولدى. مۇرەسسە قىلىدىغان هېچقانداق ئىمكانىيەت قالمىدى. مۇشۇنداق كەيپىياتنىڭ قوماندانلىقىدا، هازىرقى زامان ئىسلامىزم هەرىكىتى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلار ئۆزىگە ئىنتايىن ئىشەندى، هەممىگە پەرۋا قىلمىدى. هەممە ئىشتا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. «چەت ئەللەرگە ئىسلام ئىنقىلابىنى چىقىرىش»، «دۇنيا ئىسلام ئىنقىلابى» قوزغاش ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسىنىڭ هەممە يېرىدە هۇجۇمغا ئۆتۈپ، دىندىن تاشقىرى هەممە هاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇۋېتەمەكچى بولدى. ئۇلار بەزى چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن ئۇن نەچچە يىلدىن كېيىن، ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزگەرمىدى: چەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەللەرگە ئىسلام ئىنقىلابىنى چىقىرىش ئاسان بولمىدى . بەلكى بۇ ئىش ئۆزىنىڭ يېتىم قېلىشىغا سەۋەب بولدى ؛ دۇنيا ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇنى ئىسلام دۇنياسىدىن چىقالمىدى ، ئۇچقۇن كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى ؛ دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىش يولىدا ئومۇميۈزلۈك چەكلىنىپ قېلىپ ، ئومۇميۈزلۈك تىرىشىشكە ئۆزگەردى ؛ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت ئۆزىدىكى مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ، جەمئىيەتتە مۇقىمسىزلىق پەيدا بولۇشقا باشلىدى ؛ دېموكراتىيە كېڭەيمىدى ، بەلكى تارىيىپ كەتتى ؛ ئادالەتسىزلىك تۈگىتىلمەي ، بۇرۇنقىدەك مەۋجۇت بولۇۋەردى ؛ ئىشسىزلىق بىرمەھەل ياخشىلانغان بولسىمۇ ، كېيىنرەك يەنە يامانلىشىپ كەتتى ؛ ئىگىلىك سەل تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ كەتتى ؛ خەلق تۇرمۇشىدا ئەسلىگە كېلىش بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ تۆۋەن بولدى ؛ كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىدىغان ئىشلار يەنە پەيدا بولدى .

يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ھاكىمىيەت ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى . ۋەھالەنكى ، ئوبيېكتىپ مۇھىت ئۆزگىرىپ تۇردى . شۇڭا ، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ھەمىشە تەڭشەپ ، قانۇن - نىزاملىرىنى تۈزىتىپ تۇرۇش نورمال ئىش ، بۇ يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىي شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . قاتتىق قوللۇق تەرەپدارلىرى بىلەن كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ قانداق «تەرتىپكە سالغاندا» ۋە «تۈزەتكەندە» «مۇۋاپىق» بولىدۇ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت بولۇپ ، تۈپ مەقسەتتىكى ، «دۆلەتنى دىن بىلەن ئىدارە قىلىش»نى يولغا قويۇش - قويماسلىقتىكى ئىختىلاپ ئەمەس . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىنى تەتقىق

قىلىشىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراش ئەمەس ، بەلكى «تەرتىپكە سېلىش» ۋە «تۈزىتىش»نىڭ يۆنىلىشىگە ۋە چوڭقۇرلۇقىغا ، يەنى «كۆچەيتىش» يۆنىلىشىگە ياكى «ئاجىزلىتىش» يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋامدۇ ـ يوق ؟ غەيرىي پرىنسىپال كىچىك ئۆزگىرىشلەرمۇ ياكى فاشىزىم ـ سىياسەتلەرگە چېتىلىدىغان چوڭ ئۆزگىرىشلەرمۇ ؟ «كەڭ قويۇۋېتىش» ۋە «ئۆزگەرتىش» قايسى مەسىلىلەردە ئىپادىلەندى ؟ ئىچكى ئىختىلاپ ئىچكى بۆلۈنۈش ۋە يىمىرىلىشكە ئېلىپ بارامدۇ ـ يوق ؟ شۇنداق كېتىۋەرسە ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىدا ئاخىر سۈپەت ئۆزگىرىش بولامدۇ ـ يوق ؟ دېگەنلەرگە قاراش كېرەك . تۆۋەندە ئاتالمىش «غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى» مەسىلىسىنى دۆلەت ھاكىمىيىتى ، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە فاشىزىم ـ سىياسەتتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىكى ئۆزگىرىشتىن مۇھاكىمە قىلىمىز .

## § 2 . غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى

ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنى يولغا قويغان دۆلەتنىڭ مەقسىتى ئىسلاملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ، ھەمدە ئۇنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشتىن ئىبارەت . ئەمىسە ، نېمە ئۈچۈن «غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى» پەيدا بولۇپ ، يۇقىرىقى مەقسەتنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدىغان ئەھۋال بولىدۇ ؟

دەۋر تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ ، تۇرمۇش ئۆزگىرىۋاتىدۇ . يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت دۆلىتى مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز «تەرتىپكە سېلىپ» ، «ئىسلاھ قىلىپ» ، «مۇكەممەللەشتۈرۈپ» دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلاشتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بېرىشى لازىم . بۇ «تەرتىپكە سېلىش» ، «ئىسلاھ قىلىش» ۋە «مۇكەممەللەشتۈرۈش» جەريانى داۋاملىشىپ بارىدىغان جەريان بولىدۇ ، «هازىرقى زامان ئىسلامىزمى» «ئىسلاملاشتۇرۇش»نى شەكىلدىن مەزمۇنىغىچە ئۈزلۈكسىز تۈزىتىدىغان ، تولۇقلايدىغان ، ئۆزگەرتىدىغان ، يېڭىلايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان جەريان بولىدۇ . بۇ جەريان كىشىلەر ئېيتقان «غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى»دۇر . بۇنى «هازىرقى زامان ئىسلامىزمىنىڭ ئۆزگىرىش ، يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇساپىسى» دېسە ، تېخىمۇ توغرىراق بولۇشى مۇمكىن . ئەمدى بۇ مۇساپىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى .

### 1 . دۆلەت هاكىمىيىتى

هاكىمىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ : (1) هاكىمىيەتنىڭ يۆگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان قاتتىق قول موللىلار «تەرتىپكە سېلىش» ۋە «كەڭ قويۇپ بېرىش»كە رازى ئەمەس . لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ، يېڭى هاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن ، دۆلەت ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىسىز بولىدۇ . ۋەهالەنكى ، ئېغىر ۋەزىيەت ئالدىدا ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ ، يېڭى هاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇلاردىمۇ «تەرتىپكە سېلىش» ۋە «كەڭ قويۇپ بېرىش» مەسىلىسىدە باشتا ئازراق يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . كېيىن يەنىمۇ چوڭ يول قويىدۇ . مەسىلەن ، ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، «چەت ئەللەرگە ئىسلام ئىنقىلابىنى چىقىرىش»نى ئاشكارا چاقىرىق قىلدى . نەتىجىدە ، ئەتراپىدا

دۈشمەننى كۆپەيتىۋالدى . ھازىر بۇ سىياسەتنى تەرتىپكە سېلىشقا مەجبۇر بولدى . كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش تەرەپدارلىرىنىڭ داھىيسى راپسانجانى 1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدۇ»غانلىقىنى جاكارلىدى . نەتىجىدە ، تۆۋەندىكىدەك ۋەزىيەت پەيدا بولدى : قاتتىق قول تەرەپدارلىرى ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ ، «تەرتىپكە سېلىش»قا ۋە «ئىسلاھ قىلىش»قا قارشى تۇرسا ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرايتتى . ئەگەر مەجبۇرىي مۇرەسسە قىلسا ۋە يول قويسا ، ئامما ئۇلارنى ئەل رايىغا باقتى دەپ قارىماي ، ئۇلاردىن مىننەتدار بولمايتتى . ئەكسىچە ئۇنى كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ غەلىبىسىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايتتى . شۇڭا ، قاتتىق قول تەرەپدارلىرى بارغانسېرى ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى ، ئۇلارنىڭ ئامما ئىچىدىكى ئىناۋىتى كۈنسايىن تۆۋەنلەپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ھوقۇقىمۇ تەبىئىي ئاجىزلىدى . قاتتىق قوللۇق تەرەپدارلىرى بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولغىنى شۇكى ، كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش تەرەپدارلىرىنىڭ ئامما ئىچىدىكى ئىناۋىتى كۈنسايىن ئېشىپ ، ئۇلار ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدى . دۆلەتنىڭ چوڭ تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشتە بارغانسېرى چوڭ تەسىرى ۋە رولىنى جارى قىلدۇردى . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئىراندىكى ئىسلام ھاكىمىيىتىدە رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورۇندا تۇرغان كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەرەپدارلىرىنىڭ ئەمەلىي رولى كۈچەيدى . ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورۇندا تۇرىدىغان قاتتىق قول تەرەپدارلىرىنىڭ رولى ئاجىزلىدى ، ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتى . ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ «كۈچتە تەڭ» بولالىسا ياكى ئالمىشىپ كەتسە ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنىڭ خاراكتېرىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ . (2) كونكرېت ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن شۇغۇللىنىش تەرەپدارلىرىنىڭ ئورنى كوچەيگەندىن كېيىن ، ئۇلار قانۇن چىقىرىش ۋە ھامىيلىق قىلىش ئورگانلىرىدا تېخىمۇ كوپ ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا ئىنتىلدى . 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى پارلامېنت سايلىمىدا ئىراندىكى ئىككى تەرەپ قاتتىق تىركەشتى ، ھەتتا ئاشكارا بايانات ئېلان قىلىپ قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى . مانا بۇ ئاشۇ ھوقۇق تالىشىشنىڭ ئىپادىلىنىشى بولدى .

## 2 . ئىجتىمائىي تۈزۈم

ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىلا خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلدى . ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەل ئىجتىمائىي تۈزۈمى قەبىلىلەر جەمئىيىتىدە ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتە شەكىللەندى ۋە مۇكەممەللەشتى . شۇڭا بۇ ئىككى جەھەتكە ماس كەلگەن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىگە ماس كەلدى . بۇمۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولدى . شۇڭا ، ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى ئىنقىلاب داۋامىدىكى ئىتتىپاقدىشىنى — بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى يېڭى ھاكىمىيەتتىن تازىلىۋەتتى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزمچىلىرى شۇنى بىلەتتىكى ، بۇرژۇئازىيە پرىنسىپ سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ كەتسە ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى ، ھەتتا ئىشلارنى ئۇياق ـ بۇياق قىلىپ ، دۆلەتتە لايىق ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى . بۇرژۇئازىيە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن قەبىلىلەر جەمئىيىتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى ۋە فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى .

لېكىن ، هازىرقى زاماندىكى ئاخىرقى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن قەبىلىلەر جەمئىيىتى ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتكە خاس بولغان نۇرغۇن قىممەت ئۆلچەملىرىگە ، ئەخلاق قائىدىلىرىگە ۋە شەرىئەت ئەنئەنىلىرىگە قارشى تۇردى ، جۈملىدىن «دۆلەتنى دىن بىلەن ئىدارە قىلىش» قىمۇ تەبىئىي قارشى تۇردى . شۇڭا ، بۇرژۇئازىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلسا ، ئۆزىگە بالا بولاتتى . لېكىن ، ئىسلام دىنىمۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . بۇرژۇئازىيىمۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ئۇنى يوقىتىۋېتىشكە بولمايتتى . چەكلەش سىياسىتىنى قوللىنىشقا توغرا كېلەتتى . شۇنىڭ بىلەن ، دىندىن تاشقىرى مىللەتچى ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇش بىلەن بىللە ، كۈچلۈك دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىگىلىكنى بەرپا قىلىپ ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى تولۇق كونترول قىلدى . لېكىن ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەھۋالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى : بىرىنچىدىن ، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتتە هازىرقى زامان ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولۇپ ، خۇسۇسىيلارنىڭ كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېتەكچىلىك رولىغا يول قويۇلمىسا بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى . ئىككىنچىدىن ، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىمۇ چەكلەشنى قويۇۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . نەتىجىدە ، قاتتىق قوللۇق تەرەپدارلىرى بىلەن كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا شەخسىي ئىگىلىككە ، بۇرژۇئازىيىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش بويىچە سىياسەت خاراكتېرلىك ئىختىلاپ پەيدا بولدى . ئاخىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككى تەرەپ مۇرەسسە قىلىپ ، يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەرنى تەڭشەپ ، بۇرۇن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا مەنسۇپ بولغان سودا ، پۇل مۇئامىلە ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى كاپىتالىستلارنىڭ باشقۇرۇشىغا يول قويدى . شۇنىڭ بىلەن ، جەمئىيەتتە كاپىتالىستلار يەنە كۆپىيىشكە باشلىدى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھەرىكىتى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتىن ئىلگىرى كۈچەپ تۇرغان «يوقسۇللار بىلەن بايلار پەرقى» قايتىدىن پەيدا بولۇپ ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان دۆلەت بايلىقىنى ئادىل تەقسىم قىلىشنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى .

چەكلەشنى قويۇۋېتىپ ، بۇرژۇئازىيىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىگە ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇش ھازىرقى زامان ئىسلامىزمىغا ھەم پايدىلىق ، ھەم زىيانلىق ئىدى . ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا پايدىسى يېقىندا ، زىيىنى يىراقتا ئىدى . ھازىرقى جىددىي ئىش ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئىدى . ھاكىمىيەت قولىدا بولسا ، كەلگۈسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى بىر ئىلاج قىلىپ يەڭگىلى بولاتتى . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم لاگېرى بىلەن دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت لاگېرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىركىشىش باسقۇچىغا كىرىپ قالدى .

### 3 . فاڭجىن ـ سىياسەت

فاڭجىن ـ سىياسەت — لۇشيەننىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلامىزم دۆلىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ فاڭجىن ـ سىياستىدە ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسىنىڭ لۇشيەنى ئىپادىلىنىدۇ . ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ . بۇنىڭدا دۆلەت ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە ئىسلاملاشتۇرۇشنى

ئومۇميۈزلۈك ۋە كۈچلۈك يولغا قويۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. قاتتىق قول تەرەپدارلىرى بىلەن كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ھازىر لۇشيەن ۋە توپ مەقسەت جەھەتتە ئەمەس، بەلكى كونكرېت سىياسەتلەرنىڭ كەڭلىك «دەرىجىسى»دە ئىختىلاپ پەيدا بولدى. بىرى «قاتتىق» بولۇشنى، يەنە بىرى «كەڭ» بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش تەرەپدارلىرىنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئېيتقان ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتىنى «غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى» باشلاندى. بۇ مۇساپە بىر تەرەپتىن، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي تونۇشى ۋە ئۆزىنى تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىپ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش جەريانى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇڭا، «تەرتىپكە سېلىش» — قاتتىق بولۇش ياكى كەڭ بولۇشقا تەڭشەش يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر ھاكىمىيەت ئۈچۈن زۆرۈر ۋە نورمال ئىش، بۇ ئىش ھاكىمىيەتنىڭ تېز ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلۈكسىز زورىيىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنىمۇ ئىپادىلەيدۇكى، ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن فاڭجېن ـ سىياسەتلەردە چوڭ تەرتىپكە سېلىپ، ئىسلام تۈسىنى ئېنىق سۇسلاشتۇرماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «كەڭ قويۇپ بېرىش» روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر خىل يېڭى قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن، «غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى» ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتى تەرەققىياتىنىڭ «ئاساسىي يۈزلىنىشى»، دەۋر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىقابەتنى قوبۇل قىلىش ، مەۋجۇت بولۇش ، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ «مۇقەررەر يولى» بولۇپ قالىدۇ .

ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم دۆلىتىدە قاچىلىن ـ سىياسەت ، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تەرتىپكە سېلىش ، تۈزۈش ۋە تۈزىتىش شەرىئەتكە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىدىكى روھىي ئاساسىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك . ئۇنداق بولمىسا ، «بىدئەتلىك» بولۇپ قالىدۇ . بۇ ئاساس ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىھات پرىنسىپىدىن ئىبارەت . ھازىرقى زامان ئىسلامىزىمى ئىجتىھات روھىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ . چۈنكى ، ئىجتىھات پرىنسىپى ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە قانۇنلۇق دىنىي تون يېپىپ بېرەلەيدۇ . مۇشۇ پرىنسىپنىڭ ھىمايىسىدە ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى ۋە چۈشىنىشىگە ئاساسەن ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنى ئىنتايىن يۇرەكلىك ، ئىنتايىن ئۆزگىچە شەرھلەپ ، ئۆز مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدە ، شەرىئەت ۋە سىياسەت جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئىجتىھاتتىن پايدىلىنىش بولمىسا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بولمايدۇ . ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، قاتتىق قول تەرەپدارلىرى ياكى كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولمىسۇن ، ئىجتىھات پرىنسىپىغا تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ . چۈنكى ، ئىجتىھاتتىن پايدىلىنىش بولمىسا ، ئۇلارنىڭ نوپۇزى نەدە بولسۇن ؟ ئىجتىھاتتىن پايدىلىنىش بولمىسا ، ئۇلار يېڭى دەۋر ئوتتۇرىغا قويغان تۈگىمەس مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەي قالىدۇ . ئىجتىھاتتىن پايدىلىنىش بولمىسا ، ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھاكىمىيىتى ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . شۇڭا ، ئىجتىھات پرىنسىپى ھازىرقى زامان ئىسلامىزىم ھاكىمىيىتىنىڭ «ھاياتلىق مەنبەسى» بولۇپ ، ئۇنى ئۆزىنى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىپ ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە ماسلىشالايدىغان

قىلىدۇ. ئىجتىھات پرىنسىپى پۈتكۈل «غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى»دا ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىللەرنى يىغىنچاقلىغاندا، مۇنداق چۈشەنچىگە كەلگىلى بولىدۇ: ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش، مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئىجتىھات پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ جانلىق پوزىتسىيە قوللىنىپ، بەلگىلەنگەن فاڭجېن - نىزاملارنى تۈزىتىشكە، ھەمدە «كەڭ قويۇپ بېرىش روھى»نىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى فاڭجېن - سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملارنى تۈزەشكە، يەنى ئاتالمىش «غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسى»نى باشلاشقا تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ. مۇساپە ئۇزۇن جەريان بولۇپ، ئاستىلىقتىن تېزلەپ بارىدۇ، بەلكى ئەگرى - توقايلىق، تەكرارلىنىش كۆپ بولىدۇ. مۇساپە دۆلەتنىڭ خاراكتېرىگە، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىگە ۋە بىرقاتار فاڭجېن - سىياسەت، قانۇن - نىزاملارنىڭ يېتەكلەش مەسىلىسىگە، بولۇپمۇ بۇرژۇئازىيىگە قارىتىلغان چەكلەشنى تەدرىجىي قويۇپ بېرىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشقا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇرژۇئازىيىنى ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ھاكىمىيىتى «بىرلىشىدىغان» ۋە «تايىنىدىغان» سىنىپ قىلىپ، ئاخىر بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلامىزملىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئېلىپ بېرىشى بىلەن چېتىلىدۇ. شۇڭا، غەيرىي ئىسلاملاشتۇرۇش مۇساپىسىدە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئىسلامىزم ئەندىزىسىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كېتىشى ياكى مەغلۇپ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۆزگەرمەي ئۆز پېتى تۇرۇۋەرمەيدۇ. كەلگۈسىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى ياتلاشقان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بولامدۇ ياكى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ھازىرقى زامان ئىسلامىزمى بولامدۇ؟ شەكسىزكى، ۋاقىت بىزگە ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتىنىڭ 1998- يىلى 3- ئاي 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据《经济日报》出版社1998年3月第一版第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتور: رەنا ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# هازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم

چىڭ جياخۇ قاتارلىقلار يازغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 22.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 - يىل 6- ئاي 1- نەشرى
2002 - يىل 6- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 3000 ——— 1
ISBN7--228—07158—1/B. 222
باھاسى: 30.00 يۈەن